# رابىيە قادىر ھەققىدە داستان

(رابىيە قادىر بىئوگرافىيەسىدىن تاللانما)



ئابدۇرەھىمجان ئابدۇرەشىد

شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق نەشرىياتى
ئىككىنجى نەشرى
2010

# رابىيە قادىر ھەققىدە داستان

( رابىيە قادىر بىئوگراپىيەسىدىن تاللانما )

ئابدۇرەھىمجان ئابدۇرەشىد

شەرقى تۈركىستان ئازاتلىق نەشرىياتى
2010

مەسئۇل مۇھەررىر :   تۇرغۇنجان ئالاۋدۇن

تەھرىرلەر :   ئالىمجان مەمەت
ئۆمەرجان ئىمىن

نەشىرگە سۇنغۇچى :   ئوسمانجان تۇرسۇن

شەرقى تۇركىستان ئازاتلىق نەشرىياتى نەشىر قىلدى
2010 - يىلى مىيۇنخېن

1- نەشرى. 2- بېسىلىشى

«سەن بىزگە ئەمەس خەلقىمىزگە، مىللىتىمىزگە تەئەللۇق!»
قادىرخان (رابىيە خانىمنىڭ مەرھۇم دادىسى)
1948- يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

ئانىلار بىر قولىدا بۆشۈكنى تەۋرەتسە،
يەنە بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدۇ.
_ خەلق ماقال تەمسىلى

ئۆزۈن يىللىق جاپالىق ھاياتىنى مۇستەملىكە ئاستىدىكى مىللىتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن سەرپ قىلغان، پۈتمەس تۈگىمەس جاسارەتكە، مۇكەممەل ئىستىقلال ئېتىقادىغا، ئۆز خەلقىغە قارىتا چەكسىز مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولغان، تومۇرلىرىدا مىللي سۆيگۈ، ئەقىدىسىدە ئازاتلىق ۋىسالى يەر ئالغان، ھاياتىنى ئەجداتلىرىنىڭ ئارمانى ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن تەقدىم قىلغان ھۆرمەتلىك رابىيە قادىر خانىمنى «ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنىۋي ئانىسى، مىللى ھەرىكىتىمىزنىڭ لىدەرى، دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى كۈرەشىنىڭ بايراقدارى» دەپ تونۇيدۇ ۋە بۇ شەرەپلىك سالاھىيەتنى دۇنياغا ھەم شەرقى تۈركىستان خەلقىغە ئېپتىخار بىلەن تەقدىم قىلىدۇ.
« دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى » ئىجرائىيە كومىتېتى
2005 - يىلى 7 -ئاينىڭ 17 - كۈنى.

(«دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى» ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئىجرائىيە كومىتېتى كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ قارارى.)

« بۈگۈن مەن كۆرۈشمەكچى بولغان يەنە بىر ئەركىنلىك بايراقدارى _ رابىيە قادىردۇر. رابىيە قادىرغا ئوخشاش شەخسلەر ئۆزلىرىنىڭ تالانتى ۋە جاسارىتى بىلەن ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ ئەڭ زور بايلىقى بولۇپ، بۇ ئۇ دۆلەتلەر ئارمىيىسىنىڭ قورال كۈچلىرىدىن ۋە يەر ئاستى بايلىقلىرىدىنمۇ قىممەتلىكتۇر »

ئامېرىكا پرېزىدېنتى جورج دابلىيۇ بۇش
2007 – يىلى 6 - ئاينىڭ 5 -كۈنى

(پىرىزدەنت بۇشنىڭ چېخ جۇمھۇرىيىتى پايتەختى پراگا دىكى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قەھرىمانلىرى يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىدىن ئۈزۈندە)

« بۈگۈن مەن ئۇلۇغ بىر خانىمنىڭ پەۋقۇلئاددە جاسارىتىنى ئېتىراپ قىلغان قارار نامىنى قوللايدىغانلىقىمنى بىلدۈرمەكچىمەن.

مەلۇم بىر خەلقنىڭ تەقدىرىنىڭ بۇرۇلۇش نوقتىلىرىدا شۇنداق ئەر ياكى ئايال تۇيۇقسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز خەلقىنىڭ ئازاپلىرىنى يەڭگىللىتىدۇ ۋە ئۇلارنى ئەسىرلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ. قەدىمقى مىسىردا بۇ ئادەم مۇسا پەيغەمبەر ئىدى. مۇستەملىكىدىكى ئامېرىكىدا بۇ ئادەم جورج ۋاشىنگىتون بولدى. پولشادا بۇ ئادەم جون پاۋۇل ئىككى بولدى. تىبەتتە بۇ ئادەم دالاي لاما بولۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇ ئادەم رابىيە قادىردۇر. »

ئامېرىكا سىناتورى كىرىستوفېر سىمىت
2007 - يىلى 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى
( كىرىستوفېر سىمىتنىڭ ئامېرىكا كونگىرىسىدە سۆزلىگەن نۇتقىدىن ئۈزۈندە )

# مۇندەرىجە


مۇھەررىردىن ............................................................ 6

مۇقەددىمە .................................................................. 9

## بىرىنچى بۆلۈم

خىسلەتلىك تۇغۇلۇش ................................................... 20

## ئىككىنچى بۆلۈم

قىسمەتتىن ھىممەت غالىپتۇر.............................................. 73

## ئۈچىنچى بۆلۈم

پۇل ھەممە نەرسە ئەمەس ئەمما كۆپ ئىشلار پۇلغا قاراشلىق...................
149

## تۆتىنچى بۆلۈم

« يەڭگىلى بولمايدىغان توسالغۇ يوق،
يەتكىلى بولمايدىغان يۈكسەكلىك يوق »............................................ 199

## بەشىنچى بۆلۈم

زىنداندىكى غالىپ روھ ............................................................ 269

ئاخىرقى سۆز ....................................................................... 385


مۇھەررىردىن
(بىرىنچى نەشرىگە كىرىش سۆز)

« ئىنقىلاۋى رەھبەر ئىنقىلاپ مەيدانىدا تاۋلىنىپ، ئىنقىلاپ قايناملىرىدىن شۇڭغۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ ».

دەرۋەقە، ۋەتەن سىرتىدىكى ۋەتەن ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان سىياسى سېپىمىزدە يېرىم ئەسىردىن ئارتۇق ــ تولىمۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئارزۇ قىلىنىپ، ھازىرغىچە ئېرىشەلمەي كېلىۋاتقان، ئورنى بوش قالسا تولدۇرۇۋېلىش مۇمكىن بولمىغان بىرلا ئېھتىياج بار ئىدى.

رەھبەر ـ ئەگەر گەۋدىلەندۈرۈپ، يەنە بىر ئاز ئوبرازلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا داھى، يولباشچى. مەيلى، ھازىرچە قانداق ئاتىلىشى مۇھىم ئەمەس، مۇھىم بولغىنى خەلقىمىزگە تونۇشلۇق ھەمدە خەلقىمىز ئېتىراپ قىلغان، غەرپ ئەللىرىدە قوبۇل قىلىنغان بىر شەخس، بىر ئوبرازنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىدى.

چەتئەللەردە، ئۇيغۇرلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان بەزى دۆلەتلەردە خېلە كۆزگە چېلىققۇدەك ئەرباپلىرىمىز، پىشقەدەم زاتلىرىمىز، ياش، قابىلىيەتلىك ئىز باسارلىرىمىز مەزكۇر سەپكە ئۆزلۈكسىز قېتىلىپ، ئۆزلۈكسىز ئايرىلىپ، بىرىنىڭ ئورنىنى يەنە بىرى تولۇقلاپ داۋام ئېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ۋەتەن سىرتىدىكى ھەرىكىتىمىزنىڭ ئاساسى مەقسىدى، تۈپ نىشانى بولغان « ئۇيغۇر مىللىتىنى، ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ دەۋاسىنى غەرىپكە تونۇتۇش » تىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالماي كېلىۋاتقان ئىدى.

ھەر ئىشنىڭ بىر ۋاقتى، سائىتى كېلىدۇ ــ دەپ چۈشەنگىنىمىزدە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دەرت – ھەسرىتىنى، مۇددىئا ـ تەلەپلىرىنى غەرىپكە ئاڭلىتىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەن بولسا كېرەك ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ « پىشانىسىگە يېزىلغان تەقدىر » نىڭ تۈگۈنى يېشىلىدىغان سائەت كەلگەن بولسا كېرەك.

بەزىدە « بىز ۋەتەن دەۋاسىغا ۋەكىللىك قىلالمايمىز، پەقەتلا ۋەتەن توغرىسىدا ئاخبارات تويلاپ، غەرپ ئەللىرىگە سۇنىمىز خالاس » دېيىلسە، بەزىدە « مەن داھى ئەمەس، ھەقىقى داھى، ھەقىقى رەھبەر ۋەتەندە، تۈرمىدە، مەن بىر ۋاكالەتچى » دېگەندەك باياناتلارمۇ ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان. بەلكى مەزكۇر بايانلارمۇ سەمىمى ئېيتىلغان بولىشى مۇمكىن. چۈنكى « ئىنقىلاۋى رەھبەر ئىنقىلاپ مەيدانىدا تاۋلىنىپ، ئىنقىلاپ قايناملىرىدىن شۇڭغۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ » ئەمەسمۇ.

شۇنداق، بۈگۈن بىز تەلەپ قىلىنغان ئەمما تولىمۇ ئۇزۇن يىل كۈتۈلگەن رەھبەرگە ئېرىشتۇق ــ رابىيە قادىر! بۇ نامنى تىلغا ئېلىش بىلەن پەخىرلىنىمىز. ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە، ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش مەيدانىدا بىرگە بولۇش بىلەن غۇرۇرلىنىمىز.

قولىڭىزدىكى « رابىيە قادىر ھەققىدە داستان » ناملىق بۇ تارىخى ئەسەر، رابىيە قادىر خانىمنىڭ گېرمان تىلىدا يېزىلغان بىئوگراپىيەسىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ئاساسىدا، ھەم قوشۇمچە شەرھىلىنىپ يېزىلغان قىممەتلىك ئوقۇشلۇقتۇر. بۇ

ئەسەرنىڭ گېرمانچە ئەسلى نۇسخىسى رومانىست ئەدىپ، تالانتلىق گېرمان يازغۇچىسى ئالېكساندرا كاۋېلىئۇس (Alexandra Cavelius) خانىم يازغان « كۆكنى زىلزىلىگە سالغان ئايال » (Die Himmels stürmerin) ناملىق كىتاب بولۇپ 2007 - يىلى ئىيۇن ئېيىدا گېرمانىيەدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ھەينە (Heyne) نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان، گېرمانىيەگە ۋە باشقا گېرمانچە سۆزلىشىدىغان خوشنا دۆلەتلەرگە ئۇيغۇر مىللىتىنى تونۇتۇشتا، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئەپتى _ بەشىرىسىنى تولۇق ئېچىپ بېرىشتە قىممەتلىك ۋە ھۆججەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكەن مۇكەممەل بىر قامۇستۇر.

كىتاپنىڭ گېرمانچە ئەسلى نۇسخىسى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى _ ئىجتىمائىي ئورنى، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ۋە خىتاي ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىنكى سىياسى ۋەزىيىتىنى _ شۇنىڭدەك خىتاي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چىرىكلىك، ھاكىمىيەت قاتلاملىرىدىكى قاتماللىق، قانۇنسىزلىق، دۆلەت تۈزۈمىدىكى كېلەچەكتىن ئۈمىتسىزلىك، ئىجرائاتتىكى زوراۋانلىق، ئادالەتسىزلىك، ئەمەلدارلارنىڭ پارىخورلىقى، پۇخرالارنىڭ قالاق - قاشاقلىقى، مۇستەملىكە رايونلارغا يۈرگۈزىلىدىغان قانۇنسىز ھۆكۈمرانلىقى، ئەسىر خەلقلەر ئۈستىدىن ئىجرا قىلىدىغان چەكسىز زۇلۇم، مىللى ھوقۇق ۋە ئىنسانىي ھوقۇقلارنىڭ ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنىشى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە تەتقىقات مەنبەسى سۈپىتىدە مۇھىم ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگىدۇر.

كىتاپتا بايان قىلىنغان يوقۇرىدىكى ئومۇمىي ئەھۋاللار ئۇيغۇرلارغا تونۇشلۇق. لېكىن مەزكۇر ئەسەرنىڭ ساھىبى قەھرىمان، ئىنقىلاۋى ئەزىمەت رابىيە قادىر خانىم خەلقىمىزنىڭ نەزىرىدە « قابىلىيەتلىك، مىللەت سۆيەر، مىليونېر تىجارەتچى، ئەڭ چوڭ، ئاتاغلىق باي ئايال » دېگەن بىر گۈزەل ئوبراز مەۋجۇتتۇر. شۇنىڭدەك ئۇيغۇر مىللىتى ئۈستىدىن ئىجرا قىلىنىۋاتقان مىللى زۇلۇم ھەققىدە ئامېرىكىغا ئاخبارات يەتكۈزۈش جەريانىدا قولغا ئېلىنىپ، ئۇزۇن يىل تۈرمىدە ئازاپ تارتقان بىر سىياسى مەھبۇس، ئىنقىلاۋى شەخس دېگەن ئوبرازمۇ يوقۇرى ئورۇندا تۇرىدۇ. بىراق ئۇنىڭ كېلىپ چىققىشى، ئىنقىلاپ مەيدانىدا تاۋلانغانلىقى، ۋەتەن خەلقى ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلغان، قىلماقچى بولغان، ۋەتەن ئىچىدە قايىسى ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى، ۋەتەن سىرتىغا چىققاندىن كېيىنكى مۇشۇ كىتاۋى يېزىلغىچە ئۆتكەن ئىككى يىل ئىچىدە قايىسى ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى قاتارلىق، بىز ئۈچۈن مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى خەلقىمىزگە تولۇق ئايدىڭ ئەمەس. يىغىپ ئېيتقاندا قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپ سىزگە مىللىتىگە ئەڭ مېھرىبان، دۈشمەنگە شەپقەتسىز، باش ئەگمەس بىر قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى سۈرەتلەپ بېرىدىغان كىچىككىنە تەشۋىقات ۋاراقچىسىدۇر. كىتاپتا قەھرىمانىمىزنىڭ ئوبرازىغا ياراشمايدىغان سۆز - ئىبارىلەر كۆرۈلسە، ئەلۋەتتە ئۇ قەلەمكەشنىڭ خاتالىقى _ دەپ

بىلىشىڭىزنى، قەھرىمانىمىزنىڭ ئوبرازىنى سۈپ - سۈزۈك قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمىز!

جاپالىق مېھنەت سىڭدۈرۈپ، كىتاپنى ئۇيغۇرچىگە تەرجىمە قىلىپ بىزگە تەقدىم ئەتكەن، ئۆز پىكرىنى قوشۇمچە، شەرھى ئاساسىدا بايان قىلىش ئارقىلىق تەرجىمە ساھەسىگە يېڭىچە بىر ئۇسلۇب قوشۇشقا جۈرئەت قىلغان دوستىمىز ئابدۇرەھىمجانغا تەھرىرات ۋە نەشرىيات نامىدىن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

گېرمانىيە

26.06.2008

---

ئىزاھات:

كىتاپنى مەزمۇن جەھەتتىن كىچىك بۆلەكلەرگە ئايرىپ تۈرىدىغان بىردىن ئەللىككىچە بولغان رەقەملەر، بۇ ئەسەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىنتېرنەتتە لاتىن يېزىغىدا ئېلان قىلىنغان تەرتىپ نومۇرى بولۇپ، ئەسلىسىنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن ئەينەن بېرىلدى.

## مۇقەددىمە

1

Die Himmelsstürmerin

(كۆكنى زىلزىلىگە سالغان ئايال)

Rabiya Kadeer Chinas Staatsfeindin Nr. 1

(رابىيە قادىر خىتاي دۆلىتىنىڭ 1. نومۇرلۇق دۈشمىنى)

بۇ كىتاپ گېرمان ئەدەبىياتىدا چۆچەك، رىۋايەت ياكى ئەپسانىۋى ئەسەرلەردىكى ئىجابىي باش قەھرىمانغا بېرىلىدىغان نام بىلەن ئاتالغان. ئاپتور ئالېكساندېرا كاۋېلىئۇس خانىم كىتاپىنىڭ نامىغا « رابىيە قادىر خىتاي دۆلىتىنىڭ 1. نومۇرلۇق دۈشمىنى» دەپ ئىزاھات بېرىدۇ. بۇ كىتاپ ئۇيغۇرلارنى ياۋرۇپادا تونىتىدىغان دەسلەپكى قامۇستۇر..........

مەن گېرمانىيەگە كەلگەن بىرىنچى ھەپتىدىلا كىتاپخانىغا كىرىپ ئايلانغان ئىدىم. ئۇ چاغدا گېرمانچە بىر كېلىمىمۇ بىلمەيتتىم. مېنىڭ ئىزدەيدىغىنىم، ئۇيغۇرغا ئائىت بىرەر ئەسەر ئىدى. ئەگەر ئىزدىگىنىم تېپىلىدىغانلا بولسا، مىللىتىمىزنىڭ غەرپ دۇنياسىدىكى مەۋجۇتلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ماندېلا، دالاي لاما قاتارلىق داھىلارنىڭ كىتاپلىرىنى كۆرگىنىمدە، ئىچىمدىن بىر سۆيۈنۈش، شاتلىق ئۇچقۇنلىرى چاچراپ چىقاتتى. كىتاپنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلايتتىم.

ئۈچ ئايدىن كېيىن (ئۇيغۇرلاردىن ئايرىلىپ سۈرگۈندە تۇرىۋاتقان شەھەردە) يالغۇزچىلىق، تىل بىلمەسلىك، ئىشسىزلىق، پۇلسىزلىق، ئەڭ ئېغىر بەختسىزلىك كۈنلەردە كىتاپخانىغا كىردىم. يەنە دالاي لامانىڭ كىتاۋىنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلىدىم. يىل نامىلىرىغا قاراپ، تىبەت ھەققىدە يېزىلغان كىتاپ ئىكەنلىكىنى پەملىدىم. بۇ تىلدىن ھېچقانداق ساۋادىم بولمىسىمۇ، ھېلىقى كىتاپنى سېتىۋېلىپ، پۈتۈن قۇرلىرىنى كۆزدىن كەچۈردۈم. مېنىڭ گېرمان تىلىدىن ساۋات چىقىرىشىمغا ئەشۇ كىتاپ سەۋەپچى بولغان ئىدى.

مەن دالاي لامانى يامان كۆرەتتىم . چۈنكى ئۇ، تىبەتنىڭ مۇستەقىللىقىدىن ۋاز كېچىپ، 1995- يىلى دۇنياغا بايانات ئېلان قىلغان ئىدى. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭغا چەكسىز ھۆرمەت قىلاتتىم. چۈنكى ئۇ « خىتاي دۆلىتىنىڭ 1- نومۇرلۇق دۈشمىنى» بولغىنى، خىتاي دۆلىتىنى غەرپ دۇنياسىدا رەسۋا قىلغانلىقى، غەرپ دۇنياسىدا خىتايغا قارشى مۇخلىس توپلىغانلىقى ئۇنىڭ ھۆرمەتكە لايىق دوستىمىز ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك ئىدى.

مەن ئەشۇ يىللاردىن بۈگۈنگىچە ئازاپلىناتتىم ھەر قېتىم كىتاپخانىغا كىرگىنىمدە. چۈنكى دۇنيادىكى ئاتاغلىق داھىلارنىڭ، ئاتاغلىق شەخسلەرنىڭ بىئوگراپىئەلىرىنى كۆرگىنىمدە « ئاھ، بەختسىز ئۇيغۇر! سەنمۇ خىتاي دۆلىتىنىڭ 1- نومۇرلۇق دۈشمىنى ئىدىڭغۇ! سېنى كىم تونىدى! سېنى كىم كۆردى! بۇ ھالىڭ بىلەن يەنە قانچە يىل مىللى مەۋجۇتلۇغۇڭ داۋام ئېتەر!»

دەپ ئاھ ئۇراتتىم.

چۈنكى بۇ كىتاپلار ئارىسىدا ئۇيغۇرغا ئائىت ھېچنەرسە يوق ئىدى. دېمەك بىزنى بىز پاناھلاپ كەلگەن، بىز خىتايغا قارشى مەركەز قۇرغان، بىزنى قوللاۋاتقان بۇ دۆلەتمۇ بىلمەيتتى، تونىمايتتى، ئېتىراپمۇ قىلمايتتى. بىزنى « جانباقتىلار » قاتارىدا كۆرەتتى.

رەھبەرلىرىمىزنىڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ، « گېرمانىيە خىتاي بىلەن چوڭ سودا - تىجارەتنى باشلىۋەتتى، خىتاي بۇلارنىمۇ پۇل بىلەن سېتىۋالدى، بىزنىڭ دەردىمىزگە قۇلاق سالمايدۇ، بىز قانداقمۇ قىلارمىز، بىزگە كىممۇ ياردەم قىلار، خىتاي دۇنيانى ئالداپ كەتتى» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا، ھېلىقى داھىلارنىڭ كىتاپلىرى تىزىلغان جاھازلاردا بىزنىڭ داھىلىرىمىزنىڭ كىتاۋى مەڭگۇ كۆرۈلمەيدىكەن _ دەپ ئۈمۈتسىزلىنەتتىم.

لېكىن ئەجەپلىنەرلىكى شۇ ئىدىكى، دالاي لاما يىلدا قانچە قېتىم گېرمانىيەگە كېلىپ، يۈزمىڭلارچە گېرمان خەلقىگە ئوچۇق مەيداندا مۇراجىئەت قىلغانلىقىمۇ، تىبەت ھەققىدە ياردەم تەلەپ قىلغانلىقىمۇ خىتايغا قارشى ھەرىكەت ئەمەسمىدى! تىبەت مەسىلىسى خىتاي چېگرىسىنىڭ سىرتىدامىدى! تىبەت ھەرىكىتىمۇ ئوخشاشلا خىتايغا قارشى ھەرىكەتقۇ؟!

دېمەك ئۇيغۇر دەۋاسى گېرمان دۆلىتى بىلەن خىتاي دۆلىتى ئارىسىدىكى سودا- تىجارەتلەردە «كوزۇر» قىلىشقىمۇ يارىمايتتى. ئەركىنلىك، مۇستەقىللىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن ئەڭ كۆپ بەدەل تۆلەۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىنى دۇنيا راستىنلا تونىمايتتى! _ ياق، بۇ ھۆكۈمگە مەن قايىل ئەمەس! دۇنيا ئۇيغۇرنى بىلىدۇ، تونۇيدۇ. لېكىن بىز دەۋانى قانداق قىلىشنى بىلمەيتتۇق. بىز ۋەتەن سىرتىدىمۇ، غەرپ ئەللىرىدىمۇ يارامسىز خۇسۇسىيەتلىرىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق. ياخشىراق، ئىشقا يارىغىدەك تەشكىلات قۇرۇشنى ئويلاشمىدۇق. قابىلىيەتسىزلىكىمىزنى يوشۇرۇپ، ئۆزىمىزگە پاناھلىق بەرگەن دۆلەتنى خىتاي بىلەن جىنايەتتە شېرىك دەپ _ قارىدۇق. ئىش قىلالماسلىقىمىزنى، يارامسىزلىقىمىزنى باشقىلارغا پەردازلاپ كۆرسىتىپ، دەۋانى پالەچ ھالەتتە بۈگۈنگە ئېلىپ كەلدۇق.

دەرۋەقە ئىككى يىلدا بىر يىغىن ئېچىش، قارارلارنى ماقۇللاپ تارقاپ كېتىش، يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن ئەينەن قارار ماقۇللاش، نەتىجىسى ھەققىدە پىكىر بولغاندام « ئۈستىمىزدە بېسىم ئېغىر، خىتاي ئۇ تەرەپتىن، گېرمان بۇ تەرەپتىن قىستاپ كېتىۋاتسا، سىلەر نېمە دېمەكچى! ۋەزىپىنى

ئالىدىغانلار بولسا، ئىككى قوللاپ تەقدىم» _ دەپ، ياخشى تەكلىپ بەرگەنلەرنى «خىتايدىن ۋەزىپە ئالدى، بىزگە قارشى ئۆكتە قوپتى، چاتاق ئادەم، قولىمىزدا پاكىت بار» _ دەپ، كىشىلەرگە ئۇلارنى جىنىدەك كۆرسىتىپ، دەۋانى پالەچ ھالدا مۇشۇ كۈنگەئېلىپ كەلدۇق.

ھەتتا نومۇس قىلىدىغان يېرىمۇ باركى، خىتاينىڭ جاسۇسلۇق ئاپپاراتىنىڭ تەرەققى قىلىپ، ئۆز - ئارا قىلىشقان پاراڭنىمۇ، تېلېفون، ئېل-خەت ئالاقىنىمۇ ئوغۇرلاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئاجايىپ مۇھىم ئالاقىلارنى ئوغۇرلىتىپ، مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىدۇق! بىز غەرپ دۇنياسىدا نېمە قىممەت يارىتالىدۇق؟ ھەتتا ئېلېكترونلۇق جاسۇسلۇق ئاپپاراتىغا دىققەت قىلغۇدەك ئەقىلگىمۇ، سەزگۈرلىككىمۇ ئېرىشەلمىدۇق!.

مەن شۇلارنى ئويلىغىنىمدا، ۋەتەندە تۆكۈلىۋاتقان قانلارنىڭ بېھۇدە كەتكەنلىكىگە ئېچىناتتىم. بىز غەرپ دۇنياسىدا تەشكىلات قۇرۇش، مەركەزلىشىش، مۆكەممەللىشىش، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تىكلەپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئىدۇق. لېكىن ئۆزىمىزنىڭ قىتىغۇرلىقى، كۆرەلمەسلىكىمىز، ئەقىلسىزلىقىمىز تۈپەيلى ھېچنىمە قىلالمىدۇق. «پارتىزانچىلىق»(ھىلە-مىكىرچى) خۇسۇسىيىتىمىزنى ھەتتا ئۆز - ئارا ئىشلىتىپ كەلدۇق.

1992- يىلىدىن بۇگۈنگىچە 15 يىللىق ئۇزۇن مۇساپىدە نۇرغۇن ئوغلانلىرىمىز بۇ يولدىن سەسكىنىپ كەتتى. ئېرىشكىنىمىز تەشكىلسىزلىك، يەككىچىلىك، ئۆز - ئارا «ئىشپىيون» دېيىشىش، گۇمانلىنىش، ئەمما قىلغان ئىشىمىز ئاخىرى چىقمايدىغان ئىككى يىللىق قارارلار بولدى. ئەگەر مۇشۇ ھالەتتە تۇرىۋەرسەك، داھىمىز، قەھرىمانىمىز، سىياسى رەھبىرىمىز ۋە سۆيۈملۈك ئانىمىز رابىيە خانىم ۋەتەن دەۋاسىنى پەللىگە يەتكۈزۈپ، غەرپلىكنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندە، غەرپلىكنىڭ ئالدىغا تەشكىلسىز ھالدا چىقىمىز. ئىككى يىلدا بىر قېتىم كېلىپ كېتىدىغان، ئىستەك - سورىغى بولمايدىغان ۋەكىللەر بۇ دەۋانى غەرپ ئەھلىگە « ۋەكىللىك » سالاھىيىتى بىلەن كۆرسىتەلمەيدۇكى، يەنىلا « يارامسىزلىق » ماھىيىتىمىز ئاشكارىلىنىدۇ.

2

مەن بۇ كىتاپنى سىياسى رەھبىرىمىز، سۆيۈملۈك ئانىمىز رابىيە خانىم ئىمزا قويۇپ بەرگەن 22 ـ 06 ـ 2007 كۈنىدىن باشلاپ، 07 ـ 07 ـ كۈنىگىچە ئوقۇپ تۈگەتتىم.

رابىيە خانىم ھەققىدە 1983ـ يىلىدىن باشلاپ، 1996ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە نۇرغۇن ئىزدىنىشلەردە بولغان ئىدىم. بۇ ئىزدىنىشلىرىمنىڭ كېيىنكى قىسىملىرىغا بەزەن يېقىن سىرداشلىرىمۇ قاتناشقان ۋە مېنىڭ قارىشىمنى تەستىقلىگەن ئىدى. 1996ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ (؟) كۈنلىرى قىرغىزىستاندىكى ئاتاغلىق باينىڭ بىرى، ياش تىجارەتچى تۇرسۇن تاينىڭ ئوغلىنىڭ (خەلقئارالىق) سۈننەت تويىغا قاتناشقان خەلقئارالىق ئەرباپلار قاتارىدا، بۇ مۇراسىمغا ئۈرۈمچىدىن تەكلىپ بىلەن كېلىپ قاتناشقان، ئاتاغلىق باي تىجارەتچىمىز رابىيە قادىر خانىم ھۆرمەتلىك « داھىمىز » ئەركىن ئەپەندىنىڭ:

_ «ئەگەر يۈزمىڭ ( 100.000 ) دوللار پۇل بولىدىغان بولسا، ياۋروپادا خەلقئارالىق كونفرانس بەرسەم، شەرقى تۈركىستان دەۋاسى شۇنچىلىك تىز دۇنيا سەھنىسىگە چىقاتتى، ئۇ چاغدا خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنى بېسىپ يېتىشقا ھېچ ھەددى بولماس ئىدى» دېگەن باياناتىغا مۇنداق ئىنكاس قايتۇرىدۇ:

« ئەپەندىم، ئەگەر بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى ئەشۇ يۈزمىڭ (100.000) دوللارغا قاراشلىق بولسا، شۇنچىلىك پۇل بىلەن ھەل بولىدىغان بولسا، مانا مەن ـ رابىيە قادىر بۇ پۇلنى بېرىشكە تەييار! ۋەدىڭىزدىن يېنىۋالسىڭىز، ئۇ چاغدا جاۋاپ بېرىشنى ئويلىنىپ قويارسىز » _ دەپ، كەسكىن قارارىنى بېرىدۇ. مانا بۇ مەردانىلەرچە ئوتتۇرىغا تاشلانغان كىشىلىك قارار، ئۆچكۈردە مۆكۈپ ياتقان بەزەن ئارسلانلارنى غەزەپلەندۈرىدۇ. چۈنكى خانىم قاتناشقان بۇ مۇراسىمدىكىلەر موسكۋادىن، ياۋرۇپادىن، تۈركىيەدىن ۋە شۇنىڭدەك نۇرغۇنلىغان ئەركىن دۆلەتلەردىن كەلگەن، ئەمما كىملىگى نامەلۇم كىشىلەر بولۇپ، بۇ ئۈستى ئوچۇق بىر مەيدان ئىدى. بۇنداق بىر سورۇندا شەرقى تۈركىستاننىڭ تەقدىرى ئۈستىدە پاراڭلىشىش، ئوچۇق قارارلارنى ئېلىش، نېمىدىن دېرەك بېرەتتى؟.

بۇ چاغ «شاڭخەي 5 لىكى ئىتتىپاقى» ماقۇللانغان، دۆلەت چېگرىسىنى ئورتاق قوغداش، دۆلەتلەر ئارا زىمىن پۈتۈنلىكىنى ئورتاق ھىمايە قىلىش... قاتارلىق نۇرغۇن كېلىشىملەر ئىمزالانغان بىر يامان چاغ ئىدى. شۇ

مۇناسىۋەتلەر بىلەن «ئىنقىلاپ يولى نېمە ئۈچۈن ئەگرى- توقايلىق؟» دېگەن تېمىنى مۇنازىرىگە قويۇپ، ئەركىن ئەپەندىم، رابىيە قادىر خانىم ۋە بۇ سورۇننى ھازىرلىغان شەخسلەرگە، ھېلىقى ئەزىمەتلەر تەرىپىدىن « قارا چېكىت » قويۇلغان ئىدى. بۇلار ئۇيغۇر ھەرىكىتىنى « چىقماس كوچىغا باشلاپ كىرىدىغانلار، بۇلاردىن پەخەس بولۇش كېرەك » دەپ ھۆكۈم قىلىنغان ئىدى.

ئارىدىن 3 يىل كېيىن « رابىيە قادىر قولغا ئېلىنىدى » دېگەن خەۋەر گېرمانىيەگىچە كېلىپ، بىزنى ئەجەبلەندۈردى ــ بۇ قانداق ھادىسە؟ بۇنىڭغا يەنە يىراق - يېقىندىكىلەر ئۆز - ئارا مۇلاھىزە يۈرگۈزدۇق. ئاخىرىنى كۈتۈشكە مەجبۇرلاندۇق. « قارا چېكىت » نى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ئالدىراپ كەتمىدۇق.

لېكىن گېرمانىيەدىمۇ يەنە شۇ« يۈزمىڭ (100.000) دوللار » نىڭ پارىڭى ھۆكۈم سۈرەتتى. ئىستانبۇل بوغۇزىدا يەلكىنىنى يوقىتىپ قويۇپ، دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان « شەرقى تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى » نى قۇتقۇزۇش، ئۇنى سالامەت گېرمانىيەگە ئەكىلىش (پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن دەۋاسى يولىدىكى ـ شۇ چاغدىكى مەسئۇل تەشكىلاتنىڭ قارارىمۇ مەركەزنى ياۋرۇپادا ساقلاپ قېلىش ئىدى) ھەققىدىكى تەلەپلەرگە « ئۈكىللىرىم! سىلەر بىلمەيسىلەر، بىزدە پۇل يوق، بۇ داۋا پۇل بىلەن بولىدۇ، ئەگەر يۈز مىڭ (100.000) مارك پۇلىمىز بولسا، چوقۇمكى بىر خەلقئارالىق كونفرانس بېرىپ، بۇ ئىشنى ھەل قىلاتتۇق» ــ دەيتتى ھۆرمەتلىك « رەھبىرىمىز » ئەركىن ئەپەندى. ئەنۋەرجان ئەپەندى ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ، ئەگەر بۇ دەۋاغا ئەركىن ئاكىسى باش بولۇپ بەرسە، ئۆزى شەخسەن ئەللىك مىڭ (50.000) مارك بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. بۇ ۋەدە « ئىككىنچى رابىيە قادىر » نى ئەسلىتەتتى.

بىر ئەنۋەرجاننىڭ غەيرىتىدىن خىجىل بولۇپ، كىشى بېشىغا ئەڭ ئاز بولغاندا بەش يۈز (500) مارك، يوقۇرىسى ئۈچ مىڭ (3000) ماركقىچە تىزىملاتتۇق. بىر ئاي ئىچىدە تەلەپ قىلىنغان پۇل نەقلەشتى. « مىللى قۇرۇلتاينى گېرمانىيەگە يۆتكەپ كېلىش» تەييارلىق كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ئىش باشلىنىپ كەتتى. بىراق قۇرۇلتايغا باغاق تارقىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەپەندىم يېنىۋالدى. سەۋەپ ـ ئۇيغۇرلاردا پىكىر بىرلىگى يوق، ئۇيغۇرلار پىكىر ۋە كۆزقاراش جەھەتتە 6 ئېقىمغا بۆلىنىدىكەن، پىكىر بىرلىككە كەلمەيتۇرۇپ، بۇ ئىشنى قىلىش يامان نەتىجە بېرىدىكەن.

(شۇنىڭدىن بىر يىلچە كېيىن، بۇندىن يەتتە يىلچە ئاۋال ئە.ئا.ر. نىڭ تور بېتىدىكى مۇنازىرىدە ) بەزەنلەرنىڭ « ئالتۇننى زەرگەر سوقسۇن » دېگەن تەلىۋىگە جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن ئىدىم يادىمدا قېلىشىچە : « بىز ئالتۇننى پەتنۇسقا سېلىپ، زەرگەر ئۇستامغا سۇندۇق، لېكىن ئۇ قوبۇل قىلمىغىنى ئۇچۇن، ھازىرچە تۆمۈرچى ئۇستامغا تۇتقۇزۇپ قويدۇق ». دېمەك بۇ قەدىردان ئالتۇننى ئەنۋەرجاننىڭ قولىغا مەجبۇرى تۇتقازغان ئىدۇق. بۇ ھادىسە مىللەتنىڭ قارارى، دەۋرنىڭ تەقەززاسى ۋە 1992- يىلى ئىستانبۇلدا قوراشتۇرۇلۇپ، ئۆز كاپىتانىنىڭ قولىدا ئىستانبۇل بوغۇزىغا پېتىپ كېتىۋاتقان، يەلكەنسىز كېمىنى قۇتقۇزۇش ۋە ئۇنىڭدىكى بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگۈلەشتىن ئىبارەت، تارىخى ئەھمىيەتلىك ھادىسە ئىدى.

مەن شۇنىڭدىن كېيىن رابىيە قادىرغا قويۇلغان « قارا چېكىت » ئۇستىدە تىنىم تاپماي ئويلىنىشقا مەجبۇرلانغان ئىدىم. چۈنكى بىشكېك شەھرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرتلىك يۈز مىڭ (100.000) دوللار، گېرمانىيەدىمۇ شەرت قىلىنغان ھەم ئورۇندالغان بولۇپ، لېكىن بۇ تەلەپ، بۇ غەيرەت شۇنچىلىك يوقىلاڭ باھانىلەر بىلەن بەربات قىلىنىۋېتىلگەن ئىدى. ئەگەر رابىيە قادىر خانىم ۋەدە قىلغان ئەشۇ يۈزمىڭ دوللارنى نەقلەشتۇرۇپ تاپشۇرغان بولسا، قانداق ۋەقە يۈز بەرگەن بولاتتى؟ _ بۇ ھەقتە ئويلىنىپ بىر نەتىجە چىقىرالمىغان ئىدىم.

مەن سۆيۈملۈك ئانىمىز رابىيە خانىمنىڭ تەقدىرىنى ۋە پاجىئەلىك ئەھۋالىنى، مۆھتەرەم ئاكىمىز سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىدىن 2001 - يىلى تەپسىلى ئاڭلىدىم ۋە 2002 - يىلى « خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق قەھرىمانى » مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، رابىيە خانىمنىڭ باجىئاخو جازا لاگېرىدا يەر ئاستى باستۇرۇقتا قامالغانلىقىنى، ئۇنىڭ چېچىنى كېسىۋېتىپ، روھى ئازاپقا سالغانلىقىنى، ئۇرۇپ، قىيناپ ئېغىر تەن جازاسى بەرگەنلىگىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلۈمدىكى ئانىمىزغا بولغان قارا داغنى كۆز - يېشىم بىلەن يۇيۇپ تاشلىغان ئىدىم.

ئانىمىزنىڭ ئامېرىكىغا قويۇپ بېرىلگەنلىك خەۋىرىنى، قاھىرەدىكى چېغىمدا ئابلىمىت تۇرسۇندىن ئاڭلىدىم. ئىككىمىزنىڭ تېلىفۇن ئارقىلىق ئۆتكۈزگەن قىسقىلا سۆھبىتىمىزدە _ « 2002 - يىلى سىدىق ھاجىكام:

_ سۆيۈملۈك رابىيە سىڭنى خىتايلار ھەرگىزمۇ تۇتۇپ قالالمايدۇ، خىتايلار سىڭنى مەجبۇرى قويۇپ بېرىدۇ. يەنى مۇشۇ ئامېرىكىغا قويۇپ بېرىدۇ _ دەپ،

ئە.ئا.ر (ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى) دا دۇنياغا جاكالىغان ئىدى، بۇ ھۆكۈم ئاخىرى ئىجرا بوپتۇ! ئاللاھغا يۈزمىڭ شۈكرى »- دېدىم ئۇنىڭغا، خوشاللىقتىن قېنىمغا پاتماي.

ئاربىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ قەھرىمانىنى، غالىپ جەڭچىنى، مىللىتىمىزنىڭ پەخىرلىك ئانىسىنى 2005 - يىلى 7- ئايدا گېرمانىيەدە كۆرۈشكە نېسىپ بولدى. ئۇ مېنى بىر كۆرۈپلا :

_ ئەپەندىم مەن سىزنى تونۇۋاتىمەن، بىز قاچان، قەيەردە كۆرۈشكەن ئىدۇق؟ تازا ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن _ دەپ، مەندىن تونۇشلۇق تەلەپ قىلدى.

ـ خانىم مەن سىلىگە بۇندىن 12 يىل ئاۋال، ئاتىلىرى ياشاۋاتقان يۇرتتىن (كۇچاردىن) سالام ئېلىپ كەلدىم ـ دېگەن ۋە بىز پەقەتلا ئىككى قېتىم جانابىلىرىنىڭ سودا سارىيى ئالدىدا قىسقىلا سالاملىشىپ، ھال سوراشقان ئىدۇق، بىزنىڭ ئارتۇق تونۇشلىقىمىز يوق _ دەپ جاۋاپلاندۇردۇم. لېكىن ئۇنىڭ شۇ قەدەر ئېغىر جىسمانى ۋە روھى ئازاپتىمۇ، قىلچە زەخمىگە يولۇقمىغان زېھنى قابىلىيىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم ۋە باشقىلارغىمۇ ئۇنىڭ ئەقلى ۋە زېھنى، روھى جەھەتتىن ئەڭ مۇكەممەل دەرىجىدە ساغلام ئىكەنلىكى ھەققىدە خوش خەۋەر يەتكۈزدۇم. ئەشۇ دەسلەپكى ئۇچرىشىش مۇراسىمىدا ئۇنىڭ:

« بالىلىرىم! مېنى قوللاپ، ماڭا ياردەم بېرىڭلار! بىز ۋەتەننى چوقۇم ئازات قىلىمىز! بۇ دەۋا ئۈچۈن بىر دوللارمۇ ئازلىق قىلمايدۇ، بىر مىليون دوللارمۇ كۆپلۈك قىلمايدۇ. غەرپ دۇنياسىدا ھەممە ئىش پۇل بىلەن يۈرىشىدىكەن، پۇل تېپىش ئۈچۈن تىرىشىڭلار! مەن كۈندە بىر مىليون دوللار تاپساممۇ ياكى كوچىلاردا ئاياق مايلاپ، كۈندە بىر دۆللار تاپسامىۇ، قورسىقىمغا يەيدىغان بىر ناندىن ئاشقان قىسمىنى، بۇ دەۋا ئۈچۈن خەجلەيمەن، ماڭا ئىشىنىڭلار، بىز ۋەتەننى چوقۇم ئازات قىلىمىز، ئاللاھ بىز تەرەپتە، ئاللاھ بىزگە ياردەم بېرىدۇ، لېكىن سەۋەپنى ئۆزىمىز قىلىشىمىز كېرەك » _ دېگەن نۇتقى مېنىڭ ئەقىدەمدە ئۇنىڭ داھىيلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن ئىدى. مەن ئەسلىدە ھېچكىم ئەمەس. مېنىڭ ئەقىدەمدە باشقىلارنىڭ قانداق ئورۇننى ئىگىلىشى مۇھىم ئەمەس. ئەمما مەن مىللىتىمنىڭ بىر پارچىسى! بۇ مىللەتنى سۆيگەن كىشىنى قەدىرلەيمەن. مىللىتىمنى ئويىنغان كىشىگە غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلىمەن. مەن مىللىتىمنىڭ بوسۇغىسىدا قاراۋۇللىق قىلىدىغان، مىللىتىمنى ئوغرىدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان، ۋەتەن - مىللەت سەۋداسىدا كۆيۈپ غالجىرلىشىپ كەتكەن بىر ئىشت مەن.

مەن سۆيۈملۈك ئانىمىزنىڭ كىتاۋىنى ئوقۇپ تۈگەتكىچە، ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ۋۇلقاندا سىماپتەك ئېرىپ كەتتىم. ئۇ ئاللاھنىڭ ئىجابىتىگە ئېرىشكەن ئۇلۇغ بىر ئانا. ئۇ ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن يېڭىلمەس غالىپ بىر قەھرىمان!.

3

شۇنداق، رابىيە خانىم ئەينى ۋاقىتتا ئائىلىسى ئۈچۈن بىر مۆجىزە سۈپىتىدە دۇنياغا كەلگىنىدەك، ياۋرۇپادا يەلكەنسىز، كاپىتانى بىلەن ۋە پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ ئارزۇ، ئۈمىدى، ئىشەنچىسى بىلەن بىرگە ئوكيانۇسقا چۆكۈش، يەر يۈزىدىن يوقۇلۇش ئېھتىمالىغا دۇچ كېلىۋاتقان ئەبگاھ كېمىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، يول قىيىنچىلىقى، تىل قىيىنچىلىقى ۋە 10 يىل ئايرىلىپ، ئەمدىلا يېڭىدىن ۋىسالىغا ئېرىشكەن ئائىلىۋى مىھىر توسالغۇسىغا قارىماي، يەككە - يىگانە ھالدا گېرمانىيەگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. ھۆرمەتلىك ئەركىن ئەپەندىم باشچىلىقىدا كونا - يېڭى، چوڭ -كىچىك بارلىق رەئىسلىرىمىزدىن تارتىپ مېنىڭدەك ئاددى پۇخراغىچە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى:

« سىز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئانىسى! سىز ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ بايرىغى! سىز بىز كۈتكەن داھى! » _ دەپ، رابىيە خانىمنىڭ پۈكۈلگەن قەددىنى تىك تۇتۇشقا، ئىگىلمەس روھىنى ئۇيغۇر مىللىتىگە ئۈلگە قىلىشقا پۇرسەت بېرىلدى.

ئۇ ئەركىنلىككە ئېرىشىپ شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئۇ چوقۇم بۇ مۇقەددەس دەۋانى غايىگە، ئاخىرقى مەنزىلگە يەتكۈزىشى مۇقەررەر بولۇپ قالغان ئىدى. مىللىتىمىزنىڭ قەلبىدىكى ئۆچۈپ كېتىۋاتقان ئۈمۈت شاملىرى جۇلالىنىشقا باشلىغان ئىدى. لېكىن قانداقتۇر كۆرۈنمەس بىر كۆلەڭگۈ، ۋەھىمىلىك بىر قارا سايە ئۇنىڭ يۈزىنى توسۇپ تۇرغاندەك، ئۇنى بۇ دەۋادىن يىراقلاشتۇرۇشقا، ئۇنى مەڭگۈ يەككە ھەرىكەت قىلىدىغان بىر ئادەمسىز قەلئەگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغاندەك ، قورقۇنچ ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى.

« ئەگەر رابىيە خانىم ئۇ. ئا . ب. (ئۇيغۇر ئامېرىكا بىرلىكى) گە رەئىس بولۇپ قالسا، چوقۇم ئىناۋىتى چۈشۈپ كېتىدۇ، چۈنكى ئۇ تىل بىلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ چەتئەلدە بىرەر تەشكىلاتتا ۋەزىپىلىك ئورۇنغا ئۆتۈپ قالسا، خىتاي

ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىدۇ، بالىلىرىنى تۇتۇپ كېتىدۇ-دە، ئۇنىڭ يۇگۇرىشى سامانلىققچە بولۇپ قالىدۇ، رابىيە خانىم ئامېرىكىغا كەلگەندىن باشلاپ ھەممە كىشى ۋە ئامېرىكىلىق ئەرباپلار سىدىق ھاجىكامنى ئىزدىمەس بولۇپ قاپتىكەن، ئۇنىڭ خۇيى تۇتۇپ خانىمغا چىراي ئاچماس بولىۋاپتۇ. ھاھاھاھاھ! ئاجايىـــپ ھە! ».

مانا بۇلار خانىمنىڭ بۇ دەۋاغا  قانۇنلۇق ۋەكىل بولالمايدىغانلىقىنى ئالدىن بىلدۈرگەن بىشارەتلەر ئىدى. بۇ بىشارەتلەرگە ئەگىشىپ ئاسماندىن چۈشكەن چېقىلغۇدەك بىر كۆچلۈك يانغىن ئۇيغۇر دۇنياسىنى كۈل قىلىشقا تاسلا قالدى. يەنى ئۇ.ئا.ب نىڭ تور بېتىدە « رابىيە خانىم دىققەت! » تېمىسىدىكى بىر كۆيدۈرگۈچ توپ ئوقى ئېتىلدى.

بىراق ئاللاھ ئۇنىڭ يارىتىلىشىنى ئائىلىسى ئۈچۈن بىر مۆجىزە قىلغاندەك، مىللەت دەۋاسىغىمۇ ئۇنى يەنە بىر قېتىم مۆجىزە قىلدى. يەنى ئۇنىڭ خىتاي زىندانلىرىدا ئۆلۈپ كەتمەسلىكىگە، ئۇنىڭ سۈيىقەست بىلەن زەھەرلىنىپ كەتمەسلىكىگە، ئۇنىڭ روھى جەھەتتىن يىقىلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان ئاللاھ بۇ ياۋۇز توپ ئوقىغىمۇ تاقابىل تۇرغۇزدى. يەنى ئامېرىكىدا دۈشمەن تەرىپىدىن ماشىنا بىلەن ئېزىپ ئۆلتۈرۈش سۈيىقەستىگە ئۇچرىغانلىقى ئۇنىڭ ئۇستىدىن تارقىتىلغان ئېغۋالارغا بىر قېتىملىق رەددىيە بولدى.

بىز بۇ سۈيىقەستتىن خەۋەر تاپقىنىمىزدا، ئۇنى ئىككىنچى قېتىم ھايات كۆرەلىشىمىزدىن ئۈمۈدىمىز ئۈزۈلگەن ئىدى. لېكىن ئۇ كېسەل كارۋىتىدىن قوپۇپلا ئۇددۇل گېرمانىيەگە يول ئالدى ۋە ئۇنى گەۋدىسى ھەرخىل تاقاقلار بىلەن قۇرۇپ چىقىلغان ھالدا كۆردۇق. ئاللاھغا شۈكرىكى بىز ئۇنىڭدىن ئۈنچىلىك ئاسان ئايرىلىپ قالمايدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق. ئۇ مۇشۇ ھالىتى بىلەن قولىمىزدىكى مۇنۇ داستانىنىڭ گېرمانچىسىنى يازدۇرغىلى كەلگەن ئىدى. بۇ داستان تەرجىمانىنىڭ ئۇستىلىقى، ئاپتورنىڭ ماھارىتى ئارقىسىدا پەقەتلا رابىيە خانىم ئۆز قولى بىلەن يېزىپ چىققاندەك مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتۈپ چىقتى. بۇ كىتاپ ئۇسلۇپ ۋە ئېستېتىك تۇيغۇ جەھەتتىن  تەرجىمە ئەسەرگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ ـ  تىپىك ئۇيغۇر يازغۇچىسىنىڭ ئەسىرى. ۋەقەلىكتە بايان قىلىنغان تۇراقلىق جۈملىلەر پۈتۈنلەي گېرمانچىگە ئۆزلەشتۈرۈۋېتىلمىگەن. بۇ كىتاپنى ئوقىغان ھەرقانداق بىر گېرمان ئۇيغۇر ھاياتىدىكى تۇرمۇش ئىستىلى بىلەن، مىللىي

تۇيغۇ بىلەن ئەينەن ئۇچراشقان بولىدۇ. بۇ كىتاپ يالغۇز رابىيە خانىمنىڭ كىشىلىك بىئوگراپىيەسىنىلا ئىپادىلەپ قالماستىن بەلكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسى تەقدىرىنى، ئومۇمى ھايات كارتىنىسىنى، مىللى ئەخلاقىنى، ئەن- ئەنىۋى ئادەتلىرىنى، بۇ مىللەتنىڭ ھەقىقىي مۇستەقىل مىللىي سالاھىيەتكە، مىللىي مۇستەقىللىققە ئىگە، بىقىندى ئەمەس ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ۋە شۇنداق داۋاملىشىدىغان بىر غالىپ مىللەت ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىدۇ. بۇ ئالاھىدىلىك رابىيە خانىمنىڭ ۋە سىدىق ھاجى ئاكىنىڭ مىللىي روھى، سىياسى تالانتى مىللەت ئۇچۇن مەڭگۈلۈك بېغىشلانغان ئەقىيدىسىدىن شەكىللەنگەن ئەلۋەتتە!.

بۇ كىتاپ نەشىردىن چىققاندىن كېيىن كىتاپخانىلارغا كىرسەم، ئۆزەمنى شۇنچىلىك غالىپ ھېس قىلدىمكى، ۋۇجۇدۇمدا بۇندىن ئاۋالقى چۈشكۈنلۈكتىن، ئۇمۇتسىزلىكتىن، قايغۇلاردىن ھېچقانداق ئەسەر قالمىغان ئىدى. بۇ كىتاپ بەزەن كىتاپخانىلاردا ھىللاري خانىمنىڭ، گېرھارد شرۆدېرنىڭ كىتاپلىرى تىزىلغان جىھازلارغا قويۇلغان بولسا، بەزەن كىتاپخانىلاردا ماۋ نىڭ تەنقىدى بىئوگراپىيەسى تىزىلغان جىھازلارغا تىزىلغان ئىدى. دېمەك 2007-يىلى 6-ئاينىڭ 22- كۇنىدىن باشلاپ بىر ياشاۋاتقان گېرمانىيەدە بىزنى تونۇش پۇرسىتى يارىتىلدى. يەنە بۇ كىتاپ مۇنداق كۆپ تەرەپلىمىلىك بىر قانچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1) رابىيە خانىمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ،

2 ) ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللى كىملىگىنى ،

3 ) ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن خىتاي مىللىتىنىڭ مىللى ئايرىمچىلىقىنى،

4 ) خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە نەقەدەر ۋەھشى زۇلۇم سالغان ۋە سېلىۋاتقانلىقىنى،

5 ) ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نېمىگە مۇھتاج ئىكەنلىكى ۋە غەرپتىن نېمە كۇتىدىغانلىقىنى گېرمانلارغا بىلدۇرۇش... قاتارلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن مۇھىم مەلۇماتلار ئەينەن كۆرسىتىلىدۇ.

ئەمما كىتاپتىكى بۇ ئالاھىدىلىك بىلەن رابىيە خانىمنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسىغا ۋەكىل بولۇش مەجبۇرىيىتىنى گېرمانلار ھېس قىلمايدۇ ۋە ھېس قىلىشىنىڭمۇ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى ۋە ئەھمىيىتى يوق.

بۇ يەردىكى زۆرۈرى مەسىلە شۇكى ـ بۇ كىتاپتا رابىيە خانىمنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى بايانلاردىن باشقىسى بىزگە ئايان. لېكىن، بىز رابىيە

خانىمنىڭ ۋە سىدىق ھاجى روزىلارنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىڭ يۈزدىن بىرىنىمۇ بىلمەيدىكەنمىز. مانا كىتاپتىكى بۇ ئالاھىدىلىكنى ھەركىم قولىدىن كېلىشچە ئەمەس، بەلكى نۆۋەتتىكى مىللى ھەرىكەتنىڭ مۇھىم بىر قىسمى سۈپىتىدە يورۇتىشى كېرەك دەپ قارايمەن. ھەمدە ئالدى بىلەن بۇ خىزمەتنى ئۆزەم باشلاشقا بەل باغلىدىم. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، كىتاپنىڭ ئۆزەم مۇھىم _ دەپ قارىغان جايلىرىنى ئەينەن، جۈملىمۇ- جۈملە تەرجىمە قىلىپ، مەلۇم بىر مەزمۇندىن كېيىن، ئۆز قارىشىمنى« قوشۇمچە » شەكلىدە بايان قىلدىم.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپقا « رابىيە قادىر ھەققىدە داستان » دەپ نام بەردىم _ ئۇنىڭ نامىنىڭ تىللاردا داستان بولۇپ، ئەۋلاتتىن- ئەۋلاتقا داۋام ئېتىشىنى، ئۇنىڭ نامىغا ئېيتىلغان مەدھىيەلەر « ماناس داستانى » دەك مىڭ يىللاپ ياڭرىشىنى ئۈمۈت قىلدىم.

ئابدۇرەھىمجان ئابدۇرەشىد

## بىرىنچى بۆلۈم

# خىسلەتلىك تۇغۇلۇش

4

1948- يىلى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئىدى. ئۇ، ئالتاي تاغلىرىدىكى ئالتۇن قازغۇچى ئائىلىسىدە، ئاتا - ئانىسى ۋە ئالتۇن قازغۇچىلار ئۈچۈن بىر ئۇلۇغ مۆجىزە سۈپىتىدە دۇنياغا كەلدى.

بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ئانىسى ئوتتۇز ياشلار چامىسىدا ئىدى. دادىسى قادىرخان « ئالتۇنلۇق » دەپ ئاتالغان، ئالتاي تاغلىرىدىن ئالتۇن ئىزدەش ئۈچۈن، يىگىرمە كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر گورۇپ ئالتۇن قازغۇچى ئىشچىلارنى توپلىغان ۋە ئۇلار بىلەن قانچە ئايلاپ تاغ - داللارنى قازغان ئىدى. قادىرخان « ئەگەر بۇ قېتىم ئالتۇن تاپالىساق، ھەممىمىز تەڭ ئۈلۈش ئالىمىز » دەپ ئىشچىلىرىغا ۋەدە بەرگەن. لېكىن ئايلاردىن بېرى بىر مىسقالمۇ ئالتۇن تاپالمىغىنى ئۈچۈن، ئىشچىلار ئالدىدا تەڭ قىسلىقتا قالماقتا ۋە ئۆز يېنىدىن

ئۇلارغا بەلگىلىك مائاش بېرىپ كېلىۋاتاتتى .

شۇنداق قىيىن كۈنلەردە، قادىرخان ئويلىنىپ غەمگە پاتتى:

ـ قانداق قىلغۇلۇق؟ كۆز پەسلىمۇ يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئالتاي دېگەن بەرداشلىق بەرگۈسىز دەرىجىدە _ ئوتتۇز گىرادۇسقىچە سوغۇق بولىدىغان يۇرت. تاغ - دالادا سوغۇق تېخىمۇ قاتتىق بولىدىغان گەپ.

قادىرخان جاسارەتسىز ھالدا قايتىش قارارىغا كەلدى. ئېھتىمال ئېغىر غەم - غۇسسىدىنمۇ ياكى قايتىش يولىدىكى مۇشەققەتتىنمۇ، ئىشقىلىپ قادىرخاننىڭ رەپىقىسىنىڭ ئاچچىق تولغىقى قوزغالدى. بالىنىڭ تۇغۇلىشىغا تېخى بالدۇر. ھامىلە يەتتە ئايلىق تۇرسا! بۇ ئەھۋال ئاستىدا ھەرقانداق چارە - تەدبىر قىلىسىمۇ، تۇغۇلغان بالا ھاياتتىن تەلەيسىز ئىدى. قادىرخان كۆپچىلىككە دەم ئالماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئېقىن سۈمۇ بار بولۇپ، ئىشچىلار غۇدۇراپ يۈرۈپ، چېدىر - بەرگاھلارنى تىككىشتى.

ئۇ يورۇق دۇنيانى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. ئانىسى ئۆزىنى رۇسلاپ تۇغۇشقا تەييارلىنىشقىمۇ ئۈلگۈرمەستىن، ئۇ ھاياتقا كۆز ئېچىپ بولدى!

كىچىككىنە يۇمران، ئاسلانچىلىك بىر بوۋاق، ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق ۋە ئىسيانكار ئىدى. ئالتۇن قازغۇچىلار ئىچىدىكى بىردىن بىر ئايال ھەمرا قازاق ئايال، ئۇنىڭ كىندىكىنى كەستى ۋە ئۇنى زاكىلاپ يۆگەككە بۆلىدى. ئۇنىڭ بالدۇر تۇغۇلۇپ ھايات قېلىۋاتقانلىقىنى ھەممەيلەن بىردەك « بۇ بىر مۆجىزە! » دەپ، ھاياجان ئىچىدە تەنتەنە قىلىشاتتى.

قادىرخان دىيانەتلىك، ھالال - ھارامنى ئايرىيدىغان، مۇستەھكەم ئىمانلىق كىشى ئىدى. ئۇ يەرگە تىزلىنىپ كۆككە تىكىلدى ۋە قىزىنىڭ ئۇچىنچىسى بولۇپ دۇنياغا كەلگەن يېڭى جانغا ئاللاھتىن ئۆمۈر تىلەيتتى ۋە ئاللاھقا شۈكۈر سانا ئوقۇپ _ ماڭا ئاتا قىلغان بۇ ھەدىيە ئۈچۈن ساڭا شۈكرىلەر بولسۇن- دەيتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپى –ئادىتى بۇيىچە بوۋاق تۇغۇلۇپ يەرگە چۈشكەندە ئىشلەكتەن دەسلەپكى كىرلىكنى كونا كۆرمەيدىغان يەرگە كۆمۈش لازىم ئىدى . شۇڭا ئۇ كىرلىك ۋە باشقىمۇ نەرسىلەرنى ئالدى _دە، بارىگاھ ئارقىسىغقا چىقىپ، يېقىنىراق يەردىكى يار تۈبي( قىيالىق) نى كولاپ كۆممەكچى بولۇپ، كەتمەن بىلەن قازماقتا ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىز يار تۈيىنى كولاشتىن توختاپ قالدى! ئۇ قېزىۋاتقان كىچىككىنە چۇقۇرلۇقتا ئالتۇن

ياتاتتى! بۇ راستىنلا ئالتۇن ئىدى!

_ « ئالتۇن! ئالتۇن، مەن ئالتۇن تاپتىم! »- ئۇ ۋارقىراپ تاشلىدى.

قادىرخان ئەسلىدىكى ۋەدىسى بويىچە بارلىق ئىشچىلىرىنى يىغىپ بىر ئۆلۈشتىن ئالتۇن تارقاتتى. ئۆزىگە قالغان قىسمى بولسا، بۇ ئائىلە بىر ئۆمۈر باياشات ياشاشقا يېتىپ ئاشاتتى. ئايلاردىن بېرى قادىرخاننى تەڭلىكتە قويىۋاتقان، ئۇنىڭغا تاپا- تەنە قىلىشقان ئالتۇن قازغۇچىلار مەسجىدكە كىرىپ، ھەربىرى ئۆز ئۆلۈشلىرىدىن بىر پارچە ئالتۇننى « قادىرخان ۋە قىزى باياشات كۈن كۆرسۇن »- دەپ تەڭنىگە تاشلىشاتتى. مۇشۇ ئەھۋاللاردىن تەسىرلەنگەن ئاتا- ئانا قىزىنىڭ ھاياتىنى خەلقى ئۈچۈن ھەدىيە - دەپ بېغىشلىدى:

« سەن بىزگە ئەمەس خەلقىمىزگە، مىللىتىمىزگە تەئەللۇق!»

شۇ كۈندىن باشلاپ قادىرخان ئائىلىسى باي - باياشاتلىقتا، بەخت- سائادەتتە، شات - خوراملىقتا يۇرت بويى تەڭ تۇشى يوق دېگۈدەك، مەمۇرچىلىققا تولۇپ ياشاشقا باشلىدى. بۇ ئائىلە يۇرت - مەھەللىگە ياردەمدە بولىدىغان، باشقىلارغا ياخشىلىقتا ئۈلگە كۆرسىتىدىغان، يۇرت ئاتىسى كەبى ئابروي قازىناتتى. ئۆلار شاتلىق ئىلكىدە يەنە مەمەت، ئارزۇگۈل، خەلچەملەرنى دۇنياغا كۆز ئاچتۇردى. رابىيەدىن ئاۋالقى جۇمەك (جۇمە) زۆھرە، ھەجەرلەر بىلەن بۇ بالىجانلىق ئائىلە، شۇنچىلىك بەختىيار ئىدىكى، ئاسمان يېرىلىپ چۈشسىمۇ بەلكىم بۇلارنىڭ بەختىلىك ئائىلىسى شۇ پېتىم داۋام قىلاتتى.

دۇنياغا بۇرۇن كېلىۋالغان، ئائىلىگە مەھەللىگە، ئالتۇن قازغۇچىلارغا بەخت ئېلىپ كەلگەن رابىيە، چوڭ - كىچىك قېرىنداشلىرى ئارىسىدا پەرقلىق ئىدى ھەم ئائىلە ئىچىدىكى تەربىيەدىمۇ پەرقلىق مۇئامىلىگە دۇچ كېلەتتى. دادىسىدىنمۇ ئانىسىدىنمۇ تەكرار ئاڭلايدىغىنى « سەن بىزگە ئەمەس خەلقىمىزگە، مىللىتىمىزگە تەئەللۇق!» دېگەن سۆز بولاتتى.

رابىيە بۇ گەپتىن بەزىدە تېرىكىپ - بۇ نېمە دېگەنلىك؟ مەن سىلەرنىڭ بالاڭلار بولماي، كىمنىڭ بالىسى ئەمىسە؟- دەپ دومسۇيۇپ، خاپىلىقىنى بىلدۈرگىنىدە، چۈشەنچۈر ھىكمەت ۋە مەنىۋىياتقا باي ئاتا - ئانا ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ:

- بۇ دېگەنلىك ھەرگىزمۇ « سەن بىزنىڭ بالىمىز ئەمەس» دېگەنلىك بولمايدۇ قوزام، بەلكى سېنى ئاللاھ بىزگە ھەدىيە قىلىپ ياراتقان ئىكەن، بىزمۇ سېنى خەلقىمىزگە ھەدىيە قىلدۇق. يەنى ئۇرۇق - تۇققانلارنىڭ، خۇلۇم

- خوشنىلارنىڭ ياردىمىگە ھەر زامان تەييار تۇرىسەن! ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىشىت - مۈشۈكلىرىگىچە سېنىڭ ياردىمىڭگە ئېرىشىشى كېرەك!.

ئۇ بۇ خىل تەربىيەنى كۆپ ئاڭلىغىنى ئۈچۈن، بەزىدە خوشنىلىرىنىڭ بالىلىرى ئاغرىپ قالسا، بەزىدە ئۇلارنىڭ ئىشىت - مۈشۈكلىرى ئۆلۈپ قالسا، «بۇنىڭ جاۋاپكارلىقى مېنىڭ ئۈستۈمدە ئىدى ئەمەسمۇ! مەن تىرىشچان بولغان بولسام، بۇ ۋەقە يۈز بەرمەيتتى!» دەپ، بىئارام بولاتتى ۋە ئۆزىنى ئەيىپلىك دەپ ھېس قىلاتتى. (شۇ ناملىق كىتاپ 24 - 31 بەتلەر)

( قوشۇمچە )

دېمەك، بۇگۈنكى بۇ مەشھۇر ئانا، ئەينى ۋاقىتتىكى بىر يۇمران بوۋاق، دۇنياغا بۇرۇن تۇغۇلۇپ قالغان، ھېلىقى كىچىككىنە سەبى ئىدى. ئۇنىڭ بۇگۈنكى ماقامى، مەرتىبىسى گەرچە ئاللاھنىڭ پۈتكىنى بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا دىن نۇرى بىلەن بېزەلگەن قەلب ساھىبى قادىرخاننىڭ ۋە ئاق كۆڭۈل رەپىقىسىنىڭ بۇ بوۋاققا سىڭدۈرگەن مەنىۋىياتى، ئائىلىق تەربىيىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

چۈنكى بىزدە شۇنداق ئاتا - ئانىلارمۇ باركى، ئەۋلاتلىرىغا تەربىيە قىلغاندا مۇنۇلارنى بىرىنجى ئورۇنغا قويماي تۇرۇپ، بالىلىرىغا نان بەرمەيدۇ: جېنىم بالام ياخشى ئوقۇ، بولمىسا خىزمەتسىز قېلىپ، ئاۋۇ گاداي خوشنىمىزنىڭ بالىسىدەك مەدىكارچى بولۇپ قالىسەن!، جېنىم بالام خەقنىڭ ئىشىغا ھەرگىز ئارىلاشما، بولمىسا ئاۋۇ خوشنىمىزنىڭ بالىسىدەك «ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەندەك پېشكەللىككە يولۇقىسەن، جېنىم بالام ھەقنى سۆزلىدىم دەپ، ئاۋۇ خوشنىمىزنىڭ كۈسپۈرۈچ بالىسىدەك، تۈرمىگە كىرىپ قالما، جېنىم بالام خىزمىتىڭدىن ئايلىرىپ قالما، جېنىم بالام ئۆزەڭنى بىل - كۆتۈڭنى قىس! جېنىم بالام قالماقنىڭ ئېتىنى سۇغار پۇلىنى ئال! جېنىم بالام «داداڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر» دېگەننى ئۇنۇتما، جېنىم بالام... جېنىم بالا... جېنىم بالام....

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ھازىرغىچە سېستىمىلىق ئەخلاق تەربىيەسى، سېستىمىلىق مىللى تەربىيە، سېستىمىلىق دىني تەربىيە بولۇپ باققىنى يوق. ئۇيغۇر جەمئىيىتى پەقەتلا ئاتا - ئانىنىڭ بالىلىرىغا بەرگەن تەربىيەسىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

مەن ھېچكىمنى ھاقارەتلىمىدىم، ھېچكىمگە تۆھمەت قىلمىدىم. بەلكى

ئۆزەم ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ تارىخىنى يورۇتۇشقا تىرىشتىم. تارىخ 50 يىلدىن كېيىن يېزىلىشى، 100 يىلدىن كېيىن تەتقىق قىلىنىشى، 500 يىلدىن كېيىن ئىبرەت ئېلىنىشى كېرەكمىدى . يا! ياق، «تارىخ كومپاس» دېيىلگەن ئىكەن، ئۇ پەقەتلا ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر تۈز سىزىقتۇر. ئۆتكەن ھەربىر كۈن، ھەر بىر ئاي، ھەر بىر يىل تارىختۇر. ئۇنى دەل ۋاقتىدا خۇلاسىلاپ تۇرمىغان مىللەت، ئۆتمۈشى بىلەن كەلگۈسىنى بايقىيالمىغان مىللەت بىزدەك بولىدۇ. بىزدەك دادىسىنى ئۆلتۈرگەنگە ئانىسىنى ئېلىپ بېرىپ، يىغلاپ قاخشاپ، خار - زەبۇن، ئىپلاس، زالالەتتە دۇنيادىن سۈپۈرۈلۈپ تاشلىنىدۇ.

مەن بۇندىن 6 يىل ئاۋال بەزەنلەرنىڭ يېغىرىغا تەككەن ئىدىم. ئۇ چاغدا ئۆزەم يالغۇزدەكلا ھېس قىلغان . ھازىر ھەقىقەتنى سۆزلىيەلەيدىغان نۇرغۇن پىكىرداشلارنى بايقىدىم. يەنە يالغۇز قالسامۇ ئۆكۈنمەيمەن!.

5

ئۇنىڭ بەش - ئالتە ياشلاردىكى بالىلىق چاغلىرى ئىدى. ئۇ بىر كۈنى خوشنىلارنىڭ بالىلىرى بىلەن، ھەر كۈندىكىدەك كوچىدا ئويناۋاتاتتى. خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا، توساتتىن ئۇنىڭ يېنىغا بىر ئادەم پەيدا بولدى. بۇ ئادەمنىڭ چىرايى شۇنچىلىك خۇنۈك ئىدىكى - ئۇنىڭ يۈزىگە قونغان چېۋىنىنىڭمۇ كۆڭلى ئاينىپ ئۇچۇپ كېتىشى يىراق ئەمەس. كۆزلىرى قىيسىق يىرتىق تېرىسىنىڭ ئۆزى، بۇرنى شۇنچىلىك پاناق ئىدىكى، ئاغزىنىڭ ئۈستىدە ئىككى تۆشۈكتىن باشقا نەرسە يوقتەكلا، يۇمۇلمىغان كالپۇكلىرىدىن ھىڭگىيىپ چىقىپ تۇرغان ياۋۇز چىشلىرى، ئۇنى بەئەينى ياۋا چوشقىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشىتىپ قويغان. بوي - تۇرقىمۇ بۇ يۇرتنىڭ كىشىلىرىنىڭ يېرىمىچىلىك، ئىش قىلىپ بۇ مەخلۇق ئادەم سىياقىنى كۆرسەتمەيتتى. ئۇ رابىيەگە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېلىپ، قولىدىكى بىر قانچە دانە كەمپۈتنى ئۇزارتتى. رابىيە نەپرەتتىنىمۇ ياكى قورقۇنچتىنىمۇ، بىلىنىپ بولماس بىر غەلىتە تۈيغۇ ئىچىدە ھويلىغا قاراپ چاپتى. ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرگەن ئانىسى:

- قوزام ساڭا نېمە بولدى؟ سۆزلىسەڭچۇ - دەپ ئالاقزادىلىك ئىلكىدە ئۇنى باغرىغا باستى.

ـ بىر، بىر نەرسە، ئادەمگە ئوخشىمايدىغان بىر نەرسە ـ دەيتتى ئۇ ھودۇقۇپ، تەمتىرىگەن ھالدا سىرتنى كۆرسۈتۈپ. ئانىسى ئۇنى يېتىلەپ سىرتقا چىققىنىدا، ھېلىقى ھەربى پورمىسى كىيىگەن ئادەم، كىچىك بالىلارغا كەمپۈت بېرىۋاتاتتى. ئۇ قول ئىشارىسى قىلىپ ئۆزىنى قورقاتقان مەخلۇقنى ئانىسىغا كۆرسەتتى.

ـ ۋاي جېنىم قوزام، قورقما، بۇلار يۇرتىمىزغا كەلگەن خىتاي ئەسكەرلىرى، 28 ـ باتالىيون دېيىلىدىغان ئەسكەرلەر مۇشۇلار، بۇلار بىر نەرسە ئەمەس بەلكى ياخشى ئادەملەر، قورقمىساڭمۇ بولىدۇ ـ دەپ رابىيەنى پەپىلەيتتى ئاقكۆڭۈل ئانا.

28 - باتالىيون ئەسكەرلىرى، يېزا ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش، دېھقانچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققى قىلدۇرۇش، سانائەتنى بەرپا قىلىش... قاتارلىق نۇرغۇن ۋەزىپىلەر بىلەن، ئالتايغا بېسىپ كىرمەكتە. ئۇلارنىڭ سانى كۈندىن _ كۈنگە ئاينىپ، سەل ئاپتىدەك، ئاسماندىن تۆكۈلگەن كۈز يامغۇرىدەك، ئالتاينىڭ بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىغىچە تولۇپ كېتىۋاتاتتى. سەبى رابىيە بۈگۈن بۇ خەقنى_ يەنى خىتاي دېيىلىدىغان بۇ غەلىتە كىشىلەرنى تۇنجا قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ غۇبارسىز قەلبىدە ئاجايىپ بىر يىرگىنىش پەيدا بولغان ئىدى.

شۇنىڭدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، بىر يامغۇرلۇق ئاخشىمى يىگىرمە - ئوتتۇزچە كىشى، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىرىشتى. ھەممىسىلا قۇراللىق ئەسكەرلەر بولۇپ، ئەشۇ 28 - باتالىيون كوماندىلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ باشلىقى قادىرخاننىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ:

ـ بىز ساڭا يەتكۈدەك مۆھلەت بەردۇق، سەن بۇرجۇئاز، ئاق سۆڭەك ئۇنسۇر پارتىيەنى، ماۋجۇشىنى كۆزگە ئىلماي، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىدىڭ! سېنىڭ تېخى كۆرگۈلۈكۈڭ بار! ئۆينى دەرھال بوشات! بۇ ئۆي - جايلار ھازىردىن باشلاپ پارتىيەگە ئائىت. ئەگەر قارشىلىق قىلساڭ مېڭەڭدىن ئىس چىقىرىمىز! ـ دەپ قاتتىق ھەيۋە قىلاتتى. بىر ياقتىن بولسا ياۋايى قاۋان تۇڭگۇز تەلەتلىك باسقۇنچىلار ئۆي بىساتلىرىنى، شىرە، ئۈستەل، ئىشكاپلارنى ئىشىكتىنمۇ، دېرىزىدىنمۇ سىرتقا ئاتماقتا ئىدى. قادىرخان:

ـ بۈگۈن بىر ئاخشام ۋاقىت بېرىڭلار، ھېچ بولمىغاندا كىچىك بالىلار يامغۇردا قالمىسۇن، مەن ئەتە كۈندۈزى ئۆينى بىكارلاپ بېرەي ـ دەپ ئۇلارغا يېلىنەتتى. لېكىن ئۇنىڭ تەلەپلىرى دۆشكەلىنىش، تامغا ئۈستۈرۈلۈش بىلەن

جاۋاپلىناتتى. ئۆز ئۆيىدىن قوغلىنىپ، قورو ئالدىدا ـ ئوچۇق كوچىدىلا يامغۇرنىڭ ئاستىدا قالغان بۇ ئائىلە ھاڭ ـ تاڭ قالغان ئىدى.
(شۇ ناملىق كىتاپ 29 – 30 – ۋە 31- بەتلەر)

( قوشۇمچە )

شۇنداق، قادىرخان ئائىلىسى بۇگۇن كۆرىۋاتقان بۇ قىيامەت، پەقەت بىرلا ئائىلىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى - ئاپەت ئەمەس. بەلكى ھەر بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىگە ـ يەنى روھى جەھەتتىن تەسلىم بولمىغان، خىتاينىڭ ئىشغالىيىتىگە باش ئەگمىگەن، جان بېقىش ئۇچۇن تەڭرىسىنى تەڭگىگە تېگىشمىگەن، ئاللاھنى ئۇنتۇپ ماۋغا چوقۇنمىغان، كۇن كەچۇرۇش ئۇچۇن «كوممۇنىست» بولمىغان، ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىنىڭ بېشىغا شۇنداق دەھشەتلەر ياغقان ئىدى.

بىراق، بۇ دەھشەتنى ناھايىتى تىزلا ئۇنتۇپ، «خىتاي خەقتە ئىمان بولمىغان بىلەن ئىنساپ بار» دەپ، ياش ئەۋلاتلىرىنى، ئۆز بالىلىرىنى خىتايغا قۇل قىلىپ بېرىش يولىدا تەربىيلىگەن، مىليونلارچە ئۇيغۇر ئاتا-ئانىلىرى باركى، بۇلاردا ئۇيغۇرلۇق روھىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتىمۇ يوقالغان. شۇنداق نۇرغۇنلىغان تەربىيەچىلىرىمىزمۇ باركى، « بىزگە ئەسكىلىك قىلىۋاتقان خىتايلار ئەمەس بەلكى كوممۇنىستلار، كوممۇنىستىك دىكتاتۇر تۇزۇمى » دەپ، يېڭى بىر ئەۋلات ئۇيغۇردا، كەلمەكچى بولىۋاتقان خىتاي دېموكراتىك ھۆكۇمرانلىقىنى سۆيۇش روھىنى يېتىلدۇردۇ. « زوزۇڭتاڭ، جىنشۇرىن، ياڭزىڭشىڭ، شىڭ شىسەي، گومىنداڭ ئۇيغۇرلارغا بەك يامانلىق قىلغان، گۇڭسەنداڭ ـ پارتىيە ياخشى» دەپ، ۋەتەن ئىچىدە، ھەر بىر گۇرۇپ ۋە ئائىلىلەردە مۇشۇ ھىكايە بولۇپ تۇراتتى. توم - توم كىتاپلاردىمۇ، ئىش قىلىپ ھەممىلا تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا، خىتايلار ئەسكىلىك قىلغان دېيىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ ئەۋزەللىكتىن چەكسىز پايدىلانغا خىتاي ھۆكۇمرانلىرى، خىتاينىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككىنجى ۋە ئۇچىنچى ئەۋلاتلىرىنى ئاساسەن مىللى تۇيغۇدىن ئايرىپ، پاك - پاكىزە ئۇيغۇرچە سۆزلەيدىغان خىتاي نەسلىگە ئايلاندۇرۇپ بولدى.

لېكىن بىز چەتئەلدە خىتاينى خىتاي دېيەلەيدىغان، ئەركىن دۇنيادىمۇ، خەلقئارالىق سىياسى سەھنىدە ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىز قۇرۇپ چىققان « سىياسى ئېقىملىرىمىز » دىمۇ « كوممۇنىستلار، خىتاي كوممۇنىستلىرى

پالان قىلدى ـ يەي، خىتاي كوممۇنىستلىرى 18 ياشلىق قىزلىرىمىزنى ئىچكىرىگە ئېلىپ كەتتى ـ يەي، ئاقىلەي، كۆكىلەي، كوممۇنىستلار ئادەم ئەمەس» دەپ يۇرمەكتىمىز.

مېنىڭ بوۋامنى ئاتقانلار، ئۇنىڭ دادىسىنى ئاتقانلار، مېنىڭ دادامنى سۈرگۈن قىلغانلار، مېنى تۈرمىگە قاماپ قىينىغانلار كوممۇنىستلار ئەمەس بەلكى خىتايلار! « ھۇنلار» نى، « كۆك تۈركلەر » نى، « ئۇيغۇر دۆلىتى » نى، « سەئىدىيە ئۇيغۇر دۆلىتى » نى، « شەرقى تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » نى، « شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » نى يوقاتقان تارىخىي دۈشمىنىمىز شۇ خىتايلاردۇر. بۈگۈن غەرپ ئەللىرىدە ئاتالمىش « دېموكراتىك خىتايلار » نامىدىكى « چوڭ جۇڭگو » قۇرغۇچى خىتايلارمۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يەنى ـ « شەرقى تۈركىستان مۇستەقىل جۇمھۇرىيىتى » نىڭ قۇرۇلۇشىنى ئېتىراپ قىلمىغان، خەلقئارالىق كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئالدىدا توختامغا قول قويمىغان مۇددەتچە ئۇلارمۇ بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر!.

## 6

يامغۇر شىددەت بىلەن ياغماقتا. مېھرىبان ئانا يۈرەك پارىلىرىنى يامغۇردىن مۇداپىئە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستى ـ بېشىغا ئەديال، ۋە پەلتولارنى ياپاتتى. رابىيەدىن ئىككى ياش كىچىك سىڭلىسى ئارزۇگۈل رابىيەنىڭ قوينىغا كىرىۋېلىپ، شۇنچىلىك غۇبارسىز تەلمۈرەتتىكى ئۇنىڭ بۇ ھالىتى كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى. ئىككى ياشلىق كىچىك خەلچەمنى ئانىسى باغرىغا بېسىپ تېنچلاندۇرۇشقا تىرىشاتتى. جۇمەك (جۇمە)، زۆھرە ۋە ھەجەرلەر بولسا بىر ـ بىرىگە قىستىلىشىپ تۇرۇپ يىغلايتتى ۋە بۇ دەھشەتنىڭ سەۋەبىنى سورايتتى:

ـ بۇ قانداق ئادەملەر بىزنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان؟ بىز ئۇلارغا نېمە قىلغان؟.

ـ بۇلار ئەينى ۋاقىتتا كوچىدا كىچىك باللارغا كەمپۈت تارقاتقان ھېلىقى كىشىلەر ـ دەيتتى ئاقكۆڭۈل ئانا چۈشەندۈرۈپ.

بىر كېچە شۇنداق ئۈچۈق ئاسماننىڭ ئاستىدا، يامغۇر بىلەن جەڭ قىلىپ تاڭ ئاتقۇزغان بۇ ئائىلە ئەتىسىدىن باشلاپ يېڭى ئۆي ـ ماكان تۇتۇشقا كىرىشتى. سارسۇمبىدىن تەخمىنەن ئۈچ چاقىرىمچە يىراقلىقتىكى دۈمبازار

دېگەن مەھەللىدىن يەر تۆتۈپ، يېقىن دوستلىرى بىلەن ئۆي - جاي سېلىشقا كىرىشكەن قادىرخان باللىرىغا تەكرار – تەكرار:
- بىز ياشىشىمىز كېرەك، بىز ئۆلمەسلىگىمىز كېرەككى ئەكسىچە بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ ياشىشىمىز لازىم - دەيتتى غۇرۇرلىنىپ. قادىرخان ئەل - ئاغىنىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن پات ئارىدىلا شۇنداق ئازادە، كۆركەم بەش ئېغىزلىق ئۆيىنى پۈتتۈرۈپ ئولتۇراقلىشىۋالدى. جۈمەك بىلەن مەمەت بىر ھۇجرىدا، قىزلار بىر ھۇجرىدا كېچىلەيتتى. ئايرىم مېھمانلىق ھۇجرىمۇ بېزەلگەن ئىدى. ھويلىنىڭ ئالدىغا كۆكتاتلىق باغچىسى بەرپا قىلىندى. ھويلا ئىچىدە ۋە ھويلىنىڭ ئارقىسىدا غاز، تۇخا، ئۆردەكلەر غاقىلدىشىپ، ئۆچكە، قويلار مەرىشىپ، ئۆي مۈشۈكلىرى ۋە قاراۋۇل ئىشتلارغىچە بۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسىدەك بۇلارغا شۇنچىلىك شاتلىق بېغىشلايتتى.
- تاش، چالما، دەل - دەرەخ، ئۆسۈملۈك ۋە بارلىق جانىۋارلار، پۈتۈن تەبىئەت ئىنسانىنىڭ بەختى ئۈچۈن ۋە ئىنسانىنىڭ ھوزۇرلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلغان - دەيتتى قادىرخان ھەر دائىم باللىرىغا نەسىھەت قىلىپ.
چوڭ - كىچىك بۇرجۇئازلارنىڭ يولىنى توسۇپ، يەككە تاپاۋەتچىلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ھەممىنى كوللىكتىپلەشتۇرۇش، كوپېراتىپلەشتۇرۇشتىن ئىبارەت خىتاينىڭ خاتا سىياسەتلىرى ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. قادىرخانمۇ بۇ تۈزۈمگە بويسۇنۇپ، شەھەردىكى بىر ساتراچخانىدا كۈنىگە سەككىز سائەتلەپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولدى . كۆكتاتلىقتىن ئېلىنغان مەھسۇلاتلار ۋە قادىرخانىنىڭ مائاشى بىلەن بۇ ئائىلە دۇمبازار بويىچە تەخمىنەن يۈز ئائىلىلىكلەر ئىچىدە تاپاۋىتى ياخشى، ھالى - كۈنى ئوبدان ئائىلىدىن بىرى بولۇپ قالدى.
رابىيەنىڭ ئانىسى چوڭ قىزلىرى بىلەن ئەرتە - ئاخشاملىرى تىنىم تاپماستىن ياستۇق قېپى، كىيىم ياپقۇچ، ئىشىك، دېرىزە پەردىلىرىنى كەشتىلەيتتى. كۆڭلى ئۈچۈق، يۈزى يورۇق، مېھماندوست بۇ ئائىلىگە يىراق- يېقىندىن مېھمانلار كېلىپ تۇراتتى. قادىرخان:
« مېھمان دېگەن پادىشاھتۇر، شۇڭا ئۆيدە مېھمان بار چاغدا توخۇنى تاخ، مۈشۈكنى پەش دېيىش ياخشى ئەمەس، ئۇ مېھمانغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ » دەپ، باللارغا دائىم ئەدەپ ئۆگىتەتتى. مېھمان كەلگەنلىكى چاغدا قادىرخان مېھماننى ھۆرمەتلەپ ئىشىك تۈيىدىن ئورۇن ئېلىپ، مېھماننىڭ خىزمىتىدە بولاتتى. ئۇنىڭ رەپىقىسى بولسا كەشتىلەنگەن تەكيي،

ياستۇقلارنى مېھمانلارنىڭ بېقىنىغا قويۇپ راھەتلەندۈرۈشكە تىرىشاتتى.
رابىيەنىڭ مىجەز - خۇلقى ۋە چىراي كۆرۈنىشى دادىسىنى تارتقان ئىدى. قەھۋە رەڭگە مايىل يوغان كۆزلىرى، يوقۇرىدىن ئېگىلىپ چۈشكەن تۈز قاڭشىرى، ئىشقىلىپ ھەممە جەھەتتىن كىشىلەر ئۇنى دادىسىغا ئوخشىتاتتى. قادىرخان ئەينى ۋاقىتتا ۋەتەن پىدائىلىرىدىن بولغاچقا دائىم دېگۈدەك ۋەتەننىڭ كېلەچىكى ئۈستىدە قايغۇراتتى. ئەمما ئاقكۆڭۈل رەيىقىسى بولسا بۇنداق چوڭ ئىشلارغا قىزىقمايتتى. ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى ئۆي ئىشى، مۈزىكا ۋە گۈل - چېچەكلەردىن خەۋەر ئېلىش ئىدى. ھەپتىدە بىر قېتىم مەھەللىدىكى يېقىن - يۇرۇق ئاياللار بۇ ئۆيگە توپلىشىپ دۇتار چېلىپ، ئۇسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئېچىشاتتى.
قادىرخان بالىلىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئالتە يېشىدىن باشلاپلا دىنىي تەربىيە، قۇرئان سۈرىلىرى، ھالال ـ ھارام ھەققىدە ساۋات بېرەتتى. كۆپۈنچە ۋاقىتلاردا ئاخشاملىرى تاماقتىن كېيىن بالىلىرىنى شىرەنىڭ ئەتراپىغا چۆرىدەپ ئولتۇرغۇزۇپ، چۆچەك سۆزلەپ بېرەتتى ۋە ئۆتكەن-كەچكەن ۋەقەلەر، ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئۇرۇشلىرىدىكى قەھرىمانلىقلار توغرىسىدا ھاياجان ئىلكىدە سۆزلەپ كېتەتتى. ھازىرقى زۇلۇم ئۈستىدە سۆزلىگىنىدە بالىلىرىغا دىققەت قىلىشنى، كوچىلاردا ھەرگىزمۇ بۇنداق گەپلەرنى ئېغىزدىن چىقارماسلىقنى تاپىلايتتى. شۇنداق چاغلاردا:
ـ نېمىشكە بىز ھەردائىم ۋەتىنىمىزنى خىتايلارغا تارتقۇزۇپ قويىمىز دادا؟ بۇنىڭ سەۋەبى زادى نىمە؟ ـ دەپ تېرىكەتتى جۇماك. قادىرخان ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيتتى:
« بالىلىرىم بىزنى بۇ كۈنلەرگە كەلتۈرۈپ قويغان كۈچلۈك مىللەتلەردۇر. ئۇلار بىزنىڭ كۈچلىنىپ قېلىشىمىزنى ھەرگىزمۇ خالىمايدۇ. بىر چاغلاردا بىزمۇ كۈچلەنگەن ئىدۇق، قولىدا قورال تۇتالىغۇدەكلا ئەپتى بار ئۇيغۇر ئەرلىرى سېپىمىزگە قېتىلىپ، جەڭگە قاتناشقان. يۈز مىڭلارچە يىگىتلىرىمىز ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلەلمەي قۇربان بولغان. لېكىن شۇنداقتىمۇ بىز شۇنىڭغا ئىشىنەتتۇقكى ـ بۇ ۋەتەن يېقىندا بىزنىڭ بولىدۇ، بىز غەلبە قىلىمىز ـ بۇ ئىشەنچ بىلەن جەڭ قىلىپ، تېخى يېقىنقى زاماندا كۈچلۈك دۈشمەننىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، ئىككى قېتىم دۆلەت قۇردۇق. خىتاي مەغلۇپ بولغان بىلەن رۇسلار بىزنىڭ ئەركىنلىكىمىزنى راۋا كۆرمىدى، بىزنى خىتايغا سېتىۋەتتى.»

(شۇناملىق كىتاپ 31-32-33 ۋە 36- بەتلەر)

( قوشۇمچە )

شۇنداق مەرھۇم قادىرخان ئاكا بالىلىرىغا تەربىيە قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇنقەرز بولىشىدىكى سەۋەپنى رۇسلارغا باغلىقنىدەك، بۇ پاجىئەلەر ھەققىدە نۇرغۇن ئاتا ئانىلار ئەينى دەۋردە بالىلىرىغا شۇنداق چۈشەنچە بېرەتتى. لېكىن ھازىرغىچە بۇ تارىخ ھەقىقىي يۈزىنى كۆرسەتمىدى. ئۇنىڭ ئاۋام خەلققە ئايان بولمىغان ئارقا يۈزىنى بىلىدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەشۇ تارىختا ئوينىغان رولى، ئۆزلىرىنىڭ مىللەتكە قارشى ئىشلىگەن جىنايەتلىرى تۆپەيلىدىن سۈكۈتتە دۇنيادىن كەتتى. بىزلەرگە ئىبرەت ۋە دەرس بەرمىدى. بىلگەنلىرىنى ئاشكارىلىماقچى بولغان مەردانە كىشىلەرنى بولسا، قانداقتۇر قاتىلى نامەلۇم سۇيقەست بىلەن يىغىشتۇردى. بۇنىڭ ئاخىرقى قۇربانلىرى بولۇپ سابىت ئابدۇراھمان ئۇيغۇرى ئالدىنقى يىلى ئالمۇتىدا سۇيقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئاتالمىش « يالتا يىغىنى » دا شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيتىنىڭ تەقدىرى بەلگىلىنىشتىن بۇرۇنلا، بۇ غالىپ ۋەتەن ئۇرۇشى ماناس دەرياسى بويىغا بارماستىن توختايدىغانلىقى ئىنقىلاپنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇئەييەنلىشىپ بولغان ئىدى. ئىنقىلاپتىكى بۇ خائىنانە ئىرادە پەقەت « يالتا شەرتنامىسى » بىلەن قانۇنى كۈچكە ئىگە بولغان ۋە ئىجرا قىلىنغان.

دېمەك، بىزنىڭ ئىنقىلاۋىمىز ھازىرغىچە ئاتالمىش « ماناس دەرياسى بويىدا » قانچە قېتىم توختىتىلدى؟ قايسى شەرتنامە؟ كىملەر؟ قايسى جاھانگىر دۆلەتلەر بۇ شەرتنامىلارنى ئۆز قولىمىز بىلەن ئىجرا قىلدۇردى؟ بۇ تېمىدا باشقىچە توختىلىش لازىم- دەپ قارايمەن.

7

شۇنداق گۈزەل ھاۋالىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. قادىرخاننىڭ كۆكتاتلىق ئېتىزلىرىدا سەككىز نەپەر خىتاي ئېتىزنى ئاغدۇرۇپ، چېلەكلەردە سۇ توشۇپ يەرنى سۇغارماقتا. ھويلا - ئاراملىرىنىمۇ بىر قانچە خىتاي سىرىپ سۈپۈرۈپ تازىلىق قىلماقتا. ئۈدۈل خوشنىلارنىڭ ھويلىسىدا بولسا ئىككى نەپەر خىتاي دوختۇر كېسەل بالىلارنى داۋالىماقتا. كوچىلاردا ئورۇندۇق

قويۇۋالغان خىتايلار ئۆتكەن - كەچكەن قېرى - ياش ئەرلەرنىڭ چاچ، ساقاللىرىنى چۇشۇرۇپ، راستىنلا « خەلق ئۈچۈن خىزمەت » قىلماقتا ئىدى.

بۇندىن ئاۋالمۇ خىتايلار بىلەن تونۇشلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقان بەزەن ئۇيغۇر، قازاقلار بولسا، ئۆز ھويلىلىرىدا ئۇستەل، ئورۇندۇق قويۇشۇپ، چاي، داستىخان سېلىشقان ئىدى.

« مېھماندوستلۇقنى ھەممىدىن ئۇلۇغ » دەپ قارايدىغان بۇ ئۇيغۇرلارغا ئەگەر بىر كىم ھەقسىز بىرەر ئىش قىلىپ بەرسە، ئۇنىڭ قارشىلىقىدا قىلغىلى قىلىق تاپالمايدىغان ئادىتى بولغىنى ئۈچۈن، خىتايلارنىڭ بۇ قىلىقلىرىغا كۆڭلىدىن « دوستلۇق » مېھرى بېرىشكە باشلىماقتا ئىدى. ئۇ يەر- بۇ يەرلەردە خىتايلار بىلەن دوستلىشىپ قېلىشمۇ، ھەتتا خىتاينى كۆرسە پېتىراپ قاچىدىغان باللارمۇ خىتاي باللىرى بىلەن بىرگە ئوينايدىغان كۆرۈنۈشلەرمۇ كۆزگە چېلىقاتتى. بىراق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تۇپراقتا يۇرگۈزمەكچى بولغان ھەرقانداق بىر نەيرەڭلىرىگە قارىتا كۆپلىگەن ئاتا - ئانىلار سەگەك تۇراتتى ۋە ئۇلارنىڭ ھىلىسىدىن يىراق تۇرۇشنى ئۇندەيتتى. ھەتتا خىتاي باللىرى بىلەن بىرگە ئويناشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىچىك باللىرىغىمۇ يول قويمايتتى.

مۇشۇنداق چاغلاردا قادىرخان باللىرىغا تەربىيە قىلىپ مۇنۇلارنى ئېيتاتتى: « باللىرىم، بىز مەلۇم ۋاقىت بۇ مېھمانلار بىلەن بىرگە ياشىشىمىز مۇمكىن. ئەمما شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇركى ئۇلار ۋەتىنىمىزنى تاشلاپ كېتىدۇ ».

خىتاي ھۆكۈمىتى ئالتايدا قانچە مىڭلىغان ئۇيغۇرنى يېڭىدىن تۇتقۇن قىلغانلىقى ۋە نۇرغۇنلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكى سەۋەپتىن، خىتاي بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى « دوستلۇق » مۇناسىۋىتى سوغاقلىشىشقا باشلىدى. لېكىن كوچا دوقمۇشلىرىدىكى زوۋۇكلاردىن يەنىلا « خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى مەڭگۈ بۇزۇلمايدۇ، بۇ ئىككى خەلق مەڭگۈ ئايرىلالمايدۇ » دېگەندەك تەشۋىقاتلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى كېچىسى رابىيەنىڭ دادىسى يېقىن دوستلىرى بىلەن مېھمانلىق ئۆيدە قارىمۇ - قارشى ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ مۇنداق دېيىشكەن ئىدى:

بىز دىققەت قىلمىساق بولمىغۇدەك، بۇلار بىزنىمۇ بىر كۈنى ئۆلتۈرۈپ يوقىتىدىغاندەكلا قىلىدۇ .

- شۇنداق، ھەر تەرەپتە ھۆكۈمەتنىڭ جاسۇسلىرى يامراپ كېتىپتۇ - دىدى

ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ پەس ئاۋازدا ئۇلارنىڭ بىرسى.

شۇنداق سۆھبەتلەر بولغاندا قادىرخاننىڭ بالىلىرىمۇ چوڭلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالاتتى. قادىرخان بالىلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: « بۇنداق سۆزلەرنى ھەرگىزمۇ سىرىتتا ئېغىزغا ئالغۇچى بولماڭلار، بولمىسا يەنە يامغۇرلۇق كېچىدە تالادا قالىدىغان ئىش بولىدۇ » دەيتتى.

ئالتايغا كىرگەن دەسلەپكى خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن بىرگە خىتاي كۆچمەنلىرىمۇ كىرگەن ئىدى. ئۇلار خىتاي مەكتىپى سالدى ھەتتا سودا-سېتىق دۇكانلىرىدىمۇ كۆپۈنچە خىتايلار ئىشلەيدىغان بولدى. يەرلىك خەلقلەر بولسا، نەرسە - كېرەكلىرىنى ئەشۇلارنىڭ قولىدىن سېتىۋالىدىغان بولۇشتى.

28 - باتالىيون بىلەن بىرگە ئالتايغا كىرگەن بىڭتۈەنلىك خىتايلار باشقا ئەسكەر خىتايلارغا قارىغاندا پەرقلىق ئىدى. تېنچلىق پەيتلىرىدە بىڭتۈەنلىك خىتايلار ئېتىز - ئېرىقلاردا ئىشلەيتتى. كوچىلاردا بىر توپ ئۇيغۇرلار بارلىكىن يەردە تۆت - بەش نەپەر خىتاي كۆزگە چېلىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن يۇرتنىڭ قىياپىتى ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ « ئىدىيەسى » تەكشۈرلۈش ھەرىكىتى باشلاندى. ھە دېسىلا « ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇر »، ياكى « گۇمانلىق ئۇنسۇر » دېگەن شۇئارلار تاملارغا چاپلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆي ئاختۇرۇش ھەرىكىتىمۇ باشلاندى. بىر كۈنى ئۆي ئاختۇرىدىغان ئەسكەرلەر قادىرخاننىڭ ئۆيىگە كەلكۈندەك شىددەت بىلەن بېسىپ كىردى. ئۇلار بىر قاپاقنىڭ ئىچىگە قادىرخان يوشۇرۇپ قويغان بىر قانچە پارچە ئالتۇننى تېپىۋېلىشتى. ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلىشماي قادىرخاننىمۇ بىرگە ئېلىپ كېتىشتى.

ھەر كۈنى ئايغى ئۇزۇلمەيدىغان سوراق « باشقا يەرگە يوشۇرغان ئالتۇننى تاپشۇر، بولمىسا تىرىك قۇتۇلالمايسەن » دەپ قورقۇتۇشلار، تەن جازاسى بېرىپ قاتتىق ئۇرۇپ قىيناشلار، ئالتە ئايغا سوزۇلغان سولاق خانىدىكى قىيىن - قىستاقتىن كېيىن، قادىرخان رەپىقىسىنىڭ زىنىنەت بۇيۇملىرىنى يىغىپ ئەسكەرلەرگە تاپشۇرۇپ بېرىپ قۇتۇلدى. ئۇنىڭ تاياق زەربىدىن يارىلانغان بەدەنلىرىگە مېھرىبان رەپىقىسى كالا گۆشى تېڭىپ ساقايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قادىرخان كەم سۆز بولۇپ قالدى. ئۇ بەزىدە يىغلاپ كېتەتتى ۋە _ نېمە ئۈچۈن بىز بۇ ئېغىر كۈنلەرگە قېلىشىمىز كېرەك؟.

يەنە ئۇ ئۆز- ئۆزىگە جاۋاپ بېرەتتى:

_ بىز ئۇيغۇرلار ئاق كۆڭۈل خەلق، بىز ئاددى ساددا، ئوچۇق - ئاشكارا،

مېھماندوست خەلق، بىز سەنئەتنى سۆيىدىغان، تىجارەتنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۆز ھاياتىدىن مەمنۇن بولۇپ ياشايدىغان خەلق.
( شۇ نامىلىق كىتاپ 38-39-40 ۋە 41- بەتلەر)

( قوشۇمچە )

خىتايلار مەيلى ماۋ دەۋرىدە بولسۇن، مەيلى جىياڭ دەۋرىدە بولسۇن شۇنداق بىر ئۆزگەرمەس مىللى تەبىئەتكە، مىللى ئەنئەنىگە ئىگە خەلقكى، ئۇلار باشقا مىللەتكە بىرەر زۇلۇمنى راۋا كۆرسە، بۇ زۇلۇم ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ۋە ھاكىمىيەت قاتلىمىنىڭ بۇيرىغى بىلەن ئەمەس بەلكى ئۇلارنىڭ مىللى تەبىئىتى سەۋەپلىكتۇر. خىتايلارنىڭ « ئەۋلىياسى » كۇڭزى مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن ئىكەن:

« سەن بىر كىمنىڭ ئۆينى ئىجارىگە ئالماقچى بولساڭ، دەسلەپكى يىلى ھويلىسىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇر. ئۆي ئىگىسى ئۆز ئۆيىدە خاتىرجەم تۇرسۇن. ئىككىنجى يىلى دالان ئۆينى ئىجارىگە ئال. ئۆي ئىگىسى ئىچكەركى قازناق ئۆيدە ئولتۇرسۇن. ئۈچىنچى يىلى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىجارىگە ئال، ئۆي ئىگىسى ھويلىدا تۇرسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئۇندىن كېيىن بۇ ئۆي - جاي ساڭا تەئەللۇق! (سابىت ئۇيغۇرى ئابدۇراھماننىڭ « خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇزى » ناملىق كىتاۋىدىن) ».

1993 - يىلى جىياڭ زېمىن (دۆلەت رەئىسى بولغاندا شۇ يىلى 12-ئاينىڭ 14- كۈنلىرى) ئېلان قىلغان بىر ئوچۇق باياناتىدا مۇنداق دېگەن:

« غەربى شىمالدىكى مىللەتلەر ئىگىلەپ تۇرغان تۇپراق مەملىكەتنىڭ 1/3(ئۈچتە بىرىگە) تەڭ. ئازسانلىق مىللەتلەرمۇ جۇڭخۇا ئائىلىسىنىڭ بىر قىسمى. شۇڭا ئۇ يەرلەرگە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئېقىپ كېلىۋاتقان خىتايلار قانۇنسىز ئەمەس. ئۇلار كەلگەن بىرىنچى يىلى ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق ئىش تاپىدۇ. ئىككىنچى يىلى ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق ماكان تاپىدۇ. ئۈچىنچى يىلى بولسا ئۇلار يۇرتلىرىغا قايتماي ئەشۇ غەربى شىمالغا يەرلىشىپ قالىدۇ ».

كۇڭزى بىلەن جىياڭنىڭ ئارىسىدا ئىككى مىڭ يىللىق زامان مۇساپىسى بولىشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ يەر ئىگىلەش مەپكۇرەسى بىر تۇتاش. لېكىن كۇڭزى بىلەن جىياڭ زېمىن ھەرگىزمۇ بىر پارتىيەنىڭ ئەزالىرىدىن ئەمەس. ئۇنداقتا ئالتايغا كېلىپ، كىچىك رابىيەلەرگە كەمپۈت بېرىپ، كېيىن

ئۇلارنىڭ ئۆيىنى تارتىۋالغان، ئىتىز - ئېرىقلىرىدا ئىشلەپ بېرىپ، كېيىن ئۇلارنىڭ خەزىنىسىنى تارتىۋالغان خىتاي بىلەن، بۈگۈن ياۋروپادا، ئامېرىكىدا ۋە پۈتۈن غەرپ ئەللىرىدە قاتراپ يۈرگەن ئاتالمىش « دېمۆكراتچى » خىتايلارنىڭ مىللى تۇيغۇلىرى، مىللى ئەنئەنىسى، مىللىي مەپكۇرەسى بىر ئەمەس دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟.

دالاي لاماغا مۇرىت تويلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ مۇقەددەس زىمىنى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان روھىنى، پۈكۈلمەس مىللى ئىرادىسىنى، ئازاتلىققا بولغان ئىشەنچ - ئۈمىدىنى تارتىۋالمىدى _ دەپ كىم كاپالەتلىك بېرەلەيدۇ!

خىتاي بىزگىمۇ كەمپۈت بەرمەكچى بولغاندا، لېكىن بىز بالىلار ئەمەس بەلكى چوڭ ئادەملەر ئىدۇق! ھەتتا مىللەتنى ئازات قىلىدىغان ئەرباپلار ئىدۇق. خىتاينىڭ يامان غەرىزىنى بىلگىنىمىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كەمپۈتلىرىنى رەت قىلىپ، ياۋروپادا بولسىمۇ پاكىز بىر مىللى ئىرادە تىكلەپ چىقىشقا بەل باغلىغان ئىدۇق. ئەپسۇس، يولىمىز قايتا توسۇلۇپ، قۇرۇپ چىقىشقا ئازلا قالغان مىللى بارگاھ « ئۆز كىشىلىرىمىز » نىڭ قولى بىلەن پاچاقلاندى. بۇ ئاتالمىش « ماناس دەرياسى بويىدا قايتا توختاپ قېلىش » بولۇپ، بىر قانچە يىللىق مۇساپە بىزدىن يىراقلاپ كەتتى. ئەگەر بىز مۇشۇ سۆلتىمىز بىلەن خىتاي بەرگەن كەمپۈتنى يالاپ يۈرسەك، 16 ياشلىق قىزلىرىمىزنىلا ئەمەس، تۇمۇرىمىزدىكى قېنىمىزنىمۇ « ئىچكىرىدىكى كېسەللەرگە قان ياردىمى » دەپ شوراپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك « 16 ياشلىق قىزلىرىمىزنى ئېلىپ كەتتى يەي » _ دەپ ئاقسارايدا دوكلات بېرىشنىڭ ئورنىغا « تۇمۇرىمىزدىكى قاننى شوراپ كەتتى يەي » دەيدىغان ھالغا كېلىمىز. مانا بۇ « ماناس دەرياسى بويىدا توختاپ قېلىش » نىڭ مىللىتىمىزگە بولىدىغان زىيانلىرى!

بىز ھازىرغىچە ئاتالمىش « ماناس دەرياسى بويىدا » 3 قېتىم توختاپ قالدۇق. ئاخىرقى قېتىم 4 يىل توختىدۇق! بىز ماناستا ئەمەس، ياۋروپادا، ئەركىن دۇنيادا توختىغان ئىدۇق. لېكىن بۇ دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئاران سېلىنغان كۆۋرۈكنى بۇزۇشقا ئىنتىلىۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس! بۇ بىر تارىخ. بۇ تارىخنى يېزىش، تەتقىق قىلىش، يەكۈنلەپ چىقىپ يولىمىزنى ئېچىش ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ ئۇيغۇرلۇق مەجبۇرىيىتى دەپ قارايمەن.

8

1957 - ئەتىياز پەسلى ماۋ بارلىق زىيالىلار ۋە پىكىر ئەھلىلىرىنى كوممۇنىستىك پارتىيە ئۇستىدىن مۇنازىرە قىلىشقا چاقىردى. ھەركىم ئۆز ئىدىيىسىدىكىنى قورقماستىن ئوچۇق - ئاشكارە سۆزلىشى كېرەكلىكى تەلەپ قىلىندى. مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ بۇ خىل مۆتىدىللىشىپ قالغىنىدىن ھەممە كىشى مەمنۇن بولماقتا. لېكىن مەسىلىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى « يىلاننى ئۇۋىسىدىن چىقىرىش » تاكتىكىسى ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوچۇق - ئاشكارە كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغانلارغا « دۆلەتنىڭ دۈشمىنى » دېگەن قالپاق كەيدۈرۈلدى. ستۇدېنتلار، مۇتەخەسسىسلار، بىلىم ئەھلىلىرى، سەنئەتكارلار - ئىشقىلىپ ئاق- قارىنى پەرق ئېتەلىگۈدەك ھەممىلا ئادەم « ئوڭچىل ئۇنسۇر » بولۇپ قالدى. ئۆزى مۇستەقىل تەپەككۇر قىلالىغۇدەك ھەربىر ئادەم بىر كېچىمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان ھالغا كەلدى. ھە دېسىلا « ۋەتەن خائىنى، دۆلەتنىڭ دۈشمىنى » دېگەن قالپاق كەيدۈرۈلەتتى. ھەممىلا ئادەم بىر خىل ئويلاش، بىر خىل تەپەككۇر قىلىش، بىر خىل سۆزلەش كېرەك ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا « ۋەتەننى پارچىلاشقا ئورۇندى » دېگەن تەھدىتكە يولۇقاتتى. مەكتەپتىمۇ ماۋ نىڭ ئۇزۇندىلىرى دەرسلىك قىلىناتتى.

رابىيەنىڭ ھەدىلىرى ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە « مەكتەپتىكى گەپلەر مۇھىم ئەمەس بەلكى ئاتا - ئانىمىزنىڭ بىزگە چۈشەندۈرگەنلىرى توغرا، بىز ئاتا - ئانىمىزنىڭ سۆزىنى قۇلاقتا تۇتىشىمىز لازىم » دەپ ئۇنىڭغا چۈشەنچ بېرەتتى. شۇڭا ئۇ دائىم دېگۈدەك سىياسى مەسىلىلەرگە قىزىقاتتى. مەكتەپتە دەرستىن بۇرۇن مۇئەللىمە خانىمغا سۇئال قويۇپ، « زادى خۇدا بارمۇ يوقمۇ؟ » دەپ ئۇنى پاراكەندە قىلاتتى. ئۇ دوستى رەھىمە بىلەن پىكىرلىشىپ، مۇئەللىمە خانىمغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشنى كېلىشىپ قوياتتى - دە، كېيىنكى كۈنى بولسا سىنىپتىكى 39 نەپەر ساۋاقدېشىنىڭ ئالدىدا قول كۆتۈرۈپ:

« مۇئەللىم سىز ئۆتكەنكى دەرستە - خۇدا يوق، ئىنسانلارنى خۇدا ياراتمىغان، بەلكى ئىنسانلار مايمۇندىن ئۆزگىرىپ مۇشۇنداق ھالغا كەلگەن، - دېگەن ئىدىڭىز. بۇ توغرىمۇ؟ بىزگە چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟ ئۇ مايمۇنلار قەيەردىن كەلگەن؟ »_ دەپ ئوقۇتقۇچى خانىمنىڭ ئالدىنى توساتتى. لېكىن ئۇ جەسۇر ھالدا يەنە ئۆزى جاۋاپ بېرەتتى:

« مەن دۇنياغا يارىتىلغاندىن بېرى كالىنى، قوينى ۋە باشقىمۇ ھايۋانلارنى

كۆردۈم، ئەگەر كوممۇنىستلار خۇدادىن غالىپ بولسا، نېمىشكە بىرەر ھايۋاننى يارىتىپ باقمايدۇ؟ ».

ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭ سۇئاللىرىغا جاۋاپ بەرمەستىن بەلكى ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلاتتى ۋە « سەن ياخشى ئوقۇغۇچى ئەمەس، سەن ئەڭ ئەسكى! مەن سېنىڭ داداڭ بىلەن سۆزلىشىمەن » دەپلا گەپنى تۈگىتەتتى. كېيىن مۇئەللىمە خانىم ئۇنىڭ دادىسى بىلەنمۇ بىر قانچە قېتىم سۆھبەتلىشىپ، ئەگەر ئۇ بالىلىرىغا ئەشۇنداق تەربىيەنى بېرىشتىن توختىمىسا، يامان كۈنگە قالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ئىدى. چۈنكى رابىيە سىنىپتا دەرس ئارىسىدا ئىپارخانلاردەك ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىنىڭ تەرىپىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى.

شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ چوڭ ھەدىسى زۆھرە، ئاكىسى جۇماك ئۇرۇمچىگە ئالى مەكتەپكە، كىچىك ھەدىسى ھەجەر ئالتاي تىببى مەكتىۋىگە ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئائىلە شاتلىققا چۆمۈلگەن، ئاتا - ئانىلىرى ئەقىللىق پەرزەنتلىرىدىن پەخىرلىنىپ قايغۇلىرىمۇ خېلە كۆتىرىلىپ قالغاندەك، ئائىلە ئىچى ھوزۇرغا چۆمۈلگەن ئىدى. قادىرخانمۇ يەنە ھاياجانلىنىپ، تارىختىكى قەھرىمانلار ھەققىدە سۆزلەيدىغان بولدى. ئۇ پەرزەنتلىرىگە ئىپارخاننىڭ ھېكايە-يىسىنى سۆزلەپ بەرگىنىدە، « ئۇ بىزنىڭ قەھرىمانىمىز! ئۇ بىزنىڭ ئۆلگىمىز! » دەپ غۇرۇرلىناتتى.

ئوقۇتقۇچىلار دەرستە پەقەتلا خىتاي قەھرىمانلىرىنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ، ئۇيغۇر قەھرىمانلىرىنى « باندىتلار » دەپ ئەيىپلىگەنلىرىدە، رابىيە مىللى قەھرىمانلار توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىنى يۈرەكلىك سۆزلەيتتى. ھەم ئۆزىدە شۇنداق بىر « قەھرىمانلىق » روھىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى سېزەتتى.

1957 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ماۋ كوممۇنىستىك دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن « سوۋېت جاھانگىرلىكى سوتسىيالىزىمدىن يۈز ئۆردى » دەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن يىراقلاشتى. غەرپ ئەللىرى بولسا خىتاي كوممۇنىستىك دۆلىتىنى تېخى ئېتىراپ قىلمىغان ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپلەردە « ئۇلۇغ داھى ماۋ قۇشقاچنى دۆلەتنىڭ دۈشمىنى دەپ جاكارلىدى » دەپ، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قۇشقاچقا قارشى كۈرەش قىلىشى كېرەكلىكى ئۇختۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەكتەپ بالىلىرى قۇشقاچ، دالا چاشقىنى (تورقا چاشقان)، پاشا، چىۋىن قاتارلىق « 4 زىيانداشقا قارشى كۈرەش قىلىش » نى باشلىۋەتتى. ھەربىر ئوقۇغۇچى كۈنىگە 10 جۈپ قۇشقاچ پۇتىنى مەكتەپكە ئەكىلىشى كېرەك. ھەربىر ئوقۇغۇچى

كۇنگە 15 دانە چىشىن ئۆلتۈرۈشى ۋە ئۇنى شىشە قۇتىغا سېلىپ مەكتەپكە ئەكىلىشى كېرەك. كېيىنچە قۇشقاچلارنى ئۆلتۈرۈپ تۇگەتكەندىن كېيىن قاغا، پاختەكلەرنىمۇ رەگەتكە بىلەن سوقۇپ يوقىتىش باشلاندى. بۇ ھەرىكەت جەمئىيەتتىمۇ ئومۇملاشقان ئىدى. كىمدە كىم بۇ قىلىقنى قوشۇلمايدىكەن، ئۇ ئىجرا قىلىنىۋتقان سىياسەتكە، دۆلەتنىڭ توپ سىياسىتىگە قارشى چىققان دۈشمەن بولۇپ قالپاق كىيەتتى.

كادىرلار نېمە قىل دېسە، چوڭ - كىچىك ھەممىلا ئادەم سۇئال -سوراقسىز شۇنى قىلاتتى. ھېچكىم ھېچ نەرسە دېيەلمەيتتى. كىشىلەر ياكى ئەقلىدىن پۇتۇنلەي ئازغان ساراڭنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ياكى ئەڭ دەھشەت قورقۇنچ ئىچىدە شۇنداق قىلاتتى.

شۇنداق كۈنلەردە خىتاي ئەسكەرلىرى بارلىق كىشىلەر قاتارىدا قادىرخاننىڭمۇ قوي، كالا، ئۆچكىلىرىنى مۇسادىرە قىلدى. ئۆيگە مېھمان كېلىشى، كىشىلەرنىڭ ئۆز - ئارا جەم بولىشى چەكلەندى. يەنە ئائىلە ئىچىدە غەم - غۇسسە ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. قادىرخاننىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ باللىرىغا ئەمدى ئاۋالقىدەك ھاياجانلىق ھېكايىلەرنى، قەھرىمانلارنىڭ ئۆتمۇشلىرىنى سۆزلەپ بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئىشتىن كەلگىنىدە چاپان - چارىلىرىنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگىلا تاشلىۋېتىپ ئۆزىنىمۇ بىر ياققا ئاتاتتى. باللىرى ئۇنىڭ نېمىگە خاپا بولغانلىقىنى سورىغىنىدا « مېنى تىنچ قويۇش! ئارامىمنى بۇزۇشما! » دەپ كايىپ قالاتتى. ھەجەر، رابىيە، ئارزۇگۇل، مەمەتلەر ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىشىۋالاتتى ۋە « ئۇ نېمىشكە بۇرۇنقىدەك ھېكايىلارنى سۆزلەپ بەرمەيدۇ؟ نېمىشكە ئاپىمىزغا قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ؟ نېمىشكە.... نېمىشكە...» دېيىشىپ تۇرىۋالاتتى.

(شۇ نامىلىق كىتاپ 42 . 43. 45 ۋە 48.47. بەتلەر)

( قوشۇمچە )

دېمەك، ئەينى ۋاقىتتا خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش يولىدا، مىللىتىمىزگە شۇ قەدەر زوراۋانلىق قىلغان ئىدىكى، مەيلى مەكتەپتىكى ئۆسمۈر باللار بولسۇن، مەيلى جەمئىيەتتىكى چوڭلار بولسۇن، ئۇلارنى ئارامىدا قويماي، ئۆزلىرىنىڭ مىللى مەسلىلىرىنى ئويلىغۇدەك ئاراملىق ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا كىشىلىك ھاياتىنىمۇ

ئويلىغۇدەك ئىمكان بەرمىگەن ئىدى.

خىتاي دۆلىتىنى ياپۇنلۇقتىن قۇتقازغان، دۇنيا سىياسىتىگە مەلۇم دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن ماۋ دەك بىر سىياسونىنىڭ پاشا تۇتۇشنى، چىۋىن ئۆلتۈرۈشنى، قۇشقاچ ئۆلتۈرۈشنى دۆلەتنىڭ توپ سىياسىتى قىلىپ ئىجرا قىلدۇرىشى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئالجىپ قالغانلىقىدىن ئەمەس. بەلكى بۇ ئىجرائاتلار خىتاي مىللىتىنىڭ تىپىك مىللى خارەكتىرىنىڭ نامايەندىسى ئىدى. چۈنكى ئەگەر شۇ دەۋردە ئەشۇنداق « بىئارام قىلىش » سىياسىتىنى يۈرگۈزمىگەن بولسا، خىتاي كوممۇنىستىك ھۆكۈمىتىنى خەلقئارادا قانۇنىي ھالدا خىتاي دۆلىتىنىڭ ۋەكىلى دەپ ئېتىراپ قىلىنىغىچە، ئېخى قولىدا قورال تۇتۇپ تۇرىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتى خىتاينىڭ مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كەتكەن بولاتتى.

بۈگۈن خىتاي ھۆكۈمرانلىرى بىزنى بىئارام قىلىپ، 18 ياشلىق قىزلىرىمىزنى ئىچكىرىگە يۆتكەپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن لازىم بولۇپ قالغان ئەمگەك كۈچى، ياكى خىتاي پاھىشەخانىلىرىغا لازىم بولۇپ قالغان « گۈزەل قىزلار » سەۋەپلىك ئەمەس. بەلكى ئەينى ۋاقىتتا چاشقان، قۇشقاچ، پاشا، چىۋىنلەرنى ئۆلتۈرمىگەن كىشىلەرنى دۆلەتنىڭ توپ سىياسىتىگە قارشى تۇرغان ئۇنسۇر_ دەپ بىئارام قىلغىنىدەك، بۈگۈن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنى بىئارام قىلىش، قىلىدىغان ئىشىنى تاپالماي، تەمتىرەپ يۈرىدىغان قىلىش، ۋىجدانلىق ئوغلانلىرىمىزنى سەكرىتىپ چىقىرىپ ئومۇمى قىرغىن قىلىش، چەتئەلدىكى مەركىزى ئورگانلىرىمىزنىڭ خەلقئارا دەۋادا « قىزلىرىمىزنى خىتاي يۆتكەپ كېتىۋاتىدۇ، خىتايغا گەپ قىلساڭلار » دېگۈزۈپ، دەۋانىڭ تەرەققىياتىنى چېكىندۈرۈش، ۋەتەنىنىڭ ئازاتلىقىنى تەلەپ قىلىدىغان مۇھىم سۆھبەت ئۈستىلىدە قىزلارنىڭ دەۋاسىنى قىلىپ، مەقسەتتىن ئاداشتۇرۇش قاتارلىق ناھايىتى نۇرغۇن پىسخىكىلىق بىئارام قىلىشنى مەقسەت قىلماقتا. ئەگەر بىز ھالقىلىق مەسىلىدىن چەتنەپ، خىتاي نىيىتىنى ئىجرا قىلسا، دەۋادا شۇنى سۆزلەپ يۈرىدىغان بولساق، يېقىنقى كەلگۈسىدە خەلقئارالىق ئۈستەلدە « خىتاي قىزلىرىمىزنى يۆتكەپ كېتىپ، ئوغۇللىرىمىزغا خوتۇن قالمىدى، خوتۇن ياردەم قىلساڭلار » دەيدىغان كۈننى كۈتىمىز. چۈنكى بەش يىل ئاۋال « خىتاي بىزنىڭ ئۇنىۋېرستېتلىرىمىزدا ئۇيغۇر تىلىنى چەكلىدى »_ دەپ دەۋا قىلغان ئىدۇق. خىتاي بۈگۈن يېڭى بىئارام قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىپ

چىقىپ، قىزلىرىمىزنى خۇددى يىگىرمە يىل ئاۋال ئىشەكلىرىمىزنى يۆتكەپ كەتكىنىدەك يۆتكەپ ماڭدى. بىز خىتاينىڭ ئارقىسىدىن ئىز قوغلاپ يۈرمەستىن، تۈپ مەسىلىنى - يەنى شەرقى تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىل بولمىسا بولمايدىغان بىر تۈپراق ئىكەنلىكىنى ئىزچىل تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك.

9

ئايلاردىن بىرى قادىرخانلارنىڭ مەھەللىسىدە خاتىرجەمسىزلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە. يەنە شۇ « جەنۇپقا سۈرگۈن قىلىش » ۋەھىمىسى. بۈگۈن بىر تام خوشنا تارىم دەشتىگە - ئۆلۈم چۆللىگى دەپ نامى چىققان ئەشۇ دەھشەتلىك قۇم بارخانلىرىغا سۈرگۈن قىلىنسا، ئەتىسى يەنە بىر خوشنىنىڭ خەۋىرى. رابىيەلەرنىڭ مەكتىۋىدىنمۇ ئارقا-ئارقىدىن بىرقانچە ساۋاقداش ئاتا - ئانىسى بىلەن جەنۇپقا سۈرگۈن قىلىندى. ھەتتا بىر ئايال ئوقۇتقۇچىمۇ كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۇلار بىلەن قايتا كۆرۈشۈش ھېچقاچان مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار مەڭگۈلۈك كەتكەن ئىدى. شۇنچىلىك تىزلا سىنىپتا بىر قانچە پارتا بوش قالغان ئىدى. بۇ - 1958- يىلىدىن باشلانغان سۈرگۈن قىلىشنى كىشىلەر « تۆۋەنگە چۈشۈش » دەپ ئاتىشاتتى. شەھەردە قالغان كىشىلەر راستىنلا « يوقۇرىدا قالغۇچى » بولاتتى. بۇنىڭ سەۋەۋىنى بىلىش ئۈچۈن رابىيە ئوقۇتقۇچىسىدىن قورقۇنچ ئىلكىدە سورايتتى:

نېمىشكە بۇ كوممۇنىستلار بىزنىڭ دوستلىرىمىزنىڭ ئائىلىسىنى خانىۋەيران قىلىدۇ؟ - ئۇ بۇرۇنقىدەك جۈرئەتلىك ئەمەس، ئەكسىچە ئېھتىياتچان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ سۇئالىغا مۇئەللىمە شۇنچىلىك ئاددىيلا جاۋاپ بېرەتتى:

بۇ پارتىيەنىڭ قانۇنى .

بۇ ھەقتە ئاۋالقىدەك تالاش - تارتىش قىلىشقا، قارشى پىكىر قىلىشقا بولمايتتى. ھەر قېتىم مەكتەپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ بىرەرسى يۈرتتىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغىنىدا، ھەممە ساۋاقداشلار قايغۇرۇپ يىغلىشاتتى. باللار مەكتەپتىمۇ، ھەتتا ئۆيدە تاماق ئۈستىدىمۇ ھەر كۈنى شۇنداق، بىر كىملەرنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى ياكى سۈرگۈن قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى قورقۇنچلۇق خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتى.

مۇشۇ يىلى يازلىق تەتىلدە رابىيەنىڭ ئۆرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان چوڭ ھەدىسى زۆھرە كەلدى. ئۇ بۇ قېتىم ئالتايغا ئەڭ ئاخىرقى زىيارىتى ئۈچۈن كەلگەن . چۈنكى ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ بارغىنىدا، جەنۇپقا يەنى ئاقسۇغا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئۈرۈمچىدىن سۈرگۈن قىلىناتتى. بۇ دۆلەتنىڭ قانۇنى بولۇپ، شىماللىقلارنى جەنۇپقا، جەنۇپلۇقلارنى شىمالغا مەجبۇرى بەلگىلىمەكتە . قادىرخانىنىڭ ئائىلىسى راستىنلا پۈكۈلگەندەك قىلاتتى. ئۇلار ئەمدى بۇ سۆيۈملۈك قىزىنى مەڭگۇ كۆرەلمەيتتى! ئۇلار ئەمدى سۆيۈملۈك ھەدىسىنى مەڭگۇ كۆرەلمەيتتى! بۇ شۇنداق بىر دەھشەت ئىدى. ئۇنىڭغا قارشى ھېچكىمنىڭ ئۈن چىقىرىشقا قۇربى يەتمەيتتى.

1959 _ يىلى پۈتۈن ئالتاي خەلقى باش كۆتەردى. ئۇلار « خىتايلار ۋەتىنىمىزدىن چىقىپ كەتسۇن! » دېگەن تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ، خەلقنى قوزغىماقتا. بىر كۇنى رابىيە ئەتتىگەندە مەكتەپكە كېتىۋېتىپ، يېقىنلا يەردە كۆتۈرۈلگەن چۇقانلارنى ئاڭلاپ شۇ ياققا چاپتى. تەخمىنەن ئىككى يۈزدەك ئۇيغۇر، قازاقتىن يىغىلغان خەلق توپى. ئۇلار ھۆكۈمەت بىناسىغا قاراپ ماڭغان ئىكەن. رابىيەمۇ مەكتەپنى قويۇپ، بۇ قوزغىلاڭچى، بۇ ئىسيان كۆتەرگۈچى توپقا قېتىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئانىسى ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئىزدەپ مىڭبىر مۇشەققەتتە تېپىۋالدى. دەل شۇ چاغدا قورال‌لانغان خىتاي ئەسكەرلىرىمۇ توپنىڭ ئۈستىدىن قورشاۋ قىلغان ئىدى. رابىيەنىڭ ئانىسى ئۇنى يېتىلەپ توپنىڭ ئىچىدىن ئېلىپ كېتىۋاتقىنىدا، خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قارشىلىقىغا يولۇقۇپ، رابىيە يېنىك يارىلاندى. بۇ دېھقان قوزغىلاڭچىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ باغلاپ، تۇتقۇن قىلىش خىتاي ئەسكەرلىرىگە ئانچە قىيىن ئىش ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئەشۇ قوزغالغان كىشىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى جەنۇپتىكى داڭقى چىققان جازا لاگىرلىرىغا ئېلىپ كېتىلدى.

ئايرىلىش، سۈرگۈن قىلىنىش دېگەن بۇ ۋەھىمىلىك سۆز قادىرخانلارنىڭ كىچىككىنە مەھەللىسىدە يامراپ يۈرەتتى. ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن بۇ مەھەللىدىن ئاز دېگەندە ئون ئائىلىلىك غايىپ بولغان ئىدى. بۇ ئىجرائاتلارغا قارشى چىققان كىشى ئاز دېگەندە ئونبەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىناتتى. بۇ مەھەللىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر تاغنى كىشىلەر « چاڭ قان » دەپ ئاتايدىغان بولۇشتى. ئىسيان قىلغۇچىلارنى بۇ تاغدا خىتاي ئەسكەرلىرى ئۆلتۈرەتتى. چاڭ قان دېمەك « قانخور خىتاي » دېمەك بولۇپ،

خىتايلار بۇ تاغنى ئۇيغۇرلارنىڭ قېنى بىلەن بويىۋەتكەن . بۇ قان تۆكۈش ماۋنىڭ ئىددىيەسى بولۇپ ئۇ « ئۆلۈكلەر يەرگە پايدىلىق » دەپ ئوچۇق ئېلان قىلغان ئىدى.

يەنە شۇ يىلى ماۋ نىڭ يولىيۇرغى بويىچە « ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خىتاينى ئەڭ تەرەققى تاپقان يېڭى جۇڭگوۋ قىلىپ قۇرۇپ چىقىش » سىياسىتى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. پۈتۈن خەلق _ يېزا، شەھەر، سانائەت، دېھقان ھەممە ساھە، ھەممە كوللىكتىپ قىلىنىۋاتقان ئىشلىرىنى قويۇپ، بىردەك « پولات تاۋلاش كېرەك! » چاقىرىقى ھۆكۈم سۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئاز كۈندىلا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئاچارچىلىق يۈزبەردى.

« كىچىك باللار چوڭلارنىڭ، ئومۇمى جەمئىيەتنىڭ كۆپىيەسى ». ئاچارچىلىق دەستىدىن كىچىك باللارمۇ ئاچكۆز بولۇپ كېتىشتى. ئاشلىق يۆتكەپ ماڭغان بىڭتۇەنلىك خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ ماشىنا، تىراكتۇرلىرىدىن چېچىلىپ، چۈشۈپ قالغان دانلارنى قوللىرىدا خالتا كۆتۈرۈپ، يۈگۈرۈپ يۈرگەن كىچىك، سەبى، مەسۇم باللار تېرەتتى. ئۇلار ھەر ئاخشىمى ئەل ياتقۇدا ئۆيلىرىگە يېرىم خالتىچە دان ئېلىپ كىرىشەتتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا رابىيەمۇ بار ئىدى. قادىرخانلارنىڭ كۆكتاتلىق يېرىدىن چىققان كۆممە چامغۇرلار بىلەن بۇ دانلار ئائىلىگە يەنە توقلۇق بېغىشلايتتى. بۇ ئائىلە ئۆزلىرىدىن ئېشىپ، ئاچ قېلىۋاتقان، دان تىرىشكە قۇربى يەتمىگەن، باشقا يەيدىغان ھېچ نەرسىسى يوق خوشنىلارنىمۇ تەمىن ئېتەتتى. خوشنىلار، بىر كەمجەن ئۇن بېرىپ تۇرۇڭلارچۇ، ئىككى قوشۇق سۇ مېيى بېرىپ تۇرۇڭلارچۇ_ دەپ، يېلىنىپ بۇ ئائىلىنىڭ ئىشىگىنى قاققان چاغلاردا تېخى رابىيەلەر ئاچلىقنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى!.

( شۇ نامىلىق كىتاپ . 50 .51. 52 ۋە 53. بەتلەر)

( قوشۇمچە )

مۇستەبىت خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى ئۈستىدىن يۈرگۈزمىگەن جازاسى قالمىدى. بىز تارىخنى ۋاراقلىقىنىمىزدا ۋە ئۆزىمىز ياشاپ ئۆتكەن ئەشۇ دەھشەتلىك زۇلۇملارنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئىچىمىزدىن بىر ئۆكۈنۈش ساداسى ئىسيان قىلىدۇ. ئەمما نېمىشكىدۇر بۇ ئۆز ئىچىمىزدىن ئىسيان قىلىپ كۆتىرىلىۋاتقان سادانى ئۆزىمىز بېسىپ جىمىقتۇرۇپ كېتىۋېرىمىز.

ئەسلىدە خىتاينىڭ بىزگە سالغان زۇلۇملىرىنىڭ ھەر بىر تۈرى بىلەن ئېيتقاندىمۇ ئىنسانىيەتكە يۈزگۈزۈش تەسەۋۋۇرغا سىغمىغۇدەك دەھشەتلەردۇر.

ئادەم بالىسىنىڭ ھاياتى روھ بىلەن تەننىڭ بىرىكىشىدۇر. تەننىڭ خىزمىتى ھاياتلىقنى ماددى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەش، روھنىڭ خىزمىتى ھاياتلىقنى مەنىۋىيات بىلەن بېزەشتۇر. ئىنسان بالىسىدا روھ ئاجىزلىسا، ئۇنىڭدىكى مەنىۋىياتلار يوقۇلۇشقا يۈزلىنىدۇ. روھنىڭ ئاجىزلىشىشى ياكى كۈچلىنىشى ئەينى ۋاقىتتا روھى جەھەتتىكى ئوزۇقلۇقتىن تاشقىرى تەننىڭ راھەتلىنىشى، ياكى جازالىنىشى بىلەنمۇ قويۇق ئالاقىداردۇر. شۇ نوقتىدىن قارىغاندىمۇ خىتاي مۇستەبىتلىرىنىڭ بىزگە سالغان زۇلۇملىرى ئىچىدىكى ـ

1- ھەم تەن جازاسى ـ جىسمانى جەھەتتىن قىيناش، ئۇرۇپ ئازاپلاش، يارىلاندۇرۇش، ھەر تۈرلۈك تەن جازاسى ئىجرا قىلىش.

2. ھەم روھى جازا_ قورقۇتۇش، ئاچ قويۇش، تەھدىت سېلىش، خانىۋەيران قىلىۋېتىش، بىر ئائىلە كىشىلىرىنى ھەر تەرەپكە پالاپ، بەختىسىز قىلىۋېتىش قاتارلىق قوش جازالار، ئۇيغۇر مىللىتىنى ئۇزۇنغا سوزۇلغان « روھىيىتى ئاجىزلىشىش » باسقۇچىغا ئېلىپ كەلدى.

بىر ئادەمنى قاتتىق ئۇرۇپ، ئۆلۈم ھالىتىگە كەلتۈرگەندە، ئۇ ئۆلمەي قايتا ساقىيىپ، تاياق زەربىسىدىن ئىزنا قالمىسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ روھىدىكى تەن ئازقىلىق بېرىلگەن تاياق زەربىسى ئۇ ئادەمنى مەڭگۈلۈك قورقۇنچاق قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭدەك ئەڭ قاتتىق ئاچ قويۇشمۇ ئادەمنىڭ روھىنى زەئىپلىتىپ، جۈرئەتسىز، قورقۇنچاق، دىتسىز قىلىپ قويىدۇ. خىتاي بىزنى ھەم تەن جازاسى بىلەن، ھەم روھ جازاسى بىلەن جازالاندۇرۇپ، بۈگۈنكىدەك دېلىغۇل، قورقۇنچاق، يول تاپالماس ھالەتكە كەلتۈردى.

1980 - يىلىدىن كېيىن تۇغۇلغان بالىلاردا ئاچلىق قورقۇنچىسى، ئاچلىقتىن روھىغا ئورناپ قالغان دېلىغۇللۇق مەۋجۇت ئەمەس ـ دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن روھى تەسىرلەر ئاتا - ئانىدىن ئەۋلاتقا « يۇقۇم » بولۇپ كۆچىدۇ. شۇڭا ھازىرقى مەۋجۇت ئۇيغۇرلاردا يۇقۇملانغان « روھى ئاجىزلىق » ناھايىتى كۈچلۈك دېيىشكە بولىدۇ. بۇ بىر مىللى پاجىئە بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئىنسانىي خىسلەتنى، ئىنسانى تۇيغۇنى ئۇجۇقتۇرغان بىر ياۋۇز ھەرىكەتتۇر. خىتاي مىللىتى ئىنسانلىق جەھەتتىن مۇنقەرز بولغان، ئۆزلىرىنى ئىنسان قاتارىدا تونۇشى ئۈچۈن گۇناھىنى تونۇپ، خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشكە مەجبۇر بىر ئاسىي مىللەتتۇر. مۇشۇنداق بىر جاۋاپكار مىللەتتىن

يارده‌مچى تېپىۋېلىش، ئۇلار بىلەن دوستلىشىپ قېلىش، سىياسى سەپتە ئۇلارنى ئىتقاپلاپ، پەدازلاپ، ئاۋام خەلقىمىزگە « شەپقەتچى » قىلىپ كۆرسۈتۈش مىللى تۇيغۇغا قىلىنغان خائىنلىقتۇر!.

## 10

1961- يىلى ئىيۇن ئايلىرى ئىدى. قادىرخان ئائىلىسىگىمۇ « ئائىلىۋى پارچىلىنىش ــ سۈرگۈن بولۇش » بۇيرىغى كەلدى. يول تەييارلىقى قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت بەرگەن تۆت ھەپتىلىك سۈرۈك ئاخىرلاشقان ئىدى. قادىرخان ئائىلە ئەزالىرىنى ئاشخانا ئۆيگە توپلاپ ۋەسىيەت قىلماقتا:

ــ بىز ھەرگىزمۇ نورماللىقىمىزنى يوقاتماسلىقىمىز كېرەك، قايغۇرۇپ ئۆزىمىزنى پاراكەندە قىلماسلىقىمىز كېرەك!.

لېكىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆڭى ئۆچكەن، يۈزلىرى تاتىرىپ، بەئەينى تامدەكلا بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ ياناقلىرى پولتىيىپ چىقىپلا قالغان ئىدى. ئۇ ئاخىرقى كۈنگىچە ئامال ئىزدىگەن بولسىمۇ، بۇ پاجىئەدىن قۇتۇلۇشقا ئىمكان تاپالمىغان ئىدى. شۇئان ئۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئايرىلىش سائەتلىرىنى كۈتەتتى. ئۇ كوممۇنىستلارنىڭ بايلىقنى مۇسادىرە قىلىش ھەرىكىتىدىن كۆمۈكتە ساقلاپ قالغان بىر يېرىم كىلو ئالتۇندىن، بارماق چوڭلىقىدا ئوتتۇز دانە ئالتۇن پارچىسىنى رەپىقىسىگە تاپشۇردى ۋە رابىيەگە ئالتۇنىنىڭ سۈپىتىنى قانداق تەكشۇرۇش كېرەكلىگىنى كۆرسەتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار يول تەييارلىقىنى جىددى تۇتماقتا. بارلىق يول خىراجىتى، ماشىنا كىراسى قاتارلىق ئىشلارنى ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. رابىيەنىڭ ئانىسى يوتقان - كورپە، كىيىم - كېچەك قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلىماقتا. رابىيەمۇ ئۆزى قىلالىغۇدەك ئىشلار بىلەن مەشغۇل. چوڭ - كىچىك بولۇپ ئون خالتا ۋە ئىككى تاغار يېمەكلىك، بىر خالتا تالقان، بىر تاغار قۇرۇتقان نان، بىر قانچە كورا گۆش قورىمىسى، سېرىق ماي قاتارلىق يول ئوزۇقلۇغى ۋە سۈرگۈندىكى مەنزىلدە جان ساقلاش مەبلىقى تەييارلاندى.

ئۇلار لازىملىق كىيىم - كېچەكلەرنى قاچىلاپ بولغاندىن كېيىن، قالغان نۇرغۇن كىيىملەرنى مەھەللىدىكى كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىۋەتتى. ئايىغى ئۈزۈلمەي خوشلىشىش ئۈچۈن كېلىۋاتقان يۇرت ئەھلىگە:

ــ بىز يېرىم يىل ئىچىدىلا قايتىپ كېلىمىز ــ دەيتتى رابىيەنىڭ ئانىسى

جەزىم قىلىپ. ئەمما قادىرخان ئالتايدا قالاتتى. شۇڭا ئۇ ــ مەن بۇ ئۆيدىن ھېچ يەرگە كەتمەيمەن، ئەگەر ئۇلار مېنى ئۆلتۈرگەن ھالەتتىمۇ مۇشۇ ئۆيدە ئۆلىمەن، ناۋادا قايتىپ كېلەلىسەڭلار بۇ ئۆيدە بىرگە ھايات كەچۈرىمىز ــ دەيتتى ئۆكۈنۈش ئىلكىدە. ئۇ رەپىقىسى بىلەن ئۇزۇن مۇڭداشتى ــ جەنۇپقا بارغاندىن كېيىن قانداق قىلىش، بالىلارغا قانداق قاراش، ئىشقىلىپ جانىنى قانداق ساقلاپ قېلىش ھەققىدە ئۇزۇن - ئۇزۇن سۆزلەيتتى. ئۇ ئۇزۇن قالماي ئائىلىسىنى جەنۇپتىن چوقۇم يۆتكەپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە قىلاتتى. ھەجەر قادىرخان بىلەن بىرگە ئالتايدا قالىدىغان بولدى. چۈنكى ئۇ ئالتاي تىببى مەكتەپتە ئوقۇغۇچى بولغىنى ئۈنىڭ ئالتاي گىراژدانى بولىشىغا سەۋەپ بولغان ئىدى. ھەجەر ئايرىلىش كۈنلىرى يېقىنشىلىپ كېلىۋاتقان بىر كېچىسى رابىيە بىلەن مۇڭدىشىپ تاڭ ئاتقۇزدى . ئۇ ئۆزى « قان تامچىلاپ تۇرغان يۈرەك » نىڭ نۇسخىسىنى چۈشۈرۈپ كەشتىلىگەن « يادىكار » يالدامىسى قول ياغلىق بىلەن، كەشتىلىگەن بىر جۈپ پەلەينى رابىيەگە يوللۇق تۇتتى ھەمدە رابىيەدىن قەسەم بىلەن ئۆز ھاياتىدا ھەرگىزمۇ كوممۇنىست پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ قالماسلىقى ھەققىدە ۋەدە ئالدى. ئۇ تەكرار - تەكرار دەيتتى:

ــ جېنىم سىڭلىم، بىزنىڭ بۇ ئايرىلىشىمىزغا كوممۇنىستلار سەۋەپچى، كوممۇنىستلار ھەرقاچان جاۋاپكار .

لېكىن ھەدە ـ سىڭىللار ئاۋالقىدەك بۇنداق تېمىلار ئۈستىدە ئۇنلۇك پاراڭلىشالمايتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ دادىسى بىلىپ قالسا خاپا بولاتتى. ئۇلار پەس ئاۋازدا كۇسۇرلىشىپ تاڭ ئاتقۇزدى.

يولغا چىقىش كۈنى ئەتىگەندە تۇرغان رابىيە خوشنا بالىلارنىڭ دەرۋازىسىنى بىر - بىرلەپ قېقىپ چىقتى. ئۇ بۇرۇن دوستلىرى بىلەن بىرگە ئوينىغان ھەر بىر يەرلەرگىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ، يەرگە تاشلىناتتى ۋە بۇ سۆيۈملۈك تۇپراقنى يۇمران قوللىرى بىلەن سىلايتتى. ئۇ بىردە مەكتەپكە يۈگۈرەپ، ئۆزى ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى سىلايتتى. ئۇنىڭ قاياقلاردىدۇر يۈگرەپ يۈرگىنىنى كۆرگەن ھەدىسى ھەجەرمۇ ئۇنىڭغا يېتىشتى. ئۇلار ئۆزلىرى سۆيگەن بۇ تۇپراقنى بىرگە زىيارەت قىلماقتا ئىدى. ئۇلار بۇرۇن دەريا بويىدا كىر - قاتلار يۇغان قىرغاقلار بىلەنمۇ خوشلىشاتتى. رابىيەنىڭ بۇ يەردىن ئايرىلغۇسى يوق! ئۇ ئالتايدا قېلىشنى مىڭ مەررە ئارزۇ قىلاتتى! لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى « جېنىم قۇزام، سېنىڭ بۇ يەردە قېلىشىڭ بۇيرۇققا قارشى

چىققانلىق بولىدۇ، بۇ داداڭغا بالا - قازا تېپىپ بېرىدىغان ئىش » دەپ يالۋۇراتتى.

يۇك ماشىنىسى ھويلا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قادىرخان ۋە بىر قانچە يېقىن - يۇرۇق خوشنىلار بىرلىكتە ماشىنىغا يۇك - تاقلارنى بېسىشقا باشلىدى. بىر تەرەپكە يۇك - تاق بېسىلىپ، بىر تەرەپكە ئولارغا ئورۇن تەييارلاندى. ئۇلارنىڭ ئانىسى بولسا، كۆرپە، ئەدياللارنى سېلىپ بالىلارغا يۇمشاق تۇشەك ھازىرلايتتى. يۇرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان سۆيگۇ ئىچىدە قادىرخان يەتتە ياشتىكى ئەڭ كىچىك قىزى خەلچەمنى بېشىدىن ئىگىز كۆتىرىپ ھاۋاغا ئاتاتتى ۋە باغرىغا مەھكەم بېسىپ قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىل مەڭزىگە تويماي سۆيەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئون سەككىز ياشلىق ئوتتۇرانجى قىزى ھەجەرنى يېنىغا تارتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قاتارىسىغا ئون بىر ياشتىكى قىزى ئارزۇگۇلنى، ئون ياشلىق ئوغلى مەمەتنى ۋە رابىيەنى، بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قۇچاقلىدى. رابىيەنىڭ پېشانىسىگە سۆيۇپ:

بالىلىرىم مەن سىلەرنى ئاۋال خوداغا تاپشۇردۇم. ئاندىن ئاناڭلارنىڭ غەمخورلىقىغا. قىزىم رابىيە ئاناڭنى ۋە ئۇكىلىرىڭنى ساڭا تاپشۇردۇم! بەك ئەپسۇسكى، مەن سىلەرگە دادىلىق مېھرىمنى كۆرسىتەلمىدىم. رابىيە مەن ئۆتۈنۈپ قالاي قىزىم، ئاپاڭنى يىغلاتما! ئاپاڭنىڭ كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش ئاقمىسۇن! _ دەپ، ۋەسىيەت قىلدى. شۇتاپتا رابىيە ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ بۇ ئائىلىدە مۇھىم كىشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۆزىدىن پەخىرلىنەتتى. چۈنكى ئۇ دادىسىنىڭ ئائىلىدىكى رولىنى ئۇستىگە ئېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن ئىدى.

ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېقىنلاپ كەلمەكتە! ئۇلار ھەممىسى بىر بىرىگە يېقىن قىستىلىشىپ تۇرۇشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئانا مەھەللىسىگە تويماي قاراشتى. قادىرخان رەپىقىسىنىڭ مۇرىسىگە قولىنى قويدى. ئۇنىڭ رەپىقىسى ئۇن سېلىپ يىغلاشقا تەمشىلىۋىدى، قادىرخان ئۇنىڭغا جاسارەت بەردى. ئۇ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان كۆز - يېشىنى ئىچىگە يۇتىۋەتتى. قادىرخان يەنە باشتىن ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ باغرىغا بېسىپ چىقتى. ھەجەر ئانىسىنى شۇنچىلىك مەھكەم قۇچاقلىغان ئىدىكى بۇلار ھەرگىزمۇ ئاجرىمايدىغاندەك يېپىشقان ئىدى. ھويلىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلاشقىلى كەلگەن خوشنىلار كۆپەتتى. بەزىلىرى ئۇرۇك قېقى، بەزىلىرى قېتىق - قايماق، نان - توغاچ ،

ئىشقىلىپ ئۇلار ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئېلىپ كېلىشكەن ئىدى. رابىيەنىڭ ئانىسى بولسا خوشنىلارنىڭ ھەر بىرىگە ئۆتۈنۈپ « قادىرخانغا ياخشى قاراپ قويۇڭ! » دەيتتى. نېمىشكىدۇر كىشىلەر تېنىق سۆدەك جىم ئىدى. ئۇلاردا ئارتۇق قايغۇ - ھەسرەت كۆرۈلمەيتتى. ئېھتىمال، بۇنداق ئۆز دوستلىرىدىن ئايرىلىش دەھشىتى دائىم دېگۈدەك كۆرۈلۈپ تۇرغاچقا ئۇلار كۆنۈپ قالغاندۇر! ئېھتىمال، كىم بىلىدۇ ئەتە يەنە بىرىنىڭ بېشىغا بۇنداق دەھشەتنىڭ كېلىشىنى! ئۇلار بەلكىم ئۆز قايغۇسى بىلەن بەنت بولغاندۇر!

باللار يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرى بولىشىغا قارىماي، قېلىن پوپايكا كىيىشىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە جىلىتكىمۇ كىيىۋېلىشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئانىسى بولسا، ئۆزۈندىن بېرى كۆڭۈلسىزلىكلەر تۈپەيلى كەيمىگەن كىيىملىرىنى كەيگەن ئىدى. ئۆرۈمە چاچلىرىنى ئارقىسىغا بانتلاپ، بېشىغا گۈللۈك شايە ياغلىقىنى چېگىشى، ئارا پاشنىلىق يازلىق ئايىغى، يازلىق سارجا پەلتوسى، شۇ تاپتا ئۇ ھېيتلىق كېيىنىپ، ھېيتلىق ياسانغان ئىدى. بەلكىم ئۇ، بۇ زۇلۇملارغا باش ئەگمەي قارشىلىقىنى كۆرسىتىۋاتقاندۇر! بەلكى ئۇ، ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان كۆز - ياشلىرىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن تىرىشىۋاتقاندۇر!.

ئاھ!!! خۇدا! .... ماشىنىنىڭ موتۇرى ھەرىكەتلەنمەكتە! ھەجەر ۋارقىراپ ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرمەكتە! ياق! كەتمەڭلار! ياق! بىزنى تاشلاپ كەتمەڭلار! ئۇ تاشلىق، ئىگىز - پەس ياداڭ يوللاردا ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈگۈرەيتتى. لېكىن ماشىنا ئۇنى بارغانچە يىراقتا قالدۇرماقتا. ئۇ يولدىن كۆتىرىلگەن چاڭ توزاڭ ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولماقتا ئىدى.

( شۇ ناملىق كىتاپ 54.55.56.57. ۋە 58 . بەتلەر)

( قوشۇمچە )

مەن كىتاپنى ئوقۇپ مۇشۇ بۆلۈمگە كەلگەندە ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن، ئائىلۇۋى ئايرىلىش، سۈرگۈن بولۇش، قاچقۇنلۇق، سىغىنىش قاتارلىق باللىق ئۆتمۈشلىرىمنى ئېكراندا كۆرگەندەك ئەسلەپ ئۆتكەن ئىدىم. ئۆزەمنى تۇتالماي قانچە كۈنلەپ كۆز يېشى قىلغان. بۈگۈن بۇ بۆلۈمنى يەنە كۆز - يېشى ئىچىدە يېزىپ ئاخىرلاشتۇردۇم. بۇندىن ئارتۇق بىر نەرسە يېزىشقا جۈرئىتىم

قالمىدى.

« ئادەم بالىسى قەھرىمان بولىشى مۇمكىن، كۈچلۈك سەركەردە بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۆتمۈشىنى، ئۆزىنى ئۇنتۇش كەچۈرگۈسىز جىنايەتتۇر! »
( چىڭگىز ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىدىن)

بۇ يەردە ئانىمىز ۋە سىياسى رەھبىرىمىز قەھرىمان رابىيە قادىر خانىمغا يەنە بىر قېتىم چەكسىز ھۆرمىتىمنى سۇنىمەن! ئۇ ئۆز كەچمىشىنى، مىللىتىنىڭ ئازاپ ئوقۇبەتلىك ئۆتمۈشىنى پۈتۈن دۇنياغا سۆرەتلەپ كۆرسۈتۈپ بەردى. ئۇ مىللەتكە ئۈلگە يارىتىپ بەردى.

11

ئۇلار ئالتايدىن يولغا چىقىپ، كۈنگە ئاز دېگەندە ئون ئىككى سائەتلەپ يول يۈرۈپ، بەشىنجى كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۈرۈمچىدە جۇماك بىلەن تېپىشىپ، ئۆز تەقدىرلىرى توغرۇلۇق ئۇزۇن مۇڭدىشىشتى. ئۇلار يۈيۈنۈپ - تارىنىپ، ھاردۇق ئېلىشقاندىن كېيىن، ئالتۇنغا ئاشلىق بېلىتى ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىمۇ شوپۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ھەل قىلىشىپ بېلىشتى. ئەمما ئالتۇن سېتىپ، ئاشلىق بېلىتى ئېلىشقا ياردەملەشكىنى ئۈچۈن، شوپۇر قورقۇنچتىن ئۆلەيلا دەپ قالغان ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشى - مەيلى ئالتۇن سېتىش بولسۇن، مەيلى ئاشلىق بېلىتى ئېلىش بولسۇن قانۇنغا ئەڭ ئېغىر خىلاپ قىلمىش بولۇپ، قولغا چۈشۈپ قالىدىغان بولسا، ھايات قالدى دېگەندىمۇ ئۇزۇن مۇددەت قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدىغان بىر قاراڭغۇ بازارچىلىق جىنايىتى ئىدى. شۇڭا ئۇ _ بولدى قىلىڭلارچۇ! جان كېتىدىغان گەپ، جىددي يولغا چىقىشىمىز كېرەك!_ دەپ، جۇماك بىلەن خوشلىشىپ، يىغا - زارە قىلىشىۋاتقان ئانا ۋە سىڭىللارنى ئالدىرىتاتتى. ئۇلار بۇ ھەيۋەتلىك، كۆركەم، ھاياتىدا تۇنجى كۆرىۋاتقان شەھەردىن ئايرىلىشتى.

ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ كۈچارغا يېتىپ كەلگۈچە يول بويى بىرمۇ خىتاي كۆرمىگىنى ئۈچۈن « خۇداغا شۈكرى، بۇ يەرلەرنى تېخى خىتايلار ئىشغال قىلالمىغان بولسا كېرەك » دەپ ئويلاشقان ئىدى. كۈچار شەھرىدە ئۇلار بازار ئايلىنىپ، ئەتراپنى كۆرىۋالماقچى بولىشتى. رابىيە ئانىسى بىلەن كېتىۋاتاتتى. « نان ساتىمەن! نان ساتىمەن! » دەپ، دىمىغىدا سۆزلەپ، نان

سېتىپ يۈرگەنلەرنى كۆرۈشتى. نان ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئەمەس بەلكى قوينىدا ئىدى. نان سېتىشمۇ قاراڭغۇ بازارچىلىق جىنايىتى بولغاچقا، نان ساتقۇچىلار لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ « نان ساتىمەن » دېيەلمەيتتى ۋە كۈنجۈت پۇراپ تۇرغان مېزىلىك نانلارنى قوينىدىن چىقىرالمايتتى. رابىيەنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن ئانىسى بىر ناننى ئالدى. لېكىن نېرىراقتا باياتىن بۇلارغا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان بىر قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالغان ئورۇق ئايال

_ مۇنۇ باش ياغلىقىمغا يۈز گىرام ئاشلىق بېلىتى بەرگەن بولساڭلار _ دەپ بىچارىلەرچە يېلىندى. بىراق رابىيەنىڭ « قانداق قىلىمىز ئاپا؟ » دېگەن سوئال نەزىرىگە جاۋابەن ئانىسى:

بولمايدۇ قىزىم، ئەگەر ئۇنداق قىلىدىغان بولساق، بىزمۇ ئۇزۇن قالماي ئەشۇ بىچارە ئايالنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالىمىز _ دەپ جاۋاپ بەردى ۋە ئۇلار ئۆز يولىغا مېڭىشتى. نېمىشكىدۇر رابىيەنىڭ ئانىسى ئۈزلۈكسىز ئارقىغا داجىپ، ھېلىقى ئايالغا سومكىسىدىكى ئۆزلىرىنىڭ نېنىدىن بىرنى بەردى. بىچارە مەزلۇم مىڭ رەھمەت ئېيتاتتى ۋە _ سىلى بىر ئاقكۆڭۈل پەرىشتە ئىكەنلا، خۇدايىم مەندەك بولۇپ قېلىشتىن مىڭ ساقلىسۇن!_ دەپ خېلە ئۇزۇنغىچە ئۇلارغا تازىم قىلىپ، ئاندىن جەڭدىن غەلبە بىلەن چىققان كىشىدەك، شۇنداق چەبدەسلىك بىلەن كۆزدىن غايىپ بولدى.

ئۇلار ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ ئالتىنجى كۈنى كەچ قۇرۇن ئاقسۇ شەھىرىگە يېتىپ كېلىشتى. ئەسلىدە زۆھرە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقماقچى ئىدى. لېكىن ئۇ بۇلارنى ئىزدەپ ئاقسۇ كوناشەھەرگە كېتىپ قالغانلىقى ۋە زۆھرەنىڭ يېقىندىلا توي قىلىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر كەلدى. شۇڭا ئۇلار كىچىك بىر مېھمانخانىغا ئورۇنلىشىپ تۇرماقچى بولۇشتى.

شۇ ئەسنادا مېھمانخانىغا بىر گۈزەل چوكان كىرىپ كەلدى! ئۇنىڭ كەڭ ئېتەكلىك يوپكىسى، يازلىق خۇرۇم چاپىنى، چاڭ قونمىغان پارقىراق ئايىغى، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى كىشى تونىيالمىغۇدەك دەرىجىدە گۈزەل ۋە سالاپەتلىك ئىدى.

_ ۋاي، بۇ زۆھرە ئەمەسمۇ! ھەممەيلەن ئۇنىڭغا يېپىشىپلا قالغان ئىدى. ھەربىرى ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىنى ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقلىشاتتى. ھەممىسىلا سۆزلىمەكتە. ھەتتا ئۇلار بېشىغا كەلگەن دەرتلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقان ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ بۇياقتا نېمىشكە كەلگەنلىكىنى زۆھرە سۆزلىگەندىن كېيىنلا ئەسكە ئېلىشتى. زۆھرە ھۆكۈمەتنىڭ « سۈرگۈن قىلىنغانلارنى

ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدارىسى » بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ، بۆلارنىڭ ئاقسۇدا - زۆھرەنىڭ يېنىدا قېلىشىغا رۇخسەت ئالغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلارنى كۈتۈپ ئىشىك ئالدىدا بىر ئۆكۈز ھارۋىسى تۇراتتى. ئالتايدا بۇنداق ھارۋىنى كۆرمىگەچكە ئۇلار ھەيرانلا قېلىشقان ئىدى. ئۇلار شوپۇرنىڭ ياردىمى بىلەن يۈك - تاقلىرىنى ئۆكۈز ھارۋىسىغا يۈتكەپ، زۆھرەنىڭ ئۆيىگە قاراپ يولغا چىقىشتى. لېكىن قاراڭغۇ چۈشۈشكە يېقىنلاپ قېلىۋاتقىنى ئۈچۈن، زۆھرە بىر ئات ھارۋىسىنى تېپىپ، يۈكنى ئالماشتۇرۇشتى.

ئۇلار بىر يوغان دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. دەرۋازا ئېچىلىۋىدى شۇنداق كۆركەم بىر ھويلا ئۇلارغا قوينىنى ئاچتى. پاھ! ئايۋانلىق ھويلا، ئايۋانلارنى كۆتىرىپ تۇرغان سۆلەتلىك تاش تۈۋرۈكلەر، تۈۋرۈكلەرنىڭ ئاستىدا گەج بىلەن قاتۇرۇلغان سۇپا، ئويما نەقىش بىلەن ياسالغان ياغاچ ئىشىك ـ دەرىزىلەر. بۇ ھويلا ئەشۇ كۆركەملىكى بىلەن تېپىك جەنۇپ بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى كۆرسۈتۈپ تۇراتتى. ئاز دېگەندىمۇ تۆرت يۈز يىللىق ئىمارەت.

ـ ۋاي خۇدا، ھەدە سەن سارايىنىڭ ئىگىسى ئىكەنسەندە! ـ دەۋەتتى رابىيە ھاياجانلىنىپ.

ـ ياق سىڭلىم، بۇ قورولار ئەسلىدە بىر كاتتا باي كىشىنىڭ بولۇپ، ھۆكۈمەت ئۆي ئىگىسىنى مەجبۇرى قوغلاپ چىقىرىۋېتىپ، خەقلەرگە ئىجارىگە بەرگەن ئىكەن. مەنمۇ ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرىۋاتىمەن ـ دېدى زۆھرە چۈشەندۈرۈپ. بۇ قورودا باياتىن بۆلارنى قىزغىن قارشى ئالغان يەنە ئىككى ئائىلىلىكمۇ بار ئىدى. بۆلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنى ھويلىغا ئۆزىلا توشۇپ ئەكىرىۋاتقان يىگىرمە بەش ياشلاردىكى چېقىر كۆز، قوڭۇر چاچلىق يىگىت بولسا بىر تۇل ئايالنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇلارمۇ يېقىن خوشنىلاردىن ئىكەن. بۇ يىگىت بەستلىك، قاۋۇل كەلگەن بولۇپ، سىرتقى كۆرۈنىشى ياراشمىغان كېلەڭسىز ئىدى. ئۇ كادىر ئائىلىسىدىن بولۇپ، ئۆزى كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، بانكا بۆلۇم باشلىقى، ئۇ بۆلارنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ ئۆچ كۈنلۈك دەم ئالغان ئىكەن. زۆھرەنىڭ يولدىشىمۇ بەستلىك، يوغان ئادەم بولۇپ، كوممۇنىست ئىكەن. خوشنىلارنىڭ ئېيتىشىچە زۆھرە مۇشۇ يۇرتتىكى ئەڭ بەختلىك ئائىلىگە ئىگە ئىكەن. قانداقلا بولمىسۇن بۆلار بۈگۈن شۇنچىلىك خوشال. چۈنكى ئۇلار ئارام خۇدا سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇخلىغۇدەك بىر ماكانغا ئۇلاشقان ئىدى. رابىيەنىڭ ئانىسى « خۇداغا مىڭ شۈكرى، ھېلىمۇ ياخشى ئۇلار بىزنى خىتاي يوق يەرگە پالاپتۇ! بولمىسا قانداقمۇ قىلاتتۇق! »

دەپ ئۈمۈت، ئىشەنچىسىنى ۋە خۇداغا بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرەتتى.

ئۇلار دەماللىققا غەمسىز ئىدى. زۆھرەنىڭ ھويلىسىدا چوڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆزلىرىنى يىنىك ھېس قىلىشتى. دەسلەپكى كۈنى ئۇلار ھەممىنى ئۇنتۇپ قانغۇچە كۆلۈشكەن ئىدى. بىراق بىر ھەپتىدىن كېيىن بىر ئاخشىمى يامغۇر يېغىشقا باشلىغۇدى، زۆھرە ھويلىدىكى ئورۇندۇق، ئۇستەل ۋاھا - كازالارنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆيگە ئەكىرگىلى تۇردى. ئەسلىدە زۆھرە بۇ ھويلىدىن ئىككى ئېغىزلىق ئۆينى تۇتقان ئىكەن. بىرىدە ئەر - خوتۇن ئىككىسى، بىرىدە رابىيەلەر ، بۇ ئىككى ئېغىزلىق ئۆيدە چوڭ-كىچىك بولۇپ جەمى يەتتە جان يېتىپ قۇپۇشاتتى. بۇ ھويلىدىكى ھەممە خوشنىلار بىر خالانى ئىشلىتىدىكەن. ئاستا - ئاستا بۇ يەرنىڭ تازا ئەپسىز، يېقىمسىزلىقى كۆرۈلمەكتە. ئۇنىڭسىزمۇ يەنە كۆڭۈلسىزلىك _ زۆھرەنىڭ يولدىشى تازا قاملاشمىغان بىر قىلىقى بار ئادەم ئىكەن. زۆھرە سۆيقاش ئېتىپ، قاچىلارغا ئۇسقىلى تۇرغاندا ئۇ يېنىغا كېلىۋېلىپ:

بۇ قاچىغا ئاز ئۇس، بۇ قاچىغا مۇنداق ئۇس _ دەيدىغان چېپىلغاق ئادىتىمۇ بار ئىدى. ھەتتا تاماق شىرەسىگە قول - ئېغىز سۈرتۈش قەغىزى قويۇلسا، ئۇ دەرھال يىغىپ ئەخلەتكە تاشلىۋېتەتتى ۋە « بۇ دېگەن بۇرجۇئازلارنىڭ قىلىقى » دەپ خاپا بولاتتى. بىر كۈنى رابىيەلەر ئانىسى بىلەن بازارغا كەتكىنىدە ئۇ قېيىنئانىسىنىڭ دۇتتارىنى سۇندۇرۇپ تاشلىۋەتتى. چۈنكى بۇ كونىلىق، ناخشا - مۇزىكا بۇرجۇئازلارنىڭ ھەرىكىتى_ دەپ شۇنداق قىلغان ئىدى. بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئانىسى ئەتتىر چاچقان ئىدى، كۈيئوغۇل خاپا بولۇپ _ بۇ ئۆيدىن ھەجەپمۇ بۇرجۇئازنىڭ پۇرىغى كېلىۋاتىدۇ دېگەن ئىدى. لېكىن ئۇ قېيىنئانىسىغا ئۇدۇل گەپ قىلىشقا پېتىنالماي، كىچىك ئاززۇگۈلگە، رابىيەگە _ ئاپاڭلارنىڭ ئىددىيىسى شىمالدىكى كاپىتالىستلارنىڭ ئىددىيىسىگە ئوخشايدىكەن، ئەگەر ئۇ جەنۇپتا مۇشۇنداق ياشايدىغان بولسا، ئاللىبۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن بولاتتى _ دەپ قوپال سۆزلىگەن ئىدى.

رابىيەنىڭ ئانىسى كۈيئوغلىنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىنى قارىماققا يېنىغا كەلتۈرمىگەندەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ بىر كۈنى ئۇ يۈزىنى ئالقىنى بىلەن توسۇپ يىنىك يىغلىدى. بۇرۇن ئالتايدىكى چاغلىرىدا ئۇلارنىڭ دادىسى ئورۇنسىز يامان گەپ قىلىۋالسا شۇنداق يىغلايتتى.

ئۇلار ئاقسۇغا كېلىپ ئۇن بەش كۈندىن كېيىن چوڭ - كىچىك ھەممىسلا مەكتەپكە كىرىۋالدى. رابىيە ئالتىنچى سىنىپقا ئېلىندى.

سىنىپتىكى ئوتتۇز بەش نەپەر ساۋاقدىشى بىردەك ئۇنى « كىچىك چىرايلىق، كىچىك گۈزەل » دەپ ئاتىشاتتى. چۈنكى ئۇ ئالتايدىكى چاغلىرىدىكىدەكلا يارىشىملىق، رەتلىك كىيىنەتتى. ھەمدە ئۇ شۇنچىلىك ئوچۇق - يورۇق، جانلىق، سىپايە ئىدى. ئۇنىڭ ئالتايدىكى چاغلىرىدىلا يېزىش قابىلىيىتى بەك ياخشى بولغىنى ئۈچۈن بۇ مەكتەپتىمۇ بىر ھەپتە ئىچىدىلا سىنىپ باشلىقى بولۇپ سايلاندى.

( شۇ ناملىق كىتاپ 62.63،64.65.66.67.68. ۋە 69. بەتلەر)

( قوشۇمچە )

بىز بۈگۈن ئەشۇ كەچۈرمىشىنىڭ باش قەھرىمانى بولغان رابىيە قادىر خانىمنى ئۆزىمىزگە « ئانا _ مىللەتنىڭ ئانىسى » دەپ ئاتاپ تونۇماقتىمىز. لېكىن ئۇ مىللەتنىڭ « ئانىسى » لا ئەمەس بەلكى ئەسىر مىللەتنى ئازات قىلغۇچى، دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە قارشى ئىسيان كۆتەرگۈچى، غالىپ قەھرىمان، تەشكىلى رەھبەر ئىكەنلىكىنى تازا ئېتىراپ قىلمايۋاتقانلىقىمىز كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى! بىزنى غەرپ دۇنياسى ئەزەلدىنلا بىلەتتى. دېموكراتىك غەرپ ئەللىرى بىزدەك زۇلۇم چېكىۋاتقان، 30 مىليونلۇق نوپۇسقا ئىگە بىر خەلقنى بىلمەي قالىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى غالىبىيىتى « قەغەز يولۋاس » تىن باشقا نەرسە بولمىغان بولاتتى. دېمەك غالىپ بىر ئەلنىڭ بىلىدىغانلىرى ۋە قىلىدىغانلىرى بىزدەك ئەسىر خەلقنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمىسە كېرەك.... ئۇنداقتا ئامېرىكا باشلىق پۈتۈن غەرپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دەردىنى تىڭشاش ئۈچۈن تۇرمىدىكى مەھبۇس بىر ئانىنى كۈتۈپ تۇرغانمىدى؟

_ ياق! بۇ ئەقىلگە ۋە غەرپلىكنىڭ سىياسى مەيدانىغا ئويغۇن كەلمىگەن بىر بېمەنە سۆزدۇر.( رابىيە قادىر خانىمدىن بۇرۇن ) بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلگىنى، قىلغىنىمىز، قىلالىغىنىمىز شۇنچىلىك بولغانىكەن، ئۆزىمىزگە تەن بېرىشىمىز كېرەك. رابىيە قادىر خانىمغا تولۇق رەھبەرلىك ئىمتىيازى بېرىشىمىز، ئۇنىڭغا تولۇق بەيئەت قىلىشىمىز، ئۇنىڭ بىلەن تولۇق ھەمكارلىششىمىز بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ھەقىقى ئىنقىلاۋىمىز بولۇپ ئىسپاتلىنىدۇ. ئەگەر كىمدە كىم ئۇنىڭ يولىغا توساق قويۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ، ئۇنى بۇ مىللى ھەركەتتىن چەتنىتىشكە ئورۇنىدىكەن، ئۇنى ۋاز كەچتۈرۈپ، قۇرۇق سۆلەت قىلىپ قويۇپ،مەنسەپنى ئۆز

دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋېلىپ، يەنە مىللەتنى ئويناشقا ئورۇنىدىكەن ئۇ چوقۇم مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۈۋالىغا جاۋاپكار، نەپرەتلىك ئادەمدۇر!.

## 12

ئاردىن ئون ئايچە ئۆتكەندىن كېيىن زۆھرەنىڭ يولدىشى خىزمەت ئورنىغا يېقىن يەردىن ئۆي تېپىپ كۆچۈپ كېتىشتى. ئېھتىمال زۆھرە، ئانىسى ۋە قېرىن-داشلىرى يولدىشىنىڭ يولسىز، ئەخلاقسىز، قوپال قىلىقلىرىغا دۇچكېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاياش تۇپەيلىدىن شۇنداق قىلغاندۇر. قانداقلا بولمىسۇن ئەمدى ئۇ پرولېتارىيات، كوممۇنىست كۈيئوغۇلنىڭ ئەلىمىدىن ئۇلار قۇتۇلغان ئىدى. ئۇلار خېلىلا خاتىرجەم بولغاندەك بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئالتايدىن ئېلىپ كەلگەن ئالتۇنلارنى خىراجەت قىلىشقا ۋە ھويلىدىكى بەزەن كەمبىغەل خوشنىلارغىمۇ غەمخورلۇق قىلىشقا باشلىدى. رابىيەنىڭ ئانىسى زىننەت بۇيۇملىرىدىن ئەڭ قىممەتلىك ئۈزۈكلىرىنى سېتىپ، بىر ئايلىق خىراجەتكە سەرپ قىلدى. ئاشلىق - تۈلۈكتىن باشقىسى سۇدىن ئەرزان بولسىمۇ، ئايلاپ تاتلىق - تۈرۈم، قەن - ناۋات دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېغىز تېتىپ كۆرمەيتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھۆكۈمەت ئۈختۈرۈش قىلىپ، جان سانىغا قارىتا قەن - گېزەك تارقىتىدىغان خوشخەۋەر ئېلان قىلىندى. رابىيە ئۈكىلىرىغا ئاجايىپ جىق كەمپۈت، قەن - گېزەك ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىپ، تەمىنلەش ئىشخانىسىغا يول ئالدى. ئۇ تالۇننى ئېلىپ، ئىككى يۈزچە كىشىنىڭ ئارقىسىدا رەتكە تىزىلدى. رەتنىڭ سىرتىدا بىر ئايال ئىككى بالىسى بىلەن غەرىبانە ھالدا بويۇن قىسىپ تۇراتتى. رابىيە قانچە سائەتلەپ رەتتە تۇرۇپ، ئاخىرى كەمپۈت، قەن - گېزەك تەقسىم قىلىدىغان ئايالغا تالۇننى سۇندى. ئۇنىڭ قولىدا ئىككى تالۇن بولۇپ، ھەربىر تالۇنغا يەنە باشتىن رەتتە تۇرىشى كېرەكلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بىر تالۇنغا بېرىلگەن تاتلىق - تۈرۈمنى ئېلىپ قايتىپ چىقتى. لېكىن ھېلىقى ئايال تېخىچىلا بويۇن قىسىپ، كىشىلەرگە تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى بالىسى تىللىرىنى تامشىپ، كەمپۈت ئىشتىھاسىدا ئوت بولۇپ ياناتتى.

_ سىز نېمىشكە رەتكە تىزىلىپ تۇرمىدىڭىز؟ _ سورىدى رابىيە ئۇنىڭدىن.

_ بىلمىدىم، كېچىكىپ قاپسىز دېيىشىپ تالۇن بەرمىدى ئۇلار _ دېدى ئۇ

مۇڭلىنىپ. رابىيە ئۇكىلىرىغا بەرگەن ۋەدىسىنى بىر تەرەپكە قويۇپ، كۆز ئالدىدىكى ھېلىقى غېرىپ باللارغا قەن - گېزەكلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا بېرىۋەتتى. ھېلىقى ئايال سومكىسىنى ماتىلاپ

_ قانچە پۇل بېرىمەن سىڭلىم _ دەپ سورىۋىدى، رابىيە

_ مەن پۇلسىز بىكارغا ئالغان نەرسىلەر تۇرسا، سىزدىن نېمىشكە پۇل ئالغۇدەكمەن! باللىرىڭىز يېسۇن  دەپلا كەتمەكچى بولدى. ھېلىقى ئايال چەكسىز مىننەتدارلىق ئىلكىدە دېگىلى گەپمۇ تاپالمايتتى. ئۇ باللىرىغا _ ئاچاڭلارغا رەھمەت دەڭلار باللىرىم! ئۇ بىر پەرىشتە ئىكەن _ دەيتتى ئۆمچەرەپ. رابىيە يۈز قەدەملەرچە ئۇزىغاندىن كېيىن ئارقىسىغا قارىۋىدى، ھېلىقى ئايال تېخىچە ئىگىلىپ تازىم بىلدۈرىۋاتاتتى.

رابىيە ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن كۆپ ئويلىنىپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ كىشىلەرگە ئۆلگە بولىۋاتقانلىقىنى، ھەممىلا ئادەم ئاچلىقتىن ئۆز قايغۇسى بىلەن بولۇپ، باشقىلار بىلەن كارى بولمايۋاتقان ئاجايىپ بىر رەھىمسىز دەۋرنى مۇلاھىزە قىلاتتى ۋە ئۆزىنىڭ كۈندىن كۈنگە بىر ئازدىن چوڭ بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆزىدىكى بۇ تۈر غەمخورلۇق تۇيغۇسىنى ئانىسىغا سۆزلەپ بەرگىنىدە، ئۇنىڭ ئانىسى شۇنداق بىر ئاقىلانە چۈشەنچ بەرگەن ئىدى:

_ قىزىم بۇ كوممۇنىستلار خەلقىمىزدىن پەقەتلا تارىخىنى، ئەنئەنىۋى ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئۇنتۇشنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇستىمىزدىن يۈرگۈزىۋاتقان قانۇن، سىياسەتلىرى « قانداق قىلسام ھايات قالارمەن؟ » _ دېگەن ئەندىشىگە مەجبۇرلاپ، مۇشۇ ھالغا كەلتۈردى. شۇڭا خەلقىمىزنىڭ ئەخلاق، ئىنسانىي خىسلەتلەرنى ئويلىقچىلىك مادارى قالمىدى .

ھەر قېتىم ئائىلە خىراجىتى ئۈچۈن پۇل لازىم بولغاندا، رابىيەنىڭ ئانىسى بىر پارچە ئالتۇننى ئېلىپ، كىچىك ئالتۇن كېسىدىغان ھەرە بىلەن پارچىلايتتى - دە، بازارغا ئاپىرىپ، مەخپىي ھالدا ساتاتتى. لېكىن بۇ پۇل ئاران ئىككى ھەپتىلا يېتەتتى. ئۆي - ئىچى بارغانچە جۇت كۆرۈنەتتى. رابىيەنىڭ ئانىسىمۇ كۈندىن - كۈنگە ئاۋالقىدەك سېخىلىقتىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ باللىرىغا چۈشەندۈرۈپ، تاماقنى كۆپ يېمەسلىكنى، ساۋاقداشلىرىنى تاماققا ئۆيگە باشلاپ كەلمەسلىكنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ باللىرى مەكتەپكە ماڭغاندا ھەر بىرىگە تەنەپپۇس ۋاقتىدا

يەيدىغان نان، خام سەي قاتارلىقلارنىمۇ جابدۇپ يولغا سالاتتى. باشقا ساۋاقداشلارنىڭ ئائىلىسىدە ئۇنداق قىلغۇدەك ئىمكان بولمىغىنى ئۈچۈن رابىيەلەر تەنەپپۇستا نان يىگەنلىرىدە، ئۇلار تىللىرىنى تامشىپ كېتىشەتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بوغۇزىدىن مېزىلىك نانلار قانداقمۇ غىپپىدە ئۆتۈپ كەتسۇن! شۇڭا ئۇ، نېنىدىن بىر قانچە چىشلەم يېۋېلىپلا قالغىنىنى دوستلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى. بىر قېتىم بىر قىز دوستى ئۇ بەرگەن بىر پارچە ناننى چىنىسىگە سېلىپ لىق سۇ قۇيدى. شۇنداق بىر قانچە قېتىم تەكرار « نان تاتقى » سۇنى ئىچىۋېلىپ، ئاندىن ھېلىقى ناننى سائەتلەپ شورىغان ئىدى.

رابىيە خېلە بۇرۇنلا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھاياتنى چۈشەنگەن . ئۇ ئۆي ئىشلىرىدا ئانىسىغا ياردەملىشىپ، ئۇكىلىرىنى قاتارغا قوشۇشتا بىر چوڭ كىشىدەك ھەسسە قوشاتتى. يەنە خۇلۇم - خوشنىلارمۇ ئۇنىڭدىن مەسلەھەت سوراپ، ئۆي ئىشلىرىنى، قىشلىقنىڭ غېمىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى، قانداق قىلىپ ئۆي ئىجارىسىنى ئۆتەشنى، ياغ - گۆش، ئۇن - گۈرۈچلەرنى، ئوتۇن ـ كۆمۈرلەرنى، ئىشقىلىپ ھاياتتا قېيىنچىلىقتا دۇچ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇنىڭدىن ئەقىل سورايتتى. ھەر ئايدا بىر قېتىم مەكتەپ بويىچە ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ساۋاقداش ئالدىدا « چوڭلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئاتا - ئانىلىرىغا قانداق ياردەم قىلىش، ئائىلىسىنى قانداق ھىمايە قىلىش...» قاتارلىق تېمىلاردا نۇتۇق سۆزلەيتتى. بەزىدە ئوقۇتقۇچىلار تەييارلاپ بەرگەن يازما نۇتۇقنى بىر ئاز ئوقۇپ قويۇپلا، ۋاراقچىنى قاتلاپ قويۇپ ئۆز پىكرىنى سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ تالانتىغا مەھلىيا بولغان ئايال ئوقۇتقۇچىسى تىللاخان خانىم ئۇنى بىر كۈنى مۇدىر ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، يېقىندا يەتتىنجى سىنىپنى پۈتتۈرۈپلا ئوقۇتقۇچى بولۇش تەكلىۋىنى بەردى. رابىيە بۇ تەكلىپتىن سۆيۈنۈپ، ئۆيىگە كەلگەندە ئانىسىغا ئېيتقان ئىدى بىراق ئانىسى ئانچە خوش بولمىدى ۋە

ـ سەن مەكتەپنى تولۇق تۈگىتىشىڭ كېرەك، ئاندىن ئالى بىلىم يۇرتىغا ئوقۇشقا كىرىشىڭ لازىم ـ دەپ ئۇنى ئوقۇتقۇچى بولۇشتىن ياندۇردى.

رابىيە شۇنچىلىك قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە ئۆزىگە تونۇشلۇق يىراق-يېقىن ئەتراپتا ھەممىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە نائىل بولغان ئىدى. قىزلار ئۇنىڭ بىلەن ئەڭ يېقىن دوست بولۇشنى تەلەپ قىلاتتى. كوچا - كويلاردا ئۇ كېتىۋاتقانلىرىدا ئوغۇللارمۇ ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ تەلمۈرىشەتتى. لېكىن ئۇ

ئۆزىنىڭ تېخى بەكلا كىچىك ياشتىكى بىر قىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بۇنداق ھالالاردا ئىرەنسىزلا كېتىۋېرەتتى. ئۇ ئەگەر چوڭ بولغاندا بۇ ئەتراپلاردا ئۆزىگە لايىق كەلگۈدەك بىرەر ئوغۇلنىڭ يوقلۇقىنىمۇ جەزىم قىلاتتى.
( شۇ ناملىق كىتاپ 70.71.72. ۋە 73. بەتلەر )

( قوشۇمچە )

بىز بۈگۈن ئەشۇ جاسارەتلىك كىچىك رابىيەنىڭ دۇنيانى ھەيران قالدۇرىۋاتقان ئۇتۇقلىرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرمەكتىمىز. ئۇنىڭ غەلبىلىرىنى ئۆز قۇلاقلىرىمىز بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرماقتىمىز. ئۇنىڭ يارىتىلىشىلا بىر مۆجىزە بولغىنىدەك، بۈگۈن « ئۇيغۇر » دېگەن بىر مىللەتنى غەرپلىككە يېپيېڭى بىر مۆجىزە سۈپىتىدە كۆرسەتمەكتە!

« ئۇيغۇر دېگەن قانداق نەرسە؟ ئۇيغۇر دېگەن يەيدىغان نەرسىمۇ؟ ئەگەر ئىنسان بولسا، ئۇ قانداق مىللەت؟ بۇ مىللەت قاچان پەيدا بولدى؟ قەيەردە ياشايدۇ؟ ئۇيغۇر _ مۇڭغۇل دېگەن بولامدۇ؟ شەرقى تۈركىستان دېگەن يەر تۈركىيەنىڭ شەرقى ئەمەسمۇ؟ ئۇ يەردە كۈردلەر ياشايدىغان تۇرسا؟ ياكى تۈركمەنىستانمۇ؟ تۈركمەنىستاندا خىتاي نېمىش قىلىدۇ؟ ئۇ بىر دۆلەتقۇ؟ .......» مۇشۇنداق سۇئاللار گېرمانىيەدىلا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇنلىغان غەرپ دۆلەتلىرىدىكى ئۇيغۇرلار يولۇقۇپ تۇرىدىغان سۇئاللار ئىدى. ئۇيغۇر دېگەن بۇ غالىپ روھ « تەكلىماكاندا » ئەمەس بەلكى دېموكراتىك غەرپ دۇنياسىدا « دۇملەنگەن » ئىدى. قازاننىڭ ئاستىدا يالقۇنلاپ ئوت كۆيىۋاتقان. لېكىن تۇۋاق مەھكەم بېكىتىلگەن. بىز ئىچىمىزدىلا قايناپ تاشاتتۇق. بىزنى ھېچكىم تونىيالمىغان ئىدى. بۇ دۇملەنگەن تۇۋاقنى كىم ئاچىدىكەن، « ئۆز كىشىلىرىمىز » نىڭ تۈمۈر تىرنىغى ئۇنىڭ بوغۇزىدا بولاتتى. بۇ تۇۋاقنى ئېچىپ، ئىچىدىكى قايناۋاتقان دەرت - ئەلەملەرنى غەرپلىككە كۆرسۈتۈش قانداقتۇر بىر خاتا ئىش ئىدى. « بىزنى غەرپ تونىمايدۇ! غەرپ خىتايغا سېتىلىپ كەتتى! ئاھ خۇدايىمەي، بىزگە كىممۇ ياردەم قىلار ئۆكىلىرىم! » مانا بۇ چۈشەندۈرۈشلەر بىزنىڭ غەرپكە بولغان خاتا قارىشىمىزنىڭ تۈرتكىلىك ئامىللىرى ئىدى.

رابىيە خانىم ئەنە شۇ غەرپتە « دۇملەنگەن روھ » نىڭ دەردىنى ئاڭلىتىۋاتىدۇ. بىز ئۇنى مەيلى يۈزىمىزگە تۈكۈرسىمۇ، كاچىتىمىزغا ئۇرسىمۇ، ھوزۇرىدىن قوغلاپ چىقارسىمۇ، مەجبۇرلاپ ئىشلەتسىمۇ مەڭگۈ قوللايمىز! بۇ

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ رابىيە خانىمغا بەرگەن ۋەدىسى، ئۇنىڭغا بولغان ساداقىتى! پەقەتلا ئۆزلىرىنى « داھى » چاغلاپ قالغانلار ياكى « داھى » بولۇشقا ۋاقىت كۈتۈپ كېلىۋاتقانلار، قانداقتۇر بىر شۇم نىيەت بىلەن ئۇيغۇر دەۋاسىنى دۇملىمىدە تۇتۇپ تۇرۇشنى ئۆز كۈرەش غايىسى قىلىپ كېلىۋاتقانلارلا بۇ ۋەدىنىڭ سىرتىدىكى كىشىلەردۇر! ئۇلارنىڭ زوۋۇلىسى شۇنداق ئۇزۇلگەن ئىكەن، ئۇلار شۇنداق داۋام قىلىدۇ! خالاس......

## 13

ئۇلار بەش جان كىشى بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ياشاشقا كۆنۈپمۇ قالغان ئىدى. ھەمدە « ياتاق ئۆيى، ئاشخانا ، يۇيۇنۇش خانىسى » قاتارلىق ھاياتلىق مۇلازىمىتىنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇ بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى شەخسى ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان ھامامنى « بۇرجۇئازىيەنىڭ يولى » دەپ بۇزۇپ تاشلىغان ۋە ئوپچە قوللىنىلىدىغان ئاممىۋي مۇنچا تەسىس قىلغان ئىدى. رابىيەنىڭ ئانىسى بالىلىرىنىڭ ئۇنداق ئوپچە مۇنچىغا بېرىشىنى ئەخلاقسىزلىق _ دەپ، ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئەۋراز ياساپ بەرگەن ئىدى.

رابىيە مەكتەپتىن قايتقىنىدا ئالدى بىلەن تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەيتتى. ئۇكىلىرىنىڭ تاپشۇرۇقلىرىغىمۇ ياردەملىشەتتى. ئۇ ئاقسۇنىڭ ھاياتىغا تېزلا كۆنۈكۈپ كەتتى. لېكىن ئارزۇگۇل، خەلچەم، مەمەتلەرگە بۇ يەرنىڭ ھاياتى بەكلا ئېغىر كەلمەكتە. ئۇلار كۆزلىرى چاچراپ چىققۇدەك ئاچچىق يىغلىشاتتى. چۈنكى ئۇلار ئالتايغا قايتىشنى دائىم تەلەپ قىلىشاتتى. جەنۇپنىڭ ھاۋاسى ئالتايغا قارىغاندا بەكلا ئىسسىق، يېشىللىق يوق، قۇم-قاقاس. رابىيە ئۇلارنى بەزلەپ، بۇ يەرلەردىمۇ ئالتايدىن قېلىشمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى، ئالتايدا بولسا شۇ ئاندا ئاچارچىلىقنىڭ ھۆكۈم سۈرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرەتتى. ئۇلارنىڭ دادىسى بىر قېتىم ئەۋەتكەن خېتىدە:

« سىلەر بىلمەيسىلەر، مېنىڭ قانداق ھايات كەچۈرىۋاتقانلىقىمنى، شۇنداقتىمۇ سىلەرنى بۇياققا يۆتكەپ كېلىش توغرىسىدا يول مېڭىپ كۆردۈم، قانداقلا بولمىسۇن سىلەرنىڭ بۇياقتىن يۆتكىلىپ كەتكىنىڭلار ياخشى بولغانىكەن، چۈنكى بۇ يەردە شۇ كۈنلەردە ئوغرى - يالغاننىڭ سانى بەك كۆپىيىپ كەتتى، ئوغرىلار كىشىلەرنىڭ ماللىرىنىلا ئېلىپ كېتىشمەستىن

بەلكى جانلىرىنىمۇ قىيىپ كېتىۋاتىدۇ، خىتاي دېگەن نىجىسلار يۇرتىمىزغا خۇددى كەلكۈندەك بېسىپ كەلمەكتە » دەپ، ئۇ ياقتىكى ئەھۋاللارنى قىسقىچە بايان قىلغان ئىدى.

جۇمەك (جۇمە) مۇ ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ ئالتايغا قايتقاندىن كېيىن دېھقانچىلىق كوپىراتىۋىدىن ئىش ئورنى تېپىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇمۇ ھەر ئايدا ئانىسى ۋە ئۇكىلىرىغا يىگىرمە يۈەن يوللاپ تۇراتتى. ئۇ ئانىسىنى ئۇكىلىرىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن يول رۇخسىتى ئالالمىدى. شۇڭا ئۇلارغا بىر پارچە خەت يوللىغان بولۇپ، رابىيە ئۇكىلىرى ۋە ئانىسى بىلەن كاللەك بولۇشۇپ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

« ھەر ئايدا بىر قېتىملا دادامنى كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن رۇخسەت ئالالايمەن، ھەر قېتىم مەھەللىگە بارغىنىمدا شۇنداق بىر قورقۇنچلۇق ئاۋازنى ئاڭلايمەن، بۇ ئاۋاز ھېلىقى بىزنىڭ ئۆيىمىزدىن كېلىدۇ ــ بىزنىڭ كۆركەم، گۈزەل ئۆيىمىزدىن، ھېلىقى خوشاللىق سادالىرى، ناخشا سادالىرى ياڭراپ تۇرىدىغان بىزنىڭ ئۆيىمىزدىن، ھېلىقى بەخىت ۋە دوستلۇق بىلەن تولغان ئەشۇ گۈزەل ئۆيىمىزدىن، مەن سىلەرنى بەك سېغىندىم! مەن ھېلىقى ئۆيىمىزنى ــ بىز بىرگە ياشىغان ئەشۇ گۈزەل ئۆيىمىزنى سېغىندىم! ئۆتكەن كۈنلەرنى ــ بىز بەختلىك ۋە مەمنۇن ياشىغان ئەشۇ كۈنلەرنى سېغىندىم! بىز بىرگە مېھنەت سىڭدۈرگەن ئەشۇ كۆكتاتلىقلارنى، ئاپىمىز ئېتىپ بېرىدىغان ئەشۇ مېزىلىك تاماقلارنى، ھەربىرىڭلار ماڭا ئېيتىدىغان ھەربىر ئېغىز گەپلەرنى شۇنچىلىك سېغىندىم! ئاھ! سېغىنىش! » دەسلەپ رابىيەنىڭ ئانىسى ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان كۆز - يېشىنى تۇتالماي قۇيۇۋەتتى. ئاندىن ھەممىسىلا ھازا تۇتقان باللاردەك ئۈن سېلىپ يىغلاشتى.

ئاچارچىلىقمۇ جاندىن ئۆتمەكتە. رابىيەلەرنىڭ تام خوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن ھەر كۈنىلا غەۋغا كۆتىرىلەتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق ماجرا كۆتىرىلدى. رابىيە ئاخىرى تاقەت قىلالماي ئۇلارنىڭكىگە كىردى. ئەر- خوتۇنلار يەنە ئۇرۇشقان، ئايالنىڭ ئىككى قوللاپ بېشىنى تۇتىۋېلىشىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ چېچىدىن سۆرەپ ئۇرغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئائىلە شۇنچىلىك نامراتكى ئۆيىنىڭ ئوتتۇرسىدىلا بىر پارچە كىگىز سېلىنغان بولۇپ، قالدى يەرلەر داق پېتىم. ھېلىقى ئايال رابىيەنى كۆرۈپلا دەرھال تۇردىدە ــ يوقۇرى ئۆتسىلە سىڭلىم ــ دەپ ئۇنى تەكلىپ قىلدى. لېكىن ئۇ قەيەردە ئولتۇرشىنىمۇ بىلمەي قالدى.

ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا قىستىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. لېكىن ئاتا- ئانىسىنىڭ ماجىراسىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن سۆيۈنگەنلىكى ئۇلارنىڭ چىرايىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ باي بىر كىشىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ مۇلكىنى خىتاي ھۆكۈمىتى پرولېتارىياتلارغا تەقسىم قىلىپ مەجبۇرى بېرىۋەتكەنلىكىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ھەمدە ئۇنىڭ ھەركۈنى مۇشۇنداق ئۇرۇپ - خورلاپ تۇرىدىغان ئېرى ئەسلىدە بۇلارنىڭ ئائىلىسىدە ئىشلەمچى بىرى ئىكەنلىكىنىمۇ سۆزلىدى. بۇ ئايال بىر قاراشقىلا ئېسىل، ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېرى ئۆيگە يىگۇدەك بىر نەرسە ئەكەلمەيدىكەن. ئۆي ئىچىدە ئاچارچىلىق ھۆكۈمران.

رابىيە ئۇلارنىڭ نېمىشكە ھەركۈنى ماجىرا قىلىشىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ سورىغىنىدا، ھېلىقى ئايال مۇنداق دېدى:

_ بىر قانچە كۈن ئاۋال بىر قېتىم ئىسسىق ئاش ئىچكەندىن بېرى يەيدىغان بىر نەرسە يوق، ئۇنىڭ ئېرى ئۇنى بىر نەرسە ئوغرىلاشقا مەجبۇرلىغان، ياكى مۇشۇنداق تۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتۈش لازىملىقىنى ئېيتىقان. ئاخىرقى قېتىم ئەتكەن سۇيقاشنى بالىلىرىغا جىقراق بېرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېرى ئۇنى ئەشۇنداق ئۇرۇپ قىيىنىماقتا ئىكەن.

بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغان رابىيە ئۆيگە قايتىپ كىرىپ ئانىسىغا يالۋۇردى. « ئۇلارنىڭ دەرتلىرىگە دەرمان بولايلىچۇ ئاپا! » دەپ ئۆتۈندى. لېكىن ئۇنىڭ ئوچۇق قول، رەھىمدىل، سېخى ئانىسى ئۆزلىرىنىڭ رىزقىنى باشقىلارغا بېرىۋېتىپ، كېيىن ئۇلارمۇ ئەشۇلاردەك يامان كۈنگە قېلىشتىن قورقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارغا بىر نەرسە بېرىشنى رەت قىلدى. شۇنداقتىمۇ ئاخىرى ئۇلارغا ئازراق بىر نەرسە ئۆتنە بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن رابىيە ئۇلارغا ئۈچ ئوچۇم قوناق ئۇنى ئۆتنە قىلىپ ئەچىقىپ بەردى. بىر كۈندىن كېيىنلا ھېلىقى ئايال يەنە شۇ ئۈچ ئوچۇم ئۇننى قايتۇرۇپ ئەچىقىپ بەرگەن ئىدى. رابىيەنىڭ بۇ ئۇننى ھازىرچە قايتۇرۇپ ئالماسلىق ھەققىدىكى يالۋۇرۇشلىرىنى ئانىسى رەت قىلىپ:

_ ياق قىزىم، بىز ھېچكىمگە بىكارغا بىرنەرسە بېرەلمەيمىز _ دىدى قاتتىقلىق بىلەن. لېكىن شۇنداق دېگەن بىلەن ئۇنىڭ يۈرىگىمۇ تىلغىنىپ كېتىۋاتاتى. شۇ كۈنلەردە رابىيە بازاردىن ئېلىپ كەلگەن قوينىڭ باش، پاچاقلىرىنى ئانىسى پۇشۇرۇپ ھېلىقى خوشنىسىغا بىر كورا چىقارتىپمۇ

بەرگەن ئىدى.

خىتايلار بىسىپ كىلىشتىن بۇرۇن كەمبىغەللەرنىڭمۇ ئۆزلىرىگە چۇشلۇق ئىتىز - يەرلىرى بار ئىدى. بۇ يەرلەرنى خىتاي ھۆكۈمىتى مۇسادىرە قىلىپ، « يەر دۆلەتنىڭ » سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىجرا قىلغاچقا كىشىلەر شۇنداق ئاچارچىلىققا مەھكۇم بولغان ئىدى.

1962- يىلىدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە ئاچارچىلىق يامراپ كەتتى. رابىيەلەرمۇ بۇ ئاچارچىلىقنى ئۆز ۋۇجۇتلىرىدا سىزىشكە باشلىدى. ئۇلارمۇ زادىلا تويۇپ باقمىدى. بىرەر قېتىممۇ ئىككى قاچا سۇيقاش ئىچىپ باقمىدى. ئاچلىق شۇنداق دەھشەتكى، ئۇنىڭ كۆيدۈرگۈچ يالقۇنى كىشىنىڭ ئاشقازىنىدا ۋولقان پارتىلىتىدۇ! رابىيە ھەر ئايدا ھۆكۈمەت ئاشلىق تەقسىم قىلىدىغان ئاشلىق ئىسكىلاتىغا بارىدۇ. ئاشلىق دان، ئۇن، ياغ قاتارلىق جان ساقلاش دورىسىنى ئېلىپ، كىچىككىنە غالتەكنگە بىسىپ ئۆيىگە يول ئالىدۇ.

ئۇ ئۆيىگە يېقىن ئەمما بوش تاشلىنىپ قالغان بىر كىچىك ئەخلەت ئېتىزىنى، كەنت باشلىقىنىڭ رۇخسىتى بىلەن كۆكتاتلىق قىلىۋالغان ئىدى. ئۇ يەرگە شېكەر چامغۇر،كۆكمۇچ ، پەمىدور قاتارلىق كۆكتاتلارنىڭ ئۇرۇغىنى تېپىپ كېلىپ تېرىپ ئۇششاقلىققا ئايلاندۇرغان ئىدى. ئۇ باشقىلارنىڭمۇ نېمىشكە ئازراق ئىزدىنىپ باقمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ھەيران بولاتتى. بۇ ئادەملەر ھۆكۈمەت بەرگەن سەدىقىگىلا كۆنۈپ قالغان ئوخشايدۇ_ دەپ جەزىم قىلاتتى. شۇنداق زامانلارنىڭ بىرىدە « ئاشلىق ئوغرىلىغان » دېگەن گۇمان بىلەن ئون نەپەر دېھقاننى ۋە ئۇلارغا ياردەملەشكەن ئۈچ كىشىنى ھۆكۈمەت ئېتىپ تاشلىدى.

شۇ يىلى قەھرىتان كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ھېلىقى خوشنىسى يەنە ئۇن سوراپ كىردى. رابىيەلەر بۇ خوشنىلارنىڭ ئۇدا قانچە كۈنلەپ بىر نەرسە يېمىگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇن ئۆتنە ئېلىپ كېيىنكى كۈنىلا ئۇلارنىڭ كىچىك ئىككى بالىسىدىن باشقا ھەممىسىلا قېتىپ ئۆلۈپ قالدى. بۇنداق ئۆلۈم دەھشىتى ھەممىلا يەردە ئەگىپ يۈرەتتى. باي ناھىيەسىدە « ئاشلىق توپلاش » ئىسكىلاتىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالغان قانچە يۈزلىگەن ئۇيغۇرنىڭ خەۋىرى ئاڭلاندى. باي ناھىيەسىنىڭ باشلىقى، شەرقى تۈركىستانغا بىسىپ كىرگەن قوراللىق ئەسكەردىن بولۇپ، ئۇ بۇنداق قىممەتلىك ئۆلۈمنى مەدھىيلەپ مۇنداق يولىيورۇق چىقاردى: « بىز ماۋ

ئۇچۇن ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىشتا، تەنلىرىمىز يەنجىلىپ كەتسۇنكى، سۆڭەكلىرىمىز مىڭ پارچە بولۇپ كەتسۇنكى بىز چىداشلىق بېرىشىمىز كېرەك! » شۇ ئاچارچىلىق يىللىرى ئەمەلىيەتنى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ تەخمىن قىلىشىچە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 30 مىليون ئىنساننىڭ ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىگى ئېنىق.

رابىيەنىڭ ئانىسى كۈندىن - كۈنگە ئۇمىدىنى يوقاتماقتا ئىدى.بىر كۈنى ئۇ _ قىزىم بىز مۇشۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە قولىمىزدا بار ھەممە ئىقتىسادىمىزنى يەپ بولىمىز، مەن ھېچنىمىنى بىلمەيمەن، بىز يەنە نېمە بىلەن ھايات كەچۈرەرمىز- دېدى ئەندىشە ئىچىدە. ئۇلار ئاقسۇ نوپۇسىغا ئۆتكەنىكەن، ئەمدى ئالتايغا يۆتكىلىپ بارسا، نوپۇسسىز بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارغا ھۆكۈمەت ئاشلىق - تۈلۈك بەرمەيدۇ. ئەمما ئاقسۇدا نېمە بىلەن جان ساقلايدۇ! شۇنداق قىلىپ ئۇلار دادىسىغا بىر پارچە خەت يازدى. لېكىن دادىسىدىن كەلگەن خەتتە:

« قانداق قىلىپ مەن بىر ئۆمۈر تۈپلىغان بايلىقنى شۇنچىلىك قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە يوقىتىپ بولۇشتۇڭ! » دېگەن ئاچچىق سۆزلەردىن باشقا ياردەم يوق ئىدى. زۆھرە بەرگەن زەنجىرلىك ئالتۇن بىلەيزۈكنىمۇ بىردىن بىردىن پارچىلاپ سېتىپ خىراجەت قىلىپ بولغان ئىدى. زۆھرە ھەر ئايدا دېگۈدەك ئون - يىگىرمە يۈەن بېرىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭلىق بىلەن مۆشۈك ئاپتاپقا چىقسۇنمۇ!.

رابىيەنىڭ ئۇكىلىرى توختىماستىن بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ يېيىشەتتى. رابىيە بولسا سۇيقاشنى ئىچىپ، نېنىنى ئۇكىلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى. لېكىن ئۇنىڭ مەيدىسى ئىششىت ھۆلىغاندەك ئىگرايتتى. ئۇ پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىنمۇ بەكرەك ئائىلىسىدىكىلەرنى سۆيەتتى. ئۇ ئەشۇ ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىنى تاۋلىماقتا ئىدى.

(شۇناملىق كىتاپ 73.74.75.76.77. ۋە 78. بەتلەر)

( قوشۇمچە )

ئاچارچىلىق ئىنساننى روھى تەسلىم قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملىك چارىسى. ئىنسان تاماقسىز ھاياتتا قالالمايدۇ. بىر قانچە يىللاپ ئېغىر ئاچ قويۇلغان كىشى، ئۆمۈر بويى ئەسلىدىكى روھى جاسارىتىگە قايتىپ كېلەلمەيدۇ. ئىنساندىمۇ خۇددى ھايۋانلارغا ئوخشاشلا « رېپلېكس » شەرتى

مەۋجۇت. ئىنسان ئەڭ كۈچلۈك شىرنىمۇ ئاچ قويۇش ھىلىسى بىلەن ئۇسۇلغا دەسسەش ماھارىتىنى ئۆگىتىدۇ. ھەتتا ئەڭ يوغان، كۈچتۈڭگۈر فىلنىمۇ ئۇسۇل ئوينىتالايدۇ. بۇ نەتىجە پەقەت ئەشۇ كۈچلۈك ھايۋاننىڭ قارنىنى ئاچ قويۇش ۋە يېمەك بېرىش ئالدىدا « شەرتلىك رېپلېكس » ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇزۇن مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن بولىدۇ. ئەمما بۇ خىل ئورتاق ھىسسى خۇسۇسىيەتتىن بىزنىڭ بۈگۈنكى ئانىمىز ۋە رەھبىرىمىز رابىيە قادىر خانىم قانداقلارچە ئايرىم تۇرالىدى. ئۇمۇ ئەشۇ « ئاچ قويۇپ روھى تەسلىم قىلدۇرۇش » جازاسىغا يولۇققان ئىدىغۇ! مانا بۈگۈن ئۇنىڭ جاسارىتىنى، ئاسماننى زىلزىلىگە كەلتۈرگىدەك چەكسىز روھى غالىبىيىتىنى كۆرگىنىمىزدە _ بۇ روھنى پەقەتلا ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئۇنىڭ كىچىككىنە گەۋدىسىدە مۇجەسسەم قىلغان _ دېمەي تۇرالمايمىز! بۇ روھ ئۇيغۇرنىڭ روھى! بۇ روھ ئاللاھ مىللىتىمىزگە ئاتا قىلغان غالىپ روھ! بۇ داھىلىق روھى! بىز بۇ روھنى سۆيىشىمىز، بۇ روھنى قەدىرلىشىمىز ۋە بۇ مىللى غالىبىيەتلىك جەڭگىۋار روھنى ئۆزىمىزگە ئىنقىلاۋى شەجەرە قىلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئوتقا چۈشكەن پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، كۆيۈپ كېتىشىمىز كېرەك!.

14

ئابدىرىم _ ھېلىقى قوڭۇر چاچلىق، چېقىر كۆز يىگىت، ھېلىقى رابىيەلەر ئاقسۇغا كەلگەن تۇنجى كۈنى ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان، ھېلىقى بانكىدا ئىشلەيدىغان، ھېلىقى تۇل خوشنىسىنىڭ ئوغلى رابىيەگە ئەلچى كىرگۈزدى. بۇندىن بۇرۇنمۇ ئۇلار كۆپ قېتىم مۇشۇ مەقسەتتە ئەلچى ئەۋەتكەن ئىكەن. رابىيە بولسا ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ نىيىتىنى بىلمىگەن ئىدى. بۇ قېتىم ئۇنى قاتتىق چۆچۈتتى. ئۇ بۇندىن بۇرۇن ئابدىرىمنى ئۆز ئاكىسىدەك كۆرۈپ كەلگەن . ئۇئادەم شۇنچىلىك ئېغىر بېسىق، تېنچ كۆرۈنەتتى. ئۇ ھەر يەكشەنبە دەم ئالغان-لىرىدا رابىيە ئۇنىڭ قېرى ئانىسىنىڭ يېنىغا زىيارەتكىمۇ كىرىدىغان. رابىيەنىڭ ئانىسى ئەلچىلەرگە شۇنچىلىك تاۋازۇلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى ھەم « مەن كوچىلاردا تىلەمچىلىك قىلسامىمۇ رابىيەنى ئالى مەكتەپتە ئوقۇتىمەن » دەپ كەسكىن جاۋاپ بەردى.

ئۇلارنىڭ قولىدا ئەڭ ئاخىرقى ئىقتىساد بولۇپ ئىككى ئالتۇن

زەنجىرنىڭ ئىككى - ئۈچ تال پارچىسى قالغان ئىدى. رابىيە ئانىسىغا چۈشەندۈرەتتى، ئالتايغا قايتىپ شۇ يەردە كۆكتات تېرىپ، ئەگەر ھۆكۈمەت ئاشلىق نورمىسى بەرمىسىمۇ ھايات كەچۈرىشنى ئېيتتى. لېكىن ھۆكۈمەت ئۇلارغا يۆتكىلىش رۇخسىتى بەرمەيتتى. چۈنكى ئۇلار ئاقسۇغا نوپۇسقا ئورۇنلاشقان ئىكەن، بۇ يەردىن چىقىش يوق! ئابدىرىم بولسا ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى بېشەملەرچە ئىپادىلەپ رابىيەگە بىر پارچە خەت يازدى، « سىز بولسىڭىز پەقەتلا مەن ئۈچۈن ئاسماندا پارلاپ تۇرغان بىر چولپان!.... ». ئەمما رابىيەنىڭ بۇنداق تېتىقسىز خەتنى ئوقۇشقا مەيلى يوق ئىدى. ئۇ خەتنى ئاخىرىغىچە ئوقۇپ ئولتۇرمايلا يىرتىپ ئوچاققا تاشلىۋەتتى. چۈنكى ئۇ تېخى سۆيگۈ - مۇھەببەت دەيدىغان كوچىلاردىن بەكلا يىراق، ئۇ ئۆزىنى تېخى بەكلا كىچىك ھېس قىلاتتى. ئەگەر ئۇ توي قىلىشنى ئويلايدىغان بولسا، ئابدىرىمدىن باشقىمۇ نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئەلچى ئەۋەتىپ قۇلاق ئاغرىغى قىلغان ئىدى. رابىيەگە ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك قارايدىغان ئەرلەرمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا بۇنداق « توي قىلىش » ئاپىتىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرلا چارىسى مەيلى ھۆكۈمەت يۆتكىلىش رۇخسىتى بەرسۇن، مەيلى بەرمىسۇن شىمالغا _ ئالتايغا قېچىش ئىدى. شۇ ئاخشىمىلا ئۇلار نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئىككى ھارۋىغا باستى. ئۇلار ئاقسۇغا كەلگەن دەسلەپكى كۈنى زۆھرەنى ساقلاپ چۈشكۈن قىلغان ھېلىقى مېھمانخانىغا بارماقچى .

رابىيە ھەر بىر تونۇش - بىلىش، خۇلۇم خوشنىلار بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن چاپماقتا. ئۇ سىپايىلىك ۋە ھۆرمەت بىلەن ھەر بىر چوڭ كىشىلەرگە تازىم قىلاتتى. لېكىن ئۇ ئابدىرىمغا قارىمىدى. ھەم ئۇنى يامان كۆرەتتى. ھېلىقىلارنى _ ئۇنى ئۆز ئائىلىسىدىن، ئۇنىۋېرستېتتىن، ئۇنىڭ بارلىق يۈرەك ئارزۇلىرىدىن ئايرىۋېلىشقا ئورۇنغانلارنى، ئۇ يامان كۆرەتتى. شۇڭا ئۇلار بىلەنمۇ خوشلاشمىدى!.

رابىيەلەر ئەمدىلا ئاقسۇ يېڭى شەھەردىكى ھېلىقى مېھمانخانا ئالدىغا كېلىپ ھارۋىدىن چۈشىشى بىلەن تەڭ ئانىسى يۆكىلىنىپ يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭدا ھاياتلىقتىن دېرەك قالمىغان ئىدى. رابىيەنىڭ ئۇكىلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىپ يىغلىشاتتى. بىر قانچە نەپەر كىشى ئۇنى كۆتىرىپ ھارۋىغا سېلىپ دەرھال دوختۇرخانىغا يول ئېلىشتى. بىراق دوختۇرخانا تاقىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار قانچە سائەتلەپ دوختۇر ئىزدىدى. ئاخىرى ئۇلار بىر كىچىك داۋالاش پونكىتىنى تېپىپ ئانىسىنى ئورۇنلاشتۇردى.

« ئوماق قىزىم، ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىڭلار! » دەپ يىغلايتتى زەئىپ ئاۋازدا ئۇنىڭ ئانىسى دوختۇرغا كىرگەن كۈنىنىڭ ئەرتىسى. ئەمما ئۇ قاق ئون ئۈچ كۈن كېسەل كارۋىتىدا قىمىرلىماي ياتتى. ئۇنىڭ قىزىتمىسى زادىلا چۈشمەيتتى. بۇ كۈنلەردە رابىيە ئۆكىلىرىنى بەزلەپ، ئۆز ۋاقتىدا دادىسىدىن ئاڭلىغان قەھرىمانلارنىڭ ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ھەمدە ئۆز باشلىرىغا كېلىۋاتقان بۇ ئېغىر كۈنلەرنىمۇ ئۆكىلىرىغا چۈشەندۈرەتتى. مېھمانخانىنىڭ ئىجارىسىنى تۆلەش، يېمەك-ئىچمەك ۋە باشقا لازىملىق نەرسىلەرگە ئىمكان بار تېجەشلىك بىلەن خىراجەت قىلىش لازىملىقىنىمۇ ئۇلارغا بىر بىرلەپ چۈشەندۈرەتتى. ئۇ ھەر بىر تىيىنىنىمۇ كۈندە ئاز دېگەندە ئون قېتىملاپ ساناپ چىقاتتى. دوختۇرغا كىرىپ ئون بەش كۈندىن كېيىن ئىككى ياستۇقنى قوشلاپ قويۇپ بەرسە يۆلىنىپ ياتالىغۇدەك بولدى رابىيەنىڭ ئانىسى. ئۇ زۆھرەنىڭ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايۋاتقانلىقىدىن نارازى ئىدى. لېكىن زۆھرەمۇ ئۆز ھالى بىلەن بولۇپ، ئۇلارغا ياردەم قىلالمايتتى. ئۇ ئاران ئىككى قېتىمچە ئۇلارنى يوقلاپ كەلدى ۋە بىر ئاز نەق پۇلمۇ بەرگەن بولدى. ئۇ ھەر قېتىم كەلگىنىدە ئانىسىنىڭ كېسەل ھالىدىن قايغۇرۇپ ئېچىنىشلىق يىغلايتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆكىلىرىمۇ يىغلىشاتتى. ئانىسى بولسا ئۇنىڭ يىغلاشلىرىنى ئانچە ياقتۇرمايتتى.

كېچىلىرى رابىيە ئۇيقۇغا كەتكەن ئۆكىلىرىنىڭ يۈزلىرىگە سىنچىلاپ قارايتتى. تاتلىق ئۇيقۇدىكى ئۆكىلىرى ئۇنىڭغا بىرى يەنە بىرىدىن گۈزەل كۆرۈنەتتى. كوچىلاردا، ئەخلەتخانىلاردا يۈرگەن يېتىم باللارچۇ! « ئاھ ! خۇدا! سۆيۈملۈك ئاللاھ! مۇشۇ ئېغىر كۈنلەرنى تېزرەك ئۆتكۈزىۋەتكىن! » دەپ، ئاللاھقا تېۋىناتتى ئۇ چىن ئىخلاس بىلەن. ئۇ خېلە ئۇزۇندىن بېرى بۇگۈنكىدەك قەلبىدىن تېۋىنمىغان ئىدى. ئەمما نېمىشكىدۇر ئۇ بۇگۈن ئاللاھقا يالۋۇرۇپ ئىلتىجا قىلاتتى، ئىزدىنەتتى ۋە ئاللاھنى تاپقان ئىدى!.

دوختۇر ئۇلارغا ئانىسىنىڭ ناھايىتى ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەلگە دۇچار بولغانلىقىنى، ياخشى داۋالىنىشى كېرەكلىكىنى، ئاز دېگەندە يەنە بىر ئاي دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشى لازىملىقىنى ئېيتتى. لېكىن بۇنىڭ ھەممىسى پۇل بىلەن بولاتتى!.

يەنە ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ئۇلار ئانىسىنى دوختۇرخانىدىن قايتۇرۇپ چىقىشتى. رابىيەگە ئانىسى مۇنداق بىر دورا قىلىش ئۇسۇلىنى ئېيتتى:

قىزىم رابىيە، مېنىڭ بۇ كېسىلىمگە بەلكىم تاۋۇزنىڭ ئىچىگە چۈجە (توخۇنىڭ بالىسى) گۆشىنى سېلىپ، ئۇنى تونۇردىكى قوقىقا كۆمۈپ پۇشۇرۇپ بەرسەڭ پايدىلىق بولار دەپ ئويلايمەن. قىزىم شۇنداق قىلغىن. مەن تىزراق يەر دەسسەپ قوپۇشۇم كېرەك .

رابىيە ئانىسىنىڭ شۇنداق قىممەتلىك بىر پەلتۇسىنى ئۈچ دانە چۈجىگە تېگىشتى. ئانىسى ئېيتقاندەك ھەممىنى بەجا كەلتۈردى. ئۇ قوغ ئاستىغا كۆمۈپ پۇشۇرغان تاۋۇز ـ چۈجىنى بىر لېگەنگە سېلىپ، ھور چىقىپ تۇرغان ھالدا ئانىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئانىسى ئىشتىھا بىلەن تاۋۇز سۈيىنى ئىچەتتى ۋە ئېھتىيات بىلەن چۈجە گۆشىنى يەيتتى. كېيىن تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ سائەتلەپ ئۇخلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇدا ئۈچ كۈن تاۋۇز ـ چۈجە ئىستىمال قىلدى. خۇداغا شۇكرىلەر بولسۇن! ئانىسىنىڭ قىزىتمىسى بىردىنلا پەسلىدى. رابىيە شاتلىقتىن يەتتە قات ئاسماندا پەرۋاز قىلاتتى!.

( شۇ ناملىق كىتاپ 79.80.81. ۋە 82. بەتلەر)

( قوشۇمچە )

تېخى ئەمدىلا ئون بەش ياشلاردىكى بىر قىزنىڭ بېشىغا يۈكلىنىۋاتقان ئالەمچە دەرت - ھەسرەتلەرنىڭ جاۋاپكارلىرى زادى كىملەر ئىدى؟! - بۇنى ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ئۆزى ئىسپاتلايدۇ. كىچىككىنە بىر قىز تارتقان ئەشۇ تاغدىن ئېغىر دەردۇ - بالالارنى بىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمىز، مىليونلىغان ئۇيغۇر ۋە بىزلەرمۇ يېتىپ ئاشقۇدەك تارتقان. لېكىن ئۇنىڭغا قانچىلىك دەرىجىدە ئىنكاس قايتۇرغانلىقىمىزنى ئۆزىمىز ياخشى بىلىمىز! بۈگۈنكى غالىپ ئانا! بۈگۈنكى غالىپ قەھرىمان ـ دۇنيانى تاڭ قالدۇرىۋاتقان رابىيە قادىر خانىم ئەنە شۇ دەرتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر كىچىك قىز ئىدى. ئۇ ھەربىر مۇشەققەتكە دۇچ كەلگىنىدە، ئۇنىڭ جاۋاپكارلىرىنى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ يېڭىلمەس روھى ئەشۇ ئازاپ -ئوقۇبەتلىك يىللاردا بىخ سۈرگەن، تاۋلانغان. ئۇ روھ بۈگۈن ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن زۇھۇر قىلىپ ئۆز غالىبىيىتىنى جارى قىلدۇرماقتا! روھ مەڭگۈلۈكتۇر. روھ ئۆلمەيدۇ. ئۆز كىشىلىك روھىنى تەربىيلىگەن، ئۇ روھنىڭ تەقەززاسى بىلەن ياشىيالىغان كىشى روھنىڭ ئىجرائاتچىسىدۇر. ئۆز روھىنى مۇھاپىزەت قىلالمىغان، روھى پاكلىقىنى دەپسەندە قىلغان، روھى تەقەززالىقىنى ۋەيران قىلغان كىشى ئۆز روھىغا خىيانەت قىلغان بولۇپ، گەرچە جىسمانى جەھەتتىن ياشاۋاتقان بولسىمۇ،

ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ روھى ئۆز تەقەززاسى بىلەن ئۇ جىسمىنى تاشلىۋەتكەن بولىدۇ.

بىزنىڭ، روھى پاكلىقنىڭ ئىجرائاتچىسى بولغان ئانىمىز ــ رەھبىرىمىز رابىيە قادىر خانىمنى قۇۋۋەتلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، مىللى ھەرىكىتىمىزنى داغدام ئىلىپ بىرىشىمىز مانا بۇ ئۆز روھىمىزنىڭ تەقەززاسى، مىللى روھىيىتىمىزنىڭ راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەتتۇر!

## 15

ئەرتىسى ئەتىگەندە بىر كىملەر ئىشىكنى قاقتى. ئۇلار ئابدىرىم، ئانىسى ۋە تاغىسى ئىدى. ئۇلار بەش دانە نان ۋە بىر ئاز قەن - گىزەكنى زەللە قىلىپ ئالغاچ كەلگەن ئىدى. رابىيەنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ كىتىشىنى ئۆتۈندى. ئۇ كارىدوردا ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى ھاياجان ئىچىدە تىڭشىماقتا. ئابدىرىمنىڭ تاغىسى گەپ باشلىدى:

ــ سىزنىڭ خىلە ئۇزۇن كىسەل تارتقانلىقىڭىزنى ئاڭلىدۇق، ئەگەر سىلەر ئالتايغا كۆچۈپ كەتمەكچى بولساڭلار، ئۇ يەردە نوپۇسسىز بولۇپ قالىسىلەر، ئايلىق نورما ئالالماي، ئاچلىقتا بوغۇلىسىلەر، ئەگەر بۇ ياققا قايتىپ كەلسەڭلار، بۇ يەردىمۇ نوپۇسسىز بولۇپ قالىسىلەر، شۇڭا بىز بۇ يەردە سىلەرنى ياخشى ھىمايە قىلىمىز .

ئابدىرىمنىڭ ئانىسىمۇ سۆز ئالدى:

ــ بىز ئىككى نەپەر دۆلەت كادىرى ۋە بىر مەھەللە باشلىقى بولۇپ، سىلەرنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرالايمىز، ئەگەر سىلەر سۆيۈنىدىغانلا بولساڭلار سىلەرنىمۇ ئۆز ئۆيىمىزگە بىراقلا ئىلىپ كىتىمىز، سىلەرمۇ بىزنىڭكىدە ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرساڭلار بولىدۇ. لىكىن بىز شۇنچىلىك شاتلىنىمىزكى، ئەگەر سىز قىزىڭىز رابىيەنى ئوغلىمىزغا ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولسىڭىز، بۇ ھەممىمىز ئۇچۇن بەخىت بولاتتى. شۇنىمۇ ئىيتىپ قۇيايلىكى، ئوغلىمىز ئابدىرىم ئاقسۇدىكى ھەرقانداق بىر قىزنى ئالىمەن دىسە ئالالايتتى. قىزلارمۇ ياق دىمەيتتى، لىكىن ئۇ پەقەتلا رابىيەنى خالايدۇ. بىر يىلدىن بىرى ئۇ بىزنىڭ يۈرىگىمىزنى يەپ بولدى. ئۇ كىيىنكى ئون بەش كۈندىن بىرى ئائىلەڭلەرنى كۈزىتىپ يۈردى، سىز دوختۇرخانىدىكى چاغدىمۇ ئۇ سىلەرگە يىقىن يەرلەردىلا بولدى. سىلەر ئۆيقىدىكى چاغلاردىمۇ ئۇ ئويغاق، سىلەرنى ــ رابىيەنى كۆرۈشكە

تەشنا بولۇپ، مۇشۇ ياقلاردا ئايلىنىپ يۈردى. ئەمما ئۇ رابىيەنىڭ ئالدىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي كۆپ ئازاپلاندى.

بۇ گەپلەرنى سىرتتىن ئاڭلاپ رابىيە ئۆزىنى يوقاتماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنى جانسىز مۇردىدەكلا ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ تىزلىرى پۈكۈلۈپ، يەرگە يىقىلىپ چۈشىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئەگەر ئانىسى « ماقۇل » دېۋەتسە، ئۇ چاغدا قانداق قىلغۇلۇق؟ دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئانىسى سۆزگە كىرىشتى. لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى بەك زەئىپ بولغانلىقى ئۈچۈن رابىيە ئاران - ئارانلا ئاڭلاۋاتاتتى:

— چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن، سىلەرنىڭ بۇ ئادىمگەرچىلىكىڭلار ۋە مېنى بۇ ھالدا يوقلاپ كەلگىنىڭلار ئۈچۈن. مەن ئوچۇغىنى ئېيتسام قىزىمىز تېخى توي قىلىش يېشىغا يەتمىدى. ئۇ بەكلا كىچىك.

كېيىن ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئابدىرىمغا مۇنۇلارنىمۇ ئېيتتى:

سىزنىڭ قىزىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىڭىز ماڭا ئايان، ئۇ شۇنداق ئالاھىدە بىر قىز، ئۇ شۇنداق سۆيگۈگە ئېگە يارىتىلغان. بىراق مەن ئۇنى داۋاملىق ئوقۇتىمەن. كېيىن ئۇ ئالتايغا قايتىدۇ. سىلەرگە كۆپ رەھمەت! دەستۇرخانىڭلارنىمۇ ئېلىپ كېتىڭلار.

ئابدىرىمنىڭ چاۋاش ئانىسى كىكىردىكىنى قىرىپ — سىز قىزىڭىزنى بىزگە بەرمىسىڭىزمۇ يەنىلا بىزنىڭ خوشنىمىزغۇ، بىز ھەدىيەلىرىمىزنى سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن، مۇشۇ يەردە قالىدۇ – دېدى. ھەم ئەڭ ئاخىرقى قېتىم رابىيەنىڭ ئانىسىغا يېلىنىپ، — مەن شۇنى ئارزۇ قىلىمەنكى، سىز تەكلىۋىمىزنى يەنە بىر قېتىم ئويلاپ كۆرسىڭىز - دېدى. ئۇلار ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشىگىلا رابىيەنىڭ ئانىسى يەنە ھوشسىزلىنىپ يۆكىلىنىپ قالدى.

ئۇلار بۇ مېھمانخانىدىن باشقا بىر يەرگە يۆتكىلىپ، يول تەييارلىقىنى قىلىشقا تۇتىنىۋاتقاندا، رابىيەنىڭ دادىسىدىن بىر پارچە خەت كەلدى. خەتتە قىسقىلا مۇنۇلار يېزىلغان « بالىلىرىم! سىلەر ئاقسۇدا تۇرۇڭلار، ئەگەر بۇياققا يۆتكىلىپ كەلساڭلار، مېنىمۇ ئاپاڭلارنىمۇ ھۆكۈمەت تۈرمىگە قامايدۇ، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى بەك يامان. »

رابىيە دادىسىغا خەت يېزىپ، دەرھال بۇياققا - ئاقسۇغا كېلىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى، دادىسىدىن « يول خېتى » ئالالمىغانلىقى توغرىسىدا جاۋاپ

كەلدى. مۇشۇنداق ئۇمىدسىز چاغلاردا ئابدىرىم يەنە ئانىسىنى ۋە تاغىسىنى ئەلچىلىككە كىرگۈزدى. رابىيەنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتماقتىنا ئىدى. ئۇ ئەھۋالنى تولۇق چۈشىنىشى كېرەك ئىدىكى ــ ئاقسۇدا قانداق قىلغاندا ھاياتلىقنى ساقلاپ قالالايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر چارە تاپتى ۋە ئانىسىغا چۈشەندۈردى:

ــ ئاپا، بۇ كىشىلەرنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، مېنىڭ بىر قانچە شەرتلىرىم بار، ئۇلار بىزنى ھەممىمىزنى بىرگە ئېلىپ كېتىشكە، بىزنىڭ بۇرۇنقى ئۆيىمىزنىڭ ئىجارىسىنىمۇ ئۇلار تۆلەشكە، ھەممىمىزگە ياخشى غەمخورلۇق قىلىشقا ماقۇل بولسا، مەن توي قىلىشقا قوشۇلىمەن .

ئۇلار كىرىشتىن ئاۋال رابىيەنىڭ ئانىسى كۆزىدىن ئۇزۇلمەي تۆكىلىۋاتقان ياش مۇنچاقلىرىنى كۆينىكىنىڭ يېڭى بىلەن تېزلا سۈرتتى. رابىيە سىرىتتىنا ــ ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ گەپ تىڭشاۋاتاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى ئۇ ئېيتقان شەتلەرنى ئۇلارغا قانداقمۇ سۆزلىيەلىسۇن؟ رابىيە ئۆزى ئۆيگە كىرىپلا ــ ئاپام سىلەرنىڭ تەلىۋىڭلارنى قوبۇل قىلدى، سىلەر ھەممىمىزنى بىرگە ئېلىپ كەتسەڭلار بولىدۇ - دېدى. لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرى ھوداققا سالغاندەك چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن ئىدى. ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدىنمۇ تەر تامچىلايتتى. ئۇ دەرھال كېيىكتەك چېپىپلا ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. ئۇ ئۆزىنى قۇپ - قۇرۇق ھېس قىلماقتىنا! ئابدىرىمنىڭ ئەلچىلىرى ئۇنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلدى. لېكىن ئۇلارمۇ شەرت قويۇشتى، « شۇنداق قىلايلۇق، بىراق بۇ ئىشنىڭ كاپالىتى ئۈچۈن باللار ھازىرلا توي خېتى ئالسۇن، ئەتىلا تويىنى قىلىۋېتەيلى ».

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئابدىرىم ۋېلىسىپىتلىك كېلىپ رابىيەنى ئالدى. بەش مىنۇتمۇ ئۆتمەستىن ئۇلار توي خېتى بېجىرىش ئىشخانىسىغا يېتىپ كېلىشتى. ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان خەت ئۇلارغا تاپشۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ رابىيەنىڭ بولغۇسى يولدىشى ئۇنى مېھمانخانىغا ئەكىلىپ قويدى. ئۇلار يول بويى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى. ئەرتىسى ئەتىگەندە ئۇلار يەنە ۋېلىسىپىتقا مىنگىشىپ توي زالىغا قاراپ يول ئالدى. رابىيە بوغۇق ئاۋازدا، چىشىنى چىشلەپ، ــ بۇ يېقىندا ساتراچخانا بارمۇ؟ - دەپ سورىدى ئابدىرىمدىن. ئۇنىڭ بىر ئېغىز بولسىمۇ سۆزلىگىنىدىن سۆيۈنگەن ئابدىرىم خوشاللىقىنى باسالماي ــ ئەلۋەتتە، مۇشۇ يەردىلا بار دېدى - دە، قايرىلىپلا چوڭ بىر ساتراچخانىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ سىرتتا قالغان ئىدى. رابىيە ھەممە

كىشىنى مەھلىيا قىلغان ئەشۇ بىلەكتەك ئۈرۈمە سۇمبۇل چېچىنى قۇلاقنىڭ تۈيىدىن كەستۇردى. ئۇ پارقىراپ تۇرغان ئىككى كېسىم چاچنى بىلىكىگە تاشلاپ ئابدىرېمنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە _ قاراڭ! سىز كۆيۈپ قالغان سۇمبۇل چېچىمنى كەستۇرىۋەتتىم - دىدى زەردە بىلەن. ئابدىرىم ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى يوشۇرۇپ لېۋىنى چىشلىگىنىچە ئۈنچىقمىدى. ئۇ رابىيەنى قايتۇرۇپ ئاپىسىنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ قويدى. رابىيە كۆڭ بويى « ئەمدى ئۇ مېنىڭ بىلەن توي قىلمايدىغان بولدى » دەپ، بىردە خوشال ئىدى.

رابىيەنىڭ ئانىسى ھارغىن ھالدا ئابدىرېمدىن سورىدى _ ئەمدى قانداق قىلاي دەيسىز؟.

_ ئەگەر سىلە قوشۇلسىلا رابىيەنى بىرگە ئېلىپ كېتىمەن شۇ _ دېدى ئۇ جاۋابەن. لېكىن رابىيە يەرگە تاشلىنىپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن سىرغىپ چۈشكەن تۇزلۇق ياشلىرى لەۋلىرىنى نەمدەيتتى. ئۇ پەقەت ئانىسىنىڭ ھاۋالىسىنى كۈتەتتى.

_ ئورنىڭدىن تۇر! كىيىملىرىڭنى بوخچىلا! ھازىرلا كېتىشىڭ كېرەك!_ دېدى ئانىسى ئۇنىڭغا كەسكىن بۇيرۇق قىلىپ. ئىشىككىچە بېرىپ ئارقىغا بۇرۇلدى ئابدىرىم ۋە « ئاپا بىز كەتتۇق! » دېدى. لېكىن ئۇنىڭ ئانىسى ئۈنچىقمىدى.

بەش مىنۇت ئۆتمەيلا ئۇ رابىيەنى بانكىنىڭ زالىغا ئېلىپ كەلدى. زالدا يۈزدەك ئىشچى، خىزمەتچى كۈتۈپ تۇرۇشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەتتە - سەككىزچە خىتايمۇ بار ئىدى. ئۇلار قىز - يىگىتنى قارشى ئېلىپ چاۋاك چېلىشتى. ئابدىرىم تويلۇق داستۇرخان ئۈچۈن ئالغان ئىككى كىلوچە كەمپۈتنى تارقاتتى. بۇ چاغدا _ 1963. يىلى ئىيۇلدا ئابدىرىم يىگىرمە يەتتە ياشتا، رابىيە ئون بەش ياشتا ئىدى. ئۇلار ئەسلا مۇناسىپ كەلمەيتتى. ئۇ رابىيەنىڭ بارمىقىغا بىر تال ئۈزۈكنى سالماقچى بولدى. لېكىن رابىيە _

_ مەن سىزنىڭ ئۈزۈكىڭىزنى سالمايمەن، لېكىن سىز بىلەن بىر ئائىلە قۇرىمەن - دېدى. ئابدىرىم بولسا ئۇنىڭغا قارشى بىر نېمە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. رابىيە توي قىلىۋاتقانلىقىنى زادىلا ھېس قىلالمايتتى. ئۇ خۇددى توي زالىدا بىر ئىشقا يارىدەملىشىش ئۈچۈن كەلگەن قىزدەك تۇيغۇدا ئىدى. ئۇ بېشىغىمۇ توي رومىلى ئارتمىغان ئىدى. زالنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تامنىڭ يېنىغا بەش دانىچە ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، تامغا « ئۇيغۇرچە توي » دېگەن پىلاكات ئېسىلغان ئىدى. ئورۇندۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكىدە ئابدىرىم بىلەن رابىيە

ئۆلتۈردى. تويدا نە دۇتتار چېلىنسۇن، نە ناخشا ئېيتىلسۇن، نە ئۇسۇل ئوينالسۇن. ئەكسىچە ماۋنى كۈيلەيدىغان كوممۇنىستچە شېئىر، قوشاقلار ئېيتىلاتتى.

ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تويىغا خىتاي دەيدىغان نەرسە يېقىن يولىمايدىغان . شۇڭا ئابدىرىم ئىشلەيدىغان بانكىنىڭ باشلىقى خىتاي كىرىپ كەلگەندە رابىيە ئۇنىڭدىن سورىدى:

_ بۇ خىتاي بىزنى بىئارام قىلىپ بۇ يەردە نېمە قىلىدۇ؟.

_ ئۇ مۇشۇ تويىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋە ھەممە ئىشلارغا ياردەملەشتى. شۇڭا ئۇنىڭغا رەھمەت دېيىشىڭىز كېرەك! _ دېدى ئابدىرىم رەسمەن سۆزلەپ. لېكىن رابىيە ھاقارەت قىلغان تەرزدە مۇنداق دېدى

_ سىز بۇ ئادەمگە رەھمەت ئېيتسىڭىز بولغۇدەك، ئەگەر خىتايلار ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالمىغان بولسا، سىز مېنى ھەرگىز ئالالمىغان بولاتتىڭىز ئەمەسمۇ! ئابدىرىم ئۆزىنى بىر ئاز قاچۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېخىمۇ خورلىنىشىدىن قورققان ئىدى. بىر ئاز كېيىن بىر خىتاي ئابدىرىمنى ئۆزىگە تارتىپ « سەن بەك چىرايلىق بىر قىزنى ئېلىۋاپسەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاجايىپ ئۇچمەنلىك چىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما دىققەت قىل، ئۇ سېنى بۈگۈن ئاخشاملا ئۆلتۈرۈپ قويمىسۇن يەنە » دېدى پىچىرلاپ. ئابدىرىم مەردانىلارچە كۈلۈپ قويۇپ، جاۋابەن مۇنداق دېدى، « ئۇ مېنى ئۆلتۈرمەيدۇ، ئەكسىچە سېنى ئۆلتۈرىدۇ ». ئۇلار قاتتىق كۈلۈشتى.

بىر خىتاي كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ سۆزلىگىلى باشلىدى. بىر نەپەر ئۇيغۇر تەرجىمان ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلدى. « پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۇلۇق داھىمىز ماۋنىڭ يېتەكچىلىكىدە، باش مىنىستىر جۇ ئېن لەينىڭ ھىمايىسى ئاستىدا بىزنىڭ ئىشچىمىز شۇنداق بىر گۈزەل قىزغا ئۆيلىنىشكە مۇۋەپپەق بولالىدى. بۇنداق بەختلىك مىنۇتلاردا بۇلار بىرلىكتە بىر دانە كەمپۈتنى چىشلەپ، تويىنى تەبرىكلىسۇن! ».

رابىيە ئۆزىنى قاچۇرۇپ، « بۇنداق قىلالمايمەن » دېدى. ئۇنىدىن كېيىن يەنە ، « ئۇنداق بولسا، بۇلار كۆپچىلىككە ئۈچ قېتىم تازىم قىلىپ سالام بەرسۇن! » رابىيە بۇنىمۇ رەت قىلدى. ئابدىرىم ئۇنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا قىلىقىنى زورلاشلىرىدىن قوغدايتتى.

« ئەگەر بىزنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىمىز بولمىغان بولسا، بىز بۈگۈن بۇنداق چوڭ خوشاللىققا ھەرگىزمۇ ئېرىشەلمىگەن بولاتتۇق! » دەپ سۆز

باشلىدى ھېلىقى خىتاي. ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ چاۋاك چېلىشتى ۋە « ماۋ مەڭگۈ ياشىسۇن! پارتىيىمىز مەڭگۈ ياشىسۇن! جۇ ئېنلەي مەڭگۈ ياشىسۇن! » دەپ چىرقىراشتى. رابىيەنىڭ بۇنداق تېتىقسىز، بىمەنە، لاۋزا پاراڭنى ئاڭلاشقا زادىلا رايى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ بارماقلىرىنى قۇلىقىغا مەھكەم تىقىپ، كۆزىنىمۇ يۇمىۋالغان ئىدى. بىر خىتاي دەرھال ئابدىرىمنىڭ يېنىغا كېلىپ چىرقىراپ كەتتى، « سېنىڭ بۇ ئايالىڭ بەك خەتەرلىك ئىكەن، دىققەت قىل، بولمىسا سېنىڭ ئىددىيەڭنىمۇ زەھەرلەپ قويمىسۇن! » ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىدىن ئابدىرىم قورقۇنچ ھېس قىلدىمىكىن، ئۇ كىچىك بالىنى سىلكىگەندەكلا رابىيەنىڭ قولىنى تۆۋەنگە چۈشۈرىۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ تويمۇ ئاخىرلاشتى. كۆپچىلىك كەمپۈتلەرنى يانچۇقلىرىغا سېلىشىپ تارقىلىشقا باشلىدى. بىر تۇركۈم كىشىلەر ئابدىرىم بىلەن رابىيەنى ھوجرا ئۆيگىچە يېتەكلەپ كېلىشتى. ھوجرا ئۆي توي زالىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئائىلىلىكلەر قوروسىدا ئىدى.

كىچىك ھوجرا ئۆيىنىڭ بىر تېمىدا ماركس، ئېنگىلس، لېنىن، ستالىن، ماۋ لارنىڭ رەسىملىرى چاپلانغان بولۇپ، ئۇدۇلدىكى تامغا تاقاپ بىر كىچىك شىرە، ئىككى دانە ئورۇندۇق قويۇلغان. ھوجرىدا بىر كىشىلىكتىن ئىككى كارۋات قويۇلغان ئاددىلا بىر يىگىت ئۆيى ئىدى.

_ توي تۈگىدى مېنى ئاپامنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇڭ! مەن ئارتۇقچە ئاۋارە بولۇشنى خالىمايمەن! - دېدى رابىيە كەسكىن تەرزدە.

_ ياق! ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ. خەقلەر ئۇستۈمدىن نېمە دەيدۇ ئەتە! سىز نېمە دېسىڭىز مەن ماقۇل بولىمەن، سىزنى خاپا قىلمايمەن، بۈگۈن مۇشۇ ئۆيدە قېلىڭ.

شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككىسى ئۆز كارۋاتلىرىدا ئارام ئالماقچى بولۇشتى. ئاق رەڭ بىلەن، قارا رەڭ ئارلىشىپ كەتكەندەك، ھەم توي، ھەم ئازاپ گىرەلىشىپ كەتكەن ئىدى. رابىيە ئەرتىسى ئەتىگەندە يولدىشى تەييارلىغان ناشتىلىقنى قول تەككۈزمەستىن ئوراپ _ بۇلارنى مەمەتكە ئاپىرىپ بېرىمەن - دېدى. ئۇنىڭ يولدىشى ئۇنى مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويدى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا رابىيە قېرىنداشلىرىنى بۇرۇنقى ئۆيىگە كۆچۈرۈپ ئاپىرالايتتى.

( شۇ ناملىق كىتاپ 83.84.85.86.87.88. ۋە 89. بەتلەر)

( قوشۇمچە )

ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى پۇراپ تۇرغان بىر كىچىك سەبى قىزنىڭ، ئالەمگە سىغمىغۇدەك ئارزۇ- ئارمانغا تولغان بىر قىزنىڭ نېمىشكە بىر كېچىلىك چۈشتەكلا بارلىق ئۈمۈتلىرى توزۇپ كېتىدۇ؟ نېمىشكە ئۇنىڭ بېشىغا شۇنچىلىك كۆلپەتلەر قار - يامغۇردەك يېغىپ تۇرىدۇ؟ ئۆزى قونچاق ئويناپ يۈرىدىغان ياشتىكى بىر كىچىك بالىغا دۇنيانىڭ بۇ قەدەر ئېغىرچىلىقى نېمىشكە ھەسسىلەپ چۈشىدۇ؟

_ خىتايلار جاۋاپكار! ياق! ئەشۇ ماناس دەرياسى بويىدا ئازاتلىقنى تىزگىنلىگەن، ئەركىنلىكنى تىزگىنلىگەن، بىر مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئوينىغان بىزنىڭ رەھبەرلىرىمىز جاۋاپكاردۇر!.

بىر مىللەتنىڭ ئازاتلىق ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلغان كىشىلەر بىزنىڭكىدەك بولسا، ئۆلۈمگە باش ئەگسە، ئۆزلىرى دۈشمەننىڭ ئالدىغا بارسا، تەكرار - تەكرار « توختام » غا ئالدانسا، ئۆزلىرىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدۇ. خەلقىنىڭمۇ ئەشۇنداق مۇنقەرز بولىشىغا سەۋەپچى بولىدۇ! ئەينى ۋاقىتتا تۇمەن مىڭلىغان رابىيەلەر ئۆز ئارزۇلىرىغا خىلاپ ھالدا بەربات بولغان بولسا، ئاردىن قىرىق يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، مىليونلىغان رابىيەلەر جان بېقىش ئۈچۈن ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئاقماقتا. ئەجداتلارنىڭ خائىنلىقى، ئەجداتلارنىڭ خاتالىقى بۈگۈنكى ئەۋلاتلارنى بوغماقتا.

بۈگۈن بىزنىڭ رەھبىرىمىز، ئەشۇ دەرتلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئانىمىز رابىيە قادىر خانىمنىڭ قولىدا بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قولىدا كەلگۈسى ئەۋلاتلارنىڭ تەقدىرى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قايتا بىر قېتىم « ماناس دەرياسى بويىدا » توختاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن بىر مىللەت سۈپىتىدە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىشىمىز كېرەك! ئۇنى تالدۇرۇپ، ئۇنى بۇ دەۋادىن سەسكەندۇرۇپ « يىتىم قالدۇرۇش » سۈيقەستىنى ئىشلىتىدىغان بولساق، كەلگۈسىنىڭ جاۋاپكارى ھەرگىزمۇ رابىيە قادىر خانىم ئەمەس، بەلكى ھازىرقى پۈتۈن بىر مىللەتتۇر. چۈنكى رابىيە خانىم زىممىسىگە چۈشكەن مەجبۇرىيىتىنى ھەسسىلەپ ئادا قىلدى.

## ئىككىنچى بۆلۈم

# قىسمەتتىن ھىممەت غالىپتۇر

### 16

ئۇنىڭ ئانىسى ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەن ھالدا _ بۇ نېمە گەپ! سەن تۇنۇگۈن توي قىلدىڭ، ئېرىڭنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇشىڭ كېرەك! _ دەپ كايىپ كەتتى.

_ ياق، ئاپا مېنىڭ ئۇلارغا قويغان شەرتلىرىمنى ئۇنۇتماسلىقىڭىز كېرەك، مەن سىلەردىن ئايرىلىپ بىر كۈنمۇ ياشىيالمايمەن _ دېدى رابىيە كەسكىن تەلەپپۇزدا.

_ قىزىم، بۇنداق قورقۇنچاقلىق سېنىڭ يېشىڭدىكى ھەرقانداق بىر كىچىك قىزلاردا بولىدىغان ئادەت، لېكىن سەن تۇغۇلىشتىنلا چوڭ بىر مومايدەك دۇنياغا كەلگەن ئىدىڭ _ دېدى ئۇنىڭ ئانىسى دىققىتىنى بېرىپ. قارىغاندا ئانىسى ئۇنىڭ بۇ ئائىلىگە ئۆزىنى تەقدىم قىلىشى كېرەكلىكىنى كۆڭلىدىن قوبۇل قىلغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن « رابىيە » نىڭ ھاياتىدىكى بالىلىق ۋە گۆدەكلىك چاغلىرى ئاخىرلاشقان ئىدى.

رابىيەم ئائىلىدىكى ئۆز رولىنىڭ قايسى شەكىلدە بولىدىغانلىقى توغۇرلۇق ئىزدىنەتتى. ئۇيغۇر ئائىللىرى ئۆز يولدىشىغا ئىتائەتچان ۋە ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئابدىرىم ھەر ئايدا ئىككى قېتىم ئۇلارنى يوقلاپ كېلىدۇ. باشقا چاغلاردا ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىدە بولىدۇ. ئۇ رابىيەمنىڭ ئۆزىگە مايىل بولىشىنى كۈتۈپ، ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇۋېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. ئۇ ئىشقا بارمايدىغان بوش چاغلىرىدىمۇ ئۆز ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، رابىيەمنىڭمۇ ئۇكىلىرىنىڭ يېنىدا خاتىرجەم تۇرۇشىغا پۇرسەت بېرىدۇ.

ئارىدىن ئىككى - ئۈچ ئايچە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئۆز ھويلىسىدىن يەنە بىر ئېغىزلىق ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇلارنى كۆچۈرۈپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رابىيەمنىڭ ئانىسى ئۇنىڭدىن يولدىشى بىلەن ئۆي تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يولدىشى ئىشتىن قايتىپ كەلگىنىدە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇشۇ خىل تۇرمۇشنىڭ داۋاملىشىشىغىمۇ رازى ئىكەنلىكىنى، پەقەت رابىيەمنىڭ ئۇنىڭ « ئايالى » بولۇپ تۇرغىنىلا ئۇنىڭ ئۇچۇن تۈگىمەس بەخىت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ بۇ تۇرمۇشتىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئابدىرىم ھەقىقەتەن ياخشى بىر ئادەم ئىدى. ئۇ « ماۋ » چە ئىش پورمىسىنى كېيىپ ئىشقا ماڭغىنىدا رابىيەمنىڭ ئۇيغۇرچە، ئەنئەنىۋى پاسونىدىكى كېيىملىرىنى كېيىشكە رۇخسەت قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇ رابىيەمنى ئۆزىگە جەلىپ قىلماقتا ئىدى. رابىيەمۇ ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئاستا - ئاستا قۇرۇلۇشقا باشلىدى. رابىيەمۇ يولدىشىغا ھۆرمەت قىلىشقا ئادەتلەنمەكتە.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە قادىرخاندىن بىر پارچە خەت كەلدى. « ئەگەر مەن سىلەرنى ئاقسۇدىن ئالتايغا يۆتكەپ كېلەلمىسەم، بۇ يەردىكى نوپۇسۇمنى تاپشۇرۇپ بېرىۋېتىپ، سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا يۆتكىلىپ بارىمەن » دېگەن ئىدى ئۇ خېتىدە. بۇ 1964- يىلى يانۋار ئېيى ئىدى. ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا يەنە بىر ئالاقە يېتىپ كەلدى. « مەن ئاران تەستە ئالتايدىن چىقىش رۇخسىتىنى ئالدىم ».

چەكسىز شاتلىق ئىلكىدە رابىيەم، ئاززۇگۇل، مەمەت، خەلچەملەر ئۇسۇل ئويناشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئانىسى يىللارچە كەيمىگەن كېيىملىرىنى كېيىپ، ئۆزىنى زىننەتلىمەكتە. قادىرخاننىڭ كېلىشىگە ئۇلگۇرتۇپ مېزىلىك تائاملارنى تەييارلىماقتا. ۋاقىت شۇنچىلىك ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. سىرتتا بىرەر شەپە ئاڭلاندىمۇ، ئۇلارنىڭ ئانىسى سىرتقا ئېتىلىدۇ. يەنە چىرايلىرى سولغۇن، نائۈمىت قايتىپ كىرىدۇ. ئۇدا ئۈچ كۈن كۈتكەندىن كېيىن، قادىرخاننىڭ ئاقسۇ كونا شەھەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئابدىرىمنىڭ تاغىسى تەرەددۇت قىلماستىنلا ئۇنى ئالغىلى چىقىپ كېتىدۇ.

قادىرخاننىڭ مىجەز - خۇلقىدا ھېچبىر ئۆزگۈرۈش يوق. ئۇ ئاۋالقىدەكلا رەپىقىسىنىڭ پىشانىسىدىن سۆيۈپ باغرىغا باساتتى. ئۇ ھەممە بالىلىرى

بىلەن بىر - بىرلەپ سالاملاشقاندىن كېيىن رابىيەمگە يېقىنلىشىدۇ. ئۇ رابىيەمنى كۆرۈشى بىلەنلا شۇركۈنۈپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئېغىر ئاياق بولۇپ، ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپلا قالغان ئىدى.

_ سەن تېخى كىچىككىنە بالىغۇ! - دېدى ئۇ ھۆڭرەپ يىغلىغان ھالەتتە. چۈنكى رابىيەمنىڭ توي ئىشىدىن ئۇ خەۋەر تاپمىغان ئىدى. شۇڭا ھەممەيلەن قادىرخاننىڭ بۇ ئىشقا نارازى ئىكەنلىكىنى ئويلىشاتتى. ئۇ باللىرىنىڭ ئانىسىغا قاتتىق كايىدى _ سەن كىچىككىنە بىر قىزنى قانداقمۇ ياتلىق قىلدىڭ!.

ئەقىللىق كۈيوغۇل كۆڭلىدىكى يېرىمچىلىقنى بىلىندۇرمەستىن _ دادا يوقۇرى ئۆتسىلە! مەن ياردەملىشەمدىم؟ - دېدى تاۋازۇ بىلەن. شۇنىڭ بىلەن قىسقىلا ۋاقىتتا باياتىن ئىشىك تۈيىدە باش ئېگىپ تۇرغان بۇ يىگىتنىڭ مۇشۇ ئائىلىنىڭ كۈيوغلى ۋە ئائىلە باشلىقى ئىكەنلىكى بىلىندى. تاماقتىن كېيىن ھەممەيلەن دادىسىنىڭ سۆزىنى تىڭشىماقتا.

ئالتاي دېگەندە ئۇيغۇر، قازاقلار ياقا - قىرلاردا ياشايدىغان، شەھەر ۋە مەھەللىلەردە ساپلا خىتاي. ئۇلار باللىرىنى سۆۋەتكە قاچىلاپ يۇدۇپ يۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپلىگىنى ۋە يېقىمسىز قىلىقلىرىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ بولمايتتى. ئەڭ ياخشىسى قادىرخان كېلىشىدە كۈچارنى ياخشى كۆزەتكەن ئىكەن. ئۇ ئۆزىگە ياخشى بىر ئىش ئورنىمۇ تېپىپ قويغان ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ ئارىدىن ئون بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئابدىرىم يۈك - تاقلارنى ھارۋىغا باسماقتا ئىدى. شۇ ئارىدا رابىيەمنىڭ بەل ئومۇرتقا سۆڭەكلىرى ۋە پاقالچەكلىرى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دومسىيىپ تۇرغان قورسىغى بىلەن بىر چەتتە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئانىسىدىن ۋە قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىۋاتاتتى. ئۇلارغىمۇ بۇ ئايرىلىش بەك ئېغىر كەلمەكتە ئىدى. ئارىدىكى ئايرىلىش ئازاۋىدىن كېلىۋاتقان ئاچچىق ئەلەمنى قادىرخاننىڭ تەسەللىسى بېسىقتۇراتتى

_ ھەي ئانىسى قايغۇرماڭلا! قىزىڭلارنى سېغىنساڭلا ئارىلاپ ئاقسۇغا كېلىپ كۆرۈپ كېتەرسىلەر. رابىيەمۇ كۈچارغا بېرىپ، قېنىپ كېتەر .

تۇغۇتقا يەنە يىگىرمە - ئوتتۇز كۈنلەرچە ۋاقىت بار ئىدى. رابىيەمنىڭ ئانىسى قىزىنىڭ تۇنجى تۇغۇتىدا ئۆز يېنىدا بولىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما رابىيەمچە بولسا، دادىسى تېخى ئىش باشلىمىغان تۇرسا، ئۇنى ئاز دېگەندەك، يەنە بىر بوۋاقنى يۆكلەپ قويۇش ياخشى بولمايتتى. كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە

رابىيەمنىڭ چوڭ ھەدىسى زۆھرە يولدىشى بىلەن، ئىككىنچى ھەدىسى ھەجەرمۇ يولدىشى بىلەن كۇچارغا يۆتكىلىپ كەلدى.

ئۇيغۇر ئەرلىرى ئائىلە ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەبەدىل ھۆكۈمران ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ ئەرلىرىنىڭ ئورنىنى قوبۇل قىلاتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش رابىيەممۇ ئانىسى بۇرۇن ئۆي ئىشلىرىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغان بولسا، شۇ تەرىقىدە ئورۇنلاشتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ئاخشاملىرى يولدىشى ئىشتىن كېلىشىگە ئۇلگۇرتىپ تاماق ئېتىپ، شىرەگە تىزاتتى. كىر - قات يۇيۇپ، دەزماللاپ، دېگەندەك ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى. ھەتتا ئۇنىڭ يولدىشى ئىش ئۇستىدىكى قېيىنچىلىقلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ، رابىيەمنىڭ ئەقلىدىن مەدەتلىنەتتى. يولدىشى رابىيەمنىڭ ئۆزىگە مائىل بولغانلىقىدىن دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئەر ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلاتتى.

10 - فېۋرال 1964- يىلى تۇنجى ئوغلى قاھار دۇنياغا كەلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ رابىيەم ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ قېينئانىسىمۇ ئۇنىڭغا يېقىندىن ياردەملىشەتتى. ئۇ رابىيەمنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ھەتتا ئۇ قېينئانىسىنى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ بىر قىسمىدەك شۇنچىلىك يېقىن ھېس قىلىشقا باشلىدى.

ئابدىرىمنىڭ شۇنچىلىك كۆپ كىتاپلىرى بار ئىدىكى ئۇ بۇ كىتاپلارنى ئوقۇشقىمۇ ۋاقىت ئاجىرتالمايتتى. رابىيەم بوش ۋاقىتلىرىدا يولدىشىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ ھەممە كىتاپلارنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. رۇسچىدىن، تۈركچىدىن، ياپۇنچىدىن تەرجىمە قىلىنغان داڭلىق ئەسەرلەر. ئۇ بىرىنى تۈگىتىپ يەنە بىرىنى، بەس - بەستە كىتاپ ئوقۇيتتى. ئەگەر ئۇ دىققەتسىزلىكتىن كىتاپلارنىڭ بىرەر ۋارىقىنى قاتلاپ قويسا، ياكى ئاۋايلىماي تاشلاپ قويىدىغان بولسا، يولدىشى پارتىلاپلا كېتەتتى.

ئۇلار ئۆز - ئارا دەۋر ۋە يۈرگۈزۈلىۋاتقان سىياسەتتىن پاراڭلىشاتتى. 16 - ئوكتەبىر 1964 - يىلى _ يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى خىروشوپنىڭ ھوقۇقتىن يىقىلغىنىدىن ئىككى كۈن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى تۇنجى قېتىملىق ئاتوم بومبىسىنى لوپنۇردا سىناق قىلدى. بۇ يەر كىشىلەر نورمال ھايات كەچۈرىدىغان، ئاھالىلىكلەر كېلىپ - كېتىپ يۈرىدىغان ئولتۇراق جاي بولۇپ، تەكلىماكاننىڭ شەرقى ئېتەكلىرىگە جايلاشقان، تۈرپان شەھىرىگە يېقىن يەرلەر ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ئاتوم سىنىقىنى « مۇشۇ ئەسىردىكى

ئەڭ چوڭ غەلبە، ئەڭ چوڭ نەتىجە » دەپ ئېلان قىلدى. رابىيەنىڭ يولدىشى بۇ ھەقتە مۇنۇلارنى چۈشەندۈرەتتى ــ بۇ ئاتوم بومبا سىنىقى شۇنچىلىك خەتەرلىككى، ئۇ سىناق قىلىنغان رايوندا قانچە ئون يىلغىچە بىر تال گىياھمۇ ئۈنمەيدىكەن، رادىئوئاكتىپلىق زەربىدىن مۆھىت ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە زەھەرلىنىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ ئۆلكىسىدە سىناق قىلماي، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە سىناق قىلغان ئىكەن.

ھۆكۈمەت خادىملىرى بۇ سىناق رايونلىرىغا « خەتەرلىك » بەلگىسىنى قويمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاتوم زەھىرىنىڭ قانداق زىيانلىق ۋە قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز كىشىلەر، يىراق - يېقىندىكى ئولتۇراق رايونلىرىدىن ــ تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن بۇ يەرلەرگە كېلىپ، ئوتۇن يىغىپ ئەڭ ئېغىر رادىئوئاكتىپلىق زەھەرلەنگەن ئىدى.

(شۇ ناملىق كىتاپ 89.90.91. ۋە 92 . بەتلەر )

## ( قوشۇمچە )

يوقۇرىدىكى ئائىلىۋى ئەھۋاللار رابىيەنىڭ « تەقدىرگە تەن بېرىشى » بولماستىن بەلكى « بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك » بولغان ھايات مۇساپىسى ئىدى. ئۇ « ئايرىلىش » ئازاۋىنى باللىق چاغلىرىدىن باشلاپ يەتكۈچە تارتتى. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا مەھەللىسىدىن ئايرىلدى. بىر تەن، بىر جان ئانىسىدىن، بىر گەۋدە قېرىنداشلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ، ئاخىرىدا تىكەندەك يالغۇز قالدى. ئۆزىگە « مۇناسىپ كۆرمىگەن » بىر ئەر بىلەن قالدى. ئەشۇ دەقىقىدىكى دەھشەتلىك مەنزىرە ئەگەر ئېكران ئارقىلىق كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈلسە، كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى تىلىپ تاشلاپلا قالماستىن، پسخېك جەھەتتىنمۇ بۇزۇلۇش پەيدا قىلىدۇ. ئەمما ئەشۇ دەرت - ھەسرەتلەرنى ئون ئالتە ياشلىق بىر قىز ــ گۆدەك بىر ئانا تارتماقتا!.

ئاللاھ ئىنسانىنى « تەقدىرگە تەن بېرىش » ئۈچۈن ياراتمىغان. ئەكسىچە « تەقدىر » نىڭ ئۈستىدىن يېڭىپ چىقىشقا ياراتقان ۋە يول كۆرسەتكەن. تەقدىرنىڭ ئۈستىدىن يېڭىپ چىققان كىشى « قەھرىمان » دەپ ئاتىلىدۇ. قەھرىمان دېگەن بۇ شەرەپنى پەقەت بىز ــ ئۇيغۇر مىللىتى « ئۆلگەندىن كېيىن » مۇناسىپ كۆردۇق. بىز بۈگۈن بۇ شەرەپنى ــ قەھرىمان دېگەن بۇ غالىبىيەتنى، « تەقدىر » نى يېڭىپ، دۇنياغا « مەن مەۋجۇت ــ ئۇيغۇر مەۋجۇت! » دەپ جاكالىغان بىر ئانىدا كۆرىۋاتىمىز. لېكىن بىز تاماشىبىن

بولۇپ كۆرىۋاتقان مەزگىلدە، ئەقىللىق، غالىپ غەرپ ئەللىرى ئۆز ماھىيىتى بىلەن كۆرمەكتە! ئۇلار قەھرىمانىنى ياراتقان خەلق! ئۇلار قەھرىمانىنى تونۇيدىغان خەلق! بىز قەھرىمانىمىز ئۆلگەندىن كېيىن- بەلكى يۈز يىل كېيىن ھىكايە قىلىپ ئوقۇپ يۈرگەن خەلق! غەرپ خەلقى قەھرىمانى بىلەن بىرگە ياشىغان ۋە بىرگە ئۆلگەن خەلق! ھەتتا بىز غەرىپتە ياشاپ تۇرۇپمۇ ھايات كىشىنىڭ « قەھرىمان » بولۇپ قېلىشىغا ھەيران قېلىۋاتقان خەلقمىز! ئۆزىمىزنى باشقىلارغا ( _ غەرپكە بىزدىن بىر ئايلا كېيىن كەلگەن كىشىلەرگىمۇ ) « غەرپشۇناس » كۆرسىتىپ، « بىز غەرپنى ياخشى چۈشىنىمىز! سىز بىزگە قۇلاق سېلىڭ! » دېيەلەيمىز! ئەمما بىزنىڭ « تەسلىم بولغان روھىمىز » غەرپنىڭ بوسۇغىسىغىمۇ كېلەلمىگەنلىكىدىن ئۆزىمىز خەۋەرسىز.........

17

« پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى » شۇنداق باشلاندى. ماۋ ئۆز تەسىر كۈچىنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقىدىن قورقماقتا. شۇ سەۋەپتىن خەلقنى كوممۇنىزىم بىلەن ھاياجانلاندۇرۇش مەقسىدىدە 1966 - يىلى 18 - ئاۋغۇست چاقىرىق چىقىرىپ، بىر مىلىيوندىن ئارتۇق ياشلارنى تيەن ئەن مېن مەيدانىغا توپلىدى. ماۋ نىڭ « قىزىل ئەسكەرلىرى » ماۋنى تەبرىكلەپ « ئەڭ سۆيۈملۈك داھىمىز ماۋ جۇشى » دەپ پۈتۈن مەملىكەتكە ئۇلگە ياراتتى ۋە « بارلىق كونىلىق، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەتلەرنى يوقىتايلى! » دەپ جاكارلىدى. مەملىكەتنى قۇرۇپ چىقىش ئەمەس، بەلكى ئالدى بەلەن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان ئېقىملارنى يوقىتىش ھۆكۈمەتنىڭ ئىجرا قىلىدىغان سىياسىتى بولۇپ قالدى. پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىنىڭ مەقسىدى يېڭى بىر بۈروكرات ھۆكۈمرانلىق بەرپا قىلىش بولۇپ، بارلىق ئەنئەنىلەرنى، مەدەنى مىراس ۋە سەلتەنەتلەرنى ۋەيران قىلدى. بىلەكلىرىگە قىزىل بەلگە تاقىۋالىدىغان ھۆكۈمەتنىڭ زەربىدار ياش قوشۇنلىرى ھەممىنى بۇزۇپ تاشلىماقتا ئىدى. ھېچكىم خىتاي مەدەنىيىتىگە يات بىر نەرسىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ھېچكىم بۇ خىل غەۋغالاردىن ئامان قالالمايتتى. ھېچكىم پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئامان قالالمايتتى. مەكتەپلەر، ئۇنىۋېرسىتېتلەر دەرستىن توختاپ، ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئوقۇتقۇچىلىرىغا زەربە بېرىدىغان، ئۆز

ئوقۇتقۇچىلىرىنى تارتىپ چىقىرىپ جازالايدىغان بولدى. پەقەت شەرقى تۈركىستان مىقياسىدا خىتاي قىزىل ئەسكەرلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنى ئاساسەن تاللاپ يوقىتىش ۋە زەربە بېرىش ئوبيېك-تى قىلغان ئىدى. ھەر بىر تامغا تام گېزىتى چاپلىنىپ، ھەربىر گرازدان ئۈستىدىن شىكايەت چىقىپ تۇراتتى. ماۋنىڭ « كۆرەش قىلىش » چاقىرىقى « ئالدى بىلەن ھەممىنى يوقىتىش، ئاندىن يىگانە قۇرۇپ چىقىش » تىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىر ئادەم يەنە بىرسىگە قارشى كۆرەش قىلىش ئەۋجىگە چىقتى.

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى » باشلىنىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمىگەن بىر كۈنلەردە ئابدىرىم ماۋنىڭ رەسىمىدىن بىرنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدى. رەسىمنى رابىيەم تۇرمەل قىلىپ كارۋاتنىڭ ئاستىغا تاشلاپ قويدى. شۇ كۈنلەردە ھۆكۈمەتنىڭ _ ماۋنىڭ قىزىل ئەسكەرلىرى ئۆي بېسىپ « ئۆي ئاختۇرۇش ھەرىكىتى » ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇلار رابىيەملەرنىڭكىگىمۇ كىرىپ كېلىشتى.

« ۋاي! ماۋجۇشىنىڭ رەسىمىنى كارۋاتنىڭ ئاستىغا تاشلاپ قويۇپتۇ! » دەپ ۋارقىرىدى بىرسى. بۇنىڭ جازاسى ئۈچۈن رابىيەم « پارتىيەنىڭ ئۈگىنىش قىلىش مەركىزى » دە « تارتىپ چىقىرىش » كۈرىشىگە مەھكۇم بولدى. بۇنداق مەركەز ھەربىر مەھەللىدە قۇرۇلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن رابىيەممۇ « قارا ئۇنسۇرلار » ياكى « قارا قالپاقلار » دېيىلىدىغانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلدى. بۇلار « ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇرلار » ياكى « ئەكسىل ئىنقىلاپچىلار » دەپ ئاتىلاتتى. بەختكە يارىشا قىزىل ئەسكەرلەر ئۇنى ئۇرمىدى. ئۇنىڭ بىلىكىدىن قامالاپ سۆرىشەتتى، ئۇنى ھاقارەتلەپ تىللىشاتتى، ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرەتتى. ئۇنى ئۇرۇشمايتتى. چۈنكى پۈتۈن ئەل - مەھەللە رابىيەمنى ئۇلارنىڭ تاياق زەربىسىدىن تىلىۋالغان ئىدى. ئۇلار « بۇ تېخى ياش چوكان، ئۇ بىر ئانا، ھېچنىمىنى بىلمەيدۇ، ئۇنى بىز تەربىيلەپ ياخشى ئادەم قىلىپ چىقىمىز. » دېيىشىپ، رابىيەمنى تاياقتىن قۇتقۇزۇپ قېلىشىتى. ئۇ تارتىپ چىقىرىش مەيدانىدا ئىگىز بىر ئورۇندۇقتا چىقىرىلدى. ئۇ ھەممە كىشىلەر كۆرەلىگۈدەك نەق مەيداندا تۇرغۇزۇلدى. شۇ ئەسنادا قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقى قامچىسىنى قارسىلدىتىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە « كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ئەزگۈچى » جىنايىتى بىلەن تارتىپ چىقىرىلغان بىر كىشىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ ئۇنى تىزلاندۇردى. بۇ ئاكتىپ رابىيەملەر دائىم كۆكتات، مىۋە قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالىدىغان، تونۇش بىر باققال دۇكىنىنىڭ

ئىگىسى بولۇپ، ئەللىك ياشلاردىكى ئۆزىنى توختاتقان بىر ئادەم ئىدى. ئۇ كۆينەكلىرىگە ماۋىنىڭ رەسىملىرىنى، ماۋنىڭ ئىزنەكلىرىنى تاقىۋالغان ئىدى.

« سەن بىزنىڭ داھىمىزغا ھۆرمەت قىلمىدىڭ! سەن داھىمىزنىڭ رەسىمىنى تاقىمىدىڭ! » دەپ ھۆركىرەيتتى ھېلىقى باققال زالنى بېشىغا كىيىپ. ئۇ مۇشتىنى تۈگۈپ « بىلەمسەن مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنىمنى! مەن كۆكسۈمنى ياردۇرۇپ، ماۋنىڭ رەسىمىنى يۈرىكىمگە تاقايمەن » دەيتتى ئۇ ئەسەبىلىك چىقىپ تۇرغان قىياپەتتە ۋە كۆپچىلىككە قاراپ « بىلىشەمسەن! سەنلەر كېيى-ۋاتقان كىيىملەرنى، سەنلەر يەۋاتقان نانلارنى كىم بەرگەن! ئۇ ماۋ ئەمەسمۇ! » ئۇ ئىككى قولىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ چەكسىز نەپرىتىنى ياغدۇرغان ھالدا « سېنى يوقىتىش كېرەك! سېنى ھۇشسىزلانغىچە ئۇرۇپ، يەنجىپ ئۆلتۈرىۋېتىش كېرەك! » دەپ ھۆركىرەيتتى. باياتىن تۆۋەندە ئۇنى ئالقىشلاپ چاۋاك چېلىشىپ ئولتۇرغان رابىيەمنىڭ خوشنىلىرى كانايىنى رابىيەمگە توغۇرلاپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت ياغدۇرۇشقا باشلىدى. لېكىن ھېچكىم رابىيەمنى ئۇرۇش ۋە ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قول كۆتەرمەيتتى. بىر ئايال ئۇنىڭغا قاراپ ۋارقىرىدى « سەن ماۋنىڭ رەسىمىنى تاقىشىڭ كېرەك! بۇ ھەممىدىن مۇھىم! » كېيىن ئۇ ئايال رابىيەمگە يېقىن كېلىپ پىچىرلاپ:

« سىڭلىم سىز بۇ ئىزنەكنى تاقاڭ، بولمىسا ئۇلار سىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ » دېدى ۋە بىرتال ئىزنەكنى ئۇنىڭ كۆينىكىگە تاقاپ قويىدى. ئەمما رابىيەمنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تېپىرلاپ سوقماقتا. ئۇ بۇ ئازغۇن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تامامەن ئادىشىپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. لېكىن ئۇ تارتىپ چىقىرىش سەھنىسىدە بىرقانچە دوستلارنى بايقىدى. ئۇلار ياشانغان ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر، بىلىم ئەھلى، ئوقۇتقۇچى كىشىلەر ئىدى. شۇنىڭ بىلەن رابىيەم ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي يوقالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆزىگە ئەشۇلاردىن جاسارەت ئالغان ئىدى. ئاساسلىق جاۋاپكارلار بىلىم ئېگىلىرى، مۇلۇك ئېگىلىرى ۋە نوپۇزلۇق كىشىلەر ئىدى.

كېيىنكى تارتىپ چىقىرىشلاردا رابىيەم پۈتۈن كۈن دېگۈدەك ئۆز ئۆزىنى ئەيىپلەيتتى. ئەگەر ئۇ تۆۋەندىكى « ئاكتىپلار » قاتارىغا چۈشۈپ ئولتۇرسا، ئۇنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ مۇھىم، ئاق - قارىنى پەرقەتكەن، ياخشى بىلەن يامانىنىڭ پەرقىنى ئايرىيالىغان كىشىلەر سەھنىگە تارتىپ چىقىرىلىپ، جازالىناتتى. شۇڭا ئۇ ئۆز - ئۆزىنى تىللاپ بولسىمۇ، كۆپ ۋاقىتنى ئالاتتى-دە،

ئۆزىدىن ئارتۇقچىلىقى بار بولغان مۇھىم كىشىلەرنى ئاسراپ قېلىشقا تىرىشاتتى. ئاكتىپلار سېپىدىكى ياكى تاماشىبىنلار سېپىدىكى كىشىلەر بولسا ئۆز ئىنسانىيىتىنى يوقىتىپ قويىۋاتقان، ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلالمايۋاتقان كىشىلەر ئىدى. رابىيەم ئەشۇ ماۋنىڭ بىر تال رەسىمىنى كارۋاتنىڭ ئاستىغا تاشلاپ قويغان گۇناھىغا ئارقىمۇ - ئارقا ئۇدا ئەللىك كۇن تارتىپ چىقىرىلدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىدە ماۋنىڭ رەسىم ۋە ئىزنەكلىرىنى كېيىملىرىدىن سۆكۈپ ئېلىپ يەنە تاشلىۋېتەتتى.

ئۇ دەسلەپ ماۋنىڭ ئىزنەكلىرىنى كېيىمگە تاقىۋالغان چاغلاردا قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ ۋە ئاكتىپلارنىڭ دەككە - دەشنامىلىرىدىن خېلىلا قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى. كېيىن ئۇ بۇ رەسىم، ئىزنەكلەرنى تۆرت - بەش كۈنچە تاقىمىغانلىقى تۈپەيلىدىن ئاكتىپلارنىڭ ئارىسىدىن بىرى غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى « ماۋۇ يەنە ماۋنىڭ رەسىمىنى تاقىماپتۇ! » شۇنىڭ بىلەن كۈرەش قايتا باشلاندى. بېشىنى تۆۋەنگە بېسىپ، ئىككى قولىنى ئارقىغا قايرىپ « ئايرىپلان » شەكلىدە توختىتىپ قويۇلدى. رابىيەمنىڭ قاتارىدا ئۇنغا يېقىن « ئايرىپلان » ئۇچۇرتۇپ تۇرغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى. تۆۋەندە بولسا يۈز ئەللىكتىن ئارتۇق ئاكتىپلار « يوقالسۇن! » دەپ چىرقىرىشاتتى. بىر ئازدىن كېيىن سەھنىگە يەنە ئەللىكتىن ئارتۇق جاۋاپكار تارتىپ چىقىرىلدى. ھەربىر كوممۇنىست ئاكتىپ ئۇلارنى ئەيىپلىگەنلىرىدە تۆۋەندىكى خەلق توپى « ماۋ مەڭگۈ ياشىسۇن! پارتىيىمىز مەڭگۈ ياشىسۇن! » دەپ ۋارقىرايتتى. بىردىنلا « رابىيەنى يوقىتايلى! يوقالسۇن رابىيە! » دېگەن كۈرەش سادالىرى ياڭرىدى. شۇنىڭ بىلەن كۈرەش مەيدانى جۇشقۇن كەيپىياتتا گۈلدۈرلىدى. رابىيەم تېخىچە پۈكۈلگەن ھالەتتە ئىدى. شۇ ئەسنادا ئاكتىپلار ئارىسىدىن بىر يىگىت شۇنداق چوڭ قەدەم تاشلاپ رابىيەم تەرەپكە كەلدى ۋە ئاستا پىچىرلاپ، « مەن خالىدەمنىڭ ئوغلى بولىمەن » دېدى. خالىدەم بۇلارنىڭ يېقىن تونۇشلىرىدىن بولۇپ، رابىيەمنىڭ بۇنداق قاتتىق ئازارلىنىشىنى ئۇلار خالىمايتتى. ئۇ ئەقىللىق يىگىت ئىدى. ئۇ مۇنداق دەپ ئېلان قىلدى « رابىيە ماۋنىڭ رەسىمىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان، شۇڭا ئۇنىڭ ئەكسىل ئىنقىلاپچى بولۇپ بولمىغانلىقىنى قايتا تەكشۈرۈپ، ئۇنى ئاكتىپلار قاتارىغا قوشۇۋېلىشىمىز كېرەك! » بۇ سۆزلەر خەلق توپىغىمۇ ياققان ئىدى. ئاندىن خالىدەمنىڭ ئوغلى يەنە « سەن ئەمدى تۆۋەنگە _ خەلق قاتارىغا چۈشۈپ ئولتۇرساڭ بولىدۇ، لېكىن

سىڭنىڭ ماۋنىڭ رەسىمىنى تاقاشقا ھەققىڭ يوق، سەن ئۇزۇڭدىن بىرى ئىدىيەڭنى ئۆزگەرتمىدىڭ » دېدى. بۇ قېتىمقى تارتىپ چىقىرىش ئاخىرلاشقىچە سەھنىگە يۈز ئەللىككە يېقىن كىشى چىقىرىلىپ بولدى. پەستە بولسا ئون نەپەردەكلا خەلق قالغان ئىدى.

ھەرقانداق بىر ئادەم ئەگەر ئۈيغۇرچە تۈيغۇدا بولىدىكەن ئاپتوماتىك ھالدا جاۋاپكار ھېساپلىناتتى. شۇڭا كىشىلەر ئۆز كۆڭلىدىكىنى سۆزلىيەلمەيتتى. كىم غالجىرلارچە يەنە بىرىگە ھۇجۇم قىلىدىكەن، جەزمەن ئۇ ھەقىقىي ئىنقىلاپچى، ھەقىقىي ئىسلاھاتچى بولۇپ ھېساپلىناتتى. راست گەپنى ئېيتقاندا مۇشۇنداق تارتىپ چىقىرىشقا قاتنىشىدىغانلار ئاكتىپلىقتا ئۆز - ئارا بەسلىشەتتى. مەھەللە باشلىقلىرىمۇ ماۋنىڭ ئىزنەكلىرىنى تاقاپ يۈرشەتتى. ئۇلارمۇ ئاكتىپلاردىن ئىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ ماۋنىڭ رەسىملىرى، ئىزنەكلىرى تولۇپ تاشاتتى.

رابىيەمنىڭ يولدىشى قىزىل ئەسكەرلەر تۈپەيلىدىن ئىككى ئارىدا قالغان ئىدى. بىر تەرەپتە باش ئەگمەس، تەسلىم بولماس، ئىنتائەتسىز ئايالى! يەنە بىر تەرەپتە بانكىدىكى بۆلۈم باشلىقلىق خىزمەت ئورنى. بۇ چاغلار دوختۇرلار خالا تازىلايدىغان، تازىلىقچى كېسەلنى ئوپېراتسىيە قىلىدىغان شۇنداق بىر جاھان ئىدى. شۇ سەۋەپتىنمىكىن ئابدىرىم پارتىيەسىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتماقتا ئىدى. ئۇ دائىملا « كوممۇنىزىم ئەسلىدە يالغانچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس! پەقەتلا يالغانچىلىق » دەپ غەزەپلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار ئۆي ئىچىدە خىتاينىڭ سىياسەتلىرىگە غەزەپلىنىپ پاراڭلىشاتتى. بۇمۇ ئانچە ئۇزۇنغا بارمىدى. بىر كۈنى ئابدىرىمنىمۇ قىزىل ئەسكەرلەر ئېلىپ كېتىشتى. ھەربىر كادىر، ھەربىر بۆلۈم باشلىقلىرى ئالتە ئايدىن ئۇگىنىش قىلىشى كېرەك. بۇ ئايلاردا ئابدىرىمنىڭ مائاشىدىن ئارانلا 25 يۈەن بېرىلەتتى. ئۇلارنىڭ ئوغلى ۋە يوغىناۋاتقان بوۋىقى ئاچلىقتىن ئۆلۈشى مۇقەررەر ئىدى. شۇڭا رابىيەم ئۆيىدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلىرىنى بۇۋاجەرگە سېتىپ بېرىشكە بەرمەكتە ئىدى. بۇۋاجەر يېقىن بىر خوشنا بولۇپ، دوستلاردىنمۇ ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇ ئايال رابىيەمنىڭ ۋەتەن سۆيەر خىسلىتىگە چوقۇناتتى ۋە ھۆرمەت قىلاتتى. بۇۋاجەر « قاراڭغۇ بازارچى » لىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان ئايال بولۇپ، رابىيەم بەرگەن نەرسىلەردىن ھەر ھەپتىدە 30 - 40 يۈەنگىچە تاپاۋەت قىلاتتى. بۇمۇ ناھايىتى كۆپ پۇل ئىدى.

(شۇ ناملىق كىتاپ 95.96.97.98. ۋە 99. بەتلەر)

( قوشۇمچە )

خىتاينىڭ زۇلمىغا بىۋاستە دۇچ كەلگەن، خىتاينىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەزىل جازالىرىغا بىۋاستە يولۇققان، تەكرار- تەكرار جازاغا تارتىلغان ئەمما گېگانت روھ بىلەن بۇگۇنگىچە باش ئەگمىگەن ۋە بىز بىلەن بىرگە، بىر سەپتە، سەپىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان، جاسارىتى ئىنساننى خىجىل قىلدۇرىدىغان، چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان، قەھرىمان رەھبىرىمىز رابىيە قادىر خانىمنىڭ شەنىگە بىر ئۆمۈر ئالقىش ياڭراتساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئۇ مەزكۇر تارىخى دەھشەتلەرنى ئۆزى گۇۋالىق بەرگەن ھالدا غەرب ئەھلىگە ئاڭلاتتى. ئۇنىڭ گۇۋاچىلىقى بىلەن دۇنيا ئەھلى خىتايغا نەپرەتلەندى. بۇ كىتاپنى ئوقۇپ تۈگەتكەن گېرمان تەتقىقاتچىلىرى ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

_ ئۇيغۇر مىللىتى دۇنيادا ئىنسان بالىسى تارتىشقا مۇناسىپ بولمىغان زۇلۇمنى تارتتى ۋە ھازىرمۇ تارتماقتا، ئەجەبا بۇ مىللەت شۇ قەدەر ئېغىر جازالارغا دۇچ كېلىپمۇ نېمىشكە بۇگۇنگىچە يوقىلىپ كەتمەي، قانداقلارچە ئۆز مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قالدى، بۇنىڭدىكى ئامىل قايسى؟.

ئۇ مۇنداق جاۋاپ بەردى _** مىللىتىم ئاق سۆڭەك ئۇلۇغۋار مىللەت، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل بىر مىللەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان بۇ ئانا تۇپراق ئۇلارنىڭ ھوقۇقلۇق ۋەتىنى ئىكەنلىكىگە ئەقىدە قىلىدۇ، گەرچە زالىم خىتايلار ئەسىرلەپ ئەزگەن، ئۆلتۈرگەن، يوقىتىش ئۈچۈن تۈمەن مىڭ تۈرلۈك جازالارنى يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، ئۆز مەۋجۇتلىقىغا ۋە مەڭگۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشىغا، بىر كۈنى ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇپ، مۇستەقىل ئۇيغۇر دۆلىتى قۇرۇشقا ئىشىنىدۇ، ئۇلار _ مېنىڭ بۇ مىللىتىم ئەنە شۇ ئىشەنچ، ئەنە شۇ ئەقىدە بىلەن ياشايدۇ ۋە ياشاپ كەلدى، مىللىتىمدە ئەشۇ ئەقىدىلا بولىدىكەن، ئەشۇ ئۈمۈتلا بولىدىكەن خىتاي ھەرگىز يوقىتالمايدۇ!

( رابىيە قادىر 2007. 7. 25 گېرمانىيە)

قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ،
قارا مەندە يوق.
قارامۇقنىڭ قاسىراغىچە،
گۇناھ مەندە يوق.
.....................

قۇرغۇيۇم ئۇچتى قولۇمدىن،
قايدا مېھماندۇر بۇگۈن.
دەخلە بەرمەڭلار( يارىمگە )
كۆڭلى پەرىشاندۇر بۇگۈن.

قىزىم يۇرتىمىز ئالتاينى سېغىندىڭمۇ؟ _ سورىدى رابىيەنىڭ ئانىسى دۇتارنى بىر - ئىككى پەدە چالغاندىن كېيىن. ئۇ يەنە « قىزىم ئىشىنەمسەن، مېنىڭ بۇرۇنقى ھاياتىمنى قايتا ياشىشىمغا » دېدى چوڭقۇر كۆڭۈل يېرىمچىلىقى ئىچىدە.

شۇ كېچىسى رابىيەم ئانىسى بىلەن بىر ھوجرىدا ياتتى. ئۇنىڭ يېنىدا دۇنياغا كۆز ئاچقىلى تېخى ئىككى كۈن بولغان يېڭى جان - روشەنگۈل پۇشۇلداپ ئۇخلايتتى. بىر ئەنسىز شەپە رابىيەمنى تاتلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئانىسى قاتتىق سىلكىنىپ قەي قىلماقتا. رابىيەم دەرھال ئانىسىنى يۆلىدى. ئۇ بىر چىنىدىن كۆپرەك قان ياندۇردى. رابىيەم ئۆزىنىڭ يېڭى تۇغۇتلۇق ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ، دادىسىنىڭ ياردىمىدە ئانىسىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. « ئاشقازان راك! » ئۇلار دوختۇرنىڭ دىئاگنوزىنى ئانىسىدىن مەخپى تۇتۇشنى قارار قىلىشتى. كېسەلنى داۋالىتىش ئۈچۈن چوڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. ئاقسۇدىكى چوڭ ئوپراتسىيە قىلىش دوختۇرخانىسىغىمۇ ئاپىرىپ، ئوپراتسىيە قىلدۇرۇشتى. بىراق كېسەلنىڭ ھالى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ باراتتى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆز ئەتراپىدا ئۆلۈم قانات يېيىپ يۇرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان بىمار ئانا _ قىزىم چوڭ ئاكاڭلار ئالتايدا، ئۇ بۇ يەردىن تولىمۇ يىراقتا. ئۇكىلىرىڭنى ئالدىمغا ئېلىپ كىر - دېدى رابىيەمدىن ئۆتۈنۈپ. ئاززۇگۈل، مەمەت، خەلچەملەر ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ تىزلىنىپ تۇرۇشتى.

_ بۈگۈندىن باشلاپ رابىيە ئاچاڭلار سىلەرنىڭ ھەم داداڭلار، ھەم ئاناڭلار بولىدۇ! _ دېدى كىچىك نارسىدە بالىلىرىغا قىيالمىغان ھالەتتە ئۇمۇنۇپ

تۇرۇپ ۋە _ قىزىم سېنىڭ ئىش ئورنۇڭ يوق، سېنىڭ پۇلۇڭ يوق، ئەمما سېنىڭ جاسارەتلىك يۈرىگىڭ بار! ئەگەر مېنى تېنچ ياتسۇن، كۆزى ئۆچۈق كەتمىسۇن دېسەڭ، ئۇكىلىرىڭغا غەمخورلۇق قىلىش، ئۇلارغا ئاتىدارچىلىق قىلىش توغرىسىدا ۋەدە بەرگىن! - دېدى رابىيەمگە، ئۆتۈنگەن ھالەتتە. چوڭ قىزلىرىنىڭ بارلىق تەلەپلىرىنى رەت قىلىپ، يېتىم قېلىۋاتقان كىچىك قوزىلىرىنى پەقەت رابىيەم ئېلىپ كەتسىلا كۆزى يۇمۇلىدىغانلىقى، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ھەرگىزمۇ ئايرىۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى.

1967 . يىلى سىنتەبىرنىڭ 28 . كۈنى مەرھۇم ئانا چەكسىز ئارزۇ- ئارمانلار ئىلكىدە يەرلىككە دەپنە قىلىندى.

كۈچارغا بىر بالا بىلەن كەتكەن رابىيەم ئاقسۇغا بەش بالا بىلەن قايتىپ كەلدى. (شۇ نامىلىق كىتاپ 102.104 ۋە 105 . بەتلەر)

( قوشۇمچە )

تېخى ئەمدىلا ئون توققۇز ياشتىكى بىر ئانىغا _ مۇنداقچە ئېيتقاندا گۆدەكلىك يېشىغا ئەمدىلا ئۇلاشقان بىر ياش چوكانغا ھەم ئاتىلىق ھەم ئانىلىق مەسئۇلىيىتى يۈكلەنگەن ئىدى. كىچىك نارسىدە بالىلىرىنى ئارقىدا تاشلاپ، دۇنيادىن سەپەر قىلىش ئالدىدىكى ھەسرەتلىك ئانا، يېتىم قېلىۋاتقان بالىلىرىغا ئۇلارنىڭ ئۆز دادىسىدىنمۇ، چوڭ ھەدىلىرىدىنمۇ ئەڭ مۇۋاپىق، يېتىملارغا باش پاناھ بولۇشقا رابىيەمنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بايقىغان ئىدى. چۈنكى رابىيەمدە تۇغما جاسارەت بار ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يېڭىلمەس ۋە پۈتمەس كۈچ، مادارنى ئانىسى ياخشى بايقىغان ۋە رابىيەمۇ تەكرار تەكرار ئىسپاتلىغان ئىدى.

دەرۋەقە يېتىلەكتە بىر، قۇچاقتا بىر بالىسى تۇرۇپمۇ ئاتىسى بار، غەمخورلۇق قىلغۇدەك باشقا ھەدىلىرىمۇ بار بولغان بالىلارنى كۈچاردىن ئاقسۇغا ئېلىپ كېتىش، يات بىر كۈيوغۇلنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىش ئەشۇ قاتتىقچىلىق دەۋردىلا ئەمەس، بەلكى بىز ياشاۋاتقان مەمۇرچىلىق زامانىدىمۇ ئون توققۇز ياشتىكى بىر چوكاننىڭ قولىدىن كېلىدىغان ۋە قىلالايدىغان ئىش ئەمەس. ئەمما پۈتۈن ۋۇجۇدى غەيرەتكە تولغان، روھى دۇنياسى مېھىر - شەپقەتكە باي رابىيەم، ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى « مەردانىلارچە » بەجا كەلتۈردى. ئۇكىلىرىنى ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشتى. ئۇلارنى ياتنىڭ ئالدىدا بويۇن قىستۇرمىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، ئانىسىنىڭ

رازىلىقىنى ئالغان ئىدى.

(تەرجىمىنىڭ داۋامى)

« ئەكسىل ئىنقىلاپچى ئۇيغۇر ئۇنسۇرلار » نىڭ گۇناھى بالىلىرىغىمۇ مىراس بولىشى كېرەك. ئاتا - ئانىلىرىنىڭ جازالىرىغا بالىلىرىمۇ ئورتاق بولىشى كېرەك. رابىيەمنى تارتىپ چىقىرىپ، كۈرەش قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ يەتتە ياشتىكى چوڭ ئوغلى قاھارمۇ كۈرەش سەھنىسىدە « ئامما ئالدىدا » بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ تۇرۇشقا مەجبۇرلانغان ئىدى. قاھارنىڭ قۇچىقىدا بوۋاق ئۇكىسى ۋە ئۇنىڭ پاقالچەكلىرىگە ئېسىلىپ تۇرغان ئىككى ياشلىق سىڭلىسى راھىلەمۇ بار ئىدى. بۇلار شۇنداق كۈرەش قىلىنىپ جازاسىنى كۆرمەكتە.

بىر كۈنى رابىيەملەرنى بىر خوشنىسى تاماققا تەكلىپ قىلدى. تاماق شىرەگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇلار ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مانتىغا قول ئۇزاتقىچە، تامدىكى ماۋنىڭ رەسىمى شىرەنىڭ ئۈستىگە دۈملا چۈشتى. « يا ئاللاھ! بۇ نېمە كارامەت! » دەپ، ئىچىدىكى خوشاللىقىنى سىغدۇرالمىغان رابىيەم تولۇقلىۋەتتى. بۇ ئەھۋال ھايال بولمايلا كوچىلاردا ياڭرىدى. شۇنىڭ بىلەن رابىيەم يەنە قايتىدىن « كۈرەش مەيدانى » غا تارتىپ چىقىرىلدى.....

زىيالىلار قوشۇنى، رابىيەمدەك ئۆي ئاياللىرىغا قارىغاندا قانچە ھەسسە ئېغىر جازالىناتتى. ئۇلارنىڭ بىرى زۇنۇن قادىر. ئۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پروزا ياراتقان ئاتاغلىق ئىجادىيەتچى بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئىدى. ئۇنىڭ بەش نەپەر بالىسى جازا لاگېرىدا چوڭ بولغان. ئۈچ نەپەر قىزى جازا لاگېرىدا تۇغۇلغان. رابىيەم بىر كۈنى بازاردىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا زۇنۇن قادىرنى كۆردى. غالجىر _ ئاكتىپ قىزىل ئەسكەرلەر زۇنۇن قادىرنى يالىڭاچلاپ، كالتا كۇسار بىلەنلا كوچىدا سازايى قىلىپ يۈرمەكتە. ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى بور بىلەن ئاپپاق ئاقارتىپ، بوينىغا يوغان بىر تاختىنى ئېسىشقان. تاختىدا بولسا:

« ئەكسىل ئىنقىلاپچى! سوۋېت بۇرجۇئازىيىسىگە باغلانغان! يەرلىك مىللەتچى ئۇيغۇر ئۇنسۇر! يوقالسۇن زۇنۇن قادىر! » دېگەن شۇئارلار يېزىلغان، قارا تاختىنىڭ سىم بىلەن ياسالغان بويۇنتۇرۇقى زۇنۇن قادىرنىڭ بوينىغا بارغانچە پېتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بوينىدىن قان سىرغىپ ئاقماقتا! قانداق قىلىش كېرەك! ئەگەر ئۇلارغا بىر نەرسە دېدىمۇ بولدى، رابىيەمنىمۇ قاتارغا قوشۇپ سازايى قىلىدۇ ياكى قارا تۈرمىگە سولايدۇ.

ئۇ ئارتۇق ئويلانماستىنلا يادىغا كەلگەننى قىلىپ، بىر قېتىم تەۋەككۇل قىلماقچى بولدى. ئۇ ئاياق ۋە كېيىملىرىنى سېتىپ يىققان ئەللىك يۈەن پۇلى بارلىقىنى ئەسلىدى _ دە، دەرھال قىزىل ئەسكەرلەرنىڭ باشلىقىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا يوشۇرۇن ھالدا پۇلنى تۇتقازدى ۋە پىچىرلاپ:

_ بۇ ئادەمنى قويىۋېتىڭلار، بولمىسا يەنە بىردەمدىلا ئۆلۈپ قالغۇدەك تۇرىدۇ - دېدى ئۇ يىغلىنىپ. ئەگەر ھېلىقى ئاكتىپلارنىڭ باشلىقى بۇ ئىشنى ئاشكارىلايدىغان بولسا، رابىيەمنىڭ بېشى كېتەتتى. بىراق ئۇ _ توختاڭلار! بۇنى ئۆلتۈرۈپ قويساق بولمايدۇ! بۇنى ئۇزۇن قىيناپ، كۆڭلىدىكى يامان غەرەزلىرىنى ئىقرار قىلدۇرىشىمىز كېرەك! » دېدى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ باشقا ئاكتىپلارغا. شۇنىڭ بىلەن زۇنۇن قادىر ئەپەندىنىڭ بوينىدىن ئېغىر قارا تاختىنى ئېلىۋېتىپ قايتۇرۇپ كېتىشتى.

_ ئەللىك يۈەن پۇلۇم بىلەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بىر نەرسىگە ئېرىشەلمەيتتىم، بەلكى ئەشۇ پۇل بىلەن مەن غەلبە قىلدىم! مەن ئۆزگەرتەلىدىم! - دەيتتى رابىيەم ئۆزىدىن غۇرۇرلىنىپ.

( شۇ ناملىق كىتاپ 111. ۋە 112 . بەتلەر)

( قوشۇمچە )

بۇ ۋەقە رابىيەمنىڭ روھى دۇنياسىدا چوڭ بىر ئۆزگۈرۈش قوزغىغان ئىدى. ئۇ مۇشۇ ھەرىكىتى بىلەن شۇنى ھېس قىلدىكى، پۇل بىلەن قىلغىلى بولىدىغان نۇرغۇن ياخشىلىقمۇ بار ئىكەن.

ئۆزى كۈرەش مەيدانىدا تارتىپ چىقىرىش جازاسىغا يولۇقىۋاتقان بىر جاۋاپكارنىڭ، باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدا ھەرىكەت قىلىشى بىر مۆجىزە ئىدى. بولۇپمۇ ئەشۇ يامان دەۋردە. چۈنكى ئۇ زامانلاردا بالىسى دادىسىغا شەپقەت قىلىدىغان چاغ ئەمەس. بەلكى دادىسىنىڭ « قارىسى » يۇقۇپ، جازاغا شېرىك بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن باللار، ئۆز دادىسىنى باغلاپ، كۈرەش مەيدانىغا ئېلىپ كېلىدىغان، ئېرى خوتۇنىنى، خوتۇنى ئېرىنى پاش قىلىدىغان، شۇنداق بىر شەپقەتسىز دەۋر ئىدى. بىراق رابىيەم ئۆز بېشىنى پىدا قىلىپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەشھۇر زىيالىسىنى قۇتقازدى.

« ئاقىۋېتىنى ئويلىغان كىشى قەھرىمان بولالماس » دەيدۇ، قەھرىمانىغا مەدھىيە ئوقۇيدىغان تۈرك خەلقى. دەرۋەقە رابىيەم ئەشۇ مىنۇتلاردا ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئاقىۋېتىنى، بالىلىرىنى، ئۆزى مەسئۇل بولغان يىتىم ئۇكىلىرىنى

ئويلىمىدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى ئەرباپنى قانداق قۇتۇلدۇرۇشنىلا ئويلىدى ۋە شۇنىڭ يولىدا ھەرىكەت قىلدى. مانا بۇ بىز بىلەن بۇگۈن بىرگە ياشاۋاتقان مەشھۇر قەھرىمانىمىزنىڭ تۇنجى ھەرىكىتى ئىدى.

ئۇنىڭ بۇگۈنكى قۇرۇلمىسى بىر قېتىمدىلا، توساتتىن مەيدانغا چىقىپ قالغان ئەمەس. بەلكى ئەشۇنداق سان ساناقسىز قەھرىمانلارچە ھەرىكەتنىڭ ئارقىسىدا يارىتىلغان بۇگۈنكى گېگانت سىمادۇر.

19

شۇ كۈندىن باشلاپ رابىيەم ئۆزىنىڭ قىلغان بۇ باتۇرانە ھەرىكىتىدىن پەخىرلىنەتتى ۋە يېڭىدىن كۆچۈپ كەلگەن خوشنىسى ئاباباسخانلارنىڭمۇ بۇ ئىشىدىن خەۋەردار بولۇپ قېلىشىنى بەك ئارزۇ قىلاتتى. ئاباباسخان رابىيەمگە نىسبەتەن ئاتا يولىلۇق ھەم يېقىن - يورۇقلاردىن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئارتۇقچە سىر ساقلاپ يۈرۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ ئويلىدى . دە، ئۆزىنىڭ زۇنۇن قادىر ئەپەندىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ھېلىقى جاسارىتى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى. كىم بىلسۇن يەنە بىر بالا - قازانىڭ كۆرۈنمەي كېلىشىنى. رابىيەمنىڭ قىلمىشى شۇنچىلىك تېز پاش قىلىندى. قىزىل ئەسكەرلەر ئۇنى يەنە قىيىن - قىستاققا ئالدى.

« ھەي خائىن! سەن پۇل بېرىپ سېتىۋالغان ھېلىقى ئاكتىپنىڭ ئىسمىنى ئېيت! ئۇ كىم؟ بولمىسا كۆرگۈلۈكلىرىڭنى كۆرىسەن! ئېيتە! ».

بەختكە يارىشا ئۇ ھېلىقى ئاكتىپنىڭ ئىسمىنى ئاباباسخانلارغا ئېيتىپ بەرمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزى قىيىن - قىستاققا ئېلىنىسىمۇ، بەرداشلىق بېرىدىغانلا بولسا، بۇ كۆرگۈلۈكتىن قۇتۇلۇپ چىقاتتى. لېكىن غالجىر قىزىل ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا دەھشەتلىك قورقۇنچ سالماقتا. سائەتلەپ داۋاملاشقان تىل - ھاقارەت، دەككە ـ دەشنامىلاردىن كېيىن رابىيەمنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ بىردىنلا ئەسەبىيلىشىپ، ئەقلى تىزگىنىنى يوقاتتى. ئۇ نېمە دېگەنلىكىنى ئۆزىمۇ تولۇق ئاڭقىرالمايتتى. ئۇ ۋارقىرايتتى. ئۇ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كۆككە تىكىلدى! ئۇ ئىلتىجا قىلاتتى! « ئەي رەببىم! نېمىشكە بۇنداق بولىشى كېرەك! نېمىشكە بۇ قەدەر ئېغىر زۇلۇم تارتىشىمىز كېرەك! » ئۇ ئۆزىنى يەرگە

ئاتتى. يەردە يۇمۇلاپ ئاللاھقا نالە قىلاتتى.

ئاھ بۇ نېمە كارامەت! بىردىنلا ھاۋا بۇزۇلۇپ، دەھشەتلىك گۇلدۇرماما كۆتۈرۈلدى! ئاسمان گۈمۈرلۈپ چۈشىدىغاندەك ھەيۋە بىلەن چاقماق چاقاتتى. پۈتۈن جاھاننى قارا زۇلمەت قاپلىدى. يامغۇر شىددەت بىلەن ياغماقتا. گۇلدۇرماما يۈرەكلەرنى تىترىتىپ، قۇلاقلارنى گاس قىلاتتى. قىيامەت دەھشىتى يۈز بەرمەكتە! قارا يۈرەك قىزىل ئەسكەرلەر رابىيەمنى كۆرەش قىلىشتىن توختىدى.

ئۇ ئۆيگە قايتىش ئۈچۈن كوچىغا چىقىشىغا قارشى تەرەپتە ئابباسخان تۇراتتى. ئۇمۇ تارتىپ چىقىرىشقا قاتناشقان ئىدى. ئۇ رابىيەمنى كۆرۈپلا ھۇشىنى يوقاتقاندەك غەلىتە ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. رابىيەم ئابباسخان تەرەپكە يۈگۈردى. ئابباسخان يەردە تىپىرلايتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چاچراپ چىقىدىغاندەك قورقۇنچلۇق، بىردە كۆز قارىسى يوقۇرىغا تارتىپ، بىردە كۆزى ئالىيىپ قالماقتا. ئۇ ئەزرائىل بىلەن جان تالىشىۋاتاتتى.  ئابباسخان رابىيەمگە قولىنى ئۇزارتىپ، « مېنى كەچۈرۈڭ! » دېدى- دە تىمتاس بولۇپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئىدى. ئۇ جان تەسلىم قىلغان ئىدى. ئابباسخاننىڭ سىڭلىسى بولسا ئالەمنى بېشىغا كەيمەكتە:

_ سەن ئاكامنى ئەپسۇن ئوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدۇڭ! سەن ئاكامنىڭ قاتىلى! - دەپ، رابىيەمنىڭ كىكىردىكىنى بوغۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىنى تاتىلايتتى. بىر قانچە ئادەم رابىيەمنى ئاران تەسلىكتە قۇتۇلدۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىن ئاجىراتتى. لېكىن ئۇ رابىيەمگە تاش - چالما ئېتىپ ئازار بېرەتتى. بۇ بىر كۈن شۇنداق ئاخىرلاشتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كوچا - كويلاردا « رابىيەمگە ئاسماندىن ياردەم كەلدى! رابىيەمنى ئۇرۇپ قىيىنىغانلار، رابىيەمنى پاش قىلغانلار ئاللاھنىڭ غەزىۋىگە يولۇقتى! كۆكنىڭ ھۆجۈمىغا يولۇقتى! گۇناھكار ئۆلدى! » دېگەن سۆزلەر ئەتراپقا پۇر كەتتى. رابىيەمنى قايتا سەھنىگە چىقىرىپ، كۆرەش قىلىشتىن ھەممىسى قورقۇشاتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ رابىيەم تارتىپ چىقىرىلىشتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى.

(شۇ نامىلىق كىتاپ 114.115.116 بەتلەر)

( قوشۇمچە )

مەزكۇر ۋەقە _ يەنى « كۆكتىن كەلگەن ياردەم » رابىيەمنىڭ ھاياتىدىكى

ئىككىنجى قېتىملىق مۆجىزە بولۇپ، ئۇنىڭ تىلەكلىرىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئاللاھ ئاتا قىلغان ياردەم ئىدى. ئاللاھنىڭ بەندىسىگە كۆرسىتىدىغان ياردىمى، مەرھەمىتى، شەپقىتى، غەزەپ - نەپرىتى، ئازاپ - ئوقۇبىتى بەزىدە تەبىئەت ھادىسىلىرى ئارقىلىق بولسا، بەزىدە ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بىراۋغا قىلغان ياخشىلىقى، بىراۋغا كۆرسەتكەن غەزەپلىرى ئەلۋەتتە باشقىلار ئۈچۈن ئىبرەت ۋە تەشەببۇستۇر. بەزەن كىشىلەرنىڭ تىلەك - ئىلتىجالىرى، يالۋۇرۇشلىرى ئاللاھ تەرىپىدىن بىر ئۆمۈر جاۋاپسىز قالدۇرۇلىدۇ. بەزەن كىشىلەرنىڭ دۇئا - تىلەكلىرى شۇنچىلىك تېز بولىدۇركى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئاجايىپ كارامەتلەر يۈز بېرىدۇ. بۇمۇ ئاللاھنىڭ بەندىسىنى ئىمتىھان قىلىشىدىن ئىبارەت ئىلاھىي تەدبىر بولۇپ، پەقەت ئىنسانلارغا ئىبرەت ۋە ساۋاق بېرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىراۋغا ئاللاھ ئىنئام بەرسە ئۇنى ياخشى كۆرگىنىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى باشقىلار ئۈچۈن ئىمتىھان قىلىش، كىشىلەر ئارىسىدىكى بىراۋنىڭ ئېرىشكەن ئىنئاملىرىدىن سۆيۈنۈپ، باشقىلارنىڭ شاتلىقىدىن تەڭ ھوزۇر ئالىدىغان ياخشى كىشىلەر بىلەن، بىراۋنىڭ ئۇتۇق نەتىجىلىرىدىن ئازاپلىنىدىغان، ھەسەتخور، تېشى ئېسىل، ئىچى قوتۇر ياۋۇز ئادەملەرنى كىشىلەرنىڭ پەرقلەندۇرىشى، ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنىڭ كىشىلىك خۇسۇسىيىتىنى ئايرىۋېلىشى ئۈچۈن ۋە قايسىسىنى تالاپ، قايسىسىنى رەت قىلىشنى بىلدۈرۈش ئۈچۈندۇر.

شۇنىڭدەك، ئاللاھ بىراۋنىڭ تىلەكلىرىگە جاۋاپ قىلماي، كۆپلىگەن پالاكەتلىك ھادىسىلەرگە مۇپتىلا قىلىشىمۇ ئۇنى يامان كۆرگەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى جاپا - مۇشەققەتكە چىداشلىق بېرىش ئارقىلىق، كىشىلەر ئارىسىدا ئالىيجاناپلىق خىسلىتىنى قانات يايدۇرۇش، بېشىغا بالا كەلسىمۇ دات - پەريات دېمەستىن، توغرا يولدىن ئاداشماي، ياخشى يولدا ئۆزىنى پىدا قىلىشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشتەك ئۇلۇغۋار خىسلەتلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ياشاملىرى بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر!.

دەرۋەقە بۇگۈن مۇشۇ ئالەمشۇمۇل ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى بولغان پىداكار ئانا، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىر ئىبرەتتۇر. ئۇ دەرت تارتقان چاغلىرىدا ئاللاھقا سېغىنغان ئىدى. ھالاۋەتكە ئېرىشكەندىمۇ ئاللاھنى ئۇنۇتمىدى. ئۇ پالاكەتلىك يىللارنى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز جاسارىتىنى جارى قىلدۇرۇپ يېڭىپ كەلدى. شاھانە ماقاملارغا ئېرىشكەندىمۇ ئۆز مىللىتى يولىدا ئۆزىنى پىدا

قىلدى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى مىللىتى ئۈچۈن ياشاتتى ۋە مىللىتى ئۈچۈن قۇربان قىلدى. ئۇ كۆككە تاقاشقۇدەك بىنالارنى سالغاندىمۇ، پادىشالاردەك ماقامغا ئېرىشكەندىمۇ مىللىتىنى ئويلىدى. يېتىملارنى ئويلىدى ۋە قۇتقۇزۇش يولىدا كۈرەش قىلدى. ئۇ ھەممە ئەسلى - ۋەسلىدىن ئايرىلىپ، بۆگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈپ قالغاندىمۇ دات! دېمىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ يۈزىدىن - يۈزىگە تىل - دەشنام ياغدۇرسىمۇ ۋايساپ كەتمىدى. « ۋاپاسىز مىللەت! » دەپ، باشقىلاردەك شىكايەت قىلىشقا ھەقلىق بولسىمۇ ئەمما ئۆز ھەرىكىتى بىلەن ئۆزىنى ئىسپاتلىدىكى، ھەرگىزمۇ « بۇ مىللەت ۋاپاسىز مىللەت! بۇ مىللەتنىڭ ئىشىنى قىلغان ئادەم مەنتىمىن بۇغرادەك كۆنگە مۇپتىلا بولىدۇركى، بۇ مىللەتتىن ۋاپا ئورنىغا جاپا كېلىدۇ! » دېمىدى! رابىيە قادىرنىڭ ھاياتى ۋە كۈرەش ئىستىلى بىر مىللەتكە ئۈلگە ۋە ئىبرەتتۇر!.

## 20

ئۇ ئەرتە - ئاخشاملىرى ئۆي ئىشىدىن بوشىغان ھامان بۇرۇنقىدەك ئادىتى بويىچە پۇپۇش ( لاتا رەخت بىلەن شىرىپ تىكىلىدىغان يۇمشاق ئاياق ) ۋە ئىچ كېيىملەرنى تىكىپ « قاراڭغۇ بازارچى » بۇۋاجەرگە بېرەتتى. بۇ خىل تاپاۋەتنىڭ پايدىسى بىلەن زۇنۇن قادىر ۋە ئاباسخاننىڭ ئائىلىلىرىگە ئوخشاش يەنە بەش ئائىلىنى، ئۆزىنىڭ ئىنى ۋە سىڭىللىرىنى تەمىنلەيتتى. ئالتە بالىسىنىمۇ ئاچ - يالىڭاچ قويماي، بويۇن قىستۇرماي ئەتىۋار باللار قاتارىدا ياخشى باقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ مۇشۇنــــداق « قاراڭغۇ بازارچىلىق » ئىشىغا تۇتۇنغان ئىدى. بىر كۈنى بۇۋاجەر بازاردا سودا قىلىۋاتقان يېرىدە تۇتۇلۇپ قالدى. بۇۋاجەرنىڭ « قاراڭغۇ بازارچىلىق » قىلمىشى « شەخسى تاپاۋەت قىلىشقا بولمايدۇ » دېگەن پىرىنسىپقا خىلاپ قىلمىش ئىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىككى نەپەر ساقچى رابىيەمنى ئۆيىدىن ئېلىپ كەتتى. ئۇلار رابىيەم تىككەن پۇپۇشلارنى تېزىق قىلىپ ئۆتكۈزۈپ رابىيەمنىڭ بويىنىغا ئاستى. ئۈچىسىغا باشقا ئىچ كېيىملەرنى سىم بىلەن باغلاپ ئاستى. ئۇلار رابىيەمنى « سازايى » قىلدۇرماقتا. ھەربىر كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە «

رابىيە قادىر كاپىتالىست! قاراڭغۇ بازارچى! يوقالسۇن رابىيە قادىر! » _ دەپ، شۇئار تووۋلايتتى. مۇشۇ تەرىقىدە ئاقسۇ كوناشەھەرنى قانچە قېتىملاپ ئايلاندۇرۇپ چىقىشتى. كوچىلاردا يۈرگەن بىكار تەلەپ ئەرلەر، ئاياللار، باللار رابىيەمگە سەلدەك يوپۇرلۇپ كېلىشەتتى.

رابىيەم مۇشۇ قاراڭغۇ بازارچىلىقنى ئەڭ توغرا يول _ دەپ تاللىغان ئىدى. چۈنكى ئۇ مۇشۇ يول بىلەن ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنىڭ غېمىنى قىلالاتتى ھەم باشقا قىيىنچىلىقتا قالغان ئائىلىلەرگە ياردەم قىلالايتتى. شۇڭا ئۇ ھازىر مۇشۇ كۈرەش قىلىۋاتقان كۆپچىلىك ئارىسىدا ئۆزىنى قەھرىماندەك ھېس قىلاتتى. ئۇ بېشىنى تىك تۇتۇپ ئالغا قاراپ قەدەم باساتتى. ئۇ شۇ تاپتا گۈياكى ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر قەھرىمان ئايال ئىدى!.

شۇ كۈنى كەچ قۇرۇن ئۆيگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىنغان رابىيەم ئۆيگە كەلگەندە بولسا، نومۇستىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغان يولدىشىنى كۆردى. ئۇ خېلە ئۇزۇندىن بېرى سۆزلەشكە پېتىنالماي كېلىۋاتقان مەقسىدىنى دېمەكچى بولدى. چۈنكى ئۇ ئەمدى ئوچۇق ئېيتمىسا، بانكىدىكى بۆلۈم باشلىقلىقى ئورنىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئەشۇ خىزمەت ئورنىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىش قولىدىن كەلمەيتتى. ئۇ دادىللىق بىلەن:

_ ئەمدى سەن خېتىڭنى ئالساڭ بولىدۇ! _ دېدى رابىيەمگە خىتاپ قىلىپ. ئۇ ئون ئۈچ يىلدىن بېرى يىغىلىپ قالغان سۆزلىرىنى، دەردىنى بىراقلا تۆكتى. ھەتتا:

_ سەن ئالتە بالا بىلەن مەندىن ئايرىلساڭ، ئۆمۈر بويى ئەشۇنداق يالغۇز ئۆتىسەن، سېنى ئالتە بالا بىلەن ھېچكىم ئالمايدۇ! - دېدى زەردە بىلەن. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا رابىيەمگە ئاخىرقى پۇرسەت تەرىقىسىدە:

_ مېنى راستىنلا ياخشى كۆرمەمسەن! - دېدى تىكىلىپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ باياتىن ئېيتقانلىرى رابىيەمگە كاچاتلاۋاتقاندىنمۇ قاتتىقراق ئەلەم قىلغان ئىدى. شۇڭا :

_ ياق! مەن سېنى ياخشى كۆرمەيمەن! سېنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ. ھەتتا سېنى ئىشتتقا تاشلاپ بەرسە، ئىشتمۇ يېمەيدۇ -  دېدى رابىيەم كەسكىن تەلەپپۇزدا. بىراق ئۇ بىر ئۇيغۇر ئايالىنىڭ ئالتە بالا بىلەن ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرگىلى بولمايدىغان بىر مەسىلە دەپ ئويلايتتى. ياخشى كۆرمەسلىك باشقا بىر تۇيغۇ. باللارنى يېتىم قىلماسلىق بولسا باشقا بىر مەسئۇلىيەت ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ ھەقتە ئابدىرىمغا يالۋۇردى.

بالىلىرىنى ئۆز ئانىسىدىن ئايرىۋەتمەسلىكنى ئۆتۈندى. لېكىن ئابدىرىم ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمايتتى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، مەن بىلەن بىرگە ئاجراشتۇرۇش ئىشخانىسىغا بارامسەن؟ - دېدى.

_ ھەئە شۇنداق قىلىمەن - دېدى رابىيەم ۋە دەرھال ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يول ئالدى.

ھېچقانداق گەپ - سۆز بولۇنماستىنلا ئۇلارنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش خېتىنى قوللىرىغا تۇتقۇزۇپ قويدى خەت كېسىدىغان خىزمەتچى خادىم.

( شۇ نامىلىق كىتاپ 118-121. بەتلەر)

( قوشۇمچە )

ئون ئۈچ يىللىق، ئالتە بالىلىق بىر ئائىلىنىڭ چىرىغى شۇنداق ئۆچتى. بۇنىڭ سەۋەپچىسى ئەلۋەتتە رابىيەمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ كوممۇنىست يولدىشىمۇ ئەمەس ئىدى. رابىيەم بولسا ئاللاھ ۋۇجۇدىغا قويغان ئامانەتنى ئىجرا قىلاتتى. ئۇنىڭ يولدىشى بولسا، ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ پىرىنسىپلىرىغا بويسۇنۇپ، بىر كىشىلىك پۇخرالىق مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىمەكتە ئىدى.

« سەن بىزگە تەئەللۇق ئەمەس، بەلكى خەلقىمىزگە تەئەللۇق » دېگەن بۇ تەربىيە ئاستىدا ساغلام روھ بىلەن يېتىشكەن رابىيەم، ئەلۋەتتە ئۆز ئەقىدىسىگە ئويغۇن ھەرىكەت قىلىشى لازىم ئىدى. ئۇنىڭ يولدىشى بولسا پەقەتلا دۆلەتكە سادىق خىزمەت قىلىش، ھۆكۈمەتكە ئاسىيلىق قىلماسلىق تەربىيەسى بىلەن يېتىشكەن. شۇڭا ئۇ ئۆزىگە داغ كەلتۈرىدىغان ئىش - ھەرىكەت ۋە شەخس، كىم بولىشىدىن قەتئى نەزەر ئۆز مەۋقەئەسىنى بىلدۈرۈشى ۋە كەسكىن ئىنكاس قايتۇرۇشى كېرەك! ئابدىرىممۇ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلدى. ئۇ ئون ئۈچ يىل كۈتتى. ئالتە بالىنىڭ ئانىسى بولغاندىمۇ، يەنە بالىلىرىنىڭ ئاتىسىنىڭ يۈزىنى قىلمىغان، تىنىم تاپماي بالا - قازا تېرىپ تۇرىدىغان، نان بېرىۋاتقان ھۆكۈمەتكە يامان نىيەتتە قارايدىغان بىر ئايال ئۇنىڭ ئۆيىدە ئون ئۈچ يىل بىرگە ياشىدى.

شۇ مەزگىللەردە ئابدىرىمدەك بىر دۆلەت كادىرىنىڭ ئايالى بولۇش ھەر قانداق بىر ئايالغا نېسىپ بولىدىغان ئادەتتىكى ئىش ئەمەس ئىدى. بۇ ئائىلە بەختلىك، باياشاتلىق، نوپۇزلۇق ئائىلە ئىدى. لېكىن ئۇ ئويلىغاندەك

بولمىدى. بۇنداق تراگېدىيەلىك نەتىجە بىلەن بىر ئائىلىنىڭ بۇزۇلىشى ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق بىر ئەھۋال. ئەمما بۇ ئائىلە بولسا رابىيەم ئۇچۇن ـ ئۆز خەلقىغە بەخىت يارىتىشقا يارىتىلغان بىر غالىپ روھ ئۇچۇن ئېيتقاندا تۆمۈر قەپەس ئىدى! رابىيەمنى ئەشۇ تۆمۈر قەپەستىن بوگۇن، ئۇنى ئەشۇنداق روھ بىلەن ياراتقان ئىگىسى قۇتقازغان ئىدى. چۈنكى ئۇ بۇ قەپەستە بىر ئۆمۈر قامىلىپ قالسا، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئالەمچە خىزمىتى بەربات بولاتتى. بۇ ئائىلىنىڭ بۇزۇلىشى رابىيەمنىڭ تەقدىرىنىڭ ئۇستىدىن غەلبە قىلىشى بولۇپ، ئۇ بۇ ئائىلىگە كىرگەندىمۇ، تەقدىرگە تەن بېرىش بولماستىن بەلكى بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان ھايات مۇساپىلىرى ئىدى.

( تەرجىمىنىڭ داۋامى )

ئۇ ئاجرىشىش خېتىنى ئېلىپ سىرتقا چىققىنىچە ئۇددۇل كېتىۋاتاتتى.ئۇ ئۆيىگە بېرىشنى خالىمايتتى.

ئۇ غەمكىن كۆزلەر بىلەن تىكىلىپ تۇرۇشقان باللىرىنى قايتا كۆرۈشنى خالىمايتتى.

ئۇ ئېچىنىشلىق تۈيغۇ ئىلكىدە باللىرى بىلەن خوشلىشىشنى خالىمايتتى.

ئۇ بىر دوقمۇشقا كېلىپ توختىدى. قاياققا مېڭىش كېرەك؟ كىمنىڭكىگە بېرىش كېرەك؟ تونۇشلارنىڭ ھەممىسىلا ئابدىرىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۇرسا! يانچۇقتا بىر تىيىن يوق! ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق! ئۇ ھېلىقى قاراڭغۇ بازارچى بۇۋاجەرنىڭكىگە بارماقچى بولۇپ قايرىلدى.

پىرستاندىن قوزغىلىۋاتقان كېمىدەك ئىرغاڭلاپ ماڭىدىغان سېمىز، بېغەم بۇۋاجەر پىخىلداپ تۇرۇپ، بۇدرۇق بارماقلىرى بىلەن ئون يۈەن ئۆتنە بەردى. ئۇ ئىككىنجى بولۇپ ئىنىسى مەمەتنىڭ يېنىغا باردى. مەمەت ئايدا ئالىدىغان قىرىق يۈەن مائاشىدىن ئوتتۇز يۈەننى بەردى. جەمى قىرىق يۈەن پۇل بىلەن كوچارغا بارماقچى. ئاپتۇۋۇز بېلىتى، يول خىراجىتىدىن ئېشىپ يىگىرمە يەتتە يۈەن بىلەن كوچارغا ـ سۆيۈملۈك دادىسىنىڭ، سۆيۈملۈك ھەدىلىرىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ كوچاردا ياخشى قارشى ئېلىنمىدى. ئالتە بالىسى بىلەن ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن بىر ئايال، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياخشى كۆرۈلمەيتتى. ئۇ چوڭ ھەدىسى زۆھرەدىن يىگىرمە يۈەن قەرز سورىدى. ئۇ بۇ پۇللار بىلەن ئاقسۇدا بىر دۇكان ئېچىش پىلانىنى ئېيتقان ئىدى. زۆھرە تېجەپ

يىغقان يۈز يۈەن پۇلىنى ئۇنىڭغا بەردى.

ئەرتىسى ئەتىگەنلىك ئاپتۇۋۇز بىلەن ئۇ ئاقسۇغا قايتتى. ئۇ ئىنىسى مەمەتنىڭ ئۆيىگە يېقىن بىر تار كوچىدىن ئۆي ئىجارىگە ئالدى. بۇ ئۆينىڭ ئارقىسىدا يوغان بىر كۆل بار ئىدى. رابىيەم مۇشۇ يەردە بىر كىرخانا ئاچماقچى. ئۈچ ئايلىق ئۆي ئىجارىسىگە ئوتتۇز يۈەن تۆلىدى. ئوتتۇز يۈەنگە سوپۇن، كىر يۇيىدىغان تەڭنە، كىر يۇيۇش تاختىسى قاتارلىق ئەسۋاپلارنى ئالدى. كارۋات، يوتقان، كۆرپە قاتارلىق ئۆي بىساتلىرىنىمۇ تەل قىلدى. ئۇ بۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتى. ئۇ ئون ئۈچ يىل بويىچە ئائىلە ئىچىدە ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن ھاياتىدىكى رابىيەمگە باشقا بىر رابىيەنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بايقىماقتا! ئۇ ئەشۇ يوشۇرۇن رابىيەنى ئىسپاتلىماقچى. ئۇ ئۆزىنى يەنە بەك كۆپ ئىشلارنىڭ كۈتۈپ تۇرىۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتمەكتە!.

ئاقسۇدا يۈزىنى ياپقان ئاياللار تولىمۇ ئاز كۆرۈنەتتى. رابىيەم ئۆزىنىڭ يېڭى ھاياتى باشلىنىپ ئىككىنچى كۈنى بازاردىن بىر پورەك ( قەھۋە رەڭگى ) تور ياغلىق سېتىۋالدى. ئۇ يۈزىنى ياپتى. تور ياغلىقنىڭ ئۈستىگە دوپپا كەيدى. ئۇ تېخى يىگىرمە سەككىز ياشتىكى گۈزەل بىر چوكان ئىدى. ئۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ دىققىتى ئاغاتتى. شۇڭا ئۇ يات كۆزلەردىن مۇشۇ ئۇسۇلدا قوغداندى. بۇ تور ياغلىقنىڭ ئىچىدە كىمنىڭ بارلىقىنى چوڭ ئاشخانا ئىگىسى ـ ھېلىقى ئۆينى ئىجارىگە بەرگەن كىشىلا بىلەتتى. ھەم مۇشۇنداق كىرخانا ئاچقان كىشىنى باشقىلار تۇۋەن كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى تور ياغلىققا يۆركەپ، باشقىلارنىڭ تونۇپ قېلىشىدىن، بالىلىرىنىڭمۇ « كىر يۇغۇچى ئايالنىڭ بالىسى » دەپ كەمسىتىلىشكە ئۇچرىشىدىن قوغدىماقتا ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ ئىنىسى مەمەت بىلسىمۇ ئۇنى بۇ ئىشتىن توسۇپ قويىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ باشتىن ئاياققىچە يېپىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن كۆينەك كىيدى. ئۇ بەئەينى بىر قېرى مومايدەكلا كۆرۈنەتتى.

رابىيەم ئىشنى باشلىۋەتتى. ئېلان تاختىسىغا « كونا كىيىمىڭىزنى ماڭا بېرىپ، يېڭى كىيىمنى ئېلىپ كېتىڭ » دېگەن قىزىلقارلىق جۈملىنى يېزىپ، ھېلىقى چوڭ ئاشخانىنىڭ ئالدىغا ئاستى « بىر ئىشتان 50 تىيىن، بىر كۆينەك 50 تىيىن، بىر چاپان 50 تىيىن، يوتقان كىرلىكى 50 تىيىن.... » شۇنداق باھا ئېلانىنىمۇ ئوچۇق يازدى. ئاشخانىنىڭ خوجايىنى ئۇنىڭ ئاشخانىدا خېرىدارلارغىمۇ ئېلان قىلىشىنى تەكلىپ بەردى. ئاشخانىدا ئىشلەيدىغان كىشىلەرمۇ كىيىملىرىنى يۇيۇشقا بەرمەكتە.

( شۇنامىلىق كىتاپ 122-125 بەتلەر)

( قوشۇمچە )

دەرۋەقە بىر ئايال - يىگىرمە سەككىز ياشتىكى بىر ئۇيغۇر خانىم يولدىشىدىن ئايرىلسا، ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جەزىم قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر بەختسىزلىك ئىلكىدە گەرچە ھايات ياشاۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، روھىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي تۈگىشىدۇ. لېكىن بىزنىڭ بۇ باش قەھرىمانىمىز ھاياتقا قايتىدىن كۆز ئاچماقتا! ئۇ دۇنيانى، ئۆزى ياشاۋاتقان ئەشۇ دەھشەتلىك دەۋرنى ئۆزگەرتمەكچى! ئۇ ئەشۇ نىيەتتە تۈنجى قەدەمنى باشلىدى.

21

رابىيەم ئىش باشلىغان بىرىنچى كۈنى ئۆي ئېگىسىنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلەيدىغان ئۇستىلار كىيىملىرىنى يۇيۇشقا بەردى. ياغ، كىر، قېتىپ كەتكەن داسماق كىيىملەر. ئۇ بۇ كىيىملەرنى قانچە كۈن قايناق سۇغا بېسىپ يۇسىمۇ ئېرىمەيتتى. ئۇ بۇنىڭ چارىسىنى قىلدى. زەمچە ياكى زەرمۈچ. بۇ دورا ھەرقانداق ياغ كىرلەرنى لەش قىلىپ ئېرىتىدۇ. بىراق، كىيىملەرنىڭ داسماقلىرىنى ئېرىتىش بىلەن بىرگە رابىيەمنىڭ قوللىرىنىڭ تېرىسىنىمۇ كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. ئۇنىڭ قوللىرى قوقۇقا باسقاندەك كۆيۈپ كەتتى. لېكىن شۇنداقتىمۇ بىرىنچى كۈندىكى ئەمگىكى 15 يۈەن بولۇپ، ئۇ بۇ پۇلنى « بالىلىرى ئۈچۈن » ئايرىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەمگەك بىلەن نەتىجە قازىنىدىغانلىقىغا جەزىم قىلاتتى. ئىككىنچى كۈنى تۆرت قۇر كىيىم، ئىككى دانە كاستۇم كەلدى. بەختكە يارىشا بۇ كىيىملەر ھېلىقىدەك مەينەت ئەمەس ئىدى. ئۈچىنچى كۈنى بولسا بىرمۇ خېرىدار كەلمىدى. تۆرتىنچى كۈنى سەككىز قۇر كىيىم، بەشىنچى كۈنى ئون ئىككى قۇر، كېيىنكى كۈنى ئون بەش قۇر، بارغانچە يۈز قۇردىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يوتقان تېشى قاتارلىق چوڭ كىرلەرنى ئالمايدىغان بولدى. ئۇ كونا، كىر كىيىملەرنى ئۆزى ئېلاندا ئېيتقاندەك يېپ - يېڭى تۈسكە كىرگۈزۈپ ئېگىلىرىگە بېرەتتى. ئۇنىڭ كىرخانىسى ئاقسۇ شەھرىدە شۇنداق تېز تونۇلۇپ كەتتى. لېكىن بۇ داڭ

چىقارغان كىرخانىنى ئاچقان كىشىنىڭ رابىيەم ئىكەنلىكىنى بولسا ھەتتا ئۇنىڭ ئىنىسى مەمەتمۇ بىلمەيتتى.

ئۇ ھەركۈنى سەكسەن قۇردىن ــ يۈز يىگىرمە قۇر كىيىمگىچە يۇيۇپ بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۇ بىرەر مىنۇت بەل، پۇتلىرىنى تۈزەپ دەم ئالغىنىدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇماق باللىرى كۆرۈنۈپ كېتەتتى- دە، سېغىنىش ئازاپلىرى، دەرت- ھەسرەتلەر ئۇنىڭ يۈرەك باغرىنى تىلىپ تاشلايتتى. ئۇ مۇشۇنداق چاغلاردا چاچراپ تۇرۇپ، كىر يۇيۇشقا ئۆزىنى ئۇراتتى. شۇنداق قىلىپ ئۆزىنى بۇنداق روھى ئازاپتىن قوغداش ئۈچۈنمىكىن كۈنىگە تۆرت، بەش سائەتلا ئۇخلاپ، قالدى ۋاقىتلاردا تىنىماي ئەمگەك قىلاتتى. ئۇنىڭ خېرىدارلىرى شۇنچىلىك ئاقكۆڭۈل كىشىلەر ئىدىكى كىيىمنىلا ئەمەس بەلكى ھەر كەلگەنلىرىدە نان، توقاچ، مېۋە، كۆكتات دېگەندەك نەرسىلەرنىمۇ سوغات سۈپىتىدە بىرگە ئېلىپ كېلىشەتتى. ئۆزىمۇ ئىشەنمىگۈدەك دەرىجىدە نەتىجە قازىناتتى. ئۈچ يېرىم ئاي دېگەندە 4500 يۈەن نەق پۇل جەملىدى.

بەزەن كۈنلىرى ھاۋا بۇزۇلۇپ، بوران - چاپقۇن چىقىپ، يامغۇر يېغىپ قالسا، كىرلەرنى يىغىپ ئۆيگە ئەكىرىدۇ. ئاپتاپ چىقسىلا قايتا يايىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق چاغلاردا ئويلىنىپ قالاتتى. ھازىرغۇ يازنىڭ ئاپتىۋى، يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئاسان، قىش - قۇرۇن كەلسە قانداق قىلغۇلۇق! ئۇ مۇشۇ ئوي - پىكىرنىڭ تۈرتكىسىدە كەسىپ ئۆزگەرتىشنى پىلانلىدى.

ئۇ كىرخانا ئېلانىنى يىغىشتۇرۇپ، قېرى خوتۇن قىياپىتىنىمۇ كارۋاتنىڭ ئاستىغا تاشلاپ قويدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئاقسۇ شەھىرىنى ئون بەش كۈن ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ باللىرىغا كۆركەم، يارىشىملىق كىيىم - كېچەك، پايپاق، ئاياق، ئاسما مايكا، مەكتەپكە لازىملىق دەپتەر - قەلەم، قاتارلىق باللار سۆيۈنىدىغان ھەممە نەرسىلەرنى ئالدى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە 4000 يۈەن ئاشقان ئىدى. ئۇ باللىرىغا ئالغان سوغاتلارنى ئىنىسى مەمەت ئارقىلىق يەتكۈزمەكچى بولدى. سوغاتلار بىلەن بىرگە باللىرىغا بىر پارچە مەكتۇپمۇ يازدى:

« جان - جىگەر سۆيۈملۈك باللىرىم! بۇ سىلەرنىڭ ئاپاڭلارنىڭ سوغاتلىرى. ئۇ سىلەرنىڭ بەختىڭلار ئۈچۈن ئۆزىنى تاشتىن قاتتىق مېھنەتكە زورلىدى! بۇ سوغات سىلەرنىڭ ئاپاڭلاردىن! ئۇ سىلەر ئۈچۈن ئۆزىگە « قۇل » مۇئامىلىسىنى قىلدى. باللىرىم! مەن پۇل تاپىمەن، بۇ پۇللار بىلەن سىلەرنى داداڭلارنىڭ يېنىدىن ئېلىپ كېتەلەيمەن! ».

رابىيەم يەنە باللىرىغا ئېيتىدىغان نۇرغۇن ئامانەت سۆزلىرىنى مەمەتكە

ھاۋالە قىلدى. ئۇ ئاز دېگەندە يەنە ئالتە ئاي بالىلىرىنى يوقلاپ كېلەلمەيدۇ. لېكىن مەكتەپكە كىرەكلىك ھەممە نەرسىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئۇ قانداق قىلىش ھەققىدە بازار ئايلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرى، يېڭى پىلان تۈزگەن ئىدى. ئۇ بازاردىن ھەر كۈنى باھاسى ئەرزان، كۆركەم ئەمما ھەجمى كىچىك - تاغاق، ئەتىر سوپۇن، كەشتە يىپى دېگەندەك يېنىكماللارنى ئالدى. ئۇ جەمى مىڭ يۈەنلىك مال ئالدى. ماللىرىنى ئىككى تاغارغا قاچىلاپ، كوچارغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇ كوچاردا ئىش - ئوقەت قىلىپ كۆرمەكچى ئىدى. ئاپتوۋۇزدا ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئولتۇرغان بىر ھەمراھ ئادەم توساتتىن ئۇنىڭغا مەسلەھەت كۆرسىتىپ قالدى. يەنى شاياردا پاخلان كۆرپىسى شۇنچىلىك ئەرزان بولۇپ، ئۇنى قەشقەر، قاغىلىق قاتارلىق يۇرتلارغا يۆتكىسە يۈزدە يۈز پايدا قالىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن رابىيەم كوچارغا ماڭغان يولىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇدۇل شايارغا كەتتى. ئۇ ئاقسۇدىن ئېلىپ كەلگەن يېنىك ماللارغا پاخلان كۆرپىسى تېگىشكىلى باشلىدى. بىكارنىڭ نەرقىدە - بىرتال سوپۇنغا بىر دانە كۆرپە. بىر تال تاغاققا بىر تال كۆرپە. بۇنى دېھقانلار ئۆزلىرى بىلىپ باھالىغان ئىدى. قېتىپ كەتكەن كۆرپىلەرنى قانداق يۇمشىتىپ قاچىلاشنى تۇماقچى ئۇستىلاردىن ئاغزاكى چۈشەندۈرۈش بىلەن يادلىۋالغان رابىيەم، كونا يېڭى دېمەستىن كەلگەن كۆرپىلەرنى مال دەپ ئېلىۋەردى. ئۇ كىشىلەرگە يەنە كۆپ كۆرپە يىغىپ قويۇشنى، كېلەركى قېتىمدا ئۇلار تەلەپ قىلغان نەرسىلەرنى ئاقسۇدىن ئالغاچ كېلىدىغانلىقى توغرۇلۇق يازما خاتىرە قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇن يول مۇساپىسىنى بېسىپ، خوتەنگە يېتىپ كەلدى.

ئۇ ئەجداتلىرىنىڭ يۇرتىغا تۇنجى كەلگەن ئىدى. ئۇ چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە ئىدى. ئۇنىڭ ئەجداتلىرىنىڭ يۇرتلىقى يۇزلىرىدىن ئاجايىپ تەبەسسۇم يېغىپ تۇرىدىغان كىشىلەر ئىدىكى، ئۇلار بىلەن جېدەل - ماجرا قىلىشقا يول يوق ئىدى. ئۇلار قانچىلىك نامرات بولىشىغا قارىماي، ئەگەر ئىككى قوزىسى بولسا، بىرىنى مېھمان كىشىنىڭ يۈزىدىكى كۈلكە ئۈچۈنلا سويۇپ مېھمانغا ئاتايدۇ! رابىيەم بۇ يۇرتقا ئۆزلىشىپ كەتتى. ئۇ تىجارەتنىمۇ شۇنچىلىك زىرەكلىك بىلەن ئېلىپ باراتتى. يۇرتتىكى بېسىمدار تىجارەتچىلەرمۇ ئۇنىڭغا قايىل ئىدى. ئۇ خوتەن شەھرىدىكى داڭلىق باي بىر بېسىمدار كۆرپىچى بىلەن كېلىشىپ، كۆرپىنىڭ دانىسىنى ئەللىك يۈەندىن باھالاپ پۈتۈشتى. قولىغا بىر قىسىم نەق پۇل بېرىدىغان، قالدىسىغا خوتەن

زىلچىسىدىن بېرىدىغان، يەنە تېز ئارىدا خوتەنگە كۆرپە يوللاپ بېرىدىغان كېلىشىملەر تۈزۈلدى.

رابىيەم ئاقسۇدىن مىڭ يۈەنلىك مال ئېلىپ خوتەنگە كەلگىنىگە سەككىز كۈن بولدى. لېكىن ئۇ سەككىز مىڭ يۈەن نەق پۇل، چوڭ - كىچىك ئون ئۈچ دانە خوتەن زىلچىسى قازاندى. ئۇ خوتەن زىلچىلىرىنى قۇمۇلغا يۆتكىمەكچى. بۇ تەكلىپىنىمۇ ئەشۇ كۆرپىگە خېرىدار بولغان بېسىمدار كىشى بەرگەن ئىدى.

ئۇ ئۈرۈمچىدىكى بىر كۆرپىچى بېسىمدارنىڭ تونۇشتۇرىشى بىلەن قۇمۇلدا بىر ياردەمچىگە ـ بىر يۇرت ئاقساقىلىغا ئېرىشكەن ئىدى. ئۇ كىشى يېقىن - يىراقتىكىلەرگــــــــە « يۇرتىمىزغا ئاجايىپ چوڭ بىر باي ئايال كەلدى! » دەپ خەۋەر يەتكۈزەتتى. « باي ئايال » دېگەن بۇ نامنى بولسا رابىيەم تۇنجى ئاڭلىماقتا. ئاھ! باي ئايال! ئۇ يېقىنلا بىر يەردە باي بىر رابىيەمنى كۆرگەندەك بولىۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ چوڭ زىلچىنى بەش يۈز يۈەن، كىچىك زىلچىنى ئۈچ يۈز ئەللىك يۈەندىن نەرقلەپ ساتتى. ئۇ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، بالىلىرىغا بىر چامادان كىيىم - كېچەك ئالدى. دادىسىغىمۇ، كۈچاردىكى ھەدىلىرىگىمۇ، ئۆگەي ئانىسىغىمۇ ھەممىسىگە سوغاتلىق ئالدى. ئۇ بالىلىرىغا ئالغان چىرايلىق دەپتەرلەرگە « بەختىلىك بولاي دېسەڭ، ياخشى ئۆگەن! » دېگەن جۈملىلەرنى يازدى. ھەتتا ئابدىرىمىنىڭ ئۆيىدىكى بالا باققۇچى ئايالغىمۇ كىيىم ۋە پۇل سوغات قىلدى.

( ئۆز ۋاقتىدا، ئۇ يولدىشىدىن ئاجرىشىپ كەلگىنىدە « قىزىڭ قانداق خوتۇن، ئالتە بالا بىلەنمۇ ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتەمدۇ كىشى! قىزىڭنى دېسەڭ ئىككى بالا بىلەن ئۆيۈڭنى ئال! » دەپ، قادىرخانغا گۇستاخلىق قىلغان ۋە رابىيەمنىڭ كۈچاردىن كېتىشىگە سەۋەپچى بولغان ) ئۆگەي ئانىمۇ « ۋاي جېنىم قىزىم رابىيەم كۈچاردا ـ بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇرىۋەرسۇن » دەپ تالاشماقتا ئىدى. خەير! رابىيەم كېيىنكى قېتىم شايارغا داڭلىق، ماھىر بىر سودىگەر سۈپىتىدە كەلدى. ئۇ كىشىلەر توپلاپ قويغان كۆرپىلەرنى تۈرگە ئايرىپ، بىر قانچە ماشىنىغا بېسىپ خوتەنگە يوللىدى.

نۇرغۇن كىشىلەر ـ رابىيەمنىڭ بۇ تەۋەككۈلچىلىكىدىن قورقۇپ قالغانلار رابىيەمنى « ئەقلىدىن ئادىشىپ قاپتۇ! » دېيىشەتتى. چۈنكى ئەگەر بىر قېتىملىق مال بىلەن تۈتۈلۈپ قالىدىغان بولسا، ئاز دېگەندە بەش يىل قاماقتا ياتىدىغان گەپ. لېكىن رابىيەمگە نىسبەتەن بولسا، بۇ تىجارەت ھاياتى بىر

ئالغا ئىلگىرلەش ئىدى. ئۇ كىچىگىدە دادىسىدىن ئاڭلىغان چۆچەكلەردىكى سودىگەرلەرنى ئەسلەيتتى.

دادىسىنىڭ ئېيتىشىچە : سودىگەرلە، « دۇنيانى بىلىدىغان، بەختلىك، دۇنيا ئەللىرىنى ئۆز - ئارا تۇتاشتۇرىدىغان قۇرۇلمىنىڭ، ۋەزىپىسىز - ئەركىن ئەزالىرى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچىلەر » ئىدى. رابىيەمۇ ئەنە شۇلاردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلماقتا ئىدى!

( شۇ ناملىق كىتاپ 126- 133. بەتلەر)

( قوشۇمچە )

مۇشۇ بۆلۈمدە ئىزاھات بېرىدىغان مۇھىم بىر نوقتا بار:

رابىيە قادىر خانىم 1989 ـ يىللىرى بىر قېتىملىق تېلىۋىزور سۆھبىتىدە مۇخبىرغا جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن ئىدى « سودا ـ تىجارەت ئىشلىرىدا ئۇچۇر بەك مۇھىم. مەن 1978 ـ يىللىرى 60 يۈەن بىلەن تىجارەتكە قەدەم قويۇپ، ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا نۇرغۇن سەرمايىگە ئېرىشكەن ئىدىم. بۇنىڭدىكى ئاساسى سەۋەپ ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىمدىن بولغان. شۇڭا ئۇچۇرنى چىڭ تۇتۇش كېرەك! ».

بىز ئۇ چاغدا خانىمنىڭ تىجارەتنى قانداق باشلىغانلىقىنى، قايسى شەكىلدە ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى تەپسىلى بىلمىگىنىمىز ئۈچۈن، ئۇچۇر خىتايدا تېخى يېڭىدىن ئومۇملاشقان تۇرسا، بولۇپمۇ خىتاي پرولىتارىيات تۈزۈمىنى تاشلاپ، بۇرجۇئازىيەگە يېڭىدىن يول قويغان تۇرسا، 1978 ـ يىللىرى ئۇچۇر ئېلىپ سېتىش تۇرماق، غالتەكتە ئاپتاپپەرەس ساتقانلارنىمۇ « قاراڭغۇ بازارچى » دەپ تۇتقۇن قىلىدىغان تۇرسا، خانىم ئۇچۇرنى قانداق ئىگىلىگەن؟ ئۇچۇرنى قانداق ساتقان؟ خىتاي ئۇچۇر دەۋرگە 80 ـ يىلىدىن كېيىن كىرگەن تۇرسا، خانىمنىڭ سۆزلىرى قايسى جەھەتتىن چىنلىققا ئېگە؟ _ دەپ رابىيە قادىر خانىمغا قايىلبولماق باشقا بىرگەپ، ھەتتا گۇمانى قارىغان ئىدۇق. مەن مۇشۇ كىتاپتىكى مەزكۇر بۆلۈمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، خانىم ئېيتقان ئۇچۇر خەلقئارالىق ئۇچۇر بولماستىن، بىر ئاقكۆڭۈل يولۇچىنىڭ خانىمغا بەرگەن دەسلەپكى مەسلەھەتى، ئاندىن ئاقكۆڭۈل بېسىمدار كۆرپىچىلەرنىڭ خانىم بىلەن تۈزۈشكەن تىجارەت ئەھدىسىدىكى مەسلەھەتلەر بولۇپ، بۇ يەردىكى نەتىجە يالغۇز ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكلا ئەمەس، بەلكى بېشىنى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ، پەقەت

ئالغا ئىلگىرلەش نىيىتىدە، خەتەرگە جانتىكىپ تەۋەككۇل قىلىشتىن ئىبارەت چەكسىز جاسارەت، چەكسىز روھى مادارنىڭ نەتىجىسى ئىدى. مانا بۇ پەۋقۇلاددە ئالاھىدىلىك رابىيە قادىر خانىمدىلا تېپىلغان بىر مۆجىزە سۈپىتىدە، ئەشۇ دەۋردە زۇھۇر قىلغان ئىدى. مەن بۇگۈن ئانىمىز، سىياسى رەھبىرىمىز، تەشكىلى رەئىسىمىز رابىيە قادىر خانىمغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولۇش بىلەن بىرگە ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا بولغان سەلبى قارىشىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن!.

22

رابىيەمىنىڭ نۆۋەتتىكى غايىسى 50. 000 يۈەنلىك بولۇش. ئۇ 30. 000 يۈەنگە ئۈرۈمچى شەھرىدىن راۋرۇس كۆركەم بىر قورا جاي سېتىۋېلىپ، بالىلىرىنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىش، ئۇلارنى ياخشى ئوقۇتۇپ، ئالى مەلۇماتلىق، يارامىلىق قىلىپ تەربىيلەش. قالغان پۇلغا چوڭراق بىر ئاشخانا - رېستۇرانت ياكى شۇنىڭدەك يېمەكلىك دۇكىنى ئېچىپ، ھاياتىنى بىر مەزگىل نورمال يولغا سېلىش ئىدى. لېكىن بۇ غايە تاتلىق چۈشكە ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆرپىلىرىنى بىرتەرەپ قىلىشىپ بېرىدىغان بېسىمدار رابىيەمىنىڭ كۆرپىلىرىنى ئۆزى يالغــــۇز « سۇ » قىلالماي، باشقا تىجارەتچىلەرگە ئارىچى بولىدىغان بولدى.

شۇ ئارىدا رابىيەمىنىڭ تىجارى مەسلەھەتچىسىدىن بىرى « بىڭتۇەن » دىن يەر ئېلىپ، پاختا قاتارلىق مەھسۇلاتلىق نەرسىلەرنى تېرىپ سىناق قىلىپ بېقىشنى تەكلىپ قىلدى. ئەسلىدە بىڭتۇەن ئارمىيلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدىكى مۇنبەت تۇپراقلارغا كۆچۈپ كېلىپ يەرلىشىۋالغان ئىدى. بىڭتۇەنلىك خىتاي ئارمىيلىرى بوزيەر ئېچىش باھانىسى بىلەن يەر شارائىتىگە، سۇ مەنبەسىگە ئېتىبارسىز قاراپ دەريا، كۆللەرنى پۈتۈنلەي قۇرۇتۇپ تاشلىغان . ئوتلاقلىقلار، دەل - دەرەخ، كۆك - ياشلار پۈتۈنلەي قۇرۇپ، بۇ تۇپراقلاردا ھايات كەچۈرۈش ئىمكانسىز ھالغا كەلگەن ئىدى. رابىيەم يول باشلىغۇچىسىدىن ئەشۇ نامرات جايلارغا باشلاپ بېرىشنى ئۆتۈندى.

ئۇ بىڭتۇەن ئەتراپىدىكى يوقسۇللار بىلەن تونۇشۇپ، بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولدى. بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئونجان، يېيىنىپ ياتىدىغان بىرتال يوتقانغىمۇ قۇربى يەتمىگەن شۇنچىلىك نامرات كىشىلەرنى كۆردى. ئۇنى ئاز

دېگەندەك ئىچىدىغانغا يېتەرلىك سۇمۇ يوق! دېھقانلارنىڭ ئېيتىشىچە ئاۋال بۇ يەردىكى يەرلىك دېھقانلار ئەنئەنىۋى تېرىش ئۇسۇلى بىلەن يەر، سۇ، ھاۋا كېلىماتىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ھېچنىمە كەملىق قىلماي، ھەممىلا ياق مەمۇرچىلىق ئىكەن. خىتايلار بۇ يۇرتلارنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇشقان. بەزەن دېھقانلار، « بۇ خىتايلار بىزنىڭ دەريالىرىمىزنى ئىچىپ قۇرۇتۇپ بولۇشتى» دەپ شىكايەت قىلىشاتتى. رابىيەم بولسا ئۆز ئۆزىگە خىتاپ قىلىپ تۇنجى قېتىم ئۆزىنى « مۇشۇ ھالاكەتلەرنىڭ جاۋاپكارى! » سۆپىتىدە ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئويلايتتى « ياق! مەن پەقەت ئۆزەمنىڭلا بالىلىرىمنى قوغدىشىم، ئۆزەمنىڭلا بالىلىرىمنى ھىمايە قىلىشىم توغرا بولمايدىكەن! بەلكى نۇرغۇنلىغان كىشىلىرىمىز مېنىڭ ياردىمىمگە مۇھتاج ئىكەن » دەپ، ئاۋالقى 50. 000 يۈەنلىك بولۇش قارارىنى ئۆزگەرتتى. ئۇ ناھايىتى كۆپ پۇل تېپىشى كېرەك! ئۇ ئالدىغا ئاجايىپ چوڭ غايىنى قويدى. ئۇ تىجارىتىنى باشقا بىر چوڭ ئۇسلۇپتا ئېلىپ بېرىشنى نىيەت قىلدى.

ئۇ ئەشۇ مەقسەتتە يەنە ئىككى قېتىم پاخلان كۆرىپسى يۆتكىدى. ئۇنىڭ سەرمايىسى نەق 40. 000 يۈەنگە ئۇلاشتى. بىراق خوتەندىكى كۆرپە بېسىمدارلىرى شايارغا ئۆزلىرى كېلىپمۇ ئىش - ئوقەت قىلىشنى باشلىغىنى ئۈچۈن، بۇ تىجارەتتە ئاۋالقىدەك ياخشى پايدا قالمىغان ئىدى. زىلچا يۆتكەيدىغان ئىشمۇ تازا ئۇنۇمى بولمايۋاتاتتى. ئۇنى ئاز دېگەندەك رابىيەمنىڭ ئىزىغا ساقچى، پايلاقچىلارمۇ چۈشكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ يېقىن تىجارى شېرىكلىرى بىلەن مەسلەھەتلەشتى ۋە ئۆز پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدىن ئەرزان مال - تاۋار ئېلىپ چىقىپ، تىجارەت يولىنى كېڭەيتىشنى پىلانلاشتى.

بۇ ئارىدا رابىيەم كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى ئالتايغا بارماقچى بولدى. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئانا يۇرتىنى سېغىنىپ ئۆرتىنەتتى. ئۇ ئانا يۇرتىغا - ئۆز مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ھاياجان ئىلكىدە ئۆيدىن-ئۆيگە چاپاتتى. لېكىن ھەممىلا ئۆيدىن خىتايلار چىقاتتى. ئاۋال كوچىلار بۇك-باراقسان، گۈل-چېچەكلەرگە پۈركەنگەن جەننەت كەبى ماكان ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ گۈزەللىكتىن ھېچبىر ئەسەر يوق! كوچىلار ئەخلەت دۆۋىسىگە ئەسىر بولغان! دەل - دەرەخلەرنى، ئارچا، قارىغايلارنى، دەريا بويىدىكى مەجنۇن تاللارنى كېسىپ قۇرۇتۇپ تاشلىغان! ياپ - يېشىل ئوتلاقلاردىن قىلچە ئەسەر يوق! ئۇلارنىڭ ئۆي - ۋاقىنى بولسا، موڭغۇل، تۇڭگان ۋە خىتايلارغا بۆلۈپ

بىرىنۇەتكەن ئىكەن. سارايدەك ھەيۋەتلىك گۈزەل قورودا چوشقىلار چىرقىشىرىپ يۈرەتتى.
ئۇ كېيىنكى كۈنى ئاران دېگەندە ئاكىسى جۇماك (جۇمە قادىر) نى تاپتى. ئۇلار بىر بىرىنى دەسلەپ تونىيالمىدى. ئۆيدىن يۈگۈرەپ چىققان بىر قىزنى ئانىسى « رابىيە » دەپ چاقىرغىنىدىن كېيىنلا ئۇ كۆز ئالدىدا تۇرغان مۇنۇ ئادەمنىڭ ئۆز ئاكىسى ئىكەنلىكىنى پەملىدى. ئۇلار يۈرەكلىرىدىن پۇنتاندەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان « ئۇچرىشىش » ۋە « ھازىدارلىق » ياشلىرىنى تۆككەن ھالدا قۇچاقلىشىپ ئۇزاققىچە يىغلاشتى. كېيىنكى كۈنى ئاكا سىڭىل ئىككىسى ئىككى ئاتقا مىنىپ، كىچىك چاغلىرىدا ئوينىغان تاغلارغا چىقىشتى. ھەممىلا يەردە خىتايلار قىمىلداپ يۈرىشەتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار مەكتەپتە ساۋاقداشلىرى بىلەن بىرگە « كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ نىجىس خىتايلار ئاسماندىن تۆكۈلگەن يامغۇردەك يېغىپ كېتىدۇ! » دېيىشكەنلىرىنى ئەسلەيتتى. شۇنداق! ئالتاي بۇرۇنقى گۈزەللىكىنى يوقاتقان! بۇرۇنقى ئالتاي مەۋجۇتلۇغىنى يوقاتقان! ئۇ ئالتايغا سېغىنىش ئىلكىدە قانداق يىغلاپ كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق كۆڭۈل يېرىمچىلىقى بىلەن يىغلاپ قايتتى!.

ئۇ يەنە تۆرت نەپەر ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىسىگە قاراپ، پويىز بىلەن يولغا چىقتى. يول بويى ئەسكەر، دېھقان، مالچى، يايلاقچى خىتايلارنى ئارىلاپ، قاق تۆرت كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن شاڭخەيگە يېتىپ بېرىشتى. شاڭخەي خىتايدا دەسلەپ سانائەت تەرەققى قىلغان رايون بولۇپ، كۆك ئاسمان ئىس - تۇمان بىلەن قاپلانغان. يەر - زېمىن ئەخلەت، يۇندا، سېسىقچىلىقتا چۆمۈلگەن، ھاۋاسى ئىسسىق، يۆل - يېغىنچىلىق، ئىنسان نەپەس ئېلىشقىمۇ قىيىنلىدىغان بىر شەھەر _ شاڭخەي ئىدى. كوچىلاردا تىزدا سۇ، ماشىنىلارنىڭ قالايمىقان سىگناللىرى، تىرامۋاينىڭ گۈلدۈر - تاراقلىرى. ئىشقىلىپ بىر غەلىتە دۇنيا ئىدى. تايفۇن بورىنى ئالەمنى ئاستىن- ئۈستۈن قىلىپ تاشلايتتى.
رابىيەم سودا - تىجارەت ئىشىدىن باشقا يەنە ئۆز ئانا ۋەتىنىنى بېسىۋالغان بۇ خىتاي خەلقىنىڭ قانداق بىر ئىنسانلار ئىكەنلىكىنىمۇ بىلگۈسى بارئىدى. ئۇلارنى تونۇپ باققۇسى بارئىدى. ئۇ خىتايچىنى ئانچە كۆپ بىلىپ كەتمىسىمۇ، ھەر ھالدا خىتايلار بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر چۈشىنىشەلەيتتى.
« دەرۋەقە بۇ خىتاي خەلقى يامان خەق ئەمەس ئىكەن. باشقىلارغا ياردەم

قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، دوستانە، كەڭ قورساق، چىقىشقاق ئىنسانلار ئىكەن. ئەسلىدە _ بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغان، بىزگە ئەسكىلىك قىلغان خىتاي خەلقى ئەمەس، ئەكسىچە ھۆكۈمەت شۇنداق يامان سىياسەت يۈرگۈزگەن ئىكەن! » دەيتتى ئۇ ئۆزى كۆرگەن ھەربىر خىتايدىن خۇلاسە چىقىرىپ.

ئۇلار كىشى بېشىغا بەش - ئالتە تاغاردىن مال ئېلىپ، ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كېلىشتى. مۇشۇ سودىدا ئۇلار يۈزدە - يۈز پايدىغا ئېرىشتى. رابىيەمنىڭ داڭقى چىقتى. ئۇ ئۇرۇمچىدە « مەشھۇر قاراڭغۇ بازارچى » دەپ تونۇلدى. ئۇنىڭ دادىسى ۋە تۇققانلىرى ئۇنى قايتا بۇ تىجارەتتىن توسىماقتا. بولمىسا قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىدە چىرىپ كېتىدۇ! ساقچىلارمۇ ھەممىلا يەردە تىمىسقىلاپ ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشتى. ئۇ شاڭخەيچىلىك قىلىپ، ئىچكىرىدىن مال ئېلىپ چىقىپ، ئىچكىرىگە مال يۆتكەپ دېگەندەك، ئازلا ۋاقىت ئىچىدە 000 .200 مىڭ يۈەن نەق پايدا تاپتى. ئۇ ئېھتىمالغا قارشى ئىنىسى مەمەتنىڭ يېنىغا000 .50 مىڭ يۈەن نەق پۇلنى يوشۇرۇپ قويدى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە خىتاينىڭ سىياسىتىدە ئۆزگۈرۈش بولـــۇپ « باي بولۇش شەرەپ » دەپ جار سېلىنىشقا باشلىدى. بۇ ماۋ ئۆلگەندىن كېيىن، دىڭ خىتاي سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، 1978- يىلى 13- نۆۋەتلىك قۇرۇلتايدا ماقۇللانغان قانۇنىنىڭ روھى ئىدى. خىتاي نامرات پرولېتارىياتنى تاشلاپ، بازار ئېگىلىگىنى يولغا قويدى. خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋاھا - كازا سودا-تىجارەتكە ياخشى يول ئېچىلدى. رابىيەم شاڭخەيچىلىكتە ئالدىراش كۈنلەردە ئۇنىڭ بالىلىرىدىن، ھەدىسى زۆھرە بىر پارچە خەت تاپشۇرۇپ ئالىدۇ. خەتنىڭ ئاستىغا بالىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمى يېزىلغان ۋە ھەممىسى سۇرۇق بىلەن بارماقلىرىنى باسقان ئىدى.

« سۆيۈملۈك ئاپا! سەن بىزگە ئەۋەتكەن چىرايلىق كىيىملەرنى ھەر قېتىم كەيگىنىمىزدە كۆز ئالدىمىزدا سېنىڭ سىمايىڭنى كۆرگەندەك بولىمىز! بىز چامادانىدىن سېنىڭ بىرەر پارچە رەسىمىڭ چىقارمىكىن دەپ ئۈمۈت قىلاتتۇق. لېكىن ئىزدەپ تاپالمىدۇق. سەندىن بىرەر پارچە خەت كۈتەتتۇق! ئۇمۇ يوق! بىزگە بۇ گۈزەل كىيىملەر كېرەك ئەمەس، جېنىم ئاپا! بىزگە سەن كېرەك........»

بالىلارنىڭ خېتىنى قادىرخانمۇ كۆرگەن ئىدى. ئۇ بالىلارنىڭ بۇ نازۇك

ھېس - تۇيغۇلىرىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، كۆيوغلىنىڭ يېنىغا باردۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ قويۇش مەقسىدىنى ئابدىرىمغا ئېيتتىدۇ. بىراق ئۇ شۇ مەزگىللەردە توي تەييارلىقى قىلىۋاتقان بولغاچقا، « بۇ تويىنى داۋاملاشتۇراي، ئەگەر كېلىشەلمەي قالسام، رابىيە بىلەن يارىشىپ قالارمىز! ئۇنى بەربىر ئالتە بالا بىلەن بىر كىممۇ ئالمايدىغۇ! » دەيدۇ. ئاقكۆڭۈل دادا قىزىنىڭ خەۋىرى بولماستىنلا، نەۋرىلىرىنىڭ تۇيغۇسى تۇپەيلىدىن كەلگەنلىگىنى بىلدۈرۈپ، كۆچارغا قايتىدۇ. شۇ ئارىدا رابىيەم شاڭخەيدىن قايتىپ كەلگىنىدە دادىسى ھېلىقى باللىرىنىڭ خېتىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئابدىرىمغا يالۋۇرۇشىنى، باللىرىنى بىرگە بېقىشنى ئۆتۈنىدۇ. بىراق رابىيەم قاتتىق رەت قىلىدۇ. ھەمدە يەنە بىر ئاز پۇل قىلىۋېلىپ، باللىرىنى ئۆزى يېنىغا قايتۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئۇ باللىرىغا نۇرغۇن سوغات، پۇل ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن ئىنىسىدىن باللىرىنى ئەكىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ.

ئاھ خۇدا! بۇ قانداق گەپ! باللار شۇنچىلىك چوڭ بولۇپ كەتكەن ئىدى. رابىيەم ھەممىسىنى قۇچاقلايتتى. ئۇلار بېشىدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى سۆزلىشەتتى. قاخار، روشەنگۈل، راھىلە، ئادىل، ئابلېكىم، رابىيەم ئايرىلغان چاغدا ئالتە ئايلىق قالغان ئىككى ياشلىق ئالىم. باللارنىڭ ھەربىرى ئۆزگىچە خارەكتىرگە ئىگە. ئۇلار ئانا باللار بىر ئۆيدە يېتىپ، ئۆز ئارا قېنىشماقتا!

بۇ قېتىمقى جەم بولۇش رابىيەمگە چەكسىز كۈچ - مادار بېغىشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ شېرىكلىرى خىتاينىڭ جەنۇبى رايونلىرىدا تاپاۋەت قىلىشنىڭ كۆپ ئىمكانلىرى بارلىقىنى ئېيتىشتى. ئۇلار كانتون ( گۇاڭجۇ ) دا بەك ئەرزان، سۈپەتلىك ماللارنىڭ بارلىقى، بۇ رايوندا تىجارەت باشلىۋالسا، پات يېقىندىلا نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشىدىغانلىقى، كانتوندىن ھوڭ كوڭغا بىر سەكرەپلا بارالايدىغانلىقى قاتارلىق نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەرنى بايان قىلىشتى.

ئۇلار بەش نەپەر شېرىك كانتونغا يېتىپ باردى. دەرۋەقە بۇ يەردە شاڭخەيدىكىدىن قانچە ھەسسە ياخشى، ئەرزان تاۋارلار بار ئىدى. ئۇلار ئالىدىغان ماللارنى ئېلىپ، بىر ماشىنىغا باستى. ئۇلار يۇرتقا قايتماقچى بولۇپ، شانتۇ دېگەن كىچىك بىر پورتقا يېتىپ كەلگەنلىرىدە، يات كىشىلەرنى كۆرۈپ باقمىغان خىتايلار، ئۇلارنى تۇتۇپ مېڭىشتى. « بۇلار شىنجاڭ دېگەن چەت دۆلەتتىن كەلگەن قاراڭغۇ بازارچىلار ئىكەن » دېيىشىپ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىشتى. ئۇلار يەنە ئادىمىگەرچىلىك يۈزىسىدىن، قايتىش

بېلىتىنىمۇ ئېلىپ بېرىشتى. بۇ مۇسادىرە قىلغان ساقچى خادىملىرى « قانۇنلۇق بۇلاڭچىلار » نىڭ دەل ئۆزىلا ئىدى. بۇلارنىڭ ئۇستىدىن داۋا قىلىش، سوتقا بېرىش قۇرۇق ئاۋارىچىلىك ئىدى. رابىيەمنىڭ شېرىكلىرى بىر دەمدىلا قېرىپ كېتىشتى . ئەمما رابىيەم بولسا، ئۇلارغا چاقچاق قىلىپ كۈلدۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ تارت-قۇزۇپ قويغان مۈلكى ئاز دېگەندىمۇ بىر مىليونلۇق مال ئىدى. لېكىن « ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا! » دېگەن ئاتا سۆزىنى تەكرارلىغان رابىيەم شېرىكلىرىگە جاسارەت بەرمەكتە!
( شۇ ناملىق كىتاب 133 _ 143 بەتلەر)

( قوشۇمچە )

رابىيە قادىرخانىمنى ئۇرۇمچىدە خىتاي ھۆكۈمىتى قولغا ئالغىنى، ئۇنىڭ مال -مۈلكىنى مۇسادىرە قىلغىنى، ئۇنى ۋەتىنىدىن سۈرگۈن قىلغىنى، ئۇنىڭ جان - جىگەر پەرزەنتلىرىنى قولغا ئالغىنى « رابىيە قادىرخانىمنىڭ يوقالغانلىقى » ئەمەس. ئۇ دەسلەپتە يوقۇتۇشقا يولۇققاندا 13 ياشلىق بالا ئىدى. ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتىنى يوقاتقان. كېيىن يىگىرمە سەككىز ياشتا باللىرىدىن ئايرىلغان. ئىككى يىل كېيىن بۇ قېتىمقى تاپقان - تەرگىنىنى يوقاتتى. لېكىن ئۇ « ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا! » دېگەن بۇ ئاتا سۆزىنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا چەكسىز جاسارەتكە تولغان، يۈكسەك پەلسەپىۋىلىككە باي، ئەجدات روھىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. ئۇيغۇرغا خاس بۇ مىللى غالىبىيەتلىك جەۋھەرنى ئۆزى ئېيتقاندەك « ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا! » دەپ، ئۆز ھاياتىغا، ئۆز ھەرىكەت مىزانىغا ئۆزلەشتۈردى. ئۇ ھازىرغىچە ئەنە شۇ جەۋھەرنىڭ كۈچى بىلەن تىك تۇرماقتا! ئۇ ھەرگىزمۇ يوقاتمايدۇ! ئۇنىڭ يوقاتقانلىرى بولسا، ئۇنىڭ تېخىمۇ تاۋلىنىشىغا، تېخىمۇ يۈكسىلىشىگە، ئاخىردا ئۇنىڭ يوقۇرى پەللىگە ئۆرلەپ، غالىبىيەت بايرىغىنى ئاخىرقى نىشانغا تىكلىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئۇنى ئاللاھ بىزگە يەتكۈزدى! ئۇ مىللى ھاياتىمىزدىكى تەڭداشسىز بىر قىممەتتۇر!.

23

ئۇلار ماللىرىنى كانتوندا تارتقۇزۇپ قويۇپ، « قاق ساپا » بولۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، رابىيەم بىردىنلا « ئالدى بىلەن ياتلىق بولۇپ، ياخشى بىر ئەرنىڭ ئەمرىدە ئىشىنى داۋام قىلدىغانلىقى » ھەققىدە شېرىكلىرىدىن ۋاقتىنچە ئايرىلىش تەكلىۋىنى بەردى. ئۇ دېگىنىنى قىلاتتى. شېرىكلەر ئارىسىدىمۇ رابىيەمگە ھۆرمەت قىلىپ، سۆز ئېچىشقا پېتىنالماي كېلىۋاتقانلار، ئۇنى جاندىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغانلار، ئۇنى بىر - بىرىدىن قوغداپ ھىمايە قىلىدىغانلار بار ئىدى. شۇڭا رابىيەمنى ھەممىسىلا ئۆز سىڭىللىرىدەك كۆرىشەتتى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ شىرىك تىجارىتى رابىيەمنىڭ ئەقىل ۋە جاسارىتىگە تايىنىپ تېز روناق تاپقان ئىدى. ئۇلار كۆڭۈل غەشلىكى ئىچىدە رابىيەمنىڭ تۇيۇقسىز ئوتتۇرىغا قويغان تەلىۋىنى قوبۇل قىلىشتى ۋە ئۇنىڭغا 4000 يۈەن ئەتراپىدا نەق پۇل ياردەم قىلىشتى. ئۇ بۇ پۇللارنى ئېلىپ ئۆزى يالغۇز شاڭخەيگە بېرىپ، بىر تۈركۈم يېڭى مال - تاۋارلار ئالدى ۋە ئۇدۇل كۇچارغا يېتىپ كەلدى.

بىراق رابىيەمنىڭ دادىسى ۋە قېرىنداشلىرى « بويتاق ئايالنىڭ ھەر ياقلاردا تىجارەت قىلىپ يۈرىشى توغرا ئەمەس، ئۇ بۇنداق يۈرسە بىزنىڭ يۈزىمىزنى تۆكىدۇ » دېيىشىپ، رابىيەمنى ياتلىق بولۇشقا زورلاش قارارىغا كېلىشكەن ئىكەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كىچىك ھەدىسى ھەجەر بۇ پىلاننى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە تەلەپتە بەك چىڭ تۇرماقتا. ھەتتا ئۇلار رابىيەمنىڭ سىرتقا چىقىشىغىمۇ قارشى ھالەتتە ياتلىق بولۇشقا قىستايتتى. ئۇنىڭ شاڭخەيدىن ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنىمۇ « سېتىۋالىدىغانلار ئۆيگە كېلىپ ئالسۇن، سەن سىرتقا مال ساتىمەن دەپ چىقالمايسەن » دېيىشتى. ئۇلار ھەر كۈنى دادىسىنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ رابىيەمنى ياتلىق قىلىش ھەققىدە دە - تالاش قىلىشاتتى. ياكى بولمايدۇ ئۇ باللىرىنىڭ دادىسى بىلەن يارىشىپ، باللىرىغا ئانا بولۇشى كېرەك، ياكى قانداقلا بولمىسۇن بىر ئەرگە ياتلىق بولۇشى لازىم!

ئۈچۈنجى كۈنى ھەدىسى ھەجەر « بۈگۈن بىر لايىق كېلىدىغانلىقى » نى ئېيتتى.

شۇنداق تەمبەل، قورساقلىرى پوڭزەكتەك چىقىپ تۇرغان بىر ئادەم ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋىدى رابىيەم ئۇنى كۆرۈپلا ھەدىسى ھەجەرگــــە _ سەن ئېرىڭدىن ئاجرىشىپ، مۇشۇ ئادەمگە تېگىۋال! بۇ ئادەم ساڭىلا ئوخشايدىكەن - دېدى زەردە بىلەن.

_ ۋاي خۇدا! بۇ خوتۇن راستىنلا ساراڭ خوتۇن ئىكەن، يەنە سۆزىنىڭ چوڭلىقى تېخى! ئۇنىڭ ئالتە بالىسىنى مەن بېقىپ بولالمايمەن - دېگىنىچە كۆزدىن يوقالدى ھېلىقى سېمىز قاساپ « يىگىت ». شۇنىڭدىن كېيىن رابىيەم دادىسىغا 500 يۈەن، ھەدىلىرىگە 200 يۈەندىن، روشەنگە ( ئانىسى جان ئۈزۈش ئالدىدا ۋەسىيەت قىلىپ « قىزى روشەننى زۆھرەنىڭ پەرزەنت كۆرۈشتىن مەھرۇم بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بېرىشى » نى تەلەپ قىلغان ۋە شۇ ۋەسىيەتكە بىنائەن زۆھرەگە بەرگەن ئىدى ) 100 يۈەن بەردى. ۋە ئۆزىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ماڭىدىغان يولى توغرىسىدا ئوچۇق پىكىرىنى بايان قىلدى:

_ دادا مەن سىزنىڭ قىزىڭىز ئەمەس، سۆيۈملۈك ھەدىلىرىم مەن سىلەرنىڭ سىڭلىڭلار ئەمەس! مەن بالىلىرىمنىڭ ئانىسىمۇ ئەمەس! بەلكى مەن خەلقىمنىڭ قىزى! مەن مۇشۇ ۋەتەننىڭ قىزى! بۇ خەلق، بۇ ۋەتەن ماڭا مۇشۇ سېزىمنى ئاتا قىلغان! مەن ئۆزۈمدىن بېرى يۈرىكىمدە ساقلاپ كېلىۋاتقان بۇ سۆزلىرىمنى بۈگۈن سىلەرگە ئوچۇق بايان قىلدىم. ھەدىلىرىم سىلەر ئالى مەكتەپتە ئوقۇغان. سىلەرمۇ سۇرگۈن بولغان. لېكىن سىلەر بۇ دەرتلەرنى بىزگە ئوخشاش تارتمىدىڭلار. مەن ئىچىمدىكى ئاچچىق ئازاپلارنى مەرھۇم ئاپىمىز بىلەن يەرلىككە دەپنە قىلىۋەتتىم. لېكىن ئاپامنىڭ قەبرىسى ئالدىدا ئۆزەمگە شۇنداق ۋەدە بەرگەن ئىدىم، ئاپام ھاياتتىن ئايرىلغان بۇ كۈنلەرنى ھېچقاچان ئۇنۇتمايمەن! بىزمۇ شۇ كۈنلەرنى باشقىلار بىلەن بىرگە كۆردۇق. نۇرغۇن بالىلار، نۇرغۇن ئانىلار شۇنداق ھەسرەتتە ئالەمدىن كۆز يۇمدى. ئەگەر ھەر بىر ئۇيغۇر ئۆز ھاياتىنىلا ئويلايدىكەن، ئۆز خەلقىنى ئۇنتۇيدىكەن، ئۇ چاغدا بىز _ ئۇيغۇرلار قانداقمۇ بىر خەلق سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايمىز؟ مەن ۋەتىنىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن. ھازىردىن باشلاپ مەن بۇ يولغا ئاتلاندىم! شۇنىمۇ ئۇنۇتمايمەنكى، مېنىڭ بالىلىرىمنىڭ يېتىم بولىشى، ئائىلىمىزنىڭ خانىۋەيران بولىشى خىتاي باسمىچىلىرىنىڭ تۈپەيلىدىندۇر! ھەدىلىرىم _ سىلەر، مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئولتۇرغان _ سىلەر ئەگەر خاتىرجەم ياشايمىز دەيدىكەنسىلەر ئۆزەڭلارنى ئالدىغان بولىسىلەر. بىر كۈنى بۇ سۆزلىرىمنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىقرار قىلىسىلەر! مەن سىلەرگە ۋەدە بېرىمەنكى، مەن مىللىتىمىزنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئويغۇن ھالدا بىرى بىلەن توي قىلىمەن. لېكىن مەن كىچىك چاغلىرىمدا سۆيگۈنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. مېنىڭ ھەقىقىي سۆيگۈم خەلقىمگە تەئەللۇقتۇر! .

ئۇ ئۆزى ياتلىق بولىدىغان ئەرنىڭ قانداق بىرى بولىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا ھەدىلىرىگە مۇنۇلارنى بايان قىلدى، ھەدىسى زۆھرە بىر باشتىن يازغىلى تۇردى:

1- تەقى - تۇرقى كېلىشكەن بولىشى.

2- كۆپ دېگەندىمۇ ئۆزىدىن 3-5 ياشلار چوڭ بولىشى.

3- ئالى مەكتەپ ئوقۇغان بولىشى.

4- دەسلەپ ئۇچراشقاندىلا ھەر ئىككىسى بىر - بىرىنى ياقتۇرۇپ قېلىشى.

5- تۇرمىگە قامالغان ( يەنى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ) بولىشى.

6- (ئەگەر تۇرمىگە قامالمىغان بولسىمۇ ) باشقىلارغا خائىنلىق قىلمىغان بولىشى.

7- ۋەتىنى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان بولىشى.

8- مىللىتىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا تەييار تۇرغان بولىشى.

9- مەيلى مېيىپ بولسۇن، مەيلى دېھقان بولسۇن، مەيلى باشقا بىرى بولسۇن مەن ئۇچۇن بەربىر .........

ئۇنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى زۆھرە خەتلىمەكتە ئىدى. بىراق ھەجەر_ رابىيە سەن راستىنلا كالالىڭنى يوقىتىپسەن، سەن ئالجىپ قاپسەن! سەن مۇشۇ ئادەم بىلەن كوچىغا چىقىپ، خىتايغا قارشى كۈرەش قىلماقچىمۇ؟ شۇنى ئۇنتۇپ قالما، ئەگەر سەن شۇنداق بىر ئەرنى تاپساڭ، يېقىندىلا مېڭەڭدىن ئىس چىقىرىدۇ!- دېدى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ.

_ مەن ئۈچۈن بىر پاي ئوقنىڭ كارى چاغلىق، ئاۋال ماڭا شۇنداق بىر ئەرنى تاپ _ دېدى رابىيەم قەددىنى تىك تۇتۇپ. لېكىن ھەجەرنىڭ ئوغىسى ئۆرلىدى:

_ سەن بۈگۈندىن باشلاپ ئۆز ئىختىيارىڭغا ئېگە. بىز ساڭا ھېچنىمە قىلىپ بېرەلمەيمىز. سېنىڭ يولۇڭنىڭمۇ بىزگە لازىمى يوق. ئەڭ ياخشىسى سەن ئاقسۇغا بېرىپ ئېرىڭ بىلەن يارىشىپ قال! ئەمما بىر يىل ئىچىدە كىم بولمىسۇن بىر ئەرگە ئېرىش! بولمىسا پۇت - قولۇڭنى باغلاپ قويۇپ، ساڭا نان تاشلاپ بېرىپ باقىمىز _ دېدى ئۇ، غەزەپ بىلەن قايناپ.

رابىيەم ئاقسۇغا كېلىپ، كوچاردا تۇققانلىرىنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بۇۋاجەرگە سۆزلەپ بەردى.

_ ۋاي خۇدايىم! مەن بىر ئادەمنى تونىيمەن، ئۇ دەل سەن تەسۋىرلىگەن ئادەمنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ! _ دېدى بوۋاجەر ھاياجانلىنىپ. ئۇ ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى. _ ئۇ ئاتۇشتا ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرىدىكەن، ئۇ قولغا ئېلىنىپ تۇرمىگە قامالغاندىن كېيىن ئايالى ئۇنى تاشلىۋەتكەن ئىكەن، ئۇ ئەدەبىيات پاكولتېتىدا ئوقۇغان، ھازىر ئۇنىڭ بىر تىيىنمۇ پۇلى يوق ھەتتا چېچىنى ياساتقۇدەكمۇ پۇلى يوق. بوۋاجەرنىڭ يولدىشىمۇ گەپكە قېتىلىپ _ سىز ئىزدەۋاتقان بۇ كىشى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى دەۋرىدە تۇرمىدە بىر پۈتىدىن ئايرىلغان ئىكەن، بولمىسا ئۇ شۇنداق كېلىشكەن بىرى ئىكەن - دېدى.

_ مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن! - دېدى رابىيەم بار كۈچى بىلەن شىرەنى شاپىلاقلاپ ھاياجاندىن ۋە _ ئەگەر ئۇ ۋەتىنىمىز ئۈچۈن بىر پۈتىدىن ئايرىلغان بولسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كۈرەش قىلىشقا تەييار! - دېدى كەسكىن قارارىنى بېرىپ.........

16 ـ ماي 1968 ـ يىلى ئىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى باشلىنىپ ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى پۈتۈن خەلق ئوت ئېلىشقا تەييار بولغان سەرەڭگىدەك بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ قېتىمقى خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئوقۇغۇچىلارھەرىكىتىنى سەككىز نەپەر دوستلار تەشكىللىگەن بولۇپ، 15000 دىن ئارتۇق خەلق ئاممىسى قوزغۇلۇپ، كوچىلارغا تۆكۈلگەن، ئۇلار ئەركىنلىك، مۇستەقىللىق شۇئارىنى توۋلاپ نامايىش قىلغان ئىدى. ئەشۇ سەككىز نەپەر باتۇرنىڭ بىرى سىدىق ھاجى روزى ئىدى. قوراللىق خىتاي ئەسكەرلىرى بۇ نامايىشنى باستۇردى. لېكىن پۈتۈن خەلق ئېزىز جانلىرىنى ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن پىدا قىلىشقا تەييار ئىدى. شۇ ھەرىكەت باستۇرۇلۇپ، بىر يىلدىن كېيىن بىر تونۇش ئايال رابىيەمگە بىر ئايالنى تونۇشتۇرغان . ئۇ ئاقسۇ كونا شەھەردە پىداگوگىكا مەكتىۋىدە ئوقۇتقۇچى ئىكەن. ئۇنىڭ قۇچىقىدا بىر قىز بوۋاقمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ يولدىشى تۇرمىگە قامالغان ئىكەن. « بەلكى ئۇ تۇرمىدە ئۆلگەن بولىشى مۇمكىن » دەيتتى ھېلىقى ئايال. ئېرىنىڭ ئىسمى سىدىق ھاجى روزى ئىكەن. ئۇ 1969 ـ يىلى تۇتقۇن بولغان ئىكەن. بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان بىر قانچە ئايال سىدىق ھاجى روزىنى ئەسلەپ كۆز - يېشى قىلىشقان ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن رابىيەم ھېلىقى قەھرىمانىنىڭ ئايالى بىلەن يېقىن بولۇپ قالغان. ھېلىقى قۇچاقتىكى قىز ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن

كېيىن ئۇ ئايال يېڭى ئېرىدىن بىر ئوغۇلمۇ تۇغقان......

بۇۋاجەر بىر ئاز ئىككىلىنىپ قالماقتا ئىدى _ ھازىر بىز سۆزلەۋاتقان سىدىق ھاجى روزى ئەشۇ 1968 - يىلىدىكى سىدىق ھاجى روزىنىڭ ئۆزىمىدۇر ياكى ئىسمىنى ئالماشتۇرۇپ قويدۇقمۇ، ياكى شۇنداق ئوخشاش ئىسىملىك كىشىلەرمۇ؟

لېكىن رابىيەم ئۇچۇن بىرلا نەرسە ئېنىقكى ئۇ ئەشۇ ئادەمنى تېپىشى كېرەك، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشى لازىم!.

ئۇ قەشقەردە مېھمانخانىدا بىر ئاتۇشلۇق كىشىدىن بۇ ئىسىمنى سورىدى. ئۇ ئادەم _ تووۋا خۇدايىم، ساپلا چىرايلىق ئاياللار ئەشۇ ئادەمنى ئىزدەيدىكىنا - دەيتتى چاخچاق قىلىپ، ھەم ئۇنىڭ قايسى مەھەللىدە تۇرىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن رابىيەم ئاتۇشقا كېلىپ سىدىق ھاجى روزىنى ئىزدەشكە باشلىدى. كوچا ياقىسىدا ئولتۇرغان بىر بالىدىن سورىغان ئىدى. ئۇ بالا

_ مەھەللىمىزدە ئىككى سىدىق ھاجى روزى بار، بىرى ئەسكى، بىرى ياخشى، قايسىسىنى ئىزدەيسىز؟ _ دېدى رابىيەمدىن سوراپ.

_ ئەسكى دېگىنىڭ قايسى، ياخشى دېگىنىڭ قايسى؟ _ دېدى رابىيەم سۇئالغا سۇئال قايتۇرۇپ .

_ ياخشىسى پارتىكومنىڭ باشلىقى، ئەسكىسى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگىلى بەش ئايچە بولدى. ئۇ ھۆكۈمەتكە قارشى، ئەكسىل ئىنقىلاپچى ئىكەن، كىشىلەر شۇنداق ئاتايدىكەن ئۇنى.  ئۇ ئىنقىلاپقا قارشى ئۇنسۇر بولغانلىقى ئۈچۈن، سەككىز يىل تۈرمىگە قامالغان ئىكەن. ئۇ ئەسلىدە باي ئائىلىنىڭ ئوغلى بولۇپ ئائىلىسىنىڭ ۋەيران – بولىشىغىمۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرغان گۇنايى سەۋەپ بولغان ئىكەن، ھازىر ئۇ مەھەللىنىڭ ياقىسىدا تۇرىدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدىكەن، لېكىن ئۇنىڭ قارىسى يۇقۇپ قالارمىكىن دەپ قورقىدىكەن _ دېدى ھېلىقى بالا تەپسىلى چۈشەندۇرۇپ. ( رابىيەم ئۇنى ئىزدەپ تاپتى.)

« پاھ! سىدىق ھاجى روزى دېگەن مۇشۇ شۇمۇ! » رابىيەم ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا مەپتۇن بولماقتا. ئۇ ئاجايىپ كېلىشكەن، تەقى - تۇرقى قاملاشقان، قاۋۇل-بەستلىك بىر يىگىت! ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن چاقناپ تۇرىدۇ!

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نىدا ياڭراپ تۇرىدۇ! ئۇ ئاددى ساددا كىيىنگەن ــ قارا شىم، ئاق يوللۇق كۆينەك كەيگەن. سىيادەك قاپ - قارا چاچلىرى تىترەپ تۇرىدۇ. مۇھىمى ئۇنىڭ ھەر ئىككىلا پۇتى ساغلام ئىدى. رابىيەم بىر كۆرۈشتىلا ئۆزىنىڭ قارارىنى بېرىۋەتتى« مەن بۇ ئادەم بىلەن توي قىلىمەن! ».

ئۇ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ــ كەلسىلە مېھمان، سىلىنى قايسى شامال بۇياقلارغىچە ئۇچۇرتۇپ كەلدىكىن! - دېدى تەمكىن ۋە تەبەسسۇم بىلەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ رابىيەمگە بولغان چوڭقۇر بىر سۆيگۈ ئىپادىسى چاچراپ تۇراتتى. مانا بۇ رابىيەم تەلەپ قىلغان « دەسلەپكى ئۇچرىشىشتا ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە مەپتۇن بولۇش » نىڭ ئۆزى ئىدى. سىدىق ھاجى روزىنىڭ ئانىسى رابىيەمنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، سۇيقاشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇلار ئاشنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ــ بىز سىرتقا چىقىپ بىر ئاز پاراڭلىشىپ كىرسەك ــ دېدى رابىيەم. بۇ مىنۇتلار رابىيەم ئۇزۇندىن بېرى« چۈشەپ كېلىۋاتقان » ئارزۇلۇق مىنۇتلار ئىدى. بەلكى بۇ مۇھەببەت بولسا كېرەك! سۆيگۈ مۇشۇنداق بولسا كېرەك!.

ئۇلار ئېتىزلىقنىڭ قىرىدىكى بىر دەرەخكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىشقا باشلىدى. رابىيەم ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىدى. دەيدىغان گەپ تۈگىدى. ئاندىن بىردىنلا ــ مەن بۇ ۋەتەننى ئازات قىلىمەن! - دەپ تاشلىدى. سىدىقنىڭ يۈزىدە بىر ھەيرانلىق، ئەجەپلىنىش ئالامىتى كۆرۈلمەكتە. رابىيەم يەنە ــ سىز ۋەتىنىمىز ئۈچۈن بەك كۆپ ئەمگەك قىلدىڭىز، لېكىن قىلىدىغان ئىشىڭىز تېخى تۈگىمىدى، مەن ئويلايمەنكى بىز بىرگە كۈرەش قىلساق چوقۇم مەقسەتكە يېتىمىز! ــ دېدى تېخىمۇ ئىلگىرلەپ. سىدىق ھاجى روزى قىقىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى ۋە ــ بۇ بەلكىم بىر غەلىتە ئارزۇ، بەك خىيالى بىر ئارزۇ، سىز بەك تەسىرچان ئايالكەنسىز- دېدى كۈلكىسىنى توختىتىپ. بىر ئازدىن كېيىن ــ بۇ كۈرەش ئۈنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس سىز ئېيتىۋاتقاندەك. بىزمۇ ئۆز ۋاقتىدا سىز ئويلىغاندەك شۇنداق ئاددى ئويلىغان ئىدۇق. نۇرغۇن دوستلىرىمىز چەتئەلگە قېچىپ چىقىپ كەتتى. نۇرغۇنلىرى تۈرمىدە، تاياق زەربىسىدە ئۆلۈپ تۈگىدى. سىزنىڭ بۇ غەيرىتىڭىز ــ بولۇپمۇ مۇشۇنداق زاماندا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ شان - شەرىپىنى ئاشۇرىدۇ - دېدى كەسكىن تەلەپپۇزدا.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ تازا تەسىرلىك نوقتىسىغا كەلگەندە رابىيەم ئۆز مۇددىئاسىنى ئوچۇقلا ئېيتتى:

_ مەن بۇ يىل يىگىرمە توققۇز ياشتا، مېنىڭ كەلگۈسىدىكى يولدۇشۇمغا قويغان ئۇن شەرتىمنىڭ توققۇزى سىزدە مەۋجۇت ئىكەن. ئەمدى بىرى بولسا سىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرىشىڭىزگە باغلىق، سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟ _ دېدى ھېچ ئويلانماستىنلا. ئۇ بۇ جۈرئەتكە قانداق كەلگىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. سىدىق ھاجى روزىنىڭ يۈزلىرى شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىگى دۈپۈلدەپ سوقاتتى. ئۇ يىراقتىن يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىدەك جىددى نەپەسلىنەتتى. ئۇ يېنىك كۈلگەندىن كېيىن:

_ بەك ئەپسۇس، ناھايىتىمۇ بەك ئەپسۇس خېنىم! كەچۈرۈڭ _ دېدى. ئۇ باشقا دېگۈدەك سۆز تاپالمايۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرىدا جۈرئەت بىلەن:

_ ياق، مەن سىز بىلەن توي قىلالمايمەن! سىز بەك خەتەرلىك ئايالدەك كۆرۈنىسىز! بەك خەتەرلىك! يەنە كېلىپ سىز ئۇيغۇر ئاياللىرىغا خاس بولمىغان، ئۆرپ ـ ئادىتىمىزگە يات بولغان بىر گەپنى قىلىۋاتىسىز! ئادەتتە بىر ئۇيغۇر ئايالى باشقا بىر يۈرتقا بېرىپ، ياتلىق بولۇش تەلىۋىنى ئەرلەرگە ئېيتمايدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرى دۇنيادىكى ئەڭ سىپايە ئاياللاردۇر _ دېدى ۋە يەنە نۇرغۇن بىر نىملەرنى سۆزلىدى. رابىيەمۇ:

_ مەن ياخشى بىلىمەن، ئۇيغۇر ئانىلىرى نۇرغۇن قەھرىمان ئاياللارنى تۇغقان، بۇ ئەسىردە ماڭا ئوخشاش يەنە نۇرغۇن قەھرىمانلارنى تۇغدى _ دېدى چىڭىغا چىقىپ. سىدىق ھاجى روزىمۇ قاتتىق رەددىيە قىلدى:

_ سىز مۇشۇ ھالدا تۇرۇپ يوغان گەپنى قىلىۋاتىسىز! سىز يەر يۈزىدە ياشاۋاتىسىز، لېكىن ئاسماندىن پو ئاتىسىز! سىز دەۋاتىسىز تېخى ئولتۇرىدىغان ئۆيىڭىزمۇ يوقكەن! ئىككىنجىدىن ئالتە بالىڭىز دادىسىز قاپتۇ! ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز سىزنى قىستاپ ئاۋالقى ئېرىڭىز بىلەن يارىشىپ قېلىشقا مەجبۇرلايدىكەن، مۇشۇ ۋەزىيەتتە سىز ئۇچۇن ئەڭ ياخشى بولغىنى بالىلىرىڭىزنىڭ دادىسى بىلەن يارىشىپ، بالىلىرىڭىزنى ياخشى بېقىپ قاتارغا قوشسىڭىز، مانا بۇ سىزنىڭ ۋەتەننى ئازات قىلغىنىڭىزدىنمۇ ئارتۇق غەلىبىڭىز بولىدۇ!.

لېكىن سىدىق ھاجى روزى بۇ گەپلەرنى ئېيتىۋاتقان بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يۈرىكىدىكىسى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ رابىيەمنى راستىنلا ياخشى كۆرمەكتە ئىدى. بۇنى پەملىگەن رابىيەم يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى:

_ سىز مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىز، مەن بۇنى بىلىۋاتىمەن. ئەمما مەن ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىدىغان، بۇرۇنقى ئىشلىرىنى « بالىلىقتىكى

كالۋالىق » دەپ قاراپ، ئەمدىلىكتە ئەقىلغە تولغان چاغدا مۇشۇنداق بىر سەھرادا يوشۇرنۇپ ھايات كەچۈرىدىغان ئادەمنى ياخشى كۆرمەيمەن! سىزچە بولغاندا، سىزگە ئۆيدە ئولتۇرۇپ لەڭمەن سوزۇپ بېرىدىغان ئايال بولسا ياخشى بولاتتىكەن! سىز شۇ ئايال بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ھاياتتىن مەمنۇن بولسىڭىز، ئۇ چاغدا سىزنىڭ تۇگەشكىنىڭىز بولىدۇ ئەپەندىم!.

سىدىق ھاجى روزى ئېيتقانلىرىغا پۈشايمان قىلغاندەك بىر تۈيغۇدا ئىدى. لېكىن ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى ـ خېنىم سىز ھەقىقەتەن گۈزەل بىر ئۇيغۇر قىزى، لېكىن مېنى ئارامخۇدا ياشىغىلى قويۇڭ! مەن ئۆز خەلقىم بىلەن بىرگە ياشاپ، بىرگە ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىمەن! پەقەت سىزدىن تەلەپ قىلىدىغىنىم، ئېيتىڭا، سىز خىتاي مەخپىيەتلىك ئىدارىسىدا ئىشلىمەيدىغانسىز؟.

بۇ سۆز رابىيەمنىڭ قېنىنى قىزىتتى، ئۇ سەكرەپ تۇردى ۋە سىدىقنىڭ قۇلاق تۈۋىگە بىرنى قويغىلى تاسلا قالدى ـ دە :

مەن ھازىرلا سىزدىن يىرگەندىم، سىز مەن ئىزدىگەن ئۇ ئادەم ئەمەسكەنسىز، سىز نومۇسسىز بىر ئادەمكەنسىز، مېنى ئىشپىيون دەپ ھېساپلىدىڭىز. سىز زادى قانداق ئادەمسىز؟ ماڭا سۆيگۈ ئورنىدا ئەشۇنداق يامان ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلىدىغان؟ مەن سىزنى چۈشىنەلمىدىم!.ـ دېدى زەردە بىلەن قايناپ.

لېكىن رابىيەم ئۇنى ئەيىپلىگىنى بىلەن كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر يېقىنلىقنى، ئۇمۇ رابىيەمنى ئۇنداق ئاسان قولدىن بەرمەيدىغانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاخىرقى ھۆكمىنى ئېلان قىلدى:

ـ سىز مېنى چوقۇم ئىزدەيسىز! ئەمما ئۇنداق ئاسان تاپالمايسىز. مەن شۇنى بىلدىمكى سىز ھەقىقەتەن يارامىلىق بىر ئادەم ئىكەنسىز لېكىن سىز ئىرادە ـ ئۇمىدلىرىڭىزنى يوقىتىپسىز! خوش! مەن كەتتىم!

( شۇ نامىلىق كىتاپ 144- 155. بەتلەر)

( قوشۇمچە )

بۇ ئەسلىمىدىكى ۋەقە بۈگۈنكى رابىيە قادىرنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى يەنە بىر غالىپ قەدەم ئىدى. ئۇ ھېچ قاچاق تەقدىرگە تەن بەرگەن ئەمەس! ئۇ تەقدىر ئۇستىدىن دائىم غالىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەينى ۋاقىتتىكى سىدىق ھاجى روزى ئېيتقاندەك « سىپايە، تارتىنچاق » بولاتتى. ئەمما « ئايال كىشى قازان بېشىغا مەسئۇل »

دېگەن بۇ ناھەق ھۆكۈم، ئانىلارنى نابۇت قىلغان. ئانىلار قازان بېشىدىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئارلىشالمايتتى ۋە ئارلاشقۇدەك ئىقتىدارىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئۆيىنىڭ ئادىمى! شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئەشۇ قازان بېشىدىن باشقىنى بىلمىگەن، ئەرنىڭ زوراۋانلىقىغا باش ئېگىشتىن باشقىنى بىلمىگەن، ئېرى ئۈچۈن ئۆزىنى « قۇل – دېدەك » ئورنىدا خىزمەتكارلىققا ئاتىۋەتكەن، ئەشۇ ناتىۋان ئانىلار ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى تۇغۇپ قاتارغا قوشاتتى.

« دادا تالانىڭ ئادىمى، ئانا قازان بېشىنىڭ ». ئۇنداقتا بالا قايسى ئېقىمغا تەۋە؟ ئوغۇلنىڭ بۇرۇتى خەت تارتقاندىن كېيىنلا دادىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. لېكىن ئۇ ئوغۇلنىڭ قۇرۇلمىسى ئەشۇ قازان بېشىدىكى ناتىۋان، مەھكۇم ئانىنىڭ ئىسسىق تاماقلىرى بىلەنلا پۈتۈپ بولغان. دادا ئۇنىڭغا ئەمدى نېمە قىلىپ بېرەلەيدۇ؟ _ ئۇنى ئۆيلەپ قويىدۇ خالاس! مانا بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتى شۇنداق داۋاملاشقان. بۇ « تەكرار ئىشلەپ چىقىرىش » تىن ئىبارەت، جەمئىيەتتىكى ئەڭ ئاڭسىز ۋاستىلەرنىڭ بىرى ئۇيغۇر جەمئىيىتى بولۇپ قالغان.

رابىيە قادىر خانىم ئۆزىنىڭ كىشىلىك تەقدىرىنى ئۆزى ئەشۇنداق بەلگىلىگەن. ئۇ « ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئۇيغۇر ئانىلىرى قۇرىدۇ، قازان بېشىدا ئەمەس بەلكى جەمئىيەتتە! » دەپ، ئۆزى باش بولۇپ بۇ قارارنى ئېلان قىلدى. بۇ قارارغا ئۇ بۇگۈنگىچە ئەمەل قىلدى ۋە ئۈلگە ياراتتى. ئىنقىلاۋى ھەربىكەتنى پاك ۋىجدان ئۇرغۇتىدۇ. پاك ۋىجدان بولسا ئەركىن روھنىڭ ئىپادە جەريانىدۇر. ئەركىن روھ بولمىغان ھەرقانداق كىشىدە ساپ ۋىجداننىڭ بولىشى ناتايىن. بىز مۇشۇ بۆلۈمدە رابىيە قادىردا شۇنداق بىر ئەركىن روھنى بايقايمىز. ئۇ روھ ئەشۇ دەۋردىكى قاتمۇ - قات توساقلارنى بۇزۇپ، ئۆز خاھىشىغا يەتكەن ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەكلا بۇگۈنمۇ ئىچكى ۋە تاشقى توسالغۇلارنى بۇزۇپ تاشلىغان ئۇ غالىپ روھ دۇنيا ئەھلىنى تاڭ قالدۇرماقتا!

ئۇ روھ مىللىتىمىزنىڭ ئالدىدىكى نۇرغۇن كېرەكسىز ۋە « ئەنئەنە » شەكلىنى ئالغان، ئىنكار قىلىشقا كىشىلەر ئاسانلىقچە جۈرئەت قىلالمايدىغان داشقاللارنى سۈپۈرۈپ تاشلىماقتا. بۇندىن كېيىنمۇ ئۇ روھ مىللىتىمىزگە شەرەپ بېغىشلىغۇسى!.

24

ئۇ ئاقسۇغا قايتىپ كېلىپ دەرھال ئىش - ئوقىتىشنى باشلىۋەتتى. لېكىن ئۇنىڭ ئەس - يادىدىن ھېلىقى ئادەم زادىلا نېرى كەتمەيتتى. ئۇ قاياقتىلا ماڭمىسۇن « چوقۇم ئالدىمدىكى دوقمۇشتىن قايرىلغاندا سىدىق ھاجى روزى ئالدىمغا چىقىپ مېنى ئېلىپ كېتىدۇ! » دېگەن بىر تۇيغۇ ئۇنى ئەسىر قىلاتتى. ئۇ گۇياكى روھى كېسەللەردەك كوچىلارغا _ ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرەتتى! كېچىلىرى ئۇيقۇسىز، ئەگەر ئۇخلىغاندىمۇ ئەشۇ ئادەم بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇنى تىللاپ چۈشەيتتى. ئۆز ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ دەردىدە ئابدىرىمنىڭ قانچىلىك ئازاپقا گىرىپتار بولغانلىقىنى ئەمدىلەتىن ھېس قىلماقتا ئىدى.

يېرىم يىلغا يېقىن شۇنداق ئۆتتى. ئۇ بالىلىرىنى پات - پات كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئاقسۇ شەھرىدىن بىر ئۆي ئىجارىگە ئالدى. ئۇ ئىمكانىنىڭ يېتىشىچە بالىلىرىنى كۆرۈپ تۇراتتى. بىراق ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك بەختسىز ھېس قىلاتتىكى، خۇددى ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. 1977 - يىلى قىش پەسلى ئىدى. ئۇ ئارتۇق كۈتۈشكە تاقەتسىزلىنىپ، ئاتۇشقا يەنە بىر قېتىم بېرىش قارارىغا كېلىپ يولغا تەييارلاندى. دەل شۇ ئەسنادا « سىدىق ھاجى روزىنىڭ ئاقسۇغا كەلگەنلىك خەۋىرى » ئۇنى يولدىن قايتۇردى. سىدىق ھاجى روزى بۇۋاجەرلەرنىڭكىدە ئىكەن. ئۇ ئۆزىنى تۇزەشتۇرۇپ دەرھال بۇۋاجەرنىڭ ئۆيىگە كەلدىدە _ ئۆيۈڭلاردا مېھمان بارمۇ قانداق؟ _ دەپ سورىدى ساھىپخاندىن بىلمىگەن قىياپەتتە.

_ شۇنداق ئەلۋەتتە! بىر مېھمىنىمىز بار، سىزنىڭمۇ بىزگە كەلگىنىڭىز بەك ياخشى بولدى دەڭا _ دېدى بۇۋاجەر شاتلىقتىن يۈزلىرىنى تولۇن ئايدەك پارقىرىتىپ. رابىيەمۇ ئۆيدە سىدىق ھاجى روزى بىلەن بىر قانچە ئەرلەرنىڭ بىرگە ئولتۇرۇشقانلىقىنى بايقىغان ئىدى.

بۇۋاجەر ئۇنى ئايرىم بىر ئۆيگە باشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىۋىدى، ئارقىدىنلا سىدىق ھاجى روزى قولىدا بىر يانچۇق خاتىرىسىنى تۇتقان ھالدا كىرىپ كەلدى.

_ بۇ 260 مىسرا شېئىردە سىزگە بولغان سۆيگۈم بايان قىلىنغان - دېدى ئۇ لېۋىنى چىشلىگىنىچە ۋە _ مەن تۇيغۇلىرىمنى مۇشۇ يازمىلىرىم ئارقىلىق سىزگە سۇنىمەن، بۇنىڭدا ئىككىمىز ئاتۇشتا دېيىشكەن بارلىق سۆزلەرنىڭ جاۋابى تېپىلىدۇ - دېدى ئۇ ئىنراھات بېرىپ.

رابىيەم ئاتۇشتىن قايتقاندىن كېيىن سىدىق ھاجى روزى كۆپ قىينالغان ئىدى. ئۇ نېمە قىلىشى كېرەك؟ نېمە توغرا، نېمە خاتا؟ ھېچ تېگىگە

يېتەلمەيتتى. ھەتتا ئويلاشنىمۇ خالىمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ رابىيەمنى ئەسلەشنىلا، ئۇنى سېغىنىشنىلا بىلەتتى. مۇشۇ تۇيغۇ ئۇنى كۈندىن - كۈنگە ئازاپلايتتى.

«كۆيۈشكە ئارتۇق تاقىتىم يوقتۇر.
پۈكۈلدۈم، يىقىلدىم،
ئوتۇڭدىلا كۆيۈپ،
پۈتمەكچىمەن!»
.............

رابىيەم ئۇنىڭ مىسرالىرىنى كېچىچە تەكرار ئوقۇپ چىقتى. سىدىق ھاجى روزىنى خىتاينىڭ ئوقى يارىلاندۇرالمىغان. ئەمما سۆيگۈ، تەشنالىق، تەلمۈرۈش ئوقلىرى ئۇنى يىقىتقان ئىدى.

« كۆك قەرىدە ھۆر - پەرىلەر،
پەرۋاز ئەيلەپ ئۇچۇشقان ئىكەن.
(قاناتلىرىدىن بىر گۈزەل) پەرلەر،
يەر تامانغا شۇڭغىغان ئىكەن.

ئەنە شۇ گۈزەل پەرى،
سەن ئىدىڭ - سەن...سەن!»

ئالماستەك چاقنىغان يۇلتۇزلار،
ئاينى چۆرىدەپ مەڭگۈ،
مەن ئەشۇ يۇلتۇز، ئايغا تەلمۈرگەن!
(بىراق) مەشۇغۇم مەندىن يىراق!( ئاي كەبى).

( مەزكۇر شېئىر كىتاپتىكى تېكىستكە ئۇيغۇن يېزىلدى. ئەسلىدىكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىغا خىلاپ بولىشى تەبىئي )

سىدىق ھاجى روزىنىڭ بۇ سەپىرى رابىيەمگە توي قىلىش تەكلىۋىنى ئېيتىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇلار بۇۋاجەرنىڭ باغچىسىدا ئولتۇرۇپ

سۆھبەتلەشمەكتە. لېكىن سۆھبەت ئارىسىدا يەنە ۋەتەن، مىللەت ھەققىدە پاراڭغا كەتتى.

_ ئەپسۇس، خەلق تەرىپىدىن ھۆرمەتكە سازاۋەر نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىگە بەنت قىلىۋالدى- دېدى رابىيەم سۆھبەت ئارىسىدا –سۆزىنى داۋام قىلىپ _ ئۇيغۇر خەلقى ئۆز - ئارا شۇنچىلىك تېز ئىشەنچ قىلىشىدۇ، بۇ خىسلەت سەپنى كېڭەيتىشكە پايدىلىق. بىراق خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقىمىزنى دائىم ئالداپ، قارشىلىق ھەرىكىتىمىزنى بىخ ھالىتىدىلا يوقىتىپ كەلگەن. خەلقىمىزنىڭ ھەرىكەتلىرىگە باش بولغانلار تولىمۇ ئاددى خەلق تونۇپ يېتەلمىگەن ھىيلە-مىكىرلىرى بىلەن مەسىلىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئاڭقىرالماي شۇنداق ئاسان مەغلۇپ بولۇپ كەلگەن.

ئۇنىڭ قارىشىچە بۇ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى سىدىق ھاجى روزى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك ئىدى. ھەمدە ئۇنىڭغا ياندىاش يەنە ئىككى كىشى - يەنە ئىككى نەپەر زىيالى. بىرى ساۋۇت ئەپەندى يەنە بىرى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى. ئۇلارمۇ مىللەت، ۋەتەن ئۈچۈن قۇربان بەرگەن ۋە تەجرىبىلىك كىشىلەردىن ئىدى. ھەمدە ئۇلار خەلقىمىز ئالدىدا ناھايىتى يوقۇرى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر ئىدى. خەلق ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان ئۈچ نەپەر زىيالى بىلەن بىرگە يەنە مۇھىم ھەل قىلغۇچ ئامىل كاپىتال _ پۇل ئىدى. ئىقتىسادقا تايانمىغان ئىنقىلاپ ئىنقىلاپ بولالمايدۇ. رابىيەم ئەنە شۇ ئىنقىلاپ ئۈچۈن پۇل تېپىش، ئىقتىسادىي بازىنى قۇرۇپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالماقچى. لېكىن ئۇ ھېچ بىر زامان ئۆزىنىڭ رەھبەرلىكنى ئۈستىگە ئېلىشنى ئارزۇ قىلمايتتى ۋە ئويلاپمۇ باقمايتتى.

_ بىزنىڭ تويدىن كېيىنكى بىرىنچى ۋەزىپىمىز ۋەتىنىمىزنى ئازات قىلىش- دېدى رابىيەم قەتئىي ھالدا. ئەمما سىدىق ھاجى روزى كۈلۈپ تاشلىدى. لېكىن رابىيەم ئۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمايتتى _

سىز شۇنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەككى! مەن ئۆي خوتۇنى بولالمايمەن، ماڭا ئەركىنلىك كېرەك، مەن سىزنىڭ باشقۇرىشىڭىز ئاستىدا بۇلالمايمەن. سىز ماڭا ئىشىنىشىڭىز كېرەك! - دېدى ئۇ جىددى ھالدا. شۇ دەقىقىدە ئۇ ئىمتىھان ئېلىۋاتقاندەك قىياپەتتە سىدىق ھاجى روزىنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ يەنە داۋام ئەتتى_ خىتاي ھۆكۈمىتى بىزگە ھېچقاچان كۈچ - قۇۋۋەت بەرمەيدۇ. بىز ئۈچۈن بەك مۇھىم بولىۋاتقىنى دەسلەپتە نۇرغۇن ئىقتىسادقا ئېرىشىش، شۇ ئارقىلىق تەسىرىمىزنى ئىكلەپ چىقىش. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن

تىجارەت قىلىشىم كېرەك. سىز شۇنىمۇ بىلىشىڭىز كېرەككى، مەن سىزگە تەئەللۇق ئەمەس، بەلكى مىللىتىمگە تەئەللۇق! شۇڭا بىرىنجى بولۇپ مىللىتىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن، ئاندىن كېيىنكى ئورۇندا سىزنىڭ ئايالىڭىز بولىمەن! سىز مېنىڭ سەۋىۋىمدىن قايغۇغا پېتىشىڭىزغا رۇخسەت يوق! سىز دائىم مېنى قوغدىشىڭىز كېرەك! سىز ئۆزىڭىزنى مىللى ھەرىكەتنىڭ رەھبىرىگە لاياقەتلىك قىلىپ چىقىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىز مۇشۇلارغا قايىل بولسىڭىز ۋە شۇنىڭغا ئىشەنسىڭىز ئاندىن مەن بىلەن توي قىلالايسىز. بەلكى ھېچقاچان خاتىرجەم ياشىيالماسلىقىڭىز، ھېچقاچان بەختەر ياشىيالماسلىقىڭىز مۇمكىن مەن بىلەن توي قىلسىڭىز. مەن شۇنداق بىر ئايالمەنكى ئۇ سىزنى ھازىردىن باشلاپ ئۆزگەرتەلەيدۇ. بەلكى ئۇيغۇرلار توغرا كۆرمەيدىغان، ئۇيغۇرلار يول قويمايدىغان ئىشلاردىمۇ ئۆز ئايالىڭىزغا رۇخسەت قىلىشىڭىز مۇمكىن! ئۇنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن پۇرسەت بېرىشىڭىز مۇمكىن! يەنە نۇرغۇن ئاۋارىگەرچىلىكلەرگە يولۇقىشىڭىز مۇمكىن، ئەگەر سىز مەن بىلەن توي قىلسىڭىز يەنە نۇرغۇن قۇربان بېرىشىڭىز كېرەك! بىزنىڭ غايىمىز بىرلىكتە خەلقىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىش!.

رابىيەمنىڭ يوقۇرىدىكى تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن سىدىق ھاجى روزى ئۆزىنى تۇتالماي سۆزلەپ كەتتى.

_ سىز ئىنقىلاپنىڭ قانداق ئېلىپ بېرىلىشىنى بىلمەيسىز! ئىنقىلاپ قىلغاندىن كېيىن يەنە قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى بىلمەيسىز! مەن ئۆزەم ئەشۇ ئىنقىلاپنىڭ تۈرمىسىدە ياتقانمەن. ئەشۇ زىنداندا تۇرۇپمۇ ئارقامدىن تېرىلغان يامان پىتنە - ئىغۋالارنى ئاڭلىغانمەن! جازا مۇددىتىم توگەپ، خىتاي ھۆكۈمىتى مېنى تۈرمىدىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىنمۇ، ماڭا قانچىلىك ئېغىر زۇلۇملارنى سالغانلىقىنى ياخشى بىلىمەن. سىز بۇلارنى كۆرمىدىڭىز. شۇنىڭ ئۈچۈن سىز بىلمەيسىز. سىز ئۆز غايىڭىز ئۈچۈن قۇربان بېرىشنىلا بىلىسىز. ئەڭ ئېغىر بولغىنى شۇكى خەلقنى ئۆزىڭىزگە ئەگەشتۈرۈش. سىز كىم؟ مەن كىم؟ بىزنى كىم تونىيتتى؟ ئەگەر سىزنىڭ غايىڭىزنى ئوچۇقچىلا ئوتتۇرىغا قويىدىغان بولساق بىزگە ھېچكىم ئەگەشمەيدۇ! سىز دونكىخوتقا ئوخشاش بەك خىيالپەرەس ئىكەنسىز! سىزنىڭ خىياللىرىڭىز بەك جانلىق ئىكەن. ئەمما ئۆزىڭىزگە ئائىت ئۆيىڭىزمۇ يوق! باي بولۇش ھەققىدە پىلان تۈزۈپسىز! بەلكىم مەن سىزنى ئانچە - مۇنچە قوغدىيالىشىم مۇمكىن، شۇندىلا سىز توغرا

ئويلاشنى ئۆگىنىشىڭىز مۇمكىن! لېكىن ئۇيغۇر خەلقى كىچىك بىر يېزا خەلقى ئەمەس، بەلكى مىليونلىغان خەلقتۇر! .

رابىيەم ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ بولۇپ، ئۇنىڭغا چاقماق تېزلىكىدە بىر قاراپ قويدى - دە

_ ئەگەر سىز بۇ تەلەپلىرىمگە تەييار بولمىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا بىز توي ئىشىنى بىكار قىلايلى! بىز توي قىلالمىغۇدەكمىز - دېدى. لېكىن سىدىق ھاجى روزى دەرھال ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى مۇلايىمچە سىلاپ تۇرۇپ _ ياق! رابىيە قادىر، سىز بەك تۇيغۇچان ئىكەنسىز! سىز بەك ئالدىراپ كەتمەڭ. ئەلۋەتتە مەن سىزنىڭ بارلىق شەرتلىرىڭىزنى قوبۇل قىلىشقا تىرىشىمەن . لېكىن ئۆتۈنىمەنكى بىز بۇ يەردە قىلىشقان گەپلەرنى ھېچكىمگە ئېيتقۇچى بولماڭ! بولمىسا خەقلەر بىزنى مازاق قىلىشىدۇ. كىشىلەرگە كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ - دېدى.

سىدىق ھاجى روزى رابىيەمنىڭ مۇرىسىنى يېنىك تۇتۇپ تۇرۇپ_ ئەگەر سىز شۇ تاپتا ماڭا ئېيتقانلىرىڭىزنى بەجا كەلتۈرەلىسىڭىز مەن سىزنىڭ خىزمەتكارىڭىز بولىمەن. ئەگەر سىز ئەشۇ غايىڭىزگە يېتەلىسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز ئۇچۇن بىز _ ئۇچ نەپەر زىيالىنىڭ كېرىكى قالمايدۇ! سىز رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىڭىزگە ئالسىڭىز بولىدۇ. مەن بەك خوشالمەن. سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاش مەن ئۇچۇن شاتلىق. كېلەچەك پارلاق كۆرىنىۋاتىدۇ. بىزگە مىليونلىغان خەلقىمىز ئەگەشكۇسى! ئازاتلىق ئۇچۇن ئۇمىد بەرگۇسى! رابىيە قادىر! سىز كۈرەش قىلىشنى داۋاملاشتۇرىشىڭىز كېرەك! »

( شۇ ناملىق كىتاپ 156- 160 بەتلەر)

( قوشۇمچە )

يوقۇرقى ۋەقە بۇندىن ئوتتۇز يىلچە ئاۋال يۈزبەرگەن بىر قىممەتلىك باشلىنىش ئىدى. ئەشۇ دەۋردە كەلگۈسىنى ئېنىق كۆرەلىگەن، كەلگۈسىگە قارىتا « ئۆزگەرتكۈچى » پىلانلارنى تۈزگەن بۇ ئىككى نەپەر قىران ياش، مۇھەببەتلىك سۆيگۈ مىنۇتلىرىنى ئەشۇنداق باشلىغان ئىدى. ئاشىق- مەشۇقلۇق ھاياتىنىڭ ۋىسال كۈنىگە يېتىشى ئۇچۇن ۋەتەنىنىڭ ئازاتلىقىنى شەرت قىلىشتى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن خۇددى رابىيەم ئېيتقاندەك ئۇلار بىركۈنمۇ ۋەتەن، مىللەتنىڭ غېمىنى، خاتىرجەم ياشاپ باقمىدى. بىز توي قىلىپ، بالا - پەرزەنتلىك بولساق، بالىلىرىمىزدىن قەھرىمانلار چىقسا،

ئىپارخاندەك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلاردەك قەھرىمانلار چىقسا بۇ بىزنىڭ تۆھپىمىز بولغان بولىدۇ ـ دېيىشمىدى. بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنى پىدا قىلىش شەرتلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشتى.

( بىرى ماڭا، « بۇرادەر مىللىتىم ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلالمىدىم دەپ كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، ئاللاھ ئىسمى جىسمىغا لايىق، ئارزۇلىرىغا ئويغۇن بىر ئوغۇل بېرىپتۇ! سىلى قىلالمىغان ئىشلارنى ئوغۇللىرى ئارقىلىق قىلىسىلىمۇ ئەجىرگە ئېرىشىلا، ۋىجدانلىرى ئەمىن تاپىدۇ! » دەپ، تەسەللى بەرگىنىدە جاۋابەن مۇنداق دېگىنىم يادىمدا « دادام قىلالمىغان ئەمما ئوغۇللىرىدىن كۈتكەن ئىكەن. ئەمدى مەنمۇ قىلالماي ئوغلۇمدىن كۈتسەم، ئۇمۇ شۇنداق قىلسا..... دېمەك بۇ تۈگەشكەنلىك بولماسمۇ سىلىچە! شۇڭا مەن پەقەتلا ئۆزەمگە ئېگە. ئوغلۇممۇ ئۆزىگە، ئۇنىڭ ئوغلىمۇ ئۆزىگە ئېگە. مەن ئۆزەم قىلالىشىم كېرەك. قىلالمىسام ۋىجدانىم مەڭگۈ ئازاپ تارتىدۇ » ).

ئونبىر بالىنى قاتارغا قوشقان، مەملىكەت بويىچە « ئەڭ باي ئايال » دېگەن ئاتاققا ئېرىشكەن، ئەشۇ مەرتىۋىنى قولغا كەلتۈرگىچە مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتلىك دەقىقىلەرنى ياشىغان بۇ پەخىرلىك رەھبەر، ئەلۋەتتە كىشىلىك، ئىنسانىي ۋە مىللى ۋەزىپىسىنى ھەسسىلەپ ئۆتەپ بولغان ئىدى. لېكىن ئۇ كۈرەش قىلىشنى ھاياتىنىڭ مىزانى، ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى پىدا قىلىشنى ئىنسانىي مەۋجۇتلۇغى دەپ، ئۆز -ئۆزىگە تەلەپ قويدى. ئۇ ئەشۇ تەلەپ بويىچە بىر نەپەسمۇ ئېغىشماي، زىرىكمەي ھەرىكەت قىلىپ كەلدى. ئۇ ئۆزى يالغۇز بۇ ئىشنى بېجىرىپ بولۇشقا ئۆز ۋاقتىدىلا كۆزى يەتمىگەنلىگى ئۈچۈن، ئۆزىگە بىر جان، بىر تەن بولۇپ كۈرەش قىلىدىغان ھەمراھ ئىزدىدى ۋە تاپتى. ئۇ تەكلىماكان قىرغىقىدا ئۈمىدسىزلىك گىرداۋىغا كېلىپ قالغان بىر قەھرىماننى كۈرەش دۇنياسىغا قايتىدىن ئېلىپ چىقتى. كىشىلىك سۆيگۈ تۇيغۇسى قانچىلىك ھارارەتلىك بولىشىغا قارىماستىن بىرلا نوقتىغا( ـ يەنى « ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسۈتۈش » نى سۆيگۈنىڭ شەرتى قىلىپ) تۇرمۇشنى مەركەزلەشتۇردى. ئىككى نەپەر پىداكار، غالىپ روھ تېپىشتى! بىر گەۋدىگە ئايلاندى! بۇ روھنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ئايرىيالمىدى ۋە ئايرىيالمايدۇ! بىز ئۇيغۇرلار ئۇلارنىڭ بىزدىن بولۇپ يارالغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈرلەر بەجا كەلتۈرىشىمىز لازىمدۇر! بۈگۈنكى رابىيە قادىرنىڭ پۈتۈپ چىقىشىدا سىدىق ھاجى روزىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك ئەجرى سىڭدۇرۇلگەن. رابىيە قادىر سۆزلەۋاتقان ھەربىر ئېغىز نۇتۇقتا سىدىق ھاجى

روزىنىڭ يىللاپ يۈرگۈزگەن تەتقىقاتى ياتماقتا!.
( بۇ دەۋا ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، كىم بولالايدىغانلىقىنى ۋە كىم بولۇپ يېتىلگىنىنى ئاڭقىرالمايدىغان ناكەسلەرنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنچۇقلىرى ئەمەس! باشلامدىن سۈنى ئىچىۋېتىپ، ئىتىزغا قىر سالىمەن-دەپ، كەتمەن كۆتۈرۈپ يۈرگەن دېھقان، ناكەس دېھقاندۇر! بەلكى ئۇنداق بىر دېھقاننىڭ بولىشىمۇ تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ. بىراق بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان بايراقدار ناكەسلىرىمىز بۇگۈنكى ئاڭلىق ۋە ئىلمى دەۋردە ئەشۇ مەۋجۇت بولمىغان ناكەس دېھقاندىنمۇ ئارتۇق كال-ۋالارچە ھەرىكەتلەرنى قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ. تېخى « دەۋادا ئەجرى بار» مىش! ۋاي ئەبگاھ ئۇيغۇر! ھالىڭغا قارا! سېنىڭ بۈگۈنگىچە مۇشۇنداق خورلۇقتا، خانىۋەيرانچىلىقتا، سۈرگۈن ۋە سەرسانچىلىقتا ياشىشىڭغا ئۆزەڭنىڭ « بايراقدار ناكەس-لەر» گە ئەگىشىپ، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىيالمىغىنىڭ سەۋەبچىدۇر! سەن تېخى ئۆزەڭنىڭ ئەبگاھلىقىڭنىڭ سەۋەپلىرىنى تاشقى جەھەتتىن ئىزدىمەكچى بولىسەن! بايراقنى ناكەسلەرگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ناكەسلەرگە باش قويۇپ، ئىشتىن نەتىجە چىقمىسا، « دۈشمەن كۈچلۈك » دەپ ئۆز ئۆزەڭنى ئالداپ كەلدىڭ! ياق! سەن ئۆزەڭنى ئالدىمىدىڭ بەلكى سەندە شۇنچىلىكلا تۇيغۇ مەۋجۇتتۇر!)

25

1978 - يىلى 31 - ئىيۇل ئىدى. سىدىق ھاجى روزى بىلەن رابىيەملەر توي قىلماقتا. يىگىت ئۇچىسىغا ئاق كۆينەك ۋە بىر قۇر قارا شىم - كاستۇم كەيگەن، بۇ قىياپەت گوياكى رابىيەم ئىلگىرى چۈشىدە كۆرگەن يىگىتنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. رابىيەم ھاياجان ياشلىرىنى تۇتالمايتتى. ئۇنىڭ كىيىملىرىمۇ ئاددى ئەمما يارىشىملىق ئىدى. بۇ توي مۇراسىمىگە قاتنىشىۋاتقانلار پەقەت ئالتە كىشىلا بولۇپ _ رابىيەم، سىدىق ھاجى روزى، ئۇنىڭ ئىككى ھەدە - سىڭىللىرى، ئىنىسى ۋە ئانىسى. بۇ ئائىلە « پومىشچىك ئائىلىسى » بولغاچقا، مەھەللىدىكى كىشىلەر ئۇلارنىڭ تويىغا قاتنىشىشتىن قورقۇپ يېقىن كېلەلمىدى. ئاخۇنۇم نىكاھنى ئوقۇشقىمۇ ئاشكارە جۈرئەت قىلالماي، ئۆيگە كېلىپ ئۇلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇدى.
توي شۇنداق شاتلىق ئىچىدە داۋاملاشماقتا. سىدىق ھاجى روزىنىڭ ھەدە - سىڭىللىرى خوشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمايتتى ۋە _ ئۆيىمىزگە ھۆر،

پەرى كەلدى!، ئۆيىمىزگە پەرىشتە كەلدى - دەپ چۇقان سېلىشاتتى. ئۇنىڭ ئىنىسى بولسا، _ پەرىشتە ئۆيىمىزگىلا ئەمەس، پۈتۈن يۇرت-مەھەللىمىزگە كەلدى - دەپ چۇقان كۆتىرەتتى. رابىيەم ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بەختىلىك كۈنلىرىدە باللىرىنىڭمۇ بۇ يەردە بولالمىغانلىقىدىن ھەسرەتلەنسە، بىر ياقتىن ھاياتىدىكى يېتەرسىزلىكنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن، ئۇزۇندىن بېرى كۈتكەن كۈنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ئۆزىنى بەختىلىك ھېس قىلاتتى. ئۇ ھەربىر قېتىم سىدىققا تىكىلىپ قارىغىنىدا سىدىق تېخىمۇ كېلىشكەن يىگىت بولۇپ كۆرۈنەتتى. سىدىقنىڭ كۆزلىرى شاتلىقتىن، بەختتىن چاقنايتتى. رابىيەم ئاۋالقى چاغلىرىدا كىتاپتىلا ئوقۇپ ئۆتكەن بەختىلىك تۇيغۇلارنى، سۆيگۈنىڭ گۈزەللىكىنى ئەمدى ئۆز بېشىدىن كەچۈرمەكتە ئىدى. قېينئانا شۇنداق جانلىق چاۋاك چالاتتى ۋە :

_ مەيلى تويىنى قۇتلۇقلاپ مېھمان كەلسۇن، مەيلى كەلمىسۇن بۈگۈن توي! تويىنى ئۆزىمىز تەبرىكلەيمىز! سىدىق ئوغلۇم دۇتارنى چال! بىز ئۇسۇل ئوينايمىز! - دەيتتى ئۇ چەكسىز شاتلىق ئىلكىدە. تويلۇق پولو قازاندا دۇملەنمەكتە. قورداقمۇ قاينىماقتا! يىگىت دۇتارنى سازلاپ ناخشا ياڭراتماقتا. كېلىن بىلەن قېينئانا ئۇسۇلغا دەسسىمەكتە!.

_ ۋەتىنىمىزنى خىتاي ئىشغال قىلغاندىن بېرى ھېچبىرىمىز بۈگۈنكىدەك كۈلۈپ باقمىغانكەنمىز! بۈگۈن مەن قولۇمنى بىرىنجى بولۇپ ئۇسۇلغا كۆتىرىۋاتىمەن! ئەي خۇدا بىزگە شاتلىقىمىزنى قايتىدىن ئاتا قىلغىن! - دەيتتى قېينئانان سايراپ. سىدىق ھاجى روزىنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغان ئىدى. رابىيەم:

_ نېمىشكە يىغلايسەن! بۈگۈن بىزنىڭ تويىمىز بولىۋاتىدۇ! سەن شاتلىققا چۆمۈلىشۈڭ كېرەكقۇ! - دېدى ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ.

_ بىلەمسەن! سەن مېنىڭ ھەممىدىن چوڭ سۆيگۈم! لېكىن مەن ساڭا بىر تال تويلۇق ئۈزۈك ئالالمىدىم، ساڭا تويلۇق كىيىم كەيدۈرۈشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىمكى، ئەشۇ تويلۇق كىيىمنى كەيدۈرۈپ، ئىككىمىز قول تۇتۇشۇپ پۈتۈن مەھەللىنى بىر ئايلىنىپ چىققان بولساق، مانا مېنى بىئارام قىلغىنى _ دېدى سىدىق كۆڭلىدىكىنى ئىزھار قىلىپ.

_ ئەگەر سەن راستىنلا شۇنداق ئويلىغان بولساڭ، قولۇڭنى ماڭا بەر! _ دېدى رابىيەم ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزارتىپ. سىدىق ( جازا لاگىرىدا ئېغىر ئەمگەك قىلىپ ) قېتىپ كەتكەن قولىنى ئۇنىڭغا بەردى.

ــ بىز ئىككىمىز شەرقى تۈركىستاننى چوقۇم ئازات قىلىمىز! ــ دېدى رابىيەم ۋە بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن يەنە داۋام ئەتتى ــ ئەگەر بىز بۇ مەقسەتكە يېتەلمىسەك، مۇشۇ ئارمان، مۇشۇ ئۈمۈتتە ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرقى كۈنىگىچە تىرىشىمىز! مەن ساڭا بىر تال ئۈزۈك تەييارلىغان ئىدىم، ئۇنى ھازىر بەرمەيمەن! بۇ ئۈزۈكنى ۋەتىنىمىز ئازات بولغان كۈنىگىچە ساقلايمەن! شۇ چاغدا سەنمۇ ماڭا تويلۇق كىيىمنى كەيدۈرسەن! بىز شۇ كۈنگىچە سەبىر بىلەن كۈتىشىمىز كېرەك!.

سىدىق چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە رابىيەمنى باغرىغا باستى ۋە ــ مەن سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭنى قوبۇل قىلىمەن! بۈگۈنكى كۈننى خۇدا بىزگە ئاتا قىلدى ــ دېدى. رابىيەم بولسا شۇ تاپتا ئۆزىنى پۈتۈن شەرقى تۈركىستان بويىچە ئەڭ بەختىلىك ئايال دەپ، ھېس قىلاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ يۈرىگى سۆيگۈدىن پارتىلايتتى. چۈنكى ئۇ ۋەتىنىنى ھەقىقىي سۆيۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئىدى! ئۇ شۇ تاپتا ئوت بولۇپ ياناتتى!.

« شۇ كۈندىن ئېتىبارەن بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر سىدىقنى ئۇنىڭدىن ئايرىۋېتىش تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇ! ئۇ سىدىقتىن ئايرىلىپ ھايات قالالمايدۇ! ».

ئاخىرى رابىيەم ئۆز مەقسىدى بويىچە ھەربىكەت قىلىشى ئۈچۈن بىر قوغدىغۇچى ئائىلىگە ئېرىشتى. بىر يىل ئاتۇشنى قوغدىنىش چەمبىرىگى قىلدى. ئۇنىڭ باللىرى دادىسىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇ باللىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە يوقلاپ تۇراتتى. ياخشى سوغا - سالام يوللايتتى.

مەھەللە باشلىقى سىدىق ھاجى روزىنىڭ جازالانغان ۋە رېجىم ئاستىدىكى ئادەم بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ سىرتتا چىقىپ، رابىيەم بىلەن بىرگە ئىش - ئوقەت قىلىشىغا رۇخسەت بەرمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزى يالغۇز پۇل تېپىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ، ئاپتۇۋۇز بىلەن قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقتى. سىدىق ھاجى روزى بولسا دەرت - ھەسرەتلىرىنى مىسرالارغا تىزىپ ئۆيدە قالغان ئىدى. رابىيەم ــ ئۆلاق (ھايۋان) بازىرىغا كېلىپ، ئىش - ئوقەتنىڭ ئېپىنى قىلارمەن ــ دەپ ، ئويلىغان ئىدى. ئەمما ئۆلاق سودىسىغا قارىغاندا ياغاچ ئېلىپ - سېتىش تىجارىتى مۇۋاپىق كۆرۈلدى. ياغاچ ساتىدىغان بىر تىجارەتچىنىڭ ئۇنىڭغا تەپسىلى ئېيتىپ بېرىشىچە قاغىلىقتىن قەشقەرگە ياغاچ ئېلىپ كەلسە، پايدىسى ياخشى قالىدىكەن. لېكىن ھېلىقى ياغاچ سودىگىرىنىڭ ئېيتىشىچە بۇ ئىش ئۈنچىلىك ئاسان ئەمەس. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن

ياغاچنىڭ بىر تېلى 150 يۈەن. رابىيەم دەرھال قاغىلىقتا قاراپ يول ئالدى. ھەم خېرىدارنىمۇ تېپىپ ياغاچنىڭ باھاسىنى پۈتۈشۈپ قويدى.

رابىيەمنىڭ يېنىدا 1500 يۈەن نەق پۇل بار ئىدى. ئۇ بۇ پۇلغا 150 تال ياغاچ ئالدى. ئۇ جەمى بەش مىڭ تال ياغاچ ئۈستىدە پۈتۈشتى. ياغاچنى سېتىپ بولۇپ پۇلىنى بېرىدىغانغىمۇ كېلىشتى. ئۇ ئىشنىڭمۇ ھېلىقى پاخلان كۆرپىسى سودىسىدىكىگە ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى _ بۇ تىجارەتمۇ تېزلا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى جەزىم قىلغان ئىدى. مال ئېگىلىرىمۇ، ئالغۇچىلارمۇ رابىيەمگە ئىشەنگەنلىكىدىن ئۇ بەك مەمنۇن ئىدى. شۇڭا پەيتنى غېنىمەت بىلىپ چوڭ سودىغا تەۋەككۇل قىلدى. بەش مىڭ تال ياغاچ ئەللىك مىڭ يۈەن. بۇ سودىدىن تىجارەتچىلەرمۇ بەك خوشال ئىدى. ئۇ ھەپتىدە ئۈچ-تۆرت قېتىملاپ قاغىلىقتىن قەشقەرگە يۈك ماشىنىسى بىلەن ياغاچ يۆتكەيتتى. شاخ - شۇمبا، پۇتاق - چوماقلىرىنى، دەرەخنىڭ « لىم » غا يارىمايدىغان ئىنچىكە ئۈچلىرىنى بولسا، ئەشۇ يېزىلاردىكى كەمبەغەللەرگە تارقىتىپ بېرەتتى.

ناھايىتى كۆپ يول مېڭىش ئارقىلىق سىدىق ھاجى روزىغا مەھەللە ( كەنت ) باشلىقىدىن رۇخسەت ئالدى. ئەمدى ئۇنىڭ سۆيۈملۈك يولدىشى ئۇنىڭغا تىجارەتتە يۆلەك بولىدىغان بولدى. سىدىق ھاجى روزى يول بويى رابىيەمنى خۇددى تەگسىلا سۇنۇپ كېتىدىغان كىرىستالنى ئاسرىغاندەك دىققەت بىلەن ئاسرايتتى. لېكىن ئۇ نېمە قىلسا قانچىلىك پايدا ئالىدۇ، تىجارەتنى قانداق قىلىش كېرەك دېگەنلەر بىلەن زادىلا ئىشى يوق! ئۇنى ئويلاشنىڭ ئورنىغا بارغانلا يېرىدىن كىتاب ئالىدۇ، يول بويى كىتاب ئوقۇيدۇ. ئۇ كىتاب ئارقىلىق دۇنياغا سىڭىپ كېتىدۇ!

رابىيەمنىڭ سىدىق بىلەن توي قىلىشىدىكى مەقسىدى بولسا، بىر كۈنى سىدىقنىڭ مىللىتىمىزگە رەھبەر بولىشى ئىدى. لېكىن ئۇ تېزلا بايقىدىكى، سىدىق بۇ مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالالمىغۇدەك. ئۇ بىر مۇتەپەككۇر! ئۇ رەھبەر بولالمايدۇ!.

بىر كۈنى ئۇلار ياغاچنى يۈك ماشىنىسىغا بېسىپ قەشقەرگە قاراپ يولغا چىقىشتى. يول ئۇيۇقتا تاقاشقان شېخىللىق ئىدى. ئۇلار دەم ئېلىش پۇرسىتىدە ياغاچنى ياخشىراق ئورۇنلاشتۇرىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلاتتى. سىدىق ھاجى روزى لىمنى بىر ئۇچىدىن تارتىدۇ. رابىيەم يەنە بىر تەرىپىدىن ئىتتىرىدۇ. شۇ ئارىدا بىر تال ياغاچ سىرىلىپ كېلىپ رابىيەمنىڭ بويىنىنى

قىسىۋالدى. يەنە بىر ياغاچ ئېغىناپ كېلىپ سىدىقنىڭ پۇتىنى بېسىۋالدى. ئۇ رابىيەمنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەرقانچە قىلىپمۇ پۇتىنى ياغاچنىڭ ئاستىدىن ئاجرىتالمايدۇ. ئۇلار شوپۇرنى چاقىراتتى. لېكىن شوپۇر قاياقلاردىدۇر قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەن ئىدى. چۆللۈكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا. ئادىمىزاتنىڭ شەپىسى يوق. چۇشلۇك قۇياش تەپتىدە جانلار كاۋاپ بولماقتا. ئوت يالقۇنىدەك ئىسسىق شامال قىززىق قۇمنى رابىيەمنىڭ يۈزىگە ئۇرماقتا. خۇدنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي، ھۇشسىزلىنىشقا ئازلا قالدى. دەل شۇ ئەسنادا قاياقتىندۇر بىر دېھقان ۋېلسىپىتلىق كېلىپ قالدى. ئۇ ۋېلسىپىتنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، ئالدى بىلەن رابىيەمنى قۇتقازدى. ئاندىن سىدىقنى قۇتقازدى. ئۇ ئۈن - تىنسىز ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى! ئۇ ئادەم قانداق پەيدا بولغان بولسا، يەنە شۇنداقلا كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۇلار بۇ ئادەمنىڭ قانداق ۋە قەيەردىن كەلگەنلىكى ھەققىدە بۈگۈنگىچە ئويلايدۇ! بەلكىم بۇ بىر كىچىك مۆجىزە بولسا كېرەك!!!

1978 - يىلى ئىدى. ئۇلار بىرگە ئاقسۇغا كېلىشتى. رابىيەمنىڭ ئىنىسى مەمەتنىڭ خەۋەر يەتكۈزىشىچە، ئالدىنقى كۈنى كوچا چارلايدىغان ساقچىلار يولۇاس ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر ياشنى تۇتۇپ كېتىپ، ساقچىخانىدا قاتتىق ئۇرغانمىش. ھەتتا ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر تال سۇپۇرگىنىڭ دەستىسىنى تىقىپ بوغۇزىدىن ئۆتكۈزۈۋەتكەنمىش. بۇنى مەمەت ساقچىخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كۆرۈپ قالغان ئىكەن. ھېلىقى بالا ئۆلگەن ئىكەن. ئۇ ئەمدىلا ئون يەتتە ياشتا ئىدى. ھۆكۈمەت بولسا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىغا « بالىڭىز ئۆزلىگىدىن ئۆلۈپ قالدى، ماۋۇ 10.000 يۈەننى ئېلىپ، نەزىر - چىرىغىنى ياخشى ئۆتكۈزۈپ تېنچ يەرلىككە قويۇڭ » دەپتۇدەك. بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ ئۈنچىقماپتۇدەك.

شۇنىڭ بىلەن رابىيەمنى بۇ ئائىلىگە مەمەت باشلاپ باردى. ئىشىك ئالدىدا بولسا ئۈچ نەپەر خىتاي ساقچىسى قاراۋۇللۇق قىلىۋاتاتتى. رابىيەم ئۇلارنى ئىتتىرىۋېتىپلا

_ بۇ بالىنىڭ ئانىسى مېنىڭ ئاچام بولىدۇ! يولنى بوشىتىـــش! - دېدى ۋە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بالىنىڭ جەسىدى پەردىنىڭ ئارقىسىدا ياتاتتى. رابىيەم ئۇنىڭ يۈزىنى ئېچىپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى دەھشەتلىك قورقۇنچتا پولتىيىپ چىققان ئىدى. بەدەنلىرى، يۈز - كۆزلىرى تاياق زەربىدىن كۆكەرگەن.

ساق يېرى يوق! رابىيەم بالىنىڭ ئانىسىنى ئەيۋەشكە كەلتۈردى
_ ھۆكۈمەت ئون مىڭنى بەرگەن بولسا، مەن يىگىرمە مىڭنى بېرىمەن! مانا پۇل! - دېدى ئۇ ، ھازىدار ئانىغا پۇلنى تەڭلەپ. ئاخىرى ئۇلار جەسەتنى دوختۇرغا تەكشۈرتۈشكە ماقۇل بولىشتى.

جەسەتنى ھارۋىغا سېلىپ، دوختۇرغا ئېلىپ بېرىشتى. دوختۇرنىڭ توغرا خۇلاسە چىقىرىپ بېرىشى ئۈچۈن رابىيەم نۇرغۇن پۇل بەردى. جەسەتنى ئوپېراتسىيە قىلىنغاندى، ھېلىقى خىتاي ساقچىلىرى ئۇنىڭ بوغۇزىدىن تىقمۇەتكەن سوپۇرگە پارچىسى ئۇنىڭ ئۆپكىسىنى يىرتىپ چىققان ئىكەن! ئاھ دەھشەت! ئوپېراتسىيە دوختۇرى جەسەت تەكشۈرۈش خۇلاسىسىنى ئەينەن خاتىرىلەپ بەردى. ئەمما ساقچى باشلىقلىرى جەسەتنى سىرىتتىكى كىشىلەرگە كۆرسەتمەسلىك، بۇ ۋەقەنى جەمئىيەتكە بىلدۈرمەسلىك ھەققىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش قىلدى. ئۇلارمۇ جىددى پىلان تۈزۈشتى _ سىدىق ھاجى روزى بىلەن رابىيەم شاڭخەيگە تىجارەت ئىشى بىلەن كېتىدۇ. بۇ بالىنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا مەمەتنىڭ تۆرت نەپەر دوستى مەسئۇل بولىدۇ. پەردىنىڭ ئارقىسىدا رابىيەم بىلەن سىدىق ھاجى روزىنىڭ بارلىقىنى ئەسلا تىنمايدۇ! قىساس ئېلىش ئۇسۇلى بولسا بۇزۇپ چېقىش، ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇش شەكلى بىلەن ئەمەس، تېنچلىق ئۇسۇلى بىلەن كوچىلاردا نامايىش قىلىش، شۇئار تووۋلاش قاتارلىق تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويىلىدۇ......

شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى كۈنى ھېلىقى نامايىشقا مەسۇل بولغان بەش كىشى جەسەتنى كۆتۈرۈپ ئاۋال مەسجىت ئالدىغا بارىدۇ. ئاندىن خەلق توپىنى ئەگەشتۈرۈپ كوچىلاردا ئايلىنىدۇ. دەسلەپ ئىمام مەسجىتتىن چىقىشى بىلەنلا « مىللى خورلاش توختىتىلسۇن! » دېگەن پىلاكات ئېچىلىپ، يولۇاسىنىڭ قانداق ئۆلتۈرۈلگەنلىگى ھەققىدە جامائەتكە تەپسىلى سۆزلىنىدۇ.

دەل شۇ پىلان بويىچە ئۇلار ھەرىكەتنى باشلايدۇ. يولۋاسنىڭ يۈزگە يېپىلغان يوپۇقنى ئاچىدۇ. مەسجىتتىن ئۇدۇل چىققان جامائەت بۇ ۋەقەنى تەپسىلى بىلىشدۇ. بىر سائەتتىن ئاشمىغان ۋاقىت ئىچىدە كوچىلارغا ئادەم توپى سىغمايدۇ. ئونمىڭدىن ئارتۇق خەلق _ ئۇيغۇر كوچىغا تۆكىلىدۇ. مەسئۇللار خەلق توپىنى باشقۇرالمايدۇ. جاسارەتكە تولغان ئۇيغۇرلار ئىنتىقام ئۈچۈن ساقچى ئىدارىسىنى بۇزۇپ چاقىدۇ. تۈرمىلەرنى ئېچىۋېتىدۇ. خىتاي - پىتاي دەيدىغان نەرسە كوچىدا خېمىردەك چەيلىنىپ كېتىدۇ.

ئۇلارغا يولۇقانلا ساقچىلار تاياقتىن يەر چىشلەيتتى! لېكىن ئۆلۈم -

يىتىم يۈز بەرمىدى. بۇ ھەرىكەت شۇنداق ئاخىرلاشتى. قانچە مىڭلىغان بىگۇناھ خەلق تۇتقۇن بولۇپ، ھەپتىلەردىن كېيىن قويىۋېتىلدى. ئەمما بۇ ئىشقا باش بولغان بەش نەپەر دوستلار باش جىنايەتچى بولۇپ قولغا ئېلىندى.

رابىيەم ۋەقەدىن تولۇق خەۋەر تېپىپ، شاڭخەيدىن بېيجىڭغا يول ئالدى. ئۇ خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىگە ۋەقەنى دوكلات قىلدى. يولۋاسىنىڭ دەۋاگېرى سۇپىتىدە ئاقسۇدىكى ھۆكۈمەتتىن ھېساپ ئېلىپ بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىسىنى يۆتكەپ كەتتى. يولۋاسنى ئۆلتۈرگەن خىتاي ساقچىلىرىنى بىڭتۇەن ئەمگەك مەيدانىغا پالىدى. شۇ ھەرىكەتنىڭ ئالدى - كەينىدە نۇرغۇنلىغان خىتاي ئەمەلدارلىرى، ساقچىلار، ئەسكەرلەر ئاقسۇدىن ئىچكىرى خىتاي رايونلىرىغا قېچىپ كېتىشتى! رابىيەم بەش نەپەر ئىنقىلاۋى يىگىتنى، يېرىم يىلدىن كېيىن تۈرمىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كىشى بېشىغا 10.000 يۈەندىن پۇل تاپشۇردى. ئۇلار ئامان - ئېسەن تۈرمىدىن چىقىشتى! ئەمما ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن قىساس ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى.

( شۇ ناملىق كىتاپ 166- 175 . بەتلەر)

(قوشۇمچە )

مانا بۇ ھەرىكەت ئەينى ۋاقىتتا مىللىتىمىز « ناسۋال قاپاقتا يەيدىغان نان بارمۇ » دېگىدەك ھالدا، ئاچ - يالىڭاچ ياشاۋاتقان بىر زاماندا يۈز بەرگەن ئىدى. ئاقسۇدىن قاچقان خىتاي ئەسكەرلىرىنى كوچاردا تۇتۇپ قامايدىغان لاگىرغا تاش ئېتىپ:

ئىچكىرىدىن خىتاي كېلىپ،
پاقىلارنى يەپ بولدى.
يىگىلى بىر قۇمچاق يوق،
كۆلىغا راۋان بولدى.

دەپ قوشاق قاتقان باللار ئارىسىدا مەنمۇ بار ئىدىم. بىز بۇ ئەسكەر خىتايلارنىڭ قېچىشىنى « خىتاي قاچ – قاچ » دەپ خاتىرلىگەن ئىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆز - ئارا ۋاقىت ئۆلچىمىمىزنى بولسا، « خىتاي قاچ- قاچتىن كېيىنكى پالانى چاغدا » دېيىشەتتۇق. مانا بۇ خىتاي قاچ - قاچ

ھەرىكىتى بۈگۈنكى رەھبىرىمىز، ئىنقىلاۋى يولباشچىمىز رابىيە قادىرخانىمنىڭ بۇندىن يىگىرمە توققۇز يىل ئاۋال ، نۆۋەر ياش چاغلىرىدا قىلغان دەسلەپكى ئىنقىلاۋى ئىدى. بىز بۇ ھەرىكەتنى كىم ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى بولسا ئەمدىلا بىلمەكتىمىز. ئەسلىدە ئۇ، ئەرۋا ئېيتقاندەك بىر « سودىگەر ئايال »لا ئەمەس ( رابىيە خانىم تۇرمىدىن سالامەت چىقىپ،ئامېرىكىغا كېلىپ يېرىم يىلدىن كېيىن، ئىسمىنى ئاشكارىلىيالمىغان بىر نامەلۇم ئادەم « ئەرۋا » تەخەللۇسى بىلەن رابىيە خانىمنى قاتتىق تەنقىتلىگەن) بەلكى « سودىگەرچىلىك » نى مىللەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قوللانغان ۋاستە قىلغانلىقىنى بۈگۈن بىلمەكتىمىز. ھەقىقى داھى، ھەقىقى رەھبەر، ھەقىقى يولباشچى ئەنە شۇنداق بولىدۇ! بۈگۈنكى ئىشنى قانداق قىلىشنىمۇ بىلىدۇ. ئەتىكى ئىشنى، بىر يىلدىن كېيىنكى ۋە ئوتتۇز يىلدىن كېيىنكى ئىشلارنى قانداق قىلىشنى بىلىدۇ. ھەقىقى رەھبەر ئېتىزغا سۇنى باشلىۋېتىپ ئاندىن قىر سېلىشقا يۈگۈرەيدىغان ناكەس دېھقانغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ!.

بىزنىڭ بۈگۈنكى بۇ دانا رەھبىرىمىز 1978 - يىلدىن 1999- يىلىغىچە تاپقان - تەرگىنىنى ئەنەشۇنداق مىللى قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا پىدا قىلغان. ئۇنىڭ كۆككە تاقاشقان بىنالىرى، قات-قات مىليونېرلىق مەبلىغى ھەرگىزمۇ خىتاي ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاسان مۇسادىرە شەكلى بىلەن يوقالمايدۇ! ئۇ بۇ مەبلەغنى ئەشۇنداق مەقسەتتە توپلىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەبلەغ خىتاينىڭ كۆكسىنى تىشىپ چىقىدۇ. بۇ مەبلەغ بىلەن گەرچە خەجلەش ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىشقا ھازىرچە پۇرسەت بولمىغىنى بىلەن، ئۇنى يۇتىۋالغان خىتاي قان قۇسۇپ قايتۇرىدۇ. چۈنكى بۇ مەبلەغنى رابىيە قادىر ئەشۇ ئېزىلىۋاتقان، خىتاينىڭ دەھشەتلىك زۇلمىدا ئىڭراۋاتقان ناتىۋان ئۇيغۇرنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تاپقان ئىدى. ئۇ بىر مەزلۇم مىللەتكە مەنسۇپ بولغان مەبلەغ ئىدى! ئاخىرى بۇ مەبلەغ ئۆز جايىنى تاپقۇسى!

رابىيەم بىلەن سىدىق ھاجى روزىلارنى ياغاچ بېسىۋېلىپ، ئۆلۈم گىرداۋىغا كەلگەندە بىر غايىپتىن كەلگەن ئادەمنىڭ ياردىمى بىلەن قۇتقازغان ئاللاھ، بۈگۈن ئۇلار تاپقان ئەشۇ بايلىقنى گەرچە خىتاي بېسىۋالغان بولسىمۇ بىر مۆجىزە ئارقىلىق قۇتقۇزۇشقا قادىردۇر! بىز شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، بۈگۈن ئەركىن دۇنيادا « ياغاچ ئاستىدا قالغان » ئۇيغۇر دەۋاسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن رابىيە قادىرنى بىزگە ئەۋەتكەن ئاللاھ يەنە بىر مۆجىزە بىلەن

مىللىتىمىزنى ــ پۈتۈن بىر مىللەتنى « ياغاچ ئاستىدىن » قۇتقۇزۇشقا قادىردۇر!

26

1979 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرى سىدىق ھاجى روزى بىلەن رابىيەلەر ئاتۇشتىن ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەلدى. بۇ مەزگىللەردە ھۆكۈمەت تىجارەتچىلەرگە كەڭچىلىك قىلىپ، ئەركىن تىجارەتنى يولغا قويماقتا ئىدى. ئۇلار ئەر - ئايال بىرلىكتە رابىيەمنىڭ بۇرۇنقى بىرقانچە نەپەر شىرىكلىرى بىلەن شاڭخەيگە يول ئېلىشتى. دەسلەپتە شاڭخەيگە تىجارەت ئىشلىرى بىلەن كىرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى ئانچە بەك كۆپمۇ ئەمەس ئىدى. لېكىن ئايدىن-ئايغا ئۇلارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تاپاۋەتمۇ كۈندىن - كۈنگە ئازايماقتا.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىسلاھات يۈرگۈزىدىغانلىقىمۇ غۇل - غۇلا قىلىنماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۈرگۈزىدىغان ئىسلاھاتلىرى ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارغا قارشى بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى « ئىسلاھات » قا نىسبەتەن كىشىلەر ئېھتىياتچان ئىدى. لېكىن ئەمەلىيەتتىمۇ ئۆزگۈرۈشلەر بولىۋاتاتتى.

دىنىي ئەركىنلىك يولغا قويۇلماقتا. ئازدۇر - كۆپ ئۇيغۇرلار ھەرەمگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىشقا مۇيەسسەر بولىۋاتاتتى. بۇ خىل جىددى ئۆزگىرىشلەر رابىيەمنى ئويغا سالماقتا:

« ھۆكۈمەت خەلقنى بېسىم ئاستىدا تۇتۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن بولسا كېرەك، ئۆز ئارا چىقىشىپ ئۆتۈشنىڭ بىردىن بىر يولى < كەڭ قويۇۋېتىش> ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ مۇستەقىل بولىشىنىمۇ پىلان قىلىۋاتقان بولسا كېرەك » دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى.

كاپىتالىزىمغا قاراپ ئېچىلىش ئۈرۈمچىنىڭ قىياپىتىدىمۇ ئۆزگۈرۈش پەيدا قىلغان ئىدى. كۆككە تاقاشقۇدەك ئېگىز بىنالار قەد كۆتەرمەكتە.

ھۆكۈمەت خادىملىرى ئۆزۈندىن بېرى سىدىق ھاجى روزىنىڭ مۇۋاپىق بىر ئورۇنغا ئىشقا كىرىشىگە قارشى توسقۇنلۇق قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ چاغلار تېخى تۈرمىدىن يېڭى قويۇپ بېرىلگەن زىيالىلار ۋە دىنىي زاتلارنىڭ ھەربىر

قەدەملىرى نازارەت قىلىنىۋاتقان چاغلار بولۇپ، زىبالىلارنىڭ بىرەر خىزمەتكە ئورۇنلىشۇپ قېلىشى ئاسان ئەمەس ئىدى. ھۆكۈمەت خىزمىتىدىكى بەزەن ئۇيغۇر رەھبەرلىرى سىدىق ھاجى روزى ئۈچۈن ماغدۇر بولماقتا. سىدىق ھاجى روزىدەك بىلىم ئەھلى ئۈچۈن بىرەر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىشقا كىرىش چوڭ بىر ۋەقە ئىدى. يەنى ئۇ ئاخىرى بىلىم يۇرتىدىن ئىش ئورنى تاپتى. ئۇ تىجارەت ئەھلى ئەمەس! ئۇ تىجارەت قىلىش ئۈچۈن، پۇلدار بولۇش ئۈچۈن تۇغۇلغان ئەمەس!

سىدىق ھاجى روزى ئوقۇغۇچىلىرىغا خىتاي ھۆكۈمىتى تەييارلاپ بەرگەن دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى ئۆگىتىش ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى دېموكراتىك ئۇسۇل بويىچە تەپەككۇر قىلىشنى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشچە تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ غەرپ دېموكراتىيەسى بىلەن مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنى سېلىشتۇرغان تېمىلارنى دەرسلىككە تاللايتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دەۋر تۈزۈملىرىنى مۇھاكىمە قىلىشى ۋە زىديەتلەرنى ھەل قىلىشنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلاتتى. كوممۇنىستىك شەرقى گېرمان بىلەن دېموكراتىك غەربى گېرماننى سېلىشتۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ئەھۋاللىرىنى قىياس قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەمگىكى ئېغىر بولسىمۇ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى بېسىمى ئاستىدا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى بەختىلىك ھېس قىلاتتى.

مۇشۇ يىلنىڭ ئۆزىدىلا رابىيەم بالىلىرىنى ئارقىمۇ ئارقا ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كەلدى. پەقەت ئادىل دادىسىنىڭ بانكىدىكى خىزمەت ئورنىنى ئۇستىگە ئېلىپ ئاقسۇدا قالدى.

1980 - يىلى خىتاينىڭ كەڭ ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇش دەۋرى بولدى. بازار ئېگىلىگىنى ئېچىۋېتىش بىلەن بىرگە كوممۇنىستىك تۈزۈممۇ بىر ئاز يۇمشاپ، زىبالى - پىكىر ئېقىمىغىمۇ ئەركىنلىك بەرمەكتە ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى ھاۋاسىنىڭ ئىللىشىدىن جاسارەتلەنگەن ئۇيغۇرلار تېخىمۇ كەڭ ئىش ئورنى ۋە تېخىمۇ كەڭ ئاپتونومىيە تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتى چاقماق تېزلىكىدە خەلقنىڭ تاناۋىنى تارتىپ، يەنە قورۇما نوقتىغا ئېلىشقا باشلىدى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسى كۆزىتىشلىرىنى بېسىم دەپ قارىغان ھەربىر كىشىنى « بۆلگۈنچى » دېگەن نام بىلەن ئەيىپلەشكە ئورۇندى ۋە چوڭ خىتايچىلىق پرىنسىپىنى ئوچۇق يۇرگۈزۈپ، ئاپتونومىيە تەلەپ قىلغۇچىلارنى « دۆلەتنىڭ

بىخەتەرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان » دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىپلەپ، ھەتتا ئۆلۈم جازاسى بېرىشكە باشلىدى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە رابىيەمنى كانتون تىجارىتى جەلىپ قىلماقتا ئىدى. چۈنكى خىتاي ئەمەلدارلىرىدىن دېڭ، خۇا گو پېڭ كەشىپ قىلغان « بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم ـ ئالدى بىلەن دېڭىز ياقىسى رايونلارنى بېيىتىش » سىياسىتى ئاستىدا دېڭىز ياقىسىدىكى ئارال رايونلارنىڭ ئىقتىسادى ھەقىقەتەن گۈللەنگەن ئىدى. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەت بولۇپ، ھەتتا تەيۋەندىن كانتونغا مال يۆتكەش ئىمكانىيىتىمۇ مەۋجۇت ئىدى. مۇشۇ ئالاھىدىلىكلەر تۈپەيلى كانتونغا 300 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى توپلانغان. ئۇلار بەزىدە ئۆزلىرى چۈشكەن مېھمانخانىدا تاماق يېيىشەتتى. مۇشۇنداق ئۇچراشقان چاغلاردا كۆپچىلىكنىڭ تەشكىللىنىپ، بىرلىكتە تىجارەت قىلىش تەكلىۋى رابىيەمنى قايىل قىلاتتى. گەرچە بۇنداق تەشكىللىنىپ تىجارەت قىلىش چەكلەنگەن بولسىمۇ، رابىيەم ئۇلارنىڭ تەلىۋىگە بىنائەن يىگىرمىگە يېقىن كىشىنى بىر كوللىكتىپ قىلىپ توپلىدى. ئۇ ئۆتكەنكى قېتىمدىكىـــدەك « مۇسادىرە » قىلىنماسلىق ئۈچۈن، بۇ قېتىم ئىككى نەپەر خىتاي كادىرنى مائاش بېرىپ ياللىۋالدى. بۇ خىتاي ئەمەلدارلىرى ئۇلار سېتىۋالغان ماللارنى تەكشۈرۈپ، قانۇنلۇق تىجارەت ئىكەنلىكىگە گۇۋالىق ئىسپاتى بېرەتتى.

ئۇلار رەختلەرنى رەڭ، سۈپەت، نۇسخا جەھەتلەردە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كىيىم مەدەنىيىتىگە ئويغۇن شەكىلدە زاۋۇتقا بۇيرىتىپ تەييارلىدى. ھەممە ئىشلار پۈتۈپ، يۈك ـ تاقلارنى ماشىنىغا باستى. توختام بويىچە ھېلىقى ئىككى نەپەر خىتاي كادىرلىرى ماشىنا بىلەن بىرگە كانتون پورتىغىچە بىرگە ھەمراھ بولۇپ كېلىشى كېرەك ئىدى.

بۇ تىجارەتكە رابىيەم تەخمىنەن 200.000 يۈەن مەبلەغ سالغان ئىدى. ئۇلار تولۇق باج تۆلىگەن، ئۇلارنىڭ يېنىدا دۆلەت خادىملىرى قىلىپ بەرگەن ئىسپاتمۇ بار، شۇڭا بۇ قېتىم ھېچقانداق خېيىم ـ خەتەر يۈز بەرمەيدۇ! ئۇلار ئالى مەقسەتتە ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندى. يول ئۈستىدە كىچىك بىر يېزا بازىرىدا ئانچە-مۇنچە بىر نەرسە يەۋېلىش ئۈچۈن بىر ئاشخانا ئالدىدا توختاشتى. تاماقتىن كېيىن ھېلىقى ئىككى نەپەر خىتاي كادىرلىرى ئاسماندىمۇ، يەردىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار ئىزسىز يوقالغان ئىدى.

ئاردىن ئون مىنۇتچە ئۆتكەندىن كېيىن، ئىككى يۈزچە خىتاي

ساقچىلىرى ئۇلارنى خۇددى خىتاي سىپىلىدەك قورشىۋالدى. ئۇلارنىڭ ھالىڭ پەلەك يۇك باسقان بەش ماشىنا ماللىرى مۇسادىرە قىلىندى! يەتتە نەپەر تىجارەتچى شېرىكلەر خىتاي ساقچىلىرى بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ئالدىغا ئۆتتۈۋىدى ئۇلارنى خىتاي ساقچىلىرى تارتىشىپ ئارىسىغا ئېلىۋېلىشتى. كىم كىمنى ئۇرىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. چاقماق تېزلىكىدە رابىيەمنىڭ يەتتە نەپەر شىرىكلىرى يەر چىشلەپ قالدى. خىتاي ساقچىلىرى ئۇلارنى خۇددى پۇتبولدەك تېپىپ ئوينىشاتتى.

_ ئۇلارنى قويىۋېتىش! ماللىرىمىزنى ئېلىش! _ دېدى رابىيەم جېنىنىڭ بېرىچە ۋارقىراپ. باياتىن ئەتراپتا تاماشا كۆرۈپ تۇرۇشقان يەرلىك خىتايلارمۇ ئارىغا كىرىشىپ، بۇ ئادەملەرنى ئەمدى ئۇرىۋەرمەسلىكنى ئۆتۈنۈشتى. تاياقتىن كېيىن بىرلىرى بېقىنىنى تۇتۇپ ئىڭرىسا، بىرلىرىنىڭ ئوخرەكلىرى سۇنغان، بىرلىرى يەرچىشلىگىنىچە ياتاتتى. نەتىجىدە قوراللىق ساقچىلار ھەممەيلەننى ساقچى ئىدارىسىگە يالاپ مېڭىشتى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى بارلىق قانۇنى رەسمى-يەتلەر ئۇستەلگە قويۇلدى.  ھەممە ئىش قانۇنغا تامامەن ئويغۇن بولىشىغا قارى-ماستىن، ئاۋالقى نۆۋەتتىكىدەكلا مۇسادىرە قىلىندى. ئەگەر ئۇلار يەنە « بىزنىڭ تىجارىتىمىز قانۇنلۇق، دوكۇمېنتلىرىمىز تولۇق » دەپ، ساقچىلارنىڭ بېشىنى قوچىلاۋەرسە، ھەر بىرى ئاز دېگەندە بىر يىلدىن تۈرمىگە قامىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى.

ئاخىرىدا ئۇلار ئائىلىسىگە _ بالىلىرىغا سوغات ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن بولسىمۇ بىر ئازدىن پۇل بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى. لېكىن پۇل تۇرماق، ھەتتا ئۇلارنىڭ دوكۇمېنتلىرىنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىشمىدى. خىتاي ساقچىلىرى ئۇلارنىڭ دوكۇمېنتلىرىنى بەرمەسلىكتىكى سەۋەپ « بۇ ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى خىتاي پۇخراسى ئەمەس، بۇلار چەتئەللىك، شىنجاڭ دېگەن جاي خىتاي دۆلىتىگە ئائىت ئەمەس، شۇڭا چەتئەللىكنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان ماللىرى قاتارىدا دوكۇمېنتلىرىمۇ قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ. »

ئۇلار ھەممە نەرسىلىرىدىن ئايرىلىپ، مېھمانخانىغا قايتىپ كېلىشتى. رابىيەمنىڭ شىرىكلىرى ئۇنىڭدىن قانداقلا بولمىسۇن پۇل تېپىشنى، قايتا بىر ئىش قىلىشنى تەلەپ قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا بار - يوق مەبلەغلىرىدىن ئايرىلغان ئىدى، خەجلىگۇدەك پۇلى يوق، قىلغۇدەك ئىش-ئوقىتىمۇ يوق ئىدى. ئۇلار قۇرۇق قول ۋەتەنگە قايتالمايتتى. شۇڭا رابىيەم ئۇلارغا ياردەم قىلىش نىيىتىگە كەلدى. لېكىن ئۇ يەنە بىر قېتىم يولدىشى

سىدىق ھاجى روزى بىلەن مەسلەھەتلىشىش قارارىغا كېلىپ، ئۈرۈمچىگە قايتتى.

ئۇ شۇنچىلىك ئىزتىراپ ئىچىدە سۆيۈملۈك يولدىشى بىلەن ئۇچراشتىكى. ئۇ ئايلاپ جاپالىق مېھنەت قىلىپ چارچىغان ئەمما قۇرۇق قول، ماغدۇرسىز ئىدى.

_ جېنىم سىدىق، بۇ قېتىممۇ ئاۋالقىدەك ئاقىۋەت يۈز بەردى! مەن پۇللىرىمدىن، ماللىرىمدىن ئايرىلدىم _ دېدى ئۇ يولدىشىغا ھال ئېيتىپ.

_ ئۆزەڭ سالامەتمۇ؟ بۇ ھەممىدىن مۇھىم _ دېدى يولدىشى ۋە _ ئارتۇق ئويلىما بولغان ئىش ئۇستىدە، كىشى ئەشۇنداق ھۆكۈمرانىنىڭ ئاستىدا بولىدىكەن، بۇنداق ھادىسە تامامەن نورمال ھادىسىدۇر، ھەرئان بۇلاپ-تالىنىش، يارىلىنىش، ئۆلتۈرلۈش تامامەن مۇمكىن، ھۆكۈمەت ئۇيغۇرلارنىڭ باي بولۇشىغا يول قويمايدۇ، سەن ئىككى قېتىم مۇسادىرە قىلىنىپ، مال-مۈلكۈڭدىن ئايرىلدىڭ، ئەمدى تىجارەت قىلىشتىن توختىغىن! سەن ماڭا ھەر مىنۇت لازىم، مەن سېنىڭ نېنىڭنى تېپىپ بېرەلەيمەن، ئائىلىمىزنى باقالايمەن، ئۆتۈنۈپ قالاي، سەن بىز بىلەن بىرگە بول _ دېدى ئۇ رابىيەمنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ. لېكىن رابىيەم ئۇنداق قىلالمايتتى.ئۇ بۈيۈك غايىسىگە يېتىشنى ئويلايتتى. ئۇ ئىچكىرىدە ئۇنىڭ ياردىمىنى كۈتىۋاتقان شېرىكلىرىنى ئويلايتتى. ئۇندىن باشقا يەنە ئۇ قەرزلىرىنى تۆلىشى كېرەك ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ يەنە ئىچكىرىگە _ كانتونغا قايتتى. شېرىكلەر توپلىشىپ ياخشى مەسلەھەت قىلىشقاندىن كېيىن، قولدىن كېلىشىچە تۆرلۈك تىجارى ئىشلارغا قەدەم قويىشتى. بىر ئاشخانىنى ئىجارىگە ئېلىشىپ ئۇيغۇرچە تاماق چىقىرىشتى. تونۇر نېنى، لەڭمەن، ئۇگرە چىقىرىشتى. قاق ئۇچ ئاي جاپالىق ئەمگەكتىن كېيىن 350.000 يۈەن نەق پۇلغا ئېرىشتى. بۇ پۇللارنى يىگىرمە شېرىكنىڭ ئارىسىدا تەڭ تەقسىملىمەكچى بولۇپ رابىيەم تەكلىپ بېرىۋىدى، باشقىلار قوبۇل قىلىشمىدى ۋە ھەر بىرى 17.000 دىن ئېلىپ، قالغىنىنى چوڭ ئۈلۈش تەرىقىسىدە رابىيەمگە بېرىدىغان بولېشتى. رابىيەمنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن كانتونغا يېڭىدىن كەلگەن پۇلسىز بىر ئۇيغۇر يىگىتكىمۇ ئىئانە قىلىشتى.

رابىيەمنىڭ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگىنىگە ئالتە ئاي بولۇپ قالدى . ئۇ ئۇچ - تۆرت ئايلىق ھامىلدار بولۇپ، تىجارى ئىشلىرى ئۇستىدە ئويلانماقتا

ئىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىدىق ھاجى روزى ئۇنىڭدىن ئۆتۈنۈپ مۇنۇلارنى دېدى:

_ مەن ساڭا يەنە بىر قېتىم يۈرىكىمدىن يالۋۇرىمەن، بىز بىلەن بىرگە قالغىن، ئەگەر بېشىمىزغا قويىدىغان ياستۇق تاپالمىساق تاش قويۇپ ياتساقمۇ، ئولتۇرغىدەك ئۆي تاپالمىساق ئۆڭكۈردە ياشىساقمۇ، پەقەت سەن بىلەن بىرگە ھايات كەچۈرسەملا مەن ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ھاياتتۇر .

لېكىن رابىيەم كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپ، يولدىشىنىڭ يۈزىگە قارىماستىن جاۋاپ بەردى:

_ سەن بىلسەن مېنىڭ گۈزەل ئارزۇلىرىمنى، ئۇ بىر غايە! ئۇ بىر خىيال! ئۇ بىر گۈزەل چۈش! مەن ئەشۇ گۈزەل چۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىم كېرەك! توغرا چۈشىنىشىڭنى ئۈمۈت قىلىمەن ۋە ئۆتىنىمەن!.

_ سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ھېچ بولمىغاندا بالا تۇغۇلغىچە بولسىمۇ بىز بىلەن بىرگە قال _ دېدى يولدىشى تەكرار.

_ بولىدۇ، مەن بالا تۇغۇلغىچە بۇ يەردە تۇراي، ئەمما تىجارى ئىشلىرىمنى داۋاملاشتۇرىشىم كېرەك! مەن ھەر بىر مىنۇتنىمۇ بوشقا ئۆتكۈزمەي تىجارەت ئۈچۈن سەرپ قىلىمەن _ دېدى رابىيەم يولدىشىغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئۇرۇمچىنىڭ ئادەم ئەڭ كۆپ ئۆتىدىغان كوچىلىرىدىن تىجارەت ئۈچۈن بىر يەر تاللىدى. يول ياقىسىدا ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئارىسىدىن بىر كارۋات سىغقۇدەك يەرنى ھۆكۈمەت دائىرلىرىدىن رۇخسەت ئېلىپ، تىجارەت رۇخستىنىمۇ ھەل قىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ رابىيەم تىجارەتنى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ ماللىرى تۈرلۈك رەختلەر، كىيىم - كېچەكلەردىن تەركىپ تاپاتتى. ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ ئارىسىغا ئاددىلا تاختا قويۇپ ئاچقان بۇ كىچىككىنە بازار شۇنداق تېز كېڭەيمەكتە ئىدى. رابىيەمنىڭ يېنىدىن باشقا ئاياللارمۇ ئورۇن ئېلىپ، كونا - يېڭى كىيىم - كېچەك ساتىدىغان ئاياللارنىڭ سانى كۆپەيمەكتە. بۇنداق دەرەخنىڭ ئارىسىدا بازارچىلارنىڭ كۆپىيىشىدىن ئىلھاملانغان رابىيەم « بازار قۇرۇش » پىلانىنى مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا ئېيتتى. بۇ پىلان ئۇلارغىمۇ تازا ياققان ئىدى ھەم رابىيەم ئەشۇ بازارغا دىرېكتور بولۇپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇرۇلماقچى بولغان بازاردىن يەر ئالىدىغان كىشىلەرنى توپلاپ، ئۇلاردىن يەر ئۈچۈن تېگىشلىك پۇل يىغدى. قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە قانچە يۈزلىگەن كىچىك بوتكا دۇكانلار قاتار تىزىلغان ھالدا بازار شەكىللەندى. رابىيەمنىڭ

دۇكىنى 58 - نومۇرلۇق ھاۋارەڭ دۇكان ئىدى. ئۇ بۇ رەڭنى ئۆزى تاللىغان ۋە شەرقى تۈركىستاننىڭ بايرىغى رەڭگىدە بولىشىنى مەقسەت قىلغان ئىدى. بۇ بازار شەھەرنىڭ ئەڭ ياخشى جايدىن ئورۇن ئالغىنى ۋە ھاياتى كۈچكە ئىگە بولغىنى، مۇشۇ بازارنىڭ قۇرۇلۇپ چىقىشى، ھەممىسىلا رابىيەمنىڭ پىلانى بىلەن بولغاچقا ئۇ شەھەرلىك تىجارەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ بەلگىلەندى.

بازار قۇرۇلۇپ ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى. رابىيەمنىڭ ئاي - كۈنى تولۇپ، 1981 - يىلى 13 - ئىيۇل كۈنى قىزى ئەقىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل بىر بوۋاق بولغانكى رابىيەم بىلەن سىدىق ھاجى روزىلار بالىنى كۆتۈرۈپ سىرتقا چىققانلىرىدا، ئۇنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزەلمەي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىشاتتى. بەئەينى سۇرەتنىڭ ئۆزىلا ئىدى.

ھايات شۇنداق گۈزەل، مەنالىق ئۆتمەكتە. بىر يىلغا يېقىن رابىيەم ئۆز تىجارىتىنى داۋام قىلدى. ئۇ ئايدا 10.000 دىن 30.000 يۈەنگىچە نەق پايدا ئالاتتى. لېكىن ئۇنىڭلىق بىلەن رابىيەم مەمنۇن بولمايتتى. ئۇ بۇنچىلىك تاپاۋەتكە قانائەت قىلمايتتى. ئۇ بۇنچىلىك كىچىك ئىشلار بىلەن بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ ئىسراپ قىلىشنى خالىمايتتى. ئۇ ناھايىتى چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ يولدىشىغا مەقسىدىنى ئوچۇق ئېيتىپ، خىتايدىن ئەرزان تاۋار - ماللارنى تېزلىكتە ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقماقچى بولىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن سىدىق ھاجى روزى ئۇنىڭ پىكرىنى قاتتىق رەت قىلدى ۋە

_ ئەگەر سەن بۇ قېتىم بىزنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كەتمەكچى بولساڭ، پۈتۈنلەي كەتكەن بولىسەن! ئەقىدە تېخى كىچىك، سەن نېمىشكە بىرەر قېتىم بولسىمۇ خاتىرجەم ئارام ئېلىشنى راۋا كۆرمەيسەن، نېمىشكە تېنچ ئارام ئېلىشتىن مەمنۇن بولمايسەن. سەن زادى نېمىگە ئېرىشتىڭ؟ بىز بىر قورا جاي سېتىۋالايلى، بىزگە ئۇنچىۋالا كۆپ پۇلنىڭ كېرىكى يوق - دېدى كەسكىن ھالدا.

رابىيەم ئۇنىڭغا توي قىلىشتىن ئاۋالقى سۆزلەشمىلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ لېكىن ئۇ _ ياق، سەن كەتسەڭ بولمايدۇ - دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇراتتى. ھەم _ قارا رابىيە، ئەقىدەنىڭ كۆزىگە قارا! چوقۇمكى ئۇنىڭ كۆزىدىن سەن تەلەپ قىلغان شەرتلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق ئادا بولغانلىقىنى كۆرىسەن! - دېدى.

بالىدىن ئايرىلىش ئىغىر ئازاپ ئىدى. ئۇ كۆپ قېتىم بالىلىرىدىن ئايرىلغان، بۇ ئازاپنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئەمما قۇربان بەرمەي تۇرۇپ جەمئىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇ كېيىنكى كۈنى سىدىق ھاجى روزى ئىشقا كەتكەندىن كېيىن بىر پارچە خوشلىشىش خېتى يازدى:

« مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، قىزىمنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن مەن گۈزەل ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن سىلەرنى ۋاقىتلىق تاشلىماقچىمەن، سەن شۇنى ئۇنتۇپ قالمىغىنكى مەن سىلەرنى ئاجايىپ ھەسرەت بىلەن سېغىنىمەن، دەرتلىك ئەسلەيمەن، بۇ ئايرىلىش مەن ئۈچۈن بەكمۇ ئازاپلىق، يېقىندا مېنىڭدىن خوش خەۋەر ئاڭلايدىغانلىقىڭمۇ ئېسىڭدە بولسۇن!».

ئۇ خەتنى ئەقىدەنىڭ يانچۇقىغا سالدى، بالىنى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ خوشلاشتى ۋە ــ جېنىم قىزىم مېنى بۇ ئايرىلىش بەكمۇ ئازاپلايدۇ، سېنىڭ ئاپاڭ ئايرىلىشقا كۆزى قىيغىنىدىن بەكمۇ ئۆكۈنىدۇ، سېنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن ماڭا باشقا يول يوق - دېدى ئۇ يىغلىغان ھالدا.

ئۇ ئۇرۇمچىدىن كانتونغا بارغۇچە يول بويى كۆز - يېشىنى تۇتالمايتتى. راھىلە بىلەن ئەقىدەنىڭ رەسىمىنى كۆكسىگە قويۇپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ يۈرەك، باغرى ئوت بولۇپ ياناتتى. بالىلىرىنى سېغىناتتى. لېكىن ئۇ ئەشۇ گۈزەل ئارزۇ، ئارمانلىرىغا، گۈزەل چۈشىگە ئەگىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيتتى.

( شۇ ناملىق كىتاپ 178- 187. بەتلەر )

## ( قوشۇمچە )

بۈگۈن بۇ مەزمۇندا رابىيە قادىر خانىمنىڭ ھاياتىدىكى بىر قانچە نۆۋەتلىك جاسارىتىنى، ئەقىل - پاراسىتىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭ يالغۇز جاسارىتىلا ئەمەس، بەلكى تولۇپ تاشقان پىداكارلىقىمۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ ۋە قايىل قىلىدۇ. ئۇ مۇشۇ قېتىمقى پىداكارلىقىدا ھەتتا ئائىلىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىش قورقۇنچىسىمۇ تەسەۋۋۇردىن يىراق ئەمەس ئىدى. بىراق ئۇ ھەر قېتىم تاللاشقا توغرا كەلگەندە « قۇربان بەرمەي تۇرۇپ، پىداكارلىق كۆرسەتمەي تۇرۇپ ئالى مەقسەتكە ــ ئازاتلىققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ » دېگەن بىرلا ھۆكۈمنى ئالدىغا قوياتتى. ئەنە شۇ ھۆكۈم ئۇنى تاللايتتى. ئۇ ئۆز ئىختىيارلىقىدا ئەمەس

ئىدى. ئۇنى ياراتقۇچى ئەشۇنداق ياراتقان ئىكەن، ئۇ يارىتىلغۇچى بولۇش ماھىيىتى بىلەن ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنماي چارىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ غايىسى، مەقسىدى ھەرگىزمۇ باي بولۇش ئەمەس، بەلكى ئەڭ چوڭ كاپىتال يارىتىش ئىدى. ئۇ ئەشۇ كاپىتال بىلەن ئازاتلىقنىڭ سەرمايىسىنى قۇرۇپ چىقماقچى ئىدى. ئۇنىڭدىمۇ باشقىلاردەك شىرىن تۇيغۇ، ھېسسىيات تېشىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ ۋەتەن ئازاتلىقى يولىدا ۋىجدانغا، شىرىن تۇيغۇغا، ئىرادىگە، ئىمان - ئېتىقاتقا تايىنىپ قوزغىلىشتىن، ھەرىكەت قىلىشتىن مۇستەسنا ئىدى. بەلكى ئۇ « ئازاتلىق كۈرىشى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم، كەم بولسا بولمايدىغان يادرولۇق ئامىل كاپىتال » دەپ قارايتتى. ئۇ ئىنقىلاپقا ھەرگىزمۇ ھېسسىيات بىلەن مۇئامىلە قىلمايتتى. شېئىرى، ھېس، تۇيغۇلارنى كىشىلىك ھاياتىدىلا ئىپادىلەيتتى. كىشىلىك ھېس - تۇيغۇنى ئىنقىلاۋى ھەرىكەتنىڭ قوماندانى قىلىپ بەلگىلىمەيتتى.

بىز ئۇنىڭ ئۈستىدىن قانچىلىك تەتقىقات ئېلىپ بارساق، پەقەتلا ئىنقىلاپقا يارامىلىق ئىرادە، رەھبەرلىككە لاياقەتلىك شەرتلەرنى ئىسپاتلايمىزكى، ئۇنىڭ ئەكسىنى بايقاش قىيىن. ئۆزىنى پىدا قىلغۇچىلار، قۇربان بەرگۈچىلەر ئاز ئەمەس بىزنىڭ يېقىنقى تارىخىمىزدا. ئەمما نەتىجىدىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.......

دېمەك پىدا قىلىش، قۇربان بېرىش ھەقىقىي مەناسى بىلەن، بولۇشقا تېگىشلىك ئورۇندا بولغاندىلا تۆلىگەن بەدەلگە چۇشلۇق نەتىجە يارىتىدىغان گەپ.

« بەزەنلەرنىڭ يۈزى چوڭ _ ئۇ قۇربان بەرگەنمىش!.... بەزەنلەرنىڭ سۆزى چوڭ _ ئۇ بەدەل تۆلىگەنمىش!..... بەزەنلەرنىڭ مۇشتۇمى زور _ ئۇ ھەممە نەرسىلىرىنى پىدا قىلغانمىش يەي!...... شۇڭا ئۇلارنىڭمۇ بۇ ئىنقىلاۋى سەپتە ئالاھىدە ئورنى بارمىشەي!... بەزەنلەرنىڭ ئابرويى چوڭ _ ئۇ سۇلالىسىدىن بۇ يولدا ياشاپ، بۇ يولدا ئۆلگەنمىشەي!.... بەزەنلەرنىڭ ئورنى بەك مۇھىم _ ئۇلار يىگىرمە يىللاپ بۇ يولدا ئەجىر سىڭدۈرگەنمىشەي!..... ئىشقىلىپ بۇ يولغا ئۆزلىرىنى ئاتاپ قويغانلارنىڭ ھەربىرى ۋەتەن داۋاسىدىكى ئايرىلماس بىر گەۋدىمىشەي!..... ئۇلارنى ھېچكىم مەجبۇرلىماپتۇدەك. ھېچكىم مائاشمۇ بەرمەپتۇدەك، ئۇلار ئۆز پىداكارلىقى بىلەن خالىس ئىش قىلىۋېتىپتۇدەكمىشەي!.... شۇڭا ئۇلارغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەكمىشەي!...»

ئەنە شۇنداق بىر تالاي ئەرباپلار بۇ يولدا ياتقىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۆلىگەن بەدەللىرى ساناقسىز بولغانلىقى ئۈچۈن بىزنىڭ دەۋايىمىزغا ھەتتا غەرپ دۇنياسىمۇ قول تىقالماي كەلگەن ئىدى. بىزدىكى ئاجىزلىق ئەسلىدە ئاجىزلىق ئەمەس، بەلكى ئاخماقلىق. ئەسلىدىمۇ ئاخماقلىق دېگىلى بولمايتتى. چۈنكى بىزدىكى ئاجىزلىق ئەسلىدە ئالىجاناپلىق ئىدى. بۇ ئالىجاناپلىق روھىمىزنى دۈشمەنلىرىمىز بايقاشتىن بۇرۇنلا بىزنىڭكىلەر سۇيىستىمال قىلىپ، بۇ ئالىجاناپلىق روھىمىزنى « ئاجىزلىق » نىمىز ئورنىدا پايدىلىنىپ كەلدى. « قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، چاۋىسىنى چىتقا يايماسلىق » تەك مىللى خىسلەتلىرىمىزنى ئۇلار بىزنىڭ ئاخماقلىقىمىز، ئاجىزلىقىمىز شەكلىدە كورزۇر قىلدى. بىر نېمە دېسىڭىز « سەن نېمە دېمەكچى؟ ئۇ خالىس ئىش قىلىۋاتسا » دەيدۇ. بۇمۇ توغرا گەپ. ئەشۇ پۇل ئالماي خالىس پىداكارلىق قىلغىنى مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا تۈگىمەس بالا- قازا بولۇپ قالدى. تەقدىرىمىز كاساپەت بولۇپ يېزىلدى. مىللىتىمىزنىڭ دەۋاگەرلەرگە بېرىدىغان پۇلى بولمىغىنى ئۈچۈن، دەۋاگەرلەر دۈشمىنىمىزدىنمۇ بەكرەك خولىگەنلىشىپ كەتكەن ئىكەن. چۈنكى ئۇ « خالىس ئەمگەك قىلغان پىداكار » ئەمەسمۇ! مەيلى ئۇ ھېچ نەرسە قىلالمىسىمۇ، مەيلى ئۇ ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن مىللىتىمىزنى تاققا ئۇستۇرۇپ نابۇت قىلىۋەتسىمۇ، مەيلى ئۇ مىللىتىمىزنى سېتىپ خەجلىسىمۇ، مەيلى ئۇ يادرولۇق ئوق بېشىغا مىنىۋېلىپ پارچىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ _ ئۇ بەدەل تۆلىگەنمىش!

پالانى خاتا قىلدى دېسە، جاۋابى « سەن خائىن! » بولۇپ چىقىدۇ. چۈنكى « سەن نېمە قىلدىڭ » دېگەن سۇئال بار ئەمەسمۇ. نېمىلا بولمىسۇن بىر ئىش قىلىشى كېرەكمىش. خاتا بولسىمۇ بىر ئىش قىلغان كاساپەت « پىداكار » مىش.

بىز يېقىندىلا، مۇشۇ بىر قانچە ئاي ئىچىدە كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقتۇق. ھەممە يوقۇرقىدەك جاۋاپلارنى ئاڭلىدۇق. يەنە شۇنداق جاۋاپلارغا دۇچ كېلىمىز. ياكى بۇ يولدا مارىلاپ ياتقان « پىداكارلار(ناكەسلەر ) » نى تازىلاپ چىقىپ، يولنى داغ-داملاشتۇرىمىز. ياكى بىزمۇ مىللەت سۇيىتى بىلەن ئەشۇنداق ناكەس « پىداكارلار» دەك چىرايلىق تونغا ئورىنىۋېلىپ، مۆتىبەرلەرچە ماڭىمىز! ئالدىنقىسى مىللى ھەرىكەتنىڭ تەقەززاسى. كېيىنكىسى يوقىلىشنىڭ بىشارىتى .

## 27

ئۇ ئووۆزىنىڭ ئېغىر ئاياق ئىكەنلىكىگە قارىماي، كانتونغا يېتىپ كېلىپ، بۇرۇنقى شىرىكلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار جەمى يەتتە كىشى بىرلىكتە رەخت تىجارىتى قىلدى. تاپاۋەت كۈتكەندىنمۇ كۆپ بولماقتا. پۈتۈن ئارال بويىچە ئەڭ ئەرزان مال - تاۋارلارنى ئىزدەپ تاپاتتى. بۇ ماللارنى ئاۋالقىدەك ۋەتەنگە يۆتكىمەستىن، ئەشۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا باشقا تىجارەتچىلەرگە سېتىشاتتى. بۇنداق سودىدا ئىككى ھەسسە پايدا قالاتتى.

ئۇ كانتونغا كەلگىنىگە بەش - ئالتە ئاي بولىشىغا قارىماي، تىجارەت تېز روناق تاپقان ئىدى. رابىيەمنىڭ بويى ئېغىرلىشىپ، ئاي - كۈنى يېقىنلاشماقتا. ئۇ تۇغۇتى ئۈچۈن ۋەتەنگە قايتقىچە، ئىمكانىنىڭ بارىچە كۆپرەك تاپاۋەت قىلىشنى، تېخىمۇ كۆپ سەرمايىگە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ بۇ قېتىمقى تىجارەتتە قاق 900.000 يۈەن نەق پايدا تاپقان ئىدى. ھەتتا تامامەن قانۇنلۇق ھالدا 200.000 يۈەن باجمۇ تۆلىگەن. شۇڭا ئۇ خاتىرجەم ۋەتەنگە قايتىش نىيىتىدە يول تەييارلىقىنى ھازىرلاپ، يولدىشىغا تېلېفون قىلماقچى بولدى. لېكىن ئۇنىۋېرستېتنىڭ مۇلازىمەت ئورنىدىكى سېكرىتار ئايالنىڭ « سىدىق ھاجى روزى سىز بىلەن ئاجراشماقچى، ئۇ سىزدەك نورمالسىز ئايال بىلەن بىرگە ياشىيالمايدۇ، كىچىك بالىنى تاشلاپ قويۇپ، تىجارەت ئۈچۈن كەتكەن سىزدەك خوتۇننى .......» دېگەن گېپىنى ئاڭلىدى. بۇ سۆزلەر رابىيەمنى تامامەن ئالاقزادە قىلىۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېيىنكى نۆۋەتلىك ئايرىپىلانغا ئولتۇرۇپ، چېڭدۇدىن ئۈرۈمچىگە ئۇچماقچى بولدى. ئۇ پۇل - پۇچەكلىرىنى بالىلىرىغا سوغاتلىق ئۈچۈن ئالغان كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئارىسىغا قاچىلىدى. بۇنداق بۇرۇن مۇشۇنداق نەق پۇل ئېلىپ ماڭغۇچىلار ھېچقانداق خېيىم - خەتەرگە يولۇقمىغاچقا، ئۇ خاتىرجەم ھالدا چامادانىنى سۆرەپ ئايرىپورتقا كەلگەن ئىدى. بىراق ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭ مۇشۇنداق بىر تەۋەككۈلچىلىق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ساقچىلار، دەل ئۇ زالغا كىرىشىگە ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالدى. يىگىرمىگە يېقىن ساقچى ئۇنى توپ ئىچىگە ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى

رابىيەمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ساقچى كىملىكىنى كۆرسۈتۈپ، « سىز رابىيە قادىر بولامسىز؟ » دەپ سورىدى.

كىچىككىنە ئىشخانىدا ھەيۋەت بىلەن تەپتىش قىلىۋاتقان ئىككى نەپەر ساقچى باشلىقى چامادانىنى شىرە ئۈستىگە قويۇشتى. خۇددى بامبۇك ياغىچىدەك ياداق كەلگەن بىر خىتاي ساقچى بىر - بىرلەپ ئاختۇرماقتا ئىدى. ئەييا! ئەييا! دەپ توۋلىغىنىچە، _ قانچە پۇل بۇلار؟ - دەپ سورىدى ئۇ بىر قەدەمچە نېرىدا قاراپ تۇرغان رابىيەمدىن.

ئالدىنقى ئىككى قېتىملىق مۇسادىرىدە رابىيەم ئانچە ئۈپرىمىغان ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ پۈتۈنلەي ئەسەبىيلەشتى. بۇنداق بولىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدىغۇ!

ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئالەم چاق پەلەكتەك پىرقىرايتتى. ئۇ خۇدىنى يوقاتتى.

« ئۇ ساقچىنىڭ ئۈستىگە ئېتىلاتتى. بىرىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، يەنە بىرىنى ئۆلتۈرەتتى. ئۇلاردا ئازراق ئىنسانىي تۇيغۇ بولسا ئىدى، مۇنۇ تۇغۇلمىغان بوۋاق ئۈچۈن ئېلىۋالغان كىيىملەرنى مۇسادىرە قىلماس ئىدى!.»

ئۇنىڭ نېرۋىلىرى بىردە ئويغۇناتتى. ئۇ ھېچكىمنى ئۆلتۈرمىدى. ئۇ ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن بىر خىتاي ئەمەلدارىدىن سورىدى:

_ بۇ ئىشلارنى كىمنىڭ تاپشۇرىغى بىلەن قىلىۋاتىسىلەر؟.

_ بىز ھۆكۈمەت _ دېدى ئۇ جاۋابەن.

_ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىسىلەر؟ مەن ھەممە رەسمىيەتلەرنى تولۇق ئۆتىدىم، باجلارنى تولۇق تۆلىدىم، دوكۇمېنتلىرىممۇ تولۇق _ دېدى ئۇ، بۇ ۋەقەنىڭ تېگىگە يەتمەكچى بولۇپ.

_ بىز بەكمۇ ئۇزۇن سەبىر بىلەن كۈتتۇق، بىرەر ئۇيغۇرنىڭ مۇشۇنداق باي بولۇپ قېلىشىنى. بىراق ئۇيغۇرلار شۇنى ئۇنۇتماسلىقى كېرەككى، ئۇلارنىڭ باي بولىشى مۇمكىن ئەمەس، بۇ تۇپراقتىن مۇنچىلىك كۆپ پۇلنى كۆتىرىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، بىز بۈگۈنگىچە سىزدەك قابىلىيەتلىك بىر ئۇيغۇرنى كۆرمىگەن ئىدۇق، سىز پەقەتلا ئۆزىڭىزنىلا باي قىلماستىن، بەلكى نۇرغۇن ئۇيغۇرلارنىمۇ باي قىلدىڭىز _ دېدى ھېلىقى ساقچى باشلىقى كۈلۈپ تۇرۇپ. بۇ ئاخىرقى ھۆكۈم ئىدى.

رابىيەم ۋەتەنگە قايتىپ، ئىشىك ئالدىغا كەلگىنىدە بولسا، ئۆي ئۇنىڭ ئۈچۈن تاقالغان ئىدى. بىر خوشنا ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ، _ سىز بۇ ئۆيگە كىرەلمەيسىز، سىدىق سىزگە رۇخسەت قىلمايدۇ - دېدى. تومۇز ئايلىرى

بولىشىغا قارىماي رابىيەمىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى مۈزلاپ، سوغاقتىن جالاقلاپ تىترەيتتى!.

ئۇ قىزى ئەقىدەنى قويۇپ قويغان ھېلىقى تۇققانىنىڭ ئۆيىگە باردى. لېكىن ئۇ يەردىمۇ ئاجايىپ ئېغىر دەشنام يىدى. ھەتتا قىزىنىمۇ كۆرۈشتىن مەھرۇم ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئارانلا 50 يۈەن پۇل قالغان. ئۇ ھېچ يەرگە بارالمايتتى. ئاخىرى ( يامان كۈنلەردە ئەسقاتقان ) زۇنۇن قادىرنىڭكىگە باردى. بىراق ئۆزىنىڭ قىلىقلىرىنىڭ توغرا بولمىغانلىقى، بالىنى، ئائىلىنى تاشلاپ قويۇپ تىجارەت قىلىش توغرا ئىش ئەمەسلىگى ھەققىدە تەئەددى ئاڭلاپ قايتتى. بىرلا چارە _ يولدىشىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىۋېرسىتېتقا بېرىپ، تونۇش بىرىدىن يولدىشىنى سورىغان ئىدى، « ياق، سىز سىدىق ئەپەندىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلسىڭىز بولمايدۇ، ئۇ ھازىر خوتەندە، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشى بىلەن كەتكەن، ئۇ قايتىپ كەلگەندە، بىز ئۇنىڭغا بىر چىرايلىق قىز تاپىمىز » دېدى ھېلىقى ئادەم كەسكىن ھالدا. ئىشقىلىپ ھەممىلا كىشىنىڭ مۇئامىلىسى شۇنداق سوغاق ئىدى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرىگى قەپەستىكى قۇشتەك تىپىرلايتتى. ئۆزىنى ھەر ياققا ئۇراتتى!.

ئۇ دەرھال پوچتا ئىدارىسىگە چاپتى. ئۇ خوتەن مائارىپ ئىدارىسىگە تېلېفۇن قىلدى. ئۇ يەردىن ئېلىنغان خەۋەردە يولدىشى ھازىر خىزمەتتە ئىكەن، كېيىنكى كۈنى ئىدارىگە كېلىدىكەن. ئۇ دەرھال بىر سۆز قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ سىدىق ئەپەندىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكى، ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانلىقى، بالىنىڭ قەيەردە، قايسى ئۆيدە تۇغۇلىدىغانلىقى ۋە ئەتە سائەت 12 دە مۇشۇ پوچتىخانىدا يولدىشىنىڭ تېلېفۇن قىلىشىنى كۈتىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئېيتتى.

ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن سائەت ئوندىن بېرى تېلېفۇن كۈتمەكتە. ۋاقىت شۇنچىلىك ئاستا. ھەربىر تېلېفۇن جىرىڭلىسا، سىدىق!- دەپ ئورنىدىن چاچراپ قوپىدۇ. لېكىن تېخى ۋاقتى ئەمەس ئىدى. ئۇ چەكسىز ئىزتىراپ ئىلكىدە مىنۇت، سىكۇنتلارنى گويا ئايلاردەك، يىللاردەك ساناپ ئۆتكۈزەتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلايتتى، « بەلكىم بۈگۈن مېنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىم بېكىتىلىدۇ! ئەگەر ئۇ سائەت 12 دە تېلېفۇن قىلسىلا، مەيلى ئۇ قانداق يامان گەپ قىلمىسۇن، نېمىلا دېمىسۇن، تېلېفۇنلا قىلسا، دېمەك ئۇ مېنى

تاشلىمايدۇ. ئەگەر تېلىپۇن قىلمىسىچۇ! ـ مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلمىدىم! ئۇ ئالى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر ئىدىغۇ! ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېغىر زېدە قىلدىم!

ئاھ! خۇدا! مېنى سۆيگەنلىرىمدىن ئايرىما! ئەگەر سەنلا تاشلىمىساڭ، مەيلى پۈتۈن دۇنيا ئەھلى ماڭا ئارقىسىنى قىلسىمۇ مەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس! پەقەت سەنلا غالىپ! سەن مەن بىلەن بىرگە! »

ئۇ ئىچىدە دۇئا قىلاتتى. ۋاقىت مىنۇتلاپ يېقىنلاشماقتا ئىدى. سائەت دەل 12 بولدى. تېلىفون زىل چالدى. ئۇ سىدىقنىڭ ـ سۆيۈملۈك يولدىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ قورقاتتى! ئۇ تاغنى يۇدىۋالغاندەك ئېغىرچىلىق ئىلكىدە يولدىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

ـ ھەي! ھەي! گەپ قىلساڭچۇ!

ئۇ ئارانلا « مەن، مەن » دەيتتى تىترەك ئاۋازدا.

ـ ھەي! ساڭا زادى نېمە بولدى؟ مەن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىدىم، تۈزۈكرەك بىرنېمە دېسەڭچۇ! ـ دەپ ۋارقىرىدى يولدىشى. لېكىن ئۇ نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى بىلمەيتتى.

ـ مېنىڭ ساڭا لازىمىم يوق! ساڭا بالىلارمۇ كېرەك ئەمەس! بولدى ھازىر بۇ گەپلەرنى قويۇپ تۇرايلى، مەن ئۆتۈنۈپ قالاي سەندىن، پەقەت بىر ئېغىز بولسىمۇ گەپ قىل، سېنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىڭ زادى قانداق؟ مەن ئۈچۈن پەقەت شۇلا يېتەرلىك - دېدى يولدىشى زەردە بىلەن قايناپ.

ـ ئۇلار پۇللىرىمنى تارتىۋېلىشتى، يېنىمدا ئارانلا 50 يۈەن بار ئىدى، 20 يۈەننى خەجلەپ بولدۇم ـ دېگىنىچە ئاۋازىنى قويىۋېتىپ يىغلاپ كەتتى ئۇ.

ـ بولدى يىغلىما، سەن ئەشۇ تۇرغان يېرىڭدىن قوزغالما، ساڭا بىرىنى ئەۋەتىمەن - دېدى يولدىشى مۇلايىم ئاۋازدا.

شۇ تاپتا رابىيەم يولدىشىنىڭ قانچىلىك شەپقەتلىك، كەچۈرۈمچان بىر ئەر ئىكەنلىكىنى قايتا تونۇپ يەتمەكتە ئىدى. لېكىن يەنىلا ئۆزىنى ھەقلىق دەپ قارايتتى. چۈنكى ئۇ خاتا قىلمىغان ئىدى! چۈنكى ئۇ پۇل تاپسا ئەشۇ گۈزەل غايە ـ ۋەتەننى ئازات قىلىش ئۈچۈن تاپاتتى ئەمەسمۇ!

بىرەر سائەتتىن كېيىن بىر ئادەم ماشىنىلىق كېلىپ ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى. سىدىق ھاجى روزى خوتەنگە مېڭىشتىن بۇرۇن ئەقىدەنى غۇلجىدىكى سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغان ئىكەن. سىڭلىسىنىڭ ھەرقانچە نارازى بولىشىغا قارىماي، بالىنى تېزلىكتە ئۈرۈمچىگە ئەكەلتۈرۈپ

بەردى. سىدىق ھاجى روزىنىڭ ئىنىسى رابىيەم بىلەن ئەقىدەنى بىرلىكتە ئاتۇشقا ئېلىپ باردى.

يولدىشىنىڭ مەھەللىسىدىكى ھەربىر كىشى دېگۇدەك يامان كۆزدە قارىشاتتى. ھەتتا يولدىشىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىمۇ تەتۈر قارىشاتتى. پەقەت قېينئانىسىلا ئۇنى باغرىغا بېسىپ، باش ـ كۆزىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ بوپتۇ قىزىم، باشقىلار قانداق قارىسا قاراۋەرسۇن، سەن مېنىڭ كېلىنىم، كېلىنىملا ئەمەس، بىزنىڭ ئۆيىمىزگە كەلگەن قۇياشسەن! ئوغلۇم مەڭگۈ ئايرىلالمايدىغان، ئوغلۇم ئېھتىياجلىق ئايالسەن! سەن مەن ئارزۇ قىلغان ئايالسەن ـ دەيتتى كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ. ياشىنىپ قالغان بۇ ئانىنىڭ ئاخىرقى ئۇمىدى ئوغلى سىدىقنىڭ بالىسىنى بىر قېتىم كۆرىۋېلىش ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەقىدەنى باغرىغا باستى ۋە ئۇنى كۆتىرىپ ھويلىدا بىر قانچە قەدەم ماڭدى. ھايات ئاخىرقى قىرغاققا يېتىپ كەلگەن بولسا كېرەك. ئۇ يەرگە يىقىلدى. رابىيەم ئۇنىڭغا ئېتىلدى.

ــ مەن ئوغلۇم سىدىقنىڭ بالىسىنى كۆردۈم! مەن چەكسىز ھوزۇر ئىچىدە، مەن بەختلىكمەن ـ دېدى ئانا ۋە كۆز يۇمدى. بۇ سۆزلەر قېينئانىنىڭ ئاخىرقى سۆزى بولۇپ قالدى. بىراق ئەل ـ مەھەللە، ئۇرۇق ـ تۇققانلارنىڭ ئالدىدا رابىيەم بىر « شۇم پېشانە، سوغوق نەپەز، تاجىخانىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان بىر ئايىغى ياراشمىغان ئايال » بولۇپ قالدى. بۇ غەيۋەت ئۆيدىن ـ ئۆيگە ئوت بولۇپ تۇتاشقان ئىدى. ھەتتا يولدىشىنىڭ تۇققانلىرى ئۇنىڭغا ئارام ئالغۇدەك جايمۇ كۆرسۇتۇشمىدى. ئۇنىڭ ئاي ـ كۈنى بەكلا يېقىنلىشىپ قالغان. ئۇنىڭ بەللىرى ئاغرىپ، ئۆرە تۇرغىدەك ماغدۇرىمۇ قالمىغان ئىدى.

كېيىنكى كۈنى نامازغا توپلانغان كىشىلەر ماتەم يىغىسىنى نەزمە قىلىشقا باشلىدى:

بىر ناتونۇشنىڭ يۈرىگى،
بىر كەلگۈندىنىڭ قەدىمى،
مەلىمىزگە كېلىپلا،
بەختسىزلىك كەلتۈردى!
ئانام!ئانام! تاجىخان ئانام!

ناپاك ئايال پەيدا بولۇپ،

تاجىخاننى ئۆلتۈردى.
ئۇنى ئۆيدىن چىقارساق،
تاجىخان شاتلانغۇسى.
ئانام! ئانام! تاجىخان ئانام!

بۇ ماتەم يىغىسىنىڭ رابىيەمگە قارىتىلغۋاتقانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. شۇڭلارابىيەم ماتەم يىغىسىنى ئېلىپ، بارلىق كۆچى بىلەن ماتەمنى ئۆزى باشلىدى.

« بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تاجىخاننىڭ
نامىنى تىلغا ئېلىشقا ھەققى يوق!
چۈنكى تاجىخاننىڭ ئوغلى تۈرمىدىكى چاغلاردا،
تاجىخاننى قوينىغا ئېلىشمىغان كىشىلەر بۇ.
چۈنكى بۇ ئادەملەر تاجىخاننى ئارامىدا قويۇشمىغان
! شۇنىڭ بىلەن تاجىخان كېسەلگە گىرىپتار بولغان.
سىدىقنىڭ ئانىسى مېنىڭ ئانامدۇر! ئۇ ئاخىرقى نەپىسىنى مېنى كۆرۈشكە ئېلىپ قويغان. ئۇ مېنى كۈتكەن.
ئەي جېنىم ئانام! سەن قەيەرگە كەتتىڭ ئانام!
مېنى مۇشۇ يامان كىشىلەرگە تاشلاپ قويۇپ كەتتىڭمۇ ئانام!............»

ئۇ ئاۋازىنى بارچە قويىۋېتىپ، كۆڭلىدىكى بارلىق دەرت-ھەسرەتلىرىنىڭ بىرىنى قويماي تۆكىۋەتتى. ھەمدە بۇ ماتەم ئۇنىڭ (مەكتەپتىن ئايرىلغاندىن بۇيان ) تۇنجى قېتىم 300 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ئارىسىدا نۇتۇق سۆزلىشى بولۇپ قالدى. ئۇ ھەتتا پۇلنى نېمە ئۈچۈن تاپقانلىقى، كىم ئۈچۈن تاپىدىغانلىقى، كىم ئۈچۈن يوقاتقانلىقى ھەققىدىمۇ سۆزلەپ ئۆتتى.

ئاخشىمى كىشىلەر تارقىلىپ كېتىشكەندىن كېيىن رابىيەم يولدىشىغا گەپ قىلىش پۇرسىتى تاپقان ئىدى. ئۇ گەپنى مۇنداق باشلىدى:

ـ سەن مېنىڭ سەۋەبىمدىن كۆپ ئاۋارىچىلىككە يولۇقتۇڭ، سەن كۆرۈپ تۇرۇپسەن كىشىلەرنىڭ ئۇستۇمدىن نېمە دەۋاتقانلىقىنى. ئەگەر كەلگۈسىڭ ئۈچۈن ئايرىم مېڭىشنى خالىساڭ، ئۆز يولۇڭنى تاللىساڭ بولىدۇ. سەن گۈزەل بىر ئايال بىلەن ئوي تۇتۇپ، بەختىلىك ياشىساڭ بۇ سېنىڭ ھەققىڭ! مەن باللىرىمنى ئۆزەم بېقىشقا تەييار. سەن ھازىردىن باشلاپ ئۆز ھاياتىڭنى باشلاشقا ھەقلىقسەن .

يولدىشى كۆلۈمسىرىگەن ھالدا مۇنداق جاۋاپ بەردى:

_ مەن ساڭا قوشۇلۇشىم كېرەك. مەن سەن بىلەن بىرگە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدىم. يەنە چوڭ ئىشلار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. لېكىن سېنىڭ خارەكتىرىڭ شۇنداق يارىتىلغان ئىكەن. مەن ئۆزگەرتىشكە قادىر ئەمەس. بىرلا چىقىش يولى ئەشۇ پىتىم قوبۇل قىلىشىم كېرەك! مەن سېنى چۈشىنىشىم كېرەك!.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ رابىيەمنىڭ يۈرىگى شاتلىقتىن تىپىرلاپ كەتتى.

( شۇ ناملىق كىتاپ.187- 195. بەتلەر )

( قوشۇمچە )

بۇ قېتىمقى يوقىتىش رابىيە قادىرخانىمنىڭ خىتايغا بولغان كۆز - قارىشىنى، مىللىي مەۋقەئەسىنى، كۈرەش ئىرادىسىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق بەلگىلىگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ قۇچاقتىكى بالىسىنى، سۆيۈملۈك يولدىشىنى قويۇپ، قورسىغىدىكى بالىسىنى كۆتىرىپ، ئەشۇ جاپالىق سەپەرگە ئاتلانغان ئىدى. ئۇنىڭ بىرلا ئۇمىدى _ ئۇرۇمچىدە ئايدا يىگىرمە - ئوتتۇز مىڭ يۈەن تېپىپ، ئاخىرقى غايىگە يەتكىلى بولمايتتى ۋە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىسىدىكى تىجارەت ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، كۆزلىگەن ئىقتىسادىي مەبلەغنى ھەل قىلىۋېلىش ئىدى. بىراق ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇسىمۇ ئەشۇ خىتايلارنىڭ قولى بىلەن بەربات بولدى. بۇ قېتىمقى مۇسادىرىدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رابىيە قادىرخانىمغا نىسبەتەن ئېنىق پىرىنسىپى بارلىقىنىمۇ ئاشكارىلىدى. يەنى رابىيە قادىرخانىمنىڭ باي بولۇشىنى ھۆكۈمەت خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇ باي بولۇپ قالسا، باشقا ئۇيغۇرلارنىمۇ باي قىلىپ قويىدۇ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ باي بولۇشىنى خىتاي ھۆكۈمىتى خالىمايدۇ. دېمەك رابىيە قادىر خانىم خىتاي دۆلىتىنىڭ تۈپ سىياسىتىگە خىلاپ ھەرىكەت قىلغۇچى بىر خەتەرلىك شەخس خالاس. مانا بۇ ھۆكۈمىنى رابىيەم ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى ۋە ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

بۇ قېتىمقى مۇسادىرە رابىيەمنىڭ « رابىيە قادىر » بولۇشى ئۈچۈن مۇھىم بىر ئاساس سالغان سەرمايە بولۇپ قالغان ئىدى. بىز پەلسەپىۋى قائىدە بويىچە « زۇلۇم قانچە ئېغىر بولسا، قارشىلىق شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ » دېگەن ھۆكۈمنى ئاساسەن رابىيە قادىرخانىمدا كۆرمەكتىمىز. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىن باشلاپ كانتوندىكى ئاخىرقى مۇسادىرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە چۈشكەن بارلىق زۇلۇملارنى ئىنچىكىلەپ كۆرگىنىمىزدە،

ئۈنىڭ ھەربىر زۇلۇم    ئۈستىدىن يېڭىپ چىقىپ، ئەڭ كۈچلۈك قارشىلىق بىلەن ئالغا    ئىلگىرلەۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇ ئۆزى ئېيتقىنىدەك، نۇرغۇن تىجارەتچىلەر ياكى خىتاي ساقچىلىرىنىڭ تاياق زەربىسىدىن ئەقلىدىن ئېزىپ ساراڭ بولۇپ كەتتى ياكى زىيانىنى قوبۇل قىلالماي ئەقلىدىن ئېزىپ روھى كېسەل بولۇپ تۈگەشتى. بىراق رابىيە قادىر پەقەت ئاخىرقى قېتىم بىر قانچە مىنۇتلا ئەسەبىيلەشتى. ئەمما ئۇ پۇلنى ئۆزى ئۈچۈن تاپمىغانلىقى ، مىللىتىنى ئازات قىلىش يولىدا تاپقانلىقى ۋە ئىزدەنگەنلىگى ئۈچۈن ئۇ يەنىلا قەد كۆتىرىپ، غالىپ بىر روھ بىلەن يولىنى داۋام قىلدى. ئەمما « زۇلۇم قانچە ئېغىر بولسا، قارشىلىق شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ » دېگەن بۇ ھۆكۈم ھەر قانداق بىر ئۈيغۇرغا تەتبىقلاش مۇمكىن بولمىغان بىر ھەقىقەتتۇر. بۇنى تارىخىمىزدىن كۆرۈشكە نۇرغۇن ۋە ساناقسىز پاكىتلار مەۋجۇت.

ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك:

« ئۇنى پەقەت بىر ئاللاھ توختىتالايدۇ! 1.3 مىليارت خىتاي توخ- تىتالمىغاندەك، بىزمۇ ئۇنى زىرىكتۈرۈپ، ئۇنى بۇ دەۋادىن ۋاز كەچتۈرەلمەيمىز! » شۇڭا بىز ئۇنى پەقەتلا قوللىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشىمىز كېرەك .

## ئۈچىنچى بۆلۈم

# پۇل ھەممە نەرسە ئەمەس، لېكىن كۆپ ئىشلار پۇلغا قاراشلىق

## 28

رابىيە خانىم ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئىلگىرىكى ( كۆك بايراق رەڭ- گىدىكى ) دۇكىنىنى قايتا ئاچتى. ئۇ يېڭى تىجارىتىنى باشلاپ 13 كۈن ئىچىدىلا 2000 يۈەن نەق پايدا ئالدى. ئۇ ( 1 ـ ئاۋغۇست 1983 ـ يىلى ) ئوغلى مۇستاپا تۇغۇلغاندىن كېيىن، قىسقىلا دەم ئېلىۋېلىپ، ۋەتەندە تىجارەت ئورنىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن كىشىلەر ئارىسىدا ئىككى خىل نام يامرىغان ئىدى ــ بىرى يامان ئاتاق، يەنە بىرى ياخشى نام. يامان ئاتاق بولسا « ئېرىنى، بالىلىرىنى، ئۆيىنى تاشلاپ قويۇپ، تىجارەتكە بېرىلىپ كەتكەن ئايال ». ياخشى نامى بولسا « جاھانگىر ــ يەنى تىجارەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشكەن، غالىپ، قورقماس ئايال ». بۇ نام بىلەن كىشىلەر ئۇنى چىڭگىزخاندەك باتۇر دېمەكچى ئىدى.

رابىيە خانىم تىجارەتتە غەلىبە قازىنىپ، نام ـ شۆھرەت تىكلىگەنگە قەدەر «ئۇيغۇر ئاياللىرى ئوچاق بېشى بىلەن، بالىغا مەسئۇل » ئىدى. ئۇلار تىجارەت ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايتتى. رابىيە خانىم تىجارەتتە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆز ئۆزىگە ئىشىنىشكە باشلىدى. ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ ئۆز ئالدىغا ئىش قىلالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. بۇ رابىيە خانىمنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە چوڭ بىر ئىسلاھات ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ قالدى.

بازار رىقابىتى بارغانچە كۈچەيمەكتە. بۇ سەۋەپتىن رابىيە خانىم خېرىدارلارنى ئىمكان بارىچە جەلىپ قىلىشقا تىرىشاتتى. ئۇ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا « پارچە ھەم توپ سېتىلىدۇ » دەپ ئېلان ئاستى. بۇ بىر رىقابەت چارىسى ئىدى. يەنە ئۇ مال ـ تاۋارلارنىڭ نەرقىنى تۆۋەن باھادا سېتىشقىمۇ مەجبۇر ئىدى. ئۇ تىجارەتنى يېڭى باشلىغان كۈنلىرىدە، كۈنىگە بىر قانچە ئاياق، بىرەر دانە كۆينەك سېتىلسىمۇ مەمنۇن بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ دۇكىنىدا يۈزلىگەن توپ رەخت، يۈز خىلدىن ئارتۇق ئاياق نۇسخىلىرى تىزىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تىجارەتتىكى داڭقى پۈتۈن ۋەتەنگە پۇر كەتكەن ئىدى. شۇڭا تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن تىجارەتچىلەر ئۇنىڭ دۇكىنىدىن توپ مال ئېلىشقا باشلىدى. رابىيە خانىمنىڭ ماللىرىنىڭ سۈپىتى ياخشى، باھاسى ئەرزان بولىشى سەۋەپلىك، ئۇنىڭ تىجارىتى تېز ئابروت بولاتتى. ئۇنىڭ شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق يارىدەمچىسى (ۋاكالەتچىسى) ئۇ بەرگەن توختامغا بىنائەن،

يېڭى ماللارنى يوللاپ بېرەتتى. بۇنداق يېڭى مال تۈرى ئارىسىدا كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان، ئايالچە نۇقۇت رەڭلىك « چار چاپان » مۇ بارىدى. بۇ چاپاننىڭ رەختى ئەرزان، سۈپىتى بەك ياخشى، قارا - ئاق ئۈچ بۇلۇڭلۇق نۇقۇت دانچىلىرى شەكلىدە، توقۇلمىسى يوقۇرى سۈپەتلىك بولۇپ، بۇ چاپان ھەر قانداق دېھقان ئاياللارنىمۇ « سودىگەر ئايال » قىياپىتىگە كىرگۈزەتتى. رابىيە خانىم بۇ چاپاندىن دەسلەپتە، شاڭخەيدىكى ئىشچىسىغا ھاۋالە قىلىپ، 40 دانە زاكاس قىلدۇردى. چاپان يېتىپ كەلگۈچە تىككۈچى ئاياللارغا بۇيرۇتۇپ، چاپانغا ماس كېلىدىغان پاسونىدا قارا يوپكا تىكتۇردى. چاپان كەلگەندىن كېيىن، پىلات - يوپكا شەكلىدە تەييارلاپ، ئالدى بىلەن نوپۇزلۇق، ئالى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى خانىملارغا، كادىر ئاياللارغا، ئۇرۇمچى، قەشقەر، ئاتۇش، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەردىكى نوپۇزلۇق ئەرباپلارنىڭ ئاياللىرىغا سوغات يوللىدى.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ شۇنداق بىر ئالاھىدىلىكى باركى، ئەگەر مەلۇم بىر تەۋەلىكتە بىرقانچە نەپەر ئايال ئوخشاش بىر نۇسخىدا كېيىنگەن بولسا، كىيىم ئۇلارغا ياراشقانلا بولسا، قالغان بارلىق ئاياللارمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ كېيىنىش ئادىتى بار. ئۇلار ئوخشاش كېيىنىش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىشىدۇ.

كېيىنكى سەپەردە رابىيە خانىم مال يوللاپ بەرگۈچىگە ئەشۇ چاپاندىن 2000 دانە ئەۋەتىشنى بۇيرىدى. چاپان كەلگەندىن كېيىن شۇنداق بازار تاپتىكى، ۋەتەننىڭ ھەممە ياقلىرىدىن كەلگەن تىجارەتچىلەر رابىيە خانىمنىڭ دۇكىنىدىن بەس - بەستە توپ ئېلىشاتتى. ئالدىن زاكالەت پۇلى ئورنىدا يېرىم باھا تاپشۇرسىلا تارتىشىپ ئولتۇرماي مالنى بېرەتتى. قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە 100.000 دانە چاپاننى قولدىن ئۆتكۈزۈپ بولدى. (1983 - يىلى پۈتۈن ۋەتەن مىقياسىدا « نۇقۇت رەڭلىك چاپان » مودا بولغان ئىدى) چاپاننى قەيەردىن، قايسى زاۋۇتتىن ئالىدىغانلىقىنى ھەرقانچە مەخپى تۇتسىمۇ، مۇشۇ نۇسخىدىكى چاپاننى ئىزدەپ يۈرگەن يۈزلەرچە سودىگەر بولغىنى ئۈچۈن، رىقابەتچى ئوتتۇرىغا چىقتى ــ رابىيە خانىمنىڭ قارشىسىدىكى دۇكاندار ئايال مۇشۇ چاپاننىڭ ئۆز ئەينىنى دۇكىنىغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن رابىيە خانىم قولىدىكى 1000 دانىگە يېقىن چاپاننى ئېلىشىغا ساتتىندە - چاپان تىجارىتىگە رايى قالمىدى.

ئۇ كېيىنكى تىجارەتنى كىيىملىك رەخت توقۇتۇشقا يۆتكىدى. يىپەك،

سۇنئى رەختلەرنى، گىرىپ سېتىن، مەخمەل گىرىپ، شايە گىرىپ قاتارلىق رەختلەرنى تۈرلۈك رەڭلەردە، تۈرلۈك جەلپ قىلارلىق گۈل، چېچەكلىك نۇسخىلاردا توقۇتۇپ بازارغا سالدى. ئۇ بۇ قېتىمقى رەخت تىجارىتىگە بارلىق دەسمايىسىنى بىراقلا سالغان ئىدى. چۈنكى بىرىنچى قېتىمدىلا ئىشنى چوڭ قىلمىغاندا، باشقا تىجارەتچىلەر يەنە ئۇنىڭ ئىزىدىن بېسىپ ماڭىدىغان گەپ. شۇنداق قىلىپ رابىيە خانىمنىڭ گەز ماللىرىنىمۇ شەھەر، شەھەرلەردىن كەلگەن سودىگەرلەر ماشىنىلىرىغا ھاۋا پەلەك بېسىپ يۆتكەشەتتى. ئۇ بۇ تىجارەتنى ئاساسەن بىرلا قېتىملىق نىيەت بىلەن قىلماقتا ئىدى. شۇ پەيتلەردە ئىچكىرىدىن نۇرغۇن خىتاي سودىگەرلىرى ئۈرۈمچىگە كېلىشتى. ئۇلار ئۈرۈمچىگە تۈمەن تۈرلۈك ماللارنى ئېلىپ كېلىشىپ، توپ تارقىتىش بازىرى ئاچتى. خىتاي سودىگەرلىرى كۈچلۈك ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ھۆكۈمەت بار. ئۇيغۇرلار بولسا ئۇلارغا رىقابەت قىلالمايتتى. ئۇيغۇرلار بازارنى ئىدارە قىلىش، تىجارەتنى قول ئاستىدا تۇتۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم! بۇنداق بىر ۋەزىيەت رابىيە خانىم ئۈچۈن بەكمۇ كۆڭۈلسىز ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىجارى يولىنى ئۆزگەرتىپ، « ئۆي - مۈلۈك شىركىتى » ئېچىش قارارىغا كەلدى.

رابىيە خانىمنىڭ ئالتە ياشلىق قىزى ئەقىدە بىر كۈنى ئاھ - پەريات ئۇرغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ بوينىغا مەھكەم گىرە سېلىپ، بېشىنى ئاپىسىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

_ نېمە گەپ قىزىم، ساڭا نېمە بولدى؟ _ دەپ سورىدى رابىيە خانىم ئۇنىڭدىن.

_ ساۋاقدىشىم خانزۆھرەنىڭ ئاپىسى نان يېقىۋېتىپ تونۇرغا چۈشۈپ كېتىپتۇدەك. ئەقىدە ھېقىقداپ يىغلايتتى. رابىيە خانىمنىڭ كۆز ئالدىدا ئالىلىبۇرۇن ئۇنىڭ ئۆلۈمى كۆرۈلمەكتە. بىر ئاندىلا ئۈچ بالا ئاتا - ئانىسىز يېتىم قالغان ئىدى. بالىلارنىڭ دادىسى مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ زەربىسى سەۋەبلىك ۋاپات بولغان.

ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار رابىيە خانىمدىن بۇ ئەھۋالغا ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنمەكتە. خانزۆھرە يەتتە ياشتا، ئوتتۇرانچى ئاكىسى _ تاھىر ئون ياشتا، چوڭ ئاكىسى _ تۇردىجان ئون ئىككى ياشتا، ئۇلار كوچاردىن ئۈرۈمچىگە

كۆچۈپ كەلگەن بولۇپ، تۆل ئانا ئۈچ بالىسى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى كۆچمەنلەر مەھەللىسىگە يەرلەشكەن . بۇ كۆچمەنلەر مەھەللىسىدە ئاۋال كەلگەن تۇڭگانلار، كېيىن كەلگەن خىتايلار ئاساسلىق ئاھالە بولۇپ ھېساپلىناتتى. تاھىر بىر قېتىملىق ھادىسىدە بېشى ئېغىر زەخمىلىنىپ، ئەقلى جەھەتتىن ئۆمۈرلۈك زەخمىگە ئۇچرىغان ئىدى ھەم سۆزلىيەلمەيتتى.

بۇ ئەھۋال ئاستىدا رابىيە خانىم بالىلارنى ئۆز يېنىغا ئەكىلىۋېلىشقا، ئۇلارغا ئاندارچىلىق قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بىراق تۇردىجان ئۇلارنىڭكىدە تۇرۇشقا ئۇنىمىدى. ئۇ كېيىنكى كۈنى ئۇن - تىنسىز ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. رابىيە خانىم ئۇنى تۇڭگانلارنىڭ تۇمانلىق تۆمۈر قورغىنىدىن ئىزدىدى. تۇردىجان شۇنچىلىك چىرايلىق بالىكى، ئۇنىڭ بۇرنى قىڭراقتەك ئېقىپ چۈشكەن، تۇمارچە ئەگىم لەۋلىرى، تۇم قاراچاچلىق، ئاپئاق ئۆڭلۈك. ئەمما ئۇنىڭ ۋۇجۇدى قورقۇنچ بىلەن تولغان ئىدى. تۇڭگانلار ئەشۇنداق ئاتىسىز قالغان ئائىلىلەردىن ئۆز قۇربانلىرىنى تاللايتتى. ئۇلار كىچىك بالىلارغا ئوغرۇلۇق قىلىشنى، خېروئىن سېتىشنى ئۆگىتەتتى. رابىيە خانىم ئۇنى شەھەرنىڭ بۇ رەزىل جايىدىن ئېلىپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن ئۇ بۇ يەردىن ئايرىلىشنى قەتئىي رەت قىلاتتى. رابىيە خانىم ئۇنىڭغا « بىرگە كېتەيلىچۇ » دەپ يالۋۇرغان ئىدى، ئۇ كۆز-يېشىنى تۆكۈپ تۇرۇپ:

_ ئەگەر مەن سىز بىلەن بىرگە كەتسەم، تۇڭگانلار ئۇكامنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ، ئۇلار ئۇكامغىمۇ خېروئىن ساتقۇزماقچى، ھەم خانزۇھەرەنىمۇ ئەكىلىۋالماقچى - دېدى. ئۇ كۆينىگىنى ئۇستۇنگە قايرىپ، ئەتسىز بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان دۈمبىسىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ دۈمبىسى تاياق زەربىسىدىن كۆكىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ قوۋۇرغىلىرى سانىلىپ تۇراتتى. ئۇ تەكرارلايتتى، « ئەگەر مەن مۇشۇ يەردە قالسام، ئۇكام تاھىر بىخەتەر بولالايدۇ، ئۇلار ماڭا ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن تاماق بېرىدۇ ھەم مۇشۇنداق تاياقمۇ يەيمەن، ھەمدە ئۇلارنىڭ تىجارىتىنىمۇ قىلىمەن » - ئۇ زار - زار يىغلايتتى. ئۇنىڭ نالىسى كىشىنىڭ يۈرىگىنى پارە - پارە قىلاتتى. ئۇ رابىيە خانىمنىڭ ئايىقىغا ئۆزىنى تاشلاپلا، « مېنىڭ پىشانەمگە سىزدىن باشقا ھېچكىم سۆيۈپ باقمىغان، سىزلا مېھرىبانلىق كۆرسەتتىڭىز! » دەيتتى ، رابىيە خانىمنىڭ ئاندارچىلىق قىلىۋاتقان مېھرىدىن مىننەتدار بولۇپ.

ئۇ تۇڭگانلار تاماكا چوغىنى يېقىپ، ئازاپلىق ئىز قالدۇرغان پاقالچەكلىرىنى ئېچىپ رابىيە خانىمغا كۆرسەتتى.

_ قاچان شۇنداق قىلدى؟.
_ ئاپام ھايات چاغلاردا.
_ ئاپاڭنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى بارمىدى؟.
_ ياق.
_ ئۇ چاغلاردا ھەر كۈنى ئۆيگە باراتتىڭمۇ؟.
_ ياق، ھەپتىدە بىر قېتىم ئاپامنى كۆرگىلى رۇخسەت قىلىشاتتى.مەن ئاپامغا تۇڭگانلارنىڭ سالغان زۇلۇملىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئېيتمايتتىم.

تۇردىجاننىڭ ئېيتىشىچە، مەرھۇم ئانا ئۆز ئوغلىغا بىر كىملەرنىڭ ئىسكەنجە قىلىۋاتقانلىقىدىن ھەرھالدا خەۋەردار بولغان. شۇڭا ئۇ بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا تونۇرغا چۈشۈپ كەتكەن.

تونۇرغا بېشىچىلاپ چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ھايات قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. جەزمەنكى بۇ ئايال ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ يىتىم قالغان ئۈچ بالىسىغا تۇڭگانلار ئېگە بولماقچى.... بۇ ئىشنىڭ ئارقىسىدا  قولى ئۇزۇن، قولئىلكىدە بار بىرىنىڭ _ بىر كۆلەڭگۈنىڭ بارلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا رابىيە خانىم دەرھال ساقچىخانىغا بېرىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشنى ئېيتتى. بىراق تۇردىجان قورقۇنچ ئىچىدە ۋارقىرايتتى:

_ ياق بولمايدۇ، ئۇنداق قىلساق ئۇلار مېنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ! ساقچىلارمۇ ئۇلارنىڭ ئادەملىرى، مەن ھەر ئاخشىمى ساقچىلارنىڭ ئەشۇ تۇڭگانلار بىلەن بىرگە ھاراق ئىچىشكەنلىگىنى كۆرىمەن.

_ مەن ئۇلاردىن قورقمايمەن، بىرىنىلا ئەمەس، ھەممىسىنى يوقىتالايمەن _ دەيتتى رابىيە خانىم تۇردىجانغا مەدەت بېرىپ. لېكىن ئۇ رابىيە خانىمنىڭ ئايىقىغا ئۆزىنى تاشلاپ تۇرۇپ ئۇنداق قىلماسلىقنى ئۆتۈنەتتى. ئۇدا ئۈچ كۈن ئۇنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ بۇ يەردىن ئايرىلىشقا كۆنمىدى.

ئارىدىن ئۈچ ئايچە ئۆتكەندىن كېيىن، تۇردىجان غايىپ بولدى. رابىيە خانىم ئۇنى كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدەتتى. ئۆزى تۇڭگانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئىز - دېرىگىنى قىلىۋىدى، تۇڭگانلار « بىزگە قارا چاپلاۋاتىسىز، ئۇ بالىنى بىز ئۇزۇندىن بېرى كۆرمىدۇق » دېيىشتى. ھەتتا رابىيە خانىم ئۇنى ئىزدەش ئۈچۈن ساقچىلارغىمۇ بىلدۈردى.

تاھىر بىلەن خانزۆھرە بۇ ئائىلىدە تۇرىۋاتاتتى. لېكىن تاھىر پەقەت رابىيە خانىمغىلا يېقىنلىق قىلاتتى. رابىيە خانىم سىرتقا چىقىپ كەتكەن چاغلاردا

بولسا، ئۆيىنى بېشىغا كېيىپ، سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنىڭ كىتاپ، كېچەكلىرىنى چېچىپ، خامان قىلىۋېتەتتى. ئۇنى كۆرسە ئۆيدە قىيغىتىپ، تۇتۇق بەرمەيتتى. ئۇ سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنى ئىنتايىن ئېغىر بىئارام قىلماقتا ئىدى. شۇڭا رابىيە خانىم ئۇنى ئۆز بالىسىدىنمۇ بەكرەك سۆيۈشكە قارىماي، ئامالسىزلىقتىن يېتىمخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرەتتى. خانزۆھرە بىلەن بىرگە ھەپتە ئارىلاپ يېتىمخانىغا بېرىپ، تاھىرنى كۆرۈپ كېلىشەتتى.

( شۇ ناملىق كىتاپ 197- 204 بەتلەر)

( قوشۇمچە )

رابىيە خانىمنىڭ تىجارەتتە شۇنداق ماھىر ئىكەنلىكى ئەينى ۋاقىتتا كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغان ئىدى. ئۇ تىجارەت قەدىمىنى « قاراڭغۇ بازارچى » دەۋرىدىن باشلىغان بولۇپ، خىتاي دۆلەت تۈزۈمىدە ئۆزگىرىش بولغانغا قەدەر، ھايات - ماماتلىق خەتەرگە ئۆزىنى ئۇرۇپ ھەرىكەت قىلدى. ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدە قىلغان تىجارەتلىرىدە گەرچە پۈتۈنلەي مۇسادىرە قىلىنىش ئارقىلىق زىيان تارتقان بولسىمۇ، تىجارەت تاكتىكىسىنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ، ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدە، ھەتتا خىتاي دۆلىتى بويىچىمۇ تىجارەتتە ئۆلگە ياراتتى. ئۇنىڭ تىجارەت ئۇسلۇبىنى بەلگىلىشىدە بازار ئېھتىياجىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى رىقابەت تەسىرىگە ۋە ۋاقىت قىممىتىگە قاراپ تەدبىر قوللىنىشى، ئۇنىڭ تىجارەتتە ئۇسلۇپ يارىتىش ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتەتتى.

ئەشۇنداق توختامغا ۋاپا قىلمايدىغان، تىجارەت قانۇنى كۈچكە ئىگە ئەمەس، مۇلۇكدارلارنىڭ ھالى خەتەرلىك بىر دۆلەتتە ئۇنىڭ دۆلەتكە بېقىنماي، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قەد كۆتۈرۈپ تىكلىنىشى ئۇنىڭ يېڭىلمەس روھقا ئېگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايتتى.

ئۇ بۈگۈن ( بەزەن ناكەس ئۇيغۇرلارنىڭ مەنسىتمىگىنى بىلەن) دۇنيانىڭ خوجايىنلىرىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرماقتا! تەكرارلاپ ئېيتىشقا ئەرزىيدۇكى، ئەقىللىق غەرپ ئەللىرى كىشىلىك قىممەتنى تونۇيدۇ. كىمنىڭ كىم بولۇپ پۈتكەنلىگىنى بىلىدۇ. بۇ يەردە ئامېرىكا كونگىرىسى ئەزاسى، ساناتور كرىستوفېر سىمىت ئەپەندىنىڭ رابىيە خانىمغا بەرگەن باھاسىنى مىسال

قىلىپ كۆرەيلى:

« بۈگۈن مەن ئۆلۈغ بىر خانىمنىڭ پەۋقۇلئاددە جاسارىتىنى ئېتىراپ قىلغان قارارنامىنى قوللايدىغانلىقىمنى بىلدۈرمەكچىمەن. مەلۇم خەلقنىڭ تەقدىرىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىلىرىدا شۇنداق بىر ئەر ياكى ئايال تۇيۇقسىز ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز خەلقىنىڭ ئازاپلىرىنى يەڭگىللىتىدۇ ۋە ئۇلارنى تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ.

قەدىمقى مىسىردا بۇ ئادەم مۇسا پەيغەمبەر بولدى. مۇستەملىكىدىكى ئامېرىكىدا بۇ ئادەم گېئورگ ۋاشىنگتون بولدى. پولشادا بۇ ئادەم ئىككىنچى جون پائۇل بولدى. تىبەتتە بۇ ئادەم دالاي لاما بولىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇ ئادەم رابىيە قادىردۇر........»

كونگرېستىكى داڭلىق ئەرباپلار « ئەبگاھ ئۇيغۇرلار » ياراتمايۋاتقان رابىيە خانىمغا ئەنە شۇنداق باھا بېرىپ، دۇنياغا جاكارلىدى. يوقۇرقى سۆزنى رابىيە خانىم بۇندىن ئىككى يىل ئاۋال گېرمانىيەدە بىزلەرگە ئېيتقان ئىدى:

« بالىلىرىم ماڭا ئىشىنىڭلار! ماڭا مەدەتتە بولۇڭلار! مېنى قوللاڭلار! مەن ئەسلىدە ھېچكىم ئەمەس، ئەمما ياراتقان ئاللاھ بۈگۈن مېنى تاللاپتۇ. < ئۇيغۇرنىڭ دەردىنى دۇنياغا ئاڭلاتسۇن، ئۇيغۇرنى ئازات قىلسۇن> دەپ، مېنى يېتىشتۈرۈپتۇ. خۇددى ھەزرىتى مۇسانى پىرئەۋننىڭ قويىندا يېتىشتۈرۈپ، ئاخىرى پىرئەۋنگە قارشى غالىپ قىلغان ئاللاھ، مېنىمۇ ئالدىدا خىتاينىڭ يوقۇرى ئورۇنلىرىغا ئۇلاشتۇرۇپ، ئاندىن ئەشۇ خىتاينىڭ ئۆز قولى بىلەن زىندانلارغا سولىتىپ، بۈگۈن ئەركىن دۇنيادا ئۇيغۇرنىڭ دەۋاسىنى سۆزلەشكە يول بېرىپتۇ. بۇ خۇدانىڭ ئۇيغۇرغا بەرگەن ئۇلۇغ نېمىتى. مەن ئاللاھقا چەكسىز ئىشىنىمەن! ئۇ بىزگە ياردەم بېرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلدى. لېكىن ئۆزىمىز چىڭ تۇرمىساق بولمايدۇ! ئاجىز مۇسا كىچىك پىرئەۋننىڭ ئۇستىدىن غەلبە قىلغاندەك، ئاجىز ئۇيغۇرمۇ ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن كۈچلۈك خىتايغا قارشى غەلبە قىلىدىغان ۋاقىت كەلدى! ۋەتىنىمىزنىڭ مۇشۇ يېقىندىلا ئازات بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل......»

دېمەك ئۇ ئۆزىنىڭ كىم بولغانلىقىنى ئالدى بىلەن ئۆزى بايقاپ بولغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كىم بولغانلىقىنى ئۆز خەلقىگە ئاڭلىتالمايۋاتقان پەيتتە،

دۇنيانىڭ ئۆگزىسىدىكىلەر پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىماقتا. ئەمدى بىزگە تاللاش پەيتى يېتىپ كەلدى.« ياكى كۆرەش يولى » نى، ياكى« توسقۇنلۇق » نى.

رابىيە قادىر دەۋرى، ئۇيغۇر ئىنقىلاۋى دەۋرىنى بۆلگەن ئۇلۇغ جەڭگىۋار دەۋردۇر. بۇندىن بۇرۇنقى بارلىق ( ۋەتەن - مىللەتنىڭ ئازاتلىقى يولىدا ) توغرا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتلەر ئۆتكۈنچى تارىختا ئائىت ھەرىكەتلەردۇر. ئۇ ھەرىكەتلەر بۈگۈنكى رابىيە قادىر دەۋرى ئۈچۈن ئۇل سالغان، باشلانغۇچ قەدەم ھەرىكەتلىرىدۇر.

ئۇيغۇر ھەرىكىتىنىڭ شانلىق بايرىقى بۈگۈن رابىيە قادىرخانىمنىڭ قولىغا ئۆتكەن ئىكەن، تومۇرىدا ئۇيغۇر قېنى مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ھەربىر ئۇيغۇر بۇ بايراقنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ، مۇستەقىللىق ھەرىكىتى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپىسىنى قوشىشى كېرەككى، توسقۇنلۇق پەيدا قىلىشقا، رابىيە قادىرخانىمنى يىتىم قويۇش ئۈچۈن، يامان نىيەتلىك ئادەملەر بىلەن تىل بېرىكتۈرۈپ، مىللەتنى قايمۇقتۇرۇشقا يول قويۇلمايدۇ. بۇندىن بۇرۇن تەييارلىقسىز پەيتىمىزدە ياكى ئىشەنچ قىلىۋاتقان سەمىمى پەيتتە، تۇزاق قويۇشقا تىرىشقانلار، رابىيە قادىرخانىمنى دەۋادىن ۋاز كەچتۈرۈشكە ئورۇنۇپ، مىللەتنى ئالاقزادە قىلغانلار بولغان ئىدى. ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرىنى بىلىۋېلىشسۇن! ئۇيغۇر ھەرىكىتى رىقابەتنى قوبۇل قىلالمايدۇ! بۇ ھەرىكەتنىڭ رىقابەتلەشكۈدەك دەرمانى يوق. ئىچكى ئاجىزلىقنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە مۇخالىپەتچىلىك قىلىشقا ئورۇنغانلار، ئەلۋەتتە مىللىتىمىزنىڭ دۇشمەنلىرىدىندۇر.

ئۇيغۇر ھەرىكىتى ئىنكار قىلىدىغانلارغا ئىنكار قىلىدىغان، ئىسپات- لايدىغانلارنى ئىسپاتلايدىغان، كەسكىن پەيتكە يېتىپ كەلدى. ئەمدى ھەممىگە تەڭ مۇئامىلە قىلالمايدىغانلىقىمىزنى ئۈچۈق - ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويىشىمىز كېرەك. بۇ ئىنقىلاپنىڭ تەقەززاسى! رابىيە قادىر دەۋرىنىڭ تەقەززاسى.

29

« ئۆي - مۈلۈك شىركىتى » ئېچىشقا بۇندىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار جۇرئەت قىلىپ باقمىغان بىر تىجارەت تۈرى ئىدى. رابىيە خانىم تۇنجى بولۇپ سىناق قىلىپ كۆرمەكچى بولدى. ئۇرۇمچى شەھىرىدىكى بازار كوچىلىرىنىڭ بىرىدە، بىر مەسجىدنى قايتا كېڭەيتىپ سالغان بولۇپ، قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا،

بىگىتوەنلىك خىتايلارغا 300.000 يۈەن قەرز بولۇپ قالغان ئىكەن. ئۇلار ئىقتىسادتا قاتتىق قىيىنچىلىق تارتقانلىقى ئۈچۈن، مەسجىدنىڭ يەر قەۋىتىنى بىگىتوەنلىك خىتايلارغا بەرمەكچى بولىۋاتقانلىق ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان رابىيە خانىم « ئۆي - مۈلۈك شىركىتى » تىجارىتىنى مۇشۇ يەردىن باشلاش قارارىغا كەلدى.

مەسجىدنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشىلەر، تىجارەتچىلەر ۋە دىنىي زاتلار بولۇپ 60 قا يېقىن كىشى رابىيە خانىم بىلەن سۆھبەتكە ئولتۇرۇشتى. ئۇلار رابىيە خانىمنىڭ ئاق نىيەتلىگىدىن، جۈرئەت - جاسارىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئېغىزمۇ - ئېغىز ئۇنى ماختىشاتتى ۋە بەزەنلىرى ئۇنى ھاۋا ئانىغا ئوخشاتسا، بەزەنلىرى مەريەم ئانىغا ئوخشىتىپ مەدھىيەلەيتتى. چۈنكى رابىيە خانىم دەسلەپكى سۆزىدىلا « سىلەر بۇ مۇقەددەس جاينى نېمىشكە بىگىتوەنلىك خىتايلارغا بەرمەكچى بولدۇڭلار؟ ئۇلارغا بەرگىچە ماڭا بەرسەڭلار ئەلۋەتتە ساۋابى بولمامدۇ » دەپ، ئۇلارنى ھاياجانغا سالدى ۋە مەسجىدنىڭ بىگىتوەنلىك خىتايلارغا بولغان قەرزىنى دەرھال تۆلىمەكچى بولدى.

توختام پۈتتى. رابىيە خانىم مەسجىدنىڭ ئىككى قەۋىتىنى بىر مىليون يۈەنگە ئون يىللىق ئىجارىگە ئالدى. بۇ پۇلنى ئون يىل ئىچىدە يىلغا بۆلۈپ تاپشۇرۇشقىمۇ كېلىشتى. يەر كۆلىمى ئىككى مىڭ كۇۋادرات مېتىر بولۇپ، 150 ئېغىزلىق كىچىك دۇكان سېلىندى. بۇ ئىش ئۈچۈن رابىيە خانىم 300.000 يۈەن مەبلەغ سالغان ئىدى.

قۇرۇلۇش تامامەن پۈتۈپ، ئەڭ ئاخىرقى بىرتال مىخ تاختىدىن سۇغۇرۇلغان پەيتتە، ئۇلار رابىيە خانىمنىڭ بۇ ئىشقا بولغان ئىگەدارچىلىقىنى بىكار قىلىشتى. سەۋەپ ئاددى _ رابىيە خانىم دىندار كىشى ئەمەسكەن، ئۇ بېشىغا ياغلىق چەگمەيدىكەن، ئۇ ھەتتا ئۇسۇلمۇ ئويناپ قويىدىكەن، بۇنداق بىر ئايالنىڭ مەسجىد دائىرىسىگە كىرىشى دۇرۇس بولمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بۇ جاينى باشقا بىر تىجارەتچىگە ئىجارىگە بەرگەن ئىكەن. رابىيە خانىم سالغان 300.000 يۈەن مەبلەغنى ئۇ كىشىدىن ئالغان بولۇپ، چامادانغا قاچىلانغان پۇل رابىيە خانىمغا قايتۇرۇلدى. بۇ بىر يوشۇرۇن ئالدامچىلىق ئىدى.

« تېخى يېقىندىلا ھەر بىرىڭلار مېنى ھاۋا ئانىغا، مەريەم ئانىلارغا ئوخشىتىپ مەدھىيىلىگەن ئىدىڭلارغۇ! ئەمدىلىكتە يۈزۈمگە ئىشكنى

ياپامسىلەر! نېمىلا بولمىسۇن مۇشۇ مەسجىدنى _ سىلەر ئىشغالىيەتچى خىتايلارغا بەرمەكچى بولۇشقان بۇ ئۇلۇغ جاينى مەن يەنە ئۇيغۇرغا قايتۇرۇپ ئېلىپ بەردىم. سىلەرچە بولغاندا سۆيۈنگەن ھالدا بۇ يەرنى ئەشۇ خىتايلارغا _ سىلەرنىڭ ئاتا - ئانىڭلارغا دەھشەتلىك زۇلۇم سالغان ئەشۇ زالىملارغا بەرگەن بولاتتىڭلار! مەن بىر ئايال بولغانلىقىم ئۈچۈن سىلەر ماڭا توغرا مۇئامىلە قىلمىدىڭلار. لېكىن شۇنى ئۇنتۇپ قالماڭلاركى سىلەرنىڭ ئاياللار، قىزلىرىڭلارمۇ ماڭا ئوخشاش ئايالدۇر! سىلەر ھەرگىزمۇ ئاناڭلارنى، ئاياللىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن ھاقارەتلىيەلمەيسىلەر، كەمسىتەلمەيسىلەر. دىنىمىز ئىسلامدا يالغانچىلىق قىلىش گۇناھدۇر! سىلەر مېنى مۇشۇ مەسجىدتە ئالدىدىڭلار _ يەنى شۇنداق بىر جايدا ئالدىدىڭلاركى، بۇ جايدا سىلەر گۇناھىڭلار ئۈچۈن ئاللاھقا تەۋبە قىلىدىغان، گۇناھتىن خالاس بولىدىغان شۇنداق بىر مۇقەددەس جايدا ئالدىدىڭلار! شۇنى ئۇنتۇپ قالماڭلاركى، سىلەر ئاللاھ ئالدىدا مۇشۇ ئالدامچىلىق قىلغان گۇناھىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر! مەن ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىمەنكى، ئۇ مېنى سىلەردەك ئادەملەر بىلەن مۇشۇ جايدا بىرگە ياشاشقا نېسىپ قىلمىدى. سىلەر مۇشۇ بازاردا _ يەنى مەن ياساتقان مۇشۇ جايدا پەقەت پۇل تېپىشنىلا ئويلىدىڭلار، شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭدىن بۇ يەرنى تارتىۋېلىشتىڭلار! » - ئۇ زەردە بىلەن يوقۇرقى سۆزلىرىنى ئېيتىپ، جاۋاپمۇ كۈتمەستىن، پۇل قاچىلانغان چامادانىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ مەزكۇر ۋەقەنىڭ خاپىچىلىقىدا كوچا بويلاپ تۆۋەن تەرەپكە كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ كۆزىگە بىر يوغان دەرۋازا چېلىقتى. دەرۋازىنىڭ يېنىدا خىتاينىڭ ئۇن، ياغ، كۆكتات ساتىدىغان چوڭ دۇكىنىمۇ بار ئىدى. مۇشۇ ئارىلىقتىكى ئۆتۈشمە ئۇنى خۇددى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتماقتا ئىدى. بۇ يەردىن ئاجايىپ چوڭ بىر بوشلۇق مەيدان چىقاتتى. بۇ يەر تەخمىنەن 3000 كۇۋادرات مېتىر چوڭلۇقتا بولۇپ، تاغدەك ئەخلەت دۆۋىسىگە ئايلانغان ئىدى. ئىككى قاسنىغىدا بىر قەۋەتلىك قاتار ئۆيلەر بولۇپ، ئادىمىزات ئولتۇرمايدىغان بوش ئۆيلەر، ئىشىك، دېرىزىلىرى پاچاقلانغان، ئەتراپ پۇتۇنلەي پىلاستىك، كۇل - داشقال، ئەخلەت، سېسىمچىلىق. بۇ يەر ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئادەم ياشىمايدىغان تاشلاندۇق يەر ئىدى. بۇ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى دەۋرىدە خاراپ قىلىۋېتىلگەن جايلاردىن بىرى ئىدى. رابىيە خانىم، « مېنى بۇ يەرگە خۇدا باشلاپ كەلگەن بولسا كېرەك،

ئەگەر بۇ يەر تازىلىنىپ، رەتكە سېلىنسا نەقەدەر گۈزەل كۆرۈنگەن بولاتتى » دەپ ئويلايتتى. بۇ يەر شەھەرنىڭ بەك مۇھىم مەركىزى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى دۇكانلىق بولالايتتى.

رابىيە خانىم يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىگە بېرىپ، مەقسىدىنى بايان قىلىۋىدى، باشلىق خىتاي « شەخسى كىشىنىڭ بۇنداق بىر ئىشنى قىلىشى مۇمكىنمۇ » دەيتتى ئىشىنەلمىگەن ھالدا. ئۇنىڭ خىزمەتدىشى بولسا پۇلنىڭ غېمىدىلا ئىدى. شۇڭا ئۇ، « نەق پۇل بېرەلەمسىز؟ » دەپ سورىدى ئالدىراپ.

_ ئەلۋەتتە! _ دېدى رابىيە خانىم گەپنى ئۈزۈپلا. يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى تۆرت نەپەر خىتاي ئۆز - ئارا بىر نېمىلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ باشلىقى رابىيە خانىمنىڭ قانچە پۇلى بارلىقىنى سورىدى.

_ 40.000 يۈەن _ دېدى ئۇ ئالدىراشلىقتا. ئەمما « نېمىشكىمۇ 10.000 يۈەن پۇلۇم بار دېمىگەندىمەن » دەپ پۇشايمانمۇ قىلىپ ئۆلگۈرگەن ئىدى.

_ ئەگەر بىزگە ئەشۇ 40.000 يۈەننى بەرسىڭىز، بۇ يەرنى 3 يىللىق ئالالايسىز. بىراق ئەخلەت تازىلاش ھەققىنى ئۆزىڭىز خىراجەت قىلىسىز _ دېدى خىتاي تەكىتلەپ.

ئۇلار توختامنى تەييارلىدى. بىر نەپەر ئۇيغۇر تەرجىمانىنىڭ ھەمراھلىقىدا رابىيە خانىم توختامغا ئىمزا قويدى. رابىيە خانىم بۈگۈنكى توختام توغرىسىدا سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىگە سۆزلەپ بەرگەن ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ پەقەتلا ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى، رابىيە خانىمغا ئىشىنىدىغانلىقىنى، ئىمزا قويغاندا دىققەت قىلىشىنىلا تەكىتلىدى. بۇ ئۇنىڭ (ئاۋالقىدەك يولىدىن توسۇش ئەمەس، بەلكى) ھىمايە قىلغىنى ئىدى. رابىيە خانىمنىڭ چوڭ باللىرى ئۇنىڭغا مەدەت بېرەتتى. يىگىرمە ئۈچ ياشتىكى چوڭ ئوغلى قاخار بولسا، ھېچ ئىككىلەنمەستىن، ئاپىسىنىڭ نەتىجە يارىتالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئۇ ياخشى بىر پىلان ھەققىدە ئالتە نەپەر تىجارەتچى يېقىنلىرىغا مەسلەھەت سالغان ئىدى، ئۇلار « ئايال كىشى پۇل تاپسا، ئۆزىنى تۇتالمايدۇ، كونتروللىقىنى يوقىتىدۇ » دېيىشتى. ئۇلاردىن بىرى « مەن قىلغان بۇ ئىشىڭىزغا خاپا ئەمەس، لېكىن ئاخىرقى ھېساپتا سىز يەنىلا ئايال كىشى » _دە، دېدى ئۇنى مەنسىتمىگەندەك تەلەپپۇزدا.

رابىيە خانىم بۇ ئەخلەت دۆۋىسىنى قاق ئۈچ ھەپتە تازىلاتتى. جەمى 36 ماشىنا ئەخلەت يۆتكىتىلدى. بۇ ئەسنادا ئۇ ئۆيگىمۇ ئانچە بېرىپ كەتمەستىن،

ئىش مەيدانىدا قونالغۇ تەييارلاپ قونۇپمۇ قالاتتى. ئۇ بىر ئىشقا قىزىقىپ قالسا، ئەگەر ئۇ ئىشنىڭ نەتىجە بېرىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ھامان ئەشۇ ئىشقا كىرىشىپلا قالىدۇ، شۇ ئىشنى باشلىغان كۈنىدىن باشلاپ ئۇنىڭ ھاياتى ئەشۇ ئىش بىلەن بەنت بولىدۇ ـ پىلان تۈزۈش، ئىشنى يۈرگۈزۈش ئۇنىڭ پۈتۈن ئىچكى دۇنياسىنى ئىگىلەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ ئەشۇ ئىشقىلا باغلىنىپ قالىدۇكى، دۇنيادا ئۇ ئىشتىن باشقا بىر مەۋجۇتلۇق يوقتەك تۇيۇلىدۇ. ئۇ ھاياتنى بىر رىقابەتلىشىش ـ دەپ قارايدۇ.

رابىيە خانىمنىڭ يېڭى بازار ئېچىش ھەققىدىكى پىلانى ۋە ئۇنىڭ بۇ ئەخلەتخانىنى بىر تەرەپ قىلىشى پۈتۈن ئۈرۈمچى شەھىرىدە سۆز تېمىسى بولغان ئىدى. كىشىلەر، « بۇ خانىم ئەقلىدىن ئادىشىپتۇ » دېيىشەتتى. ئەخلەتلەر تازىلىنىپ، بۇ يەرنى بازار شەكلىدە رېمونت قىلىپ پۈتتۈرگىچە ئورتا ھېساپ بىلەن 170.000 يۈەن خىراجەت قىلىندى. بازار پۈتكەندىن كېيىن، بۇ يەردە ھېچبىر زامان ئەخلەتخانا مەۋجۇت بولۇپ باقمىغاندەك، كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان بىر گۈزەل مەنزىرە قەد كۆتەردى.

پۈتۈن بازار مەيدانى، دەرۋازا، ئىشقىلىپ ھەممىلا ياق گۈل - چېچەكلەر بىلەن زىننەتلەندى. مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدىن بۇيان كىشىلەر بۇنداق گۈزەل مەنزىرىلىك دېكراتسىيەنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشمەكتە ئىدى. ئۇ دەسلەپ تەكشۈرۈپ تەستىقلىگۈچى ئورۇن خادىملىرىنى تەكلىپ قىلدى. ئۇلار كۆزلىرىگە ئىشىنەلمىگەن ھالدا « ھەقىقەتەن گۈزەل بوپتۇ » دېيىشىپ ماختىشاتتى. ئۇلاردىن بىرى « بىز بەك ئۇسال ھالغا چۈشۈپ قالدۇق، چۈنكى بىز سىزنىڭ بۇ قەدەر قابىلىيىتىڭىزگە ئىشەنچ قىلالمىغان ئىدۇق » دەيتتى ھەيرانلىقىنى بىلدۈرۈپ. 50 - 60 تىجارەتچى كەسىپداشلىرىغىمۇ تەكلىپ يوللىغان ئىدى. بىراق ئۇلاردىن پەقەتلا ئىككى نەپەر كىشى كۆرۈنەتتى. ھەتتا ئۇلاردىن بىرى، « سىز بۇ يەرنى بازار قىلىمەن دېگىچە، ئۆيىڭىزدە ئولتۇرۇپ ئېشىڭىزنى ئەتسىڭىزچۇ! بۇ يەرگە ھەرگىزمۇ خېرىدار كەلمەيدۇ. بەلكىم بۇ يەرنى بەكمۇ گۈزەل بېزەپسىز، شۇڭا ئۆيىڭىزنى مۇشۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كېلىپ، مۇشۇ يەردە ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرسىڭىزمۇ بولغىدەك » دېدى مەسخىرە ئارىلاش. ئۇ بۇنداق قۇرۇق پاراڭ بىلەن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغىسى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ دەرھال ئۆز يولىغا ـ يەنى « ئاياللار بىرلەشمىسى » نى ئىزدەپ يۈرۈپ كەتتى. بۇ « ئاياللار بىرلەشمىسى » ئىسكىلاتلىرىدا مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى دەۋرىدىن باشلاپ، نۇرغۇنلىغان رەختلەر بېسىلىپ قالغان ئىدى. ئۇلار رەختلەرنى

سېتىپ بېرىش ئۈچۈن رابىيە خانىمغا ئىلتىماسمۇ قىلغان ئىدى. ئۇ ئىسكىلاتتىقا يېتىپ بېرىپ، ئۇلار ساتالمىغان بۇ رەختلەرنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار رەت قىلماستىن، 1.6 مىليونلۇق رەختنى پەقەت 600.000 يۈەنگە بېرىۋەتتى. ھەر ئايدا 10.000 مېتىر رەخت ئالىدىغان، 100.000 يۈەن نەق پۇل تاپشۇرىدىغان بولۇپ توختاملاشتى.

ئەشۇ توختامدىن كېيىن ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ « بىسمىللاھ » نى ئوقۇدى، « ئەي ئاللاھ! بۇ تىجارىتىمنى سېنىڭ نامىڭ بىلەن باشلىدىم! ». ئۇ كىچىك بىر يۈك ماشىنىسى بىلەن رەختلەرنى بازارغا يۆتكەشكە باشلىدى. ئۇ رەخت توپىنى ئېچىۋىدى، توقۇلمىسى، سۈپىتى، نۇسخىلىرى جەھەتتىن شۇنداق يوقۇرى سۈپەتلىك رەختلەرنى كۆردى. ئۇ دەرھال 10.000 مېتىر رەختنى بازارغا يۆتكەتتى. ئەمما كىشىلەر « كىم بىلىدۇ بۇ بازارمۇ ئەتە تاقىلىپ قالامدۇ تېخى » دېيىشەتتى. ئۇ ئۈچىنچى قېتىم 10.000 مېتىر رەختنى يۆتكىگەندىن كېيىن، زاۋۇت باشلىقى ئۇنىڭغا راستىنلا قايىل بولغان ئىدى _ سىز بەك ياخشى قىلدىڭىز - دەپ مەمنۇنلۇقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇ ھەر قېتىم رەخت يۆتكەشكە بارغاندا باشلىقنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ قوياتتى. شۇڭا بۇندىن كېيىن 20.000 مېتىردىن يۆتكەش تەكلىۋىنى بەردى.

رابىيە خانىم ئەتراپتىكى نامرات خوشنىلارنىڭ قىزلىرىدىن ئوتتۇز نەپەر قىزنى ئىشقا ئالدى. ئۇلارنى مال باھاسىنى كۆزىتىپ كېلىش ئۈچۈن شەھەرنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ئەۋەتەتتى. باشقا دۇكانلاردىكى مال باھاسىغا قارىتا ئۆز بازىرىدىكى ماللارنىڭ باھاسىنى تەڭشەپ تۇراتتى.

(شۇ ناملىق كىتاپ 204- 209 . بەتلەر)

( قوشۇمچە )

مىللىتىمىزنىڭ ساپاسى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن ئىدىكى، ئۇلار دوست بىلەن دۈشمەننى ھەقىقىي پەرقىتىش سېزىمىدىن تامامەن ئايرىلغان. بۇ بۆلۈمنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى مەسجىدكە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇندا، مىللىتىمىزنىڭ مىللى سېزىمىنىڭ نەقەدەر ئاجىزلاپ كەتكەنلىگى ئېنىق ئىپادىلەنگەن. مەسجىدكە مەسئۇل مۆتىبەرلەر دەسلەپتە مەسجىد بىناسىنىڭ مەلۇم قىسمىنى بىكتۈەنلىك خىتايلارغا بەرمەكچى بولغان. بۇ رەزىللىكتىن رابىيە خانىم ئارىغا كىرىش ئارقىلىق ساقلانغان بولۇپ، رابىيە خانىمنىڭ ئىقتىسادى بىلەن مەسجىد قۇرۇلۇشىنىڭ قالغان قىسمى پۈتكەندىن كېيىن،

ئۇلارنىڭ بۇ توختامدىن يېنىۋېلىشىغا، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە رابىيە خانىمنىڭ بېشىغا ياغلىق چەگمىگەنلىكى، دىندار بۇۋىم بولمىغانلىقى سەۋەپ بولغان.

ئەجەبا ئۇلار دەسلەپتە بىگتۇەنلىك خىتايلارغا بەرمەكچى بولۇشقانلىرىدا، ئۇ خىتايلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى بايقاشمىغانمىدى! بۇ يەردىكى نازۇك نوقتا ئىمان، ئېتىقات مەسىلىسىلا ئەمەس. بەلكى ھەم مىللى تۇيغۇ، ئىنسانىي ھېس - ۋىجدان مەسىلىسى ئىدى. خەلقىمىــزدە « سەللا يوغان ئىمان يوق، داستۇرخان يوغان بىر نان يوق » لۇق ئومۇملاشقان ئىدى. (مېنىڭ پەرىزىمچە مەزكۇر مەسجىد نەنىمىڭ كوچىسىدىكى « خانتەڭرى جامىئەسى » بولىشى مۇمكىن.) مەيلى قانداقلا بىر مەسجىد بولمىسۇن، مەسجىدلا بولىدىكەن، ئالدى بىلەن دىن ۋە ئەقىدىنىڭ، ئاندىن مىللى تۇيغۇنىڭ بۆشۈگى بولىشى كېرەك! دىنىي نوقتىدىن ئېيتقاندا مەسجىدكە خىتايلارنىڭ ئورۇنلىشىشى ئاللاھنىڭ قۇرئانى بىلەن چەكلەنگەن. مىللى نوقتىدىن ئېيتقاندا خىتايلار ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك دۈشمىنىدۇر. بولۇپمۇ بىگتۇەنلىك خىتايلار بىزنى ئىشغال قىلغان، ۋەتىنىمىزگە قورال بىلەن باستۇرۇپ كىرگەن بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنىمىزدۇر. ئەگەر ھېلىقى مەسجىد مەن پەرەز قىلغاندەك، « خانتەڭرى مەسجىدى » بولغان تەقدىردە، ئۇنىڭ ئورنى بەك مۇھىم جايدا بولۇپ، ئۇ يەرگە ئورۇنلاشقان خىتايلار، مىللىتىمىزنىڭ كۆزىگە مىق بولۇپ قادالغان بولاتتى. ئەشۇ خىتايدىن نېرى كەتمەي چاپلىشىپلا يۈرىدىغان بەزەن نا ئەھلىلەر تۈپەيلى، خىتاي ھۆكۈمرانلىــرى « ئىككى ئايرىلالماسلىق » سەپسەتىسىنى توقۇپ چىققان.

يەرنى « پۇلغا يارىدى » دەپلا خىتايغا سېتىۋېتىش، ئۆيىنى « كۆپ پۇل بەردى » دەپ خىتايغا ئىجارىگە بېرىش مىللىتىمىزدە ئومۇملاشقان بىر ۋىجدانسىزلىقتۇر. ئەگەر كۆپچىلىكنىڭ مەيلىگە قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇيغۇر مىللىتى غۇرۇرلۇق مىللەتمىش، مۇسۇلمان مىللەتمىش، شۇڭا بۇ مىللەتكە ئەر كىشى باش بولىشى، دىنىي ئېتىقادى ياخشى بولىشى شەرتمىش. بۇ بىر نادانلىق، ئەينى چاغدا خانتەڭرى جامىئەسىنى خىتايغا ساتقانلاردىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغان، مىللى تۇيغۇسىنى، دىنىي ئەقىدىسىنى يوقاتقانلارنىڭ بۇلغانغان زېھنىيىتىدۇر. قۇرئاننى بايراقنىڭ ئۇچىغا ئېسىۋالغان بەزەن دىنىي ساۋاتسىزلارنىڭ، كۆك بايراقنى چاپان قىلىپ كىيىۋېلىشقان بەزەن مىللى تۇيغۇدىن مەھرۇملارنىڭ ئەقىدىسى ۋە زېھنىيىتى، ئەشۇ خانتەڭرى

جامئەسىنى خىتايغا ساتقۇچىلاردىن قىلچە پەرقى يوقتۇر.

ئەگەر بىر خىتاي « كومۇنىست خىتاي يوقالسۇن! » دەپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ خىتاي بولىشىدىن قەتئى نەزەر، ئۇنىڭ پۈتىغا يېپىشىۋالىدىغان، ئەگەر بىر ئەبلەخ، بىر خائىن، بىر خۇمسى ئىككى ئايەتنى ئوقۇپ، تۆرت كېلىمىنى قاملاشتۇرۇپ سۆزلىگەن ھامان، ئۇنى ئىمام قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن دوغخويۇپ يۈرىدىغان بۇنداق سېزىمسىز، تۇيغۇسىز، ئەقىدىسىز كىشىلەر قانچىدىن قانچە كۆپ بولىدىكەن، تەقدىرىمىز ئەشۇنداق ناكەس بولۇپ يېزىلىۋېرىدۇ.

رابىيە خانىم ئۇرۇمچى كوچىسىدىكى ئەخلەتخانىنى سېتىۋېلىپ، تازىلىتىپ، مىللەت ئۈچۈن پۇل تاپىدىغان، ئىقتىساد مەنبەئى قىلىپ قۇرۇپ چىققان ئىدى. ئۇنىڭ كۆككە تاقاشقۇدەك ھەيۋەتلىك بىناسىنىڭ ئۇلى ئەشۇ ئەخلەتخانىدىن باشلانغان ئىدى. ئەمدى بۈگۈنكى ئىنقىلاۋى يولىمىزدىكى يولدا پۈتلىشىپ ياتقان نۇرغۇنلىغان ئەخلەتلەرنى يەنە ئۇ تازىلىماقچى. بۇ مىللى ھەرىكەتنى، دىندارلارمۇ ، ئەپەندىلەرمۇ قىلالمىغان ئىكەن، ئەمدى خانىمغا يول بېرىشى كېرەك! نامازنى مەسجىدتە ئوقۇپ، ئىنقىلاپتا خانىمغا ئەگىشىشلىرى كېرەك! ئەپەندىلەرمۇ ئەركەكلىگىنى ئۆيدە ئىشلىتىپ، ئىنقىلاپتا خانىمغا بويسۇنۇشلىرى كېرەك! خانتەڭرى مەسجىدىنى خىتايغا ساتقۇچىلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، خىتاي بىلەن ئۇيغۇرنى تولۇق مەناسى بىلەن ئايرىۋېلىشلىرى كېرەك. مۇناپىقنى ئۆزلىرىگە ئىمام قىلىۋالماسلىق ئۈچۈن، دىنىي تۇيغۇسىنى، دىنىي سېزىملىرىنى تولۇق يېتىلدۇرۇشلىرى كېرەك! مىللى ھەرىكەت كۆك بايراقنى تون قىلىپ كېيىۋېلىش بىلەنلا بولمىغىنىدەك، دىن سەللا كېيىۋېلىش بىلەنلا بولمايدۇ! بىز بۇ ھەقتە مىللى ئويغۇنۇشقا چاقىرىق قىلىشىمىز لازىم. ھەممىدىن بۇرۇن تۇپراق ـ ۋەتەن مۇھىم! ئىنسان تۇپراقتىن يارىتىلغان، تۇپراقتا تۇغۇلۇپ، تۇپراقتا ياشاپ ئاخىرى تۇپراققا كۆمۈلىدۇ.

« ئىنسان ئۈچۈن تۇپراق ھەممىدىن مۇھىم بولغىنىدەك، مىللەت ئۈچۈن ۋەتەن ھەممىدىن مۇھىمدۇر » زېھنىيىتىنى ھەر بىر ئۇيغۇرغا سىڭدۈرۈش كېرەك. ـ مەيلى ئۇ مىللەتنى سۆيۈشنى بىلمەيدىغان يېنىك « دىندار » بولسۇن. مەيلى ئۇ دىننى سۆيمەيدىغان ساددا « مىللەتچى » بولسۇن، ئۇلار بىر سەپتە ۋەتەننى سۆيۈشلىرى كېرەك! ۋەتەننى سۆيۈشلىرى ئۈچۈن بۈگۈنكى ئىنقىلاۋى رەھبەر بولغان رابىيە قادىرخانىمغا تولۇق ئەگىشىشى كېرەك.

دېمەك، بۈگۈن غەرپ دۇنياسى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ياقلىق بولىشىنى كۈتمەكتە. ئۇيغۇرلارنىڭ بىر ياقلىق بولىشى ئۈچۈن غەرپ قەلئەسىگە ئىنقىلاۋى مەشئەلنى كۆتۈرۈپ كىرگەن، ئەشۇ مەشئەلنىڭ يورىغىدا ئۇيغۇرنى غەرپكە كۆرسەتكەن رابىيە قادىر خانىم مەركەز بولىشى شەرت!!!! بۇنى ھەربىر ئۇيغۇر چۈشىنىشلىرى ۋە قوبۇل قىلىشلىرى لازىم!

30

رابىيە خانىم 1987 ـ يىلى 8 ـ مارت « خەلقئارا ئاياللار بايرىمى» كۈنى بازارنىڭ ئېچىلىشىنى قىلدى. بازارغا « ئاياللار بازىرى » دەپ نام بەردى. بازارنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ۋە خېرىدارلارنى تېزدىن جەلىپ قىلىش ئۈچۈن، ئۇن ئالغۇ ئارقىلىق « ھەر مىللەت خانىم ـ قىزلىرى! 8 ـ مارت ئاياللار بازىرىمىزنىڭ ئېچىلىشىغا قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭلارنى چىن يۈرەكتىن، قىزغىن قارشى ئالىمىز! » دېگەن سادا ياڭراپ تۇراتتى. بۇنداق ئاۋازلىق ئېلان ئۈرۈمچىدە تۇنجى قېتىم مۇشۇ بازاردىن باشلاندى. بازارنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ئالاھىدە مۇراسىم ئورۇنلاشتۇرۇلمىدى. مۇھىم بولغىنى تىجارەتچىلەرنىڭ بۇ بازارغا قەدەم تەشرىپ قىلىشى ئىدى. بىراق ئەتىگەن سائەت 9 غىچە ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. دەسلەپ قىلىپ بازارغا كىرگەن كىشى بىر دىۋانە بولدى. رابىيە خانىم ئۇنىڭغا 10 يۈەن سەدىقە بەرگەن ئىدى، ئۇ بىر ئاز ئويلىنىپ، ــ بازىرىڭىزغا تېخى بىرمۇ خېرىدار كەلمىگەندەك تۇرىدۇ، شۇڭا بۇ پۇلغا بىر نەرسە سېتىۋېلىپ، دەسلەپ قىلىپ بېرەي ـ دېدى ۋە 10 يۈەنلىك مارجان ئالدى. سائەت ئوندىن كېيىن ئۈچ ـ تۆرت ئايال كىرىپ كەلدى.
« ئىلاھىم بۇلار بىر نەرسە سېتىۋالغىيتى » دەيتتى رابىيە خانىم ئۈمۈتلىنىپ ھەم دەرھال توپ رەختلەرنى ئېچىپ، كۆرسۈتۈشكە تۇتۇندى. رەڭگا ـ رەڭ رەختلەر كۆزنى قاماشتۇراتتى. ھېلىقى خانىملار ھاياجان ئىلكىدە ھەر بىرى يىگىرمە، ئوتتۇز مېتىردىن رەخت سېتىۋېلىشتى. پۇل ئېلىپ قايتا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ، مەمنۇن ھالدا ئۆيلىرىگە ئالدىراشتى.

بازار قىزىشقا باشلىدى. ئەگەر سودا ـ سېتىق بۇنداق داۋاملاشسا، ھايال ئۆتمەي بازار مالسىز قالىدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا ئۇ دەرھال « ھەربىر كىشىگە 10 مېتىردىن ئارتۇق رەخت سېتىلمايدۇ » دەپ تەدبىرمۇ قوللاندى. شۇ كۈنىنىڭ

ئۆزبىدىلا تىلغۇبزور، گېزىت مۇخبىرلىرى بازاردا قايىنغىلى باشلىدى. ئۇلار رابىيە خانىمدىن بۇ بازارنى ئېچىشتىكى مەقسىدىنى سوراپ، سۆھبەت بايان قىلىشاتتى. چۈشتىن كېيىنكى تىلغۇبزور خەۋەرلىرىدە رابىيە خانىم ئېكراندا كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

شۇ كۈنى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى خىزمەتتىن قايتىپ ئۆيىگە كېلىپ، تىلغۇبزورنى ئاچقان ئىدى، قايىسىلا قانالنى ئاچمىسۇن، رابىيە خانىم مىڭلىغان ئادەم توپىنىڭ ئىچىدە، بازار بىر قاينام ئىدى. ئۇ ھاياجاندىن قولىدىكى ئىستاكانىنىڭ يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى. مۇخبىرنىڭ بايانىدا « رابىيە قادىر پۈتۈن مەملىكەت ( خىتاي ) بويىچە خۇسۇسى مۈلكى بىلەن، 8 ـ مارت ئاياللار بايرىمىنى تەبرىكلىدى، بازارغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ئاياللارغا بۇ ئېچىلىش كۈنى چوڭ سوغات بولغۇسى » دەپ، رابىيە خانىمنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرمەكتە ئىدى. تىلغۇبزور ئېكرانىدا بازارنىڭ ھەممىلا جايلىرى تەپسىلى كۆرسىتىلەتتى. سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى بازارغا چاپتى. ئۇ سۆيۈملۈك ئايالىنى _ غالىبىيەت قەھرىمانىنى تەبرىكلىگىلى كەلدى. ئۇ ئارانلا، « سەن بىر مۆجىزە! سۆيۈملۈك ئايالىم! » دېيەلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھاياجان ياشلىرى بىلەن نەملەنگەن ئىدى.

بىر زامانلاردا سېسىمچىلىق، ئەخلەت دۆۋىسى بۇگۈن بىر ئادەم قاينىمىغا ئايلاندى. بۇ بىر ھەقىقەت ئىدى. بۇ رابىيە خانىمنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئاۋال بۇ يەرگە بازار ئېچىش ئۈچۈن مەسلەھەتكە تەكلىپ قىلىنىپ « مۇشۇ ئەخلەتلىكنى بازار قىلىش ئاقىلانىلىك ئەمەس » دەپ رەت قىلغانلار، بۇ بازاردىن دۇكان تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. نۇرغۇنلىغان كەمبەغەل ئاياللارمۇ ئۆزلىرىنى ئەنگە ئالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭمۇ مۇشۇ بازاردىن بىر كىشىلىك يەر ئېلىپ، تىجارەت قىلىپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن تىكلىنىش ئارزۇلىرىنى بىلدۈرىشەتتى. 13 نەپەر كەمبەغەل ئايالغا بىكارغا ( ھەق تەلەپ قىلماي ) دۇكان ئېچىپ بەردى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنلىرىدىمۇ، يېڭى پىلانلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ چوڭ بىر بىنا سالدۇرۇشنى، « ئۆي ـ مۈلۈك شىركىتى » ئېچىشنى ئويلايتتى. ئۇ 1987 ـ يىلىلا « باي » ئايال بولۇپ، مىليونېر بولۇشقا تەمشىلىپ قالغان ئىدى.

ئەگەر بىرەر ئۇيغۇر خەلق ئىچىدە يۈز ـ ئابروي، ئىناۋەت، نوپۇز تاپىدىكەن، ھامان ئۇ، بىرەر ھۆكۈمەت دائىرىسىگە كىرگۈزىلىدۇ. ھۆكۈمەت شۇ ئارقىلىق

نوپۇز ئىگىسىنى ئىدارە قىلىدۇ ۋە ئۆزلىرىگە تارتىدۇ. ھەم نوپۇز ئىگىلىرىنى ئۆزلىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. يەنە ئۇنى بارغانسېرى يوقۇرى ئۆستۇرىدۇ.

رابىيە خانىم مۇشۇ « ئاياللار بازىرى » نى ئاچقاندىن كېيىن، كىشىلەر نەزىرىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولماقتا ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت ئەزالىرى رابىيە خانىمنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىغا بەش يىللىق خەلق ۋەكىلى قىلىپ تەيىنلىدى. ھەم « 8 ـ مارت بايراقدارى » دەپ يوقۇرى ئۇنۋان تەقدىم قىلدى. رابىيە خانىمنىڭ قۇرۇلتايدىكى ئورنى، خەلق بىلەن ھۆكۈمەت ئارىسىدا ۋاستىچىلىك رول ئوينىغۇچى ئىدى. خەلق ۋەكىلى بولغان كىشى، ھۆكۈمەتنىڭ يۇرگۈزمەكچى بولغان سىياسەتلىرىنى، ياكى يۇرگۈزىلىۋاتقان تۈزۈملىرىنى خەلققە توغرا چۈشەندۇرگۈچى ۋە خەلقنى تىنچلاندۇرغۇچى كىشىلەر ئىدى. ئۇلار كوممۇنىستىك تۈزۈمنىڭ ئەڭ ئەۋزەل تۈزۈم ئىكەنلىكىنى خەلققە بىلدۈرەتتى.

رابىيە خانىمنىڭ ھۆكۈمەتتىكى ئابرويى ئۆسكەنسىرى خەلق ئىچىدە ــ يەنى ئۇنى « مىللى شەخس » دەپ چوقۇنىدىغان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە « خىتايغا باغلىنىپ كېتىۋاتىدۇ » دەيدىغان قاراشمۇ ئالغا سۇرۇلمەكتە ئىدى.

ئارىلاپ يوقۇرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرى ئالايىتەن رابىيە خانىمنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، كەلدى - باردى قىلىشنى قويۇقلاشتۇراتتى. ئۇنىڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ يوقۇرى ئورۇنغا كوۆتۇرۇلىشى ھەققىدە تەكلىپ بېرىشەتتى. لېكىن ئۇنىڭ مىللەتچى كىشىلەردىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشى كېرەكلىكىنىمۇ تەكىتلىشەتتى. ئەمما ئۇ چاغلاردا رابىيە خانىم « بۇ دۆلەت كادىرلىرى خەلقىمىزنىڭ ھەقىقي ئەھۋالىنى، قىيىنچىلىقلىرىنى بىلمەيدۇ » دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ ھەر قېتىملىق يىغىندا خەلقنىڭ بېشىدىكى ئېغىرچىلىقلارنى چۈشەندۇرۇشكە تىرىشاتتى. مەسىلەن: « جەنۇپتىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە، ئوقۇغۇچىلار ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇق، پارتا يوق، ئۇلار ئوچۇقچىلىقتا ، يەردە ئولتۇرۇپ دەرس ئوقۇيدۇ. دوسكىغا خەت يازىدىغان بور يوق، ئوتۇننىڭ كويسى بىلەن خەت يازىدۇ. ئەمما خىتاي مەكتەپلىرى بەك زامانىۋى بولۇپ، ھەممە جەھەتتىن ياخشى. بۇ ئەھۋاللارنى تەڭشەش كېرەك » دېگەندەك پىكىرلەرنى بېرەتتى. بۇنداق چاغلاردا بارلىق ئەمەلدارلار چاۋاك چېلىشىپ، قىزغىن قارشى ئېلىشاتتى. رابىيە خانىم ئۆز پىكرىنى ئۇلارنىڭ تىڭشىغانلىقى ۋە ئاۋاز قوشقانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرەتتى.

بىر قېتىم ئۇ ھۆكۈمەت كادىرلىرىدىن « ۋەتىنىمىزنىڭ تۇپراق كۆلىمى قان-چىلىك؟ نېمە سەۋەپتىن ئۇيغۇر دېھقانلىرى بارغانسىرى نامراتلىشىپ كېتىدۇ؟ » دېگەندەك سوئاللارنى سورىدى. ئۇنىڭ بۇ سوئاللىرىغا جاۋابەن بىر خىتاي كادىر يوتىسىغا شاپىلاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن ئىدى « مەن سىزنى بەك سەبىرسىز ئايالكەن دەپ قارايمەن! لېكىن سىز ھەققانىيەتچى. بىز سىزنى ئۆزگەرتەلىشىمىزنى ئۈمۈت قىلىمىز! بىزمۇ بەزەن مەسىلىلەرنى تۈزۈتۈش ئۈچۈن تىرىشىمىز. ئەگەر ھەل قىلالمىساق، يوقۇرىغا يوللايمىز! بىراق بۇ ئىشلارنى سىز سىرتقا ئاڭلىتىپ قويسىڭىز قەتئى بولمايدۇ! بىز شۇنىمۇ بىلىمىزكى سىز بەكمۇ مىللى تۇيغۇ بىلەن يۇغۇرۇلغانكەنسىز!!! ئەمما سىز ھەممىدىن بۇرۇن خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ كۈچلىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىڭىز كېرەك! ».

_ بولىدۇ! مەن ئىتائەتچان بولاي، لېكىن ھەممىمىز مۇشۇ يەردە ئېيتىشقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسۈتۈشىمىز كېرەك! - دېدى رابىيە خانىم. ھەممەيلەننىڭ يۈزلىرىدىن مەمنۇنىيەتلىك تۇيغۇلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

يىغىندىن كېيىن رابىيە خانىم ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ۋەتەننىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە ئۆز - ئارا مۇنازىرە باشلىدى. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، سىدىق ھاجى روزى، يەنە باشقا زىيالىلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار بولسا، رابىيە خانىم سىدىق ھاجى روزى بىلەن توي قىلىش ھارپىسىدا « ئىنقىلاۋى ئىشلىرىمىزغا رەھبەرلىك قىلىدىغان كىشىلەر » دەپ قارايدىغانلار بوگۇنمۇ شۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلىشماقتا. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى سۆز باشلىدى:

_ شەرقى تۈركىستاندا يېقىنقى ۋاقىتلاردا خىتايغا قارشى كۆتۈرلۈش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر شۇنداق قىلساق، پۈتۈنلەي قىرىلىپ كېتىمىز. بۇنداق قىرىلىپ ئۆلۈش ھەل قىلغۇچ چارە ئەمەس. ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلىپ چىقىشمۇ خەتەرلىك. چۈنكى خىتايلار خەلقىمىزنى قىرىپ تاشلايدۇ. ئەگەر ئىنقىلاپقا رەھبەرلىك قىلغۇچى كىشى بولىدىكەن، ئۇ چەتئەلگە چىقىپ كېتىشى كېرەك! شۇ يەردە ۋەتەن خىزمىتىنى ئىشلىشى لازىم. مەسىلەن ئالايلۇق _ 1949 - يىلدىن 1972 - يىلىغىچە 60 قېتىم چوڭ قارشىلىق ھەرىكىتىنى كۆردۇم. ئەشۇ ھەرىكەتكە قاتناشقانلاردىن تەخمىنەن 360.000 كىشى ئۆلتۈرۈلدى ۋە يېرىم مىليون ئادەم جازا لاگىرلىرىغا مەھكۇم بولدى......

يەنە بىر زىيالىمۇ سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى بايان قىلدى :

_ ھەرىكەتكە يولباشچى بولۇۋېلىش، ئۆلۈمگە ئۆزىنى ئېتىش ھېچقانداق نەتىجىلىك ئىش ئەمەس. ئىش يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك! مەن بۇ ئىشلارغا يېتەكچى بولالمايمەن. بۇ سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە رابىيە! چۈنكى سىز شۇنداق بىر ئايالسىزكى، زۆرۈر بولغان ئالاھىدىلىك، سالاھىيەت، كۈچلۈك خارەكتىر سىزدە مەۋجۇت! سىز بۇ ئىشنى قىلالايسىز. مەنمۇ ئەمەس، سىزنىڭ يولدىشىڭىزمۇ ئەمەس، پەقەت سىزلا قىلالايسىز. يولدىشىڭىز سىزگە مەسلەھەت بېرەلەيدۇ، تەكلىپ بېرەلەيدۇ، يېزىپ، سىزىپ، پىلان-لايھەلەرنى كۆرسىتەلەيدۇ. سىزلا بۇ ئىشنى يالغۇز ۋۇجۇتقا چىقىرالايسىــــز! .....

« چەتئەلگە چىقىپ كېتىش » بەلكى ئەشۇ دوستلارنىڭ كۆزقارىشى، بەلكى ئۇلار بۇ قاراشلىرىدا ھەقلىقتۇر! لېكىن رابىيە خانىم ھەرگىزمۇ ئۇنداق قارىمايتتى!

(شۇ ناملىق كىتاپ 209-216.بەتلەر)

( قوشۇمچە )

رابىيەخانىمنىڭ رابىيە قادىر بولۇپ، دۇنياغا قەد كۆتىرىشىدىكى نۇرغۇن ئىچكى ئامىللاردىن بىرى _ ئەشۇ ئەخلەتخانىنى، ئەشۇ تاشلاندۇق، سېسىمچىلىق تۇپراقنى مەبلەغ، ئەقىل، كۈچ، جاسارەت سەرپ قىلىپ ، ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ئىقتىساد، سەرمايە توپلايدىغان ئۇلۇغ بىر ماكانغا ئايلاندۇرىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئۇنىڭ تىكلىنىشىدىكى تۇنجى قەدەم، بىرىنچى بالداق ئىدى. ئۇ ئەشۇ ئەخلەتخانىنى « ئايالىلار بازىرى » غا ئايلاندۇرۇپ، خورلانغان ئانا تۇپراقنى، ئايالىلار _« گۈزەل ئانىلار» نامىغا كەلتۇرىشى، ئۇنىڭ غالىبىيىتىدىن دەرەك بېرەتتى. ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك « خىتاي ھۆكۈمىتى خەلقىمىز ئىچىدىن چىققان نوپۇز ساھىبىنى ئۆزلىرىگە ئىشلەيدىغان، قونچاق قىلىپ، بوينىدىن باغلايتتى ». ئەمما خىتاينىڭ بۇ ھىلىسى رابىيە خانىمغا كەلگەندە كارغا كەلمىدى. ئۇنى مەنسەپ جەھەتتە ئۆستۈرۈپ، خىتاي دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، يالىلانما خادىم قىلىۋالماقچى ئىدى. بىراق ئۇ ھەر قېتىمقى ھۆكۈمەت يىغىنىدا بولغان ئىشلار ئۈستىدە، ئوت يۈرەك ئۇيغۇر مىللەتچىسى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى بىلەن مۇزاكىرە قىلاتتى. ئۇ پەقەتلا مىللەت ئۈچۈن، مىللەتنىڭ پايدىسى ئۈچۈن، مېھنەت سەرپ قىلاتتى. ئۇنى خىتاي ئۆزلىرىگە باغلىيالمىدى. چۈنكى ئۇنى ياراتقۇچى ئەشۇنداق ياراتقان ئىدى. ئۇ پەقەتلا

ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇناتتى. ياراتقۇچىنىڭ ئىرادىسى ئۇنىڭ روھىدا زۇھۇر قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئۆز مەيلىچە، كىشىلىك ئارزۇ بىلەن ياشىيالمىدى. ئۇ خىتايغا يېلىنىپ، بۇيرۇققا ئىتائەت قىلىپ، ئۆز بايلىقىنى كۆزلەپ ئالغا قاراپ مېڭىلىۋەرگەن بولسا، ئۇ ھېچقانداق خېيىم - خەتەرگە يولۇقمايتتى. بەلكى ئۇ خەلق ئىچىدىمۇ، ھاكىمىيەت قاتلاملىرىدىمۇ نام، ئاتاققا، نوپۇزغا ئېرىشىپ، ھوزۇر ھالاۋەتتە دەۋر سۈرەتتى.

لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. خىتايغا يېلىنمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كىشىلىك مەۋجۇتلىقى خىتايغا قارشى يېقىلغان بىر ئاتەش ئىدى. ئۇ بايلىقىنىلا كۆزلىمىدى. چۈنكى ئۇ بايلىقنى ئۆز مىللىتى ئۈچۈن، مىللىتىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن تاپماقچى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىرىشكەن سىياسى ئورنىدىن، تاپقان بايلىقىدىن ئاخىرى ۋاز كەچتى. چۈنكى مەنسەپ، بايلىق ئۇنىڭ مىللى ھەرىكەت قىلىشىغا، ئۇلۇغ مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا ئەسقاتمىغان ئىدى. ئاخىرى ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىدى. ئۇ ئۆزىنى پەردە ئارقىسىدا قويۇپ، باشقىلارنى، ھېچ بولمىغاندا بالىلىرىنى بۇ ھەرىكەتكە ئىشلەتكەن بولسىمۇ تامامەن يوللۇق ئىدى. بىراق ئۇ ئۆز روھىدىكى ئىلاھى ئىرادىنى، ئىلاھى قىممەتنى ئۆزگەرتەلمەيتتى! بۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنى ئاشكارە كۈرەش مەيدانىغا ئاتقان ئىدى.

نۇھنى كوككە تاقاشقان توپاندىن ساقلىغان ئاللاھ، نەمرۇتنىڭ ئاسمان پەلەك ئوت بارخانىدىن ئىبراھىمنى قۇتقازغان ئاللاھ، يۇنۇسنى دېڭىزدىكى لەھەڭنىڭ قارنىدا ھايات ساقلىغان ئاللاھ، موسانى پىرئەۋننىڭ قوينىدا ياشىتىپ، ئۇنىڭ يول باشچىلىقىدا ئىسرائىل ئەۋلادىنى نىل دەرياسىدىن ئۆتكۈزگەن ئاللاھ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى جاھىل ئەرەپ خەلقىنىڭ دۈشمەنلىكىدىن غالىپ قىلغان ئاللاھ، ھەر ئەسىردە، ھەر قەۋمدە بىر يېتەكچىنى ئەۋەتىپ، ئەشۇ قەۋمنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇشقا ۋەدە قىلغان ئاللاھ بۇ ئەسىردە رابىيە قادىرخانىمنى ئۇيغۇر قەۋمىگە يولباشچى قىلىپ ئەۋەتكەن بولسا ئەجەپ ئەمەس!

ئۇنى ئاللاھ دۈشمەننىڭ زىندانىدا خۇددى ئوتنىڭ ئىچىدە پاختىنى ساقلىغاندەك ساقلاپ قالدى. بەندە ئۈچۈن شۇنچە قىيىن ھادىسىلەرنى ئوڭۇشلۇق بىلەن بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئاللاھ، ئىچىمىزدىكى زەھەرنى

تازىلاشقا قادىردۇر! ئارىمىزدىكى ياۋا تۇگۇڭزدەك ۋەھشى قارا نىيەت ئادەملەرنى ئوڭشاشقا قادىردۇر! يېنىمىزدىكى تۈلكىدەك خۇمسىلارنىڭ نەيرەڭلىرىنى بىت - چىت قىلىشقا قادىردۇر! ئەتراپىمىزدىكى قويدەك كالۋا _ ئىشتىنىڭ ئارقىسىدىنمۇ ئەگىشىدىغان، بەتنىيەت قاۋان تۇڭگۇزلارنىڭ ئارقىسىدىنمۇ ئەگىشىدىغان، چىلبۆرىلەرنىڭ ئارقىسىدىنمۇ ئەگىشىدىغان، سەركىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، قۇشخانىغا ئۆز تۇياقلىرى بىلەن بېرىپ، قاسساپنىڭ كانارىغا ئۆز پۇتلىرى بىلەن ئېسىلىدىغان قويدەك كالۋا ئاۋام خەلقىمىزگە ھەقنى كۆرسۈتۈشكە، ھەقنى سۆزلىتىشكە، قەلبىنى يورۇتۇشقا قادىردۇر!.

خۇمسىلارغا ۋىجدان، نامەرتلەرگە نومۇس، بەتنىيەتلەرگە تەۋپىق، قارا كۆڭۈللەرگە ھىدايەت، قورقۇنچاقلارغا جاسارەت، ئاچكۆزلەرگە قانائەت ئاتا قىلغۇچى ئاللاھ، رابىيە قادىرخانىمنىڭ يولىدىكى توسقۇنلارنى ئېچىۋېتىشكە قادىردۇر! مىللىتىمىزنىڭ ئازاتلىق يولىنى ئېچىۋېتىشكە قادىردۇر!.

## 31

رابىيە خانىم يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا، تېخىمۇ ياخشىراق ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشنى خالايتتى. ئۇ چوڭ بىر سودا سارىيى سالدۇرۇشنى، بىنانىڭ ئارقا تەرىپىگە ئىشچىلىرى ئۈچۈن ئائىلىلىكلەر بىناسى سالدۇرۇشنى پىلانلايتتى. پۈتۈن خىتاي بويىچە شەخسىلەر ئۈچۈن، تېخى ئىككى قەۋەتلىك بىنا سېلىشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان بىر چاغ بولۇپ، بۇنداق ئېگىز بىنا سېلىش « ئىددىيە جەھەتتىن خاتا قاراش » بولۇپ ھېساپلىناتتى. ئۇ پىلانلىرىنى ۋاقتىنچە يولدىشى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىگىمۇ ئاشكارە ئېيتمىغان ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىنئالا پىلانىغا يولدىشىنىڭ قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئۇ پىلانلىرىنى پۇشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككى يۈز نەپەر تىجارەتچىنى ئۆزىنىڭ « ئاياللار بازىرى » غا ئۆزئارا ئۈچرىشىش ئۈچۈن تەكلىپ قىلدى. ئۇ بۇ يەرگە يىغىلىشتىكى مەقسەتنى قىسقىچە بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

ئەگەر ھەر بىرىڭلار خالىساڭلار، بىز بىرلىكتە ئىش قىلساق، كۆپ سەرمايىگە ئېرىشەلەيمىز، مىڭلىغان تىجارەتچىلەر دۇكان تۇتالىغۇدەك چوڭ بىر تىجارەت بىناسىمۇ قۇرۇپ چىقالايمىز، بۇ بۈگۈن بۇ يەرگە يىغىلىشتىكى

مەقسەت .

قەشقەردىن كەلگەن بىر سودىگەر سۆز ئېلىپ مۇنداق دېدى:

_ سىزنىڭ تالانتىڭىز، تىجارەتتىكى ماھارىتىڭىز ھەققىدە تالاش يوق. مۇشۇ ئاياللار بازىرىدا سىز ناھايىتى كۆپ نەتىجە ياراتتىڭىز. لېكىن ھەر قېتىم مۇشۇنداق نەتىجىگە ئېرىشەلەيمەن دەپ قارامسىز؟ ھۆكۈمەت شەخسلەر ئۇچۇن بۇنداق بىر چوڭ سودا بىناسى سېلىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھەر ھالدا بۇ چوڭ تىجارەتكە قېتىلمايمەن .

بۇ يەرگە توپلانغان كىشلەرنىڭ ھېچ بىرى رابىيە خانىم بىلەن بىرگە يەتتە قەۋەتلىك چوڭ بىر سودا بىناسىنى سالدۇرۇشقا قېتىلمىدى. رابىيە خانىم ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، لازىملىق ھەممە ماتىرىياللارنى تەييارلىدى. ئۇ بۇ ماتىرىياللارنى ئۇرۇمچى شەھەرلىك پارتكومىنىڭ سېكرىتارى خىتاي جاڭغا كۆرسەتمەكچى. خىتاي جاڭنىڭ خىزمەت ئورنى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ۋە كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ باش سېكرىتارىنىڭ خىزمەت بىناسى جايلاشقان يەردە ئىدى. بۇ ئورۇنلارغا ئادەتتىكى كىشلەرنىڭ كىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھۆكۈمەت بىناسىدا سېكرىتارلىق خىزمىتىدىكى بىر ئايال رابىيە خانىمنىڭ يېقىن دوستلىرىدىن بولۇپ، بۇ يەرگە رابىيە خانىمنىڭ كىرىشى ئۈچۈن بىرلا چارە ئىدى. ئۇ قاراۋۇللارغا ئەشۇ سېكرىتار ئايال بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى، ئۇنى زىيارەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى.

سېكرىتار ئايال رابىيە خانىمنىڭ مەقسىدىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى يوقۇرى قەۋەتتىكى جاڭنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ ئېلىپ چىقتى.

جاڭنىڭ سېكرىتاريارەمچىسى ئىشخانىنىڭ ئالدىدىلا تۇرغان رابىيە خانىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ دەرھال ئىشخانىغا قايتىپ كىرىپ، باشلىقى بىلەن پىكىرلەشتى. باشلىق « بۇ ھۆكۈمەت بىناسىغا قانداقلارچە كىرەلىگەن، قورقۇمسىز تەلۋە ئايال » نى كۆرمەكچى بولدى ۋە ئىشخانىغا كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. رابىيە خانىم ئۇنىڭ ئىش ئۈستىلىنىڭ يېنىغا يېقىن كەلگەندە، ئۇ تاماكا تۈتۈنىدە ساغىرىپ كەتكەن، ھىڭگىيىپ تېشىغا چىقىپ تۇرىدىغان، ئارا چىشلىرىدەك ئوقۇر چىشلىرىنى چىقىرىپ تۇرۇپ:

_ بىلەمسىز، ئىگىز، چوڭ بىنا دېگەن نېمە ئۇ؟ سىز بۇ قۇرۇلۇشنى يالغۇز قانداق ۋۇجۇتقا چىقىرالايسىز؟ شۇ بىنانى سالدۇرۇشقا راستىنلا ئىشەنچ قىلىۋاتامسىز؟ بىز سىزنى، « ئايالار بازىرى » ڭىزنى قۇرۇپ چىققانلىقىڭىز

ئۇچۇن ياخشى كۆرسەك، سىز بەكلا ئاينىپ كەتكەندەك قىلىسىز. ئويلىشىمچە سىز ئۇيغۇرغۇ دەيمەن، بۇ راستمۇ؟ ئەگەر بۇ راست بولسا، سىز ئەسلىدە ئىپتىز - ئىبرىقتا كەتمەن چېپىشىڭىز ۋە باللىرىڭىزغا ئۇماچ قايىنتىپ بېرىشىڭىز كېرەك ئىدى! - دېدى ئاچچىق تەئەددى قىلىپ.

ئۇنىڭ سۆزلىرىگە كىرپىكمۇ قاقماي تۇرۇپ جاۋاپ بەردى رابىيە خانىم:

_ سىزچە بولغاندا ئەشۇنداق ئىگىز بىنانى كۆچ، قابىلىيەتكە ئىگە كىشىلەرلا سالالايدۇ- دېگەن سۆزىڭىزدە ھەقلىقسىز. پەقەت ئىپتىز - ئىبرىقتا كەتمەن چېپىپ، ئۇماچ قايىنتىپ ياشىغان كىشىلەر، سىز ئېيتقان يېتەرلىك كۈچ - قابىلىيەتكە ئىگە كىشىلەردۇر! قارىشىمچە سىز ئاچچىقلاۋاتىسىز. لېكىن سىز بىلىشىڭىز كېرەككى، بۇنداق ئىگىز بىر بىنانى سالدۇرۇش ئىشى ماڭا قىيىن ئەمەس!

جاڭ مۇئاۋىن سېكرىتارىغا غەزەپلەنگەن ھالدا، رابىيە خانىمنى سىرتقا چىقىرىۋېتىشنى بۇيرۇق قىلدى.

لېكىن رابىيە خانىم ئۈيىگە كەتمەستىن، ئاپتونوم رايونلۇق مەركىزى ھۆكۈمەت بىناسىغا كىرمەكچى بولدى. ئۇ ئۇيغۇرئاپتونوم رايونلىق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، خىتاي خۇۋاڭ باۋجاڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى. خۇۋاڭ شەھەر قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى تەستىقلەيتتى. بىراق قاراۋۇللار ئۇنى كىرگۈزمىدى. ئۇدا بىر ھەپتە جېدەللىشىپمۇ نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، خۇۋاڭنى يولدا توسۇش نىيىتىگە كەلدى.

ئاخىرى كۈتكەن ۋاقىت يېتىپ كەلدى. _ پولو يۈز، كۆز - قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن بىر سەت خىتاي خىزمەت بىناسىدىن ئايرىلدى. ئۇ ماشىنىسىغا ئولتۇرغىچە ئارىلىقتا رابىيە خانىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ رابىيە خانىمنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىككى قولىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، جايىدا جىم تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇردى.

رابىيە خانىم ئۇنىڭغا سوئال قويدى:

_ سىز بىزنىڭ _ مۇشۇ ئۆلكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولىسىزغۇ، ئۇنداقتا نېمىشكە بىر ئۇيغۇر ئايال بىلەن سۆزلىششنى خالىمايسىز؟

ئۇ دەرھال رابىيە خانىمنى تونىدى بولغاي، ئالدىراپ، تېنەپ

_ ھە، مەن سىزنى تىلۋىزوردا كۆرگەن ئىدىم - دېدى ئۆزىنى تۇتىۋالغان ھالدا.

ئۇ قولىدىكى تىجارەت بىناسى قۇرۇلۇش پىلانىنى تولۇق جاسارەت بىلەن خۇۋاللىغا ئۇزاتتى ۋە:

_ سىز ياخشى بىر ئادەمدەك كۆرۈنىۋاتىسىز، ئۆتۈنۈپ قالاي، مۇشۇ قەغەزگە ئىمزا قويۇپ بېرىڭ! ئەگەر رەت قىلسىڭىز، مەن سىزنى ھېچقاچان ئارام تاپقۇزمايمەن –دېدى. ئۇ ھېچنىمىنى ئاڭقىرالمىغاندەك تېڭىرقاپلا قالدى ۋە:

_ زادى نېمە قىلماقچى سىز – دېدى، رابىيە خانىمنىڭ مەقسىتىنى بىلمەكچى بولۇپ.

_ مەن يەر سېتىۋېلىپ، ئۇ يەرگە بىر بىنا سالدۇرماقچى.

_ سىز بىر ئايال تۇرۇپ بىنا سالدۇرماقچىمۇ؟.

ئۇ قايتا، قايتا تەكرارلىدى ۋە قەغەزنى ۋاراقلاپ قاراپمۇ قويماقىستىن ئىمزا قويىۋەتتى. رابىيە قادىرنىڭ بىر بىنا سالدۇرىشى تەستىقلەندى! بەلكى ئۇ كىچىك بىر ئۆي - قورا سالدۇرسا كېرەك- دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي.

رابىيە خانىم ھۆكۈمەت بىناسىدىن شەھەر باشلىقى يۈسۈپ ئەيسانىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، خۇۋالىق بىلەن بولغان سۆزلەرنى ئېيتىپ _ ئۇ ئىمزا قويۇپ بولدى، ئەپەندىم ئەمدى سىزمۇ ئىمزا قويۇۋەتكەن بولسىڭىز - دېدى مەغرۇر كەيپىياتتا. قاتۇرۇپ قويغان تاشتەك يېقىمسىز قارىدى ئۇ رابىيە خانىمغا ۋە:

_ راستىنلا بىر چوڭ بىنا سالدۇرالامسىز؟ - دەپ سورىدى. ھەمدە ئىمزاسىنى قويدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇ پىلانىنى يولدىشىغا بايان قىلىۋىدى، كۈتكەندەكلا ئىنكاس قايتۇردى :

_ سەن بۇنى قىلالمايسەن رابىيە! ھەر كىم ئۆزىگە چۈشلۇق دۇكان، تىجارەت بىلەن مەشغۇل. لېكىن سەن بۇندىن بۇرۇن ھېچكىم ئويلىمىغان، ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلارغا ئورۇنۇپ يۈرىسەن. زادى قانداق قىلىپ بېجىرەلەيسەن مۇشۇنداق يوغان ئىشنى؟ قانداق ھۆددىسىدىن چىقالايسەن؟.

سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى ھەتتا بىناغا ئۇل قويۇلۇپ بولغانغا قەدەر رابىيە خانىمنى بۇ ئىشتىن قايتۇرۇشقا تىرىشتى ۋە ئۆزىنىڭ پىكرىنى ياقلايدىغان يېقىنلىرىنى ئۆيگە باشلاپ كېلىپ، بىرلىكتە تەكلىپ بېرەتتى.

رابىيە خانىم يەنە جاڭنىڭ ئىشخانىسىغا باردى. ئۇ مەزكۇر ئىككى چوڭ مۇھىم كىشىنىڭ ئىمزا قويغانلىقىنى ۋە ئۇلار بىنانىڭ قۇرۇلۇشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، بېشىنى قاماللاپ تۇرۇپ يۈسۈپ

ئەيسانى غايىبانە قاغاپ كەتتى. ئۇ قۇرۇلۇش پىلانلىرىنى ۋاراقلاپ كۆرگەندىن كېيىن، « ھەي قاپاق باش ساراڭلار! » - دەپ، ئىمزا قويغان يوقۇرقى ئىككى باشلىقنى تىللىۋەتتى. ھەمدە ئامالسىز ئىمزا قويدى.

كېيىنكى كۈنى ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئۇ نامدا بىر ئۆلكىنىڭ چوڭ باشلىقى ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى خىتاي پارتىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ ئويۇنچىقى ئىدى. بۇ ئۆلكىدىكى پارتىيە باشلىقى خىتايلار بېيجىڭغا بىۋاستە باغلىق ئادەملەر بولۇپ، ئۆلكىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا بېجىرەتتى. مۇئاۋىن رەئىس مەزكۇر ئىمزالارنى كۆرۈپ كۈلۈشكە باشلىدى ۋە

_ سىزنىڭ بۇ بىنانى سالالمايدىغانلىقىڭىز ناھايىتى ئېنىق، بىراق باشقىلار ئىمزا قويغانىكەن، شۇ سەۋەپتىن مەنمۇ ئىمزا قويۇۋېتەي - دېدى لەۋلىرىنى ئۇماققىنە بىر يالىۋېتىپ.

رابىيە خانىم قۇرۇلۇشقا ئائىت ھۆججەتلەرنى يەر باشقۇرۇش ئىدارىسىدىكى تۈرلۈك بۆلۈملەرگە كۆرسەتكىنىدە، ئۇلار ھەر قايسىلىرى ئۆزلىرىنىڭ رابىيە خانىمغا بولغان ھۆرمەت ۋە ئۇلۇغلاش تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيتتى. ھەر قېتىم ئۇ بىناكارلىق نازارىتى بىناسىنىڭ كارىدورىدا پەيدا بولغىنىدا، نازارەتتىكى خىزمەتچىلەر ئۇنى كۆرۈشكە ۋە سالاملىشىشقا ئالدىراپ ئىشخانىلىرىدىن چىقىشاتتى.

رابىيە خانىم ئاخىرقى قېتىم « ئاياللار بازىرى » دىكى دۇكانلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تىجارەت قىلىۋاتقان، تىجارەتچىلەرنى يىغىپ، كەلگۈسىدىكى يېڭى تىجارى ئىشلارغا مەبلەغ سېلىشقا، يېڭى قۇرۇلماقچى بولغان تىجارەت بىناسىدىن دۇكان سېتىۋېلىشقا تەكلىپ بەردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا رابىيە خانىم بىلەن ھەمكارلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. كۆپچىلىكنىڭ ئاۋازى بىلەن ئىشلار رابىيە خانىمنىڭ كۈتكىنىدەك پايدىلىق تەرەپكە يۈزلەندى.

رابىيە خانىمنىڭ ئالدىدا يەنە نۇرغۇنلىغان تاشلىق يول ياتاتتى. چوڭ بىر بىنا سالدۇرۇش ئۈچۈن ئىمزا قويىدىغان، تامغا باسىدىغان يەنە نۇرغۇنلىغان، چوڭ - كىچىك ئىدارىلەر بار ئىدى. ئەپسۇسكى ئۇ ئۆزى ئارزۇ قىلىپ ئاران رۇخسەت ئالغان بۇ ئىشنى باشلايمەن دېگەن ۋاقتىدا يەنە ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغان ئىدى. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنى تۇگەشتۇرەتتى. ئۇ باستۇرىدىغان يەنە نۇرغۇنلىغان تامغىلار بار ئىدى. ھەربىر تامغا ئۈچۈن ئاز دېگەندە 50 قېتىم سۆزلىشىش كېرەك ئىدى. شەھەرلىك قۇرۇلۇش پىلان ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان

بىر ئۇيغۇر، رابىيە خانىمغا مۇھىم بولغان قائىدىنى ئېيتىپ بەردى _ « ئەگەر سىز بۇ يەرگە قۇرۇق قول ھەر كۈنى كەلگىنىڭىز بىلەن باشلىققا ياقمايدۇ. بىرنەرسە ئالغاچ كىلىشىڭىز كېرەك! ».

كېيىنكى قېتىم رابىيە خانىم 5.000 يۈەن ئالغاچ كەلدى. بەلكى پارا بەرگەنلىكى ئۈچۈن سوتقا تاپشۇرۇلۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ مۇشۇ بىنا ئۈچۈن پۇ-تۇن دۇنيانى سەرپ قىلىدىغاندەك تۇيغۇدا ئىدى. باشلىقنىڭ خىزمەتدىشى كەتكىچە شۇنداق ئۇزۇن ساقلىدى. ئاخىرى ئۇ يالغۇز قالغاندا، ئېھتىيات بىلەن « سىزگە ئاز بولسىمۇ 5.000 يۈەن ئالغاچ كەلدىم » دېدى سومكىدىكى پۇلنى چىقىرىپ.

_ دەرھال مۇنۇ تارتمىغا سېلىۋېتىڭ - دېدى ئۇ ئىش ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەر بىر ۋاراقنى ئېچىپ، ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويۇشقا باشلىدى.

ئىككىنچى بىر ئىشخانىغا يەنە شۇنداق تەستىقلىتىدىغان گەپ. بۇ شەھەر پىلانلاش ئىدارىسى « ئاق يەرگە مەسئۇل » بۆلۈمدىن سالدۇرماقچى بولغان بىنانىڭ قۇرۇلىشى ئۈچۈن « يېشىل سىزىق كۆرسەتكۈچى » رۇخسىتىنى ئېلىش كېرەك. بۇ ئىشقا مەسئۇل خىتاي، رابىيە خانىمغا ھەر قېتىمدا « ئەتە كېلىڭ » دەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇدا 20 كۈن يول ماڭغۇزدى. لېكىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، ئالدىنقى ئىشخانىدا كۆرگەن تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئۇ « زادى قانچە پۇل تەلەپ قىلىسىز؟ » دەپ ئوچۇقلا سورىدى.

_ 100.000 يۈەن _ دېدى ئۇ خۇرسەن بىر قىياپەتتە. رابىيە خانىمنىڭ خىيالىدا ئەڭ كۆپ بولغاندا 5.000 – 10.000 يۈەنگىچە پارا يېيىشى مۇمكىن ئىدى. ئاخىرى 30.000 يۈەنگە پۈتۈشتى. ئۇنىڭ يېنىدا بىرگە ئېلىپ بارغان 5.000 يۈەنلا بار ئىدى. شۇڭا ئۇ قالغان 25.000 يۈەننى ئۆيدىن ئېلىپ كەلگىچە، ئۇ خىتاي ئىشخانىسىدىن ئاللىبۇرۇن چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىر ئولتۇرۇشقا كەتكەن ئىكەن. رابىيە خانىم ئۆيگە قايتىپ كىلىپ دەرت تۆككەن ئىدى، يولدىشى:

_ مەن ساڭا دېمىگەنمىدىم، تامغىنى ئىگىلىگەن خىتاي، بىر ئۇيغۇرنىڭ ئەشۇنداق بىر چوڭ، ئىگىز بىنا سېلىشىغا يول قويمايدۇ دەپ _ دېدى ھەم كۆيۈنۈش، ھەم ئاچچىقلىنىش ئىلكىدە.

كېيىنكى كۈنى ئەتىگەندە رابىيە خانىم يەنە بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى ۋە گېزىتكە ئورالغان 30.000 يۈەننى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى.

بۆلۈم باشلىقىنىڭ قولىدا يەنە ئۈچ ئادەمىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار مۇھىم بولغان « يىپەك سىزىق » نى كۆرسۈتۈپ بېرىدىغانلار ئىدى. چۈشكىچە ئۇلار ئىش ئۇستىلىنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇپ قارت ئويناشتى. ئەمما رابىيە خانىمنىڭ قەغەزلىرىگە بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆز قىرىنى تاشلاپمۇ قويۇشمىدى. ئاخىرى سەبىر قاچىسى تولغان رابىيە خانىم، ئۇلاردىن ئىشنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار ماتېرىياللارنى قوللىرىغا ئېلىشقان ئىدى، بىرسى ـ قورسىغىمىزدا ھېچ نەرسە يوق، ئىشىڭىزنى قانداق قىلىمىز! شۇڭا سىز ئالدى بىلەن بىزنى ياخشىراق مېھمان قىلىڭ - دېدى. رابىيە خانىم چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۇ خىتايلارنى رېستۇرانغا باشلاپ باردى ۋە تاماكا، شامپان قاتارلىق، ئۇلار تەلەپ قىلغان ھەممە نەرسە بىلەن مېھمان قىلدى. ئۇلار قايتىپ كېلىپ ئارانلا بىر « يىپەك سىزىق » نى كۆرسەتتى. قالغىنىنى بولسا « ئەتە ئىشلەيمىز، ئەتە چۈشلۈك تاماقتا ئەشۇ ياخشى رېستۇراندا ئۇچرىشايلى » دېدى ئىشتىن چۈشكەنلىكىنى ئېيتىپ.

ئەتىسىمۇ بىرلا سىزىقنى ئىشلىدى. رابىيە خانىمنىڭ تەلەپلىرىنى بولسا، « سىز ئۈيگە بېرىپ بالىلىرىڭىزغا قاراڭ، بىز ئىشىڭىزنى ياخشى ئىشلەپ بېرىمىز » دەپ رەت قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ ھەركۈنى ئۇلارنى رېستۇراندا مېھمان قىلىش، ھەتتا ئۇلارنىڭ خوتۇن بالىلىرىنىمۇ ئېسىل تاماقلار بىلەن كۈتۈش كېرەك. رابىيە خانىم بۇ خىتايلارغا يىگۈزىۋاتقان تاماق، خەجلەۋاتقان پۇللارغا ئىچى سىرىلىپ كېتەتتى ۋە ئەشۇ ئاچچىقىدا ئۆزى بىر قاچا سۇيۇق ئاش ئىچىپ بولدى قىلاتتى. بۇ ھەر كۈنى داۋاملىشىۋەرگىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ زەردىسى قايناپتتى. نېرۋىسى بۇزۇلۇپ، بەزىدە ئېغىر تېرىكىپمۇ قالاتتى. بىراق بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ئىش ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كېتىدىغان گەپ. ئۇ چاغدا مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئۇ ھەممە ئېغىرچىلىقنى يەنە چىدامىلىق كوۆرسىتەتتى. ئونىنچى كۈنى بۇ نومۇسسىز ئۈچ نەپەر خىتاي ئىشنى تۈگەتتى.

ئۇندىن كېيىن « قىزىل سىزىق » كۆرسۈتۈش بۆلۈمىدە يەنە مۇھىم كىشىلەرنى ئىزدەش كېرەك. ئۇلار يەنە يوقۇرى ھەق تەلەپ قىلىدۇ. بىنا سالدۇرۇش ئۈچۈن ئانچە كۆپ پۇل كەتمەيتتى. بىراق بۇ كىشىلەر قانۇنسىز تەلەپ قىلىدىغان ھەق بەك يوقۇرى. ئىش بېجىرىدىغان خادىملارنىڭ ئۆزلىرىگە، خوتۇن بالىلىرىغا، يېقىن – يۇرۇقلىرىغىچە بىر دانىسى 4.000 يۈەنلىككىچە، ئالى سۈپەتلىك خۇرۇم چاپان، زىنىنەت بۇيۇملىرى قاتارلىق

ماللارنى ىبكارغا بىرىدىغان گەپ. ئۇلار نىمىنى تەلەپ قىلسا، سوغات تەرىقىسىدە بىرىلىشى كىرەك! شۇنداق كۇنلەرنىڭ بىرىدە رابىيە خانىم بۇ ئىغىرچىلىقلارنى كۆتۈرەلمىدى ۋە ئۆيىگە قايتىپ كەلگىنىدە، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپلا، كىچىك بالىلاردەك قارغىشلىق قىلىپ يىغلىقىلى تۇردى. ئۇنىڭ ھازىرغىچە پىلانلىرىغا نارازى بولۇپ كىلىۋاتقان سۆيۈملۈك يولدىشى سىدىق ھاجى روزى ئۇنىڭغا مەدەت بىرىشكە باشلىدى:

_ رابىيە قاراپ باقە! سەن ھازىرغىچە نۇرغۇن ئىشلاردا غەلبىلىك نەتىجە ياراتتىڭ، ئىشنىڭ كۆپ قىسمى تۈگەپ، ئاز قىسمى قالدى، يەنە بىر ئازلا سەبىر قىلىشىڭ، قۇرۇلۇش ئىشى باشلانغىچە سەبىر قىلىشىڭ كىرەك! سەن غايەڭگە يىتىش ئۈچۈن يەنە ئىشەنچ قىلىشىڭ كىرەك! .

ئۇ رابىيە خانىمنىڭ يىنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلاتتى:
_ كوممۇنىست دىمەك _ كام نومۇس دىمەكتۇر. بۇلار نومۇسسىز كىشىلەردۇر! سەن قانچىلىك چوڭ توسقۇنلۇقلارنى يەڭسەڭ، يەنە ئۇنىڭدىنمۇ ئىغىرلىرى ئالدىڭنى توسۇپ تۇرىدۇ! .

ئۇنىڭ مەدەتلىرى رابىيە خانىمغا بالدەك تەسەللى بولماقتا ئىدى. ئۇ يولدىشىنىڭ مۈرىسىگە بىشىنى قويۇپ، ئۆز - ئۆزىنى پەپىلىتەتتى.

بىنا قۇرۇلۇشى باشلانغىچە، مەبلەغ سالغان نۇرغۇن كىشىلەر، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى سەبىرسىزلىنىپ، مەبلىغىنى قايتۇرۇپ بىرىشنى تەلەپ قىلىشاتتى. لىكىن ئۇنىڭ « ئاياللار بازىرى » دىن دۇكان ئىجارىگە ئىلىپ، باي بولۇپ كەتكەن تىجارەتچىلەر ئۇنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بولۇپ قالغان ئىدى.
( شۇ ناملىق كىتاپ، 216- 223 بەتلەر)

( قوشۇمچە )

ئۇنىڭ « رابىيە قادىر سودا سارىيى » نى قۇرۇپ چىقىشىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنىڭ، تارتقان ئەزىيەت، كۈلپەتلىرىنىڭ يۈزدە بىرىمۇ بۇگۈنكى تىمىدا ئىپادىلەنمىدى. ئۇنى تولۇق بايان قىلىش ۋە رابىيە خانىمنىڭ سەبىرچانلىقىنى، چىدامچانلىقىنى، تەدبىرچانلىقىنى، جىددىي مەسىلىگە جىددىي ھەم توغرا مۇئامىلە قىلالايدىغان تالانتىنى مىللىتىمىزگە يورۇتۇپ بىرىدىغان، ئەشۇ بىر بىنا ھەققىدىكى بايانىنى بۇنچىلىك بىر يازما بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. بەلكى بىر قانچە توم كىتاپ بولىشى مۇمكىن.

ئەلۋەتتە بىر شەخسكە ئائىت سودا بىناسىنىڭ، مىللەت ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيىتى بار؟ ئۇنىڭ بايان قىلغۇدەك نېمە ئالاھىدىلىكى بار؟_ دېگەن سوئالنىڭ قويۇلىشى تەبئىي. چۈنكى بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ كىشىلىكىدە تېخى نېمىنىڭ ئەھمىيەتلىك بولغانلىقىنى، قايسى ئىشنىڭ قانداق قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكۈدەك ئەقلى قابىلىيەت يېتىلگىنى يوق. ھەتتا بىز مۇشۇ پىكىر مەيدانىدا پات- پاتلا كۆرۈپ تۇرىۋاتقىنىمىز، ئۆزىمىز گۇۋاچى بولىۋاتقان پەيتلەردىمۇ « رابىيە خانىم بۇشنىڭ قولىنى تۇتۇپ رەسىمگە چۈشۈپ قويسا، نېمە بوپتۇدەك؟ ئۇ قانچىلىك ئىش ئىدى؟ كۆرىمىز تېخى، ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى تۇرمىدە، گۆرەگە ئېلىنغان، ۋاقتى كەلسە، ئوغۇللىرى ئۈچۈن مىللەتنى سېتىشى مۇمكىن! » _ دېگەندەك ياۋۇز، زەھەرخەندە سۆزلەرنىڭ يامراپ يۈرىشى، ئۇنداق زەھەرخەندە سۆزلەرنى بەزەنلەرنىڭ « توغرا پىكىر » _ دەپ، قۇۋۋەتلىشى... ھەتتا « ئامېرىكا كونگرەسى ئالغان 497- نومۇرلۇق قارار، رابىيە خانىمنىڭ ئوغۇللىرى ئۈچۈن، ھۆسەين جېلىل ئۈچۈن ئېلىنغان قارار، ئۇنىڭ مىللەت بىلەن نېمە باغلىنىشى بولسۇن؟ قارار دېگەن ئېلىنىدىغان نەرسە، ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشى باشقا گەپ، ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە ئويغۇن كەلمىگۈچە قارار پېتىم تۇرىۋېرىدۇ...» _ دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەرنى مۇشۇ پىكىر مەيدانىدا، تېخى يېقىنقى كۈنلەردە ئوقۇپ كۆردۇق. دېمەك، مىللىتىمىز كىشىلىرىدىكى سېزىم، تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر، ماھىيەتلىك قاراش، قىممەت قارىشى دېگەنلەر تېخى بىخ سۇرمىگەن. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئەلۋەتتــە « رابىيە قادىرنىڭ بىنا سالدۇرۇشى قانچىلىك ئىش ئىدى؟ ئۇنىڭ مىللەت بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ » _ دېگەن سوئاللارنىڭ ناھايىتىمۇ تەبئىي ئىكەنلىكى، رابىيە قادىرخانىمنىڭ بۇ يولدا كۆرسەتكەن جاسارىتىنىڭ، قابىلىيىتىنىڭ، مىللەت ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقىنىڭ پىسەنتكە ئېلىنماسلىقى، ھەتتا ئىنكار قىلىنىشىمۇ تەبئىي ئەھۋال. چۈنكى بۇ يەردىكى يىلتىزلىق مەسىلە « ئاڭ، سېزىم، تۇيغۇ، ئىنسانىي ھېس، كىشىلىك قىممەت قارىشى، پايدا بىلەن زىياننى، ئاق بىلەن قارىنى پەرقىتىش ئىقتىدارى، شۇنداقلا ھايۋانات بىلەن ئادەمىيلىكنىڭ ئارىسىدىكى پەرقتىن ئىبارەت ھالقىلىق مەسىلەدۇر.»

« رابىيە قادىر سودا سارىيى » نىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىشىنىڭ ئۆزىلا، بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرنىڭ قەد كۆتىرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھېسسىي قىممەتتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە قىممەت

ئىكەنلىكىنى كۆرگەنلا كىشى بايقىيالايدىغان، « ئۇيغۇر مىللىتى ئەنە شۇنداق ئۆز مەۋجۇتلۇغىنى ئىسپاتلاشتا جان - جەھلى بىلەن پىداكارلىق، تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغان، قۇربان بېرەلەيدىغان ھەقىقىي ئاقسۆڭەك، ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇپ، مۇستەقىل ياشاشقا تېگىشلىك بىر مەدەنى مىللەت ئىكەن » _ دېگەن ھۆكۈمنى ئىسپاتلاپ تۇرىدىغان قىممەتتۇر! مەن بۇ ھەقتە بىزنىڭ پىكىر مەيدانىمىزدا رابىيە خانىم ھەققىدە يېقىنقى كۈنلەردە ئېلان قىلىنغان، نامەلۇم ( زىھرۇللاھ ) ئىسىملىك بىر ئاپتورنىڭ ماقالىسىنى ئۆز قارىشىمغا ئىزاھات تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىمەن:

## رابىيە خانىم ۋە مېتافىزىك ئەركەكلىك

(ئىلمى ماقالا)
زىھرۇللاھ

رابىيە خانىم ھەققىدە ئۇيغۇرچە خېلى كۆپ ماقالىلار يېزىلدى، بىراق ئۇنىڭ روھىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىك ھەققىدە ھېچكىم توختالمىدى. تىلغا ئېلىنماي قالغان بۇ ئالاھىدىلىك رابىيە خانىمدىكى مېتافىزىك ئەركەكلىكتۇر!

ئۇنداقتا، مېتافىزىك ( مەنىۋي، روھي ) ئەركەكلىك دېگەن نېمە؟

مەلۇمكى، تەبىئەتنىڭ ئىش تەقسىماتى _ ئائىلىدە، ئەركەككە بايلىق يارىتىش ۋە بىخەتەرلىكنى قوغداش، ئايال تەرەپكە بولسا گۈزەللىك يارىتىش ۋەزىپىسىنى يۈكلىگەن، ئۇنداق ئىكەن دۆلەتتىن ( مىللەتتىن ) ئىبارەت چوڭ ئائىلىدىمۇ، مىللەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋەزىپىسى ئەرلەرلەرنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن بولىدۇ ، شۇڭا ئەركەكلىك دېمەك ئەنە شۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىش ۋە ئىجرا قىلىش دېمەكتۇر. ئەمما بۇ ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشقا يالغۇز فىزىكىي( جىسمانىي ) ئەركەكلىك كىپايە قىلمايدۇ. ھەممىدىن كۆپرەك مېتافىزىك ( مەنىۋي، روھىي ) ئەركەكلىك كېرەك بولىدۇ. مېتافىزىك ئەركەكلىك ھەققىدە بىرەر كىتاپ يېزىلىشى مۇمكىن، ئەمما ئىخچاملىساق تۆۋەندىكىدەك بىر جۈملىگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

مېتافىزىك ئەركەكلىك دېمەك، قىسمەت قارار قىلغاندا، « خەتەرگە ئۆزىنى

ئېتىش » دېمەكتۇر.

ئەمدى رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسى ھاياتىغا نەزەر تاشلىساق، ئىككى قېتىم چوڭ - چوڭ خەتەرگە ئۆزىنى ئاتقانلىقىنى كۆرىمىز:

بىرى ــ رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ سېلىنىشى.

خانىم بۇنى، ئىقتىسادىي ئاساسى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن چاغدا، ئاساسەن بانكىدىن قەرز ئېلىپ سالغان، زور مىقداردىكى بىر قەرزگە قول قويۇشىنىڭ، ئۇنى زىممىسىدە كۆتۈرۈپ يۈرۈشىنىڭ ۋە ھۆددىسىدىن چىقىشىنىڭ قانداق روھىي جەريانلاردىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئاز - تولا تىجارەت قىلىپ كۆرگەنلەر ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، دۆڭكۆۋرۈكتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان « رابىيە قادىر سودا سارىيى » يالغۇز، قۇرۇلۇش ماتېرىيالىلا ئەمەس، ئۇ رابىيە خانىمنىڭ خارەكتېرىدىكى تەۋەككۇلچىلىكنىڭ ئابىدىسى، مېتافىزىك ئەركىلىكنىڭ مۇنارىسىدۇر.

يەنە بىرى ــ 1997- يىلى بېيجىڭدا ۋاڭ لې چۈەننى تەنقىد قىلىشى.

شۇ يىلى بېيجىڭدا ئېچىلغان خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا، رابىيە خانىم ۋاڭ لې چۈەننى « غۇلجا ۋەقەسىنى قانلىق باستۇرۇشتا جاللاتلىق قىلدى » دەپ ئەيىپلىگەن، بۇ سىياسى ھاياتىمىزدىكى تارىخىي بىر ۋەقە. چۈنكى، بۈگۈن خىتاينىڭ سىياسى سەھنىسىدە تۇرۇپ، خىتايغا قارشى گەپ قىلىش دېمەك، كويزا - كىشەنگە قارىتا قولىنى ئۇزۇتۇپ مېڭىش، تۈرمىنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ يول ئېلىش، تىيەنئەنمېن ۋەقەسىنى نەزەردە تۇتساق، دۇشمەن ئوقىغا كۆكرەك كېرىپ مېڭىش دېمەكتۇر. رابىيە خانىمغا كەلگەن كېيىنكى زىيانكەشلىكلەر، دەل ئەشۇ مەيداندىن باشلانغان، ئاتالمىش ش ئۇ ئا ر دىكى ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنىڭ بۈگۈن خىتاينى تەنقىد قىلىش ئەمەس، « قېتىلمايمەن » دېگەن بىر سۆزگىمۇ جۈرئىتى يەتمەيۋاتقان، « تامامەن قوشۇلىمەن » بىلەن ۋەزىپىگە كىلىپ، يەنە شۇ « تامامەن قوشۇلىمەن » بىلەن پېنسىيەگە چىقىپ كېتىپ بارغىنىنى ئويلىساق، بۇ يەردىكى تەۋەككۇلچىلىكنىڭ سالمىقىنى ئېنىق ھېس قىلىمىز. مەن رابىيە خانىمنىڭ ھازىرغا قەدەر مىللەت ئۈچۈن قىلغان خىزمەتلىرى ئىچىدە ئەڭ ئۈستۈن بىلىدىغىنىم ئۇنىڭ بېيجىڭدا ۋاڭ لې چۈەننى تەنقىد قىلىشىدۇر.

دېمەك رابىيە خانىم ئائىلىدە كۆيۈمچان بىر ئانا بولۇشى مۇمكىن، ئىجتىمائىي سورۇنلاردا نازاكەتلىك بىر خانىممۇ بولۇشى مۇمكىن. ئەمما سىياسى ساھەدە مۇكەممەل بىر ئەركەكتۇر.

15.09.2007

32

بىنا سالىدىغان قۇرۇلۇش مەيدانى تۈزلىنىپ بولغاندىن كېيىن، رابىيە خانىم ھېلىقى « ئاياللار بازىرى » نىڭ ئېچىلىشىغا تەكلىپ قىلغان ئىككى يۈز نەپەر تىجارەتچىنى يەنە بىر قېتىم، بىنا سالىدىغان يەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇ مەيدانغا قاتارىسىغا تىزىلغان شىرەلەرنىڭ ئۈستىگە، سېلىنماقچى بولغان « سودا سارىيى » نىڭ نۇسخىسىنى ئولتۇرغۇزدى ۋە كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ « تىجارەت بىناسى » غا مەبلەغ سېلىشنى تەكلىپ قىلدى.

كېيىنكى كۈنىدىن باشلاپ مەبلەغ سالىدىغانلار، پۇللىرىنى رابىيە خانىمغا بىر - بىرلەپ تاپشۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلار رابىيە خانىمغا شۇنچىلىك ئىشەنگەن ئىدىكى، شىرە ئۈستىگە قويۇۋاتقان پۇللىرىغا ھۆججەتمۇ تەلەپ قىلىشمايتتى. شۇنداق قىلىپ جەمى 4 مىليون يۈەن نەق پۇل مەبلەغ يىغىلدى. بۇ قۇرۇلۇشقا كېتىدىغان ئومۇمى خىراجەتنىڭ تەخمىنەن 25% نى تەشكىل قىلاتتى. بۇگۈنگىچە بانكىدىن قەرز تەستىقلەنمىگەن بولۇپ، مۇشۇ قېتىمقى ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى سالغان مەبلەغ بىلەنلا « رابىيە قادىر ھەسسىدارلىق شىركىتى » قۇرۇلدى. بۇ يەردە شۇنداق بىر كىشىلىك ئېتىبار مەۋجۇت ئىدىكى، ئۇلار پەقەت رابىيە خانىمغا ئىشەنچ قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى ئەشۇنداق تاپشۇرماقتا ئىدى، ئۇلار پۇللىرىغا ئۆسۈممۇ تەلەپ قىلمايتتى.

رابىيە خانىم بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى بىلەن توختام تۈزۈشتى. قۇرۇلۇش 16 مىليون يۈەن بىلەن پۈتەتتى. 8 مىليون يۈەن ئالدىن تاپشۇرۇلىدىغان، قالغان 8 مىليون يۈەن 5 يىل ئىچىدە بۆلۈپ تاپشۇرۇلىدىغان، لېكىن كېچىكتۈرۈلگەن پۇل ئۈچۈن، شىركەت باشلىقلىرىغا يەڭ ئىچىدە 3 مىليون بېرىدىغان بولۇپ، ئاخىرقى ھېساپ 19 مىليون يۈەنگە تاقالدى.

تامغىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىش، ھەر كۈنى ئالدامچى، قويمىچى كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىش، توختاملىشىش كىشىنى مادارىدىن كەتكۈزەتتى. ئەمما ئىش بۇنىڭلىق بىلەن بىر ياقلىق بولغىنى يوق. رابىيە خانىم پىلانلىق تۇغۇت ئىدارىسى خادىملىرىنىڭ ئاگاھلاندۇرىشىغا يولۇققان ئىدى. ھۆكۈمەت

ھازىرغىچە تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلغىنى بىلەن، ئىجرائاتتا ئانچە بەكمۇ قاتتىق قوللۇق قىلمىغان ئىدى. بىراق رابىيە خانىمنىڭ توققۇزۇنچى بالىسىغا تۇغۇت نۆۋىتى يېقىنلاشقاندا، ئۇ تۇغۇت چەكلەش سىياسىتىنىڭ ئۆز بېشىدا ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

ھەر بىر كىچىك يېزىلاردىمۇ بەش - ئالتە ئايال خادىملار، ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى خىتاي ۋە ئاز ساندا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئاياللىرىمۇ بار بولۇپ، ئۇلار بولغۇسى ئانىلارغا كۆز - قۇلاق بولۇشۇپ، تەقىپ قىلىشاتتى. تۇغۇت رۇخسىتى يوق ئاياللار دوختۇرخانىدا تۇغۇش ۋە تىببى غەمخورلۇقتىن مەھرۇم ئىدى. ئىككىنچى تۇغۇتلىرىدا مەجبۇرى تۇغۇتنى چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلىنىدىغىنى ئۈچۈن، كۆپلىگەن ئاياللار دوختۇرخانىغا بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئېغىر كېسەللىككە مۇپتىلا بولاتتى. نۇرغۇن قاتبوي ئاياللار تۇغۇت ئۈچۈن، بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا قېچىپ كېتەتتى. لېكىن قەيەرگىلا بارمىسۇن، ھېلىقىدەك كۆز - قۇلاق، تۇغۇتنى تەقىپ قىلغۇچىلار مەۋجۇت ئىدى. ئەگەر يوشۇرۇن تۇغۇلغان بالىلار بولسا، ھاياتىنىڭ تۇنجى نەپىسىدىلا قارا نوپۇس بولۇپ، پۈخرالىق سالاھىيىتىدىن مەھرۇم بولاتتى. بۇنداق بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى كۆپۈنچە ھاللاردا ئىش ئورۇنلىرىدا ( پۇل ) جازاسىنى ئۆتەيتتى.

رابىيە خانىمنىڭ يەتتىنچى ھامىلە ئېيىدىن باشلاپ، تۇغۇتنى كونترول قىلىدىغانلار تەقىپ قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ ئىددىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، ھامىلىنى ئالدۇرۇۋېتىشكە خىزمەت ئىشلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلماقتا ئىدى. بىر كۈنى تۆرت نەپەر ئايال رابىيە خانىمنى سەراسىمىگە سالدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ساقچىلارمۇ بار ئىدى. ئۇ، ئۇلار بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىشى كېرەك مىش!.

_ ئاي - كۈنۈم يېقىنلىشىپ قالدى. بۇ مېنىڭ توققۇزۇنجى ئېيىم! باللا دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا، سەنلەرنىڭ قانداقمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە كۆزلىرىڭ قىيىدۇ! _ دېدى رابىيە خانىم غەزەپ بىلەن يېزىق ئۇستىلىنى شاپىلاقلاپ.

ئۇلار ھەر ھالدا باشقا ئۇيغۇر ئاياللىرىغا قارىغاندا، رابىيە خانىمغا بىر ئاز ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. لېكىن تۇغۇت چەكلەش پىرىنسىپىنىڭ بارلىق ئاياللارغا مۇستەسناسىز ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنىمۇ بىلىشەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھامىلىنى تۇغۇلدۇرماي ئېلىۋېتىشكىمۇ ئىمكانلىرى يېتەتتى. كېيىنكى كۈنى چۈشتىن كېيىن رابىيە خانىم ھېلىقى قۇرۇلـــۇش « قىزىل سىزىق » كۆرسەتكۈچى بۆلۈمگە كىرىۋىدى، توساتتىن ئۇنىڭ يېنىدىلا تۇغۇتنى

كونترول قىلغۇچىلار پەيدا بولدى ۋە ئۇنى ئۆز ئىشخانىلىرىغا ئېلىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئەتە رابىيە خانىمنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، ھامىلىنى ئېلىۋېتىدىكەن. شۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدا بىر ئاغرىق ھېس قىلدى. ئاھ! خۇدا! بۇ ئاچچىق تولغاق!

ئۇنىڭ دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان دوستى مەدىنىيەت خانىمنىڭ ياردىمى بىلەن 1989 ـ يىلى 25 ـ دىكابىر 4 ـ قىزىنى تەۋەللۇت قىلدى. كېيىنكى كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭ كارۋىتى يېنىدا بىر كېسەل ھەمشىرىسى پەيدا بولدى ــ دە، ــ ۋاي خۇدايىم! بۇ رابىيە ئانا ئەمەسمۇ! سىز 18 ـ نومۇرلۇق كارۋاتتا ئىكەنسىزغۇ! ــ دېدى شۈركەنگەن ھالدا. ئۇنىڭ قولىدا تابلېت ۋە بەش دانە ئوكۇل بار ئىدى.

ئۇ ــ رابىيە ئانا سىز دەرھال بالىڭىزنى ئېلىپ بۇ يەردىن كېتىڭ! ئۇنى قۇتۇلدۇرۇڭ ــ دېدى. ئۇنىڭ قولىدىكى ئوكۇلنىڭ بىرىدە 18 ـ نومۇر يېزىلغان ئىكەن. دېمەك بەش دانە ئوكۇل بىلەن بەش بوۋاق ئۆلتۈرۈلمەكچى ئىدى. رابىيە خانىم ھېلىقى ھەمشىرىنىڭ قولىدىكى ئوكۇل دورىلارنى ئېلىۋالدى.

ــ ياق، ئۇنداق قىلماڭ، رابىيە ئانا، ئۇنداق قىلماڭ! ــ دەيتتى ئۇ جىددىيلەشكەن ھالدا.

ــ ئاللاھ ساڭا ياخشى بىر ئىش ئورنى بېرىشكە قادىر، ياكى سەن مۇشۇنداق قاتىللىق قىلىشنى ياخشى كۆرەمسەن! ــ دېدى رابىيە خانىم.

ــ رابىيە خانىم، ئۇنداق قىلماڭ، مەن سىزگە ئىشىنىپ، سىزنى خەۋەردار قىلغان ئىدىم ــ دېدى ئۇ رەزىل بىر قىياپەتتە. رابىيە خانىم ئويلىنىپ تۇرماستىنلا كارىدورغا چىقىپ، كېسەل يوقلىغۇچى ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ قولىغا بىرزەچە پۇل تۇتقۇزۇپ، دەرھال يولدىشىنى چاقىرىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. كېسەل ھەمشىرىسىنى چاقىرىپ، ــ سەن مېنىڭ يېنىمدا تۇرىۋەرگىن، بىز پاراڭلاشقان بولۇپ تۇرايلى، بوۋاقلارنىڭ ئىگىلىرى كەلگىچە سەن بۇ يەردىن نېرى كەتمە ــ دېدى. لېكىن ئۇ:

ــ ياق بولمايدۇ، رابىيە خانىم، سىز ئۆز بالىڭىزنىلا قۇتۇلدۇرىۋېلىڭ، باشقىلارنىڭ بالىسى بىلەن ئىشىڭىز بولمىسۇن ــ دېدى. ئەمما رابىيە خانىم قولىدىكى ئوكۇللارنى يەرگە ئېتىپلا ھەممىسىنى كۇكۇمتالقان قىلىۋەتتى. كېسەل ھەمشىرىسى بولسا، يىغلىغان پېتى يۈگۈرەپ چىقىپ كەتتى. ئاندىن رابىيە خانىم ياندىكى بوۋاقلار بۆلۈمىگە كىرىپ، نومۇرلارنى چاقىرغىلى تۇردى. بوۋاقلارنىڭ ئانىلىرى ئالدىرىشىپ كىرگەنلىرىدە، بوۋاقلارنىڭ مەزكۇر ئوكۇل بىلەن ئۆلتۈرۈلمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. ماغدۇرسىز ئانىلار يىغى

جانلىرىنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشاتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا دوختۇرخانا باشلىقى پەيدا بولدى ۋە رابىيە خانىمنىڭ قولىنى ئارقىسىغا قايرىپ، ئىككى پۇكلىگىنىچە ئېلىپ ماڭدى. دەل شۇ پەيتتە بەختتكە يارىشا ئۇنىڭ سۆيۈملۈك يولدىشى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى بىر قانچە كىشى بىلەن نەق مەيدانغا ھازىر بولدى. بىچارە ئانىلار بولسا يەنىلا ئۆز يۈرەك پارىلىرىنىڭ قايغۇسىدا پات - پاراقچىلىقتا چېپىشاتتى.

مۇشۇ پىلاندىن سىرت تۇغۇلغان بوۋاق ئۈچۈن جازا ئىجرائاتىدا سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنى مۇئاۋىن پروپېسسورلۇقتىن ئېلىۋەتتى. ئۇنىڭ مائاشىدىن ئىككى دەرىجە چۈشۈردى ھەم 2000 يۈەن پۇل جازاسى بەردى. رابىيە خانىمغا 50.000 يۈەن جەرىمانە قويدى. ئۇلار بۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغان قىزىغا «كەكەنوس» دېگەن ئىسىمنى قويۇشتى. بۇ ئىسىم پارىس خەلقىنىڭ 500 يىل ياشايدىغان، سۆيۈملۈك قۇرغۇيىنىڭ نامى بولۇپ، قىزىغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىمەكچى بولۇشتى.

تۇغۇتنى چەكلەش سىياسىتى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تېخىمۇ قاتتىق ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. ھەتتا ئەرلەرنىمۇ مەجبۇرى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىپ، ئاختا قىلىۋېتىش ئىجرا قىلىندى. تۇغۇتنى چەكلەش ئىدارىسى بىلەن، دوختۇرخانا ئوتتۇرىسىدا پىلاندىن سىرت تۇغۇلغان بوۋاقلارنى ئۆلتۈرىدىغان توختام رەسمى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى.

بىنا قۇرۇلۇشىمۇ ئۆز يولىدا داۋام ئەتمەكتە.ئائىلىلىكلەر ۋە ئىشچىلار بىناسى ئاۋال پۈتۈپ بولدى. ئەسلىدە ئاۋال پۈتۈشكە تېگىشلىك بولغان، ئەمما ئۇزۇندىن بېرى قەغەز يۈزىدە تۇرغــان « سودا سارىيى » مۇ يېقىندا يۈكسەكلىكتە قەد كۆتەرمەكچى. ئەللىك ئالتە ئائىلىلىك ئورۇنلىشىدىغان بىنانىڭ مەلۇم قىسمى سېتىلدى. قالغان قىسمى ئىجارىگە بېرىلدى. رابىيە خانىم ئۆز ئائىلىسى ئۈچۈن بىنانىڭ ئىككىنجى قەۋىتىنى پۈتۈنلەي ئايرىپ قالدى. بۇ ئۇرۇمچى بويىچە زامانىۋى - كۆركەم ئۆي بولۇپ، بەش ئېغىزلىق ياتاق ئۆيى، مېھمانخانا، ئاشخانا، ھاممام، خالا قاتارلىق ھەممە بۆلۈملەر شۇنداق ئازادە، كۆركەم ئىدى. بۇ ئۆينى كۆرگىلى كەلگەنلەرنىڭ ھەرقاندىغى ھاياجان ئىلكىدە رابىيە خانىمغا مەدھىيە ئوقۇشاتتى. ھەتتا ( ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىۋېرستېتنىڭ ئائىلىلىكلەر بىناسىدىن تۇزۇكرەك ئۆي تەستىقلەشكىمۇ

ئۆنىمىغان، ئۇلارنىڭ يېقىمسىز، سېسىقچىلىقىنىڭ يېنىدىكى ناباپ ئۆيىنى ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى قوبۇل قىلمىغان ) ئۆنىۋېرسىتېتنىڭ يارىدەمچى رېكتورى راۋۇپ ئەۋزىمۇ « بىز ھەممىمىز مۇشۇ خانىمدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك، مەن ئاتمىش ئىككى يېشىمغىچە توپلىغان تەجرىبىلىرىمدە، سوۋېت ۋە خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن ئالغان تەجرىبىلىرىمدە، بىزگە ئۇلۇغ پارتىيە يېتىپ كەلگەندىن بۇيان، بۇنداق بىر ئايالنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم، ئۆز سۆزىدە تۇرىدىغان، دېگىنىنى قىلىدىغان بىر ئايالنى كۆرۈپ باقمىغان. ئۆز ۋاقتىدا مېنى بەكلا قورقۇتقان ئىدى. ئەمدى مەن پەخىرلىنىۋاتىمەن! »_ دەپ مەدھىيە ئوقۇشقا باشلىدى. ( راۋۇپ ئەۋزى بىر قانچە يىل ئاۋال رابىيە خانىمنى « بۇ ئايال بەك خەتەرلىك ئايال ئىكەن. ئىددىيىسى بۇزۇق، كوممۇنىزىمنى يامان كۆرىدىغان ئايالكەن » دەپ باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى ) ئەمدىلىكتە رابىيە خانىمنىڭ كارامىتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي ماختىماقتا ئىدى.

سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنىڭ شاتلىقىمۇ باشقىچە ئىدى. ئۇ ھازىرغىچە بۇنداق ئايرىم ، يېزىش، ماتىريال كۆرۈش بۆلۈمى، كۆركەم كۇتۇپخانىسى بولمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز خوشاللىقىنى ۋە ئارزۇلىرىنى ئىپادىلىمەكتە:

_ سەن ماڭا مەن كۈتكەن، ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلدىڭ! سەن ماڭا بالىلىرىمنى ئاتا قىلدىڭ! سەن ماڭا ئىشخانا ۋە مۇشۇ كۆركەم ئۆينى بېغىشلىدىڭ! لېكىن سەن ئۆزەڭگە قايتىپ كەلمىدىڭ! مەن ساڭا يېتەلمىدىم!! ئەگەر سەن پەقەتلا بىز بىلەن بىرگە بولساڭ، بىز مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ بەختلىك ئائىلە بولۇپ ياشايمىز! بەلكىم سېنىڭ تىجارەت ئىشلىرىڭدىن توختايدىغان چېغىڭ يېتىپ كەلدى! بۇنى خالامسەن؟ .

_ مەن پەقەت بۇ ئۆينى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا مېھنەت قىلغىنىم يوق! بۇ مېنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمنىڭ كىچىك بىر پارچىسى! _ دېدى رابىيە خانىم گەپنى كېسىپ. ئۇنىڭ بۇنداق جاۋاپ بېرىدىغانلىقىنى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى ئالدىن تەخمىن قىلغان ئىدى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆڭۈللۈك ئىدى. بارلىق ئۇرۇق - تۇققانلار، بالىلارمۇ بەختىيار ئىدى. قاخار، روشەنگۈل، راھىلەلەر كۆچۈپ كېلىپ بىرگە ئولتۇرۇشتى. باشقا بالىلىرىمۇ ۋاقىت يار بەرگىنىچە يوقلاپ تۇراتتى.

رابىيە خانىملار بۇ يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەن ۋاقىتنىڭ ئۆزىگە

توغۇرلاپ، « سودا سارىيى » نىڭ قۇرۇلۇشىنى باشلاشنى پىلان قىلدى. سودا سارىيىنىڭ ئۇلىغا لىنتە كېسىش مۇراسىمىگە بەش مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. كىشىلەرنىڭ قوللىرىدا سوغاتلىق كىيىم - كېچەك، پۇل-پۇچەك، ھەتتا بەزىدە قوي، ئۆچكىلەرمۇ يېتىلەكتە بىرگە كېلەتتى.

ئۇرۇمچى شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى يۇسۇپ ئەيسا، سودا سارىيى قۇرۇلۇشىنىڭ لېنتىسىنى كەستى. ئۇ لېنتە كېسىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى دىدى:

_ مەن بۇگۇن بۇ يەرگە كەلگەن نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆرۈۋاتىمەن، يۇرىگىم كۆكرەك قەپىسىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك! تىل بىلەن تەسۋىرلىگۇسىز بىر كۇچ مېنى ئۇچۇرۇپ كېتىدىغاندەك! شۇنداق مەن ئۇچىۋاتىمەن! مەن خەلقىمنى چۇشىنىۋاتىمەنكى، ئۇلار ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ قەھرىمان قىزىنى دۇنيا سەھنىسىگە چىقاردى! مەن كۆرۈۋاتىمەنكى، خەلقىمىزنىڭ گۇزەل ئارزۇلىرى، خەلقىمىزنىڭ كۇتىدىغىنى، خەلقىمىزنىڭ ئىستىقبالى مۇشۇ خانىمنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرۇپتۇ! ئۇنىڭ زىممىسىدا تۇرماقتا! مەن ئۆزەممۇ رابىيە قادىرنىڭ جاسارىتىدىن ئوزۇقلانماقتىمەن، ئۇنىڭ روھىدىن ئۆگەنمەكتىمەن! بۇ بىر يۇكسەك، چوڭ بىنادۇر بۇ يەردە قەد كۆتەرمەكچى بولغان! بۇ ھەم تۇنجى ھەم چوڭ بىر بىنادۇر، بىزنىڭ تارىخىمىزدىكى!.......

شاتلىقتىن پارلىغان يۇزلەرنى كۆرۈش كىشىنى يۇكسەك تۇيغۇغا بەنت قىلىدۇ. رابىيە خانىم ئەشۇنداق ھاياجان ئىلكىدە سۆزگە چىقتى:

_ بىز ئۆزىمىزنىلا سۆيۈپ كېتىۋەرمەسلىگىمىز لازىم، شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى، ئىنسانىنىڭ قولىدىن كۆپ ئىشلار كېلىدۇ. ئىنسان كۆپ ئىشلارنى بېجىرەلەيدۇ. سىلەرنىڭ بۇگۇن كۆرۈۋاتقىنىڭلار بولسا، مېنىڭ ئەمەلىيەتكە ئايلانغان چۇشلىرىمدۇر. ئاۋال ھەممە كىشى بۇنـــى « ئەمەلگە ئاشمايدىغان بىر ئىش، قىلغىلى بولمايدىغان ئىش، خاتا بىر ئورۇنۇش » _ دەپ قاراشقان ئىدى. بۇگۇندىن باشلاپ بىز تىرىشچانلىق كۆرسۇتۇشىمىز، ئۆزۇندىن بۇيان بىزگە قارىتا تاقالغان ئىشىكنى ئېچىشىمىز كېرەك!. مەن ئىشىنىمەنكى بۇ يەردىكى پەقەت بىرلا رابىيە قادىر ئەمەس! بەلكى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا بەش مىڭلىغان رابىيە قادىرلار تۇرماقتا. مەن بىر ئېغىر ۋەزىپىنى ئۇستۇمگە ئالغانمەن، لېكىن بۇ كىچىك باشلىنىش. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئانىلار تېخى كەلگۇسىدە نۇرغۇنلىغان ئاكتىپلارنى ئالغا چىقىرىدۇ. بۇگۇن سىلەرگە مۇھىم ئىككى ئىشنى سۆزلەپ ئۆتىمەن:

1. ھەر بىر كىشى شەرەپ بىلەن ئۆلۈش يولىنى تاللىشى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىم! مېنى خاتا چۈشۈنۈپ قالماڭلار. مەن قولىغا قورال ئېلىپ، ئۇرۇش مەيدانىدا ئۆلۈش كېرەك دەۋاتقىنىم يوق! بىز شۇنداق بىر يوقۇرى مەدەنىيەتلىك مىللەت ئىدۇق! لېكىن ھازىر بىز ھەممە نەرسىمىزنى يوقىتىش ئالدىدا تۇرماقتىمىز. يەنە بىز باشقىلارنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق! بۇ يەردىكى ئاساسلىق جاۋاپكارلىق پەقەتلا ئۆزىمىزدە. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى بىر ئاز ئۆزگەرتىشنى، ياخشىلاشنى ئويلايدىكەنمىز، چوقۇم بىرلىكتە ئىشقا كىرىشىشىمىز لازىم.

2. شەرتىسىزكى سىز تىلەمچى بولسىز، چۈنكى سىز نامرات! سىز مۇدۇرۇلۈپ يىقىلىسىز، چۈنكى سىز ماغدۇرسىز! شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ھەرھالدا بالىلىرىڭلارنى ئوقۇشقا ئەۋەتىشكە تىرىشىڭلار! ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىگە قىزغىن قاراشلىرى كېرەككى، ئۇلارنىڭ بالىلىرى بىزنىڭ – مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسىدۇر! .

نۇتۇقتىن كېيىن، كىشىلەر زىياپەتتىن ئورۇن ئېلىشتى. يۈسۈپ ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى رابىيە خانىم بىلەن بىر ئورۇندا تاماقلىناتتى. سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى – رابىيە بۇ كىشىلەرنى كۆردۈڭمۇ! سەن غەلبە قىلدىڭ – دەيتتى شاتلىق ئىلكىدە.

– سەن دېمىگەنمىدىڭ، مېنىڭ غەلبە قىلالمايدىغانلىقىمنى! – دېدى رابىيە خانىم كۆز قىسىپ. ھەر ئىككىلىسى تاتلىق كۈلۈشتى. شۇ كۈنى مىللەتنىڭ دەردىنى، قايغۇلىرىنى، ئازاپ - ئۇقۇبەتلىرىنى ھېس قىلىپ، تەڭ ئازاپلىنىۋاتقان رابىيە خانىم، بۇ ئەلەملەرنى ناخشا - ئۇسۇل، كۈلكە بىلەن يېڭىۋاتقاندەك قىلاتتى.

شەھەر باشلىقى يۈسۈپ ئەيسا قادىرخانىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ – سىز قىزىڭىزدىن پەخىرلەنسىڭىز بولىدىكەن! – دېدى.

– شۇنداق، قىزىم غەلىتە، بەزىدە بىزنى يىغلىتىدۇ. بەزىدە شاتلىقتىن كۈلدۈرىدۇ. ئۇ بىزنى – ئۇيغۇرلارنى تېنچ قويمايدۇ! – دېدى قادىرخان غۇرۇرلىنىپ.

لېرىك شائىر قىسقا بىر بېغىشلىما ئوقىدى:

ئاڭلىدىڭمۇ سەھەردە،
چىللىغان خورازنى.

« ئۇيغان! تاڭ ۋەسلى،
يېتىپ كەلدى! »
ئاڭلىدىڭمۇ؟
چىلاۋاتقان خورازنى! ......
( ئۇخلاشقا يەنە ۋاقىت
قالمىدى! )
( شۇ ناملىق كىتاپ 227-235 بەتلەردىن )

( قوشۇمچە )

رابىيە خانىم ئۆزىگە ئەشۇنداق ئىشەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ مەزكۇر « بىنا قۇرۇش » قا قىلغان تەۋەككۇلچىلىكى، شۇ كەمگىچە پىشىپ يېتىلگەن مول تەجرىبىلىرىنىڭ يىغىندىسى ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا، قولىدا بىر تىيىنمۇ يوق، ئۆيىدىن، ئائىلىسىدىن، بالىلىرىدىن ئايرىلىپ، يەككە - يىگانە تالادا قالغان كۈندىن باشلاپ، ئۆزىنى غالىپ ھېس قىلغان. ئۇ كانتوندا تاپقان- تەرگەنلىرىنى قانچە قېتىملاپ يوقاتقان چاغدىمۇ ئۆزىنى « مەغلۇپ » ھېس قىلمىغان ئىدى. بۈگۈن بىنا قۇرۇش باسقۇچىغا يەتكەندىمۇ ئۇنىڭ روھى كەيپىياتىدا ئالاھىدە ئۆزگۈرۈش يۈز بەرمىدى. ئەكسىچە مەزكۇر نەتىجىلىرى قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ كىچىك بىر پارچىسى ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلاتتى. لېكىن شۇ يىللاردا ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ھەر قانداق كىشىنى ھەيران قالدۇرغان. ئۇنىڭ بىر ئايال بولۇشىغا قارىماي، ئەشۇنداق چوڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا تەۋەككۇل قىلغىنى، ئەينى ۋاقىتتا تارىخى بىر ھادىسە بولغانلىقىنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى ئېتىراپ قىلغىنىدەك، بۈگۈن ئەركىن دۇنيادا ئۇيغۇر دەۋاسىنى ئۇستىگە ئېلىپ مەيدانغا چىقىشىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە « قىلغىلى بولماسلىق »، « قىلالماسلىق » گۇمانى ھۆكۇم سۈرگەن بولسا، غەرپ ئەللىرىنىڭ نەزىرىدە « جاسارەتلىك، غالىپ، قەھرىمان ئايال » . « بۇ ئايال ئۇيغۇر دەۋاسىنى ئەڭ ئۇنۇملۇك ئېلىپ بارالايدۇ ۋە نەتىجە يارىتىۋاتىدۇ » دېگەن يوقۇرى باھا ھۆكۈم سۈرمەكتە.

ۋەتەن، مىللەت دەۋاسىنى « خۇماردىن چىقىش » ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلار بولسا، « قېنى ئاخىرىنى كۆرىمىز! » دېگەن غوم بىلەن، بۈگۈنكى دەۋا تەرەققىياتىغا ئىچى قوتورلۇق، ھەسەتخورلۇق مۇئامىلىسىنى تۇتماقتا. بىز

ئىشىنىمىزكى رابىيە خانىم، ئۆز ۋاقتىدا ( خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتىدا ئېيتىلغاندەك ) « يايمىچىلىق » بىلەن تىجارەت باشلاپ، كوچىكە تاقاشقۇدەك سودا سارايلىرىنى بىنا قىلغىنىدەك، بۈگۈنكى دەۋانى « نامايىش، ئېل _ خەت، خەت ـ ئالاقە » باسقۇچىدىن قۇتقۇزۇپ، سىياسى ۋە دېپلوماتىك سەۋىيەگە كۆتىرىپ، خەلقئارالاشتۇرۇش پەللىسىگە ئېلىپ چىقتى. ئۇ يېقىن كەلگۈسىدە ئازاتلىق دەۋرىگە ئېلىپ كېلەلەيدۇ! ئۇ ھەرگىزمۇ دەۋاغا خۇمار ئەمەس! ئۇ نەتىجىگە ئاشىق! ئۇ نەتىجە يارىتىش بىلەن تونۇلغان.

بەزەنلەر ئۇنىڭ دۇنياۋى نەتىجىلىرىنى ئىچىگە سىڭدۈرەلمەي ۋايساپ يۈرىشىۋاتىدۇ. ھەتتا ئامېرىكا يوقۇرى پالاتالىرىن ئېلىنغان قارارلارنىمۇ ئوچۇقتىن ئوچۇق « بۇ شەخسىي مەسىلە، مىللەتنىڭ ئومۇمى ئىشلىرى بىلەن ئالاقىسى يوق » دېگەندەك، ئاجايىپ ھەسەت بىلەن تولغان، زەھەر خەندىلىك بىلەن ئۆز بايانلىرىنى ئېلان قىلىشماقتا.

بەزەنلەر دەۋانى ئۆزلىرى ياراتقاندەك، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا مىراس مۈلكىدەك ھېس قىلىشىپ « رابىيە خانىم بۇنى قىلغان بولسا، پالانى ئاكامۇ بۇنىڭدىن ئارتۇقنى قىلغان ئىدى » دېگەن غەرەزدە، تەتۈر تەشۋىقات تارقىتىپ، مىللەتنى قايمۇقتۇرۇشقا تىرىشماقتا. بىزنىڭ ھەرگىزمۇ بەزەنلەرنىڭ پالانى ئاكىلىرىغا قارىتا غۇمىمىز يوق. بىراق، ھالقىلىق پەيتتە كىمنى قوللاش، كىمگە ئەگىشىش، كىمگە مەدەت بېرىش مەسىلىسى كۈن تەرتىپتە.

بەزەنلەرگە ئاتاق لازىم بولغان بولسا، مىللەت ئاتاق بېرەلمەيدۇ. چۈنكى مىللىتىمىز گاداي، ئاجىز، پەقەتلا قۇتقۇزۇشقا مۇھتاجدۇر. مىللىتىمىزنىڭ دەردىنى ھەقىقىي ئاڭلىتىدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلگەندە، ئاتاق ئۈچۈن يولغا چىققانلار، ئۆز ناملىرىنىڭ كۆلگىدەپ قېلىشلىرىدىن، غايە، مەقسەتلىرىنىڭ توزغاقتەك توزۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ، مۇھىم ئۆتكەللەرگە ئورا كولىماقچى بولىشىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، نېمە بولسا بولسۇنكى رابىيە قادىر ئوبرازىنى تولۇق تىكلىشىمىز، پۈتلىماقچى بولغانلارغا كىم بولسا بولسۇن قاتتىق زەربە بېرىشىمىز لازىم.

يەنە شۇنداق بەزەنلەرمۇ باركى « رابىيە قادىر » دېگەن نامنى ئاڭلىسا بىئارام بولۇپ، ئۆزلىرىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قېلىشىدۇ. كەڭ جاھان ئۇلار ئۈچۈن تارلىق قىلىدۇ. رابىيە قادىر خانىم خىتاي تۈرمىسىدىكى زامانلاردا، ئۇنىڭ ئاق رومالغا ئورالغان، سالاپەتلىك سىماسى چۈشۈرۈلگەن رەسىملىرىنى تاختايغا چاپلاپ « فرىدوم فور رابىيا كادېر » دەپ كانايلىرى يىرتىلغىچە

تووۋلاپ يۈرگەنلەر، قانداقتۇر بۇگۈن ئۇنى كۆرسە، ھاۋا دولقۇنلىرىدا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا ئىچىدە مىڭ تۇڭگۇز قاتراپ كېتىدۇ. بەلكىم ئۇلار « فرىدوم فور رابىيا كادىيىر » دېگەن بۇ شۇئارنى خۇماردىن چىقىش ئۈچۈن تووۋلىغان بولىشلىرى، رابىيە قادىرخانىمنىڭ خىتاي زىندانىدىن چىقىپ، مىللىتىمىزگە بۇگۈنكىدەك شان - شەرەپ كەلتۈرىشىنى ئويلىمىغان بولىشلىرى مۇمكىن.

دېمەك، بۇ دەۋر راست بىلەن يالغاننى، ھەقىقەت بىلەن ساختىنى، شۇنداقلا ( ئىچىمىزدىكى ) دوست بىلەن دۈشمەننى ئايرىۋالىدىغان كەسكىن دەۋردۇر. دەۋانىڭ « رابىيە قادىر ئۆتكىلى » دىن ئۆتەلمىگەن دەۋاگەرنىڭ زىيانلىق ئامىل بولىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشىمىز زۆرۈردۇر. ھەتتا قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدىغان، نامايىشتىن باشقىغا يارىمايدىغان بەزەنلەرمۇ ئۆزىچە « رابىيە قادىرنىڭ بۇ دەۋانى خاتا يولغا باشلاپ قويىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرۈشلىرى » ۋە يارىماسلار بىلەن ئۆز - ئارا پىكىرلىشىپ يۈرۈشلىرى، ئۆزلىرىنى « قالتىس » چاغلاپ، دەۋانىڭ غوللۇق تۈۋرۈكلىرىدەك، ئەگەر ئۇلار بولمايدىغان بولسا، دەۋانىڭ ئاسمىنى گۈمۈرلۈپ چۈشىدىغاندەك، ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلىرى ئەقىلنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ھەر ئادەم ئۆزىنى بىلىشى، ئۆزىگە تەن بېرىشى كېرەككى، ئەندى يامىشىپ چىقىدىغان « داھىلىق » مۇنبىرى خام تامادىن ئىبارەتتۇر!.

33

1989 ـ يىلى 19 ـ ماي ئۈرۈمچى شەھرىدە كەڭ كۆلەملىك بىر نامايىش پارتىلىدى. نامايىشچىلار « ئەركىنلىق، ئازاتلىق، دېموكراتىيە » دېگەن شۇئارلارنى تووۋلايتتى. بۇ نامايىشقا شاڭخەيدە نەشىر قىلىنغان « مۇسۇلمانلاردىكى جىنسىي (شەھۋانى) ئادەت » ناملىق كىتاپ سەۋەپچى بولغان. ئوقۇغۇچىلار، ستۇدېنتلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئۇيغۇر، تۇڭگانلار، ئىشقىلىپ ئۈرۈمچى شەھرىدە ياشاۋاتقان مۇسۇلمان خەلق ئاممىسى بىردەك ئاۋاز بىلەن، بۇ ھاقارەتكە قارشى نامايىشقا قاتناشماقتا ئىدى. ئۈرۈمچى شەھەر كوچىلىرىغا تەخمىنەن 300.000 دىن ئارتۇق ئادەم تۆكۈلگەن ئىدى. بۇ ئۇيغۇر، تۇڭگان خەلقلىرىنىڭ بىرلىكتە قاتناشقان ھەرىكىتى

بولۇپ، بۇنداق بىرلىكنى سىياسى مەقسەتمۇ، مىللى مەدىنىيەت ئىلمىيتىلىرىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرالمايتتى. بۇ پەقەتلا دىنىي ئەقىدە بىرلىگىنىڭ كۈچىدىن بولىۋاتاتتى. نامايىشچىلار پات – پاتلا « يوقالسۇن كومموۇنىزىم دىكتاتۇرلىقى! » دېگەن شۇئارنى توۋلىشاتتى.

رابىيە خانىم يولدىشى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنى ئۈنىۋېرسىتېتتىن ئېلىپ، نامايىشچىلار توپىغا قوشۇلۇش ئۈچۈن يول ئالماقچى بولدى. بىراق سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنىڭ ئويلىقىنى باشقىچە ئىدى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرى ئۈنىۋېرسىتېتتىن ئايرىلماي، ئۆزىنىڭ نامايىشقا قاتناشمىغانلىقىنى، بۇ جەرياندا خىزمەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى، نامايىشقا ھېچ كىمنى قۇتراتمىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچىسىنىڭ گۇۋالىقى بىلەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ شوپۇرىغا ماشىنىنى ئۇدۇل رابىيە خانىمنىڭ تىجارەت بۇروسى تەرەپكە ھەيدەشنى ئېيتتى.

رابىيە خانىم ماشىنىدىن غەزەپ بىلەن چۈشۈپ، يولدىشىنى « قورقۇنچاق » دەپ ئەيىپلەيتتى. لېكىن بۇ نامايىشمۇ كومموۇنىست پارتىيىنىڭ پايدىسىغا ئايلاندى. نامايىش ساقچى ۋە خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ قاتتىق بېسىمى بىلەن توختىغاندىن كېيىن، نامايىش قاتناشچىلىرىنى تۇتقۇن قىلىشتى ۋە ئېغىر ئىسكەنجە بىلەن قىيىندى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسەت بولسا تېخىمۇ قاتتىق تەدبىرلەرنى ئىجرا قىلىش بولدى. ساقچىلار ئۈنىۋېرسىتېتنىڭ رېكتورىدىن دەسلەپ قىلىپ سورىغىنى، سىدىق ھاجى روزىنىڭ بۇ نامايىشتا قانداق رولى بارلىقى بولدى. نامايىشچىلارنى سوراق قىلىپ، قىيىن - قىستاققا ئېلىپ، نامايىشنىڭ ئارقىسىدا كىمنىڭ بارلىقى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، رابىيە خانىم سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنىڭ بۇ نامايىشقا قاتناشمىغانلىقىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تيەن ئەنمېن مەيدانىدا كۆتۈرۈلگەن نامايىشنى تىلۋىزور خەۋەرلىرىدە كۆرگەن رابىيە خانىم، چەكسىز ئۈمۈت ئىچىدە « كوممۇنىزىم ئاخىرلاشتى! خەلق غەلبە قىلىدۇ! » دەپ كىسىپ ئېيتقىنىدا، يەنە ئۇنىڭ يولدىشى « ياق، سەن ئەشۇ كوچىلاردا ئەمەس، ئۇ يەردكى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيسەن، ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس بۇ، بۇ تۈزۈمنى ئاغدۇرۇش ئاسانغا توختىمايدۇ » دەيتتى. كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز خەلقىنى، ئۆز بالىلىرىنى، ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنى تانكا

بىلەن قانلىق باستۇرغانلىقىمۇ يەنە ئەشۇ تىلۋىزور خەۋەرلىرىدە كۆرسىتىلدى. بۇ نامايىش ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى بولۇپ، دېڭ شياۋ پىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، پىكىر ئەركىنلىكى تەلەپ قىلىنغان يوللۇق ھەرىكەت ئىدى. لېكىن خىتاي دىكتاتورلىرى ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ، مەسىلىنى ھەل قىلماستىن، ئەكسىچە ئۇلارنى قانلىق قىرغىن قىلىپ ئاخىرلاشتۇرغان ئىدى.

خەلقىمىز ھاياتلىقتىن ئۈمۈت ئۈزگەن ھالدا كۈرەش قىلماقتا ئىدى. 5 - ئاپرېل 1990 - يىلى بارىن يېزىسىدا خەلق قوزغالدى. مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، نۇرغۇن قېتىم ئىسيان كۆتىرىلگەن بولۇپ، بۇ قېتىمقىسى ئەڭ چوڭ بىر قوزغىلىش ئىدى. بۇ ھەرىكەتتىن رابىيە خانىم « بۇلار ئەمدى غەلبە قىلىدۇ! » دەپ، يەنە ئۈمۈتلەنگەن ئىدى. چۈنكى ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبى رايونلىرى خىتاي كۆپ يەرلەشمىگەن جايلار بولۇپ، ئۇ ياقتىكى ئۇيغۇرلار خىتايدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلاتتى.

بىراق ھۆكۈمەت دەرھال يىغىن چاقىردى. خىتاي خەلق قۇرۇلتىيى يىغىن زالىدا، ھەربى ئىشلار كومىسسارى ئوچۇق قىلىپ مۇنداق جاكارلىدى:

ــ بىز بۇ ئىسيانىنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرىشىمىز كېرەك. بۇ ھەقتە دەرھال تۇتۇش قىلىش لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، شىنجاڭ قولدىن كېتىدۇ! ھەتتا قوزغىلاڭ رايونلىرىنى كۈرەشچى ئائىرپىلان بىلەن بومباردىمان قىلىشىمىزمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس!

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان رابىيە خانىم شۈركىنىپ كەتتى. بۇ دەھشەتتىن ئۇنىڭ يۈرەكلىرى سوقۇشتىن توختىغاندەك قىلاتتى. ھېلىقى خىتاي ھەربى كومىسسار ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ مۇنازىرىلىشەتتى ۋە « بارىندىكى بۇ ئىسيانىنىڭ ئارقىسىدا چەتئەللىنىڭ قولى بار » دەپ كىسىپ ئېيتاتتى. خىتاي ھۆكۈمىتى سۆزدە دەۋا قىلغىنىدەك، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئارقىسىدا نە سوۋېت ئىتتىپاقى بولسۇن، نە دېموكراتىك غەرپ ئەللىرى بولسۇن! بەلكى ھېچ قانداق ھىمايىچىسى بولمىغان، ئاددى - ساددا دېھقانلار قوزغىغان ھەرىكەت ئىدى.

ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەرىكەتكە قارىتا « بارىننىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي چەت دۆلەت بىلەن چېگرىلەنگەن، ۋەتىنىمىزنىڭ چوڭ بىر قىسمى بولغان شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىش ئۈچۈن، نەچچە ئون يىللاپ جاھانگىر دۆلەتلەر بىلەن

تىل بىرىكتۈرگەن پان ئىسلامىزىمچى ئۇنسۇرلار، مىللىي بۆلگۈنچى ئىدىيەدىكى يازغۇچىلار بۇ قېتىمقى توپىلاڭنى قوزغىدى » دەپ ئېلان قىلغان باياناتى تېلېۋىزوردا خەۋەر تەرىقىسىدە ئاڭلىتىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن رابىيە خانىم بىر قانچە دوستلىرىنى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ۋەزىيەت ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزمەكچى:

_ بىز قانداق قىلغاندا ئەڭ تەدبىرچان، پاراسەت بىلەن ئىش ئېلىپ بارالايمىز، بۇ بىرلا يېزىدىكى مەسىلە ئەمەس، بەلكى پۈتۈن، بارلىق يېزىلار شۇنداق قوزغىلىشى كېرەك! لېكىن قانداق قىلىپ بۇ ھەرىكەتنى كەڭ كۆلەملىك ھالدا ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ؟ ئومۇمىيۈزلۈك تەشكىللەش مۇمكىن ئەمەس! .

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭدىن بىلدۈرۈشىچە بارىن قوزغىلىڭىغا قارشى 200.000 خىتاي ئەسكىرى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلگەن بولۇپ، 1000ئەسكەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىگى بايان قىلىنىدى. پۈتۈن ۋەتەن مىقياسىدا ھاياجان ئەۋجىگە چىقتى. خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇستەقىل بولۇش ئالدىدا تۇرىۋاتقان، قېرىنداش رەسپۇبلىكالاردىن ئۈلگە ئېلىپ، تېخىمۇ چوڭ بىر ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قورقۇشقا باشلىدى ۋە قاتتىق تەدبىر ئالدى. قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە شەرقى تۈركىستان بويىچە يۈزلىگەن مەدرىسلەر تاقىلىپ كەتتى. ئون مىڭلىغان دىنىي زاتلار كۆزدىن كەچۈرۈلدى. كادىرلار ۋە 18 ياشتىن تۆۋەن ياشلار مەسجىدكە كىرىشتىن چەكلەندى. تۇغۇت چەكلەش ئىجرائاتى تېخىمۇ قاتتىق ئېلىپ بېرىلدى. ئۇيغۇرلار ئۇچۇن ئىش ئورنى تېپىش تېخىمۇ قىيىنلاشتى. ئاتمىش نەپەر ئىشچى بار بىر كارخانىدا ئۇيغۇرنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئون نەپەرگە يەتمەيدىغان ھالەت شەكىللەندى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا قارىتا قانۇنلىرىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇردى. ئۇيغۇرلارغا « مىللەتچى » دېگەن تامغىنى باستى. شۇنىڭ بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي خەلقى بىلەن، باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا بىرلىك، ئىتتىپاقلىق بەرپا قىلىشنى كۆزلەپ يۈرگۈزگەن سىياسىتى ئارقىلىق، مىللەتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ تېخىمۇ بۇزۇلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى م. گورباچوۋ باشلىغان « قايتا قۇرۇش ۋە ئېچىۋېتىش » ئىسلاھات

سىياسىتىنىڭ ئاستىدا، 1991 ـ يىلى 21 ـ دېكابىر ئالمۇتا شەھرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا خاتىمە بېرىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلىرى قەد كۆتەردى. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىگە قېرىنداش، قازاق، ئۆزبەك، قىرغىز، تۈركمەن خەلقلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتى بولغانلىقىدىن سۆيۈنمەكتە ئىدى ۋە بۇ خەلقلەردىن چوڭ ئۈمۈتلەنگەن ئىدى. بەلكى بىزمۇ ئۇيغۇرستانىمىزنى قايتۇرۇپ ئېلىشىمىز مۇمكىن! دەپ چوڭ ئارزۇلاردا ئىدى.

بىراق خىتاي مۇستەبىتلىرى بۇ دۆلەتلەرگە قولىنى ئۇزارتتى. شەرقى تۈركىستاننىڭ ھەممىلا يېرىدە جار سېلىپ « ئۇيغۇرلار شۇنى بىلىشى كېرەككى ، خىتايلار بىلەن ئۇيغۇرلار بىر بىرىگە باغلىنىشلىقتۇر، ئۇلار بىر بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ » دېگەن سىياسى نەيرەڭلىرىنى تەشۋىق قىلاتتى. دەرۋەقە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇ خوشنا خەلقلەرمۇ دوستلۇق رىشتىلىرىنى ئانچە ئۇزۇن داۋاملاشتۇرمىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىققە بولغان ئۈمۈتلىرى تۇخۇمىدا ئۇجۇقتۇرۇلدى. ئەسلىدە ئۇيغۇرلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەر تارىخى بىرلىكى، مەدەنىيەت ئورتاقلىقى، تىل ۋە سەنئەت ئوخشاشلىقى جەھەتتىن ئورتاقلىقا ئىگە ئىدى. خىتاي زۇلمىدىن قېچىپ، ئوتتۇرا ئاسيا تەۋەلىكىگە چىققان ئۇيغۇرلارنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن خىتاي ھۆكۈمىتىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە باشلىدى.

سوۋېت پارچىلانغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپتىن يېڭى تىجارەت ئىشىگىمۇ ئېچىلىشقا باشلىدى. ئۇ ياقلاردىن تىجارەت مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگەن كىشىلەر ئالدى بىلەن رابىيە خانىمنى ئىزدەيتتى. بۇ چاغلاردا ئۇيغۇرلاردا ئوتتۇرا ئاسىياچە كېيىنىش ـ توغرىسىنى ئېيتقاندا غەرپچە كېيىنىش مودا بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار بولسا، خىتايچە پورسېلان (ساپال قاچا) ۋە ئەرزان مال ـ تاۋارلارغا قىزىقاتتى. شۇنىڭ بىلەن رابىيە خانىم خىتاي ئۆلكىلىرى بىلەن يەنە يېڭىدىن تىجارەت باشلىدى. ئۇ ئىچكىرىدىكى توقۇمىچىلىق شىركەتلىرى بىلەن، ئوتتۇرا ئاسىياغا ئويغۇن مال ئىشلەپ چىقىرىشنى توختاملاشتى. رابىيە خانىم ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۆزى چىقىش ئۈچۈن ئوتتەك قىزىقاتتى. بىراق خىتاي تىجارەتچىلىرى ئۈچۈن شۇنچىلىك ئاسان، ھېچقانداق توسقۇنلۇق يوق بىر يول بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا كەلگەندە زورۇر بولغان رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ، ساياھەت دوكۇمېنتلىرىنى ھەل قىلغىچە، ئاز دېگەندە ئىككى يىل كۈتىشى كېرەك. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئىچىدىكى بىر قانچە تونۇش ـ بىلىشلەر، رابىيە

خانىمنىڭ ساياھەت دوكۇمېنتلىرىنى تېزراق پۈتتۈرۈشىنىڭ ئامالىنى ئىزدەشكە 50.000 – 100.000 يۈەنگىچە پارا تەلەپ قىلىشتى. بۇنداق ئورۇنۇش رابىيە خانىمغا نىسبەتەن نازۇك بىر مەسىلە ئىدى. چۈنكى رابىيە خانىمغا پاسپورت ئىشلەپ بەرمەسلىك توغرىسىدا، ھۆكۈمەتمۇ ۋاڭ لې چۈەننىڭ ئەمرى ئاستىدا ئىدى. كۆپ قېتىم رابىيە خانىم يوقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن نېمىشكە ساياھەت دوكۇمېنتلىرىنى كېچىكتۈرىدىغانلىقىنى سورىغىنىدا، غەرپكە چىقىش ئۈچۈن كۈتۈش ۋە سەبىر قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشقان ئىدى. (شۇ نامىلىق كىتاپ 225،226. ۋە 235-238.بەتلەر)

( قوشۇمچە )

كىتاپنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدا مەزكۇر ھەرىكەتلەر ئۈرۈمچىدە 1989 - يىلى 19 - مايدىكى نامايىش، 1990 - يىلى 5 - ئاپرېل بارىندا پارتىلىغان ھەرىكەتلەر ناھايىتى تەپسىلى بايان قىلىنغان. شۇنىڭدەك تىيەن ئەنمېن ئوقۇغۇچىلار ھە-رىكىتىمۇ تەپسىلى سېلىشتۇرما شەكلىدە تەسۋىرلەنگەن. بۇ مەزمۇنلار ئۇيغۇرلارغا تونۇشلۇق بولغىنى ئۈچۈن، ئالاھىدە توختىلىشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

شۇنىڭدەك خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا سالغان زۇلمى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھارماي - تالماي، ۋاز كەچمەي ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كېلىۋاتقان مىللى ئىرادىسى گېرمان تىلى ئارقىلىق ياۋرۇپاغا ناھايىتى ئۇنۇملۇك، ئىسپاتلىق، قايىل قىلارلىق شەكىلدە ئاڭلىتىلغان. مەن ئەسلىدە بۇ يازمىلىرىم ئارقىلىق سىياسى رەھبىرىمىز، مەنىۋى ئانىمىز، قەھرىمان يول باشچىمىز رابىيە خانىمنىڭ « كىملىگى ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئازاتلىق ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلىشقا سالاھىيىتىنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكى » ھەققىدە كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلىشىشنى مەقسەت قىلغان ئىدىم. شۇڭا كىتاپتىكى رابىيە خانىمغا بىۋاستە مۇناسىۋەتى بولمىغان، ئەمما رابىيە خانىمنىڭ تىلى ئارقىلىق، گۇۋالىق ئورنىدا بايان قىلىنغان، قىممەتلىك تەشۋىقات ماتىريالى سۈپىتىدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلارنى ئىمكان بار قىسقارتىشقا تىرىشتىم. چۈنكى ئۇ تەرەپلىرى ئۇيغۇرلارغا تونۇشلۇق. ئەمما _ رابىيە خانىم مەزكۇر كىتاۋىدا قانداق نەرسىلەرنى سۆزلىگەن بولغىيتى؟_ دېگەن سۇئالغا جاۋابەن، بەزىدە كىتاپتىكى ئەسلى بايانلارنى تەقدىم قىلىشقا

تىرىشتىم. بۇ كىتاپ ھەم ئىشەنچلىك، ھەم تەپسىلى مەلۇماتلار بىلەن غەرپ ئەھلىنى تەمىنلەيدۇ. شۇنداقلا خىتاي زوراۋانلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلغان، ھۆججەتلىك ماتىرىيال قىممىتىگە ئىگىدۇر.

مىللەتكە ھېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىگەن ھالدا، مىللەتنى ئالدىمىغان ھالدا، پەقەتلا ئۆز بارلىقىنى پىدا قىلىپ، دۇنيا ئەھلىگە ئۇيغۇر مىللىتىنى، ئۇيغۇر دەۋاسىنى تونۇتۇشقا مۇيەسسەر بولغان پەقەتلا رابىيە قادىرخانىمدۇر.

بۈگۈن بىز تەشۋىقاتىنى قىلىۋاتقان رەھبەر بىردىن بىر مىللى ھەرىكەت مىزانىغا ئويغۇن، ئىنقىلاۋى ھەرىكەت سېپىدە تاۋلىنىپ چىققان، پۈتۈن مىللەت خەلقىمىز تونىغان، دۇنيا تونىغان، ئۇنىڭ ھەر بىر باياناتى خىتاي ئۇستىدىن گۇۋالىق بولۇپ ئېتىراپ قىلىنىدىغان، ھەقىقىي رەھبەردۇر! ئۇنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى، سالاھىيىتىنى پەقەت مىللى ئىرادە بەلگىلىگەن. ئۇنى مىللى ھەرىكەتنىڭ تەقەززاسى بەلگىلىگەن! ئۇنىڭغا بۇ سالاھىيەتنى ھېچكىم تەقدىم قىلغان ئەمەس. ئەكسىچە، كىرگىلى بولمايدىغان، تۈرلۈك - تۈمەن توساقلار بىلەن قورشالغان بۇ دەۋا قەلئەسىنى ئۇ ئۆزى « پەتھى » قىلدى. ئۇ سىياسى ھەرىكىتىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىنى تەرتىپكە سېلىشتا مىللى مەنپەئەتىمىزنى نەزەردە تۇتۇپ قىلىۋاتىدۇ. سىياسى ھەرىكىتىمىزنىڭ خەلقئارادىكى پائالىيەت جەريانىنى يەنىلا مىللىي مەنپەئەتىمىزنى چىقىش قىلغان ھالدا، غەرپ دېموكراتىك ئۇسلۇبىغا ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رابىيە قادىر رەھبەرلىكىگە رىقابەتچىلىك قىلىشنى ئويلاۋاتقانلار بولسا، ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ ياراتقان نەتىجىلىرىنى تارازىغا سېلىپ ئۆلچەپ بېقىپ، ئاندىن مەيدانغا چۈشسىمۇ كېچىكمەيدۇ.

## تۆتىنچى بۆلۈم

# "يەڭگىلى بولمايدىغان توسالغۇ يوق، يەتكىلى بولمايدىغان يۈكسەكلىك يوق"

## 34

بىر خىيال، بىر چۈش رېئاللىققا ئايلاندى. 1992- يىلى « رابىيە قادىر سودا سارىيى » ئېچىلدى. ئۇ مىڭلىغان تىجارەتچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى مۇشۇ يەتتە قەۋەتلىك سودا سارىيىغا توپلىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى ھەتتا تىجارەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئاياللار بىلەن نامراتلار بولسا رابىيە قادىرنىڭ ئالدىدىكى بىرىنچى دەرىجىلىكلەردىن ئىدى.

سودا سارىيىنىڭ ئالتىنچى قەۋىتىدە ئۇ ئۆزىگە يېڭى ھەم كۆركەم تىجارەت ئىشخانىسى ياسىتى. بۇ سودا سارىيى رابىيە قادىرنىڭ ھاياتىدا زور بۇرۇلۇش پەيدا قىلغان، ئۇرۇمچى شەھىرىدىكى مۇھىم بىر نوقتىغا ئايلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى مۇشۇ بىنالارنى تىكلەش يولىدا ئەمەلدارلارغا، يولى بارلارغا پارا بېرىپ تۈگەتكەن بولۇپ، بۇ سودا سارىيى ئۇنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوغدايتتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشەنچىسىگە نائىل قىلاتتى. چۈنكى ۋەتىنىمىزنىڭ بۇ پايتەخت شەھرىدە بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر بىنا - يەنە بىر سودا سارىيى يوق ئىدى. بۇ پۈتۈن شەرقى تۈركىستان بويىچە ھەم بىرىنچى بولۇپ قەد كۆتەرگەن، ھەم زامانىۋى، ھەم كۆركەم، ھەم گۈزەل بىر سودا سارىيى ئىدى. ئاۋال بۇ سودا سارىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى باشلاشتىن بۇرۇن بىر كىشىلىك تىجارەت دۇكىنى ئۈچۈن، 10.000 يۈەن مەبلەغ سېلىشنى رەت قىلغان ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى ئەمدىلىكتە كىچىك بىر يەر ئۈچۈنمۇ 50.000 يۈەن تاپشۇرۇشنى، رابىيە قادىرنىڭ ئۇلارغا ئىلتىپات قىلىشىنى تەلەپ قىلىشقىلى تۇردى.

ئىلگىرى دۇكان ئۈچۈن مەبلەغ سالغان كىشىلەر « رابىيە خانىم ئەمدى قەرز قايتۇرۇش باناسىدا چوقۇم يوقۇرى باھادا ئىجارە تەلەپ قىلىدىغان بولدى » دەپ جەزىم قىلىشماقتا ئىدى. بىراق رابىيە قادىر بولسا ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ قەرزلەرنى قايتۇرۇشنى ئويلاشمىدى. ئەكسىچە ئۇ مەبلەغ سالغان بارلىق كىشىلەرنى ئۆز رېستۇرانىغا تەكلىپ قىلىپ مۇنۇلارنى ئەيتتى _ سىلەرنىڭ ماڭا قىلغان ياردىمىڭلار، سىلەر ئويلىغاندىنمۇ كۆپرەك قىممەتكە، مەناغا ئىگە! مەن بۇگۈن سىلەرگە تىجارەت دۇكىنىڭلارنى ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. ئىجارە ھەققىگە قانچە بېرىدىغانلىقىڭلارنى پەقەت ئۆزەڭلار قارار قىلىسىلەر .

تىجارەتچىلەر، ھەر بىر دۇكانىنىڭ ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 500 يۈەندىن ئىجارىگە قويىلىشىنى تەلەپ قىلىشتى.

_ ياخشى! ئۇنداقتا ھەر بىر دۇكاننى 300 يۈەندىن ئىجارىگە ئېلىڭلار! _ دېدى رابىيە قادىر سېخىلىق بىلەن. تىجارەتچىلەر دوپپىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىپ، ھۇررا تووۋلاشتى.

_ كېلەر يىلدىن باشلاپ سىلەردىن دۇكانغا ئىجارە تەلەپ قىلمايمەن. ئەمما سىلەر مەبلەغ سالغان پۇلۇڭلارنى 3 يىلغىچە تەلەپ قىلمايسىلەر _ دېدى رابىيە قادىر تىجارەتچى دوستلارغا.( بۇ تەدبىر ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن بەكمۇ پايدىلىق ئىدى.) ئۇلار رابىيە قادىرنى چەكسىز سۆيمەكتە. ئۇلارنىڭ ماختاش،

مەدھىيەلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن رەت قىلغان رابىيە قادىر، خانتەڭرى مەسجىتىدە بولۇپ ئۆتكەن ھادىسىنى ئۇلارغا ئەسلىتىپ، ئاۋال ماختاپ كېيىن يەرگە ئۇرماسلىقنى ئۆتۈنەتتى.

ئۇ، دۇكاندا تۇرۇپ تىجارەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ رەتلىك كېيىنىشىنى، پاكىزە، يېقىملىق بولىشىنى، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ مىللى قىياپەتكە، ئەنئەنىگە بەك رىئايە قىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى.

سودا سارىيىغا مىڭلىغان زىيارەتچى خۇددى كەلكۈندەك بېسىپ كىرىشمەكتە!

« رابىيە قادىر سودا سارىيى » ئادەتتىكىچە « سودا سارىيى » بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر تارىخىدا ئۆزگۈرۈش پەيدا قىلالايدىغان، رابىيە قادىرنىڭ ھاياتى پائالىيىتىنى ئۆزگەرتىدىغان بىر قىممەتكە ئىگە سودا سارىيى ئىدى.

بۇ بىنا رابىيە قادىر ئۆزى ئارزۇ قىلغىنىدەك، ئۇنى ئۆز خەلقىگە تونۇتىدىغان بىنا ئىدى.

بۇ بىنا رابىيە قادىرنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن مۇجەسسەملەشكەن، ئۇنىڭغا كۈچ بېغىشلىغان ۋە بىزنىڭ دۈشمىنىمىزگە قارشى، رابىيە قادىرنىڭ ئىسيانكار روھىغا مەدەت بەرگەن بىنا ئىدى.

بۇ سودا سارىيى رابىيە قادىرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى جانلىق سۈرەتلەپ كۆرسىتىدىغان سىھرى كۈچكە ئىگە ئىدى. ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەخت شەھرىنىڭ مەركىزىدە بىر سىمۋول تىكلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىرادىسىنى، چەكسىز ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردىغان بىر سىمۋول تىكلىدى.

بۇ سىمۋول ئەينى ۋاقىتتا « بىر ئۇيغۇر ئايال بۇ ئىشلارنى قىلالىغان ئىكەن، ئۇيغۇر ئەرلىرى نېمىشكە بۇنداق ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقارمايدۇ؟ » دېگەن ئويغا سالىدىغان سىمۋول ئىدى.

رابىيە قادىر ئۇنىڭدىن كېيىن سالدۇرغان ھەرقانداق بىنا، ئەشۇ دەسلەپكى سودا سارىيىدەك مەناغا ئىگە بولالمايتتى. كېيىنچە باشقا ئۇيغۇرلارمۇ نۇرغۇنلىغان چوڭ ۋە يۇكسەك سودا سارايلىرىنى سالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كوچىدىن ئۆتكەن كىشىلەر يەنىلا « رابىيە قادىر سودا سارىيى » ھەققىدە ئالاھىدە توختىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ سودا سارىيىنى سالدۇرۇشتا تارتقان ئەزىيەت، جاپا - مۇشەققەت، قىيىنچىلىقلىرى ھەققىدە سۆزلىشەتتى.

كېيىنچە ھۆكۈمەت رابىيە قادىرغا رىقابەت قىلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن

خىراجەت قىلىپ، تۈركچە ئۇسلۇپتا زامانىۋى بازار سالدۇرغان بولدى. بۇ بازارغا قەشقەردىن ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تىجارەتچىلەرنى تەكلىپ قىلدى. بازارغا ئۇيغۇرچە ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەك، مال -تاۋارلارنى سالدۇردى. لېكىن خەلق رابىيە قادىرغا بولغان ساداقىتىنى ھېچ تەۋرەنمەستىن داۋام ئەتتۈردى.

بۈگۈنكى كۈنلەردىمۇ بۇ سودا سارايى شۇنچىلىك ئاۋات. ئۈرۈمچىگە كەلگەن ھەرقانداق كىشى بۇ سودا سارايىنى زىيارەت قىلماي قالمايدۇ. كېچە ـ كۈندۈز يىگىرمە تۆرت سائەتلەپ، كەلكۈندەك ئېقىپ كىرىۋاتقان خەلق توپى، ئىشقىلىپ بۇ سودا سارايىدىن بوش ئورۇن كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ بىنا « بەخىت كەلتۈرىدۇ » دەپ ئەقىدە قىلىدۇ. بۇ بىنا ئىچىدە كىشىلەر ياتسىرىمايدۇ، ئۆز ئۆيلىرىدە تۇرغاندەك راھەت ھېس قىلىشىدۇ. بۇ بىنادا كىشىلەر ئۆز - ئارا سۆزلىشىدۇ، تونۇشىدۇ، سىرىنتا بولسا، ئۆز تۇپرىغىدا ئاز سانلىق بولۇپ قالىدۇ. نۇرغۇن خىتاي تىجارەتچىلىرى بۇ سودا سارىيىغا پۇتىنى تىقىشقا قىزىقىدۇ. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەيلا چېكىنىپ چىقىشىدۇ. چۈنكى ھېچكىم ئۇ خىتايلاردىن بىر نەرسە سېتىۋالمايدۇ. بۇ بىنا بۈگۈنكى كۈندە ئۈرۈمچىنىڭ بىردىن بىر ئۇيغۇرچە پارچىسى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتى مەينەتلەشتۈرەلمىگەن جايى بولۇپ قالماقتا.

بەلكىم ئۇ ھەرگىزمۇ تۈرمىگە كىرمىگەن بولاتتى، ئەگەر ئۇ ئەشۇ دەسلەپكى سودا سارىيىنى سالدۇرمىغان بولسا! بەلكىم ئۇ ئەڭ تۆۋەندىكى، ئاددى دېھقاندىن باشلاپ، خىتاي دۆلىتىنىڭ دۆلەت رەئىسىگىچە، ئۇ قەدەر كۆپ ئىنسانلار ئىچىدە ھەرگىزمۇ تونۇلۇپ كەتمىگەن بولاتتى! ئەگەر ئۇ ئەشۇ سودا سارىيىنى سالدۇرمىغان بولسا!!!

قاق ئىككى يىل كۈتكەندىن كېيىن رابىيە قادىرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىشى تەستىقلىنىپ، پاسپورت ئىشلەندى. رابىيە قادىردەك نەتىجىلىك بىر تىجارەتچى ئايالنىڭ چەتئەلگە چىقىشىنى نېمە ئۈچۈن ھۆكۈمەت شۇ قەدەر كېچىكتۈردى؟ ئۇنىڭغا قارىغاندا باشقىلارنىڭ ئىشى كاشىلا بولماستىن ھەل بولاتتى. يوقۇرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىمۇ ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. قانداقلا بولمىسۇن ئاخىرى ھۆكۈمەت ئەشۇ يوقۇرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدارلىرىنىڭ، ئېغىر شىكايەت قىلىشلىرى ئارقىسىدا رابىيە قادىرنىڭ پاسپورتىنى ئىشلەپ بېرىشكە رۇخسەت قىلدى.

ئۇ قازاقلار ياقتۇرۇپ كېيىدىغان سپورت كىيىملىرىنى دەرھال تەييارلاپ،

قازاقىستان چېگرىسىدىن ئۆتتى. پۇما، ئادىداسلارنىڭ ساغلام ماركىلىقلىرىنى قازاقلار سېتىۋالالمايتتى. شۇڭا خىتايدا ساختا ماركا بىلەن تەييارلانغىنى ئەرزان بولۇپ، ئاساسەن شاڭخەيدە ئىشلەپ چىقىرىلاتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇر، خىتاي ۋە باشقا مىللەتلەرمۇ ناھايىتى تېزلا مىليونېر بولۇپ كېتىشكەن ئىدى. پەقەت ئۇيغۇرلار ئۇ ياقتىكى تاپقان بايلىقلىرىدىن شۇنداق تېز ئايرىلىپ قېلىشتى. چۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇنداق تېز بېيىپ كەتكىنىنى، ھۆكۈمرانلار بىلىشكەنلىرىدە ھەسەت قىلىشتى. ئۇيغۇرلار ئۆز شىركەتلىرىنىڭ ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىش ھوقۇقلىرىغا ئىگە بولالمىدى. شەخسىي شىركەتلار پەقەت ھۆكۈمەت بىلەن بىرلىكتە شېرىكلىشىپ، پەقەت پايدىنىڭ 10% ئېلىشقا رازى بولغاندىلا ئاندىن تىجارەت قىلىشقا بولاتتى. شۇنىڭغىمۇ ئۇيغۇرلار ماقۇل بولۇشماقتا ئىدى. ئاران دېگەندە ئۇيغۇرلار ــ ئۇيغۇر بولۇپ ياشاشقا، ياكى ھېچ بولمىغاندا ئەنئەنىمىزنىڭ بىر پارچىسىنى بولسىمۇ تىرىلدۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىلغان ئىدى.

لېكىن ھۆكۈمەت ئۇيغۇرلارنىڭ يولىنى تۈرلۈك قانۇنلار بىلەن تۇرمۇزلاشقا باشلىدى. بىرەر تىجارەتچى ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىشتىن بۇرۇن، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا مەلۇم قىلىشتىن سىرت، ئەگەر ئۇ ياقتا پىلاندىن ئارتۇق تۇرۇپ قالماقچى بولىدىكەن، ئېلىپ ماڭغان مالنىڭ بېجىنى خىتاي ئەمەلدارلار مۇقىملاشتۇرۇپلا بېكىتىدىغان گەپ. مەيلى پايدا ئالسۇن، مەيلى زىيان تارتسۇن، بۇنىڭدىن قەتئىينەزەر. بىر تىجارەتچىنىڭ رابىيە قادىرغا شىكايەت قىلىشىچە، ئۇ بىر ئايدا ئاران 480 يۈەنلىك سودا قىلغان، لېكىن ئۇ 1500 يۈەن باج تۆلىشى كېرەك ئىكەن. شۇڭا ئۇ دۇكىنىنى تاقاشقا مەجبۇر بولغان.

رابىيە قادىر تىجارەتچىلەر ئارىسىدا ئەڭ تىرىشچان ئايال بولۇپ، ئۇ بۇ دۆلەتلەردە ناھايىتى تېزلا يول تېپىپ كەتتى. قانداق تاۋارنىڭ قايسى دۆلەتتە بازىرى ياخشى، ئىشقىلىپ ئۇ بارلىق تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتەتتى ۋە ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدە ئەڭ ئەرزان باھادا مال تەييارلىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا يۆتكەيتتى. ئۇ ھەر قانداق بىر توساقتىن يېڭى بىر يوچۇقنى ئېچىپ، ئىلگىرلەپ كېتىۋېرەتتى. ئۇ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە « ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك سودىگەر ئايال » دەپ تونۇلۇپ كەتتى.

خىتايدا كونا تۈزۈم سودىسى ھۆكۈم سۈرگەنلىك خەۋىرىنى ئالغاندىن كېيىن، رابىيە قادىر قازاقىستان ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن، چوڭ

شىركەتلەر بىلەن توختىمام تۈزۈپ، ھەر تۈرلۈك كونا - يېڭى تۆمۈرلەرنى توپلاشقا كىرىشتى. كونا ماشىنا، پاچاقلانغان تانكا، ۋېلىسىپىت قاتارلىق تۆمۈرگە ياتىدىغان ھەر قانداق شەكىلدىكى نەرسىلەرنى يىغىشقا كىرىشتى. بىر تونىنا تۆمۈر خىتايدا 4000 يۈەنگىچە سودا بولاتتى. ئۇ قازاقىستان ھۆكۈمىتى بىلەن ياخشى مۇناسىۋەت قۇرۇپ، دەسلەپكى يولدا قانچە مىڭ تونىنا مالنى يۆتكىدى.

ئاسمان پەلەك چاڭ - توزاڭ كۆتىرىپ خىتاي چېگرىسىغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان يۈزلەرچە كاماز ماشىنا رابىيە قادىرنىڭ تۆمۈرلىرىنى توشۇماقتا ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى تەرەپ مىڭ تونىنا تۆمۈرنى تاپشۇرۇپ ئۆتكۈزىۋالدى. رابىيە قادىر ئەشۇ بىرلا ۋاقىت ئىچىدە بۇ تۆمۈر تىجارىتىنى بەش قېتىم بېجىرىۋالدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا تىجارەت ئىشىگى ئېچىلىپ، ئىككىنچى يىلىغا كىرگەندە بەكلا ئۆزگۈرۈش بولدى. تىجارەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بىر تۈرلۈك يوشۇرۇن گورۇھلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يوللىرىنى توسۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ماللىرىنى، پۇللىرىنى بۇلاپ كېتىدىغان ھادىسىلەر يۈز بىرىشكە باشلىدى. خىتاي تىجارەتچىلىرى دەرھال خىتاي ئەلچىخانىسىغا مەلۇم قىلىشاتتى. باشقا دۆلەتلەرنىڭ تىجارەتچىلىرىمۇ باندىت - بۇلاڭچىلارنى ماللىرىغا يېقىن يولاتمىدى. بۇ خىل بۇلاڭچى، ئوغرى، قاراقچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ھىمايە قىلىدىغان نە دۆلىتى بولسۇن، نە ئەلچىخانىسى بولسۇن، قوغدىغۇچىسى يوق بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى تېز ئارىدىلا بىلىۋېلىشتى.

قازاقىستاندا پەقەت ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار بۇلاڭ - تالاڭغا يولۇقاتتى. باندىتلار ئۇيغۇر سودىگەرلىرىگە ئۆزلىرىنى كۆرسۈتۈش ۋە ئۇ-لارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەڭ باي ئىككى نەپەر ئۇيغۇرنى ئۆلتۈردى. ئۆلارنىڭ بىرى رابىيە قادىرغا تونۇشلۇق كىشىلەردىن تۇرسۇن ساقال ئىدى. ئاۋال ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى ئېلىپ، ئاندىن ئۇنى ۋەھشىلەرچە بوغۇزلاپ، بېشىنى كېسىپ بىر تەخسىگە ئېلىپ قويۇشتى. بىر پارچە ئاگاھلاندۇرۇش خېتىنىمۇ قالدۇردى « كىمكى پۇلنى بىزگە ئۆزلىگىدىن تاپشۇرمايدىكەن، ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرىمىز! »

رابىيە قادىرغا تونۇشلۇق يەنە بىر سودىگەر ئادەمنى بولسا، قانخورلارچە پارچىلاپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇ قېتىمقى قاتىللىق ھادىسىسىنىڭ جەسەت تەكشۈرۈشىگە ۋە نامىزىغا رابىيە قادىر ئۆزىمۇ قاتناشقان ئىدى.

قازاقىتساندا مەركەزلىك ھالغا كەلگەن باندىتلىق جىنايىتى

قىرغىزىستاندىمۇ ئوخشاش شەكىلدە ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. بۇ باندىتلىق گوروھىنى كىشىلەر « رىكىت » (ياكى رېگىت) دەپ ئاتىشاتتى. ئەگەر ئۇلار كوچىدا بىرەرسىنىڭ بىلىكىدىكى سائەتنى كۆردىمۇ بولدى، ئۇنىڭ بىلىكىدىن ئەشۇ سائەتنى مەجبۇرى سۇغۇرۇپ ئالىدۇ. ئەگەر زىيانغا ئۇچرىغان كىشى ساقچىغا مەلۇم قىلسا، ساقچىلار جىنايەتچىنى ئەمەس، بەلكى بۇلانغۇچىنى تۇتۇپ كېتىپ قاماپ قويىدۇ.

بۇ رايونلاردا خاتىرجەم ، زىيانغا يولۇقماي تىجارەت قىلىشنى ئويلىغان كىشى، جەزمەن باندىتلارغا قەرەللىك ھەق تۆلىشى كېرەك. تىجارەتچىلەرمۇ مافيا گوروھىغا ئەزا بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلمىغاندا، ئۇلار مال - مۈلكىدىن ئايرىلىپ قالىدىغان گەپ.

(شۇ نامىلىق كىتاپ 238 - 247.بەتلەر)

( قوشۇمچە )

تەكرار، تەكرار بايان قىلىشقا ئەرزىيدۇكى، رابىيە قادىرخانىمنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتى ئۇيغۇرلارنى قىزىقتۇرغان بولۇشى ناتايىن. چۈنكى مىللىتىمىزنىڭ تىلى، مىللىتىمىزنىڭ كۆزى ۋە مىللىتىمىزنىڭ ئەقلى بولغان زىيالىلىرىمىز، يازغۇچىلىرىمىز، خىتاينىڭ سوتسىيالىستىك مەپكۇرىسىگە مەجبۇرى بېقىنغانلىقىدىن، ياۋۇز خىتاي دۆلىتىنىڭ ۋەھشى، زوراۋان سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان مىكروفون بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مەيلى دۆلەت يۈرگۈزىۋاتقان سىياسەت بولسۇن، مەيلى زىيالى، يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىمىز « ئىشلەپ چىقىرىۋاتقان » مىللى تەشۋىقات ۋاستىلىرى بولسۇن خەلقىمىزدە « خىتاي پرولېتارىيات » ئىدىيىسىنى ئەۋزەل بىلىش قارىشىنى كەڭ يىلتىز تارتقۇزغانلىقى سەۋەپلىك، خەلقىمىز تېخى يېقىنقى يىللارغىچە ئىقتىسادقا قىزىقمايتتى.

لېكىن بىزدىن قانچە ئەسىر ئاۋال ئىقتىسادنى بىلگەن، بىلىمنى ئىقتىساد ئۈچۈن، ئىقتىسادنى خەلق ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىشلىتىشنى ئەمەلىلەشتۈرگەن ئەقىللىق غەرپ ئەللىرى، رابىيە قادىرخانىمنى بىزدىن چارەك ئەسىر كېيىن تونىدى. ئەمما ئۇلار بىزدەك ھەسەت بىلەن ئەمەس، ھۆرمەت بىلەن تونىدى. ئۇنىڭ 40 يۈەن پۇل بىلەن، كىچىك بىر كىرخانىدىن ئىش باشلاپ، بۈگۈنكى مۈلتى مىليونېر بولغىچە ئارىلىقتىكى جەريانىغا، پەقەت بىر مۆجىزە سۈپىتىدە ھەيران قېلىشتى.

دەرۋەقە رابىيە قادىرخانىمنىڭ بېسىپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئۆتكەللىرى، ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن بىر مۆجىزە تەرىقىسىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشكە تېگىشلىك قىممەتتۇر.

كىتاپنىڭ مۇشۇ بۆلۈملىرىگىچە رابىيە قادىرخانىمنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىنى بايان قىلىش بىلەن، ئۇيغۇر مىللىتى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قايسى دەرىجىدە يوقىتىلغانلىقى جانلىق، ئىسپاتلىق يورىتىلىدۇ. بۇ مىللەت خىتاينىڭ ئىقتىسادىي جازاسىغىلا ئۇچراپ قالماستىن، ھەتتا خوشنا، قېرىنداش ئەللەردىمۇ جازاغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقى، يىمىرىلىپ كېتىۋاتقانلىقى تەپسىلى كۆرسىتىلىدۇ. بىشكېك شەھرىدىكى « تور بازا » دا 2001 - يىلى كۆيدۈرۈلگەن، 300 مىليون دوللارلىق ئۇيغۇر مۈلكى توغرىسىدا، پۈتۈن چەتئەللەردىكى تەشۋىقاتلىرىمىزمۇ بۇنچىلىك تەسىر قوزغىيالمىغان ئىدى.

رابىيە قادىرخانىمنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم نوقتىلار، دەسلەپ ئىقتىسادىي مەنپەئەت توقۇنۇشى بىلەن بەلگىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ پايدا - بىلەن زىياننى ناھايىتى ئوچۇق پەرق ئېتىدۇ ۋە ئالدىن مۆلچەرلەپ تەدبىر ئالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ يېتىلىشى، ئۇنىڭ كىشىلىك قىممىتىنىڭ پۈتۈپ چىقىشىدۇر. ئۇنىڭ بۈگۈنكى مىللى رەھبەرلىك سالاھىيىتىنىمۇ ئەنە شۇ « پايدا بىلەن زىياننى ئالدىن، تولۇق پەرق ئېتىش » ئىقتىدارى بەلگىلىدى.

رابىيە قادىر خانىم مەنپەئەت بىلەن زىياننىڭ تەمىنى ئەڭ كۆپ تېتىغان، ھەممىدىن ئەلا مەنپەئەتنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنىمۇ ناھايىتى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ بۈگۈن بىر مىللەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ۋەكىل ۋە دەۋاگەر بولۇپ بەلگىلەندى.

تىجارەتچى زىيان تارتىش ئۈچۈن تىجارەت قىلمايدۇ. تىجارەتچى ئۈچۈن قىممەت يارىتىدىغان ئامىل ھەرگىزمۇ مەبلەغ ئەمەس، بەلكى ۋاقىت! شۇڭا بىز مىللى مەنپەئەتىمىزگە پايدىنى زىياندىن ئەلا بىلىدىغان، ۋاقىتنى ھەممە نەرسىدىن ئەلا بىلىدىغان، پەقەتلا پايدا كەلتۈرىدىغان ئەشۇ رابىيە قادىرخانىمنى ۋەكىل قىلىۋالدۇق. ئۇ باشقىــــــلاردەك « تېخى ۋاقتى ئەمەس! ئىنىلىرىم! ئالدىراپ كەتمەڭلار، ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى كېلىدۇ! بۇ يولدا نۇرغۇن كىشىلەر مېڭىپ ئۆتكەن، بىزدىنمۇ قالىدۇ، پۇرسەت تېخى پىشىپ يېتىلمىدى! » دەپ، دەۋايىمىزنى تۇرمۇزلاپ قويمايدۇ. ئۇ ۋاقىتنى ئۆزى بەلگىلەش ماھارىتىگە ئىگە! ئۇ پۇرسەتنى ئۆزى يېتىلدۈرۈش قابىلىيىتىگە ئىگە! بۇ ھەقتە ئالدىمىزدىكى بۆلۈملەردە بىر قەدەر ئوچۇق مەلۇماتلارنى بايان

قىلىشىمىز مۇمكىن!

35

رابىيە قادىر « باي بىر ئايال » بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەم سۆزى ئۆتكۈر، نوپۇزلۇق كىشىلەردىن بولۇپ قالدى. (شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن) ئۇنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىگە تارتماقچى ئىدى. ھەر ئىككى كۈندە بىر قېتىم دېگۈدەك ئۇنىڭ سىماسى تېلېۋىزور ئېكرانىدا كۆرۈلۈپ تۇراتتى.

« بۇ خانىم پەقەتلا كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، ھەممە ئارزۇلىرىغا يەتتى » دەپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشاتتى دىكتور رابىيە قادىرنى تونۇشتۇرغان ھەر بىر قېتىمقى تەپسىلى خەۋەرلىرىدە. رابىيە قادىر مەدھىيىلەنگەن، ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان، تېلېۋىزور خەۋەرلىرىنى ئاڭلىغان سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى بولسا:

_ ئايالىلار ئەسلىدە ئىنتائەتچان كېلىدۇ، پەقەت رابىيە قادىرلا ئۇنداق ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۇ غەلبە قازاندى، شۇنىڭ ئۈچۈنلا بۈگۈنكى رابىيە قادىر بولالىدى - دەيتتى.

رابىيە قادىر خۇددى مەلىكەدەك شاھانە ھايات كەچۈرمەكتە . ئۇنىڭ يېڭى قوروسىدا ئائىلە ئىچىدىلا 5 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار « ئائىلە ئاشپىزى، ئائىلە لاۋازىمەتلىرىنى سېتىۋالىدىغان، كىر - قاتلارنى دەزماللايدىغان خادىم، سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىگە مەخسۇس قارايدىغان كىشى، رابىيە قادىر بىرەر يىغىنغا، تېلېۋىزور سۆھبىتىگە بېرىشتىن ئاۋال، ئۇنى زىنىنەتلەيدىغان « گىرىمچى » ئايال، پۈتۈن ئۆي ئىشلىرىغا قارايدىغان بىر ئۆي خىزمەتچىسى قىز » لاردىن ئىبارەت ئىدى.

رابىيە قادىرنىڭ خىزمەت ئورنىدا _ شىركەت ئىشلىرىدا بىر ئايال، بىر ئەر بولۇپ، 2 نەپەر سېكرىتار ئۇنىڭ پۈتۈن يۈكلىرىنى ئۆز ئۈستىلىرىگە ئالاتتى. بىرى قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنى، كۆرۈشمە ۋاقىت جەدۋىلىنى ئورۇنلاشتۇرسا، يەنە بىرى بىر تەرەپ قىلىنىپ بولغان ئىشلارنى قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ بىر ياقلىق قىلاتتى.

يىغىن ۋە تۈرلۈك سورۇنلاردا پۈتۈن ئۇرۇمچى بويىچە رابىيە قادىرنىڭ شەخسىيىتى تونۇلغان بولۇپ، ئۇ ھەممىلا يەردە تەنتەنە بىلەن قارشى ئېلىناتتى. بۇنداق شان - شەرەپ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت

ئابدۇرىشىتقىمۇ نېسىپ بولمىغان ئىدى.

رابىيە قادىرنىڭ ئۆيىگىمۇ كۆپلىگەن مەشھۇر كىشىلەر، تەتقىقاتچىلار، يازغۇچىلار، سەنئەتچىلەر دائىم دېگۇدەك يىغىلىشىپ سۆھبەت ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. شائىرلار تېخى نەشىر قىلىنمىغان كىتاپلىرىدىن دېكلىماتسىيە قىلىشاتتى.

ھۆكۈمەتنىڭ مۇھىم يىغىنلىرى رابىيە قادىرسىز ئېچىلمايتتى. ئەگەر ئۇ تۆرت - بەش كۈن تىلۋىزور ئېكرانىدا كۆرۈلمىسە، كىشىلەر ئەندىشىلىنەتتى، ئۇنىڭدىن غەم قىلىشاتتى. تىلۋىزور ئىستانسىسىنىڭ رېپورتاجلىرىمۇ ( سوھبەت مۇخبىرلىرىمۇ ) بىرەر يېڭى تېما ئۇستىدە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشەتتى.

سۆيۈملۈك ئۇيغۇر خەلقى رابىيە قادىرغا نىسبەتەن چوڭقۇر مەناغا ئىگە ئىدى، ئۇلار ئۇنىڭ بارلىق مال - مۈلكىدىن مۇھىم، قىممەتلىك ئىدى.

......ئۇ( ئۆز ۋاقتىدا) ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ، كەمبەغەل بولۇپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر كاۋاپ دۇكىنىدىن بىر زىخ كاۋاپ يېمەكچى بولغان ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا پەقەتلا بىر زىخ كاۋاپقا چۇشلۇق پۇلى بار ئىكەن، بىراق كاۋاپچى بىر زىخنى ئايرىم ساتمايتتى، ئۇ بىر زىخ سېتىشقا ماقۇل بولمىغان ئىدى.

ئۇ باي بولغاندىن كېيىن تاماق يېگىلى بېرىپ پۇل تۆلىمەكچى بولسا، خوجايىنلار ئۇ تەكلىگەن پۇلنى قوبۇل قىلىشمايتتى.

ئۇ كەمبەغەل چېغىدا، كەمبەغەلچىلىكتىن جاق تويغان ئىدى. باي بولغاندىن كېيىن، بايلىقتىنمۇ تېزلا تويۇپ كەتتى. لېكىن چوڭ بايلىق ئېغىر جاۋاپكارلىقنى تەلەپ قىلىش بىلەن بىرگە، كىشىنى كۆپلىگەن غەلبىلەرگىمۇ ئېرىشتۈرىدۇ . پۇل كىشىلەرنىڭ « ئەركىنلىك » نىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىشكە ۋاستە بولىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. چۈنكى ئادەم پەقەت توق قورساق بىلەنلا ئەركىنلىك ئۇستىدە پىكىر يۈرگۈزەلەيدۇ!

ئادەتتە ھەر قانداق بىر كىشى رابىيە قادىردەك سان - ساناقسىز مال - دۇنياغا ئىگە بولىدىغان بولسا، ئەشۇنداق شان - شۆھرەتكە سازاۋەر بولىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۆزىنى بەختىلىك ھېس قىلىشى كېرەك ئىدى. بىراق ئۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا رابىيە قادىرنى بىر خاتىرجەمسىزلىك بىئارارىم قىلاتتى. ئۇ كوچىلاردا نامرات كىشىلەرنى كۆرگەن زامان ئۆزىنى ئەيىپلەيتتى. ئۇ ئالىي دەرىجىلىك لىمووزىن ماشىنىدا ئولتۇرۇپ، سودا سارىيىنىڭ ئالدىغا

كەلگەنلىرىدە، ئۇ ئۆز كۆڭلىدە « ئۆز خەلقىنى كۆزگە ئىلماي ئۇاتقاندەك كۆرۈنۈپ قېلىشتىن » ئەنسىرەيتتى، ئۇنىڭچە بولغاندا « ئۇلارمۇ ئۇنىڭ بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇنىشى كېرەك » ئىدى.

ھەر ئاخشىمى تەكچىگە باش قويۇشتىن ئاۋال ئۇ كوچىلاردىكى، قىش كۈنلىرىمۇ يالاڭ ئاياق يۈرىدىغان نامرات باللارغا قارايتتى.

ئۇ ئۆزىگە شۇنداق دەيتتى « مەن خەلقىمنى، مىللىتىمنى مۇشۇ ئېغىر نامراتچىلىقتىن قۇتقۇزالىشىم كېرەك، مەن ئاتا - ئانىلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە ئەۋەتەلەيدىغان قىلالىشىم كېرەك، مەن ئۇيغۇرلىرىمنىڭ كەسپى جەھەتتىن يۈكسىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتالىشىم كېرەك!».

ئۇيغۇرلار ۋە خىتايلار ئۈچۈن كۆپ جەھەتتىن بىر خىل قانۇن ئىجرا قىلىنىدۇ، ئەمما ئىككى مىللەت ئۈچۈن بېرىلىدىغان ھەق ھوقۇق ئىككى خىل. بىر كۈنى رابىيە قادىر سودا سارىيىدىكى ئىشخانىسىنىڭ پەنجىرىسىدىن سىرتقا قارىۋىدى، بىر ئۇيغۇر تىجارەتچى يەنە بىر خىتاي تىجارەتچىدىن تەخمىنەن 20 تاغارچە مالنى سېتىۋالدى. ئۇ ماللارنى ماشىنىدىن ئەمدىلا چۈشۈرۈپ تۈرۈشىغا ئىككى نەپەر باجگىر خۇددى قان ئىچەر ئىشتتەك ھېلىقى ئادەمگە ئېتىلدى. ئۇ ئادەمدىن ھەر بىر تاغار مال ئۈچۈن 500 يۈەن باج تۆلەشنى تەلەپ قىلىشتى. ھېلىقى تىجارەتچى باجگىرلەرگە چۈشەندۈرۈپ، ھەر بىر تاغار مال 500 يۈەنگىمۇ يارىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق ئۇلار ھېلىقى تىجارەتچىنى باج ئىدارىسىگە بىرگە ئېلىپ كېتىشتى. بىر ئازدىن كېيىن ھېلىقى ئادەم قايتىپ كېلىپ، رابىيە قادىرغا دەرەدىنى ئېيتتى.

ئۇ پۇل تۆلەپ سېتىۋالغان ماللارنى، باج ئىدارىسىدىكىلەر ھېچ گەپ يوقلا ھېلىقى خىتايغا قايتۇرۇپ بېرىۋەتكەن ئىكەن.

ئۇنداق ئىدارىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا قانۇنلىرى بار بولۇپ، كىمكى پارىنى كۆپ بېرەلىسە ئۇ باجنى ئاز تۆلەيدۇ.

خىتاي تىجارەتچىلىرى ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئىجرائاتچىلىرى ئاڭلىق قارايدۇ، ئۇلارنىڭ ھالىغا كۆيۈنىدۇ. ئۇيغۇر باج خادىملىرى ھەرگىزمۇ خىتاي تىجارەتچىلىرىدىن پارا ئالالمايدۇ. ئۇلار ئۆز كىشىلىرىدىن، ئۇيغۇرلىرىدىن ھەسسىلەپ ئالىدۇ. خىتاي باجگىرلىرى خىتايلاردىن ئۆلچەم بويىچە رەسمىيەتلا ئېلىنىشىدۇ.

باج خادىملىرى بازارغا كەلگەنلىرىدە، بويۇنلىرىغا خۇددى ئىشت

باغلايدىغان زەنجىردەك تومۇلۇقتىكى ئالتۇن زەنجىرلەرنى ئېسىپ، ھەيۋەتلىك، سۇرلۇك كېلىشىدۇ. ئۇلارنى كۆرگەن ھەر بىر ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنىڭ قورقۇنچىسى ئۆرلەيدۇ. چۈنكى سان - ساناقسىز ئېغىرچىلىقلار تۇپەيلى، ھۆكۈمەت پارىخورلارغا قارشى ئورگان تەسىس قىلغان ئىدى. ئۇيغۇرلار پارىخور باجگىرلەرنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشىۋىدى، كېيىنكى كۈنىلا ئەشۇ شىكايەت قىلىشقان ئۇيغۇرلارنىڭ دۇكانلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ تاقىلىپ كەتتى. ھېلىقى پارىخورلۇققا قارشى تەسىس قىلىنغان ئورگاندىكى ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن، پارىخور باجگىرلەر دائىم دېگۇدەك ئالى رېستورانتلاردا زىياپەتتە بىرگە بولىشىدىكەن. يەنىلا ئاياق ئاستى بولىدىغانلار ئۇيغۇرلاردۇر.

باج ئىدارىسىنىڭ باجگىر خادىملىرى بەزىدە رابىيە قادىرنىڭ سودا سارىيىدىكىلەرنىڭ كۆزىگىمۇ تويپا چاچاتتى. ئۇلار پارا ئالغۇسى بار كادىرلار ھەققىدە بىر نەرسىلەرنى بىلدۈرۈپ قوياتتى. كېيىنكى قېتىم كەلگەنلىرىدە ئادەتتە 3000 يۈەن قىممەتتىدىكى مالنى بىلىپ تۇرۇپ « قانچە بېرىمەن؟ » دەپ سورايتتى. ئەقىللىق تىجارەتچى ئۈستىلىق بىلەن:

« ئۆزىڭىز خالىغاننى بېرىڭ » دەيتتى. شۇنداق قىلىپ، 500 يۈەنگە نەرقى تىنىدۇ ـ دە 3000 يۈەنلىك مالنى ئېلىپ كېتىدۇ.

« كېلەر قېتىمدا قالغان قىسمىنى باجغا سۇندۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىۋېتەرمىز » دەپ ئىزاھات بېرىدۇ باجگىرمۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەقىللىق تىجارەتچىنى باجگىرلەرمۇ ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ.

رابىيە قادىر قۇرۇلتايدا خەلق ۋەكىلى بولغان چاغلىرىدا تىجارەتچىلەرنىڭ دەردى، ئەھۋالىنى سۆزلەپ تۇردى. ئۇ ھەر بىر تىجارەتچىنىڭ بېشىغا كەلگەن قېيىنچىلىقلارنى مىسالى بىلەن تەپسىلى ئاڭلىتىپ تۇراتتى. خىتاي باشلىقلار مەزكۇر تەڭسىزلىكلەرنى ئوڭشاش ئۈچۈن دەرھال ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بېرەتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ۋەدىلىرى سۆزلىگەن جايىدىلا قالاتتى. خەلق قۇرۇلتىيىدىكى باشقا ئۇيغۇر ۋەكىللەر بولسا، ھەممىگە سۈكۈت قىلىشىپ تېنچ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار رابىيە قادىرنىڭمۇ ئەڭ ياخشىسى سۈكۈت قىلىشىنى، بۇندىن بۇرۇن ئەشۇنداق پىكىر قىلىپ كۆپ سۆزلىگەنلەرنىڭ قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىلەردە ئۆلتۈرۈلگەنلىگىنى، بۇنداق سۆزلەۋەرسە ئورنىدىن ئۈزۈنغا قالماي ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقى توغرىسىدا « ياخشى تەۋسىيە » دە بولىشاتتى. ئەمما ئايرىم جايلاردا، مەخپى ھالدا ئۇلارمۇ رابىيە قادىرنىڭ جۈرئىتىنى قوللايدىغانلىقىنى ئېيتىشاتتى.

كېيىنكى يىغىنلاردا بولسا رابىيە قادىر يەنە تىجارەتچىلەرنىڭ دەردى ئەھۋالىنى ئىسىم پامىلىسى، تارتقان زىيان - زەخمەتلىرى بىلەن ئەينەن سۆزلىگىنىدە، بارلىق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى يوقۇرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممىسىنىڭ گېپى بىر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ پىكىرمۇ قىلدى. شۇڭا كېيىنچە ئۇلار رابىيە قادىرنىڭ پىكرىنى ياقتۇرمايدىغان بولۇشتى. لېكىن ئۇ ھەر قېتىمقى يىغىندا سۆزلىگىنىدەك تەكرارلايتتى:

« مىليونلىغان ئىنسانلار بىزگە زور ئىشەنچ قىلماقتا، بىزنىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلىشىمىزنى ئۈمۈت قىلىشماقتا! بىزمۇ بۇ يەردە ئەشۇ خەلقنى بەختىكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن مۇزاكىرە قىلىشماقتىمىز. شۇ مەقسەتنى خەلقىمىزگە چۈشەندۈرمەكتىمىزكى، ئۇلار پەقەتلا كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەگىشىشى لازىم. لېكىن بىز خەلقنى ئالداپ كەلدۇق! مەن بىر ئۇيغۇرمەن، مەن خەلقىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىلا بىلىمەن! ئېھتىمال بىز ئۇيغۇرلارمۇ خىتايلاردەك ئوخشاش بىر تۈزۈم ئاستىدا، ئوخشاش شارائىت ئاستىدا ياشاۋاتقان بولىشىمىز مۇمكىن. بىراق مەن ھەر قېتىم بىزنىڭ يىغىنلىرىمىزدا خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىشقا تىرىشىمەن، لېكىن ئۇلارغا ياردەم قىلىشنىڭ ئورنىدا سىلەر ھەقىقەتنى ئاڭلاشنى، قوبۇل قىلىشنى خالىمايسىلەر! زادى نېمە ئۈچۈن؟ مەن ياخشى بىلىمەنكى، سىلەرمۇ خەلقنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار، خەلقمۇ سىلەرنىڭ ئالداۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىزنى « سىياسى كېكەشلەر » دەپ ئاتىشىدۇ. چۈنكى بىز سىياسەتنى كېڭەشمەيمىز، بەلكى سۈكۈتتە تۇرىمىز! ئەگەر سىلەر مېنى تىڭشىمىساڭلار، مەنمۇ ھەرگىز توختاپ قالمايمەن! .

ئۇزۇنغىچە رابىيە قادىرنىڭ ش ئۇ ئا ر غا بولغان سىياسى مەسئۇلچانلىقى توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. ئۇ 1992 - يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا « خەلق ۋەكىلى » بولۇپ سايلاندى. ھۆكۈمەت ئۇنى نۇرغۇن ئورگانلارغا ئەزا قىلىپ بېكىتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خىتاي دۆلىتىنىڭ پرېزىدېنتى جاڭ زېمىن بىلەن ۋە باشقا مەركىزى ھۆكۈمەت ئەزالىرى بىلەن بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ، مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە مۇنازىرىلەشكەن بىردىن بىر ئايال سىياسەتچى بولۇپ قالدى. ئورۇن ئالمىشىپ ئېچىلىدىغان چوڭ يىغىندا بىر قېتىم ئۈرۈمچى شەھرىدە، بىر قېتىم بېيجىڭدا بولغان ئىدى.

ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتلەردىن كەلگەن، پارتىيە كادىرلىرى،

رابىيە قادىردەك تىجارەتتە نەتىجە ياراتقان ئىقتىسادچىلار، ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە يوقۇرى ئىناۋەتكە ئىگە بولغان كىشىلەر بولۇپ، تەخمىنەن 3000 نەپەر ۋەكىل، بېيجىڭغا كېلىپ، تىيەنئەنمېندىكى خەلق قۇرۇلتاي يىغىن زالىغا توپلاشقان ئىدى. بۇ يىغىن رەسمى ئىككى ھەپتە داۋام قىلاتتى. بۇ يىغىنىنىڭ ۋەزىپىسى بەزەن قانۇنلارنى ماقۇللاش ئىدى. ئۇلار تالاش - تارتىش قىلىشمايتتى. ئەمەلىيەتتە پارتىيەنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى پروگراممىلارنى ئوقۇپ ئاڭلىتاتتى.

رابىيە قادىر ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن تەرجىمانىنىڭ يېتەكلىشىدە ئىدى. يىغىن زالىدا بىر نەپەر خىتاي ئەمەلدار ئۇنىڭغا جاڭ زېمىنىنىڭ ئۇيغۇر ۋېكىللەر بىلەن  كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. رابىيە قادىرنىڭ يۈرىكى بۇ چوڭ خەۋەردىن ھاياجانلىنىپ، پەۋقۇلاددە جىددى سوقاتتى. باشقا ۋەكىللەر ئۇنىڭ « يوقۇرى مەرتىبىسى » گە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قوللىرىنى ئىگىز كۆتۈرۈشۈپ تەبرىكلىشەتتى. ئۇ كۆڭلىدە بۇ ئەھۋالنى تەبرىكلەۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھۆكۈمرانغا نىسبەتەن  يوشۇرۇن چىگىش بىر سېزىم ئۇنى بىئارام قىلاتتى.

تۇنجى ئۇچرىشىشتا دۆلەت رەئىسى ئۇنىڭدا ئىجابىي تەسىر قالدۇرمىدى. ئۇنىڭ چەكچىيىپ تۇرغان كۆزلىرى، يالغان كۈلكىسى، ئۇنى يېقىمسىز كۆرسەتكەن ئىدى. رابىيە قادىرنىڭ كۆز ئالدىدىكى بۇ ئادەم، ھەرگىزمۇ بىر دۆلەتنىڭ بېشى بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس ئىدى.

خەلق قۇرۇلتىيى زالىدا ش ئۇ ئا ر ئۇچۈن ئايرىم بىر بۆلۈم بار بولۇپ، شۇ بۆلۈمدە ئالى ساھىپخان رابىيە قادىر باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ۋېكىللىرىنى كۈتمەكتە . بۇ بۆلۈمنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى، ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇسلۇبى بويىچە ياغاچ ئويما بىلەن نەقىشلەنگەن ئىدى. تامغا گېلەم ۋە گۈل - چېچەكلەر، مۇۋىلىك دەرەخ چۈشۈرۈلگەن مەنزىرىلىك بىر پارچە سىزما رەسىم ئېسىلغان . جاڭ زېمىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن:

ـ چىن يۈرەكتىن قارشى ئالىمىز رابىيە ! مەرمەھەمەت، قەدەم تەشرىپ قىلىڭ رابىيە! - دەپ، ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى. دەرھاللىقتا رابىيە قادىر جاڭنىڭ ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن نېگاتىپ خىياللىرى ئۇچۇن ئۆزىنى ئەيىپلىدى. ئۇ ئۆزىنى ئانچە راھەت ھېس قىلالمىغان بولسىمۇ ئەتەي شـــات - خورام كۆرۈنۈشكە تىرىشاتتى ۋە:

ـ چىن يۈرەكتىن رەھمەت ئېيتىمەن! دۆلەتنىڭ رەئىسىدەك بىر

كىشىنىڭ مېنى قارشى ئالغانلىقى ئۈچۈن ئۆزەمنى شەرەپلىك ھېس قىلماقتىمەن! ـ دېدى ئۇ كەمتەر ھالدا. بۇ بۆلۈمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بولۇپ سەككىز نەپەر كىشى ئىدى. رابىيە قادىر تەرەپتە تەرجىمان ۋە ئۇنى يېتەكلىۋالغان كىشىلەر، جاڭ تەرەپتە ئوخشاشلا ئۈچ ئادەم بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرىدىن ئىدى. جاڭ پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇردى. باشقىلار بىردەكلا ئۇنىڭغا قارىشىپ ئولتۇرۇشقان ئىدى. بۇ بۆلمىدە ژورنالىستلارمۇ يوق ئىدى.

قارىغاندا، بۇ ئولتۇرۇشتا پەقەت رابىيە قادىرلا مۇھىم بولۇشى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېھتىمال مۇشۇ سۆھبەتتە ئۇنىڭ ئورنى يەنە يوقۇرى كۆتۈرۈلۈشى پىلانلانغان بولۇشى مۇمكىن! بەلكى ئاۋال ئۇنى سىناپ كۆرمەكچى بولغاندۇر.

ئۇلار ئۆز ئارا سىپايە سۆزلەرنى ئېيتىشىپ، سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن رەئىس جاڭ سۆز باشلىدى:

ـ ش ئۇ ئا ر دا قايسى قانۇننى ناچار كۆردىڭىز؟ ۋەتىنىڭىزدىكى چوڭ مەسىلە قايسى؟ قانداق ناھەقچىلىك، قايسى ئەمەلدارنىڭ قولى بىلەن ئاپتونوم رايوندا ھۆكۈم سۈرىلىۋاتىدۇ ؟.

جاڭنىڭ سۇئاللىرىنى سەممى دەپ قارىغان رابىيە قادىر « ئەمدى بۇ خىتاي باشلىق ۋەتىنىمىزدىكى مەسىلىلەرنى، قېيىنچىلىقلارنى ئوڭشاشقا بىر تۈزۈم ئىزدەيدىغان بولدى » دەپ ئويلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭغا 20 مىنۇتلا سۆز ۋاقتى بېرىلگەن. بۇ قىسقىغىنە ۋاقىتتا ئۇنۇملۇك مەلۇمات بېرىش ئۈچۈن، ئاساسلىق مۇھىم مەسىلىلەرنى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ لېچۈەننىڭ قىلمىشلىرىدىن شىكايەت قىلدى. ھەمدە ئۇ ھېچقانداق ئەندىشە قىلماستىن باج مەسىلىسى، ئەڭ ئېغىر ئىشسىزلىق مەسىلىسى، ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا، كۆچمەن خىتايلارنىڭ ھېچ بىر قىيىنچىلىقتا ئۇچرىماستىن ئىش ئورنىغا ئىگە بولۇشلىرى، ئۇيغۇرلار ئوخشاش كەسىپكە، ئوخشاش سەۋىيەگە ئىگە بولسىمۇ ئىش ئورنىدىن تەلەيسىز ئىكەنلىكى.... قاتارلىق بىر تۈركۈم جىددىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، يەنە ھاياجانلىنىپ، مۇنۇلارنى ئېيتتى:

ـ سىز ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك ھەممە پۇخراغا بىلىم ئىگىلەش، كەسىپ ئىگىلەش ھوقۇقى بېرىلىشى كېرەك. لېكىن سىزدىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، ئوقۇش، بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن ئائىلىلەردىن يوقۇرى ئوقۇش ھەققى ئالمىغان بولسىڭىز! ئۇلار بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ! .

ئۇ يەنە ئىلگىرلەپ، باشقا تېما ئۈستىدە سۆزىنى داۋام قىلدى:
_ خىتاي كۆچمەنلىرى ۋەتىنىمىزنى خاراپلاشتۇرىۋەتتى، ئۇلار بىزنىڭ ئورمانلىرىمىزنى كېسىپ قۇرۇتۇپ تۈگەتتى، بىزنىڭ دەريالىرىمىزنى، ئېتىز - ئېرىقلىرىمىزنى قۇرۇتۇپ تۈگەتتى، سىزدىن ئۆتۈنىمەنكى، كۆچمەنلەر سىياسىتىڭىزنى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرگەن بولسىڭىز! ئۆتۈنىمەنكى، ئۇنچىۋالا كۆپلىگەن خىتاي كۆچمەنلىرىنى بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگە ئەۋەتمەڭ! يەنە ئايرىم تەلەپ قىلىمەنكى، نامرات دېھقانلىرىمىزنىڭ دوختۇرخانىلاردا ھەقسىز داۋالىنىشىغا ئىمكانىيەت بېرىڭ!
جاڭ رابىيە قادىردىن يەنىمۇ بىلىدىغانلىرىنى سۆزلەشنى تەلەپ قىلدى.
_ سىلەر بىزنىڭ تۇپرىقىمىزدىن ناھايىتى كۆپ مىقتاردا نېپىت، تەبىئي گازلارنى ئېلىۋاتىسىلەر، بىزنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز بايلىقىمىز ھەققىدە « ئىككىنچى سەئۇدى ئەرەبىستانى » دېيىلدۇ. بىراق بىزنىڭ يېزىلىرىمىزدا، ھەتتا شەھەرلىرىمىزدىمۇ تۇزۇكرەك سۇ ئىشلىرى سېستىمىلاشقىنى يوق! مەن ھەممىنى بايان قىلىپ ئۈلگۈرتەلمەيمەن، ھېچ بولمىغاندا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بىلىم ۋە كەسىپ ئىگىلەش ئۈچۈن پۇرسەت بەرسىڭىز! _ دېدى رابىيە قادىر جاڭنىڭ ئاخىرقى تەكلىۋىگە بىنائەن.
جاڭ رابىيە قادىرنىڭ بارلىق تەلەپ ۋە شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىم بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولىۋاتقانلىقىنى، رابىيە قادىرنىڭ سۆزلىگەنلىرى تامامەن ئورۇنلۇق ھەم توغرا ئىكەنلىكىنى، بۇ مەسىلىنى ناھايىتى جىددىي تۇتۇپ ھەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ يېنىدىكى خىزمەتداشلىرىمۇ رابىيە قادىرنى تەبرىكلەيتتى ۋە « سىز بەك چوڭ باي ئايال ئىكەنسىز، ئەگەر كەمبەغەل پېتى قالغان بولسىڭىز بۇ ئورۇنغا ھەرگىزمۇ نائىل بولالمايتتىڭىز » دېيىشىپ تەنتەنە قىلىشتى.
جاڭ يەنە:
_ ئەگەر كۆڭلىڭىزدە ساقلىنىپ قالغان ھەرقانداق تەلەپلىرىڭىز بولسا، يوقۇرى ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلسىڭىز بولىدۇ، ھەرگىزمۇ سىرتتا، خەلق ئىچىدە ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقى كېرەك _ دېدى رابىيە قادىرغا ئەسكەرتىپ.

رابىيە قادىر ئۇرۇمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بېيجىڭدا بولغان ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەرگىنىدە سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى:
_ يارايسەن! سېنىڭ مەزكۇر مەسىلىلەرنى يەتكۈزگىنىڭ ئاجايىپ چوڭ

ئىش بوپتۇ! بىراق سەن ماۋۇنى دېمەپسەن! نېمىشكە ئاۋۇنى دېمىدىڭ؟ شۇنى نېمىشكە ئېيتمىدىڭ! مۇنۇلارنى نېمىشكە ئۇنتۇپ قالدىڭ! نېمىشكە تېخىمۇ قاتتىقراق سۆزلىمىدىڭ؟ - دەيتتى ئاغرىنىپ.

_ مەن ھەقلىق! ماڭا بەرگەن 20 مىنۇتلۇق ۋاقىت ئىچىدە شۇنچىۋالا مەسىلىلەرنى يەتكۈزدۈم، بۇ ۋاقىت ھەممە مەسىلىنى سۆزلەشكە يەتمەيتتى. لېكىن ئۈمۈت قىلىمەنكى، جاڭ مېنىڭ ئېيتقانلىرىمنى چىن يۈرەكتىن قوبۇل قىلدى، ئۇ چوقۇم خەلقىمىزگە ياردەم قىلىدۇ _ دەيتتى رابىيە قادىر ئۈمۈتلىنىپ.

_ ئاھ! سەن جاڭ بىلەن كۆرۈشۈپلا ئۆز چۈشەنچەڭنى يوقىتىپسەن! ئۇ سۆزلەرنى ئۇنداق مۇھىم دەپ قارىما! ئۇلار سېنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق دەپ قويىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئويۇن - دېدى بېشىنى چايقاپ سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى.

ئاچچىقلىنىپ كۆزىنى يۇمدى رابىيە قادىر ۋە:

_ قاچانلا بولمىسۇن، سەن رەئىس جاڭ بىلەن كۆرۈشۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغىنىڭدا ئۇنىڭغا ئېيتقان سۆزلىرىڭنى ماڭا ئاڭلىتىپ باق! سەن بىلەن شۇ چاغدا بۇ توغۇرلۇق سۆزلىشەيلى - دېدى ئۇ جىددى ھالدا. سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى كۈلۈپ كەتتى ۋە:

_ ئۇلار مېنى ھېچقاچان قارشى ئالمايدۇ! - دېدى. ئۇ ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرغان ئىدى. دېگەندەك بېيجىڭدا بولۇنغان قارشىلىق ئۈچۈن ۋاڭ لېچۈەن رابىيە قادىرغا ئۆزىنى كۆرسۈتۈپ قويدى!

( شۇ ناملىق كىتاپ. 248- 257 بەتلەردىن. )

(قوشۇمچە )

رابىيە قادىر خانىم بىزلەردەك ياكى تېخىمۇ بۇرۇنقىلاردەك خىتايدىن ناھايىتى يىراق، بېخەتەر جايلاردا تۇرۇپ « خىتايلار ۋەتىنىمىزدىن چىقىپ كەتسۇن!، بۇ ۋەتەن بىزنىڭ! ياشىسۇن ئۇيغۇرلار! يوقالسۇن خىتايلار! » دەۋاتقىنى يوق. ئۇ مەزكۇر بۆلۈمدە بايان قىلغىنىدەك، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن باشلاپ، خىتاينىڭ ئەڭ يوقۇرى ھۆكۈمرانىنىڭ كۆز ئالدىدا ئەشۇنداق تىكىلىپ تۇرۇپ « ۋەتىنىمدىن چىقىپ كېتىش! بۇ ۋەتەن بىزنىڭ! » دېگەن ئىدى. ئۇ بىزلەردەك خىتايدىن بىر قىتئە يىراقلىقتا تۇرۇپمۇ، ئارقا كوچىدىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا، سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ

« خىتايلار ۋەتىنىمىزدىن چىقىپ كەتسۇن! » دېگەن شۇئارنى توۋلىيالمايۋاتقان خۇمسىلاردىن ئەمەس! « خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش قىلساق، ئۇ ياقتىكى ئاتا - ئانىمىزنى خىتاي جايلاپ قويىدۇ » دەپ، ھەتتا باشقىلارنىمۇ نامايىشقا چىقىشتىن يالتايتىپ تۇرىدىغان بىزلەردەك نامەرت خۇمسىلاردىن ئەمەس!

رابىيە قادىرخانىم كەمبەغەل ۋاقتىدىمۇ، باي بولغاندىمۇ، يوقۇرى مەنسەپكە چىققاندىمۇ، تۈرمىگە قامىلىپ، بىر نانغا زار بولغاندىمۇ، چەتئەلگە سۈرگۈن بولغاندىمۇ، يۈرەك پارىلىرىنى ئۆزى ئازاپلانغان تۈرمىگە قاماپ، روھى ئازاپقا دۇچار قىلىنغاندىمۇ، دۈشمەنىنىڭ ئۆلۈم سۈيقەستىدە ئېغىر يارىلانغاندىمۇ، خىتايغا ئەجەللىك زەربە بەردى ۋە زەربە بەرمەكتە! ئۇ:

« مېنى بۇ يولدىن پەقەتلا ئاللاھ توختىتالايدۇ! ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ! مەن بۇ يولدىن پەقەت ئۆلۈم بىلەن توختايمەن! » دېگەن سۆزىگە سادىق ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئاللاھقا شۇ قەدەر ئىشەنگەن بولسا، دېمەك خىتاي تارقاتقان ئىغۋالار، خىتاي ئۇنىڭغا قارىتا ئىجرا قىلىۋاتقان تۈرلۈك زۇلۇملار ئۇنى ھەرگىزمۇ بۇ دەۋادىن ۋاز كەچتۈرەلمەيدۇ.

بىز نېمىشكە ئۇنىڭغا ئۆز قولىمىز بىلەن، ئۆز تىلىمىز بىلەن زەربە بېرىشىمىز كېرەك بولۇپ قالدى؟ بىزدە رابىيە قادىردەك جاسارەت بارمۇ؟ بولۇپ باققانمۇ؟ بىز نېمىشكە ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئېغىر « قۇربانلىق » تەلەپ قىلىشىمىز كېرەك بولۇپ قالدى؟ ۋەتەن، مىللەت دېگەن كىشى، ئۇيغۇرۇم دېگەن كىشى پەقەتلا بېشىنى يەپ، خىتاينىڭ قانلىق تۈرمىسىدە ئۆلۈپ كېتىشى كېرەكمىدى؟ ئۇ ئۆلگەن بولسا، باتۇرلارچە شېھىت بولغان بولسا، ئۇنىڭ جەسىدى لۇداۋان شېھىتلىكىگە كۆمۈلگەن بولسا، ئۇنىڭ قانچىلىك پايدىسى بولغان بولاتتى؟ بىز نېمىشكە ئويلانمايمىز؟ بىز زادى قاچـــان « ئادەم » بولىمىز؟ قاچان ئەقلىمىزنى قولىمىزغا ئالىمىز؟ ياكى بىزنىڭ ئەقلىمىز، كاللىمىز تەتۈر ئىشلەمدۇ؟.

تۈرمىدىن ھايات چىقىپ، دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق قەھرىمانى، دۇنيا تېنچلىق نوبېل مۇكاپاتى نامزاتى، دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قەھرىمانى، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دەردۇ ھالىنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىۋاتقان، ياۋرۇپادا ، ئەركىن غەرپ دۇنياسىدا بوغۇلۇپ قالغان ئۇيغۇر دەۋاسىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكالاۋاتقان، ئۇيغۇر دېگەن بۇ ناكەس مىللەتنى پۈتۈن دۇنياغا خۇددى ئاسماندىن چېقىلغان چۈشكەندەك پارلىتىپ تونۇتقان،

بۇ بىچارە، كالۋا خەقنى ئازات قىلىش يولىدا قىنتئەمۇ قىتئە جار سېلىۋاتقان رابىيە قادىر خانىم بىلەن، تۈرمىدە ئۆلگەن باتۇر، قەھرىمان، جاسارەتلىك رابىيە قادىرخانىمنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمىغان، سەن خەق زادى قاچان ئادەم بولىسەن!؟.

خۇمسى، نامەرت، قانخور خىتاي زوراۋانلىرى سەن خەقنى تۈپ يىلتىزىڭدىن، تۇخۇمىڭدىن تارتىپ قۇرۇتۇپ يوقىتىش ئىجراسىنى قىلىۋاتقان تۇرسا. خىتاي _ نامەرت خۇمسى خىتاي سەنلەرنى ئالداپ، قىلمىغىنى قالمىغان تۇرسا، بۈگۈن ئاچا - سىڭىللىرىمىزنى ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدە پاھىشەخانىدا دەپسەندە قىلىۋاتسا، ئۇنىڭ قىلمىشلىرى ئۈچۈن بىر قۇر خەت يازمىغان ئۇيغۇرنىڭ ئاتالمىش « زىيالىلىرى » ئەجەبا خۇمسى، نامەرت خىتايلار ئەينى ۋاقىتتا ۋەھشى تۈرمىدە، دەھشەتلىك ئۆلۈم زىندانىدا، بىر نانغا زار بولۇپ، ئۆز ئۆلۈمىنى بۇرنىغا پۈرىتىپ تۇرغان، بىچارە، ناتىۋان رابىيە قادىرخانىمنىڭ ئىچىنىشلىق ھالىنى « يۇ تۈبە » ئېكرانىدا كۆرگەن چېغىڭدا يۈرەكلىرىڭ ئېچىشماي، كۆزلىرىڭدىن ياش تۆكۈلمەي، ئەشۇ ناتىۋان مەزلۇم ئاناڭنى بوزەك قىلغان ۋەھشى جاللات خىتايغا نەپرەت قىلماي، ئەكسىچە « خىتايغا باش ئەگكەن، تەسلىم بولغان، خىتاي دۆلىتىنى دادام، ئاپام دېگەن بۇنداق تەسلىمچى ماڭا باشلىق بولالمايدۇ » دېدىڭغۇ ھەي نامەرتلەر!

سەنلەر تەشكىلاتلارغا بىر تىيىن بەرمەيسەن، ئەمما بارلىقىنى سەنلەر ئۈچۈن، ۋاپاسىز ئەۋلاتلىرىڭ ئۈچۈن پىدا قىلىۋەتكەن سۆيۈملۈك رەھبىرىمىز، مىللىتىگە ئاشىق ۋاپادار قەھرىمانىمىز رابىيە قادىرخانىمدىن ھەتتا ئۇنىڭ تۈرمىدە ئۆلۈپ، سەنلەرگە جېنىنىمۇ سېلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشتىڭغۇ ھەي كالۋالار!

ئەشۇ جاسارەتلىك ئەمما يۈرەك باغرى دەرت، ھەسرەتكە تولۇپ كەتكەن، ناتىۋان ئانىنى تەنقىت قىلىشقىچە، قىممەتلىك ۋاقىتلىرىڭنى، قىممەتلىك زېھنىلىرىڭنى سەرپ قىلىپ ئۇنى غاجىلىقىچە، ئەلۋەتتە « ئانا، سىزگە ئىشىنىمىز! يولىڭىزدا پىدا بولىمىز » دېيىشكەن بولساڭ، ۋەتەندە قالغان يەتىمىش پۈشتۈڭنى خىتاي جايلاپ كەتكەن بولاتتىمۇ؟

ھۆرمەتلىك ئەركىن ئەپەندىنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا ئىكەن! « ۋاپاسىز مىللەت!».

داھى چىقىرىشنى بىلمەيدىغان، ئۆزى يېتىشىپ چىققان داھىنى

تونۇمايدىغان، ئۆزى بىر تېيىنىنىڭ كۆزىدىن مىڭ قېتىم ئۆتىدىغان، داھىدىن قۇربانلىق قان تەلەپ قىلىدىغان ھەي ناكەسلەر!

مېنىڭ دەيدىغىنىم شۇنچىلىك، نوچى بولساڭ مەن ھەر زامان تەييار.

36

ش ئۇ ئا ر مەركىزى ھۆكۇمەت ئىشخانىسىدا رابىيە قادىر ۋاڭ لې چۈەنىنىڭ ناھايىتى سوغۇق مۇئامىلىسىگە ۋە ئەيىپلىشىگە يولۇقتى. ۋاڭ خۇددى خىتايلارغا سۆزلەشنى ئۆگىتىۋاتقاندەك سۆزلىمەكتە ئىدى:

ـ سىز شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىز كېرەككى، بىز سىزنى (جۇڭگۇ) مەركىزى ھۆكۇمىتىگە تونۇشتۇردۇق. بىراق مەن ئويلايمەنكى، بىز شۇ ئىشتا چوڭ خاتا قىلغان. ئەگەر سىز يەنە داۋاملىق بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن شىكايەت قىلىشقا ئورۇنسىڭىز چوڭ پېشكەللىككە يولۇقىسىز!

ۋاڭ سۆزىنى شۇنداق باشلىدى. ئۇنىڭ ماي تەپچىرەپ تۇرغان قېلىن، گۆشلۈك يۈزلىرى ئەسكى چاپاننىڭ پېشىدەك پالاقلىشى ۋە ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى ھەر بىر سىزىقچىلار ئۇنىڭ ۋەھشىلىكىنى ئېنىق كۆرسۈتۈپ تۇراتتى.

ـ ئۆزىڭىزنىڭ ئاددى بىر تىجارەتچى ئايال ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭىز لازىم. بىز سىزنى قوغداپ قېلىشقا تىرىشتۇق، لېكىن سىز دائىملا « مىللەتچىڭىز » ھەققىدە سۆزلەيسىز. ئەگەر خەلقنىڭ ئىددىيىسى مەركىزى ھۆكۇمەتنىڭ ئىددىيىسى بىلەن بىر يەردىن چىقمىسا، پۈتۈن خەلققە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك « ئىددىيە تۈزىتىش » جازاسى بېرىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىشقا تەييارمىز! ئەگەر سىز ئۆز ئۆزىڭىزگە ئىگە بولالمىسىڭىز، بەلكى سىزمۇ شۇنداق مۇئامىلىگە يولۇقىسىز. ئاڭلىشىمىزچە يولدىشىڭىز ناباپ كىشىلەردىن ئىكەن.

مۇشۇ كۈنگە قەدەر يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار رابىيە قادىرغا يولدىشى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنىڭ ئۈستىدىن ئۇنداق سۆزلەردە بولمىغان ئىدى. رابىيە قادىر ۋاڭ لې چۈەن بىلەن مەزكۇر تېمىدا خىتايچە جاۋاپلىشالىغۇدەك سەۋىيەگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇيغۇرچە سۆزلىدى. ئارىلاپ خىتايچىنىمۇ قوشۇپ قوياتتى:

ـ سىز مەن بىلەن سۆزلەشكەندە، شەخسى ئىشلارنى كۆتۈرۈپ چىقىشقا

ھەقلىق ئەمەسسىز! بولۇپمۇ يولدىشىمنىڭ ئۇستىدىن! _ دېدى ئۇ تىرىكىپ.

ۋاڭ تېخىمۇ مۇناسىۋەتسىز تەرزدە زوكۇملىشىشقا باشلىدى:

_ يولدىشىڭىز ئۆزۈن يىللاپ تۈرمىدە بولغان ئىكەن. سىز ئەشۇ ئادەمنىڭ يۈز خاتىرىسىدىن نوپۇزغا ئېرىشكەن ئىكەنسىز! بىز سىزنى پەقەتلا ھىمايىمىز ئاستىغا ئېلىشنى خالىغان ئىدۇق! سىز ئىستىقبالىڭىزنى ئويلاڭ، ئىستىقبالىڭىزغا ئويغۇن ئىش كۆرۈڭ! .

ۋاڭ بۇ سۆزلىرى بىلەن رابىيە قادىرغا « يولدىشىدىن ئاجرىشىش گۈلى » تۇتماقچى ئىدى. ئۇ ۋاڭ نىڭ ئېيتقانلىرىنى خاتا چۈشىنىپ قالغان قىياپەتتە سۇئال قويدى:

_ مەن پارا ئېلىپتىمەنمۇ؟ مەن بىر كىمنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتىمەنمۇ؟ كوچىلاردا سىلەرگە قارشى بىرەر ئىش قىلىپتىمەنمۇ؟ مەندىن قايسى خاتالىق سادىر بوپتۇ؟ مەن بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىكى ھەقىقىي ئەھۋاللارنى دۆلەت رەئىسىگە تونۇشتۇردۇم. ئەگەر بىز ئۆلكىمىزدە مۇقىملىقنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ياخشىلىشىمىز كېرەك! مەن ھۆكۈمەتتىن ئالاھىدە چوڭ بىر نەرسە كۈتمەيمەن، پەقەتلا خەلق مەنپەئەتىنى ۋە خەلققە قارشى يامانلىق قىلىنماسلىقنى خالايمەن .

ۋاڭنىڭ يۈزىدە مەزكۇر تەنە سۆزلەرگە نىسبەتەن ئوچۇق ئىپادە كۆرۈلمەيتتى. ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ زوكۇملىشىشنى داۋام ئەتمەكتە ئىدى رابىيە قادىر:

_ ئەگەر سىز يەنە داۋاملىق بيۇروكراتلىق قىلسىڭىز، ھۆكۈمرانلىقىڭىزنى ناھەق ئىشلەتسىڭىز، ئەگەر سىز يەنە ھەر كۈنى بىگۇناھ ئىنسانلارنى تۈرمىگە قاماتسىڭىز، خەلقنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايسىز! سىز پۈتۈن بىر مىللەتنى تۈرمىگە قامىتىپ بولالمايسىز! مېنىڭ رەئىس جاڭ غا ئېيتقان قاراشلىرىم بۇ ئۆلكىنى قوغداشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى بىز بۇ ئۆلكىدە ئادالەتنى ئەمەلىلەشتۈرسەكلا، ئاندىن تېنچلىقنى بەرپا قىلالايمىز. شۇنداق، سىلەر مېنىڭ باي بولۇشۇم ئۈچۈن كۆپلىگەن ئىمكانىيەتلەرنى بەردىڭلار. لېكىن سىلەر ماڭا بەرگەن شۇ ئىمكانىيەت بىلەن مېنى ئۆزەڭلەرگە قارىتىپ تۇتۇپ تۇرماقچى ئىكەنلىكىڭلارنىمۇ بىلمەمەن.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ۋاڭ غا تەرجىمان ئۇدۇللۇق يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئاخىرقى جۈملىلەرنى ئاڭلىغىنىدا ۋاڭنىڭ يۈزلىرى پور كۆتەكتەكلا بولۇپ قالغان ئىدى.

رابىيە قادىر تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ يەنە داۋام قىلدى:
_ سىزنىڭ ئېيتىشىڭىزچە مەن چوڭ بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپتىمىشمەن، ماڭا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟ قايسى خاتالىقنى سادىر قىپتىمەن؟ .
ۋاڭ سوغاق قانلىق بىلەن:
مەن پەقەتلا سىزنى « خائىن » دەپ تونۇيمەن، ئۆزىڭىزدە چوڭ بىر جاۋاپكارلىقنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدۇرىۋاتىسىز! - دېدى.
_ سىز مۇنازىرىدە يېڭىلدىڭىز، خىتايچىدە « گەپتە يېڭىلگەن مۇشت كۆتىرەر » دەيدىغان سۆز بار. سىز ماڭا مۇشت كۆتەردىڭىز. لېكىن مەن سىزنى ئاگاھلاندۇرۇشۇم كېرەك _ دېدى رابىيە قادىر ۋاڭ غا جاۋابەن. ھەمدە:
_ ئەگەر سىز يەنە ئۇيغۇرلارغا شۇنداق ناھەق مۇئامىلە قىلسىڭىز، بىلىپ قېلىڭكى قىلمىشىڭىزنىڭ جازاسىغا تارتىلىسىز _ دېدى تەكىتلەپ. ۋاڭ قاتتىق بىر نەپەس ئېلىۋېلىپ:
_ سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىز مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى _ دېدى رابىيە قادىرغا تەئەددى بىلەن.
_مېنىڭ ئىستىقبالىم شەك - شۈبھىسىز ئاللاھتۇر! _ دېدى رابىيە قادىر دەر غەزەپ بىلەن ۋە _ مەن كەتتىم- دېدى قول سومكىسىنى سىلكىپ تارتقىنىچە. لېكىن ۋاڭ ئۇنى توختىتىپ، ئابلەت ئابدۇرىشىت ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ سېكرىتارلىرىنى قوشۇپ قويدى.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىت بىلەن رابىيە قادىرلارنىڭ ياخشى تونۇشلۇغى بولۇپ، ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ئۆز - ئارا شەخسى باردى-كەلدىسىمۇ بار ئىدى.
_ ۋاي كېلىڭ، كېلىڭ! سىزنى كۆرۈش نېمدىگەن ياخشى ھە! - دېدى ئۇ رابىيە قادىرغا سالام بېرىپ. ھەمدە بالىلارنىڭ، يولدىشى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنىڭ ھال ئەھۋالىنى سورىدى. ھېلىقى رابىيە قادىرنى باشلاپ كىرگەن ئىككى نەپەر سېكرىتار ئۇلارنىڭ ھەر بىر سۆزلىرىگىچە دىققەت قىلىشماقتا ئىدى.

ئابلەت ئابدۇرىشىت ھەر زامان قارشى تەرەپكە ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن، ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تەبىئي ئوچۇق چىراي ئادەم ئىكەنلىكىدىن كىشىلەر ئۇنىڭغا « ئابلەت ئوماق » ياكى « تاتلىق

ئابلەت » دەپ لەقەم قويۇشقان ئىدى.

ئۇ شەخسى پاراڭلار ئۈستىدە سۆز باشلىدى:

_ سودا سارىيى ئۈچۈن ئالغان قەرزلىرىڭىزنى قايتۇرۇپ بولالىدىڭىزمۇ؟ ھازىر تىجارەت ئىشلىرىڭىز قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟

ئۇ شۇنداق سۇئاللار بىلەن ئەگىپ كېلىپ، ئاخىرى ھېلىقى يېقىمسىز تېمىغا كۆچتى:

_ سىز ۋە مەن، بۇ ئىككىمىز ۋەتىنىمىزدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بولالمايمىز! لېكىن سىز بىر قانچە ئۇششاق ئىشلار سەۋەپلىك ئۆزىڭىزگە مەسىلە تېپىۋالماسلىقىڭىز كېرەك. سىزنىڭ بېيجىڭدا سۆزلىگەنلىرىڭىز ئەسلىدە توغرا. ئۇ يەردە خەلقىمىزگە بولغان غەمخورلۇق ھەققىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقلار توغرىسىدا قىلىنغان پىكىرلەر توغرا پىكىر. بىراق، خەلقىمىزنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇش ئەھۋالى بىلەن ھازىرقى يوقۇرى سەۋىيەدىكى تۇرمۇش ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىمىز كېرەكتە!

رابىيە قادىر ئۇنىڭ كۆزىگە چوڭقۇر تىكىلىپ قارىدى.

_ نېمىشكە ئۇنداق تىكىلىسىز؟ - دېدى ئۇ بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ.

_ مەن ھازىر سىزنىڭ ئۆتمۈشىڭىزنى، بالىلىق چاغلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىڭىزنى ئويلاۋاتىمەن! سىز ئەسلىيەلەمسىز رەئىس ئەپەندىم _ ھېلىقى سىز ئۆسۈپ يېتىلگەن، سىز كۆرۈپ چوڭ بولغان يېزىلارنى؟ ئەسلىيەلەمسىز ھېلىقى چاغلارنى _ بىز قارنىمىز توق، بەختىلىك ئۆتكەن چاغلارنى؟ ھېلىقى بىز بىرلىكتە شات - خورام، ھېيت - بايرام تەنتەنىسى قىلغان چاغلارنى؟ _ دېدى رابىيە قادىر ئۇنىڭ سۇئالىغا سۇئال بېرىپ. بۇ ئۇيغۇر رەئىسمۇ رابىيە قادىردەك ئەشۇ تەڭرى تاغنىڭ شىمالى _ ئىلى ۋادىلىرىدىن ئىدى.

_ ئۇ چاغلاردا - دەپ، سۆزىنى داۋام ئەتتۇردى يەنە:

بىر بىرىنى ئالدايدىغان نائەھلى قىلىقلارنى كىشىلەر نادىر ئۇچرىتاتتى. چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز بۈگۈن بۇ خەلق نېمىشكە جېدەلخور، ساختىپەز بولۇپ كەتتى؟ سىز « ياخشى، ھەممە ئىش بەك ياخشى بولۇپ كەتتى » دېگەن گەپلەرنى تەكرارلاۋەرمەستىن، ھاياتىمىزنىڭ يامان تەرەپلىرى توغرىسىدىمۇ سۆزلەپ قويۇڭ! ئادەم توغرىنى يوشۇرۇپ، دائىم يالغان سۆزلەۋەرسە شۇ سەۋەپتىن كېسەلگە بوغۇلىدۇ .

ئابلەت ئابدۇرىشىت گالىستۇغىنى بىر ئاز بوشىتىپ، نەپەسلىنىۋالغاندىن

كېيىن:

_ بولدى، توختاپ قېلىڭ. بىز باشقا بىر تېما ئۈستىدە سۆھبەتلىشەيلى، ھازىر قايسى تىجارەت بىلەن بولۇۋاتىسىز - دېدى ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن زوكۇملىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇياق بۇياقتىن بىر قانچە كېلىمە پاراڭلىشىپ، بۇ يەردىنمۇ قايتماقچى بولدى. ئابلەت ئابدۇرىشىت ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. رەئىسنىڭ ئايالى ئۇنى كۆرسە بەكمۇ خۇرسەن بولۇپ سۆيۈنەتتى. رابىيە قادىر بۇ تەكلىپنى رەت قىلىشنى قانچە ئارزۇ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆيۈنۈپ، غەمخورلۇق قىلىۋاتقىنى ئۈچۈن، ئارتۇقچە قاتتىقلىق قىلماي، كېيىنكى قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ۋاڭ نىڭ ھېلىقى ئىككى سېكرىتارىغا بۇيرۇق قىلىپ، ئۇنى ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ چىقىش ئىشىكىگىچە باشلاپ قويۇشنى ئېيتتى. ئۆزىمۇ بىرگە كېلىپ ئۇزۇتۇپ قويدى. ئېھتىمال بۇ كۈزەتچىلەر رابىيە قادىر بىلەن ئابلەت ئابدۇرىشىتنىڭ ئارىسىدىمۇ، باياتىن ۋاڭ بىلەن بولغاندەك (مۇناسىۋەتنىڭ) ئاخىرغا چىقىشنى كۈتۈشكەن ئىدى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ۋاڭ لي چۈەن رابىيە قادىرغا پۇرسەت بەرمەسلىك، ئۇنىڭ يولىغا توسالغۇ پەيدا قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئاچتى.

رابىيە قادىر پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى تىجارەت ئىشلىرى بىلەن دائىم دېگۈدەك يول ئۈستىدىلا بولاتتى. ئۆيىگە قايتىپ كەلگىنىدە يولدىشى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى بىلەن ھەر ئىككىلىسى بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەر ئۈستىدە مۇڭدىشاتتى. سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئوقۇتۇش كەسپىنى، يېزىش ۋە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىلمي كەسپى ئالدىدا رابىيە قادىر تاپقان مىليونلار، ئۇنىڭ مىليونېرلىقى قىممەتسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە تەلەپ قويغان ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئۇيغۇر ياشلىرىغا بىلىم بېرىش ۋە ئۇلارنى تەربىيلەش ئىدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنى بېيجىڭ ۋە ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇغۇچىلار نامايىشلىرىدىن كېيىنلا قورۇما نوقتىغا ئالغان ئىدى. ئۇنىڭ 45 ئوقۇغۇچىسى ئارىسىدا ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ بەش نەپەر مەخپىيەتلىك ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىلىرى بار ئىدى. ئۇ ھېچقاچان ئۇيغۇر مىللىتىگە ئائىت بىر نەرسە سۆزلىيەلمەيتتى. ئۇ سۆزلەيدىغان لېكسىيەنىڭ ھەربىر

سۆزلۈكلىرىمۇ بىر قانچە كادىرنىڭ قولىدىن ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇنمۇ بار بولغان زۇلۇم، ئېزىلىش ۋە ئادالەتسىزلىكلەر كۆزگە كىرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر خىتاي، بىر قازاق پارتىيە ئەزاسى مەسئۇل بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭغا ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن ماركسىزىمنى تاڭاتتى. ئۇ ئۆز لېكسىيەسىدە بۇ ھەقتە سۆز قىلمايتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭغا قويغان سوئاللارنىمۇ تەكشۈرۈپ، بېكىتىدىغانلارغا تاپشۇرىشى كېرەك ئىدى.

سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىغا دېموكراتىيە ھەققىدە، ئۇيغۇرلار تارىخى ھەققىدە ھېچنەرسە سۆزلىيەلمەيتتى. ئۇ بىر قېتىم ئىرانلىق بىر يازغۇچىنىڭ كىتاۋىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، ئاياللار ھوقۇقى توغۇرلۇق لېكسىيە تۈزگىنىدە، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىنمىغان ئىدى. ئۇ دەرس ۋاقتىدا « ماۋ ئۇلۇغ داھى ئىدى » دەپ سۆزلەشكە مەجبۇر ئىدى. كېچىلىرى بولسا راھەت ئۇخلىيالماي، ئۆزىنى ئۇياقتىن بۇياققا ئاتاتتى. ئۇ « پىكىر ئەھلى تەپەككۇر قىلىشتىن مەنئى قىلىنسا، بۇ بىر ئازاپ ئەمەسمۇ! » دەپ غەزەپلىنەتتى. بۇنداق ئەھۋال يالغۇز سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلارغا يۈرگۈزۈلىۋاتقان بىر زۇلۇم ئىدى.

ئۇ بىر كۈنى ناھايىتى غەمكىن، كۆز چاناقلىرى ئولتۇرۇشقان ھالدا ئۆز مەقسىدىنى رەپىقىسى رابىيە قادىرغا ئېيتتى:

_ مەن ئەمدى ئوقۇغۇچىلىرىمغا يالغان سۆزلەشنى، ئۇلارنى ئالداشنى ئارتۇق كۆتۈرەلمەيمەن! يۈرىگىمدە ئوقۇغۇچىلىرىم بىلەن ئورتاقلاشماقچى بولغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ساقلاپ يۈرمەكتىمەن. لېكىن ئۇلارغا سۆزلەش مەنئى قىلىنغان. ئۇلارغا مەشھۇر پەيلاسوپلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىشىمنىمۇ مەنئى قىلىشتى.

ئۇ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلايدىغانلىق قارارىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ باشقا يولى قالمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ قارارىنى رابىيە قادىرمۇ توغرا تاپتى. ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن خىيالچان، كەمسۆز بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ كەلگۈسى ھەققىدە ئەڭ يېقىن دوستى ھېساپلىنىدىغان ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى بىلەن سۆھبەتلىشىپ كۆڭۈل قارارلىرىنى ئېرىتەتتى.

خىتاي « دۆلىتى » دىكى بىر مىليارد ئۈچيۈز مىليون خەلق ئىچىـــدە « يەتتىنچى باي شەخس » ۋە « ئەڭ باي ئايال » رابىيە قادىر ئىدى. « رابىيە قادىر سودا سارىيى » ئۇنىڭ بايلىقىنىڭ بىر قىسمىنىلا

كۆرسىتەتتى. يەنە ئۇنىڭ « ئۆي - مۈلۈك » شىركىتى، ئوزۇقلۇق يېمەك ماللار شىركىتى قاتارلىق شىركەتلىرى، قازاقىستاندا خۇرۇم زاۋۇتى ۋە ئىككى قەۋەتلىك سودا بىناسى، قىرغىزىستان، ئۆزبەكىستاندا ئىمپورت ئېكىسپورت فىرمىسى بار ئىدى.

ئۇ ئۆز ئالدىغا چوڭ بىر ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرغان ئىدى. نۇرغۇن مۇھىم ئىشلاردا ئۇ ئۆزىلا قارار بېرەتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىگە مۇھىم مەسلەھەتچىلەرنىمۇ توپلىغان ئىدى. ئۇلار سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى، چوڭ ئوغلى قاھار، ئىنىسى مەمەت، ئۆزىنىڭ شوپۇرى رەھمۇتۇللاھ قاتارلىقلار ئىدى. يەنە بىر نەپەر مۇئاۋىن دىرېكتورمۇ بار ئىدى. ئۇ شىركەتنىڭ مالىيە بۆلۈمىدە ئىككى نەپەر « دۇنيا ئىقتىسات ئەھۋالى » دىن ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان خىزمەتچى توختاتقان ئىدى. 7 فېرمىنى 10 كىشىلا باشقۇراتتى. رابىيە قادىر كۈنىگە ئەڭ ئاز 10 سائەتلەپ ئىشلەيتتى.

ئۇ تىجارەت سەپىرىدە ش ئۇ ئا ر نىڭ ھەممە ئەھۋاللىرىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادەت، ياشاش ئەھۋالىنى ياخشى تونىغان ئىدى. ئۇ ۋەتەنىنىڭ ھەر بىر بۆلۈك پۇچقاقلىرىغىچە قەدەم باسقان ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق مەدەنى يادىكارلىقلىرىنى زىيارەت قىلغان ئىدى. ھەتتا ئۇ مۇزارت تېغىدىن _ ئۇنىڭ بوۋىلىرى شىمالغا قاچقاندا بېسىپ ئۆتكەن ئەشۇ ئىگىز، كۆككە تاقاشقان قارلىق چوققىلاردىن ئۆتكەن ئىدى. تەكلىماكان _ خىتايلار « ئۆمۈت دېگىزى » دەپ ئاتايدىغان تارىم ئېتەكلىرى. ئۇيغۇرلارغا قىلچە پايدىسى يەتمىگەن تەبىئي بايلىقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگەن ئىدى..

لوپنۇر ئاتوم سىناق قىلىش رايونىدا ئاتوم زەھىرىدە زەھەرلەنگەن 200.000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ھەققىدىكى مەلۇماتلار، %80 دىن ئارتۇق مېيىپ كىشىلەر، ئېغىز، بۇرنىدىن قان تەپچىرەپ تۇرغان كىشىلەر، قول-پۇتلىرى ئېقىپ كەتكەن كىشىلەر، كۆزسىز، قۇلاقسىز تۇغۇلىۋاتقان بوۋاقلار، چاچلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن كىشىلەر، لېكىن بۇ ئىنسانلار ئوزلىرىنىڭ نېمە ئۇچۇن شۇنداق بولۇپ كېتىۋاتقانلىرىدىن خەۋەرسىز بولۇشلىرى ھەممىدىن بەكرەك ئېچىنىشلىق ئىدى.

رابىيە قادىر خىتاي خەلق قۇرۇلتىيىدا ئەشۇ ئاتوم زەھىرىدىن زەھەرلەنگۈچىلەرگە ھەق تۆلەشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. لېكىن خىتاي سىياسەتچىلىرىگە نىسبەتەن ئۇنداق پىكىر تامامەن يات ئىدى. ئۇلار ئىنسانىيەت ھەققىدە چۈشەنچىسى يوق كىشىلەر بولۇپ، خىتاي دۆلىتىدە

بۇنداق چۇشەنچىسىزلىك ھۆكۈمرانلىرىدىمۇ، مەھكۇملىرىدىمۇ ھۆكۈم سۈرگەن بىر پاجىئە ئىدى.

(شۇ ناملىق كىتاپ 257- 267 . بەتلەر)

( قوشۇمچە )

رابىيە قادىرخانىم ئۆزى مۇشۇ بۆلۈمدە بايان قىلغىنىدەك ـ يەنى زالىم، قانخور خىتاي جاللىتى ۋاڭ لې چۈەن بىلەن زۇكۇملىشىپ، خىتاي ھۆكۈمەت بىناسىدا « مېنىڭ ئىستىقبالىم ئاللاھتۇر! » دېگەن شۇئارى بىلەن ياشىغان ھەقىقىي ئىمانلىق شەخستۇر.

ئۇ ئىمانىنى، ۋىجدانىنى ئۆز خەلقىگە تەھدىت ئورنىدا ئىشلىتىپ، ۋاڭ لې چۈەنگە خوشامەت قىلىدىغان، ھېيت نامىزىدىن يېنىپ، بىرىنچى بولۇپ ۋاڭ لې چۈەننى زىيارەت قىلىدىغان خائىن، سەللىسى يوغان ئىمانى يوق مۇناپىق موللىلاردىن ئاسمان بىلەن زىمىندەك پەرقلىنىپ تۇرىدۇ! بىر مەسجىتكە ئىمام بولۇۋېلىشنى، بىرەر مەدرىسكە خەلپەت بولۇۋېلىشنى، خىتاي سىياسى كېڭەشىدىن ئايلىق مائاشقا ئىگە بولۇۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ، ۋاڭ لې چۈەن يۈرگۈزىۋاتقان « ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئۇيغۇر قىزلىرىنى يۆتكەش » پاجىئەسىنى، توغرا دەپ پەتىۋا چىقىرىشقا ئۇرۇنىۋاتقان، مۇقەددەس قۇرئاندىن، ئۇلۇغۋار ھەدىسلەردىن ئەھكام ئىزدەشكە تىرىشقان مۇناپىق، خائىن موللىلاردىن ئاسمان بىلەن زىمىندەك پەرققە ئىگىدۇر!

ئۇ، ئۆز ئىمانىنى خىتايدىن يۈز مىڭ چاقىرىم يىراق تاغنىڭ ئارقىسىدا جاكارلايدىغان، ئۆز خەلقىنى ئوخشاشمىغان كۆز قارىشى تۈپەيلى « كاپىر » دەپ روھىي ۋە جىسمانىي جازاغا تارتىدىغان، ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە يولۋاستەك ھەيۋەتلىك، خىتايغا يۈزتۇرانە تاقابىل تۇرۇشتىن ھاياتى بويىچە قاچىدىغان، قورقۇنچاق، ساختىا « مۇجاھىد » لاردىن ئاسمان بىلەن زىمىندەك پەرقلىنىپ تۇرىدۇ!

ئۇ، دىنىي ئايرىمچىلىق بىلەن مىللى دۈشمەنلىكنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان، دىنىي بىلىملەرنى ئۆزلىرىنىڭ خاس مۈلكىدەك ھېس قىلىشىدىغان، مۇقەددەس قۇرئانى كەرىمنى ئاتا بوۋىسىدىن مىراس قالغان شەخسى مۈلكىدەك ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقان، قىلغان ئىشلىرىدىن خاتالىق كۆرۈلسە، « ئاللاھنىڭ سىناقلىرى » دەپ، ئۆز خاتالىقلىرىنى ئاللاھ بىلەن پەدازلايدىغان، خاتالىقىنى تىلغا ئالغانلارنى « ئىمانسىز » لىق

تۆھمەتنى بىلەن ئەيىپلەيدىغان، يا ئۆزلىرىنى بىلمەيدىغان، يا ئۆزگىلەرنى بىلمەيدىغان، دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە يامراپ كەتكەن « چالا موللىلار » دىن ئاسمان بىلەن زېمىندەك پەرقلىنىپ تۇرىدۇ!

رابىيە قادىر خانىم ئۆزى مۇشۇ بۆلۈمدە ئېيتقىنىدەك، ئاجايىپ چوڭ باينىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭغا ھېچنەرسە كاملىق قىلمايتتى. لېكىن ئۇ بۇ بايلىقلارنى پەقەتلا مىللەتنى ئۈچۈن تاپقانلىقى تۈپەيلى، كەسكىن مىنۇتلاردا مىللىتىنى تاللاپ، بايلىقىدىن ۋاز كەچتى! ۋاڭ لى چۈەننىڭ ئاگاھلاندۇرىشىنى رەت قىلىپ، « مېنىڭ ئىستىقبالىم ئاللاھتۇر! » دېدى. ئۇ ئەشۇ شۇئارى سەۋەپلىك پۈتۈن بايلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى بىلەتتى. لېكىن ئۇ كەسكىن پەيتتە مىللىتى ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇردى!

ئۇ، ئۆز بايلىقلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، خىتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆزىگە ياخشى كۆرۈنىمەن _ دەپ، ئۆز پۇللىرى بىلەن خىتاي كوچىمەنلىرىگە ئۆي - ماكان سېلىپ بېرىۋاتقان، خىتاي دۆلىتىنىڭ « قوش تىللىق مائارىپى » ئۈچۈن ئۆز خىراجىتى بىلەن مەكتەپ سالدۇرۇپ تەقدىم قىلىۋاتقان، پۇل ئۈچۈن ۋەتەننى، مىللەتنى پۈتۈنلەي كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىۋاتقان، ساختىنا ئابرويلۇق، ئىچى ۋە تېشى چىرىكلىشىپ كەتكەن بايلاردىن ئاسمان بىلەن زېمىندەك پەرقلىنىپ تۇرىدۇ!

ئۇ، ئىقتىساد ياردەم قىلسام خىتاي ھۆكۈمىتى بىلىپ قالسا، يەتمىش پۇشتۇمنى جايلاپ قويامدىكىن _ دەپ، مىللەت دەۋاسىغا ياردەم قىلىشتىن ئۆزىنى تارتىدىغان، ئەگەر مىللەتچىلەر باش كۆتىرىپ قالسا، خىتايدىن ئالىدىغان تىجارى پايدام زىيانغا ئۇچرامدىكىن _ دەپ، ئۆز پايدىسىنى كۆزلەپ، مىللەت ئۇرۇشىغا ياردەم قىلمايدىغان، ئىككى تەرەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈچ نىسبىتىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان، مۇناپىق بايلاردىن، نامەرت پۇلدارلاردىن ئاسمان بىلەن زېمىندەك پەرقلىنىپ تۇرىدۇ!

رابىيە قادىر خانىم ئۆزى مۇشۇ كىتاۋىدا بايان قىلغىنىدەك، ئارانلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. لېكىن ئۇ ئەمەلىي بىلىملەرنى ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىن ئىگىلىگەن بولسا، نەزىرىيىۋى بىلىملەرنى يولدىشى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىدىن ۋە مەنىۋى ئۇستازلىرى زۇنۇن قادىرى، ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، تۇرغۇن ئالماسلاردىن ئالغان ئىدى. ئۇ، ئايلىق مائاشىنىڭ قولى بولۇپ قالغان زىيالىلاردىن، مىللەتكە پايدىسى تەگمەيدىغان

دوكتورلاردىن، ئالىم بولۇش ئۈچۈن، پروفېسسور بولۇش ئۈچۈن ئوتتۇز يىللارچە ئۆمۈر سەرپ قىلىپ، ئۆز ئۆزىگە قۇل بولۇپ قالغان، نام ـ ئابرويغا بەنت بولۇپ، مىللەت ئۈچۈن بىر سائەتلىكمۇ باش قاتۇرمايدىغان ئۇنداق ئالىم، دوكتور، پروفېسسورلاردىن ئاسمان بىلەن زېمىندەك پەرقلىنىپ تۇرىدۇ!

بۈگۈنكى، بۇ سىياسى دەۋايىمىز بۆسۈش پەللىسىگە يەتكەن پەيتتە، ئۆز ئىشىمىزنى ئۆز ئىچىمىزدىن پۈختىلاپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ۋەتەن، مىللەت يولىدا ئىمانى مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان دىنىي زاتلارغا، ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن رابىيە قادىردەك بارلىقىنى ئاتىيالايدىغان بايلىرىمىزغا، ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن بىلىم ئىقتىدارىنى، نوپۇز ئابرويىنى ئاتاپ قويىدىغان سىدىق ھاجى روزىلاردەك بىلىم ئەھلىگە، ئالىم، دوكتورلارغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق ئىدى. ئەپسۇس ئۇنداق بىر ئومۇمى بۇرۇلۇش، ئۆزلىكىدىن قوزغىلىپ ھەرىكەتلىنىش تېخىچە كۆرۈلگىنى يوق! دەۋايىمىزنىڭ جان تومۇرى تېخىچە كەسىپلەشكىنى، ئىلمىلەشكىنى يوق! يەنە يېقىنقى بىرەر يىلدىن كېيىن دۇنيانىڭ بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىدىن « سايىلام » غا خالتا كۆتۈرۈپ كېلىشىدۇ كىشىلىرىمىز.

دېمەك، رابىيە قادىر خانىم دەۋايىمىزنى ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرغاندەك، قىنئە ئارىلاپ تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ. كۈن چىقىشتىن كۈن پېتىشقىچە قۇياش نۇرىدەك پارلىتىۋەتتى. ئۇ تۇرمىدىن چىقمىغان بولسا، بەزەنلەر ئاررۇ قىلغاندەك « مەر-دانىلەرچە خىتاي تۇرمىسىدە قۇربان بولغان بولسا » قانداقمۇ قىلاتتۇق ھە؟!

بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەۋلاتنى ئەۋلاتقا ئۇلاپ ۋەتەن دەۋاسى قىلىش ئەمەس. بەلكى ۋەتەننى ئازات قىلىش. ئەمما ۋەتەن ئازات قىلىش ئۇنداق ئاسان، يىغىن ئېچىش، باللارنى ئوقۇتۇش، دەرنەك ئىجارە ئېلىش، كىتاپ- كېچەكلەرنى پۇلغا باستۇرۇپ بىكارغا تارقىتىش،... قاتارلىق ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىجتىمائى مىدىرلاش بىلەن ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيمىز. بۇنى مۇشۇ خەتنى ئوقۇپ چۈشىنەلىگىدەك ھەر قانداق كىشى بىلىدۇ. لېكىن مۇھىمى بىلىشنى ئەمەلىلەشتۇرۇشتۇر. بىلىپ قويغانلىق بىر نەرسىگە يارىمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا « رابىيە قادىر دەۋرى » نى غەنىمەت بىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكەتلىنىش، مىللەت سۈپىتىدە بىرلىك سەپكە ئۇيۇشۇپ، مىللى ئىقتى-دارىمىزنى كۆرسۈتۈشىمىز كېرەك! ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇ غەنىمەت دەۋر ئۆتۈپ كېتىپ، يەنە بىز ئاۋالقىدەكلا ئەسكى چاپاندەك تاشلىنىپ، خورلىنىپ قالىمىز!.

## 37

ب د ت تەشكىللىگەن « خەلقئارا ئاياللار كونفرانسى » نىڭ 1995 ـ يىلى بېيجىڭدا چاقىرىلغان 4 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىغا رابىيە قادىر ۋەكىل بولۇپ قاتناشتى. بۇ رابىيە قادىرنىڭ تۇنجى قېتىم غەرپلىك ۋەكىللەر بىلەن بىرگە بولۇشى ئىدى. غەرپلىك ۋەكىللەر ئارىسىدا ھىلاري كلىنتون خانىممۇ بار ئىدى. خىتاي ھۆكۈمىتى بولسا، رابىيە قادىرغا ئۈچ نەپەر خىتايىنى ھەمرا قىلغان ئىدى. ئۇلار رابىيە قادىرنىڭ ھەر بىر قەدەملىرىگىچە، ھەر بىر سۆز ـ ھەرىكەتلىرىگىچە نازارەت قىلىشاتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئەركىن ـ ئازادە سۆزلىيەلمەيتتى. ھۆكۈمەتنىڭ بىلدۈرۈشىچە رابىيە قادىر چەتئەل تىلى بىلمىگىنى ئۈچۈن، بۇ ئۈچ نەپەر ئايال خىتاي تەرجىمانلىق قىلىشى كېرەك. بىراق بۇ خىتاي تەرجىمان ئاياللار رابىيە قادىرنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى ئەينەن تەرجىمە قىلمايتتى ھەمدە بۇ نازارەت گۆرۈگە ئالغۇچىلار بىلەن گۆرۈگە ئېلىنغۇچىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى.

كونفرانس بىناسىنىڭ ئالدىدا ئۈچ نەپەر تىبەتلىك ئايال پۈت ـ قوللىرىنى كىشەنلەپ، خىتاي زۇلمىغا قارشى نامايىش قىلماقتا ئىدى. ئۇلار ئۆز ۋەتىنىنىڭ مەسىلىلىرىنى باتۇرلارچە ئاڭلىتاتتى. ژورنالىستلارنىڭ دىققىتى ئۇلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، بىرمۇ چەتئەللىك مۇخبىر شەرقى تۈركىستاندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارتىۋاتقان زۇلۇملىرى ھەققىدە مەلۇمات ئىگىلىمىدى. رابىيە قادىر ئويلايتتىكى، نېمىشكە بىز ـ ئۇيغۇرلار ئۇستىمىزدىكى زۇلۇملار ھەققىدە سۆزلىيەلمەيمىز؟ نېمىشكە خەلقىم تارتىۋاتقان ئازاپلار توغرىسىدا شىكايەت قىلىشىمغا بولمايدىكەن؟.

پۈتۈن دۇنيادىن كەلگەن سىياسەتچىلەر، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى خادىملىرى تىبەت ھەققىدە توختالدى. شەرقى تۈركىستاندىكى ئەھۋاللار بىلەن تىبەتنىڭ ئەھۋالى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولسىمۇ، چەتئەللىكلەرنىڭ تىبەتكە بولغان قىزىقىشى دالاي لامادىن مەنبەلەنگىنى ئېنىق . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دەردىنى دۇنياغا ئاڭلىتىدىغان، ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتىدىغان كۈچلۈك بىر ئاۋاز بولۇشى كېرەك ئىدى . رابىيە قادىر شۇنداق بىر خىيالغا پاتتى:

_ ئەركىن سۆزلەش ئۈچۈن مەن چوقۇم چەتئەلگە چىقىشىم كېرەك، شۇندىلا دۇنيا ئەھلىنىڭ ۋەتىنىمىزگە بولغان قىزىقىشىنى قولغا

كەلتۈرگىلى بولىدۇ .
ھېلىقى تىبەتلىك ئاياللار غۇرۇرلانغان ھالدا ئۆز مۇددىئالىرىنى بايان قىلىشاتتى. ئۇيغۇرلار بولسا گاس، گاچىلاردەك ئاۋازسىز قالغان ئىدى.

1996 - يىلى ئاپرېل ئېيىدا خىتاي، روسىيە، قازاقىستان، تاجىكىستان قىرغىزستان دۆلەتلىرى ئۆز - ئارا كېلىشىم ئىمزالىدى. مەزكۇر دۆلەتلەر ئۆز ئارا ئىشىنىش، چېگرا مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش، بۆلگۈنچىلەرگە قارشى تۇرۇش، قورال ئەتكەسچىلىكىگە قارشى تۇرۇش قاتارلىق توختاملار ماقۇللىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دۆلەتلەردە كۈچلۈك قوراللىق ساقچى ئەترىتى تەشكىللىنىپ، چېگرا تەكشۈرۈشىمۇ كۈچلەندۈرۈلدى. بۇندىن بۇرۇن قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلاردا خىتايغا قارشى پائالىيەت قىلىپ كەلگەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى چەكلىمىگە ئۇچرىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر تىجارىتىمۇ ئىستىقبالىنى يوقىتىشقا يۈزلەندى. رابىيە قادىرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تىجارى ئىشلىرىغا ۋاڭ لي چوڭ قول تىقىپ چەكلىمە قويدى. پۈتۈن ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنىڭ ئىشلىرى قىيىنلاشتى. ئاۋالقى 10% باج، بىراقلا 50% گە ئۆستۈرۈلدى.
تۈركىيەگە ئۇيغۇرلارنىڭ كىرىشى قىيىنلىشىپ باراتتى. خىتايلار ئۇچۇن تۈرك ئەلچىخانىسى دەرھال ۋىزا تەستىقلايدۇ، ئۇيغۇرلار ئەڭ ئاز ئىككى، ئۈچ ئاي كۈتىشى كېرەك. گەرچە تۈركىيە شاڭخەي ئىتتىپاقىغا ئەزا بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن خىتاي - تۈركىيە تىجارى كېلىشىملىرىدە، خىتاي كۇرت مەسىلىسىگە ئارىلاشمايدىغان، تۈركىيەمۇ ئۇيغۇر مەسىلىسىگە قۇلاق سالمايدىغان، تۈركىي قېرىنداشلىرىنىڭ دەردىنى كۆرمەسكە سالىدىغان توختامغا ماقۇل بولغان ئىدى.

1996 - يىلى رابىيە قادىرغا خىتاي دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىكىدىن بىر تەكلىپ كەلدى. يەنى ئۇ مەركىزى ھۆكۈمەتتىن كەلگەن ئۈچ نەپەر خىتاي ئەمەلدارى بىلەن ئۇرۇمچىدە مېھمانخانىدا ئۇچراشتى.
_ بۆگۈنگىچە سىز كىشىلىك ھاياتىڭىزدا ئېرىشكەنلىرىڭىز، مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىدۇر ! _ دېدى بىر خىتاي ئەلەمدار سۆز باشلاپ _ مەركىزى ھۆكۈمەت سىزنىڭ ئورنىڭىزنى تېخىمۇ كۆتەرمەكچى، چۈنكى سىز شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندىكى مۇقىملىقنى ساقلاشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايسىز. لېكىن سىز پەقەتلا ئىتائەتچان بولىشىڭىز

كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئارتۇق سۆزلەشكە بولمايدۇ! بېيجىڭدا سىزنى ئۈچ ئايدىن ئالتە ئايغىچە سىياسى ئۆگىنىشكە تەكلىپ قىلىمىز. بىز بىرلىكتە ئولتۇرۇپ يەنە بىر قېتىم ئوچۇق سۆزلىشەيلىكى، سىز بەكلا مىللەتچى ئىكەنسىز! سىز مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىنى دائىم دىگۈدەك قوبۇل كۆرمەيدىكەنسىز! ئېھتىمال ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئويلاپمۇ كەتمەيدىغانسىز!

يەنە بىر خىتاي ئەلەمدار ــ بىزنىڭ پىلانىمىزغا قانداق قارايسىز؟ گەرچە سىز پارتىيە ئەزاسى بولمىغان بولسىڭىزمۇ، مەركىزى پارتىيە مەكتىۋىگە بېرىشنى خالامسىز؟ بىزنىڭ ئۈمىدىمىز ناھايىتى چوڭ، بۇگۈندىن باشلاپلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونۇم رايونىدا سىزنى تىكلەيمىز، سىزنى تونۇيمىز! ــ دېدى گەپنى ئوچۇق ئېيتىپ.

رابىيە خانىم قەددىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرغان ھالدا گەپ باشلىدى:

ــ سىلەر دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىكىدىن بولامسىلەر؟ ئۇنداقتا شۇنى بىلگىم كېلىدۇركى، نېمىشكە سىلەر مەن بىلەن كۆرۈشۇشتىن ئىلگىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت بىلەن سۆزلىشىسىلەر؟ نېمىشكە بۇ رايوندا ئەڭ نوپۇزلۇق، ھوقۇقدار خىتاي بولۇشى كېرەك؟ نېمىشكە خىتايلار پۈتۈن كۈچ - قۇدرەتنى ئىگىلىۋالىدۇ؟

خىتاي ئەمەلدار بىر ئوتلام چاي ئىچىۋالغاندىن كېيىن جاۋابەن مۇنداق دىدى:

ــ بىز يوقۇرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، سىز كۆپ سۆزلىمەسلىگىڭىز كېرەك ئىدى! پەرىزىمچە سىز بەكمۇ قورقۇنچلۇق دەرىجىدە ئىتائەتسىز ئايالكەنسىز. سىز ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋالىدىكەنسىز. ئۆز ئەھۋالىڭىزغا بېقىپ ئىش كۆرمەيدىكەنسىز. بۇ سىز ئۈچۈن بەكمۇ قايغۇلۇق بىر ئىش. ئەگەر سىز قايتا ئويلۇنۇپ كۆرسىڭىز جەزمەنكى بۇ رايوندا رەھبەرلىك ئورۇنغا كۆتىرىلىسىز. مەركىزى ھۆكۈمەت سىزگە ئىشىنىدۇ. شۇنىمۇ ئويلۇنۇپ قويۇڭكى سىز بىر ئايال، پۈتۈن بىر خەلقنىڭ تەقدىرىنى ئۈستۈشاپ بولالمايسىز! ئەگەر شۇنداق داۋام ئەتسىڭىز پات يېقىندا پۈتۈنلەي يالغۇز قالىسىز .

شۇ ئانغىچە سۈكۈتتە ئولتۇرغان ئۈچىنچى خىتاي ئەمەلدار ئېغىز ئاچتى:

ــ بىز قىلىدىغاننىڭ ھەممىسىنى قىلدۇق، دەيدىغاننىڭمۇ ھەممىسىنى ئوچۇق دىدۇق. بىز يەنە سىزگە بىر قېتىم پۇرسەت بەرمەكچىمىز! ئۇ بولسىمۇ بىز سىزگە بەرمەكچى بولۇۋاتقان ھوقۇقى غالىبىيەتتۇركى، ئۇنىڭ بىلەن سىز ئۆز خەلقىڭىزنى بەختكە ئېرىشتۇرەلەيسىز! بۇ بىر تەكلىپكى، سىز پەقەتلا

بىر قېتىم ئېرىشەلەيسىز. شۇمۇ سىزگە ئايان بولۇشى كېرەككى، بىز بىلەن بىرگە ئىشلەشنى خالىمىغان كىشى ناھايىتى چوڭ مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ! بالا - قازاغا يولۇقىدۇ. ئاخىرىدا سىزگە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويماقچىمىزكى، شىنجاڭ جۇڭگونىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر! .

ئۇنىڭ سۆزى تۈگە - تۈگىمەيلا رابىيە قادىر ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىشىك تەرەپكە قاراپ قەدەم تاشلىدى. ئۇ ئىشىككە يېقىنلاپ كەلگەندە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

_ مەن سىلەرنى مەن بىلەن بىرگە خوتەنگە بېرىشقا تەكلىپ قىلىمــەن - دىدى.

_ نېمىشكە بىز سىز بىلەن خوتەنگە بارغۇدەكمىز؟ ئۇ يەردە كۆرگىدەك نېمە بار ئىدى؟ _ دەپ سورىدى ھېلىقى دەسلەپتە سۆز باشلىغان خىتاي ئەمەلدار.

_ ئۇ يەردە قۇرۇپ كەتكەن چوڭ بىر كۆلنى كۆرىمىز، سۈيى قۇرۇپ بېنەم يەرگە ئايلىنىپ كەتكەن، خىتاي كۆچمەنلىرى ئۇنىڭ سۈيىنى ئىچىپ قۇرىتىۋەتكەن بىر كۆلنى كۆرىمىز! _ دىدى رابىيە قادىر ۋە دەرھال چىقىپ كەتمەكچى بولدى. بىراق خىتاي ئەمەلدارنىڭ بىرى ئۇنى توختاتتى ۋە

_ يەنە بىر گەپ قالدى - دەپ قوشۇمچە قىلدى _ ئەگەر سىز ئۇيغۇر تارىخىدىكى يولباشچى ، داھىلارنىڭ تەقدىرىدىن ياخشىراق مەلۇماتقا ئىگە بولسىڭىز، بىلىپ قالىسىزكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇبىيەتتۇر!

كېيىنكى كۈنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى يىغىن زالىغا يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن رابىيە قادىرمۇ كەلگەن ئىدى. زالدا تۇرلۇك خوشنا دۆلەتلەرنىڭ رەئىسلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارمۇ يىغىلغان. ئابلەت ئابدۇرىشىت، ۋاڭ لې چۈەن قاتارلىق ئاپتونوم رايونلۇق ئەمەلدارلار ھېلىقى ئۈچ نەپەر خىتاي بىلەن سۆھبەتلىشىپ قەدەھ كۆتىرىشمەكتە ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن رابىيە قادىر قاتتىق تەئەججۇپلەندى.

خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر تارىخىنى ياخشى بىلىدىغان، تارىخ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتەخەسىسلەرنى بىر بىرلەپ قولغا ئېلىشقا باشلىدى. رابىيە قادىر بۇ ھادىسىنىڭ سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنىڭ بېشىغىمۇ كېلىدىغانلىقىنى سەزمەكتە . چۈنكى ئۇ تارىخقا تەئەللۇق نۇرغۇنلىغان مۇھىم ماتىرىياللارنى توپلىغان ۋە ئارخىپلاشتۇرغان. شۇڭا ئۇ يولدىشىنىڭ ۋەتەندىن ئايرىلىپ، چەتئەللەرگە چىقىپ كېتىدىغان ۋاقىتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى

كوپ قېتىم تەكىتلەيتتى. لېكىن سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى بولسا، ۋەتەن خەلقىنىڭ ئالىڭ سەۋىيەسىنىڭ يۇكسىلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ، ۋەتەندىن ئايرىلىشنى رەت قىلاتتى. ھەمدە 52 ياشقا كەلگەن بىر ئادەمگە نىسبەتەن، يات تىلدا سۆزلىشىدىغان بىر ئەلگە كېتىش، ھاياتنى يېڭىدىن باشلاش بەكمۇ قىيىن ئىش ئىدى. ياكى تۈركىيەگە، ئۆزبەكىستان قاتارلىق تۈركى تىللىق دۆلەتلەرگە كېتىشمۇ كۆڭۈل ئارام تاپىدىغان ئەھۋال ئەمەس ئىدى. شۇنداق كۆڭۈلسىزلىكىدىن بىرىدە سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى رابىيە قادىرغا:

— مېنى دېموكراتىك غەرپ ئەللىرى ھاياجانلاندۇرۋاتىدۇ. ئەگەر ۋەتەندىن ئايرىلىشىم مەجبۇر بولۇپ قالسا چوقۇم ئامېرىكىغا كېتىمەن! دېدى.

خېلە ئۇزۇندىن بېرى رابىيە قادىر ئىددىيە جەھەتتىن ھەممىگە تەييارلىق قىلىپ قويغان. يەنى يولدىشى چەتئەلگە چىقىپ كەتسە، ۋەتەن ئىچىدە يۈز بېرىدىغان ئەھۋاللار، رابىيە قادىرنىڭ شەخسەن ئۆز بېشىغا كېلىدىغان ئاقىۋەتلەر — ئىش قىلىپ ياخشىلىقتىن دېرەك يوق ئىدى. چۈنكى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنىڭ نامىنى ئاتاپ تۇرۇپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇش قىلغان.

ساياھەت ئىشلىرى ئۈچۈن رابىيە قادىرغا ئۈچ كىشىنى ھەمراھ قىلىپ قويدى. بۇ ئۈچ كىشىنىڭ بىرى ئۇيغۇر ئايال، ئىككىسى خىتاي بولۇپ، ئۇلار خىتاي بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتچىلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئامېرىكىغا ۋىزا ئېلىش ئىشلىرىمۇ ئاسانلا بىر ياقلىق قىلىندى. ئامېرىكىغا ئۇچىدىغان ئائىرپىلاننى ۋە ئۇچۇش ۋاقتىنىلا رابىيە قادىر يولدىشى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىگە بىلدۈردى. ئۇمۇ خانىمى بىلەن ساياھەت قىلىشنى بەك ئارزۇ قىلاتتى. شۇڭا بۇ تېز يولغا چىقىدىغان سەپەردە دوستلىرى بىلەن كۆتۈرەڭگۈ خانىمى بىلەن قايتا خوشلاشمىدى.

ئۇلار ئامېرىكىغا يېتىپ كېلىپ، ئائىرپىلاندىن ئايرىلىپلا رابىيە قادىر يولدىشىغا ئېيتتى:

— سەن ئەمدى مۇشۇ يەردە قېلىشىڭ كېرەك! چۈنكى مەن سېنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قېلىشىڭنى خالىمايمەن!.

ئۇ شۇ گەپلەردىن كېيىنلا سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنىڭ پاسپورتىنى ئېلىۋالدى.

— سەن! سەن ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىمۇ؟ — دېدى سىدىق ھاجى روزى پۈتۈنلەي تۇگەشكەن بىر ئۈمۈتسىز قىياپەتتە ۋە:

_ قايسى ھەق - ھوقۇق بىلەن ماڭا مۇشۇ ئىشنى قىلدىڭ! _ دىدى سۈئال ياغدۇرۇپ.

ئۇلار ھەر كېچىسى ئىككى سائەتلا ئۇخلايتتى. ھەمراللىرىدىن خالى قالغانلىرىدا ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن ئامېرىكىدا قانداق پايدىلىق شارائىت بار، نېمە ئىشلارنى قىلىشى كېرەك، ئەركىن - دېموكراتىك دۆلەتتە قايسى ئەۋزەللىكلەر بار _ ئىشقىلىپ ئۇلار ئۇزۇن يىللىق پىلان - ستراتېگىيەلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇشتى. ئۇلار بىر ئايچە ۋاقىت ئامېرىكىنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىنى كېزىپ چىقىشتى. رابىيە قادىرنىڭ ۋەتەنگە قايتىش ھەپتىسىدە سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى دوست - يارەنلىرى توغرىسىدا كۆپ سۆزلەرنى قىلىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ۋەتەندىن ئايرىلىش ئالدىدا قەشقەر، خوتەن، غۇلجا تەرەپلەرنى قايتا بىر كۆرۈۋالغان بولسا، ئۇ تۇپراقلار بىلەن قېنىپ خوشلىشىۋالغان بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ھە! لېكىن ئۇنىڭ بۇ ھەسرەتلىرىنى رابىيە قادىر رەت قىلاتتى ۋە _ ئەگەر بىز بۈگۈن ۋەتەندە بولغان بولساق، سەن ئاللىقاچان تۈرمىدە بولغان بولاتتىڭ! - دەپ، ئۇنى بەزلەيتتى. بىراق ئۇ ھەر بىر سۆزىدە بىر تەنە قىلاتتى:

_ كىم تونۇيتتى مېنى؟ ئامېرىكىدىكى مۇھاجىر ئۇيغۇرلار مېنىڭ ھەققىمدە نېمىنى بىلەتتى؟.

_ ئەگەر سەن مېنى سۆيسەڭ، مەن بىلەن بىرگە ئامېرىكىدىكى ئىمكانىيەتتىن ياخشى پايدىلىنىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىسەن _ دىدى رابىيە قادىر جاۋابەن. سىدىق ھاجى روزى چەكسىز ئۈمۈت ئىلكىدە:

_ راستىنلا ئامېرىكىغا كېلەمسەن؟ _ دېدى رەپىقىسىگە تىكىلىپ. بۇ كەيپىيات ئۇنىڭ ئامېرىكىدا قېلىشقا ماقۇل بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى. شۇڭا رابىيە قادىر ئۇنىڭ مەڭزىنى سىلاپ:

_ ۋەتەندە يەنە نۇرغۇنلىغان مۇھىم ماتېرىياللار قالدى، ئۇ ماتېرىياللار بىزگە لازىم بولىدۇ. مەن ئۇلارنى ئەكىلىشىم كېرەك _ دىدى .

رابىيە قادىر يولغا چىققاندىن كېيىن، ئۇ ۋىرگىنىيىئادىن بىر ئۆي ئىجارىگە ئالدى. ئۇ ئەشۇ ئۆيدە ئېنگلىس تىلى ئۆگەنمەكچى! بىراق ئۇنىڭ مېڭىسىدە تىل ئۆگەنگىدەك بوشلۇق بارمىدى! ئۇ ئەشۇ ئۆيدە يازماقچى! بىراق ئۇ يازغانلىرىنى قەيەردە نەشىر قىلدۇرىدۇ!.

رابىيە قادىر ئۈرۈمچىدىن ئۇنىڭغا تېلېفۇن قىلغىنىدا ئۇ مۇنۇلارنى دېگەن

ئىدى:

_ مەن بىر تۇرمىدە، بۇ باشقا بىر شەكىلدىكى تۇرمە! مەن تىل بىلمەيمەن! مېنى يوقلاپ كېلىدىغان، مېنى ئىزدەپ كېلىدىغان دوستۇممۇ يوق! مەن دېرىزىدىن سىرتتقا قارايمەن، سۈيۈملۈك ئايالىم بۇ يەردە يوق!.

ئۇلار بىر بىرىنى توققۇز يىل كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئۇ چاغدا ھەرگىزمۇ بىلمەيتتى!.

( شۇ ناملىق كىتاپ 276-287 بەتلەردىن )

( قوشۇمچە )

بەزەنلەرنىڭ ئورۇنسىز ئەنسىرەشلىرىگە، ياكى خەلقنىڭ قەلبىدە رابىيە قادىرخانىمغا نىسبەتەن شۇبھە پەيدا قىلىش نىيىتىدە، ئەندىشىلىنىش شەكلىدە ئەتەي ئوتتۇرىغا تاشلاپ:

« ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرغا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىنىڭ رەئىسلىگىنى بەرسە، ياكى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى گۆرۆگە ئېلىۋالسا قانداق بولۇپ كېتەر ھە! » دېگەن غەيرى نورمال پىكىر ۋە ئېغۋالىرىغا رابىيە قادىرخانىم نىڭ ھاياتى ھەر قەدەمدە جاۋاپ بېرىپ كەلگەن ئىدى.

ئۇنىڭغا لازىم بولغىنى ئەمەل، مەنسەپ، ھوقۇق، ئابروي، مال - دۇنيا، شان - شۆھرەت ئەمەس ئىدى! ئۇ خالىغان بولسا ئالللىبۇرۇن ھەممىگە ئېرىشىپ بولغان . بىراق ئۇنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنى مىللىتىنىڭ بەخىت - سائادىتى، ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىقى، خەلقىنىڭ بەختىيارلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ خىتاي تەقدىم قىلغان بارلىق نوپۇزلاردىن يۈز ئۆرىدى. ھەتتا ئۆز مېھنەت تەرىدىن قازانغان، ھالال مال ـ دۇنياسىدىنمۇ ۋازكەچتى! ئۇ ھەر قەدەمدە مىڭلارچە قۇربانلىق بەردى. ئۇ چەكسىز بەدەل تۆلىدى.

بىز بۈگۈن( * ) ئۆز ئوغلىنىڭ جېنىنى ئالللاھ رىزاسى ئۈچۈن ھەدىيە قىلىشقا تەسەددۇق ئەيلىگەن، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ « قۇربانلىق » خاتىرە كۈنىدە ياشىماقتىمىز! بۇندىن بەش مىڭ يىل ئاۋالقى ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئوغلىنى « قۇربانلىق قىلىش » تىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەقىدىسىنى، چەكسىز جاسارىتىنى، ئىنسانىيەتكە « قۇربانلىق قىلىش » نەمۇنىسىنى كۆرسەتكەن ئۇلۇغۋار پەزىلىتىنى ئەسلىمەكتىمىز!.

كۆز ئالدىمىزدا، بىزنىڭ ئارىمىزدا، بىز بىلەن بىر تەقدىرگە باغلانغان، بىز

بىلەن بىر ھاۋادىن نەپەس ئېلىۋاتقان، ئۆزىمىزنىڭ قېنىمىزدىن، ئۆزىمىزنىڭ تىلىمىزدىن شۇنداق بىر ئۇلۇغ خىسلەت ساھىبى، مەدھىيەلەشكە لايىق، ئۆلگە تىكلەشكە سالاھىيەتلىك بىر ئۇلۇغ ئانا نامايەن بولسا، بىز نېمىشكە ئۇنى تىللاردا داستان قىلمايدىكەنمىز!.

نەمرۇتنىڭ ئاسمان پەلەك ئوت بارخانىدىن ئىبراھىمنى سالامەت قۇتقۇزغان ئاللاھ، رابىيە قادىرخانىمنى خىتاينىڭ ئۆلۈم زىندانىدىن قۇتقازسا، ئىسرائىل مىللىتىنى پىرئەۋننىڭ زۇلمىدىن ھەزرىتى مۇسا ئارقىلىق قۇتقۇزغان ئاللاھ، ئۇيغۇر مىللىتىنىمۇ خىتاينىڭ زۇلمىدىن رابىيە قادىر ئارقىلىق قۇتقۇزۇشنى ئىرادە قىلغان بولسا، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولامدىكەن!؟

ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى شۇنداق سىرلىق، شۇنداق مۆجىزىلىك بولىدۇ. رابىيە قادىر خانىم ھەممىمىزنىڭ ئانىسىغا ئوخشاشلا ئاددى ۋە مېھرىبان بىر ئانا. لېكىن ئۇنىڭ روھىنى ئاللاھ شۇنداق كۈچلۈك ياراتقان. ئۇ ئەشۇ روھىنىڭ تىنىم تاپماس ھەرىكەتچىسىدۇر.

بىز ئۇنى قوللايلى! ئۇنىڭغا مەدەت بېرەيلىكى، ھەرگىزمۇ ئازار بەرمەيلى. ئۇنى يېرىم يولدا يالغۇز تاشلىمايلى.

ئاللاھنىڭ نېمىتىگە تۇزكورلۇق قىلغانلار جازاسىنى ھەسسىلەپ تارتقۇسى. ئاللاھنىڭ نېمىتىگە شۇكۇر ئېيتقانلار روناق تاپقۇسى! رابىيە قادىرخانىمنى دەۋرىمىزدە ئاللاھ بىزگە نېمەت قىلىپ ئەۋەتتى. بۇ نېمەتنى قەدىرلەيلى!.

(*_ قۇربان ھېيت كۈنلىرى يېزىلغان)

38

1997- يىلى قەھرىتان قىشتا قەشقەرنىڭ پەيزىۋات ناھىيىسىدە شۇنداق قاتتىق يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەردى. يۈزلىگەن مەھەللىلەر، مىڭلىغان ئۆيلەر يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كەتتى. سان - ساناقسىز كىشىلەر تام ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالدى. لېكىن مەركىزى ھۆكۈمەت ئاپەتتە ئۆلگەن كىشىلەرنىڭ سانىنى ئەينەن ئاخبارات قىلىشنى مەنئى قىلدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئېھتىيات قىلمىدىغىنى « خەلقئارا ئاپەتكە قارشى ياردەم بېرىش ئورگانلىرى » نىڭ نەق مەيدان ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ قالماسلىقى ئىدى. شۇڭا ئاپەت رايوننى

خىتاي ئەسكەرلىرى قورشاۋغا ئالدى. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىنمۇ ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم قىلىش توغرىسىدا ھېچقانداق تەدبىر ئېلىنمىدى.

مەزكۇر پاجىئەدىن تولۇق خەۋەر تاپقان رابىيە قادىر ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن ئۆزى قول تىقتى. ئۇ ئۆزىگە يېقىندىن تونۇشلۇق كىشىلەرنى ياردەمگە چاقىردى. بۇ ئەھۋالدىن ۋاقىپلانغان بارلىق تىجارەتچىلەر ياردەمگە قول ئۇزىتىشىپ، مەرتلەرچە سېخىيلىقلىرىنى كۆرسىتىشتى. لېكىن ياردەم ئىنانە قىلىشقان كىشىلەر نەق مەيداندا رابىيە قادىرنىڭ بېرىشىنى، ياردەمنى ھەرگىزمۇ ھۆكۈمەتكە تۇتقۇزۇپ قويماسلىقنى شەرت قىلىشتى. شۇنداق قىلغاندا ياردەم ئاللىقانداق قاراڭغۇلۇقتا غايىپ بولماي، ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە يېتىپ باراتتى.

ئاپەت يۈز بېرىپ 16 كۈن بولغاندا كۆمۈكتىكى جەسەتلەر چىقىرىلىپ، يەرلىككە دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ئاپەت رايونىغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىندى. ئۇلار يىگىرمە يۈك ماشىنىسىغا بېسىلغان ھەر تۈرلۈك ياردەم ماللىرىنى ئېلىپ پەيزىۋاتقا يېتىپ باردى. مۇھتاجلار ياردەمنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن خەلق ھۆكۈمىتى مەيدانىغا توپلىنىشتى. ئۇلار روزا ھېيتتىن بىر كۈن بۇرۇن پۈتۈن ياردەمنى ئۆز جايىغا يەتكۈزۈپ تەقسىم قىلىپ بولۇشتى. ئۇلار بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن توپلاشقان كىشىلەرگە:

_ ئەگەر سىلەرنىڭ يۈزۈڭلاردا تەبەسسۇم كۆرەلىسەم، ئۆزەمنى بەختىلىك ھېس قىلاتتىم - دىدى رابىيە قادىر سۆز ئېچىپ. ياردەمگە ئېرىشكەن كۆپچىلىك ئارىسىدىن بىر ئايال:

_ ياشىسۇن ماۋ زىدۇڭ! - دەپ توۋلىۋىدى، مەيداندىكى پۈتۈن خەلق جور بولۇپ « ياشىسۇن ماۋزىدۇڭ! » - دەپ ۋارقىراشتى.

_ ئۇزۇن يىلدۇر ماۋ ئۆلۈپ بولدى! _ دىدى رابىيە قادىر جاۋابەن ۋە ئىزاھات بەردى:

_ سىلەرگە تاپشۇرۇلغان بۇ ياردەملەر ئۇرۇمچىدىكى بىزنىڭ ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىمىزنىڭ ئىئانىسىدۇر! بۇنىڭدىن پەقەت ئىككى ماشىنىسىلا مېنىڭ شەخسى ياردىمىم. ياردەم بەرگەن بارلىق تىجارەتچىلەرنىڭ ئۈمىدى، سىلەرنىڭ روزا ھېيتنى خوشال ئۆتكۈزۈشۈڭلار، تەن ساغلاملىقىڭلار ۋە بېخەتەرلىكىڭلاردۇر! ئاخىرىدا يەنە شۇنىمۇ ئەسلىتىپ قويماقچىمەنكى، سىلەر ئانچە - مۇنچە گېزىت ئوقۇشۇڭلار ۋە ئاخبارات ماتىرىياللىرىنى كۆرۈشۈڭلار، شۇنداقلا ۋەتەندە يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەردىن مەلۇماتلىق

بولۇشۇڭلاركېرەك.
ئارىدىن بىر ياش يىگىت رابىيە قادىرغا پىچىرلاپ، _ بۇ يەردە گېزىت، ماتېرىيال ئوقۇشقا رۇخسەت يوق - دىدى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ. ئۇلار يولغا چىقىشتىن ئاۋال ئاپەتكە ئۇچرىغانلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشمەكچى بولۇۋىدى كادىرلار رۇخسەت بەرمىدى.

قەشقەر شەھەر خەلقى روزا ھېيت كۈنى رابىيە قادىرنىڭ ھېيتگاھ مەسجىدى مەيدانىغا كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. ۋەتىنىمىزدىلا ئەمەس بەلكى پۈتۈن خىتاي بويىچىمۇ ئەڭ چوڭ مەسجىد ھېساپلىنىدىغان تارىخى مەسجىد ھېيتگاھ مەيدانىغا ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر خەلقى رابىيە قادىرنىڭ شەرەپ ۋە ھۆرمىتى ئۈچۈن توپلانغان ئىدى. ھېيتگاھ مەسجىدى ۋە ئەتراپىتىكى بارلىق ئۆگزىلەرگە سان - ساناقسىز قورallىق ئەسكەرلەر تۈرلۈك ئېغىر - يېنىك تېپتىكى قوراللارنى مەيدانغا توپلاشقان خەلقنىڭ بېشىغا توغۇرلاپ قويغان ئىدى. ھېيتگاھ مەيدانى ئەتراپىدىكى يوللاردا بولسا، ماشىنا ئۈستىدە ھەرىكەتكە تەييار تۇرغان خىتاي ئەسكەرلىرى قوراللىرىنى بەتلىشىپ، ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق كۈتكەن ھالدا كۆرۈنەتتى. ئەتراپنى كۈزىتىپ تۇرىۋاتقان پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ ھەر ئىككىسىدە بىردىن تالىغۇچى ئىشتىمۇ بار ئىدى. ئىشقىلىپ كەيپىيات بەكمۇ خەتەرلىك. ھېلىلا خەلق قوزغۇلۇپ، بىر ۋەقە يۈز بېرىدىغاندەك.
رابىيە قادىر ھېيتگاھ مەيدانىغا كىرىپ كەلگىنىدە كىشىلەر ئېقىنى دولقۇنلىنىشقا، ئاستا - ئاستا ساماغا دەسسەشكە باشلىدى. ئادەتتە ساماغا دەسسىگەندە ھېچكىم ئۈنچىقارماستىن پەقەت بەدەن ھەرىكىتى بىلەن ساما ئۇسۇلى ئوينىشاتتى. بىراق ھازىر بولسا كىشىلەر توپىدىن ئاجايىپ سۈرلۈك ۋە رىتىملىق ئاۋاز كۆتىرىلىشكە باشلىدى. ئۇلار ساماغا قوللىرىنى يوقۇرى كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە « ھۇ!! » دەپ زىكىر ئېيتىشاتتى. رابىيە قادىر ھېيتگاھ مەسجىدىنىڭ قوش مۇنارلىق پەشتىقى ئۈستىدە كۆرۈلۈشى بىلەن پۈتۈن مەيداندىكى ئۈنى كۆرگەن خەلق:
« ھۇ! ھۇ! ھۇ ئاللاھ! » - دەپ قاتتىق نەرە تارتىشقا باشلىدى. كىمدۇر بىرى رابىيە قادىرغا بىر دانە مىكروپوننى تەقدىم قىلدى. ئۇ سالام بىلەن مۇنۇلارنى ئەيتتى:
_ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، روزا ھېيتىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن! قەشقەردىكى

ھەربىر ئائىلىنى بۇ ئۇلۇغ روزا ھېيت بىلەن تەبرىكلەيمەن! ئەتراپىڭلارغا قاراڭلار! سىلەرنى قورشاپ تۇرىۋاتقان مۇنۇ قوراللىق ئەسكەرلەرگە قاراڭلار! مەن بىلمىدىم، بۇ يەردە قانداق بىر ھادىسىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى. مەن ھاياتىمدا بۇ ھېيتگاھ مەسجىدىنىڭ ئالدىدا بۈگۈنكىدەك قورقۇنچلۇق ئەھۋالنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتىمەن! لېكىن مۇشۇ قورقۇنچ ئاستىدىمۇ خەلقىمىز بايرام تەنتەنىسى قىلىۋاتىدۇ! مەن ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ - ئارمان بىلەن كۈتكەن خەلقىمنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم مۇشۇ مەيداندا تاپتىم! مەن مۇشۇ مەيداندا ئۆز خەلقىمنىڭ قېنىنىڭ دەريا بولۇپ ئېقىشىنى خالىمايمەن!
مەن سامادىن كېيىن، ھەربىرىڭلارنىڭ تېنچلىق بىلەن ئۆيۈڭلارغا تارقىلىپ كېتىشىڭلارنى ئۆتىنىمەن! مەن سىلەرگە _ ھەر بىرىڭلارغا ۋەدە بېرىمەنكى، مەن شەرەپلىك مەجبۇرىيەتنى ئۈستۈمگە ئالدىم! يەنى ھەرقانداق مەسىلە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چىرايلىقچە، زوراۋانلىقسىز ھەل قىلىنىدۇ .

ئۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تۆۋەنگە چۈشكىنىدە، كىشىلەر ئۇنى ھېيتگاھ دەرۋازىسىنىڭ پەلەمپىيىدىنلا باش ئۈستىدە كۆتۈرىۋېلىشتى. ئۇنىڭ قانچە ئۆتۈنۈشلىرىنىمۇ قوبۇل قىلىشمىدى. كىشىلەر بىر ئانىنى، مىللەتنىڭ ئانىسىنى ئەزىز باشلىرىدا كۆتۈرۈشەتتى!

دەرۋەقە رابىيە قادىرنىڭ كۈتكىنىدەك، ھېچقانداق ھادىسە يۈز بەرمەستىن كىشىلەر تارقىلىشتى. بۇ چاغلار توپلۇشۇپ ھېيتلىشىش، ھېيت تەنتەنىسى قىلىش، ھېيتگاھ مەيدانىدا ساماغا دەسسەشلەر مەنئى قىلىنغان دەھشەتلىك زامان ئىدى.

ئىلى قىرغىنچىلىقى بولۇپ، ئىككىنچى كۈنى رابىيە قادىر غۇلجا شەھرىگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىسى « يەرلىك ۋەزىيەتنى تەكشۈرۈش » بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى سۈپىتى بىلەن كەلگەن ئىدى. ئۇ غۇلجا ئائرپورتىدىن ئايرىلىپ شەھەرگە تاكسى بىلەن يۈرمەكتە ئىدى. كوچىلاردا كۆرۈنگىنى پۈتۈنلەي قوراللىق خىتاي ئەسكەرلىرى بولۇپ، بىرمۇ ئۇيغۇر يوق ئىدى. لېكىن كوچىلار پاك - پاكىزە تازىلانغان، ئىسيان ۋە باستۇرۇشلاردىن قىلچە ئىزنا يوق . ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنىڭ دۇكانلىرى تاقالغان. خىتاي تىجارەت دۇكانلىرى سودىسىنى داۋام قىلىۋاتقان ئىدى. ئۇلار ئاۋال ياردەمچى دىرېكتورى راملە خانىمنىڭ ئاكىسىنىڭ (؟) ئۆيىگە يول ئېلىشتى. ساھىپخان ئۇلارنى ئالاقزادىلىك ئىچىدە قارشى ئالدى

ۋە:

_ ئەگەر سىلەر كوچىغا چىقساڭلار ئەسكەرلەر ئېتىپ تاشلايدۇ! - دىدى ئەنسىز ھالدا. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئىككى - ئۈچ كۈن ئۆيدىن چىقماي ۋەزىيەتنى كۈزىتىش كېرەك ئىدى. ھەتتا سىرىت بىلەن تېلىفۇن ئالاقىسى قىلىشمۇ خەتەرلىك، ئەسكەرلەر بارلىق ئالاقىنى كونتىرول ئاستىغا ئالغان ئىكەن.

ئەسكەر، ساقچىلار قوراللىق بىسىپ كىرىپ ئۆي ئاختۇرشاتتى. ئاخشاملىرى دەرۋازىلار ئەنسىز قېقىلىپ، خۇددى ئۇرۇش ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئەگەر نامايىشقا قاتناشقان بىرەرسى بولدىمۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈم ھۆكۈمنامىسى پۈتتى دېگەن گەپ!.

ئۇلار ئۈچ كۈن ئۆيگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىشىپ، يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ئۈستىدىن گۇۋاچى ئىزدىدى. ۋەقەگە قاتنىشىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالغان بەزەن كىشىلەر بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشمەكتە. 8000 كىشى قارا تىزىملىككە ئېلىنىپ، قاتتىق قىيىن-قىستاققا ئېلىنغان. سوراق جەريانىدا ساقچىلار بەزەنلىرىنىڭ چىشلىرىنى بىر بىرلەپ سۇغۇرۇپ تاشلىغان. نۇرغۇنلىرى قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن. ۋەقەدىن كېيىن روزا ھېيت مۇناسىۋتى بىلەن ئۆز - ئارا ھېيتلىشىپ يۈرگەن ئاياللار، ياشلار ساقچىلارنىڭ تاياق زەربىسىگە يولۇققان. نۇرغۇنلىرى تۇتۇپ كېتىلگەن.

ۋەقەنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىكەن:

خىتاي ھۆكۈمىتى « ئىلى مەشرىپى » نىمۇ چەكلىگەن. ئۇيغۇرلار ئاز دېگەندە ئايدا بىرەر قېتىم ئۆز - ئارا چوڭ ئۇچرىشىش قىلىپ، بىر يەرگە توپلىشىپ، ناخشا ئېيتىشىپ، ئۇسۇل ئوينىشىپ، كۈلكە - چاخچاق بىلەن كۆڭۈل ئاچىدىغان خەلق. لېكىن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلار توپلىشىدىغان بارلىق سورۇنلارنى « ھۆكۈمەتكە قارشى خەتەرلىك جاي » دەپ قارار چىقىرىپ، توپلىشىشنى مەنئى قىلغان. غۇلجا ياشلىرى خىراجەت ئاجىرىتىپ ياسىغان پۈتبول مەيدانىنىمۇ ھۆكۈمەت چەكلەپ، ھەتتا مەيداننى ئاغدۇرۇپ سۇ قۇيۇۋەتكەن.

خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىگىنى ئارقىمۇ-ئارقا بوغۇپ، ئەشۇنداق بىر قوزغۇلۇپ چىقىشقا مەجبۇر قىلغان ئىدى. دەل كۈتۈلگىنىدەك ئىلى ياشلىرى نارازىلىق نامايىشى تەشكىللەپ، « خىتايلار ۋەتىنىمىزدىن چىقىپ كەتسۇن! بىزنى ئىنساندەك ياشىغىلى قويسۇن! بىزنى

ھاۋادىنمۇ نەپەس ئېلىشتىن بوغۇشتۇڭ! بىزگە مۇستەقىللىق كېرەك!!! »
دەپ كوچىلاردا شۇئار ياڭرىتىشتى.

ئەشۇ نامايىشنى باستۇرۇش ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى ئىلى رايونىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە ۋىلايەتلىرىدىن غۇلجا شەھرىگە، تەخمىنەن 500.000 خىتاي ئەسكىرى يۆتكەپ كەلگەن. كوچىلاردىكى نامايىشچىلارنى دەسلەپكى قەدەمدە، خىتاي ئەسكەرلىرى قارا - قويۇق ئوققا تۇتقان. كوچىدا مىڭلىغان يۈرگەن ئاياللار بولامدۇ، كىچىك باللار بولامدۇ ھەممىسىلا قارغۇلارچە ئوققا تۇتۇلغان. يارىلىنىپ يارىدەمگە ئىڭراۋاتقان نىمجانلارنى خىتاي ئەسكەرلىرى ئىشتىقا تالىتىپ ئۆلتۈرگەن. مەيلى يارىلانغانلار بولسۇن، مەيلى ساق قولغا چۈشكەنلەر بولسۇن، ئومۇمى باستۇرۇشتا ھايات تۇتۇلغانلارنى خىتاي ئەسكەرلىرى ۋە ساقچىلار يۈك ماشىنىسىغا ئەخلەتنى باسقاندەك تۆپىلەپ بېسىپ، تۈرمىگە ئېلىپ بارغان ۋە تۈرمە قوروسىدا يالىڭاچلاپ، مىنۇس 20 گىرادۇستىن ئېغىر سوغاقتا ئۈلارنىڭ ئۈستىگە ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى بىلەن سوغاق سۇ چاچقان. كىشىلەر قاتتىق سوغاقتىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن بىر بىرىنى قۇچاقلىشىپ ياتقىنىچە قېتىپ، مۇز توڭلاپ ئۆلۈپ كەتكەن! مۇشۇ تەرىقىدىلا 400 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئۆلتۈرۈلگەن!.

كۆن بويى خىتاي ئەسكەرلىرى باستۇرۇش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. بىر يېزىدا ئاتا - ئانىسى نامايىشقا كەتكىنىچە ئۆيىگە قايتىپ كەلمىگەن، چوڭى 15 ياشتا، كىچىگى 2 ياشتا بەش قېرىنداش باللار ھويلىسىدىن سىرتقا چىقىشماي مۆكۈنۈپ جان ساقلىماقتا ئىدى. دەرۋازىنى قاققان خىتاي ئەسكەرلىرىگە ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن ۋەھشى خىتاي ئەسكەرلىرى ئەشۇ بەش بىر تۇققان باللارنىڭ ھەممىسىنى ئوققا تۇتۇپ قانلىق باستۇردى. بۇ ھادىسىنى كۆرگۈچى بىر ئايال ھويلىدىكى تونۇرغا مۆكۈپ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى. لېكىن ئۇ ئايال مەزكۇر پاجىئەنى كىشىلەرگە ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن ئىزسىز يوقىلىپ كېتىدۇ.

يەنە بىر ئايال 5 ياشلىق بالىسىنى باغرىغا مەھكەم باسقىنىچە، بىر كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا بالىسى بىلەن بىرگە ئۆلتۈرىلىدۇ.

مۇشۇ ۋەقەنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن غۇلجىغا كەلگەن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى _ ئۆز مىللىتىنى پۈتۈنلەي سېتىۋېتىشقىمۇ تەييار تۇرىدىغان ھامىدىن نىياز، ساقچىلار نەق مەيدان خاتىرىسىنى فىلىمگە ئالغان ھېلىقى ۋىدىيونى كۆرۈپ يۈرەك كېسىلى (ئىنفارك) بولۇپ، جىددى

قۇتقۇزۇش ئۇچۇن ئايرىپلان بىلەن ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېتىلىدۇ(بۇ فىلىمنى رابىيە قادىرمۇ كۆرۈپ چىققان). ئۇ كېيىن « ئىلى ئىسيانكارلىرىنى ئەيىپلەش نۇتقى » سۆزلەشكە مەجبۇرلىنىپ، تىلغۇزۇر نەق مەيدان ئاڭلىتىشىدا يەنە بىر قېتىم يۇرەك كېسىلى (ئىنفارك) بولىدۇ.

ئىلى مۇشۇ قىرغىنچىلىقتا قەدەر ئۆزىنىڭ بىلىم ئەھلىلىرى، شائىر، ئەدىپلىرى، دراماتورگلىرى، چاخچاقچىلىرى بىلەن مەشھۇر بولۇپ تونۇلغان يۇرت ئىدى. بۇ يۇرتتا ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈچ ۋىلايەتنى ـ ۋەتەننى ئازات قىلغان ئۇرۇش قەھرىمانلىرى ياشىغان ئىدى. بۇ يۇرت خەلقى شۇنداق جانلىق، كۈلكە ـ چاخچاقلىرى، مۇڭلۇق ناخشا، لەرزان ئۇسۇللىرى بىلەن، داڭلىق كۈلدۈرگىچىلىرى بىلەن تونۇلغان گۈزەل ماكان ئىدى! بىراق مۇشۇ قوزغۇلۇشتىن كېيىن ـ يەنى ئەشۇ باستۇرۇلۇشتىن كېيىن جىمغۇرلۇققا چۆمۈپ، گۇياكى قەبرىستانلىقتا ئوخشاپ قالدى.

مەزكۇر قانلىق پاجىئە ھەققىدە رابىيە قادىر سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىگە مەلۇمات يەتكۈزدى. 1997 ـ يىلى 15 ـ فېۋرال سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى ۋاشىنگتون شەھرىدە خىتايغا قارشى نارازىلىق نامايىشى تەشكىللىدى. خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنىڭ ۋاشىنگتوندىكى نارازىلىق نامايىشى تەشكىللىگەن ھەرىكىتىنى قارا تىزىملىككە ئالدى.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئىجرا قىلغان مەزكۇر ئىلى قانلىق قىرغىنچىلىقىنى، بېيجىڭ تېيەنئەنمېن مەيدانىدىكى ۋەقەگە سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن كىشى ئەلۋەتتە خىتاي زوراۋانلىقىنىڭ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قايسى دەرىجىدە قاتتىق بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ!

( شۇ نامىلىق كىتاپ 287-295.بەتلەر )

( قوشۇمچە )

« ۋەتەن دەۋاسىنى غەرپكە ئاڭلىتىش » قايسى شەكىلدە، قانداق ئۇسۇلدا بولۇشى كېرەك ئىدى؟ 1949 ـ يىلىدىن بۇيان تۈركىيەدە، پاكىستاندا، سەئۇدى ئەرەبىستاندا، ئامېرىكىدا ۋە « دەۋانىڭ سىياسى مەركىزى » دەپ داڭقى چىقىپ كەتكەن گېرمانىيەدە « ۋەتەن دەۋاسىنى غەرپكە ئاڭلىتىش » بويىچە نېمە ئىشلار بولۇنغان؟ نەتىجىسى قايسىلار ئىدى؟.

بۇنداق سۇئاللار ھېچكىمگە ياقمايدۇ. ھەتتا ماڭىمۇ سوغاق ئاڭلىنىدۇ.

چۈنكى مەن كېيىنكى 10 يىل جەريانىدا « ۋەتەن دەۋاسىنىڭ مەركىزى » دەپ داڭقى كەتكەن مىيۇنخېندا « ۋەتەن دەۋاسىنى غەرپكە ئاڭلىتىش » ھەرىكىتىگە ئۆزەمگە تېگىشلىك شەكىلدە تەر ئاققۇزغان ئەمەسمىدىم؟!

مەن كۆپ يىللار باشقىلارنى تەنقىتلەپ كەلدىم. تەنقىتلىگەنسىرى ئۆزەم تىكەندەك يېقىمسىز كۆرۈنۈشكە، يالغۇز قېلىشقا باشلىدىم. ئادەم بالىسى ياشنا چوڭايغانسىرى كۆڭلى نازۇكلىشىپ، باشقىلارنىڭ ئىللىق بېقىشىغا ئۇمۇنغاق بولۇپ قالىدىغان گەپكەن. مەن باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئىنتايىن كېچىكىپ چۈشىنىشكە مۇيەسسەر بولغان ئوخشايمەن. ئويلىسام كۆپ كىشىلەرنى رەنجىتىپ، كۆڭلىنى ئاغرىتىپ بوپتىمەن. بەلكىم بۇندىن كېيىن باشقىلارغا ئارتۇقچە تىكەن سانجىماسمەن.

« قىلمىغان ئىشلارنى قىلدۇق - دەپ مىللەتنى ئالدىماڭلار! قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىمىز- دەپ ئۆزەڭلارنى، مىللەتنى قايمۇقتۇرماڭلار! سىلەر بۇ ئىشنى قىلالمىغاندىن كىيىن قىلالايدىغان ئادەملەرنىڭ يولىنى توسماڭلار! سىلەر خاتا قىلدىڭلار! » - دەپ باشقىلارنى رەنجىتىدىغان « يامان سۆزلەر » نى مەن ئەمدى تەرك ئېتىمەن.

ئەسلىدە « ۋەتەن دەۋاسىنى غەرپكە ئاڭلىتىش » سۆزدە سۆزلىمەك ئۈچۈن بەكمۇ ئاسان، بىر جۈملە گەپ ئىكەن. « ۋەتەننى ئازات قىلىمىز! » دېگەن شۇئار-مۇ چىن يۈرەكتىن ئېيتىلىپ چىقمۇۋېرىدىكەن. ئاخىرقى 10 يىل شۇنداق چىرايلىق ئۆتۈپ كەتكىنىگە شاھىتمەن. (*ئويلىنىپ قالىمەن بەزىدە: بىرەر « رەئىس » نىڭ يېنىدا رەسىمىم بولسىمۇ چاپلىنىپ، باشقا دۆلەتلەردىكى قېرىنداشلارغا كۆرۈلگەن بولسامچۇ، كاشكى!!! ئۇنىڭغىمۇ بەكلا كېچىكىپ قاپتىمەن. ھەر قېتىم رابىيە قادىر خانىم كەلگەندە، بىرەر يىغىندا ئۇنىڭ يېنىدىراق تۇرۇپ رەسىمگە چۈشۈۋېلىشنىمۇ ئويلىنىمەن. بىراق خۇرسىنىپ قالىدىكەنمەن. چۈنكى مەن ھازىرغىچە « نەتىجىسى چىقمايدىغان ئىش » نىڭ پىدائىلىرىدىن بولۇپ يۈرۈپتىمەن. مېنى ھېچكىم تونىمىسا، ئۇنىڭ يېنىدا رەسىمگە چۈشۈۋالغان بىلەن يىراقتىكىلەر كۆرۈپ: « ماۋۇ كىمكىنە؟! » دېيىلسە، پالانى دەيدىغانغا نام شەرىپىم بولمىسا... مۇشۇ چەتئەلگە چىققان 13 يىلدىن بېرى باشقىلارغا ئىشىنىپ، باشقىلارغا ئەگىشىپ، باشقىلار قىلغان ئىشقا بەدەل تۆلەپ يۈرگىچە، ئەقلىمنى ئىشلىتىپ، باشقىلاردەك چوڭ تەشكىلاتنىڭ بېقىنىغا قىستۇرۇپ، كىچىك بولسىمۇ بىر « تەشكىلات » قۇرۇپ « رەئىس » بولۇپ قويغان بولسام كىم تونۇمايتتى مېنى!.

بىر ئويلىسام مۇشۇنداق يوشۇرۇن قالغىنىممۇ ياخشى بولغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئاتىلىپ قالغان بولسامچۇ! « ۋەتەن دەۋاسىنى غەرپكە ئاڭلىتىش » تەشكىلاتىدىن بىرنى قۇرۇپ « رەئىس » بولۇپ قالغان بولسام، بۈگۈنكى كۈندە نۇرغۇنلىغان « باشقىلار » دەك ئىزاغا قالىدىغان گەپ... ئۇ چاغدا رابىيە قادىرخانىمنى بۈگۈنكىدەك ياخشى كۆرەلمەسلىكىم، بۈگۈنكىدەك مەدھىيە ئۇقۇيالماسلىقىم تۇرغانلا گەپ... بەلكىم « 13 يىلدىن بېرى چەتئەلدە نېمە ئىش قىلدىڭ؟ ھەممە جاپانى مەن يالغۇزلا تارتىۋاتىمەن، سەنمۇ « رەئىس » بولغاندىكىن قىلساڭ بولمامدۇ! - دېگىلى تۇرسا، ئىچىمدە مىڭ تۈگۈز قاتراپ، ئۇنى يامان كۆرۈپ، ئاغىنىلىرىم ئارىسىدا بولسىمۇ ئۇنى « يارىماس » كۆرسۇتۇپ، قايسى كۈنگە دۇچار بولاتتىمكىن!.* )

دېمەك، « ۋەتەن دەۋاسىنى غەرپكە ئاڭلىتىش » سۆزلىمەككە بىر جۈملە سۆز بولغىنى بىلەن، نى نى داڭدار كىشىلەرمۇ قاملاشتۇرالمايدىغان، ياخشى دوستلارنىمۇ دۈشمەنگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان، ئاجايىپ سىرلىق بىر ئاپەت ئىكەن... دوراپ مەيدانغا چىقىۋالغانلار، ئاتىلىپ قالغانلار قايسى كۈننى كۆرۈۋاتقاندۇ.

## 39

ئەقىدە، مۇستافا، خانزۆھرە ۋە كەكەنوسلار _ دادىمىز ئامېرىكىدىن قاچان قايتىپ كېلىدۇ _ دەپ تولا غەلۋە قىلىشىپ، رابىيە قادىرنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ بىئارام قىلىشماقتا ئىدى.

_ يېقىندىلا قايتىپ كېلىدۇ _ دەپ پەپىلەيتتى مېھرىبان ئانا بالىلىرىنى. لېكىن شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مۇستافا مەكتەپتە بولغان كۆڭۈلسىزلىكنى ئاپىسىغا ئېيتىپ داتلىدى. يەنى مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا دادىسى ھەققىدە يامان گەپ قىلغان، ئۇنىڭ دادىسىنى « پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرگە بالا - قازا كەلتۈرۈپ بېرىدىغان بىر ئادەم » دېگەندەك سۆزلەرنى ئېيتقان . قارىغاندا ئەمدى بالىلاردىن ئەمەلىيەتنى يوشۇرۇشقا ئامال يوقتەك.

شۇنداقتىمۇ رابىيە قادىر مۇدىر بىلەن بىر قېتىم سۆزلىشىش نىيىتىدە مەكتەپكە باردى. ئۇنى كۆرگەن بارلىق ئوقۇغۇچىلار چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئۇنى بارلىق ئوقۇغۇچىلار ياخشى تونۇيتتى ۋە ھەر دائىم

ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرىشەتتى. چۈنكى ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى بولۇپمۇ نامرات ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن ياردەمدە بولۇپ تۇراتتى.

مەكتەپ مۇدىرى ئۇنى ئىشخانىسىغا باشلاپ، ئالدى بىلەن بىر پىيالە چاي تۇتتى. مۇدىرنىڭ قوللىرى تىترەپ تۇراتتى. رابىيە قادىر چاينى قوبۇل قىلمىدى ۋە _ مېنىڭ يولدىشىم قايسى خاتالىقنى ئۆتكۈزدى؟ سىز ئوقۇتقۇچى ۋە بىلىم ئەھلى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ماڭا ئوچۇقىنى ئېيتالامسىز؟ - دېدى دادىل سوئال قويۇپ. مۇدىر پىشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى:

_ بىز سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىدىن پەخىرلىنىمىز! مەنمۇ ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرى. ئوقۇشنى، يېزىشنى بىلگەن ھەر بىر ساۋاتلىق ئۇيغۇر ئەسلىدە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى قوغداشنى مەجبۇرىيىتىم دەپ بىلىشى كېرەك ئىدى. مەنمۇ مۇستافاغا دېگەنلىرىم ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم. ئۇنىڭغا دېگەنلىرىم توغرا ئەمەس ئىدى. لېكىن بىز ھۆكۈمەتتىن مۇستافاغا كۆز - قۇلاق بولۇش، ئۇنى نازارەت قىلىش ھەققىدە شۇنداق بۇيرۇق تاپشۇرۇپ ئالدۇق! ئۇنىڭ دادىسى چەتئەلدە مىللى بۆلگۈنچىلەر بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىپتۇدەك. مەن بۇ ھەقتە ئۆگىنىش قىلدۇرمىدىم. ئەمما ھۆكۈمەت ئالاھىدە كادىر ئەۋەتىپ، مەكتەپتە ئوچۇق - ئاشكارە ئېلان قىلدۇردى. ئوقۇتۇش ئىشلىرىمىزنىمۇ دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىن كەلگەن بىر نەپەر خىزمەتچى تەپتىش قىلىپ تۇرىۋاتىدۇ.

شۇندىن ئېتىبارەن ئارقىمۇ - ئارقا ئەقىدە، خانزۆھرە ۋە كەكەنوسلارنىڭ مەكتەپلىرىگىمۇ ھۆكۈمەتتىن شۇنداق بۇيرۇق كېلىپتۇ. بۇ ھالدا خاتىرجەم بولۇش قىيىن ئىدى. شۇڭا رابىيە قادىر كەنجى بالىلىرىنى چەتئەلگە يوللاشقا تۇتۇندى. بۇ پىلان ھېچكىمنىڭ گۇمانىنى قوزغىماسلىقى كېرەك. بولمىسا بۇ ئاخىرقى سەپەر توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ پاسپورتلىرى پۈتۈپ سەپەرگە ئاز قالغاندا، بالىلار مەكتەپكە بېرىشنىمۇ توختاتتى.

ئۇنىڭغا بالىلاردىن ئايرىلىش ئىنتايىن ئېغىر تۇيۇلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكىغا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بارىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. ھەمدە:

_ بىز يەنە ۋەتەنگە قايتىمىز! سىلەر ۋەتەنگە لازىم، ئۆز خەلقىڭلار ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىشىڭلار كېرەك! بىزنىڭ بۈگۈن بۇ يەردە تۆكۈلىۋاتقان كۆز -

ياشلىرىمىزمۇ سىلەرنىڭ قەدرى - قىممىتىڭلاردۇر! بۇ كۆز - ياشلار بىكارغا ئاقمىسۇن! _ دەيتتى رابىيە قادىر بالىلارغا تەسەللى بېرىپ ئايرىلىش ئالدىدا. سەككىز ياشلىق كەكەنوس ئاكا ۋە ھەدىلىرىنىڭ يىغا - زارلىرىگە قاراپ ھېچنىمىنى ئاڭقىرالماي تېڭىرقاپلا قالغان ئىدى. مېھرىبان ئانا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى ۋە:

_ جېنىم كۆز نۇرۇم! سىلەر ھازىر باشقا بىر قىتئەگە كېتىش ئۇچۇن ئۇچقىلىۋاتىسىلەر _ دىدى. شۇ ئارىدا بىر ئامېرىكىلىق ئائىرپىلان كوتكۇچىسى قىز ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، بالىلارنى پاسپورت تەكشۇرۇش پونكىتىغا رەتكە تۇرغۇزۇشقا ئېلىپ كەتتى. بالىلارنى تېخىمۇ قېنىپ كۆرۈۋېلىش ئۇچۇن مېھرىبان ئانا بويىنىنى سوزۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تىك بولاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ:

_ بالىلىرىم! بىز غەلبە قىلىدىغان ۋاقىت يات يېقىنىدا يېتىپ كېلىدۇ! بىز غەلبە قىلىمىز! _ دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان چوڭ ئوغلى قاخار:

_ ئاپا، بىز كىچىك چاغلىرىمىزدىمۇ « غەلبە » توغۇرلۇق سۆزلەيتتىڭ! _ دىدى ئاپىسىدىن پەخىرلىنىپ. ئۇلار _ قاخار، ئابلېكىملەر بىلەن بىرگە بېيجىڭ ئائىرپورتىدىكى چۇشكۇن قىلغان مېھمانخانىغا قايتىپ، بالىلارنىڭ ئامېرىكىغا _ دادىسىنىڭ يېنىغا_ سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنىڭ يېنىغا قاراپ ئۇچقانلىقىنى رابىيە قادىر تېلىفۇن ئارقىلىق خەۋەر قىلدى. لېكىن سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى خوشاللىقتىنمۇ ياكى خاپىلىقتىنمۇ ئېشقىلىپ ۋارقىرايتتى. كېيىن ئۇ قاخشىغىلى تۇردى:

_ سەن قانداق بىر ئايال رابىيە! سەن دائىم تۇيۇقسىز بومبىدەك تېگىسەن. سەن پۇتۇن بىر ئائىلىنى پارچىلاپ نېمە قىلماقچىسەن.

رابىيە قادىر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ يىنىك ئاۋازدا جاۋاپ قايتۇردى:

_ سەن ئەمدى يالغۇز قالمايسەن، بالىلار ھاۋادا ساڭا قاراپ ئۇچۇۋاتىدۇ. ئۇلار بۇندىن كېيىن نازارەت ئاستىدا ياشاشتىن قۇتۇلىدۇ. يېقىنىدا مەنمۇ قېشىڭغا يېتىپ بارىمەن!

_ نېمىشكە بالىلارنىڭ يولغا چىقىدىغانلىقى ھەققىدە بۇرۇنراق ماڭا خەۋەر قىلمىدىڭ؟ _ دىدى ئۇ بىر ئاز نارازى بولغاندەك.

_ ئەگەر مەن ساڭا بۇندىن ئاۋال كىچىككىنە بىرەر خەۋەر يەتكۇزۇپ قويغان بولسام، ئېھتىمال سەن بالىلارنى مەڭگۇ كۆرەلمەيتتىڭ! _ دىدى رابىيە قادىر

ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ.

ئۇلار ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چوڭ ئوغلى قاخار ئاقسۇدىن ئائىلىسىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلدى. ئابلىكىممۇ ئاپىسىنىڭ يېنىغا كۆچۈپ كەلدى. روشەنگۈلمۇ ئاپىسىغا يالغۇزچىلىق ھېس قىلدۇرماي يوقلاپ كېلىپ تۇراتتى. يىگىرمە ئىككى ياشتىكى ئوغلى ئالىم ئۈرۈمچىدە تىببى مەكتەپتە ئوقۇيتتى. ئۇلار ئاپىسىغا ھەمراھ بولۇشماقتا ئىدى.

ئارىدىن بىر قانچە ھەپتە ئۆتۈپ، بىر كۈنى سەككىز نەپەر خىتاي ساقچىسى رابىيە قادىرنىڭ شىركەتتىكى ئىشخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىشتى ۋە نامەلۇم بىرىلىرىنىڭ رابىيە قادىرنى ئۆلتۈرۈشكە ئورۇنغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى كىملەرنىڭ ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتتى. بىراق ئۇنى قوغداپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ھېلىقى ساقچىلار بىرگە ئېلىپ كېتىشتى. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن سەككىز نەپەر ساقچى خىتاي ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىشىكتىن سىرتتا چىقماسلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ھېلىقى سۇيىقەست قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ يوقالغانلىقىنى، ئەمدى ۋەزىيەتنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشۈپ، قاراۋۇللۇقتىكى سەككىز نەپەر خىتاي ساقچىسى قايتىپ كېتىشتى. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە ئەشۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھرىگە « خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى ئورگانلىرى » دىن تەكشۈرۈش ئۆمىكى كەلگەن ئىكەن. ئۇلار بىلەن رابىيە قادىرنى يولۇقتۇرماسلىق ئۈچۈن شۇنداق نەيرەڭلەر ئويناپلغان ئىكەن.

رابىيە قادىر يەنە بېيجىڭدىكى مەركىزى سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىگە يىغىنغا چاقىرىلدى. ئاۋالقىدەكلا يەتمىشكە يېقىن ۋەكىل يىغىلغان بولۇپ، ئۇيغۇر ۋەكىللەر ئۇنچىقماستىن، ھەتتا ئىنكاس قىلىشقا قارشى ھالدا ئولتۇرۇشقان ئەسنادا رابىيە قادىر مەركىزى ھۆكۈمەتكە بولغان نارازىلىق پىكرىنى بايان قىلدى:

ــ سىلەرنىڭ قولۇڭلار ۋە ۋاڭ لې چۈەننىڭ قولى بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ قېنى بىلەن بويالغان! غۇلجىدا يۈزبەرگەن ۋەقە سىلەر ھازىرغىچە ئاتاپ كېلىۋاتقاندەك « قوزغىلاڭ، ئىسيان » ئەمەس. ئۇ يەردە تېرور ھەرىكىتى يوق! بەلكى كىشىلەرنىڭ كوچىلاردا يۈرۈش قىلغىنى پۈتۈنلەي تېنچ ھەرىكەت ئىدى. ئۇلار ئەركىنلىك تەلەپ قىلىشقان ئىدى. قولۇمدا ئۇ ئالتە تۈرلۈك تىزىملىك

بار. بۇنىڭ ھەممىسىدە تەرتىپ ۋە ئىنتىزام ساقلاش كۈچلىرى ئەمەلىلەشتۈرگەن زوراۋانلىق قىلمىشلىرى كۆرسىتىلگەن .

مەركىزى ھۆكۈمەتتىكى بىر قانچە يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدار رابىيە قادىرنى كۈتمەكتە ئىدى. ئۇلار خەلق بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئارىسىنى مۇرەسسەلەشتۈرۈش ۋە خەلقنى ھۆكۈمەتكە يېقىندىن ماسلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن كىشىلەر ئىدى. ئىسمائىل ئەمەت بولسا، شىنجاڭ ۋەكىللىرىنىڭ ئەقلىنى ئىشلىتىشى كېرەكلىكىنى تاپىلىماقتا. ئۇنىڭچە بولغاندا، كىشى ھاياتلىقتا بەزەن ئىشلارغا نىسبەتەن كۆز يۇمۇشى كېرەك، ھەر قانداق ئىنسان ئۇيقۇغا ئېھتىياجلىق، سىزمۇ ئۆمۈر بويى ئويغاق تۇرالمايسىز!ــ دەيتتى ئاگاھلاندۇرۇپ.

ئۇنىڭ « ئەقىللىق بولۇش » ئىشارىتىگە رابىيە قادىر كەسكىن قىلىپ مۇنداق جاۋاپ بەردى:

ــ ئەگەر مەن ئۇخلىسام ئۇخلاۋېرىمەن. ئەگەر مەن ئويغاقلا بولىدىكەنمەن، كۆزۈمدىن ھېچنەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ! مەن كېچە-كۈندۈز ئويغاق تۇرۇشنىمۇ خالاپ كەتمەيمەن. لېكىن ئۆرە تۇرۇپمۇ ئۇخلىمايمەن! مېنىڭ كۆزلىرىم شۇنچىلىك ئۆتكۈركى، مەن كېچىلەردىمۇ شۇنداق ئېنىق كۆرەلەيمەن .

ئىسمائىل ئەمەت پەقەتلا ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى چىقىش قىلاتتى.** ئۇنىڭ باشقىلارنى كۆرگىدەك كۆزىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزى ئەڭ چوڭ بەخىت ـ سائادەت ئىچىدە ياشايتتى. ئۇنىڭ ئوي خىيالىچە ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر ئەگەر ئازراقلا ھەپىلەشسە، ئۇنىڭغا ئوخشاش باياشاتلىققا ئېرىشەتتى.

ۋەكىللەر شىنجاڭ توغۇرلۇق پىكىر تەكلىپلەردە بولۇۋاتقان مەزگىلدە، 1997 ـ يىلى 8 ـ مارت كۈنى بېيجىڭ شەھرىدە نۇرغۇنلىغان كوچا ئاپتوۋۇزلىرى پارتىلىتىلىپ ھاۋاغا ئۇچۇرۇلدى. بۇ خەۋەر دەل ۋاقتىدىلا ۋەكىللەرگە يېتىپ كەلدى.

خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى يۈز بېرىۋاتقان مەزكۇر ھادىسىلەر خىتاي ھۆكۈمىتى دۇنياغا ئېلان قىلىۋاتقاندەك، قانداقتۇر بىن لادىن تېرور ھەركىتى بىلەن ياكى « رادىكال ئىسلامچىلىق » ھەركىتى بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى يوق. بەلكى خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ خەلققە سىلىۋاتقان ئېغىر زۇلۇملىرىغا ۋە خىتاي دۆلەت تېرورىغا قارىتا قىساس ئېلىش ۋە غەزەپ ـ نەپرەتنى ئىپادىلەشتۇر.

مەركىزى سىياسى مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى يىغىنىدىن كېيىنلا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سۆزگە چىقىدىغان ھەر قانداق بىر قۇرۇلتاي ئەزاسى، سۆزلىمەكچى بولغان نۇتقىنىڭ تېكىستىنى ئالدىن تاپشۇرىشى كېرەك. مەزكۇر تېكىستنى مەسئۇل كادىرلار تەكشۈرۈپ، ئەڭ مۇۋاپىق، دۆلەتنىڭ تۈپ سىياستىگە ئويغۇن بولغانلىرىنى تاللاپ تەستىقلەيدۇ. رابىيە قادىرمۇ سۆزلىمەكچى بولغان نۇتقىنىڭ تەكىستىنى تەستىقلىتىشقا تاپشۇردى. لېكىن ئۇ تېكىستنى ئىككى تۈرلۈك تەييارلىغان بولۇپ، ھۆكۈمەتكە ياقىدىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا تەكشۈرۈلۈپ تەستىقلىنىشكە « لاياقەتلىك » ساختا تېكىستنى تاپشۇرۇپ، ئۆزى سۆزلىمەكچى بولغان ئەسلى مەقسەتتىكى تېكىستنى يوشۇرۇن ساقلىدى. شۇنداق قىلمىغاندا نۇتۇق سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. ئۇنىڭ مەقسىدى پۈتۈن ۋەكىللەرنىڭ كۆز ئالدىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا نېمە قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئوچۇق سۆزلەپ ئاڭلىتىش ئىدى.

ئەشۇ چوڭ قۇرۇلتاي يىغىن زالىدا سەھنىگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلەش، بەش - ئالتە نەپەر ۋەكىل ئارىسىدىكى رىقابەت ئىدى. رابىيە قادىر تاپشۇرغان تېكىست نازاكەتلىك، يېقىملىق سۆزلەر بىلەن پەدازلانغان بولۇپ:

« شىنجاڭ خەلقى نېمىدىگەن باي – باياشات ياشايدۇ، پارتىيەنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي بولۇشى ۋە بەختكە ئېرىشىشى، نېفىتلىك ۋە تۆمۈر يولىلارنىڭ قۇرۇلۇشى، ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بىلمىسىزلىگى، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئوقۇشنى، يېزىشنى ئۆگىتىپ قويغانلىقىغا تەشەككۇر » دېگەندەك مەدھىيەلەر يېزىلغان ئىدى.

ئۇ ئەشۇ تېكىستنى تاپشۇرۇپ قويۇپ، قاتتىق بىئارام بولۇپ كەتتى. ئۇ يىغىن باشلىنىدىغانغا بىر كۈن قالغاندا تەرجىمان بىلەن مەخپى ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا سۆزلىمەكچى بولغان ئەسلىدىكى توغرا تېكىستنى كۆرسەتتى ۋە _ سىزگە ھېچ قانداق مەسىلە كەلمەيدۇ، ئىشقىلىپ مەن نېمىنى سۆزلىسەم شۇنى ئەينەن تەرجىمە قىلىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ _ دېدى ئۇ، تەرجىماننى خاتىرجەملەندۈرۈپ.

بۇ رابىيە قادىرنىڭ بېيجىڭدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا تۇنجى قېتىم سۆزگە چىقىشى ئىدى. ئۇ بۇگۈن كېچىچە ياخشى ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ يۈرىگى سوقۇپ، بوغۇزىغا قاپلىشىپ قالىدىغاندەك،

تېخىمۇ بىئارام بولاتتى.

چوڭ سەھنىدىكى نۇتۇق شىرەسىگە كەلگەن رابىيە قادىرنىڭ ئارقا تەرىپىدە، سەھنىدە سىياسى مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ئەزالىرى ئولتۇرۇشقان ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا بولسا 3000 گە يېقىن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى. زالنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى قەۋەتلىرىدە ئاساسەن ۋەكىللەر، يوقۇرى قەۋەتتە ژۇرنالىستلار، مۇخبىرلار ئورۇن ئېلىشقان ئىدى.

يىغىندا نۇتۇق سۆزلەۋاتقان كىشىنى ھېچكىم سۆزدىن توختىتىشقا ۋە ياكى ئۇنى تۇتۇپ، يىغىن زالىدىن ئېلىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىنمايتتى. بۇ پۇرسەت رابىيە قادىرغا جاسارەت بەرمەكتە ئىدى. ئۇ پوپكىسىدىكى ئەسلى سۆزلىمەكچى بولغان تېكىستنى ئېلىپ، يېنىدا ئولتۇرغان ئۇيغۇر تەرجىمانغا بەردى. تەرجىمان يوقۇرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇشقا باشلاپلا، تەرەددۇت ئىچىدە بىر قېتىم توختاپ قېلىپ، يەنە ئوقۇشنى داۋام قىلدى_

« بىز كىم؟ بىز كىملەر ئىدۇق؟ خىتايلارنىڭ ۋەتىنىمىزنى ئىگەللىۋېلىشى بىزنىڭ گۇناھىمىزمىدى؟ بىز شۇ تاپتا ئىنتايىن ئېغىر، قىيىن ئەھۋالدا ھايات كەچۈرمەكتىمىز! ».

تەرجىمان بۇ سۆزلەرنى شۇنچىلىك تېز ئوقۇشقا تىرىشتىكى، ئاخىرىغا ئېلىپ چىقمايلا يۈتىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ ماڭلىيىدىكى تەرنى سۈرتەتتى. رابىيە قادىر تېكىستتىكى بەزەن مۇھىم نوقتىلارنى شەرھىلەيتتى. ئۇ خىتايچىنى راۋان سۆزلىيەلىسىمۇ، لېكىن ئوقۇيالمىغانلىقى ئۈچۈن بەكمۇ ئىزتىراپلىناتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ مۇھىم ئۈچ تۈرلۈك تېمىنى تاللاپ ئوتتۇرىغا قويدى _ نامراتلىشىپ كېتىۋاتقان دېھقانلار، كەسىپلىشىش، بىلىم ئىگىلەش ۋە سىياسى مەھبۇسلارغا قارىتا ھۆكۈمەتنىڭ مۇئامىلىسى.

قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ ھېچبىرى « خىتاي تۇپرىغى » نىڭ ئالتىدەن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان، 1،6 مىليون كۋادرات كىلومېتىرلىق چوڭ بىر تۇپراق بولغان ۋەتىنىمىز ھەققىدە ھېچنىمىنى بىلمەيتتى. تەرجىمان رابىيە قادىرنىڭ يېنىدا خۇددى سۇغا چۈشكەن مۇشۇكتەك شۈمشىيىپ تۇراتتى.

ئۇ ئۆزىلا نۇتۇقنى داۋام قىلدى:

_ سىلەر دېھقانلارنىڭ باشقا بىر ئىشنى تاللاپ قىلىشىغا رۇخسەت قىلمايسىلەر. مەسىلەن سانائەت، تېخنىك، ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى ئۇلارغا بەرمەيسىلەر. ئەگەر دېھقانچىلىق تېرىلغۇ يەرلىرىدە دۆلەتلىك قۇرۇلۇش

قىلىنسا، ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ زىيانلىرى ئۈچۈن ئەڭ ئاز 500 يۈەنچىلىك تۆلەم بېرىشكىمۇ تەييار ئەمەس. ھەمدە ئۇلارنى ئۆز يەرلىرىگە قۇرۇلغان سانائەت، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغا ئىشچىلىققا ئالماستىن، بەلكى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئۆزەڭلارنىڭ ئادەملىرىنى بىزگە ئەۋەرتىسلەر. تىجارەتچىلىرىمىز خىتاي ئىمپورت ـ ئېكىسپورتچى فىرمىلىرىغا يوقۇرى ھەق تۆلەيدۇ. نېمىشكە بىز ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەللەر بىلەن تىجارەت قىلىشىمىزغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؟ .

ئۇ ئارقا ئارقىدىن تۇرلۇك باج ۋە تۆلەملەر ئۈستىدە توختالدى. ئۇ نېمىنى سۆزلىشى كېرەكلىگى ئۈستىدە ئانچە ئويلاپمۇ كەتمىدى. بەلكى ئەقلىگە كەلگەننى، ئۆزى ئوتتۇرىغا قويۇش زۆرۈر- دەپ قارىغانلىرىنى شۇنداق سۆزلەۋەردى. ئۇ ئىمكان بار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارنى بايان قىلىۋېلىشنى مۇھىم دەپ قارايتتى:

ـ نېمىشكە ھۆكۈمەت ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدىن خوتەن، قەشقەر ۋە ئىلى تەرەپلەرگە ئەيدىز كېسەللىگىنى تارقىتىدۇ؟ ئۇيغۇرلار بۇ ئاپەتتىن يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى بىلمەيدۇ! ھۆكۈمەت بۇنىڭ بىلەن قايسى مەقسەتكە يەتمەكچى؟ ( سىياسى مەسىلە بىلەن ) ئادەم ئېتىش خۇددى بىرەر قۇشقاچنى ئاتقاندەكلا كۈندىلىك ئادەتكە ئايلىنىپ كەتتى .....

ئۇ ئاخىرقى جۈملىلەرنى دىققەت بىلەن، ھاياجىنىنى بېسىۋېلىپ مۇنداق بايان قىلدى:

ـ مەن قەتئى جەزىم قىلىمەنكى، رەئىس ۋە مۇشۇ زالدا ئولتۇرغان ۋەكىللەر شىنجاڭنىڭ ھەقىقي ئەھۋالىدىن توغرا خەۋەردار بولالمىغان. ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇش ھوقۇقى بىزنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەمەلى ئىجرا قىلىنمىغان. ئەگەر ئىجرا قىلىنسا ئىدى مەركەزمۇ ۋە ئاپتونوم رايوندىكى خەلقمۇ ئاززۇ قىلغان مۇقىملىق رۇياپقا چىققان بولاتتى. ھەممىمىزگە تېنچلىق كېرەك!

ئۇ قولغا ئېلىنىشتىن، ھۆكۈمەتنىڭ تۇتۇپ كېتىشىدىن قورقمايتتى. بەلكى مەقسەتتىكى سۆزلىرىنى تولۇق يەتكۈزەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەيتتى. جەمى ئون ئالتە تۇرلۇك مەسىلىنى يىگىرمە ئالتە مىنۇتتا ئوتتۇرىغا قويۇپ بولدى. ۋەكىللەر ئۇنى ئالقىشلاپ، شۇنداق كۈچلۈك ۋە ئۇزاقتىن - ئۇزاق چاۋاك چېلىشتى.

ئادەتتە دۆلەت رەئىسى ۋە مەسلىھەتچىلەر كېڭەش ئەزالىرى يىغىن تۈگىشى بىلەنلا زالنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشەتتى. لېكىن بۈگۈن ئۇنداق

قىلىشمىدى. رابىيە قادىرنىڭ نۇتقى تۈگىشى بىلەن جاڭ زېمىن باش مىنىستىرنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇدۇل ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. دۆلەت رەئىسى رابىيە قادىرنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ تۇرۇپ ئىلتىپات بىلدۈردى:

ـ سىز ھەقىقەتەن ئادەتتىن تاشقىرى بەك ياخشى سۆزلىدىڭىز! سىز دائىم مۇشۇنداق سۆزلىشىڭىز كېرەك! بۈگۈن سىز تەقدىم قىلغان مەسىلىلەر دىققىتىمىزنى ئالاھىدە قوزغىدى. بىز شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى قايتا تەكشۈرۈپ ئۇبدان ھەل قىلىمىز!

باش مىنىستىر لى فېڭمۇ ئۇنى تەبرىكلىگەچ:

ـ بەك ياخشى سۆزلىدىڭىز! لېكىن بۇنداق مەسىلىلەر ئۈستىدە بىز بىلەن سۆزلىشىشىڭىز كېرەك - دىدى.

بۇ مۇھىم كىشىلەرنىڭ رابىيە قادىر بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشكەنلىكىنى كۆرگەن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈش ئۈچۈن بىر بىرىدىن قىزغىنىشىپ بەشلەشمەكتە ئىدى. خىتاي دۆلىتىنىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىدىن كەلگەن بۇ ۋەكىللەر ئۆزلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا بولغان ھېسداشلىقلىرىنى كۆرسىتەتتى.

رابىيە قادىرنىڭ پىكرى ئېغىر بېسىم قىلغان بولسا كېرەك يوقۇرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار ئۇنىڭ بىلەن « سۆھبەتلەشمەكچى » بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئېلىپ كېتىشتى. شۇنداقلا باشقىلاردىن توساپ قېلىشتى. ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىش ئۈچۈن، پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرگەن، ژۇرنالىستلار بىلەنمۇ يولۇقتۇرۇلمىدى. ئۇ بايان قىلغان مەسىلىلەردىن پەقەت ئىككىلا نوقتا مۇزاكىرە قىلىندى:

بىرى ـ دېھقانلاردىن باجنى يېنىكلىتىش، يەنە بىرى ـ بىلىم ۋە كەسىپ ئۆگىتىش. قالغان تەلەپلەر ئۈستەل ئۈستىدە قالدى.

مەركىزى سىياسى مەسلىھەتچىلەر كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇددى دېڭىزدا كېمىنى يېتەكلەپ كېتىۋاتقان كاپىتاندەك رابىيە قادىرنى يېتەكلىۋالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى توشۇيدىغان خاس ماشىنىسى بىلەن رابىيە قادىرنى مېھمانخانىغا ئاپىرىپ قويدى. ئۇ خىتاي دۆلىتىنى ئىدارە قىلىدىغان غالىپ توققۇز شەخسنىڭ بىرى بولۇپ، بۇلار 1،3 مىليارد خەلقنىڭ ئۈستىدىن قارار چىقىرىدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننى بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرگەن ئىدى. شۇڭا ئۇ:

ـ سىز بۇگۈن بىزگە ئاڭلاتقان مەسىلىلەر بىزنى بەك تەسىرلەندۈردى. بۇ چۈشەندۈرۈشلىرىڭىز بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە ياردەم بەرگۈسى. بىز سىلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى نىگىزىدىن تەكشۈرۈپ چىقىمىز - دىدى رابىيە قادىرغا.

ئۇ ھۆكۈمەت بەرگەن ۋەدىلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئانچە ئىشەنچ قىلالمايتتى. شۇڭا:

ـ مەن ئويلايمەنكى، بۇ بىزنىڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىشىمىز. مەن سېزىۋاتىمەنكى، يېقىندا مەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا قايتىپ بارغىنىمدا ئۇ يەردە مېنى چوڭ دىشۋارچىلىق كۈتۈپ تۇرغان بولىدۇ - دىدى كۆڭلىدىكى شۈبھىنى ئېيتىپ.

خىتاي ئەمەلدار كۈلدى ۋە تەكىتلەپ مۇنداق دىدى:

ـ ياق، ياق! ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. نېمىشكە شۇنداق بولۇشى كېرەك؟ بۇيەر دېگەن سىياسى مەسىلىھەت كېڭىشى، ئەشۇنداق مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىدىغان جاي. سىز توغرا قىلدىڭىز! بىزنىڭ قانۇنىمىزدا مۇشۇ يەردە سۆزلەنگەن ئەھۋاللارنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى ئوچۇق بەلگىلەنگەن. ئەگەر مەن بىر ئۇيغۇر بولغان بولسام، ئەلۋەتتە شۇنداق سۆزلىگەن بولاتتىم. ئەندىشىلەنمەڭ! ئەگەر بىرلىرى سىزنى بىئارام قىلماقچى بولسا، مەن ئارىلىشىمەن. بىزلەر ـ ھەممىمىزلا ئويلاپ قېلىشىڭىز ئېھتىمال بولغىنىدەك ئۇنداق يامان كىشىلەردىن ئەمەسمىز!

رابىيە قادىر ئۇنىڭغا رەھمىتىنى بىلدۈردى. لېكىن ئۇ بۇنداق چىرايلىق، ئەمما كۆپ ئۇچراپ تۇرىدىغان قۇرۇق گەپلەرگىمۇ كۆنۈك ئىدى. ھەر قېتىم ئەشۇنداق ۋەدىلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىراق ئەمەلىيەت، نەتىجە باشقىچە بولاتتى.

« بەلكىم بۇ سۆزىدە تۇرىدىغان، ئەخلاقلىق، نومۇسلۇق ئادەم بولۇشى مۇمكىن! بەلكىم ئۇ پەقەت يوقۇرى ئۆرلەش ئۇچۇنلا ھوقۇقنى ئىگەللىمىگەن بىرىدۇر »- دېگەن خىيالمۇ ئۇنىڭ مېڭىسىدە غىل - پال پەيدا بولغان ئىدى. ئۇ مېھمانخانىدىكى ھوجرىغا كىرىپلا تۇنجى بولۇپ سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىگە تېلىفون قىلدى:

ـ مەن بۈگۈن بىر چوڭ غەلىبىگە ئېرىشتىم! مەن بىلەن بىرگە تەنتەنە قىلىشىڭ كېرەك! سەن قاياقلاردىدۇر تاغنىڭ ئۇستىدە! مەن بولسام ئوتقا سەكرىدىم.

ـ ياق! سەن ئۇنداق قىلماسلىقىڭ كېرەك ئىدى! سەن يېنىمغا سالامەت

كېلىشىڭ لازىم ئىدى. سەن باشقۇرغىلى بولمايدىغان، ئىنتائەتسىز بىر ئىنسان سەن! مەن ئەمدى سېنى قايتا كۆرۈشتىن ئۈمۈتنى ئۈزسەم بولغىدەك! _ دىدى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى قايناپ. لېكىن ئۇ ئۆز قىلمىشىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنى ئاقلىماقتا ئىدى:

_ مەن توغرا قىلدىم! ئەمدى مېنىڭ بىرلا ئارزۇيۇم بار _ ئۆتۈنۈپ قالاي، سەن مەن بىلەن بۇ غەلبىنى بىرگە تەبرىكلە!.

سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى ئۇنىڭ پۇرچىغىنى پۇشۇرۇپ قويدى:

_ سەن پەقەتلا بىر قېتىم غەزىپىڭنى، ئاچچىغىڭنى چىقىرىۋالدىڭ! ئەلۋەتتە سەن ياخشى، گۈزەل ئارزۇلىرىڭنى تەقدىم قىلغانسەن! لېكىن ئەپسۇس ئىش ئۇنداق، سەن ئارزۇ قىلغاندەك بولمايدۇ! ھېچنىمە ئۆزگەرمەيدۇ. سەن مەركىزى سىياسى مەسلىھەتچىلەر كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا دەرھال قول سالمايدۇ. لېكىن ئۇلار كېيىن سېنىڭ قىلغانلىرىڭنىڭ ئۇلارغا ياقمىغانلىقىنى ساڭا كۆرسۈتۈپ قويىدۇ.

ئۇ يەنە تەكرارلىدى:

_ ئۇلار نېمە قىلسا بەربىر! خەلقىمىز ئۈچۈن بىر چارە تاپامدۇ ياكى يوق! لېكىن مەن بۈگۈن بىر قېتىم مەقسىدىمگە يەتتىم! ئۆتۈنىمەن! مەن بىلەن بىرگە بۇ غەلبىنى تەبرىكلە!.

ئەمدى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى ئارتۇقچە تاكاللاشمىدى. ئەكسىچە ئۇنى نەقەدەر سېغىنغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەگەر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئەشۇ ئۈچ مىڭ نەپەر ۋەكىل ئىچىدىكى ھەقىقەتنى كۆرىدىغان، قارنى - كۆكسى كەڭ پەقەت بىرلا ئادەمگە بولسىمۇ ئاڭلىتالىغان بولسا، شۇنىڭ ئۆزىلا رابىيە قادىر ئۈچۈن ياخشى بىر نەتىجە بولغان بولاتتى.

رابىيە قادىر بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن ئۇنىڭ بارلىق سىياسى ۋە ئىدارى ئورۇنلىرى، نام - ئۇنۋانلىرى، ۋەزىپىلىرى بىكار قىلىندى. ماي ئايلىرىدا ھۆكۈمەت ئۇنىڭ ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى ماقۇللىدى. ئىيۇلدا رەسمىي ئىجرا قىلىندى. بۇ ئەھۋاللار رابىيە قادىر ئۈچۈن ھەيران قالارلىق ئەمەس. ئۇ ئاللىبۇرۇن ھېساپلىشىپ قويغان ئىدى.

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى بىرلىك سەپ ھەيئىتى رابىيە قادىر ھەققىدە بىر قارار چىقارتماقچى. ئەشۇ چىقىرىلىدىغان يېڭى قارار - قانۇننى يېقىندا خەلققە ئېلان قىلماقچى.

سىياسى بىرلىك سەپىنىڭ باشلىقى بىر خىتاي ئەمەلدار بولۇپ، ئۇ يىغىندا رابىيە قادىرغا يالت قىلىپ « غەلبە تەنتەنىسى » نەزىرىدە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن:

_ كوممۇنىست پارتىيەنىڭ قانۇن - نىزامىغا ئاساسەن سىز، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، شۇنىڭدەك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى ھەيئەت ئەزالىق ئورنىڭىزدىن ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىجارەتچىلەر بىرلەشمىسى مۇئاۋىن رەئىسلىك ۋەزىپىڭىزدىن مەھرۇم قىلىندىڭىز! – دەپ، جاكارلىدى ۋە رابىيە قادىر بۇندىن بۇرۇن ھېچ ئاڭلاپمۇ باقمىغان نۇرغۇن ئىدارە ۋە تۈرلۈك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدىكى ۋەزىپىلىرىدىنمۇ بىكار قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرۈپ _ سىز بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئاددى بىر پۇخرا بولۇپ قالدىڭىز! _ دەپ، ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش ئېلانىنى ئاخىرلاشتۇردى.

_ نېمىشكە مېنى ئاددى پۇخراغا ئايلاندۇرۇپ قويىسىلەر؟ سىلەر مېنىڭدىن بۇ ئاددى پۇخرالىقنىمۇ بىكار قىلالايسىلەرغۇ! ئۇنداقكەن مېنى تايىنلىق ئامېرىكىغا ئەۋەتىۋېتىڭلار _ دېدى ئۇ سۆز ئاخىرىدا تەكلىپ بېرىپ.

_ ئەگەر سىز مەزكۇر ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلاش قارارىغا قايىل بولمىسىڭىز، ھەرقانداق ۋاقىتتا يوقۇرى سوتقا ئەرز قىلسىڭىز بولىدۇ - دىدى خىتاي ئەمەلدار سۆزىنى تاماملاپ.

بۇ ھادىسىلەر رابىيە قادىرغا ھېچقانداق ئېغىر تۇيۇلمىدى. ئەكسىچە ئۇ ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلاتتى. بەلكى ئۇ ئۆزىنى ئەمدىلا ئىنسانىي قىممىتىگە، ئىنسانىي ئورنىغا قايتا ئېرىشكەندەك، ئۆز ئورنىنى قايتا تاپقاندەك مەمنۇنىيەتتە ئىدى. ئاۋال ئۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن خەلققە ياردەمدە بولغانلىرىدا، گوياكى ھۆكۈمەتمۇ بۇ ئىشتا بىرگە بولۇۋاتقاندەك راھەتسىزلىك ھېس قىلاتتى. سىياسى نوپۇزىمۇ مۇشۇ ئىدارە - ئورۇنلاردا بۇندىن ئارتۇق ئىمكانىيەت بېرەلمىگەن ئىدى. ئەمدىكى مەسىلە ۋاڭ لې چۈەننىڭ ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىغا، تىجارەتلىرىگىمۇ قاتتىق توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقى مەلۇم ئىدى.

رابىيە قادىرنىڭ بارلىق تىجارى شىركەتلىرى بىردىنلا مۇھاسىرە قىلىندى. ئۇ بىر خىتاي تىجارەتچى بىلەن پاختا سودىسى ئۈستىدە توختام تۈزگەن ئىدى. ئۇنىڭ تىجارى شىرىكى ئون بەش كۈن ئىچىدە خىتايغا تاجىكىستاندىن پاختىنى يوللاپ بەرمەكچى ئىدى. رابىيە قادىر شىرىكىگە

ئومۇمىي سودا سوممىسىنىڭ 15% نى ئالدىن تاپشۇرۇپ بولغان. ئۇنىڭ شىرىگى يولغا ئىشەنچ قىلالمىغىنى ئۈچۈن، ئۇ ئۆزى دەسلەپكى 200 توننا پاختىنى يۆتكىشى كېرەك ئىدى.

رابىيە قادىر ئۇرۇمچىدىن ئالمۇتىغا، ئاندىن تاجىكىستانغا ئۇچۇش ئۈچۈن ئائىرپورتقا كىرىۋىدى بىخەتەرلىك ئىدارىسى ئۇنىڭ پاسپورتىنى تارتىۋالدى.

« رابىيە قادىرنىڭ يولدىشىنىڭ ھەر دائىم كوممۇنىست پارتىيەنىڭ قانۇنلىرىغا قارشى بولۇشى، ئۇنىڭ ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىدا ئىشلىگىنى، ئۇنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان سىياسى مۇئامىلىسىگە قارشى مۇنازىرە قى-لىشى، ئۇنىڭدىن سىرت مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇغى، رابىيە قادىرنىڭ چەتئەلگە چىقىشىغا رۇخسەت يوق ۋە ئۇنى دەرھال نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇش» قاتارلىق سەۋەپلەردىن ئۇنىڭ پاسپورتى تارتىۋېلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ ئادۇكاتىمۇ بۇ قارارغا قارشى ھېچنىمە قىلالمىدى. بىرلا شەرت سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى ۋە ئۇلارنىڭ ئامېرىكىدىكى باللىرى قايتىپ كېلىشى كېرەك!

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ تېلىفۇن ئارقىلىق سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىگە بولغان ئىشلارنى يەتكۈزىۋىدى:

_ ئاھ! بىز ئەمدى تۈگەشتۇق! مەن ساڭا ئاۋال كۆپ قېتىم ئېيتمىغانمىدىم _ خىتايلار قانۇن تونىمايدۇ، ئەخلاق تونىمايدۇ _ دەپ! دىدى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى ھەسرەتلىنىپ.

_ شۇنداق _ دىدى رابىيە قادىر تەكرارلاپ، لېكىن بۇ ئۇمۇتسىزلىنىشنىڭ سەۋەبى بولماسلىقى كېرەك! مەن ئۇمۇت قىلىمەنكى، مەن باشقا بىر ئىمكان تېپىپ سېنىڭ يېنىڭغا چوقۇم بارىمەن!.

_ ئەگەر خىتايلار سېنى قولغا ئالسا، قاماپ قويسا، مېنىڭ ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى كۈنى بولىدۇ! سەنسىز ھاياتىنىڭ قىممىتى، مەناسى قالمايدۇ! _ دىدى بوغۇق ئاۋازدا.

ئەگەر ئۇ خىتاي تىجارەتچىگە پاختىنى توختاملاشقان ۋاقىتتا تاپشۇرمىسا، توختامدىكى پۈتۈن ئىقتىسادىي قىممەتنى تۆلىشى كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ ( ئايال ) ئادۇكاتىنى تاجىكىستانغا يولغا سالدى. لېكىن ئۇنىڭ تاجىكىستاندىكى شىرىگى پاختىنى بەرمىدى. خىتاي تىجارەتچى ( ئايال ) ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. ئۇ بۇ تىجارەتنىڭ زىيىنى ئۈچۈن خىتايغا 2،7

مىلىيون يۈەن تۆلىشى كېرەك! مانا بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئويىنىغان ئويۇنى بولدى. ئاۋال ئۇلار ئۇنىڭ پاسپورتىنى تارتىۋالدى. ئاندىن ئىقتىسادىي جازاغا مۇپتىلا قىلىشتى، ئۇندىن كېيىن ئۇنىڭ باللىرىنىڭ، ئىنىسىنىڭ پاسپورتىنىمۇ تارتىۋېلىشتى. مۇشۇ تىجارەتتىلا توپلام يىگىرمە تۆرت كاماز پاختا ئوتتۇرا ئاسىيادا غايىپ بولدى. شۇنىڭ بىلەن رابىيە قادىر تارتقان ئومۇمى زىيان 13 مىلىيون يۈەن بولۇپ خۇلاسىلاندى.

ئۇ تىجارەت ئىشلىرىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ تىجارىتى ياخشى كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەنە خەلقنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھىمايە قىلىشنى داۋام ئەتتۇرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان خەلق ئۇنىڭ بىلەن سودا قىلىشاتتى. ھەتتا ئابلەت ئابدۇرىشتىنىڭ خانىمىمۇ سودىسىنى رابىيە قادىرنىڭ دۇكىنىدىن قىلاتتى.

رابىيە قادىر ساقچى ئىدارىسىنىڭ رۇخسىتىسىز، بىر يۇرتتىن يەنە بىر يۇرتقا كېتەلمەيتتى. شۇنىڭدەك ئۇ قەيەردىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ يېنىدا، ئارقىسىدا قارا كىيىملىك پايلاقچىلار خۇددى سايىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتى. ھەتتا ئۇ تەكلىپ قىلىنغان زىياپەت ـ ئولتۇرۇشلاردىمۇ ئۇنىڭ قارشىسىدىكى شىرەدە ھېلىقى پايلاقچىلار پەيدا بولۇشاتتى.

( شۇ نامىلىق كىتاپ 299-311. بەتلەر)

( قوشۇمچە )

ۋەتەن سىرتىدا « ۋەتەنپەرۋەرلىك »، ۋەتەن سىرتىدا « مىللەتچىلىك»، ۋەتەن سىرتىدا « ئىنقىلاۋى قەھرىمانلىق »، ۋەتەن سىرتىدا « ؟ » ئىشقىلىپ ۋەتەن سىرتىدا ھەممىلا ئادەم مەزكۇر نامىلارنى پىشانىسىگە مۆھۈر بىلەن باستۇرىۋېلىشقا تاسلا قالىدۇ . بىزدە ئەشۇنداقلارغا قارىتا « ئۆگزىگە چىقمىۋالسام ئىشىتتىن قورقمايمەن » دېگەن ئىخچام، ئەمما چوڭقۇر تەئەددى بىلەن تولغان باھالارنى بەرگەن تەمسىللەر ئاز ئەمەس.

بىز ۋەتەندىكى چاغلىرىمىزدا، ۋەتەن سىرتىدىكى ھەرقانداق ئۇيغۇرنى « ۋەتەننى ئازات قىلغۇچى » كىشى دەپ قارايتتۇق. چەتئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ، ئۇزۇن يىلغىچە تازا بايقاپ بولالمىدۇق. ھەتتا بىرەر كۇبلېت شېئىرنى ھىسسىياتلىق ئوقۇپ قويىدىغان، بەزەن « شائىر » غا ئوخشاپراق كېتىدىغان كىشىلەرنىمۇ، « ۋەتەنپەرۋەر شائىركەن » دەپ، ھۆرمەتلەپمۇ

قالاتتۇق.

چۈنكى بىز ۋەتەندە ياشاپ تۇرۇپمۇ ۋەتەنگە بەك ئېھتىياجلىق ئىدۇق!.. ھۆرلۈكتىن مەھرۇم بولغاچقىمىكىن ئۆزىمىز ۋەتەننى جان جېنىمىزدىن سۆيۈپ تۇرۇپمۇ « ۋەتەننى سۆيىدىغان كىشى » گە بەك مۇھتاج ئىدۇق. سانىمىز بەك ئاز بولغاچقىمىكىن...

بىز ئۇزۇن يىلدۇر ئويغۇنۇپ كەتتۇق! ئەمدى بىزنى ئەللەيلىمەڭلار جاناپلار! « شېئىر » ئوقۇپ، « قەسىدە » ئوقۇپ، « نەزمە » توقۇپ، « بۆھتان » چاپلاپ، « تۆھمەت » ئارتىپ، ئىشقىلىپ يولىمىزنى توسىيالمايسىلەر. بىزنى ئالداپ بولالمايسىلەر. « كىم » نىڭ _ كىم ئىكەنلىكىنى بەش قولدەك بىلىپ كەتتۇق.

ھەتتا ئاجايىپلارمۇ يوق ئەمەس بىز ياشاۋاتقان « غەرپ » تە. ئۇيغۇر خەق « لەغمەن » گە بەك ئامراق. شۇنداق تۇرۇپمۇ بىر تەخسە لەغمەننى يەپ، خىجىل بولماي « ۋەتەن ئۈچۈن لەغمەن يىدىم » دەيدىغان، ئاجايىپ « ۋەتەن سۆيەر » لىرىمىزمۇ باركەن. شۇنىڭدەك _ بىر ئاز ئوچۇقراق دىسەم ھېسسىياتى قوزغۇلۇپ قېلىپ، بىر قانچە مىسرا « شېئىر » يېزىپ قويغان بىر ئادەم، يازغان مىسراسىغا « ۋەتەن ئوتىدا » دەپ ماۋزۇمۇ قويىۋالىدىكەن.... ھەتتا ۋە ھەتتا ئۆزىگە قويغان « فامىلە » سىنىمۇ، تەپتارتماي « ۋەتەن ئىشقىدا » دەپ چۈشەنچە بېرىپمۇ قويىدىكەن.

ھەتتا غەرپتە يىگىرمە يىلچە ئۆز ھاياتىنى ياخسى قامدىغان بىرلىرىمۇ، « يىگىرمە يىل ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلغان » بولۇپ ئاتىلىدىكەن. باشقىلاردىن ياخشىراق كۈن كۆرۈش ئۈچۈن، « كاللا ئىشلىتىپ » غەرپتە ئىناۋەتلىكراق بىرەر كەسىپنى ئوقۇغان « ستۇدېنت » لارمۇ، « ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن ئوقۇغان » بولارمىش!

ۋاي ۋاي! نېمە دېگەن كۆپ بۇ « ئۆگزىگە چىقىۋالسا، ئىشتىنى قورقمايدىغان » لار! ( مېنىڭ جاۋابىم: ھەي نوچى ئەرباپلار! سىلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك دەۋاسى قىلىشتىن ئاۋال، يۇرتۇڭلاردىكى ساقچى ئىدارىسىدىن كەلگەن تېلىفۇنغا، تىترىمەي تۇرۇپ جاۋاپ بېرىپ بېقىڭلارچۇ. تېخى نومۇس قىلىشماي، رابىيە قادىرخانىمدىن تېخىمۇ چوڭ ئىشلارنى تەلەپ قىلىسىلەر).

بەزەن ئەربابلارنىڭ مۇنداقمۇ « كۆرەش پەلسەپىسى » باركەن:

1 ـ ئاۋال ئۆزىنى ئويلاش. يەنى بۈگۈنۈم قانداق ئۆتىدۇ، ئەتەم قانداق بولىدۇ، كېلەر يىلىم، ئون يىلدىن كېيىنىم، قېرىغاندىكى تۇرمۇشۇم... تەندە ماغدۇرۇم

بار چاغدا، كېيىنلىكىمنى ئويلانماي، بارلىقىمنى « ۋەتەن » گە ئاتاپ قويسام، كۈچۈمدىن قالغاندا كوچىدا تاشلىنىپ قالسام، كىم باقار؟ شۇڭا 1- قەدەمدە ئۆزەمنى ئويلىشىم كېرەك.

2 - ئائىلىسىنى، بالىلىرىنى ئويلاش. يەنى مەن « ۋەتەن » ئۈچۈن ئىشلەۋەرسەم ئائىلە ئىشلىرىم، ئايالىمنىڭ ھالى قانداق بولار. بالىلىرىم چوڭ بولسا قانداق قىلار. شۇڭا 2- قەدەمدە ئائىلە- بالىلىرىمنى ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىشىم كېرەك.

3 - بولۇپ « ۋەتەن » ئۈچۈن.

بۇ زادى قانداق شەكىلدىكى « كۈرەش پەلسەپىسى » ؟ مەزكۇر پەلسەپىنى سەن بىلەن مەن ئېيتسامغۇ كارى چاغلىق. بىراق « ئاتاغلىق » بىرى دەپ سالسا، سەن بىلەن مەن « رەھبەر » دەپ، ئەگىشىپ يۈرگەن بىر « كىم » دەپ يۈرسە، سەن قانداق تۇيغۇدا بولارسەن! ياكى ئۇنىڭمۇ « ئويلايدىغىنى بار » دەپ، خۇددى ئېرىنىــــڭ « پاشىۋاز، خۇمسى » ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، « گەپ قىلسام، قۇۋۇرغامنى سۇندۇرۇپ قويىدۇ » دەپ، سۈكۈتتە ئەمما « كۈندەشلىك » ئازابىدا ئۆرتىنىپ ياشايدىغان، بىچارە مەزلۇم خوتۇندەك كۈن ئۆتكۈزەمسەن... بۇ تۇيغۇ مەسىلىسىلا ئەمەس بەلكى سىياسى ئاڭ، مىللى سېزىم، ئىنسانىي قىممەتكە باغلىق. كىشى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي قىممىتىنى تولۇق ھېس قىلالمىغانكەن، ئۇنى « دوست » نىمۇ، دۈشمىنىنىمۇ خورلايدۇ.

ئەمدى ھېلىقى ئاتالمىش « كۈرەش پەلسەپىسى » گە كەلسەك، ئۇنداق بىر نامەرتلەرچە، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك تۇيغۇسى ھەرگىزمۇ « كۈرەش پەلسەپىسى » بولالمايدۇ. ئۇ « جان باقتىلىق » يولى. ئۇنداق ئادەم بىلەن بېيجىڭدىكى خىتاي ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان ئىسمايىل ئەمەتلەرنىڭ پەرقى قەيەردە؟ ئۇمۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنى، ئاندىن خوتۇن - بالىلىرىنى ئويلاپ، شۇ نىشاننى بويلاپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. _ ئارىدىكى پەرق بىرلا نەرسە _ چېگرا. ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ئىكەنلىك سىم. بىرى سىمنىڭ ئۇ يېقىدا، بىرى بۇ يېقىدا. لېكىن ھەر ئىككىسىنىڭ ھاياتقا بولغان باھاسى ئوخشاش. _ ياخشى ياشاش! ھەتتا ئەۋلاتلىرى ئۈچۈنمۇ « يۇمشاق تۇشەك » ھازىرلاپ قويۇش.

رابىيە قادىرخانىمغا نېمە كەملىك قىلاتتى؟ سۇلالىسى پادىشاھلاردەك ياشىيالايدىغان مال- دۇنيا. سۇلالىسىگە مىراس قالغۇدەك نام – ئاتاق، مەنسەپ، ئابروي. ئۇمۇ قولىدىن كېلىشىچە، قولدىن كەلگەننى قىلىپ

ياشاۋەرگەن بولسا، كىم ئۇنىڭدىن نارازى بولاتتى؟ نارازى بولۇشقا كىمنىڭ ھەققى بار ئىدى؟ ئۇ تاپقان دۇنياسىنىڭ 2.5% نى بىر يىللىق « زاكات » قا ئاجرىتىپ قويسا، مال ـ دۇنياسىنىڭ 10% بىر يىللىق « خەيرى ـ ساخاۋەت »، ياردەم ئىشلىرىغا ئاجرىتىپ قويغان بولسا، ياكى « دارۇل يېتىم » سالدۇرۇپ، يىتىم ـ يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلىغان بولسا، مەسجىد، مەدرىس سالدۇرۇپ، دىندارلارنىڭ كۆڭلىنى ئالغان بولسا، ئۇ نامراتلىشىپ قالاتتىمۇ؟ ئۇنى كىشىلەر يامان كۆرەتتىمۇ؟ ئۇنى ئەشۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن خىتاي ھاكىمىيىتى بەربات قىلاتتىمۇ؟ ئۇنىڭ يولى توسۇلۇپ قالاتتىمۇ؟.

بەزەن « شائىر » لارنىڭ ئۇنىڭغا ئاتاپ « نەسىھەت » شەكلىدە « قەسىدە » ئوقۇشلىرىچۇ. ئۇنىڭغا « سىياسى دەرس » بېرىشكە ئىنتىلىشلىرىچۇ؟. نومۇس قىلىشماي بەزەن ئېكران ئالدىدا ئولتۇرۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ خىياللىرىنى « سىياسى قاراش » شەكلىدە ئېلان قىلىشلىرىچۇ.( رابىيە قادىر خانىم بىر كىشىدىن سىياسى ساۋات سوراپتۇدەك. يەنى « مۇستەقىللىق » بىلەن « كىشىلىك ھوقۇق » ھەققىدە _ ئارىدىكى پەرقىنى سوراپتۇدەك. )

_ تارىخ ئىسپاتلىغان ھەقىقەت شۇكى ئەمدى ئۇزۇن يىللارغىچە « ۋەتەنپەرۋەرلىك » تاجى رابىيە قادىرخانىمدىن ئاشمايدۇ. بۇ تاج باشقىلارغىمۇ ياراشمايدۇ. كىمكى بۇ تاجغا ئىچى قوتورلۇق قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا قول ئۇزىتىدىكەن، چوقۇمكى بۇ تاج ئۇنىڭ بېشىغا قالپاق بولۇپ كېيىلىدۇ.

40

رابىيە قادىر ئۆزىنىڭ خۇسۇسى دىشۋارچىلىقلىرىغا قارىماستىن، ئۇيغۇر خەلقىغە ياردەم قىلىشنى ھەممىدىن مۇھىم دەپ بىلەتتى. ئۇنىڭ مەكتىۋىنىڭ ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاش ۋە پېقىر ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلىش ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتاتتى.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىچىدە ھېچقانداق ھەسسىسى بولمىغاچقا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئالغا باسماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە شۇنداق بىر ئەنئەنە باركى، ئەرلەر ئائىلە ئۈچۈن تاپاۋەت قىلىدۇ. لېكىن رابىيە قادىرنىڭ كۆز قارىشىچە، ئائىلىدىكى قايسى بىرى ياخشى پايدا تاپالىسا، شۇ تاپاۋەت قىلىشى كېرەك.

رابىيە قادىر شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، پەقەت ئانىلارنىڭ ئۈستىدىن « ئۆز-گەرتىش » ئېلىپ بېرىش كېرەك. كۆپۈنچە ئانىلار نامرات، ھەم مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن. لېكىن بىزنىڭ « كەلگۈسىمىزنىڭ ئىز باسارلىرى بولغان » باللار ئەشۇ ساۋاتسىز ئانىلارنىڭ قولىدا .

ئۇيغۇر ئاياللىرى ھەممىدىن بەكرەك ئۆزلىرىگە ئىشىنىشلىرى لازىم. بىر كۈنى رابىيە قادىر ئىشخانىسىدا ئەرلىرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئۈچ نەپەر ياش چوكان بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ شىكايەتلىرىچە، ئۇلارنىڭ بەختى خۇددى ئەرلىرىنىڭ قولىغا بەنت قىلىۋېتىلگەندەك، ئۇلار ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىغا جەزىم قىلىشاتتى.

بىلىم - سەۋىيەلىك، ئۇقۇمۇشلۇق ئاياللار مەۋجۇت ۋەزىيەت ئۈستىدە دەتالاش قىلىشىشىمۇ، لېكىن قانداق ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئېنىق بىر قاراشقا ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇڭا دەل ئاياللارنىڭ ۋە ئانىلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى رولىنى تونىتىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلگەن ئىدى. شۇ سەۋەپتىن رابىيە قادىر ئاياللارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن مەدەت بېرىش ئۈچۈن « ھەسسىدارلىق شىركىتى » قۇرۇپ بېرىشكە كىرىشتى.

رابىيە قادىرنىڭ ياردىمى بىلەن ئاياللار ئۆز كۈچلىرىنى جارى قىلدۇرۇشلىرى كېرەك. يەنى ئۇلارنى ھەر دائىم دېگۈدەك رابىيە قادىرنىڭ ئىدارە قىلىشى ئورۇنسىز بولۇپ، بۇ « رابىيە قادىر جەمئىيىتى » نىڭ ئۆز ئالدىغا پۇت تىرەپ تۇرۇشى تەلەپ قىلىنىغان بىر قەدەم ئىدى. ئۇ، ئەۋلاتلىرىنىڭ بىلىم ئىگىلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى خالايدىغان ئاياللارنى سۆھبەتكە چاقىردى. ئۇ بەلكىم يۈزلەرچە مېھمانىنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى. بىراق چۈشكە يېقىن ئۆزىنىڭ سودا سارىيىدىكى رېستۇرانىدا مىڭدىن ئارتۇق ئايالنىڭ توپلاشقىنىنى كۆردى.

ئاياللارنىڭ كۆپۈنچىسى باش ياغلىقلىرىغا ئورىۋېلىشقان پۇللىرىنى رابىيە قادىرغا تەقدىم قىلماقچى. ئۇلارنىڭ نېمە مەقسەتتە پۇل تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئېھتىمال مۇشۇ پۇللار بىلەن رابىيە قادىرنىڭ دەرھال بىر نەرسە قۇرۇپ چىقماقچى ئىكەنلىكىنى ئويلاشقاندۇر. ئەسلىدە ئۇنىڭ پىلانى بۇ قېتىمقى يىغىلىشتا ئۇلار ئۈچۈن بىر « ھەسسىدارلىق شىركىتى » قۇرۇش ئۈچۈن تەشكىللىنىش توغرىسىدا سۆزلىشىش ئىدى.

ئۇ ئالدىن - ئالا نېمە دېيىش ھەققىدە تەييارلىقمۇ قىلمىغان ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆز ئارزۇسى ئۈستىدە كىشىلەرگە يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ، توپتوغرا ئۈچ سائەت

نۇتۇق سۆزلىدى.

_ بىز بۈگۈن بۇيەرگە يىغىلغان مىڭ ئانىلار، ئونمىڭ ئانىلارنى، ياق! باشقا يۈزمىڭ ئانىلارنى يېتەكلىشىمىز كېرەك! - دىدى ئۇ چاقىرىق قىلىپ. سورۇندىكى مەۋجۇت ئاياللارنىڭ 60 % تىن ئارتۇغى، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ يوقۇرى قاتلىمىغا مەنسۇپ بولۇپ، كۆپۈنچىسى ئاكادېمىكلار، سودىگەر مۇلۇكدارلارنىڭ ئاياللىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھاياجانلىرىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئۇ گەپ ئارىلاپ مۇنۇلارنى قوشۇمچە قىلدى:

_ مەن بولسام ئارانلا يەتتىنچى سىنىپقىچە مەكتەپ كۆرگەن بىر ئايالمەن. لېكىن مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا جانلىق ھاياتنا ئاجايىپ يوقۇرى بىلىم ئىگىلىدىم. ئەسلىدە سىلەر مېنى يېتىشتۈردىڭلار! سىلەر مېنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىم! مېنىڭ چوڭ سىياسەتچى بولۇشۇمىمۇ سىلەرنىڭ تۈرتكەڭلار ئاستىدا بولغانلىقىنى ئەسلىتىمەن! مەن شۇنداق ئىيتىمەنكى، بۈگۈن بىزنى مۇشۇ جايغا تىوپلىغان ئارزۇلىرىمىمۇ دەل سىلەردىن كەلگەن روھى ئوزۇقتۇر!

ھاياجانلىق ئالقىش سادالار ئىلكىدە ئۇ سۆزىنى داۋام ئەتتۈرمەكتە:

_ سىلەرنىڭ كۆزلىرىڭلار ئۇزۇن زامانلاپ قارا پەردە بىلەن چۈمكەلگەن! نەتىجىدە سىلەر ئۆزەڭلارنى قاراڭغۇلۇقتىن ئىزدىدىڭلار! ئاران دېگەندە بۇ يەردە تېپىشتۇق. ئۆتۈنۈپ قالايكى، كۆزۈڭلارنى توسۇپ تۇرغان قارا چۈمپەردىنى ئېلىۋېتىڭلار! ئەتراپقا قاراڭلار!.

مىڭلارچە ئۇمۇت ئۈچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. ھېلىلا ئۇ يىغلىسا، ئاياللارمۇ تەڭ يىغلايدىغاندەك. ئۇ كۈلسە، ئاياللارمۇ تەڭ كۈلىدىغاندەك ئىدى. ئۇ ئاخىرى مەقسەتنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى:

_ سىلەردىن كىم مەن بىلەن بىرلىكتە بولالايدۇ؟

دەسلەپ ئون نەپەر ئايال، كېيىن يىگىرمە نەپەر ئايال قول كۆتەردى. كېيىن بىراقلا مىڭلىغان ئايالنىڭ ھەممىسىلا قول كۆتۈرۈشتى. ھېلىقى باش ياغلىقلىرىدا پۇل كۆتۈرىۋېلىشقان ئاياللار قاتار تىزىلىشىپ رەتتە تۇرىشاتتى. ئۇلارچە بۇ پۇللارنى رابىيە قادىر دەرھال قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ، بۇ پۇللارنى مۇنداقلا تاپشۇرۇپ قويۇلسا، ئۇلۇغ مەقسەت ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈردى:

_ سىلەر مۇشۇ ھاياجانلىرىڭلار بىلەن ھەرىكەت قىلىڭلار! ئەۋلاتلىرىڭلارنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن قوشقان تۆھپەڭلار بىلەن ئون ھەسسە، ھەتتا يۈز ھەسسە پايداتېپىشىڭلار ۋە ئەشۇ پايدا بىلەن جەمئىيەتنى

ئۆزگەرتىشكەلار كېرەك!

ئۇ ئايالـلار ئارىسىدىن يىگىرمە نەپەرنى تاللىدى. ئاۋال بىر ھەيئەت تەشكىللەپ، ئەگەر ئۇلار ئومۇمى پىلاننى تۈزۈپ چىقسا، ئاندىن ئەزالارنىڭ مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش كېرەك ئىدى.

تەشكىللەنگەن ھەيئەت، ئەزا بولغان بارلىق ئاياللارنى سودا كەسپىدە يېتىلدۈرۈشنى پىلانلىدى. ھەربىرى ئۆز ھالىغا قاراپ پاي سېلىشى كېرەك. ئەگەر بەزەنلىرىنىڭ مەبلىغى كەمچىل بولسا، رابىيە قادىر ئۆز مۈلكىدىن قوشۇپ قويىاتتى. ھەر ئون ياكى يىگىرمە ئايال بىر گۇرۇپ بولۇپ تىجارەت باشلىدى. ئۇلار تىجارەت ئىشلىرىدا تەجرىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىگە ئوتتۇرا ئاسىياغا يوللىماقچى.

مۇشۇ ئىرادە بىلەن ئۇلار جايلاردىكى بارلىق چوڭ، كىچىك ناھىيەلەردە مەكتەپ قۇرماقچى ۋە بارلىق شەھەرلەردە « يېمەكلىكلەر سودا بازىرى » ئاچماقچى. پىلاندا سەنئەتكارلارمۇ بولۇپ، ئۇلار پۈتۈن ۋەتەن بويىچە ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشى ۋە خەلققە تەقدىم قىلىشى كېرەك ئىدى. ھەر قايسى يۇرتتىكى مىۋە سورتلىرى بويىچە « ماركا » ياساشمۇ پىلانلانغان. ھەتتا ئايالـلار ۋە بالىلار ئەتكەسچىلىگىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، بىر ئىنتىزام قوشۇنى قۇرۇپ چىقىشنىمۇ پىلاندا تەرتىپلىگەن ئىدى.

ئۇلار مەزكۇر « مىڭ ئانىلار ھەرىكىتى » نى، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ قۇرۇپ چىققان ئىدى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا ئەزالارنىڭ سانى يەنىمۇ كۆپەيدى. پەخرى مېھمانلار ئارىسىدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرىشتىنىڭ خانىمىمۇ بار ئىدى. ئۈرۈمچى شەھەر باشلىقىنىڭ خانىمى ۋە خىتاي مەملىكەتلىك ئايالـلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى (ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ خانىمى ) ماھىنۇر قاسىملارمۇ قاتناشقان ئىدى.

« مىڭ ئانىلار ھەرىكىتى » نى قولـلىغانلىق يۈزىسىدىن، ئېچىلىش لېنتىسىنى ھۆكۈمەت خادىملىرى كەسكەن ئىدى. سىياسى ساھەدىكىلەر، باج خادىملىرى قاتناشقان ئىدى. رادىئو - تېلېۋىزور مۇخبىرلىرى زىيارەت قىلىشتى، ژورنالىستلار سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتى. ئىشقىلىپ بۇ ھەرىكەتنىڭ بىر ياخشى ھادىسە ئىكەنلىكىنى خىتاي ھۆكۈمەت خادىملىرىمۇ ئۇبدان بىلىشەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنلا رابىيە قادىرنى ھەيران قالدۇرغىنى، بۇ ئېچىلىش مۇراسىمى نە رادىيودا ئاڭلىتىلمىدى، نە تېلېۋىزور خەۋەرلىرىدە كۆرسىتىلمىدى. ئۇ شۇ كۈنى

كەچتىلا تونۇشلۇق بولغان بىر ژورنالىستقا تېلېفون قىلىپ « مىڭ ئانىلار ھەرىكىتى » نىڭ ئىچىلىش مۇراسىمىنىڭ نېمىشكە خەۋەرلەردە بېرىلمىگەنلىكى توغرىسىدا سورۇشتۇردى. ئۇ يۇزتۇرانە سۆزلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە دەرھاللا يېتىپ كەلدى.

بىخەتەرلىك ئىدارىسىدىن كەلگەن ئۇختۇرۇشتا، بۇ جەمئىيەت ھەققىدە ئاخبارات قىلىنماسلىقى كېرەك. چۈنكى « < مىڭ ئانىلار ھەرىكىتى> _ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننى خىتايدىن ئايرىۋېلىش ھەرىكىتى » دېمەكتۇر!.

« مىڭ ئانىلار ھەرىكىتى » نى ھۆكۈمەتنىڭ خۇددى ئۆلۈمنى يوشۇرغاندەك يوشۇرماقچى بولغانلىقى توغۇرلۇق خەۋەر خەلق ئىچىگە ئۇچقۇندەك تېز تاراپ كەتتى. نەتىجىدە بۇ ھەرىكەتكە نىسبەتەن خەلقنىڭ دىققىتى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇيغۇر ئاياللىرىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزبەك، تاتار، قازاق، قىرغىز ئاياللىرىمۇ سەپەرۋەرلىككە كېلىشتى. پەقەت ئۆزلىرىنى يىراق تۇتقانلار خىتاي ئاياللىرى بولدى. ھۆكۈمەت باشقا ئازسانلىق مىللەت ئاياللىرىنىڭ بۇلارغا قېتىلىپ، تېخىمۇ كېڭىيىپ كېتىشنى ئەلۋەتتە ياقتۇرمايتتى.

« مىڭ ئانىلار ھەرىكىتى » جەمئىيەتكە ئۆلگە بولماقچى ئىدى. شۇ نىيەتتە ئۇلار ۋەتەننىڭ بارلىق چوڭ شەھەرلىرىدە شۆبە قۇرۇشقا باشلىدى. سەھىيە - ساغلىق مەسلەھەتچىلىكى، ئىجتىمائى ئىشلار مەسلەھەتچىلىگى قۇرۇپ چىقىشتى. ئۆي - ماكانسىز ئاياللارغا، ياشانغان ئاياللارغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى شەرەپلەندۈردى. بۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىمۇ، ياكى خىتاي جەمئىيىتىدىمۇ بۇندىن بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان، يېڭى ۋە ئۇلۇغ بىر ئۆرنەك ئىدى. ئۇلار ھېچقانچە چوڭ مەبلەغ سەرپ قىلماستىن، قىسقىغىنە ۋاقىتتا نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى بەرپا قىلىشتى. ئۇلار تاپقان پايدىنىڭ 20% نى يېتىم باللار ۋە نامرات ئائىلىلەر ئۈچۈن ئاجرىتاتتى.

كېيىنكى بىر قېتىملىق يىغىلىشتا، رابىيە قادىرنىڭ مۇنۇ نۇتقى تارازىغا ئۇلتۇرغان بولسا كېرەك:

_ئەگەر بارلىق ئانىلار يىغىلسا، ئەگەر بىز _ ھەممىمىز ناھەقچىلىق ئۈستىدىن يىغلىساق، كۆز يېشىمىز بىلەن ئەشۇ ناھەقچىلىق غەرق بولغۇسى! ئەگەر بىز بىرلىكتە كۈلسەك، كۆكتىكى قارا تۇمانلار تارقاپ كەتكۈسى! ئەگەر بىز يېتىملارغا، خانىۋەيرانلارغا ياردەم قىلىشقا قادىر بولالىساق خەلقئارا جەمئىيەت بىزنى ھىمايە قىلغۇسى!

مەزكۇر يىغىلىشتىن ئۈچ ئاي كېيىن، يەنى بۇ جەمئىيەت قۇرۇلۇپ ئۈچ

ئايدىن كېيىن ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئىدارىسى ئۇلارنىڭ ئىشخانىسىنى پېچەتلىدى. بۇ گۈزەل رۇيا، بۇ شىرىن چۈش ــ « مىڭ ئانىلار ھەرىكىتى » بىر زەربە بىلەن ۋەيران قىلىندى.

خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىدىن چۈشۈرۈلگەن بۇيرۇق ــ قىزىل ھۆججەت بولۇپ، ئۇ بىرىنچى دەرىجىلىك بىخەتەرلىككە قارىتىلغـــــان، « دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىغا خەۋپلىك » دېمەك ئىدى. بۇنداق قىزىل ھۆججەت، ئۇرۇش پەيتىدە، جىددىي ھالەتتە چۈشۈرۈلىشى كېرەك ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ قورقۇنچىسى ــ بۇ « مىڭ ئانىلار ھەرىكىتى » نىڭ خەلقئارالىق نوپۇزغا ئىگە بولۇپ كېتىشى ئىدى.

« مىڭ ئانىلار ھەرىكىتى » ئاخىرقى ئايرىلىش سۆھبىتىدە، ئاياللار رابىيە قادىرغا « ئانىلارنىڭ ئانىسى! » دېگەن شەرەپلىك تاجنى تەقدىم قىلىشتى. ئارىدىن بىر ئوقۇتقۇچى خانىم مۇنداق سادا ياڭراتتى:

ــ بۈگۈن ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۈچۈن ئۇنتۇلماس بىر كۈندۇر! بۇ جەمئىيەت ــ بۇ « مىڭ ئانىلار ھەرىكىتى » يوقالمايدۇ! بۇ جەمئىيەت مەڭگۈ مەۋجۇتتۇر!

ئەشۇ ئاخىرقى ياڭراق سادا بىلەن ئۇلار ئۆز - ئارا ۋىدالاشتى.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى تۇتقۇن - ئەسىرلەردەك ھېس قىلىشاتتى. ئۇلارنى ئۆزلىرىگە تەئەللۇق بولغان ئۆيلىرىمۇ قىستاۋاتقاندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئەگەر بىر ئۇيغۇر يىگىت تەنھەرىكەت مەقسىدىدە بوكسېر ئۆگەنمەكچى بولسا، ئۇنىڭ جىنايىتى « مىللى بولگۈنچى » بولۇپ، قولغا ئېلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر يىگىتى ئىكەنلىكىنى كۆرسۈتۈش ئۈچۈن بىرىلىرى بۇرۇت قويسا، بۇرۇتىنى مەجبۇرى ئالدۇرىۋېتىدۇ. ھەتتا بىر كىم شېئىر ئوقىسىمۇ، ئۇنىڭ قىلمىشى « يەرلىك مىللەتچى » لىك بولۇپ ئەنگە ئېلىنىدۇ. ھۆكۈمەت، ياكى تۈرلۈك ئىدارە ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغان خىزمەتچى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مىللىچە ئۇزۇن كوڭلەك كىيىشىمۇ، ئۇلارنىـــــــڭ « دىندارلىق » قىلمىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ھەتتا ئىش ئورۇنلىرىغا يېڭىدىن ئىشچى قوبۇل قىلىنماقچى بولسا، ئېلانغا قوبۇل قىلىنماقچى بولغان كىشىنىڭ خىتاي بولۇشى ئوچۇق ئەسكەرتىلىدۇ.

شۇنداق بىر زامان كەلگەن ئىدىكى، ھۆكۈمرانلار يۇزلىرىدىكى نىقاپلىرىنى ئېچىۋېتىپ، ئۆز ئەپتى - بەشىرىلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارە كۆرسۈتۈشمەكتە.

« شىنجاڭ خىتايىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغانىكەن، بۇ تۇپراققىمۇ

ئىچكىرى خىتاي ئۆلكىلىرىدىن كۆپلەپ كۆچمەن خىتايلارنىڭ كېلىشى كېرەك! » دەپ جاكارلىدى يوقۇرى ھۆكۈمەت.

رابىيە قادىر ئەمدى ئارتۇق تاقەت قىلالمىغان ئىدى. ئۇ ۋەتەندە يۈز بېرىۋاتقان زۇلۇملارنى بىر بىرلەپ خاتىرلەيتتى ۋە ئامېرىكىغا يوللاپ تۇراتتى.

ئۇ مۇشۇ ۋەزىپە بىلەن بەنت بولدى. ئۇ ھەممىنى ئۇنۇتتى! سۆيۈملۈك يولدىشىنى، جان - جىگەر پەرزەنتلىرىنى ئۇنۇتتى! ئۇ ئۆزىنىمۇ ئۇنۇتقان ئىدى!

ئۇ تەكلىپ قىلىنغان ھەرقانداق بىر سورۇندا، ئولتۇرۇشلاردا، زىياپەتلەردە كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئەڭ ئاز بولغاندا بىر قانچە جۈملە بولسىمۇ سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈنەتتى. بىر قېتىم توي مەرىكىسىدە ئۇ مىكروپۇننى قولىغا ئېلىپ مۇنۇلارنى سۆزلىدى:

ـ گەرچە مەن ئانا ۋەتىنىمنىڭ تۇپرىقى ئۈستىدە تۇرىۋاتقان بولساممۇ، لېكىن ئۇنى ھېس قىلالمايۋاتىمەن! مېنىڭ سۆيۈملۈك خەلقىم! سۆيۈملۈك ۋەتەنداشلىرىم! سىلەر مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تۇرىۋاتقان بولساڭلارمۇ، بىراق مەن سىلەرنى سېغىنىماقتىمەن! مەن سىلەرنىڭ بەخىت تېپىشىڭلار ئۈچۈن نېمىنى تەۋسىيە قىلىشنى، قانداق مەسلەھەت بېرىشنى بىلەلمىدىم! ئېھتىمال، يەر يۈزىدە ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىشقا، ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەققى بولمىسا كېرەك! بۈگۈن مەن بۇ تويدا گۈزەل - مۇڭلۇق مۇزىكىلارنى ئاڭلىدىم. گۈزەل - لەرزان ئۇسۇللارنى كۆردۈم، ئەمما مەن قۇلىقىمنى ئېتىۋالدىم! ئەگەر بىز ئۆز ناخشىلىرىمىزنى تولۇق ۋە مەناسى بىلەن ئاڭلايدىغان بولساق، شۇنى بىلىپ يېتىمىزكى، ئەسلىدە يىغلىشىمىز كېرەك! چۈنكى بىزنىڭ ناخشىلىرىمىز دەرت- ھەسرەتكە تولۇپ تاشقاندۇر! ئازاپ ۋە ماتەمدۇر! بىز تەل تۆكۈس يوقىتىلغىچە كۈتۈپ تۇرىشىمىز كېرەكمۇ؟

ئۇنىڭ نۇتقىغا ئالقىش ياڭرىتىۋاتقان توي مېھمانلىرى ئارىسىدىن بىر يىگىت قەددىنى تىكلەپ مۇنداق دىدى:

ـ سىز بىزنىڭ ئۈمىدىمىز! ئەگەر سىز « ئورنىڭدىن دەس تۇر! » دىسىڭىز، مەن ھەر زامان تەييار!

( شۇ نامىلىق كىتاپ، 311- 318 بەتلەر )

( قوشۇمچە )

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاللاھ شۇنداق تىنجىماس، تىنىمتاپماس، غالىپ بىر

روھنى ئاتا قىلغان ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇسمۇرلۇك، ياشلىق ھاياتى ئەشۇ غالىپ روھنى چېنىقتۇرىدىغان سىناق مەيدانى بولغان ئىكەن. ئۇ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئەركىن قەدەم بىلەن، داغدام يول بىلەن ئەمەس، ئەكسىچە باش كېتىدىغان، قورقۇنچلۇق يول بىلەن، خەتەرلىك نام بىلەن كىرگەن! ئۇنىڭ يولى « قاراڭغۇ بازارچىلىق »، ئۇنىڭ نامى « كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان قاراڭغۇ بازارچى ».

ئۇ، ئەشۇ دەھشەتلىك « قاراڭغۇ ۋە قارا جەمئىيەت » نى بېسىپ، كېيىنكى « ئەركىن بازار » دەۋرىگە كىرگىچە، سان - ساناقسىز ئۆلۈم قايناملىرىغا ئۆزىنى ئاتقان ئىدى. ئۇ تۇتقۇن قىلىنىسىمۇ، مۇسادىرە قىلىنىسىمۇ، تاپقان - تەرگەنلىرىدىن تەكرار - تەكرار ئايرىلسىمۇ، يېڭىلمىدى! ئۇ يىقىلمىدى.

خىتاي ھۆكۈمرانلىرى « ئەركىن بازار » دەپ ئاتىغان، ئەمما تىگى يوق ھاڭدەك قورقۇنچلۇق دەۋرگە، ئۇ يەنە غالىپ قەدەم بىلەن كىردى. ئۇنىڭ باسقان قەدەملىرىنى بىر بىرلەپ، كۆرۈپ چىققان خىتاي ھۆكۈمرانلىرى، ئەمدى ئۇنىڭ يولىنى توسقاندىن كۆرە، ئۇنىڭغا يولنى چوڭ ئېچىپ بېرىپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە « مال ۋە مالاي » قىلىۋېلىشنى پىلانلىدى. ئۇنىڭ غالىپ روھىنى « نوپۇز » بىلەن بەنت قىلماقچى بولۇشتى. ئۇنىڭ تىنجىماس ۋە تىنىمتاپماس روھىنى، مەنسەپ بىلەن « قۇل » قىلىۋالماقچى بولۇشتى!.

بىراق، ئۇنى ئەشۇنداق غالىپ روھ بىلەن ياراتقان ئاللاھنىڭ ئىرادىسى باشقىچە ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا نەقىشلەنگەن روھ، ئىنقىلاۋى ئەجداتلاردىن ئۇدۇم بولۇپ كەلگەن « ئىسيان » ئىدى. بىچارە خىتايلار ئۇنىڭ ئىسيانكار روھىنى قۇل قىلالمىدى!.

ئۇ خىتاي بەرمەكچى بولغان مەنسەپنىڭ ئەڭ يوقۇرى پەللىسىگىچە ئۆرلەپ باردى. ئۇ يەنە ئون يىل كۈتسىمۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە كۈتسىمۇ، بېرىلمەكچى بولغان مەنسەپ، يەنىلا « كەسمەس پىچاق » ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئالداپ، ۋاقىتنى بىھۇدە زايا قىلىۋېتىشنى خالىمىدى. ئۇ خىتاي ئۈستۈرۈپ ئېلىپ بارغان يوقۇرى ئورۇندا، خىتاينىڭ يۈرىكىگە خەنجەر ئۇردى! ئۇ غالىپ، يېڭىلمەس _ ئىپارخان ئىدى.!

« ۋەتىنىمدىن چىقىپ كەت! » دېدى ئۇ، خىتاي ئىمپىراتورلىرىنىڭ كۆزىگە مىقتەك قادىلىپ.

ئۇ بىر جۈملە سۆزى ئۈچۈن، بارلىقىنى، مال - دۇنياسىنى، سۆيگۈ

شەپقىتىنى، ئائىلە - ئەۋلاتلىرىنى، ھاياتىنى پىدا ئەيلىدى! ئۇنىڭ ئىسيانكار روھى ئالدىدا يەر بىلەن يەكسان بولغان، جەڭگاھتا مەغلۇپ بولۇپ شىكەستە يىگەن خىتاي ھۆكۈمرانلىرى، ئاق بايراق چىقىرىشقا مەجبۇر بولدى!.

يەنى خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۇنىڭ ئەڭ ئاددى بىر كىشىلىك پۇخرا بولۇپ تۇرىشىدىنمۇ ھەزەر ئەيلىدى. ئۇنىڭ ئۆز خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىغا، ئۆز خەلقى ئۈچۈن سۆزلىشىگە قارشى جازا ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ ئۆز تۇپرىغىدا ئەركىن قەدەم تاشلىشىغا، ئۆز ۋەتىنىنىڭ ھاۋاسىدىن نەپەس ئېلىشىغا چەك قويدى! ئۇنىڭ ئانا ۋەتىنىدە، ئاخىرقى پائالىيىتىدىكى ئاخىرقى نۇتقى مۇنۇلار بولۇپ قالدى:

_ گەرچە مەن ئانا ۋەتىنىمىنىڭ تۇپرىقى ئۈستىدە تۇرىۋاتقان بولساممۇ، لېكىن ئۇنى ھېس قىلالمايۋاتىمەن!. مېنىڭ سۆيۈملۈك خەلقىم! سۆيۈملۈك ۋەتەنداشلىرىم! سىلەر مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تۇرىۋاتقان بولساڭلارمۇ، بىراق مەن سىلەرنى سېغىنىماقتىمەن! مەن سىلەرنىڭ بەخىت تېپىشىڭلار ئۈچۈن نېمىنى تەۋسىيە قىلىشنى، قانداق مەسلەھەت بېرىشنى بىلەلمىدىم! ئېھتىمال، يەر يۈزىدە ئەركىنلىكنىڭ تەمىنى تېتىشقا، ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ھەققى بولمىسا كېرەك! بۈگۈن مەن بۇ توي مەرىكىسىدە، گۈزەل - مۇڭلۇق مۇزىكىلارنى ئاڭلىدىم، گۈزەل - لەرزان ئۇسۇللارنى كۆردۈم، ئەمما مەن قولىقىمنى ئېتىۋالدىم! ئەگەر بىز ئۆز ناخشىلىرىمىزنى تولۇق ۋە مەناسى بىلەن ئاڭلايدىغان بولساق، شۇنى بىلىپ يېتىمىزكى، ئەسلىدە يىغلىشىمىز كېرەك! چۈنكى بىزنىڭ ناخشىلىرىمىز دەرت- ھەسرەتكە تولۇپ تاشقاندۇر! ئازاپ ۋە ماتەمدۇر! بىز تەل تۆكۈس يوقىتىلغىچە كۈتۈپ تۇرىشىمىز كېرەكمۇ؟

# بەشىنچى بۆلۈم

# زىنداندىكى غالىپ روھ

## 41

سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى ۋەتىنىمىزدىكى مىللى ھوقۇق ۋە ئىنسان ھەقلىرى ئەھۋالى ھەققىدە ۋاشىنگىتوندا گۇۋالىقتىن ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىنغان ئىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن رابىيە قادىر شەرقى تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى ۋە مىللى ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى توغرىسىدا ماتىرىيال توپلىغان ۋە سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىگە يوللاپ بەرگەن ئىدى. بۇ ئاساسەن 1996 ـ يىلىدىن 1999 ـ يىللىرىغىچە « ئىلى كەچلىك گېزىتى » « قەشقەر گېزىتى » قاتارلىق نەشرىياتلاردا بېسىلغان تۈرلۈك ئاخبارات ۋە ھۆججەتلەر بولۇپ، لېكىن يوللانغان ماتىرىياللارنىڭ تولىسى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىگە يېتىپ بارالمىغان.

رابىيە قادىر بىر ئاخشىمى يولدىشى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىدىن، پات ئارىدا ئامېرىكا كونگىرىسىدىن بىر ھەيئەتنىڭ ئۈرۈمچىگە كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئالدى. ئۇ دەرھال ياردەمچىسى رامىلە خانىم بىلەن بىرلىكتە، مەزكۇر ماتىرىياللارنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ۋە ئىلى قىرغىنچىلىقىدا ئۆلتۈرۈلگەن، ئىز ـ دېرەكسىز يوقىتىلغان كىشىلەرنىڭ تىزىملىكىنى قايتا كۆرۈپ تەييارلاشقا كىرىشتى.

1999 ـ يىلى 6 ـ ئاۋغۇست ئامېرىكا كونگىرىسىنىڭ بىر ئەزاسى رابىيە قادىر بىلەن ئامېرىكىلىق ۋەكىللەرنىڭ كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ، ماتىرىياللارنى قول سومكىسىغا سېلىپ، ياردەمچىسى رامىلە خانىمنى، ئوغلى ئالىمنى، تەرجىمان ۋە رەسىمچىسىنى ئېلىپ، ئامېرىكىلىق ۋەكىللەر

بىلەن كەچ سائەت 17 دە، مېھمانخانىدا ئۇچرىشىش ئۇچۇن يولغا چىقتى. ئەسلىدە ئۇلار رابىيە قادىرنىڭ ئاۋدى ماركىلىق ماشىنىسى بىلەن ماڭماقچى ئىدى. بىراق ئىزنغا پايلاقچى چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تاكسىغا ئولتۇرۇشقان ئىدى.

تەخمىنەن مېھمانخانىغا ئىككى يۈز مېتىرچە قالغان ئىدى. كۈتىلمىگەندە ئۇلارنىڭ قارشىسىدىن بىر چوڭ ماشىنا ئۇدۇل ئۇلارغا قاراپ كەلمەكتە!.

« ئېھتىمال ئۇلار مېنىڭ ھاياتىمنى بىر قېتىملىق ماشىنا ۋەقەسى بىلەن پۈتتۈرسە كېرەك! » دەپ ئويلىدى ئۇ بارلىق ئارمانلىرىنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىغا ئۆكۈنۈپ.

تاكسى شوپۇرى چاقماق تېزلىكىدە ئىنكاس قايتۇرۇپ، ماشىنىنى سولدىن ئوڭغا بۇرىدى. ھېلىقى يوغان ماشىنا تاكسىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان يەنە بىر كىچىك ماشىنىغا قاتتىق ئۇرۇلدى. كىچىك ماشىنىنىڭ ئالدى پۈتۈنلەي پاچاقلىنىپ كەتتى. يانچىلغان ماشىنىدىن بىر جانسىز قول سىرتقا ساڭگىلاپ تۇراتتى. كىمدۇر بىرى _ بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ قاچايلى! - دەپ ۋارقىرايتتى. لېكىن ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان قارا ماشىنىلاردا پۇخراچە قىياپەتتىكى كىشىلەر چۈشمەكتە. ھېلىقى پاچاقلىنىپ كەتكەن ماشىنىدىكى ئۆلۈم گىرداۋىدا تۇرغانلار بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. ھەممىلا تەرەپتىن بۇلارنى قىستاپ كېلىشمەكتە. ئۇلار قوراللىرىنى بەتلىشىپ:

_ كىمكى بۇ تەرەپكە كېلىدىكەن، مېڭىسىگە ئوق يەيدۇ! _ دەپ، جان قايغۇسىدا قالغان كىشىلەرگە تەھدىت سېلىشاتتى.

« بۇلار بىزنى ئۆلتۈرىدىكەن » دېگەن ۋەھىمە رابىيە قادىرنىڭ خىيالىغا كىرىۋالدى. شۇڭا ئۇ چەبدەسلىك بىلەن ھېلىقى پاچاقلانغان ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، قاچماقچى بولىۋىدى، نېرىياقتا دەل ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانلارغا يولۇقتى. ئۇ ۋاقىرىدى:

_ مەن رابىيە قادىر! بۇ يەردە ئۇيغۇرلار بارمۇ؟

يولنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈپ، ماشىنىلاردا ئولتۇرۇشقان، بىر قانچە ئۇيغۇر رابىيە قادىرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ماشىنىلىرىدىن چۈشكەن ئىدى. ئەتراپنى قورشاپ تۇرغان قوراللىق كىشىلەر ئۇلارنىمۇ تۇتقۇن قىلىشتى.

ئۇ ئەتراپقا جىددىيچىلىك ئىلكىدە قارايتتى. شۇ ئەسنادا ھېلىقى قورالىلقلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، قېچىپ كېتىۋاتقان بىر يىگىتنى كۆردىدە:

_ مەن رابىيە قادىر، كىشىلەرگە ئېيتىپ قويۇڭ! مېنى تۇتقۇن قىلدى _ دەپ ۋاقىرىدى.

ئۇ ئىز دېرەكسىز يوقۇلۇپ كېتىشنى خالىمايتتى. ئۇ « مېنى تۇتقۇن قىلماقچى! مېنى تۇتقۇن قىلماقچى! » دەپ ۋارقىرايتتى! ئۇنى قوراللىق كىشىلەر قامالالاپ پۈكلىدى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىنى مۇرۇپ تۇنجۇقتۇرۇشقا تىرىشاتتى. ھەر تەرەپتىن ئۇنىڭغا سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان قوللار ئۇنى سۆرەپ ئاپىرىپ ماشىنىغا سولىدى. راملە خانىم:

_ رابىيە قادىرنىڭ ئورنىغا مېنى ئۇرۇڭلار! مېنى ئېلىپ كېتىڭلار!- دەپ يالۋۇرەتتى. كېيىن ئۇ بىر تەمبەل ساقچىنى تۇتۇپلا يەر چىشلەتتى. لېكىن ساقچىلار ھەر تەرەپتىن راملە خانىمغا ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىرى ئۇنى ھالسىراتتى.

رابىيە قادىر، راملە ۋە ئالىم قاتارلىقلارنى_ ئۈچ نەپەر « تۇتقۇنلار » نى مەجبۇرى ماشىنىغا سولاپ، ئۇرۇمچى شەھەرلىك قاتناش باشقارمىسى ساقچىخانىسىغا ئېلىپ كېلىشتى. پۈتۈن بىنا تىپ - تېنچ، ھېچكىم بولمىغىنىغا قارىغاندا، ئۇلارنى تۇتۇپ مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئالدىن تەييارلانغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

« قاتناش ھادىسىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان كىشىنى تەكشۈرۈش » ئىشخانىسىدا رابىيە قادىرنى جاۋاپكارلىققا تارتتى. لېكىن ئۇ سوراقچىلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلەتتى. دەل شۇ ئەسنادا بىر ئەبلەخ سوپۇن پاراشۇگىدەك ئاق نەرسە قاچىلانغان كىچىككىنە يالتىراق خالتىنى ئۇنىڭ كۆزىگە يېقىن تەڭلەپ:

_ بىز سىزنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن تۇتقۇن قىلدۇق! چۈنكى سىز زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىكى بىلەن شۇغۇللاندىڭىز _ دىدى. راملە خانىم جاۋابەن:

_ سىلەرگە سىرتتىكى ھېچقانداق بىر كىشى ئىشەنمەيدۇ! _ دىدى. سوراقچى ئۇنى گەپكە ئارىلاشماسلىققا بۇيرىدى ۋە قول سومكىلىرىدىكى نەرسىلەرنى تامامەن چىقىرىشنى ئېيتتى. ئاندىن ئالىم بىلەن راملە خانىمنى ياندىكى ئىشخانىغا ئېلىپ چىقىشتى. ئۇلارنى ئۈچ كۈندىن كېيىن قويۇۋەتتى.

رابىيە قادىر ئەشۇ قاتناش باشقارمىسى ساقچىخانىسىدا يالغۇز تۇتۇپ قېلىنماقتا ئىدى. بىر خىتاي ئايال ئۇ قامىلىپ تۇرىۋاتقان ئىشخانىغا كىردى-دە، تۇيۇقسىزدىنلا ئۇنىڭ ئاغزىنى بىرتال قول ياغلىق بىلەن ئەتتى. ئۇ

قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىپىرلىدى. بىراق ھۇشسىزلاندۇرغۇچى دورىنىڭ كۈچىگە تەڭ كېلەلمىدى. ئۇ شۇنچىلىك تېز ھۇشىنى يوقاتتى.

ئۇ ھۇشسىز، ماغدۇرسىز، بېشى سىڭايان پۈكۈلگەن، پۇت - قوللىرى ھەريان تاشلانغان ھالەتتە ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئۇلار ھېلىقى گېزىتتىن ئېلىنغان ماتېرىياللارنى ۋە بەزەن ئىسىم تىزىملىكلىرى چۇشۇرۇلگەن ۋاراقچىلارنى تۇرمەل قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچ كۆينىكىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، نەق مەيدان تەييارلاشتى. ئاندىن بۇ ھالەتنى ۋىدىيو فىلىمگە ئېلىشتى. بۇ كۆرۈنۈش دەل « رابىيە قادىرنىڭ دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى چەتئەللىكلەرگە يوشۇرۇن يەتكۈزمەكچى بولغان » لىقىنى بىلدۇرەتتى. ئېھتىمال بۇ كۆرۈنۈش تىلۋىزور ئاخباراتلىرىدا كۆرستىلگەن بولۇشى مۇمكىن...!

ئۇ قانچە ئۇزۇن ھۇشسىزلانغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى. ئۇ بىر ئاز ئۆزىگە كەلگەندە بولسا، ئۇنى پۇخراچە كېيىنگەن كىشىلەر، باشقا بىر مېھمانخانىغا يۆتكەپ بولغان ئىدى.

ئۇلار رابىيە قادىرغا بۇيرۇق قىلىپ، بىر ھۆججەتكە ئىمزا قويۇشنى ئېيتتى. ئۇنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى بىلدۇردى. ئۇنىڭ ئېس - يادى ئاستا - ئاستا تولۇق ئەسلىگە كەلمەكتە ۋە ئۇ، ئۇيقىدىن يېڭى ئويغىنىۋاتقاندەك، پۇت، قوللىرىنى قىمىرلىتىۋالغاندىن كېيىن ــ مەن ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكۈزمىدىم! – دېدى، ئۆزىنىڭ گۇناسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ.

بىر نەپەر ساقچى بارمىقى بىلەن گېزىت، ماتېرىياللارنى كۆرسۇتۇپ تۇرۇپ:

ــ بۇ دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكى بولماي نېمە؟ بۇلار سىزنىڭ يېنىڭىزدا ئىكەنغۇ؟ ــ دېدى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلاپ.

ــ ياق، بۇ قانۇنغا خىلاپ ئىش ئەمەس، ــ دېدى رابىيە قادىر قارشىلىق كۆرسۇتۇپ ۋە ــ بۇلار گېزىتلەردىن كىسىۋېلىنغان پۇتۇنلەي نورمال نەرسىلەر، مەن پەقەت خەلقىمنىڭ بېشىدىكى قىيىنچىلىقلارنى كۆرسەتمەكچىدىم، چەتئەللەرگە ئاڭلاتماقچىدىم، ــ دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇنسىز ئىش قىلمىغانلىقىنى تەكىتلەپ ھەمدە ــ مەن ئىمزا قويمايمەن ــ دېدى تەكرار رەت قىلىپ.

ــ بوپتۇ، بۇنىڭ ھېچ پەرقى يوق! ــ دېدى ساقچىلارنىڭ بىرى كەسكىن ھالدا.

كەچ كىرىپ قاش قارايغان مەزگىل ئىدى. تەخمىنەن ئوتتۇزغا يېقىن

ساقچى ماشىنىسىنىڭ قورشاۋىدا رابىيە قادىرنى تۈرمىگە يالاپ ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇ ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئىككى ماشىنىدا تولۇق قوراللانغان ئەسكەرلەر قوراللىرىنى بەتلىشىپ، بۇيرۇق كۈتكەن ھالدا يۈرمەكتە. ساقچى ماشىنىلىرى سىگناللىرىنى دەھشەتلىك ھۇيقىرىتىپ. ئەتراپنى زىل - زىلىگە سالماقتا، « ئۇلار بۈگۈن ھاياتىمغا خاتىمە بېرىدىغان بولدى » دەپ، ئۆزىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىغا جەزىم قىلاتتى ۋە:

_ مەن بۇلار ئۈچۈن نېمە دېگەن چوڭ دۈشمەن ھە؟! ئۆز ۋاقتىدا سىدىق ئۆزىنىڭ تۈرمە ھاياتىدا بولۇپ ئۆتكەنلىرىنى ئېيتىپ بەرگەنلىرىگە قارىغاندا، مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتۈۋاتقىنى تېخىمۇ دەھشەتلىك ئەمەسمۇ!- دەيتتى ئۇ، چىرماش خىيال ئىلكىدە. لېكىن ئۇ دۈشمەنگە قارشى تېخىمۇ قاتتىق تۇرۇشقا، تېخىمۇ دادىل كۈرەش قىلىشقا ئىرادە باغلايتتى.

لىيۇ داۋان تۈرمىسى! ئاھ! نى، نى يىگىتلەرنىڭ قېنىنى ئىچكەن قۇشخانا! بۇ تۈرمىدە ئادەم يا ئۆلتۈرۈلىدۇ، ياكى ساراڭ بولىدۇ.

ئۇ ساقچى ماشىنىسىدىن چۈشمەكتە! ئۇنىڭ ئالدىدا ئىگىز كەتكەن قارا تۆمۈر دەرۋازا، دەرۋازىنىڭ ئىككى يېقىدا قاراۋۇل. دەرۋازا دەھشەتلىك، يېقىمسىز داراڭلاپ، ئۇنى قوينىغا ئېلىش ئۈچۈن ئېچىلماقتا. ئۇ بىر قەدەم ئالغا بېسىۋىدى، قاراۋۇلدىكى ئەسكەر ئاللىقانداق چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەپ توۋلىدى. ئۇ چۆچىگەن ھالدا قەدىمىنى ئارقىغا يۆتكىدى. ئارقا تەرەپتىن بۇيرۇق كەلدى_

ئالغا! ئۇ يەنە بىر قەدەم ئالغا تاشلىۋىدى، ھېلىقى قاراۋۇل خىتاي ئەسكەر يەنە قاتتىق ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ يىرگىنىشلىك ئىدى. رابىيە قادىر _ مېنىڭ بۇ يەرگە كىرىشىم بىركىمگە ئويغۇن كۆرۈلمىدىمۇ قانداق؟ - دىدى ئارقىسىدىكى ساقچىغا سوئال قويۇپ. ساقچى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ _ تۈرمىگە كىرىدىغان كىشى « باۋداۋ » (مەھبۇسلارنىڭ بىرەر ھەرىكەت قىلىشى ئۈچۈن ياكى بىرەر ئىشىكتىن كىرىپ - چىقىش ئۈچۈن قاراۋۇلدىكى ئەسكەرگە ياكى ساقچىلارغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان خىتايچە سۆز ) دەپ توۋلاش كېرەك! -دىدى.

لېكىن رابىيە قادىر ئۇنى دېيىشتىن باش تارتتى. ئۇ ئاز دېگەندە ئوتتۇز مىنۇتچە دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. قاراۋۇلدىكى خىتاي ئەسكىرى ئۇنىڭغا قورالىنى تەڭلەپ ھەيۋە قىلاتتى ۋە قولاقنى يېرىۋېتىدىغاندەك يوقۇرى ئاۋازدا

ۋارقىرايتتى. سېپىل ئۈستىدىكى قاراۋۇل ئەسكەرلەرمۇ تەھدىتلىك ۋارقىراپ، ھەيۋىلىرىنى كۆرسىتىشەتتى. ئىشقىلىپ يوقۇرى تۆۋەندىكى قاراۋۇل خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇنى تۇرمە دەرۋازىسىدىن كىرگۈزمەيتتى. ئۇ كۇلۇشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بويۇنتاۋلىقىدىن غەزەپلەنگەن ساقچىلار:

_ نېمىگە كۇلىسىز؟ مۇشۇ ھالىدىمۇ كۇلىۋاتامسىز؟ _ دەپ ئاچچىقلايتتى.

_ سىلەر مېنى ئىچكىرى كىرىشكە بۇيرۇۋاتىسىلەر، لېكىن قاراۋۇل كىرىشكە رۇخسەت قىلمايۋاتىدۇ _ دېدى ئۇ مەسخىرە قىلىپ. ساقچى ئەمەلدارى قاراۋۇلدىكى ئەسكەرگە قايناپ، ئۇنىڭ تۇرمىگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بىراق، خىتاي ئەسكەر رەت قىلىپ، ئۇنىڭ « باۋداۋ » دېمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە:

_ ئۇ ئەگەر « باۋداۋ » دېمىسە، ئۇنى ئېتىپ تاشلايدىغانلىقىنىمۇ قەيت قىلدى. ئۇنى تۇرمىگە ئېلىپ كىرىشكە مەسئۇل بولغان ساقچى ئەمەلدارىنىڭ غەزەپتىن ئۆپكىسى ئۆرلىدى. ئۇنى يالاپ كېلىشكەن ئوتتۇز دىن ئارتۇق ماشىنىدىكى ساقچىلارنىڭ ھەممىسى بۇلارنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىشتى. ئاردىن بىر ئۇيغۇر ساقچى باشلىقى ئالدىغا ئۆتتى، قاراۋۇل ئىككى پۇتىنى جۇپلەپ، قولىنى چېكىسىگە قويۇپ، ساقچى ئەمەلدارىغا چاس بەردى. ئۇلار بىر نېمىلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن، رابىيە قادىردىن « باۋداۋ » دېيىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى:

_ ياق، مەن دېمەيمەن! _ دېدى ئۇ قاتتىق رەت قىلىپ.

_ ئەڭ تۆۋەن ئاۋازدا مەن ئاڭلىيالىغۇدەك ئاۋازدا دېسىڭىزمۇ بولىدۇ.

_ مەن ئۇنى دېيەلمەيمەن. ئەگەر سىز مېنى تۇرمىگە ئەكىرەلمىسىڭىز ئۆيۈمگە قايتۇرۇپ ئاپىرىپ قويۇڭ.

شۇندىلا ساقچى باشلىقى دەر غەزەپكە كەلدى ۋە قاراۋۇلغا بۇيرۇق چۈشۈردى:

_ دەرۋازىنى دەرھال ئاچ!

دەرۋازىدىن كىرىپ، بىر قانچە قەدەم ماڭا – ماڭمايلا يەنە بىر قاراۋۇللۇققا كېلىپ توسۇلدى. ساقچى باشلىقى ئۇنىڭدىن ئۆتۈنمەكتە:

_ سىز ئەمدى « باۋداۋ » دېيىشىڭىز كېرەك!

_ ياق، مەن دېمەيمەن.

_ سىز بەرىبىر تۇرمىگە كىرىپ بولدىڭىز، « باۋداۋ » دېيىشىڭز كېرەك.

_ ياق، مەن ھېچقاچان دېمەيمەن!

قاراۋۇل چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

_ بىز ئۈنى قاتتىق جازالايمىز _ دېدى. ساقچى باشلىقى:
_ زۇۋانىڭنى يىغ، يولنى بوشات! _ دېدى كەسكىن بۇيرۇق بېرىپ.
ئۈنىڭ ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، قارا بېتون تاملارمۇ بەت بەشىرە كۆرۈنەتتى. ئۇ يەنە بىر ئىشكتىن ئۆتۈپ ئىچكىرىلەپ كىردى. ئۈنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان گۇندىپاي ( تۈرمە قاراۋۇلى ) مەھبۇسلارنى ھاقارەتلەيتتى. ئۈنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى بىر قۇر ئاختۇرۇپ چىقتى.
ئۈنى قولغا ئېلىپ تۈرمىگە يۆتكەش مۇناسىۋىتى بىلەن ساقچى باشلىقى ئۈنىڭ ئۆيىدىن يوتقان - كۆرپە، ئەدىيال، بىر ئاز يېمەكلىكلەرنى ئەكەلتۈرگەن ئىدى. بۇ ھالدا ئۈنىڭ بالىلىرى ئاپىسىنىڭ تۈرمىگە قامالغانلىقىدىن خەۋەردار بولسىمۇ، لېكىن قايسى تۈرمىدە ئىكەنلىكى نامەلۇم. ئۇ ئالدىدا يەردە تۇرغان نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆردى.
_ نەرسە كېرەكلىرىڭنى ئال! _ دەپ بۇيرۇق قىلدى بىر ئايال ساقچى ئۈنىڭغا، تەكەببۇرانە غادىيىپ تۇرۇپ.
_ ياق! مەن بۇ نەرسىلەرنى كۆتىرەلمەيمەن _ دېدى ئۇ بۇيرۇقنى رەت قىلىپ.
_ ئۈنداقتا سېنى تاياق يۇمشىتىدۇ - دېدى ئايال گۇندىپاي تەھدىت سېلىپ.
_ مېنى خالىغانچە قاتتىق ئۇرالايسىلەر، مەن ئۇچۇن ھەممىسى بەرىبىر، پەقەت غۇرۇرۇمنى سۇندۇرمايمەن! _ دېدى ئۇ مەغرۇر قىياپەتتە.
دەل شۇ ئارىدا ئۈنىڭ ئالدىغا يې ئىسمىلىك بىر ئايال گۇندىپاي ئالدىراپ - تېنەپ يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۈنىڭ قېلىن كالپۇكلىرىنى بۆسۈپ، ھىڭگىيىپ چىقىپ تۇرغان سارغىيىپ كەتكەن ئۇدۇل چىشلىرى، بەئەينى تورقا چاشقاننى ئەسلىتەتتى. يې شالىسىنى چىچىپ ھۆركىرىدى:
_ نەرسىلىرىڭنى ئال!.
_ ياق! مەن كۆتىرەلمەيمەن.
_ نەرسىلىرىڭنى ئال!
يې شۇنداق قاتتىق ۋارقىرىدىكى، ئۈنىڭ يېقىمسىز ئەمما چاڭىلداق ئاۋازى كىشىنىڭ قۇلاق پەردىلىرىنى يىرتىۋېتىدىغاندەك تىترىتەتتى. لېكىن ئۇ يې نىڭ بۇيرۇقلىرىغا پىسەنت قىلمىدى.
_ مەن ساڭا يەنە بىر قېتىم ئېيتىمەن، نەرسىلىرىڭنى ئال! – دېدى يې تەكرار.

ئۇ جاۋاپمۇ قىلمىدى، قىمىرلاپمۇ قويمىدى. يې غەزەپلىنىپ ئۇنى قاتتىق تەستەكلىمەكچى بولىۋىدى، ساقچى باشلىقى ئۇنى تۇتىۋالدى. ئىككىسى بىر نېمىلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن، بىر ئۇيغۇر مەھبۇس ئايالنى ئېلىپ كېلىشتى.

مەھبۇس ئايالغا ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى كۆتەرتمەكچى ئىدى. مەھبۇس ئايال ئۇنى كۆرۈپلا تونىدى - دە، كۆزىگە ياش ئالدى. چۈنكى ئۇنى مۇشۇنداق كۆڭۈلسىز ئورۇندا خورلۇق ئىلكىدە كۆرمەكتە ئىدى.

ئۇ ئىگىشىپ نەرسىلىرىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئۆزى ئېلىۋىدى، ئايال گۇندىپاينىڭ غەزەپتىن ئۆپكىسى ئۆرلىدى ۋە:

_ قارا، بۇ نېمە دېگەن كۆچلۈك! _ دەپ نەرە تارتتى. مەھبۇس ئۇيغۇر ئايال ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى تارتىپ:

_ ياق، رابىيە خانىم، سىز كۆتەرمەڭ! ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇلارنى ماڭا بېرىڭ _ دېدى يالۋۇرۇپ.

ئۇلار يەنە بىر ئىشىكتىن كىرمەكچى بولغاندا، بىر قاراۋۇل خوجايىنىدەك غادىيىپ تۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتتى:

_ « باۋداۋ » دە!.

_ ياق! مەن ئۇنداق دېمەيمەن.

ساقچى باشلىقى بىلەن يې دەرھال يېتىپ كېلىپ:

_ ئۇنى كىرگىلى قوي _ دېدى قاراۋۇلغا بۇيرۇق قىلىپ.

رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىگە قامالغانلىق خەۋىرى پۈتۈن تۈرمە ئىچىگە خۇددى ئۇچقاندەك تېز تارقاپ كەتتى. ئۇنى سولىغان كامىر ئونبەش كۇۋادىرات مېتىرچە كېلەتتى. ھېچكىم يوق. قارىغاندا بۇ كامىرنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە يىغىشتۇرغان گەپ. بولمىسا ئادەتتە ئاز دېگەندىمۇ يىگىرمە نەپەر مەھبۇس سولىنىشى كېرەك. كۆرۈنۈپ تۇرغىنى شۇكى، ئۇ پەۋقۇلئاددە مەھبۇس!.

خالا جاي ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى بىر كامار بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا نىجاسەتلەرنى ئېقىتىش ئۈچۈن كىچىككىنە پىلاستىك تۇربىدىن سۇ قۇيۇلاتتى. كامىرنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە يەردىن ئازراقلا كۆتەرمە قىلىپ، يېتىپ قوپۇش ئۈچۈن ياسالغان بېتون سۇپا.

سىرتتا – ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئاچقۇچلارنىڭ شاراقلىغان تىۋىشى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا ئىشىك ئېچىلىپ، بىر نەپەر ئۇيغۇر، بىر نەپەر خىتاي

ئايال مەھبۇس كىرىپ كېلىشتى.

رابىيە قادىر ئەدىيالنى ئېچىپ، بىساتلىرىنى تەييارلىدى ۋە ئۆزىنى تاشلاپ ئۇزاندى. ئۇنىڭ يېنىدىلا جاي تۇتقان مەھبۇس ئۇيغۇر ئايال ئۇزۇندىن ئۇزۇن ۋاتىلداپ، ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن بىمەنە كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەيتتى. خىتاي مەھبۇس ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى خاتىرلەيتتى. رابىيە قادىر ئۇنىڭ تېتىقسىز كەچمىشلىرىنى ئاڭلاشتىن بىزار بولۇپ، ئۆزىنى تام تەرەپكە ئۆرۈپ يېتىپ تىرەن ئۇيقۇغا كەتتى.

ئەتىگەن سەھەر، قاتتىق نالە - پەريات ساداسى رابىيە قادىرنى ئۇيقىدىن ئويغىتىۋەتتى. ئۇ بەكلا ئەندىكىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا كۆزىنى ئاچا-ئاچمايلا كېيىم - كېچەكلىرىنى كۆتەرگىنىچە:

_ ۋاي! بۇ نېمە پاراڭ، نېمە ئىش بولدى؟ _ دەپ ھولۇقۇپ سورايتتى كامىرداشلىرىدىن.

_ نېمە بولاتتى، ئۇلار مەھبۇسلارنى ئۇرىۋاتىدۇ _ دېدى ئۇيغۇر مەھبۇس ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ.

_ نېمىشكە ئۇرىدۇ؟

_ نېمىشكە ئۇراتتى، ئىتائەت قىلمىغان، بويسۇنمىغان ھەر قانداق ئادەم تاياق يەيدۇ.

_ ئىتائەت؟ نېمە دېگەن گەپ « ئىتائەت قىلماسلىق » دېگەن؟ ئۇ تېخىمۇ ئىچكىرلەپ سورايتتى كامىرداشلىرىدىن.

_ بۇ يەردە ئەللىك سەككىز ماددىلىق تۈرمە نىزامى بار _ دېدى خىتاي مەھبۇس چۈشەندۈرۈپ ھەمدە ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنغان بىر دەپتەرنى ئۇنىڭغا ئۇزارتتى:

_ بۇنى ياد ئېلىشىڭ كېرەك.

رابىيە قادىر دەپتەرنىڭ بىرىنچى بېتىنى ئېچىپ ئۇقۇشقا باشلىدى.

« مەن بىر مەھبۇس، مەن خاتالىقىمنى تونۇيمەن، جىنايىتىمنى ئىقرار قىلىمەن، مېنىڭ قىلمىشىم يىرگىنىشلىكتۇر، مەن جەمئىيەتتىكى ئەڭ رەزىل كىشىلەرگە مەنسۇپ. مېنىڭ يەر يۈزىگە دەسسەشكىمۇ ھەققىم يوق،... ماڭا بۇيرۇلغان ھەممە ئىشنى قىلىمەن. مەن خۇدانىڭ نامىنى ھەرگىزمۇ تىلغا ئالمايمەن، ياد ئەتمەيمەن. مەن ئىبادەت قىلمايمەن... ئەگەر ئۇخلىماقچى بولسام، بېشىمنى پۈركىۋالمايمەن، ئەگەر مەن باشقا مەھبۇسلارنىڭ جىنايىتىنى، خاتالىقىنى بايقىغان ھامان، دەرھال يوقۇرىغا پاش قىلىمەن.

ھەر كۈنى بىر قېتىم مۇشۇ ئەللىك سەككىز ماددىلىق نىزامنى تۈرمە خادىملىرى ئالدىدا يادقا سۆزلەپ بىرىمەن....»

ئەگەر ھەر قانداق بىر كىشى مۇشۇ ئەللىك سەككىز ماددىلىق تۈرمە نىزامىنى قوبۇل قىلسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭدا ئادىمىلىكتىن ئەسەر قالمايتتى. ئەگەر بۇنى تۈرمىگە كىرىپ بىرىنچى ھەپتىدە يادلاپ بولالمىسا، نورمىسىدىن مەھرۇم بولىدىغان گەپ تېخى.

خىتاي ئايال گۇندىپاي يې بىر خىزمەتدىشى بىلەن بىرگە كامىرغا كىرىپ كەلدى. رابىيە قادىرنىڭ كامىرداشلىرى ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇشتى – دە، ھەر ئىككىسى بىر ئېغىزدىن سۆزلىگەندەكلا « باۋداۋ » دەپ چاس بېرىشتى. لېكىن رابىيە قادىر ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويماستىن ئولتۇرىۋەردى.

_ ئورنىڭدىن تۇر! _ دەپ ۋالاقلىدى بۇيرۇق چۇشۇرۇپ بىر گۇندىپاي ئايال.

_ سەن كىم بولىسەن _ دېدى رابىيە قادىر ئۇنى پىسەنتىگىمۇ ئىلماي قويمىغان ھالدا ۋە:

_ نېمىشكە ئورنىڭدىن تۇر _ دەپ بۇيرۇق چۇشۇرىسەن؟ ئورنۇمدىن تۇرىمەنمۇ، ياكى ئولتۇرىمەنمۇ، بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش _ دېدى ئۇ گۇندىپايىنىڭ دەككىسىنى بېرىپ.

_ مەن سېنىڭ بويۇنتاۋ، ئىسيانكار ئاغزىڭنى جىمىقتۇرالايمەن! _ دېدى يې دوزاق يېغىپ تۇرغان تەرىنى تۇرتۇپ.

_ مەن ئورنۇمدىن تۇرمايمەن. ئەگەر سەن خالىساڭ مېنى جىمىقتۇرۇشقا تىرىشىپ باق.

_ توختاپ تۇر! قانداق قىلىدىكەنمەن قېنى كۆرىسەن! _ دېدى يې قاتتىق غەزەپلىنىپ ۋە كامىرنىڭ تۆمۈر ئىشىگىنى ھەيۋەت بىلەن تاقاپ خىزمەتدىشى بىلەن بىرگە چىقىپ كەتتى.

بىر ئازدىن كېيىن ياشتا چوڭراق بىر ئايال گۇندىپاي ئىككى نەپەر ئەر گۇندىپاينى باشلاپ كەلدى ۋە تەلىم بېرىشكە باشلىدى:

_ رابىيە قادىر! سەن بىز بىلەن ھەمكارلىششىڭ كېرەك، بىزنىڭ خىزمەتداشلىرىمىزغا كاشىلا تېپىپ بېرىشىڭگە يول قويۇلمايدۇ. سەن بۇگۇندىن ئېتىبارەن مەھبۇس _ جىنايەتچىسەن!.

_ سېنىڭ ماڭا قارىتا مەھبۇس، ياكى جىنايەتچى- دەپ مۇئامىلە قىلىشىڭ مەن ئۈچۈن پەرقسىز. مەن ئۆزەمنى ھەرگىزمۇ ئۇنداق دەپ قارىمايمەن. سەن مېنى ئۇرامسەن ياكى ئۆلتۈرىۋېتەمسەن ماڭا بەرىبىر! لېكىن

مەن سىنىڭ بۇيرۇقلىرىڭنى قوبۇل قىلمايمەن _ دېدى ئۇ. ھەمـــدە « ئۇرماقچى بولساڭ مانا مەن تەييار » دېگەندەك بوينىنى بىر ئاز سوزدى.

گۇندىپاي چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن:

_ سەن ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ بىزنىڭ باشقا جىنايەتچىلەرنى قانداق تاياقـقا باسىدىغانلىقىمىزنى؟ ئۇلارنىڭ نالە - پەرياتلىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ _ دېدى ھازىرلا تاياقـقا بېسىشقا تەييار ھالەتتە.

رابىيە قادىر ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

_ تاياقـقا بېسىلغانلار ۋارقىراپ نالە قىلامدۇ، نالە قىلمامدۇ بەرىبىر! سەنلەر قىلىدىغىنىڭنى قىلىشىسەن! ئەمدى سەن بىلەن گەپلەشكىلى مەيلىم يوق _ دېدى زەردە بىلەن.

گۇندىپاي ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى. لېكىن ئۇ ھېچنىمىنى ئاڭلىماسقا سېلىۋالدى.

_ مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن! جاۋاپ بەر! بىز سېنى ئۆز مەيلىڭگە قويۇۋەتمەيمىز! _ دېدى گۇندىپاي غەزەپتىن تىترەپ. بىراق ئۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمىگىنى ئۈچۈن كامىردىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقىنىدا رابىيە قادىر ئۇنى توختىتىپ مۇنۇلارنى دېدى:

_ شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، بۇ يەر ساڭا مۇناسىپ جاي! بۇ يەردە مەن ئەمەس، ئەكسىچە سەن مەڭگۈ قالىسەن. مەن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىمەن!.

_ مەن سېنى شۇنداق بىر دەھشەتلىك جايغا يۆتكەيمەنكى، بەدەنلىرىڭدىن تېرىلىرىڭ ئاجراپ، چىشلىرىڭ تۆكۈلۈپ چۈشىدۇ! _ دېدى گۇندىپاي خۇددى بىرى بىلەن كىكىردەك سىقىشىپ نەپىسى بۇغۇلغان كىشىدەك خىرىلداپ. ھەمدە ئاخىرقى تەھدىت ئورنىدا قوشۇمچە قىلدى:

_ بۈگۈن ساڭا يەيدىغان ھېچنىمە بېرىلمەيدۇ!

_ رەھمەت! _ دېدى رابىيە قادىر جەڭ مەيدانىدىن غالىپ چىققان چەۋەندازدەك مەغرۇر ھالدا.

( شۇ ناملىق كىتاپ 318-329.بەتلەر )

( قوشۇمچە )

مەرگەن ئۈچۈن ئوۋ، چەۋەنداز ئۈچۈن ماھارەت مەيدانى، سىياسەتچى ئۈچۈن پۇرسەت، سەنئەتكار ئۈچۈن خەلق... بولۇشى كېرەك. ئەمما ئىنقىلاپچى ئۈچۈن نېمە بولۇشى كېرەك؟

ھەقىقى ئىنقىلاپچى ئۈچۈن پەقەت بىرلا نەرسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى يېتەرلىكتۇر!
_ ۋىجدانمۇ؟
_ ياق.
_ ئىمانمۇ؟
_ ياق،
_ ئىنساپمۇ؟
_ ياق،
_ ئىرادە؟ شارائىت؟ ئىمكانىيەت؟ قوللىغۇچى؟ ئەگەشكۈچى؟ ياردەمچى؟ كۈچ - قۇدرەت؟
_ ياق!
_ پەقەتلا دۈشمەن. بىراۋنىڭ ھەقىقى ئىنقىلاپچى بولىشى ئۈچۈن دۈشمەندىن ئىبارەت بىرلا نەرسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى يېتەرلىك شەرتتۇر! ھەقىقى ئىنقىلاپچى قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، دۈشمەن مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئۇ ۋاستە، شارائىت، پۇرسەت تاللىمايدۇ! ئۇ ئۆزى تاللىغان نىشانغا پەقەت زەربە بېرىدۇ خالاس!
ھەقىقى ئىنقىلاپچىنىڭ دۈشمەن قولىدا ئۆلتۈرۈلىشى، تۇرلۇك جازاغا مەھكۇم بولۇشى ئىنقىلاپچىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.
ھەقىقى ئىنقىلاپچى زىندانىدىمۇ، دار ئالدىدىمۇ، قىلىچ ئاستىدىمۇ غالىپ كىشىدۇر!
ئىنقىلاپچىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى _ دۈشمىنىگە بولغان « دۈشمەنلىك » تۇيغۇسىنىڭ سۇسلاشقىنىدۇر!
« ئىنقىلاپچى» لىقنىڭ كۆنۈپ قالغان ئادەتتىن، ئۇگىنىۋالغان كەسىپتىن، ھەۋەسلىنىدىغان مەنسەپتىن پەرىقلىنىدىغان تەرىپــــى _ « بەدەل » دۇر. كۆنۈپ قالغان ئادەت ئۈچۈن تاللاشقا توغرا كەلسە، كىشى بەدەل تۆلىمەيلا دەرھال ۋاز كېچىدۇ. كەسىپتىن پايدا كۆرۈلمىگەندە بەدەل بېرىش تۇرماق ئەكسىچە ئۆزگەرتىلىدۇ.
ئەمدى مەنسەپكە _ ئاتاقىقا ھەۋەس قىلىدىغان بىرى بىلەن ئىنقىلاپچىنىڭ ئوتتۇرسىدىكى پەرقنى ئىلغاقىلىش تولىمۇ قىيىن بولغان يوشۇرۇن، نازۇك بىر مۇناسىۋەتتۇر. بىرى ئىنقىلاپچى، يەنە بىــــرى « ئىنقىلاپچى تونىغا ئورىنىۋالغان ساختىپەز » دۇر.

ھەقىقى ئىنقىلاپچى دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىشتا ھېچقانداق ۋاستە تاللىماستىن، شارائىت، پۇرسەت كۈتمەستىن بارلىقىنى ئاتاپ بەدەل تۆلەيدۇ.

« ئىنقىلاپ تونىغا ئورىنىۋالغان ساختىپەز » ئۆز مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ھەرقانداق ۋاستىنى ئىشقا سالىدۇ. شۇملۇق قىلىشتىن، سۇيقەست قىلىشتىن، سۇيئىستىمال قىلىشتىن، سۇخەنچىلىك قىلىشتىن باش تارتمايدۇ. ئۇنىڭ قىلمىشلىرى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە « بەدەل » ئۆتەۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ.

بىز، ئىنقىلاۋى قەھرىمان رەھبىرىمىز رابىيە قادىرخانىمنىڭ ئىنقىلاۋى ھاياتىنى ئۆلچەم قىلىپ قارايدىغان بولساق، ۋەتەن سىرتىدىكى ساختىپەزلەر بىلەن، پىداكار ئىنقىلاپچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك پەرقنى ئوچۇق كۆرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز!

42

رابىيە قادىر بىلەن كامىرداش خىتاي مەھبۇس كامىرنىڭ بوسۇغىسىدا تىك تۇرۇپ « باۋداۋ » دەپ چاس بەردى. بوسۇغىنىڭ سىرتىدا ئىككى بىلىكىنى جەينەكلەپ قوشتۇرۇپ، ھاكاۋۇرانە تۇرغان ئايال گۇندىپاي يې دىمىغىدىن چىقىرىپ:

« ھىم » دېدى ۋە كامىرداش خىتاينىڭ ئارقىسىدىن سىرتقا مېڭىۋاتقان رابىيە قادىرغا:

_ توختا! _ دېدى ۋارقىراپ. يەنە شۇ كونا پاراڭ _ « باۋداۋ » دېيىش كېرەك.

_ ماۋۇ مەھبۇس سىرتقا چىقىدىغاندا نېمە دېدى؟

ئۇنىڭ سۇئال شەكلىدىكى بۇيرۇقىغا رابىيە قادىرمۇ سۇئال قايتۇرۇپ:

_ قۇلاقلىرىڭغا پاختا تىقىۋالدىڭمۇ؟ بۇ سۆزنى ساڭا تەرجىمە قىلىپ بېرىشىم كېرەكمىدى؟ _ دېدى مەغرۇر قىياپەتتە.

يې شايلىسىنى چېچىشقا باشلىدى:

_ سەن ھەرقانچە قاۋۇل بولساڭمۇ، ھەتتا شىر، يولۋاسلاردەك كۈچلۈك بولۇپ كەتسەڭمۇ، سەن يەنىلا مېنىڭ قولۇمدا ، مېنىڭ قەپىزىمنىڭ ئىچىدە، سەن مېنىڭ قامچامنىڭ ئاستىدا! سەن بىلىپ قېلىشىڭ كېرەككى، قامچامنى باش - كۆزۈڭدە ئوينىتىمەن! سىناق قىلىپ كۆرىمەن! سىرتقا چىق!.

رابىيه قادىر كارىدورغا چىقتى. خىتاي كامىردىشى ئۇنىڭ ئالدىدىن ئەسكەردەك قولىلىرىنى ئىككى ياققا سالغىنىچە مارشقا دەسسەپ، ئۇ ياقتىن بۇياققا ئۆتەتتى. ئۇمۇ كامىردىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزۇن كارىدورنى بويلاپ مېڭىشقا باشلىدى. يې ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ ئاغزى بېسىقماي ۋاتىلدايتتى:

_ پات يېقىندا كۆرسەن تېخى، ساڭا نېمىلەر قۇچاق ئاچىدىغانلىقىنى. ئۇنتۇپ قالما! بىز بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ئىسيانكار ئەركەكلەرنى مۇم قىلىۋەتتۇق! بىز ھەممىنى قىلالىغان كىشىلەرمىز!.

ئۇلار شۇنداق مارشقا دەسسەپ بىر ئىشخانىنىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە، يې خىتاي مەھبۇسقا توختاش بۇيرۇغىنى بەردى. ھەمدە ئۇنى كامىرغا قايتىپ كېتىشكە ئەمىر قىلدى.

_ خوپ! باشلىق _ دېگىنىچە خىتاي مەھبۇس مارشقا دەسسەپ ئارقىغا بۇرۇلدى.

ئىشخانىدا ئەرلەر ۋە ئاياللاردىن بولۇپ، بېخەتەرلىك ئىدارىسىدىن كەلگەن ئالتە نەپەر خادىم ئۇنى كۈتۈشمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇيغۇرلارمۇ بار ئىدى. ئۇ ئىشخانىغا كىرگىلى ئەمدىلا قەدەم بېسىۋاتاتتى، شۇنداق جىددى ۋە مەجبۇرى ھالدا:

_ توختا! _ دېدى ئارىدىن بىرى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىڭ « باۋداۋ » دېيىشىنى كۈتىشەتتى.

_ ئارقاڭغا قايت! _ دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يەنە بىرى. ئۇ بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنىپ، ئىككى بىلىكىنى جەينەكلەپ قوشتۇرغان ھالدا، دېمىغىنى ئۈستۈن تۈتۈپ تۇردى.

_ قولۇڭنى تۆۋەن چۈشۈر!.

بۇ ھەيۋەتلىك، قاتتىق ۋارقىراش بۇيرۇغى ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى زىڭىلدىتىۋەتتى. ئۇ قوللىرىنى تۆۋەن چۈشۈردى. قورقۇنچتىن ئەمەس، بۇيرۇققا بويسۇنۇپمۇ ئەمەس. بەلكى ئۆز- ئۆزىگە ھۆرمەت ۋە ئۆز ھۆرمىتىنى قوغداش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلدى. ئۇلار بىر - بىرىگە « بىز غەلبە قىلدۇق » ئىشەنچىسى بىلەن قارىشىۋالغاندىن كېيىن، بىر ئەركىشى ئۇنىڭغا ئاتىدارچىلىق قىلىۋاتقاندەك، سىلىق ئاۋازدا، خۇددى ياۋا ئاتنى كۆندۈرمەكچى بولىۋاتقان ئۇسۇلدا:

_ ئەمدى سەن « باۋداۋ » دېگىن! _ دېدى پەپىلەپ. ئۇلار ئاخىرى ئۇنى باش

ئەگدۈرگەنلىكلىرىدىن مەمنۇن ئىدى.

پۈتۈنلەي تەمكىن ۋە مەغرۇر ھالدا جاۋاپ بەردى رابىيە قادىر:

_ سەن ئۆزەڭ مېنى ئۆشنەڭدە يۇدۇپ، كۆتۈرۈپ بۇ يەرگە ئەكەلسەڭمۇ، مەن بۇ سۆزنى دېمەيمەن. پۈتۈن كۈن مۇشۇنداق ئۆرە تۇرالايمەن. بۇ ئىشخانىدا مەن يالغۇز گۇناھسىز! مەن بۇ يەرگە ئۆزلىگىمدىن كېلىپ قالمىدىم. سەنلەر ئەكى-لىشتىڭ! بۇ يەردىكى ھەممەڭ دۆت، كالۋالارمۇ؟ نېمىشكە دائىم مېنىڭ « باۋداۋ » دېيىشىمنى تەلەپ قىلىشىسەن!.

ئۇلارنىڭ قاپ ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان بىر خىتاي _ قوللىرىنى گەجگىسىگە گېرەلەشتۈرۈپ، ئورۇندۇقتا بىر ئاز تاشلانغان ھالدا ئولتۇرغىنىدىن قارىغاندا بەلكىم ئۇ ئاساسى مەسئۇل بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىپ:

_ كىر! _ دېدى.

ئايال گۇندىپاي يې ئۇنى تىللاپ تۇرۇپ تۈزەتمەكچى بولدى:

_ ھەي لەنىتى! ئۆزەڭنى رۇسلاپ تۇر!.

يې نىڭ سۆزىگە تەئەددى بىلەن جاۋاپ قايتۇردى ئۇ:

_ نېمىشكە پۈتۈن كۈن توختىماي قاۋايسەن! سەن جەزمەن ئۆزەڭنىڭ ئادىمىلىكىڭنى يوقىتىپسەن. لېكىن مەن يەنىلا ئادەم. شۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا مۇنداق قىلىشقا ھەققىڭ يوق! قېنى سەندىكى باشقا ئاياللارغا بولغان ھۆرمەت؟ ئايال كىشى بولۇشىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن بىلمەيسەن! سەن ۋارقىراشلىرىڭ بىلەن مېنى ھەرگىزمۇ بىلىپ يېتەلمەيسەن. مەن سېنى شۇنداق ئۇزۇن ۋارقىرىتالايمەنكى، ۋارقىراپ گېلىڭ يىرتىلىپ كېتىدۇ!.

ھېلىقى ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان باش مەسۇل گۇندىپاي يې نى تېنچلاندۇرۇپ

_ بولدى! بەس _ دېدى ۋە:

_ ئۇنىڭغا ئورۇندۇق ئەكىلىپ بەر _ دەپ بۇيرۇق قىلدى. كېيىن ئۇ يې غا كەسكىن بۇيرۇق بېرىپ:

_ سىز قايتىپ چىقسىڭىز بولىدۇ ھەمدە بۇ يەردە ئۇنداق ۋارقىرىماسلىقىڭىز كېرەك _ دېدى.

بىر ئازدىن كېيىن باش مەسئۇل سۆزگە كىرىشتى:

_ رابىيە! قانداق تۇرىۋاتىسەن؟ ياخشى ئۇخلىدىڭمۇ؟ تەبىئىكى، سەن ۋە مەن _ ئىككىلىمىز ياخشى ھەمكارلىشالايمىز. سەن بىزنى ياخشى تونۇيسەن. بىز سېنى قولغا ئالمىدۇق ۋە بۇ يەرگە ئەكەلمىدۇق. بىز پەقەتلا بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىمىز. سەن يەنە ئاۋالقىدەكلا داۋاملاشتۇرساڭ، باشقا مەھبۇسلارنىمۇ

باشقۇرالماي قالىمىز. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قاتىللارمۇ، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىمۇ ۋە تۈرلۈك ئەيىپلىك جىنايەتچىلەر بار. بىز قەتئى ئىشىنىمىزكى، سەن ياخشى بىر ئايال. سەن ھازىرغىچە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان. ئەلۋەتتىكى، بىز سېنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قالغىنىڭدىن مەمنۇن ئەمەسمىز. ئارزۇ قىلىمىزكى، تەكشۈرۈش جەريانىدا سېنىڭ گۇناھسىز بولۇپ ئىسپاتلىنىشىڭ كېرەك. شۇمۇ ئېنىقكى، بۇ يەردىكى گوندىپايلارنىڭ ساڭا قىلغانلىرىنى ھار ئالما. بۇ يەردە نۇرغۇن قىيىن - قىستاق، زۇلۇملار مەۋجۇت. لېكىن ئۇلارمۇ ھەقلىقكى، سىياسى مەھبۇسلارنى ئەشۇنداق قاتتىق قوللۇق بىلەنلا باشقۇرۇپ تۇرالايدۇ.

ئۇ شۇنداق سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاخىرى ئۇزۇلمەيتتى ۋە ئۇنىڭ تۇگىمەس پارىڭى كىشىنىڭ قۇلاقلىرىنى زىڭىلدىتاتتى. رابىيە قادىر ئۇنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغىلى تاسلا قالغان ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى يەنە داۋام ئەتمەكتە:

_ ئەگەر كىمدۇر بىرى سېنى تىللىسا، ياكى ئۇرسا، سېنىڭ ئىززىتىڭ، سېنىڭ كىشىلىك ھوقۇقۇڭ زىيىلەنگەن بولىدۇ. سەن چوقۇم بىزگە ئېيتىشىڭ كېرەك. ئەگەر سەن ساقسىز بولۇپ قالساڭ، ئۇلار سېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشى لازىم. ئەكسىچە بولغاندا، بۇلارنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلالايسەن. ساڭا پاكىز بولمىغان، ياكى مەينەترەك تاماق بەرسە، بۇ چۈشىنىشلىك، تۈرمىمىز ئانچە پاكىزمۇ ئەمەس. بۇ يەردە نۇرغۇن يېتەرسىزلىكلەر مەۋجۇت. شۇنىڭ ئۈچۈنلا باشقا مەھبۇسلارغا قارىغاندا ساڭا ئالاھىدە ھۆرمەت كۆرسىتىۋاتىمىز. بىز ساڭا _ پەقەت ئۈچ ئادەم ئۈچۈنلا چوڭ بىر كامىرنى بەردۇق. لېكىن سەن بۇ يەرگە كەلگىلى تېخى بىر كېچە - كۈندۈز ئۆتمەيتۇرۇپلا سەن نۇرغۇن ماجرا چىقاردىڭ. سەن شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىمۇ تۈرمىدە قاراۋۇللارغا، گوندىپايلارغا « باۋداۋ » دېگەن سۆزنى ئېيتىشقا مەجبۇر. ئۆتۈنۈپ قالاي، بىز بىلەن ھەمكارلاشقىن!.

رابىيە قادىرمۇ قارشى تەرەپنىڭ سۆز ئويۇنلىرىغا ماسلىشىپ، ئىپادە بىلدۈردى:

_ بولىدۇ، مەن سىلەر بىلەن ھەمكارلىشاي. بىراق « باۋداۋ » دەيمەن دەپ ئېيتالمايمەن. چۈنكى مەن بۇ سۆزنى تۇنۇگۈندىن باشلاپ يامان كۆرمەكتىمەن. مېنى چۈشىنىشىڭنى ئۆتۈنىمەنكى، مەن بۇ سۆز بىلەن چاخچاقلىشالمايمەن.

مەن بۇنى قوبۇل قىلالمايمەن. چۈنكى مەن ئۆزەمنى بىر مەھبۇس- دەپ ھېس قىلمايمەن. سەن گۇندىپايلىرىڭغا ئېيت، ئۇلار مېنى ھېچقاچان قامچىلىرى بىلەن باشقۇرالمايدۇ. مەن بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشى مېنىمۇ ئوخشاش ئورۇندا كۆرۈشى، ئۆزىمۇ ئادەمدەك بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا بىز چۈشىنىشەلمەيمىز، ھەمكارلىشالمايمىز.

ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتىكى، رابىيە قادىرنىڭ ئېيتقانلىرى ھېچ بىرىگە ياقمىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ياقتۇرماسلىقى ئۇنى سۆزدىن توختىتىپ قالالمىدى:

_ سەن ئېيتىۋاتىسەنكى، سەنلەر پەقەتلا بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشىسەنكەن. يەنە ئېيتىۋاتىسەنكى، مېنىڭ گۇناھسىز بولۇپ چىقىشىمنى ئارزۇ قىلىسەنكەن. بولىدۇ، مەن ھەمكارلىشاي. مەن سىلەرنىڭ ئەللىك سەككىز ماددىلىق تۈرمە نىزاملىرىڭلارنى ئوقۇپ كۆردۈم. مېنى ئارامىمدا قويۇڭلار. مەن بۇ نىزاملارنى ھەركۈنى يادقا ئوقۇپ بېرىشنى خالىمايمەن. بۇ يەردىكى گۇندىپايلارنىڭ بىرىنىڭمۇ قىلىقلىرىنى قوبۇل كۆرمەيمەن. مەن سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار بىلەنمۇ ھېساپلىشىپ گەپ قىلىۋاتىمەن. تۈنۈگۈن كېچە تاڭ ئاتقۇچىلىك، ئىسكەنجىگە ئېلىنغانلارنىڭ نالە - پەرياتلىرىنى ئاڭلاپ چىقتىم. ئادەملىرىڭلار ئادەم ئۇرۇشتىن توختىشى كېرەك.

باش مەسئۇل ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بەكلا ھە يران قالغان قىياپەتتە:

_ ئادەم ئۇرامدىكەن؟ راستىنلا؟ ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس _ دېدى ۋە رابىيە قادىرنىڭ سۆزلىرىدىن مەمنۇن بولغاندەك ئىپادە كۆرسۈتۈپ داۋام قىلدى:

_ مېنىڭ سۆزلىرىمنى قوبۇل قىلىپ ياخشى قىلدىڭ. سەن باي، پۇلۇڭ كۆپ، ئۆزەڭ خالىغانچە تاماق سېتىۋالساڭ بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھېچكىم « باۋداۋ » دېيىشنى تەلەپ قىلمىدى. ئۇنىڭغا ھەپتىدە بىر قېتىم تۈرمە ھويلىسىدا ھاۋالىنىشقا رۇخسەت قىلىندى. بىراق باشقا مەھبۇسلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىشى، ئۇنىڭغا يېقىنراق كېلىشى مەنئى قىلىناتتى. ئۇ قىرىق بەش كۈن تەكشۈرۈلدى. ھەر كۈنى ئەتىدىن ئاخشامغىچە سوراق قىلىناتتى.

سوراقخانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تامدا كىچىك بىر دېرىزە، بىر دانە ئاددى سوراق شىرەسى ۋە بىر ئورۇندۇق. سوراقخانا شۇنچىلىك ئاددى. مۇشۇ سوراقخانىدا رابىيە قادىر ئۇدا ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن بېرى سوراق قىلىنماقتا. ئۇخلاشقا رۇخسەت يوق. ئىككى نەپەر ئۇيغۇر سوراقچى، ئىككى نەپەر خىتاي

سوراقچى ـ تۆرت نەپەر سوراقچى بىر گۇرۇپ، ھەر قېتىملىق سوراق ئالتە سائەت داۋاملىشىدۇ. ھەر ئالتە سائەتتە بىر گۇرۇپ سوراقچىلار ئالمىشىپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ سوراق قىلىشىدۇ. ئۇ مۆگدەپ قالىدۇ! كىمدۇر بىرى ئۇنى دىخمىرلاپ ئويغىتىدۇ ! يەنە سوئال، يەنە سوراق!.

ئەگەر ئادەم بالىسى ئەشۇنداق كۈن تۈنۈپ ئۇخلىتىلمىسا، ياكى ئۇخلاشقا ئىمكان بېرىلمىسە، ئۇ چاغدا ئۇ جەزمەنكى يېرىم ئويقىدا سۆزلەۋېرىدىغان گەپ. رىئاللىق بىلەن چۈش ئۆز - ئارا بىرلىشىپ، تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىغان بىر ھالەت ھۆكۈم سۈرىدۇ. بىردىنلا چۈش بىلەن رىئاللىق يەنە ئايرىلىدۇ. ئادەمنىڭ مېڭىسى ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ بولىدۇ، لېكىن گەۋدە سوراقتا. مادادرىن كەتكەن، پۈكۈلگەن جىسىم سوراقلارغا گۇگۇم - تۇمان ئىچىدە جاۋاپ بېرىدۇ. شۇ تەرىقىدە ئويقۇ بېرىلمەي ئون بەش، يىگىرمە كۈنلەپ سوراق قىلىنغان مەھبۇس نېمىنى سورىسا جاۋاپ بېرىدۇ، ھەممىگە ئىقرار بولىدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن سوراق قىلىنىپ دىلو تۇرغۇزۇلغان نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەر ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدۇ.

سوراقچىنىڭ بىردە يوقۇرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ، بىردە تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلىشىدىكى ئاۋاز دولقۇنلىرى، ئۇخلاپ قېلىۋاتقان مېڭىنى ئەللەيلەپ، ئەگەر بىر ئازلا سىلىق سۆزلىسىلا، كىشى ئۇنىڭغا ئۇزلۇكسىز ماسلىشىدۇ. ئەگەر:

ـ سەن بىر كىمنى ئۆلتۈرىۋەتتىڭ، شۇنداقمۇ؟ ـ دەپ سوئال قويسا

ـ شۇنداق بولغان بولسا كېرەك - دېگەن جاۋاپ مېڭىدە ئورۇن ئالىدۇ ـ دە، ھەئە، مەن ئادەم ئۆلتۈرگەن - دەپ ئىقرار قىلىدۇ. سوئال - سوراقلار، ئۇيقۇلۇقتا بېرىلگەن جاۋاپلار لىنتىگە ئېلىنىدۇ. كېيىن سوراق ئاخىرلىشىپ، دىلو تۇرغۇزىلىدىغاندا « جىنايەتچى » گە قايتا ئاڭلىتىلىدۇ. ئۇ سوراق جەريانىدا ئۆزىنىڭ نېمە دېگەنلىگىنى بولسا ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى، ئۆز ئاغزى بىلەن بەرگەن ئىقرارى لىنتىدىن ئاڭلىتىلىدۇ.

ـ رابىيە قادىر! سەن دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىگىنى چەتئەلگە يوللاپ بەردىڭ! شۇنداقمۇ؟.. سېنىڭ يولدىشىڭ مىللى بۆلگۈنچى ئۇنسۇر، شۇنداقمۇ؟...

ـ مەن بۇ سوئاللارغا جاۋاپ بەرمىدىم، ماڭا ھېچكىم بۇنداق سوئال قويمىدى.

_ لېنىنىدىكى سېنىڭ جاۋابىڭ!

....

....

سوراقچىلار ئەشۇنداق ئۇسۇل قوللىنىپ دىلو تۇرغۇزىدۇ. جىنايەتچىنى « ئىقرار قىلدۇرغانلىق » ى ئۇچۇن ئۇلارغا بايرام بولىدۇ. ئۇلار مۇكاپات ئالىدۇ. ئۇنىڭ بەدىلىگە بىر ئىنسان ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ!

سوراق شۇنداق داۋاملاشماقتا. ھەر ئەتىگىنى سائەت توققۇزدا رابىيە قادىرنى سوراقخانىغا ئېلىپ چىقىدۇ، ئاخشىمى سائەت سەككىزلەردە كامىرغا قايتۇرۇپ ئەكىرىدۇ. سوراقخانىلار بىر بىرىدىن قورقۇنۇچلۇق. سوراقخانىنىڭ بىرىدە ئىگىز ئورۇندۇق بولۇپ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە، ئادەمنىڭ پۇت - قوللىرى كىشەن بىلەن مەھكەم باغلىنىدۇ. تاملاردا قېتىپ كەتكەن قان داغلىرى!

رابىيە قادىرنىڭ ئالدىدىكى قاتار تىزىلغان سوراق شىرەسىدە بەزىدە ئۈچ - تۆرت نەپەر، بەزىدە سەككىز - ئونغىچە سوراقچى ئولتۇرىشىدۇ. ياندىكى بىر شىرەگە يالتىراپ تۇرغان قىيناش ئەسۋاپلىرى تىزىلغان، تۇرلۇك تۆك ئۆتكۈزۈش ئەسۋاپلىرى!

سوراقچى يەنە باشلىدى:

_ رابىيە قادىر، سېنى بۇ يەرگە كىم قاماپ قويدى؟ سەن ئۆز قولۇڭ بىلەن ئۆزەڭگە قىلدىڭ! سەن قابىلىيەتلىك، سەن ئەقىللىق، سەن جەسۇر، قورقۇمسىز. لېكىن سەن ئۆز تىجارىتىڭنى قىلىۋېرىشىڭ كېرەك ئىدى! نېمىشكە سىياسى ئىشلارغا ئارىلاشتىڭ! نېمىشكە باللىرىڭنى ئويلىمىدىڭ؟. بىز قارار بېرىشىڭنى كۈتىمىز! ئاندىن بۇ يەردىن دەرھال كېتىسەن!.

رابىيە قادىر ئۆزى ماڭىدىغان يولنى ئاللىبۇرۇن تاللاپ بولغان ئىدى. ئۇ قارارنى ئاللىبۇرۇن بېرىپ بولغان ئىدى. ئۇ گەپنىڭ دەل نىگىزىنى ئېيتتى ۋە سۇئال- جاۋاپلار داۋام ئەتتى:

_ سەنلەر ۋاقىتلىرىڭنى نېمىشكە زايە قىلىشىسەن! بۇ يەردە مەن ئۇچۇن بىر ئىش بولۇۋاتقىنى يوق. بەلكى يىگىرمە مىليوندىن ئارتۇق بىر مىللەت ئۇچۇن، پۈتۈن بىر خەلق ئۇچۇن بولۇۋاتىدۇ! مەن بۇ يەرگە ئۆزەم ئۇچۇن كىرىپ قالمىدىم!.

_ سەن نەقەدەر خىيالپەرەست! سەن كىتاپلارنى بەك كۆپ ئوقۇپ كەتسەڭ كېرەك! ئەپسۇس! سەن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا تۈگەشتىڭ! سېنىڭ ئىشىڭ پۈتتى،

سەن شۇنى بىلىپ قالكى، بۇ تۈرمىدە ساڭا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان نادان، تەلۋىلەر چىرىپ كېتىشتى، سېسىپ كېتىشتى! بىز ئۇلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى مۇشۇ ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا، مۇشۇ شىرەنىڭ ئاستىغا كۆمۈۋەتتۇق!.

سوراق يەنە ئەۋجىگە كۆتىرىلدى:

ئېيتە! چەتئەلدىكى ئىسيانچى ــ مىللى بۆلگۈنچىلەردىن قانداق ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇۋالدىڭ؟ چەتئەلدىكى قاچقۇن ئۇنسۇرلارنىڭ ئىچىدىكى ئورنۇڭ قانداق؟ يولدىشىڭنىڭ چەتئەلدىكى ۋەزىپىسى نېمــە؟ « شەرقى تۈركىستان » دىكى قايسى گورۇپ، قايسى تەشكىلاتلار سەنلەر بىلەن بىرگە ھەرىكەت قىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ سانى قانچىلىك؟ سەن قولغا چۈشكەن ۋاقىتتا يېنىڭدىكى ماتىرىياللارنى قايسى رەۋىشتە، قەيەردىن تاپلىغان ئىدىڭ؟ مەقسىدىڭ نېمە ئىدى؟ چەتئەلدىكى ئەكسىل ئىنقىلاپچى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا پۇللىرىڭدىن قانچىلىك ئىشلىتىشكە يول قويدۇڭ؟ سەن ئۆزەڭ قايسى تەشكىلاتنى قۇرۇپ چىقتىڭ؟.

ئۇ، سوئاللارغا تەرتىپ بىلەن جاۋاپ بېرەتتى:

ــ ياق، مەن ھېچقانداق تەشكىلات قۇرمىدىم. مەن قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلمىدىم. يولدىشىم – سىدىق چەتئەلدە رادىيودا خىزمەت قىلىدۇ.

ــ ئۇنداقتا سەن كىم؟.

ــ مەن رابىيە قادىر بولىمەن! ئۆز تىجارىتىمنى قىلىپ، تىنچ كېتىۋاتقان بىر ئايال. سەن باياتىن مېنىڭ مەقسىدىمنى، غايەمنى بىلمەكچى بولۇپ سوراق قىلغان ئىدىڭ! سوئاللىرىڭغا تولۇق جاۋاپ بەرمەكچىمەن! .

ئۇ، سوراقچىغا بەئەينى « خەلق ۋەكىللىرى يىغىن زالى » دىكى يىغىن قاتناشچىلىرىغا سۆزلىگەندەك يوقۇرى كەيپىياتتا سۆزلىمەكتە ئىدى.

سوراق داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەردە ئۇنىڭ ئۆيلىرى ئاختۇرۇلۇپ، ھەربىر پارچە قەغەز، خەت - چەك، فىلىم، سۈرەت تۈرمىگە كەلتۈرۈلۈپ، سوراققا قويۇلدى. سۈرەتلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا بىر - بىرلەپ يېيىپ سورايتتى:

ــ بۇ ئادەم كىم؟ ئاۋۇ ئارقىدىكى كىم؟.

بىردە پەدە يۆتكىلەتتىــ بۇ گېزىتلەرنى نېمىشكە پوچتا بىلەن يوللىماقچى بولغانتىڭ؟.

ئۇ، ھەربىر سوئالغا سەگەكلىك بىلەن جاۋاپ بېرەتتى:

ــ بۇ گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغىنى پۈتۈنلەي راست، توغرا نەرسىلەر

ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. شۇڭا يولدىشىمنىمۇ ۋەتىنىمىزدە نېمىلەرنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى بىلسۇن دېگەن مەقسەتتە ئىدىم. بۇ گېزىتلەرنى ھەربىر چەتئەللىك كۆچىدىن سېتىپ ئالالايدۇ ۋە چەتئەلگە ئېلىپ كېتەلەيدۇ. بۇ قانداقلارچە دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكى بولسۇن؟!

ئۇنىڭ جاۋاپلىرىنى توغرا تاپمىغان سوراقچى يەنە سۆز يورغىلىتاتتى:

ـ بۇ دۆلەت مەخپىيەتلىكىنى چەتئەلگە نېمىشكە يوللىماقچى ئىدىڭ؟ ئۇلار قايسى ۋاستە بىلەن سېنىڭ بۇ يەردە تەشكىلات قۇرۇشۇڭنى ئۆگەتتى؟.

ـ مېنىڭ ئامېرىكا بىلەن ئالاقەم يوق، مەن پەقەتلا ئەمەلىيەتنى تونۇشتۇرماقچى ئىدىم.

خىتاي سوراقچى ئۇنىڭدىن بىرلا نەرسىنى تەكرار سوراۋەرگەنلىكى ئۈچۈن، كېيىن ئۇيغۇر سوراقچىنى ئەۋەتىشتى. سوراق بەزەن كۈنلىرى سەككىز سائەتلەپ، بەزەن كۈنلىرى ئون تۆرت سائەتلەپ داۋام قىلاتتى. ئۇلار ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن سوراقتا قانداق بىر تاكتىكىنى قوللانسا، رابىيە قادىرمۇ تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق ئۇسۇلنى ئىشلىتەتتى. بىر نەپەر ئۇيغۇر سوراقچى خۇددى يوقاتقان ھالدا ئۇنىڭ كىكىرتىكىدىن بوغماقچى بولغىنىدا، باشقىلار سوراقچىنىڭ قولىنى كەينىگە قايرىپ تۇتۇۋېلىشتى. ئۇنىڭ گۆرەن تومۇرلىرى ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك كۆپۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇ غەزەپ بىلەن تىترەپ ـ مەن سېنىڭ تىرناقلىرىڭنى بىر-بىرلەپ سۇغۇرۇپ تاشلايمەن! - دەپ ۋارقىرايتتى، قاتتىق تەھدىت سېلىپ.

كەچقۇرۇن رابىيە قادىر سوراقتىن قايتىپ سولاقخانىغا كىرگەندە بولسا، گۇندىپايلارنىڭ ئاچىز، ئامالسىز مەھبۇسلارنى ئۇرۇپ، قىيناپ، ھاقارەتلەپ - تىللاپ، خورلىغانلىرىنى، مەھبۇسلارنىڭ تاياق زەربىدىن داتلاپ ئىڭراشلىرىنى ئاڭلايتتى.

كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك سان - ساناقسىز خورلۇق، ئىسكەنجە، مەھبۇسلارنى بىئارام قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدىغان ئىزىش ئۇسۇللىرى مەۋجۇت.

بەزەن مەھبۇسلار داق سىمۇت يەردىمۇ ئۇزۇنۇپ يېتىشتىن مەھرۇم، ئولتۇرغان پېتى ئۇخلاشقا مەجبۇرلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلار قىيسىيىپ يېتىشقا تەمشەلدىمۇ بولدى، گۇندىپايلارنىڭ تاياقلىرىغا بەنت بولىدۇ.

رابىيە قادىر بىر ئايالنىڭ « قۇتقۇزۇڭلار » دەپ، قاتتىق ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ قالدى.

_ مەن ژۇرنالىست! ئۇستۇڭلاردىن ئەرز قىلىمەن!.

ئۇ ۋارقىرىغانسىرى ئايال گۇندىپاي ھوزۇرلىنىپ، « ياخشى! مانا ئەرز قىلە! » دەپ تېخىمۇ قاتتىق ئۇراتتى.

يەنە بىر تۈڭگان ئايال مەھبۇس ئەدەپلەنمەكتە، ئۇ قاتتىق ئىسكەنجىگە چىداپ بولالماي، ئايىغىنىڭ چەمگە بېكىتىلگەن تۆمۈر پارچىسىنى يېۋالغان ئىكەن. ئۇنىڭ قىلمىشىنى بارلىق مەھبۇسلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن كاربدورغا بارلىق مەھبۇسلارنى چىقىرىپ، ئىككى قاسناققا قاتار رەتلىك تۇرغۇزۇشتى. تۈڭگان ئايالنىڭ ئاغزىدىن چىش پاستىسىنى مەجبۇرى ماڭدۇرۇپ، كېيىن ئۇنىڭ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، تاغاردىن سامان تۆككەن پەدىدە، كىندىكىدىن قاتتىق قورۇپ سىلكىيتتى. ئۇ قانچە داتلىسا، گۇندىپاي شۇنچىلىك ھوزۇرلىناتتى. گۇندىپاي يې مۇشتۇم بىلەن تېخىمۇ قاتتىق ئۇراتتى.

مەھبۇسلار بۇ ھالغا تاقەت قىلىشالماي يۈزلىرىنى ئۆرۈۋېلىشسا، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىۋېلىشسا، گۇدىپاي _ بېشىڭنى كۆتىرىش! سەنلەرمۇ بۇنى كۆرىشىسەن - دەپ بۇيرۇق بېرەتتى.

پۈتۈن كۈن ھېلىقى تۇنگان ئايال كامىر، كامىرنىڭ ئالدىغا ئىرغىنىپ كېلىپ:

_ مەن خاتالىق ئۆتكەزدىم، مەن قىلمىشىمغا پۇشمان قىلدىم _ دەپ ئۆز - ئۆزىدىن شىكايەت قىلاتتى. ئۇ ئىككى مۇك ئىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرىدا ئىشكەل، قوللىرىدا كىشەن، بويىنىدا تۆمۈر ھالقا! ئۈچ بۇلۇڭلۇق تۆمۈر چاتقۇ بىلەن پۇتلىرىدىكى ئىشكەل، قوللىرىدىكى كىشەن بويىنىدىكى ھالقىغا چېتىلغان. ئۇ بەئەينى نامازدا رۇكۇدىكى كىشىدەك مۈكلىنىپ، پۇتلىرىنى مىڭ تەسلىكتە يۆتكەيتتى.

ئاھ! نادامەت!

رابىيە قادىر يەنە سوراقخانىدا. سوراقچىلارنىڭ بىرى پۇرسەت تاپسىلا ئۆزىنى كۆرسۈتۈپ، ئۇنىڭغا قاتتىق قوللۇق قىلىدۇ. يەنە بىرى بولسا، ئۆزىنى مۇلايىم، سىلىق، چۈشىنىشلىك ئادەم قىياپىتىدە كۆرسۈتۈپ، ئۆزىگە رام قىلىدۇ. بۇ سوراقچىلارنىڭ ئويۇنلىرى، ھەر ئىككىلا خىلدىكى سوراقچىلارنىڭ تەكرارلايدىغىنى مۇنداق:

_ ئەگەر سەن كىشىلەرنىڭ ئىسىم - ئىزىملىگىنى ئېيتمىساڭ، شىركىتىڭنى ۋەيران قىلىۋېتىمىز! بىز ناھايىتى ئۇزۇنغىچە ساڭا دوستانە

مۇئامىلە قىلدۇق. سەن ھازىر جىنايەتچىلىك چېگرىسىدىن بىر قەدەم ئۆتۈپ كەتتىڭ. بىراق سەن ھېچنىمە ئېتمىدىڭ، ئىپادە بىلدۈرمىدىڭ.

_ مەن بىلىدىغىنىمنى سەنلەرگە ئېيتتىمغۇ، ئەمدى قانداق قىلىمەن، بىلمىگەن نەرسىنىڭ نىمىسىنى سەنلەرگە ئېيتىپ بېرەلەيتتىم _ دەيتتى ئۇ ئاۋازىنى كۆتىرىپ.

سواقچىلارنىڭ بىرى ئۇنى كۆزگە ئىلمىغان ھالدا شۇلارنى ئېيتتى:

_ بىز سېنى ھازىرغىچە ئۇرۇپ، قىينىمىغان بولساق، مېنى ھەرگىزمۇ ئۇرمايدۇ دەپ خام خىيال قىلمىغىن. ئەگەر سەن خەلقئارادا تونۇلۇپ كەتمىگەن بولساڭ، ئاللىبۇرۇن پاقالچەكلىرىڭنى چېقىۋەتكەن بولاتتۇق. شۇنى ئۇنتۇپ قالمىغىنكى، بۇ تۈرمىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرگەن ھەر قانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىدىن ئايرىلغان بولىدۇ! بىز جىنايەتچىلەرنى قانداق سوراق قىلىدىغانلىقىمىزنى ئەتە ساڭا كۆرسۈتۈپ قويىمىز!.

يەنە بىرى مۇنۇلارنى قوشۇمچە قىلدى:

_ بىز ساڭا سوراقتا ئۇزۇنغىچە يۇمشاق مۇئامىلە قىلدۇق! بۇ بىزنىڭ جىنايەتچىلەرگە قىلغان تۇنجى قېتىملىق ياخشى مۇئامىلىمىز. ئەمدى ھازىردىن باشلاپ بۇنداق سوراق تۈگىدى.

ئۇ، ھەر بىر ئېغىز سۆزلىگىنىدە قوللىرىنى رابىيە قادىرنىڭ كۆزىگە شىلتىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بارماقلىرىنى تىقىۋېتىدىغاندەك، ئەسەبىلىك قىلاتتى.

كېيىنكى كۈنى رابىيە قادىرنى مۇشۇ ئۇزۇن كارىدوردىن ئېلىپ مېڭىشتى. دوقمۇشتىن قايرىلغاندىكى، تەخمىنەن يىگىرمە كۇۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر بېتون ئۆيدە ئۇنى سوراق قىلماقچى. ئاردىن بەش مىنۇتمۇ ئۆتمىگەن ئىدى. بېتون تامنىڭ ئۇ تەرىپىدىن شۇنداق بىر دەھشەتلىك تېۋۇش ئاڭلانماقتا! بۇ تېۋۇش ئادەمنىڭ ئاۋازىمۇ، ياكى ھايۋاننىڭمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. تۇيۇقسىز غاچىرلىغان بىر ئاۋاز سول تەرەپتىكى تامدىن ئاڭلىنىشى بىلەن، ئوڭ تەرەپتىكى تامدىن نالە - پەريات كېلەتتى. بىر قانچە قېتىم شۇنداق تەكرارلاندى. بىر قانچە مىنۇت جىم - جىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن شۇنداق ئوچۇق بىر نالە، ئىڭراش ئاڭلاندى. بۇ ئادەمنىڭ ئاۋازى ئىدى.

« ئاھ! خۇدا! » دەيتتى رابىيە قادىر پىچىرلاپ. بۇ پەرياتمۇ ئۇ تامدىن ئاڭلىنىپ، بۇ تامدىن ئەكسى سادا قايتۇراتتى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئۆزىگە

بويسۇنمايتتى. ئۇ ئولتۇرغان ئورۇندۇق تىترىمەكتە. قورقۇنچتىنمۇ ياكى ئەشۇ دەھشەتلىك نالە - پەرياتىنىڭ ئاۋازىدىنمۇ ئىشقىلىپ يەر ـ بېتون تىترىگەندەك بىلىنەتتى. بۇ ھال سائەتلەرچە داۋام ئەتتى.

ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئۇيغۇر سوراقچى زوۋان سۇرمەكتە:

قانداق، ئاڭلىدىڭمۇ؟ بۇ دېگەن بىز ھەر كۈنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان مۇزىكا.

ئۇيغۇر سوراقچىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ھوزۇرلانغان باشقا خىتايلار كۈلۈشەتتى.

ئېيتىلىۋاتقان ھەر بىر سۆزنى ئايال كاتىپ يازاتتى. يەنە بىر سوراقچى داپرۇس قىلىشقا باشلىدى:

ئاڭلىدىڭمۇ؟ ھەر قانداق ساغلام، كۈچلۈك ئادەممۇ بۇ يەردە ئىككى پۈك بولىدۇ. سەن كىم ئىدىڭ زادى؟ قاراپ باقە يۈزۈڭگە، تاياقنىڭ تېۋىشىنى ئاڭلىغانغىمۇ شۇنچىلىك تاترىپ كېتەمدۇ كىشى! يۈزلىرىڭ ساماندەك سارغىيىپ، قەغەزدەك تاترىپ كېتىپتىغۇ!.

ئۇ، پۈتۈن كۈچىنى يوقاتقان ئىدى. ئۇ ئۆزىنى يىنىك پاختىدەك ھېس قىلاتتى. ئۇ بۇرۇنقى رابىيە ئەمەس، بۇرۇنقى رابىيە ئۇنى تاشلىۋەتكەندەك. مەھبۇسلارغا قىلىنغان ئىسكەنجە ئۇنىڭ يۈرىگىنى قامالىماقتا. قانداق ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنى قىيىنىغاندۇر ھە؟.

سوراقچى بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ رابىيە قادىرغا تىكىلىۋىدى، ئۇ بىر ئاز ئارقىغا داجىدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇلار ئىسكەنجىگە ئېلىنغان ئىككى نەپەر ئادەمنى كارىدورغا ئېلىپ چىقىپ رابىيە قادىرغا كۆرسەتتى. ئۇلار تەخمىنەن يىگىرمە، يىگىرمە بەش ياشلاردىكى يىگىتلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بېشى چۇشۇرىۋېتىلگەن. بىرىنىڭ ئىشتانلىرى قىپ - قىزىل قانغا بويالغان، ئىشتانىنىڭ پۇچقاقلىرىدىن قان سىرغىماقتا. قان ئۇنىڭ ئەۋرەت جايلىرىدىن ئېقىۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ بېشى جانسىز، تۆۋەنگە ساڭگىلاپ قالغان.

يەنە بىرىنىڭ يۈزلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. پۈتۈنلەي ئىششىپ، ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك. يۈزلىرىدىن قان تەپچىرەيتتى. ئۇنىڭ جاۋغايلىرىدىن ئۇيۇل - ئۇيۇل قان قۇيۇلاتتى.

ھەر بىرىنى ئىككى گۇندىپاي قولتۇقتىن يۆلىۋالغان. شۇ ئەسنادا سوراقچىنىڭ بىرى خورلاش يۈزىسىدىن مۇنداق دېدى:

ـ رابىيە قادىر! كۆردۈڭمۇ؟ سىنىڭ قەھرىمانلىرىڭ قانداق كۆرۈنىۋاتىدۇ؟

قارا بۇ قەھرىمانلىرىڭغا! ئۇلار ئەسلىدە سىزنىڭ مىللىتىڭنى، خەلقىڭنى ئازات قىلماقچى بولۇشقان. ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ باقسۇنچۇ!.

سوراقچى ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن، ھېلىقى يۈزلىرى كۆكىرىپ ئىششىپ كەتكەن يىگىت بېشىنى كۆتەردى. يەنە بىرى بولسا ھالسىز ئىدى.

_ سالام ھۆرمەتلىك ئانا! سىز بۇ يەرگە نېمىشكە كەلدىڭىز؟ جېنىم ئانا!

_ دېدى ۋە ئاستا ئىككى قولىنى ئىگىز كۆتىرىپ.

_ بىز بۇ يەرگە سىلەر ئۈچۈن كىرىپ قالدۇق _ دەپلا ماغدۇرىدىن كەتتى. ئۇ پۈكۈلگەن ئىدى. بىر گۇندىپاي ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ، بېشىنى ئۈستۈن قىلدى. سوراقچىنىڭ بىرى چالا ئۆلۈك يىگىتكە:

بۈگۈن ئۈچۈن يېتەرلىك خاپىلىق تارتتىڭ، ئەتە يەنە كۆرىشىمىز _ دېدى زەھەرخەندىلىك بىلەن.

يەنە بىر يىگىتنىڭ گەجگىسىدىن تۇتۇپ بېشىنى يوقۇرى قىلدى ۋە رابىيە قادىرغا كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى خۇددى ئەسكى چاپاننى سۆرىگەندەك كاردوردا سۆرەپ ئېلىپ كېتىشتى.

( شۇ ناملىق كىتاپ 330-340 بەتلەردىن )

( قوشۇمچە )

ھۆرمەتلىك مەنىۋي ئانىمىز، ئىنقىلاۋي رەھبىرىمىز قەھرىمان ئانا _ رابىيە قادىر خانىم بۇ كىتاۋى ئارقىلىق خىتاي خۇنخورلىرىنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى پۈتۈن دۇنياغا ئاشكارىلىدى.

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دات - پەرياتلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلاتتى. مەن بۇ مەزمۇندا ئارتۇق سۆزلەشنى خالىمىدىم. چۈنكى مۇشۇ باپلارنى ئوقۇغان كىشى ئەگەر ۋەتەندە تۈرمە ھاياتىنى ياشاپ كۆرگەن بولسا، شۇ تاپتا يۈرەك-باغرىنىڭ پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى ئېنىق.

ئۇ، بۇ كىتاۋى ئارقىلىق قانلىق لىيۇداۋان تۈرمىسىدە شېھىت قىلىنغان ئوبۇلقاسىم يۈسۈپنىڭ، ئابدۇلېھىمىت تالىپنىڭ، ئېدرىسخان ئۆمەرنىڭ، خېلىل ئالتۇننىڭ، ئىمىنجان مىجىت (ئىلھام) نىڭ، مەمتىمىن سېيىتنىڭ، ھەسەنجان ئىبراھىمنىڭ، يەنە نۇرغۇنلىغان قەھرىمان يىگىتلەرنىڭ روھلىرىنى شاتلاندۇرغۇسى!

ھۆرمەتلىك ئانا! بىز سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا پەرۋانىدەك جان پىدادۇرمىز!

## 43

بۇ كۈن، رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىگە قامالغاندىن بۇيانقى ئۆزىنى مەغلۇپ ۋە كۈچ - قۇدرەتسىز ھېس قىلىۋاتقان تۇنجى كۈنى ئىدى. ھەتتا ئۇنىڭ سوراقچىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگۈدەكمۇ مادارى قالمىغان ئىدى. ئۇنى بۇ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇۋاتقىنى، ئۇنىڭ ھېلىقى ئىككى نەپەر يىگىتكە قولىدىن ياردەم كەلمىگەنلىكىگە ئۆكۈنۈشى بولسا كېرەك. ئۇ ھېلىقى يىگىتلەرگە تىگىۋاتقان تاياقلارغا ئۆزىنى تۇتۇپ بېرەلمىگىنى، ئۇلارغا قالقان بولۇپ، ئۇلارنى قاتتىق ئىسكەنجىدىن قوغدىيالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى گۇناھكار ھېس قىلاتتى. ئۇ ۋۇجۇدىدا ئۇلارنىڭ ئىچ ئاغرىقىدىن باشقا ھېچنەرسە قالمىغاندەك سېزەتتى.

ھېلىقى يىگىتلەرنىڭ دەرتلىك ئىڭراشلىرى ھەپتە بويى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن كەتمەيتتى. ئۇ كېچىلىرى قارا بېسىپ تۈزۈك ئۇخلىيالمايتتى. ئۇ تاماقتىنمۇ، ئۇسسۇزلۇقتىنمۇ قالدى. ئۇ ئاچلىق ئېلان قىلغان ئىدى!.

ئۈچ كۈنگىچە ئۇنى سوراقخانىغا ئېلىپ چىقمىدى. ئۇ تىزىنى مەيدىسىگە تىرەپ، بىر نوقتىغا تىكىلگىنىچە قىمىرلىماي، پۈكۈلۈپ ئولتۇراتتى. سوراقچىلار تىللىسىمۇ، كۈلدۈرگە سۆزلىسىمۇ، غىدىقلىسىمۇ، سۆزلىگىن-دەپ يالۋۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. ھەتتا سوراقچىلار ئۇنىڭ كۆزىگە قوللىرىنى شىلتىسىمۇ كىرپىك قاقماستىن تىكىلىپلا ئولتۇراتتى. تۆرتىنچى كۈنى ئۇنىڭ لەۋلىرى ئاقىرىپ، گەز باغلاپ، چاك-چاك يېرىلىشقا باشلىۋىدى، ئۇنى سوراقتىن توختاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگىنى ۋە چۈشتە ئۇنىڭ ئالدىغا تاماقنى تىزىپ قويۇشاتتى. لېكىن ئۇ يېمەك ـ ئىچمەكلەرگە قول ئۇزارتمايتتى.

ئۇ ئەينى ۋاقىتتا، قۇرۇلتاي ۋەكىلى چاغلىرىدا، تۈرمىگە قامالغان كىشىلەر توغرىسىدا كۆپ نەرسىلەرنى ئاڭلىغان. ــ بىر يىگىتنىڭ سەبدېشىنى پاش قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن تىلىنى چىشلەپ ئۈزىۋەتكەنلىكى، سوراقچىلارنىڭ ئۇ يىگىتنىڭ ئۈچەيلىرىنى سۇغۇرۇپ تاشلىغانلىقى... قاتارلىق دەھشەتلىك ئەھۋاللاردىن شۇ چاغلاردا ئېنىق خەۋەردار بولغان ئىدى.

لېكىن ئادەمنىڭ بىر ھادىسىنى ئاڭلىغانلىقى بىلەن، ئۆز كۆزى بىلەن

كۆرۈشى، ئۆزى ياشىشى بىر بىرىدىن تولۇق پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىككى تۇرلۇك ئەھۋال.

دات! دەپ زۇۋان سۈرەلمەيدىغان تىلسىز، قايغۇ - ئازاپلىق تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا زەھەردەك قۇيۇلماقتا ئىدى. گۇندىپايلار ئۇنىڭ ئەھۋالىغا دىققەت قىلمايتتى. ئۇ بارغانسىرى يۆلىمىسە ئورنىدىن تۇرالمايدىغان ھالغا كەلدى.

ئۇ ئاچلىق ئېلان قىلىپ يەتتىنچى كۈنى يىگىرمىدىن ئارتۇق ئۇيغۇر، خىتاي بولۇپ، بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى كامىرغا كىرىپ كېلىشتى. ئۇنىڭ ئىككى نەپەر كامىردېشى ئۇنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى. ئۇ ئىككى قولىنى ئىككى ياققا تاشلاپ، ماغدۇرسىز قوللىرىغا تايىنىپ، ئۆزى ئولتۇردى. ئارىدىن بىر ئۇيغۇر خادىم سۆز ئاچتى:

_ سىز يەتتە كۈندىن بۇيان ھېچنىمە يېمىدىڭىز، لېكىن شۇنداق ياخشى كۆرۈنىسىز يەنە. مەن ئويلايمەنكى، سىز قاتتىق بەرداشلىق بېرىپسىز! سىز ئون بىر بالىنىڭ ئانىسى. سىز نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەن! ئەگەر سىز تۇرمىدىن چىقسىڭىز يەنە نۇرغۇن پۇل تېپىشىڭىز كېرەك. بەلكىم سىز ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان يەنە نۇرغۇن ئارزۇلىرىڭىز باردۇر! بەلكىم باللىرىڭىزنىڭ تويىنى بىرگە ئوينىغىڭىز باردۇر! بەلكىم سۆيۈملۈك يولدىشىڭىز بىلەن، دوستلىرىڭىز بىلەن يەنە ئۇچرىشىشنى ئارزۇلايدىغانسىز! ئويلاپ بېقىڭا، سىز ئۆز ئوزىڭىزنى ھالاك قىلىۋەتسىڭىز، سىزنىڭ ئەخلاقىڭىزغا ئويغۇن كېلەمدۇ؟ ئارىمىزدا ئىككى نەپەر دوختۇر بار. ئۇلار سىزگە گىلىكوزنى ماڭدۇرىدۇ. سىز بۇنداق ئۆلۈپ كەتسىڭىز بولمايدۇ!.

ئۇ ھېلىقى ئادەمگە ئۇنچىقماستىن تىكىلەتتى ۋە ئاغزىغا كەلگەننى دېيىشىپ، پىخىلدىشىپ كۈلۈشىۋاتقان باشقا خادىملارغا قارىتىپ تۈكۈردى. ئىككى مۇرىسىدە يوقۇرى ئەمەلدارلىق مەنسەپ بەلگىسى تاقالغان بىر خىتاي قول ئاستىدىكىلەرگە تېنچ تۇرۇش بۇيرۇغى چۈشۇردى. ھېلىقى ئۇيغۇر يەنە سۆزلەيتتى:

رابىيە قادىر، تاماق يەڭ! بولمىسا ئۆزىڭىزنى قىيىنغان بولىسىز. بىزدە مەجبۇرى تاماق يىگۈزۈش ئەسۋاپلىرىمۇ بار.

ئۇلار مەجبۇرى تاماق يىدۇرۇش ئەسۋاپلىرىنى ئىشلىتىش ئۇچۇن ئۇنىڭ ئاغىزىنى ئاچتۇرالماي ئاخىرى:

_ بولدى، بىز خاتالىقلىرىمىزنى تۈزىتەيلى، شەرتلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ _ دېدى.

بەلكىم، بىر ئاز بولسىمۇ ئۆزگەرتىشكە كۈچۈم يېتىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس- دەيتتى ئۇ ئۈمۈتلىنىپ.

ئۇ لەۋلىرىنى بىر ئاز نەملىۋالغاندىن كېيىن بوغۇق ئاۋازدا شەرتلىرىنى ساناشقا باشلىدى:

1. مېنىڭ خىتاي كامىردېشىم بۇ كامىردىن يوقالسۇن.

2. مەن ھەر كۈنى كارىدوردا تەخمىنەن ئون بەش ياكى يىگىرمە ياشلاردىكى بىر قىزنىڭ ئىسكەنجىگە ئۇچراپ نالە قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلايمەن، بۇگۈندىن باشلاپ ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىش، ئۇنى ئازاپلاش توختىتىلسۇن.

3. سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردىكىلەر قاتتىق ئۇرۇپ، قىيىنغان ھېلىقى ئىككى نەپەر يىگىت بىلەن سۆزلىشىمەن. ئۇلار ئالدى بىلەن دوختۇرخانىغا ئەۋەتىلىشى كېرەك. ھەم شۇنىمۇ بىلىشىم كېرەككى، سەنلەر ئۇلارنى قانداق ئەسۋاپلار بىلەن قىيناشتىڭ.

4. مېنى سوراق قىلىشتىن توختىشىڭ كېرەك.

5. مېنىڭ باللىرىم مېنىڭ مۇشۇ تۈرمىدە تۇرىۋاتقانلىقىمنى بىلەمدۇ؟ شۇڭا باللىرىم بىر ئىككى بەت خەت يېزىپ، خېتىدە مېنىڭ لىيۇ داۋان تۈرمىسىدە ئىكەنلىكىمنى بىلگەنلىكلىرىنى ئەسكەرتسۇن.

ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئىككى خادىم خاتىرلىدى. ئۇ يەنە بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن قوشۇمچە قىلدى:

_ مۇشۇ كارىدوردىكى بىر كامىردا كىچە – كۈندۈز_« بىر پىيالە سۈيۈق ئاش» دەپ نالە - پەريات قىلىدىغان بىر ئايال بار. ئەشۇ ئايالنى مېنىڭ يېنىمغا يۆتكەپ بېرىسىلەر. ئۇ ئايالنىڭ تەلىۋى ئۈچۈن بىر قانچە قاپ تەييار چۆپ، سېرىق ماي بېرىسىلەر. ئۇنىڭدىن باشقا مېنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىر تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللىنىشىنى تەلەپ قىلىمەن. يەنە مەن ئادۇكاتىم بىلەن سۆزلىشىمەن.

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغان ھېلىقى ئۇيغۇر:

_ بولىدۇ، سىزنىڭ شەرتلىرىڭىز قوبۇل قىلارلىق ئىكەن، بىز بۇ توغۇرلۇق ئويلىشىپ كۆرەيلى _ دېدى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇنى بىر سوراقخانىغا ئېلىپ چىقىشتى. ئۇلار ئۇنىڭ تەلەپلىرىنىڭ بىر قىسمىنى قوبۇل قىلىشقان ئىدى. يەنى ھېلىقى « سۈيۈق ئاش » دەپ نالە قىلىدىغان ئايال _ ئامىنەنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلدىغان بولدى. خېلە كۆپ تەييار چۆپمۇ بېرىلدى. ئۇنىڭ كامىرىدىكى

ھېلىقى خىتاي مەھبۇسنى باشقا بىر كامىرغا يۆتكىۋېتىشتى. ئۇنىڭ تەلۋىي بويىچە بالىلىرىدىن بىر پارچە مەكتۇپمۇ يېتىپ كەلدى.

« سۆيۈملۈك ئاپا! بىز سىزنى ئىزدىمىگەن يەر قالمىدى. لېكىن سىزنى تاپالمىغان ئىدۇق. بىز قايغۇردۇق، ئۈمىدسىزلەنگەن ئىدۇق. سىدىق ھاجى روزى ئاكىمىز سەندىن ئەندىشە قىلىپ ئەقلىدىن ئادىشىپ قالاي دېدى. سەن بىزنىڭ ئانىمىز. شۇنداقلا سىزنى سۆيىدىغان، سەن پەخىرلىنىدىغان – خەلقىمىزنىڭ ئانىسى! بىز ئىشىنىمىزكى، سەن يەنە داۋاملىق جەسۇر، كۈچلۈك ئىكەنلىكىڭنى كۆرسىتەلەيسەن! بىزنىڭ سەندىن كۈتىدىغىنىمىز شۇكى، سالامەتلىكىڭنى ۋە ئۆزەڭنى ئاسرىغىن! ».

خەتنى روشەنگۈل يازغان بولۇپ، باشقىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىشقان ئىدى. ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىر خىتاي مۇنداق دېدى:

– سىز بىزنىڭ نەقەدەر ئادىل ئىكەنلىكىمىزنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز، سىزنى دۈشمەن كۆرمەستىن، يامان كۆرمەستىن بۇ خەتنى سىزگە يەتكۈزدۇق. بالىلىرىڭىز ھازىر تۈرمە دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا.

ئۇنى يۆلەپ بىر دەرىزىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىشتى. تۈرمە دەرۋازىسى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ بالىلىرى كۆرۈندى. لېكىن ئۇلار بەك يىراقتا بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ بالىلىرىنىڭ يۈزىنى ئوچۇق پەرق ئېتەلمىدى. ئۇ قولىنى ئاران تەسلىكتە كۆتۈرۈپ، بالىلىرىغا سالام بەردى. بالىلارمۇ قول كۆتۈرۈشۈپ سالام قايتۇرۇشتى. شۇ ئەسنادا خادىملار ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ تۆۋەنگە باستى. تەخمىنەن يېرىم مىنۇتتەك تەلپۈنۈشتىن كېيىن، ئۇنى سوراقخانىغا قايتۇرۇپ كېلىشتى.

شۇ ئاخشىمى ئىككى نەپەر گۇندىپاي ئامىنەنى ئۇنىڭ كامىرىغا ئېلىپ كىرىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى كۈلۈمسىرىگەن ھالدا سورىدى:

– سەن بۇ ئېغىر كېسەلگە قارىيالامسەن؟.

– ھە، قارايمەن.

– بۇ ئايالنىڭ ئاشقازان راك كېسىلى بار، ئۇزۇن ياشىيالمايدۇ. سېنىڭ شەرتىڭنى ئورۇنلاش ئۈچۈنلا يۆتكەپ كىردۇق. بىز بۇندىن بۇرۇن ئادەم ئۆرمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ئۇرمايمىز.

ئۇلار چىقىپ كېتىشتى.

ئۇنىڭ تەلەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلىمىدى. لېكىن ئۇ ئەڭ ئاز بولسىمۇ نەتىجە چىقاردى.

ئامىنە دېھقان ئايال بولۇپ، تەخمىنەن ئەللىك ياشلاردا، بەش بالىنىڭ ئانىسى، ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك نامراتكى، بالىلىرىنىڭ تويىنى قىلغۇدەك ئىمكانىيىمۇ ئىگە ئەمەس. ئۇنىڭ كەنجىدىكى نۇرغۇن تۇڭگانلار زەھەرلىك چېكىملىك سېتىش بىلەن باي بولۇپ كېتىشكەن. شۇنچىلىك تېزلا ھەر بىر ئائىلىدىن ئىككى - ئۈچ كىشى چېكەرمەن بولۇپ كەتكەن. ئامىنەنىڭ ئۈچ ئوغلى شۇلارنىڭ قاتارىدىن. ھەم چېكىملىك ساتقۇچى جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنغان. لېكىن ھەر ئاخشىمى ئۇنىڭ تۇڭگان خوشنىسىنىڭ ھويلىسىدا ساقچىلار ئولتۇرۇش قىلىشىدۇ. ئامىنە ھەر ئاخشىمى ئۆگزىگە چىقىپ، ئاللاھقا نالە قىلىپ ھۆ تارتىپ يىغلايدۇ:

« ئەي خۇدا! ئەگەر سەن ئادىل بولساڭ ئوغۇللۇرۇمنى قايتۇرۇپ بەر! ».

ئۆزلىرى ئۈچۈن ئامىنەنىڭ كۈندىن - كۈنگە خەتىرى چوڭىيىۋاتقانلىقىنى بايقىغان تۇڭگانلار ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ جىمىقتۇرۇش تەكلىۋىنى قويۇشىدۇ. لېكىن ئۇ پۇلنى ئېلىشنىڭ ئورنىغا ئۇلارنى پاش قىلماقچى بولىدۇ. ئەمما شۇ ئاخشىمىلا ئامىنە قولغا ئېلىنىدۇ. تۇرمىگە قامالغان مەھبۇس ئەسلىدە ئۈچ ئاي ئىچىدە دىلوسى تۇرغۇزۇلۇپ، سوتقا تاپشۇرلۇشى كېرەك. بىراق ئامىنە ئىككى يېرىم يىلدىن بۇيان سۇئال-سوراقسىز تۇرمىدە ياتماقتا. كۈن بويى ئۇنىڭ نالىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى:

« ھاياتىمدا بىر قېتىم لەغمەن يەپ باققان بولغىمىتىم. نېمىشكە لەغمەن يېيىشتىن مەھرۇم بولدۇم! ».

ئامىنە قۇرۇپ كەتكەن ئىسكىلىتقىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئۇ كامىردىكى ھاجەتخانىغا تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئۆمىلەپ باراتتى. ئۇ ھاجىتىگە ئۆزى ئولتۇرالمايتتى. رابىيە قادىر ئۇنىڭغا ياردەملىشەتتى. گۇندىپايلار ھېلىقى تەييار چۆپنى قايناقسۇ بىلەن ئۇدۇللۇق ئەكىرىپ بېرەتتى.

ئامىنە بولسا قايناقسۇدا دەملەپ ئىسسىتقان تەييار چۆپنى مەززە قىلىپ چايناپ تۇرۇپ:

_ ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەم جېنىمغا رازى! خۇدا مۇرادىمغا يەتكۈزدى! - دەپ شۈكرى ئېيتاتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئامىنە ئۆز ھاجىتىگە ئۆزى بارالايدىغان بولدى. ئۇنىڭ يۈزلىرىمۇ رەڭ تۇزۇپ قالغان ئىدى.

رابىيە قادىر سوراقخانىدا ئامىنە توغۇرلۇق سۆزلەپ، سوراقچىلارغا ئارام بەرمەيتتى:

_ مەن سوتقا ئەرىز قىلىمەن. سەنلەرنىڭ قانۇنلىرىڭدا نىمىلەرنىڭ بارلىقىنى مەن ياخشى بىلىمەن.

ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان مەھبۇسنىڭ ئاخىرقى كۈنىنى ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئەشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەھبۇسنىڭ جىنايىتىنى پۇل بىلەن ھەل قىلىشقىمۇ رۇخسەت. شۇڭا ئۇ كېسىپ ئېيتتى:

_ مەن ئامىنەنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن سىلەرگە بىر چەك يېزىپ بېرەي، ئۇنى قىينىماڭلار!.

شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن كېيىن ئامىنەنى ئېلىپ ماڭماقچى بولۇشتى. لېكىن ئامىنە رابىيە قادىرغا مەھكەم ئېسىلىۋالغان ئىدى. ئۇلار مىڭ تەسلىكتە ئۇنى ئاجرىتىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىر قانچە سائەتتىن كېيىن ئۇ يەنە قايتىپ كەلدى. ئۇ بەئەينى ھەيكەلگىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى.

_ ئۇلار ماڭا توققۇز يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىشتى! مېنىڭ قايسى گۇناھىم ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ؟! مەن نېمە خاتالىق قىلغان؟ _ دەپ يىغلايتتى ئۇ نالە قىلىپ. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنى قايتا سىرتقا ئېلىپ ماڭماقچى بولغاندا ئۇ يەنە رابىيە قادىرغا مەھكەم ئېسىلىۋالدى. شۇ ئەسنادا بىر ئۇيغۇر ئايال گۇندىپاي ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى:

_ سەن ئەمدى ئۆيۈڭگە قايتىسەن، چۈنكى سېنىڭ جازايىڭنى بىر شىركەت( بۇ رابىيە قادىرنىڭ شىركىتى ئىدى ) پۇل تۆلەپ سېتىۋالدى. ئەگەر خالىساڭ رابىيە قادىرنىڭ يېنىدا قالساڭمۇ بولىدۇ _ دەپ چاخچاقمۇ قىلدى.

ئامىنە شۇنچىلىك ئالدىراش نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرماقتا. ئۇ رابىيە قادىر بىلەن خوشلىشىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قالغان ئىدى.

رابىيە قادىر دىققىتىنى يىغىشقا، ئۆزىنى ئاسراشقا تىرىشاتتى. ئۇ ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكۈزمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئاخىرقى سوراقلار تۈگىگەندىن كېيىن گۇناھسىزلىقى ئىسپاتلىنىپ، تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

تۈرمىگە قامىلىپ قىرىق بەشىنچى كۈنى ئىدى، سوراقچى چاخچاق قىلىپ:

_ بۈگۈن بىزنىڭ سەن بىلەن خوشلىشىدىغان كۈنىمىز، سېنىڭ دەرىجەڭنى بەك يوقۇرى قىلىۋەتتۇق _ دېدى رابىيە قادىرغا. ئاندىن تېخىمۇ

قاقاخلاپ كۈلۈپ داۋام قىلدى:

ـ ئويلىشىمىزچە سەن ھەقىقەتەن بەختلىك ئايالكەنسەن. چۈنكى سەن قىزغىن ۋە يۇمشاقلىق بىلەن سوراق قىلىندىڭ. بىز سېنى ئۇرمىدۇق. بىز سېنى ھېچنىمىگە مەجبۇرلىمىدۇق. بىز ساڭا تەھدىت سالمىدۇق. بۇ ھەقتە ئۆز قولۇڭ بىلەن يازما ئىپادە بىلدۈرسەن.

ئۇ قەلەمنى ئېلىپ يېزىشقا باشلىدى:

« سوراقچىلار مېنى ئۇرمىدى، لېكىن روھى جەھەتتىن قاتتىق قىينىدى. ماڭا روھى بېسىم قىلىش يۈزىسىدىن، ئۇلار ئىككى ياش بالىنى قاتتىق قىيناپ ئۆلتۈرىۋەتتى » .

ئۇنىڭ يازمىسىدىكى « ئىككى ياش بالىنى ئۆلتۈرىۋەتتى » دېگەن سۆز ئۇستىدە سوراقچىلار غەۋغا كۆتىرىشتى:

ـ ياق، بىز ئۇلارنى ئۆلتۈرىۋەتمىدۇق. ھەر ئىككىلىسى ھايات.

سوراقچىلارنىڭ بىرى دولىسىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى:

ـ نېمە دەپ يازساڭ يېزىۋەر بىز ئۈچۈن بەرىبىر. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن بىز سېنى ئۇرمىغانلىقىمىزغا ئۆزەڭ گۇۋاچى. بىزنىڭ ھەر بىر سۆزلىرىمىزنى ئەسلىگىنىڭدە بىزنى سېغىنىسەن تېخى! چۈنكى قاتتىق قول، ئېغىر سوراقلار ئالدىڭدا سېنى كۈتۈپ تۇرماقتا!.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئون كۈۋادىرات مېتىرچە كىچىك يالغۇز كىشىلىك كامىرغا يۆتكىدى. كامىردا بىر كىشىلىك تۆمۈر كارۋات. كارۋاتنى كىرلىشىپ كەتكەن كونا بىر يوتقان. كارۋاتنىڭ يېنىدا بىر كىچىك ئازگال - چۇقۇرچاق بولۇپ، خالا جاي ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. تەرەت - چىقىرىندىلار تۆرت كۇنگچە ئەشۇ چۇقۇرچاقتا تۇرۇپ، كېيىن گۇندىپايلار سۇ تۇربىسى ئارقىلىق سۇ ماڭدۇرۇپ تازىلايدۇ. كامىر ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە سېسىمچىلىق پۇراپ كېتىدۇ. بۇ كامىردا مىدىرلاتقۇدەك ھېچ نەرسە يوق. تۇتقىدەك ياكى يۆتكىگىدەك ھېچنىمە يوق.

تورۇسىغا يېقىن يوقۇرى بۇلۇڭدا ئۇنى كۈزىتىپ تۇرىدىغان ۋىدىيو كامېرا بار. تۆمۈر ئىشىكتە تاماق قاچىسى پاتقۇدەك بىر كاما بولۇپ، تاماق بېرىلىدىغان ۋاقىتتىن باشقا چاغلاردا تاقاقلىق تۇرىدۇ. ئۇ ئىشىك تەرەپكە پەقەت كىمدۇر بىرى تاماق ئۇزاتقاندىلا بارالايدۇ. ئۇنىڭ ھەتتا تاماق بەرگۇچىنىڭ يۈزىنىمۇ كۆرۈشىگە رۇخسەت يوق.

ئەتىگىنى ناشتىلىققا يومدان - سىقماق ئاش، چۈشلۈك تاماق يەنە يومدان

ۋە ئەخلەتتىن بەتتەر كۆكتات قايناتمىسى. ئاخشىمى يەنە يومدان.

ئۇ بېرىلگەن « تاماق » نى بەلگىلەنگەن _ بەش مىنۇت ئىچىدە يەپ بولۇشى كېرەك. ئاندىن تاماق قاچىسىنى ھېلىقى كاماردىن قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ كۆپۈنچە « تاماق » نى يەپ، قاچىسىنى ئۇزىتىپ بېرىپلا سەپرا قىلىپ ياندۇرىدۇ.

كامىرغا ھېچ بىر جانلىق _ ھەتتا ھاشارەت، ئۆمۈچۈكمۇ كىرمەيدۇ. شۇنچىلىك يالغۇزچىلىق. يۆلەنگۇدەك بىر نەرسىمۇ يوق.

ئۇ بىرىنچى كۈنى كېچىچە كىرپىك قاقمىدى. كېيىن ئاستا - ئاستا يېڭى مۇھىتقىمۇ كۆنۈپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭغا ئاساسەن ئۇيغۇر گۈندىپاي ئايالىلار قارايدۇ. ئۇنى ھەر ئون بەش كۈندە بىر قېتىم تۈرمە ھويلىسىغا ئاسماننى كۆرسەتكىلى ئېلىپ چىقىدۇ. بەزىدە يېرىم سائەتچە رۇخسەت قىلىنىدۇ. لېكىن ۋاقىت دېگەن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىدىغان نەرسە ئىكەن. يېرىم سائەت ۋاقىت _ ئىككى مىنۇتتەكلا تېز ئۆتىدۇ. ئەگەر خىتاي گۈندىپايلار ھاۋالاندۇرىدىغان بولسا، قىرىق بەش كۈندە بىرلا قېتىم _ بەش مىنۇت ياكى ئون مىنۇت ۋاقىت بېرىدۇ. ئۇ چاغدىكى ۋاقىت بىر قېتىم نەپەس ئالغاندەكلا تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. تۈرمە ھويلىسىمۇ ئانچە كەڭرى ئەمەس. ئارانلا ئون بەش مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتا، يەتتە مېتىرچە كەڭلىكتە.

بەزىدە ئۇ باشقا مەھبۇسلارغا يۈزمۇ - يۈز كېلىپ قالىدۇ. سۆرەتتەك بىر گۈزەل قىز! ئون سەككىز ياشلاردا. پۈتىدىكى ئىشكەلگە بىر قولى چەپراس قىلىپ چېتىلغان، ئۇ قىز ھويلىنىڭ ئۇ تەرىپىدە قىيپاشلاپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ بىر بىرىگە يېقىن كېلىشى مەنئى قىلىنغان. ئۇ قىز سىياسى مەھبۇس بولۇپ، ئۇ شۇنداق جازالاندۇرۇلماقتا ئىدى.

ئۇ ئەشۇ ئىشكەل سېلىنغان قىزنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر شېئىر، بىر مۇڭلۇق ناخشا لەرزىگە كېلىشكە باشلىدى. بۇ ناخشا ئۇنىڭ ھېس تەسەۋۋۇرلىرىدىن ئەمەس، بەلكى بىر ئانىنىڭ كۆز ئالدىدا قىزىغا قىلىنىۋاتقان ئازاپ ئوقۇبەتتىن كېلىۋاتقان ۋە جانلىق ئىنسان تۇرۇپمۇ، ھېچ نەرسىگە مادارى يەتمەيدىغان ئاجىز بىر دۇنيادىن كېلىۋاتقان مۇڭلۇق لېرىكا ئىدى.

ئىنسان ئەشۇنداق يالغۇزلۇقتا ھەركەتسىز، ئۈن - تىنسىز سائەتلەپ ئولتۇرغىنىدا ئۇنىڭ ھەر بىر ئارزۇلىرى، ھەربىر ئۈمىتلىرى توزۇپ كېتىدىغان گەپكەن. كىشىنىڭ ھاياتىدىكى ئىشلار سۈرەتتەك كۆز ئالدىدا پەيدا بولىدىكەن.

ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بارلىق ھاياتى شۇ تاپتا فىلىمدەك كۆز ئالدىدىن بىر بىرلەپ ئۆتمەكتە. ئۇنىڭ يۇرتى، ئۇنىڭ بالىلىرى، ئۇنىڭ سۆيۈملۈك يولدىشى، ئۇنىڭ دوستلىرى يىگىرمە تۆرت سائەتلەپ ئۇنىڭ بېشىدا ئەگىپ تۇرىدۇ.

ئۇ كىچىك چاغلىرىدا كۆرگەن ئالتايىنىڭ كۆك ئاسمىنىنى سېغىناتتى. ئۇ ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى، مۇڭلۇق ناخشىلارنى سېغىناتتى. ئۇ تىجارەت ئارقىلىق ئۆزىنى مەشھۇر قىلغان كوچىسىنى سېغىناتتى.

ئۇ ئۆز - ئۆزىنى يوقىتىش بىلەن، سەبىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئارىسىدا تۇرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. تۈرمە ھويلىسىدىكى مەھبۇسلار بەئەينى ماشىنا ئادەمگە ئوخشايتتى. ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى ئۆز مەيلىچە مىدىرلىيالمايتتى. ئەگەر كىمدۇر بىرى، يەنە بىرلىرىگە قارىشىپ قالغان بولسا، ياكى ئۆز مەيلىچە تۇرغان يېرىدىن يۆتكىلىپ قالغان بولسا، قاراۋۇل ۋە گۇندىپايلارنىڭ دەھشەتلىك ۋارقىراشلىرى ئۇلارنىڭ زوراۋانلىقلىرى كىشىنى تېخىمۇ قورقۇنچقا سالاتتى.

ئۇ كامىردىمۇ ئۆز مەيلىچە قىمىرلىيالمايتتى. تاماق يېيىش، خالاغا ئولتۇرۇش، يېتىش، ئولتۇرۇش، قوپۇش، ھەممىسى كۆزۈتۈش ئاپپاراتىدىن كەلگەن بۇيرۇق بىلەن. يىگىرمە تۆرت سائەتلەپ گىرىمسەن يېنىپ تۇرىدىغان چىراق يورۇغىمۇ، كىشىنى بىزار قىلاتتى. ئۇ بىر ئاخشىمى ئۇخلاش ئۈچۈن بېشىنى يوتقان بىلەن پۈركىۋالغان ئىدى، كۆزىتىش ئاپاراتىدىن ئاۋاز كەلدى:

ھەي! بېشىڭنى پۈركىمە، دەرھال ئېچىۋەت! .

ئۇ ئىتائەت قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىتائەت قىلىشى ئۆزىنى تاپشۇرۇپ، بوي سۇنغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى داۋاملىق ماجرالىشىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى.

يالغۇزلۇقتىكى ھەر بىر دەقىقە گوياكى مەڭگۈلۈك! چەكسىز ۋاقىت ئىدى. ئۇ ھېچ بولمىغاندا كۈندە بىر قېتىم بولسىمۇ، ئۆز مەيلىچە مىدىرلىۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن ئۇ قىمىرلىماستىن ئولتۇرۇشى كېرەك. كۈندىن - كۈنگە، ھەپتىدىن - ھەپتىگە، ئايدىن - ئايغا شۇنداق ئولتۇرۇش كېرەك.

ھەر تۆرت ھەپتىدە بىر قېتىم مەھبۇسلارنى ئوپچە يۇيۇندۇرىدۇ. ئەللىك نەپەر ئايالنىڭ يېرىم سائەت ئىچىدە يۇيۇنۇپ بولۇشى شەرت. ئۇلار كىيىملىرىنىمۇ بىرگە يۇيىۋېلىشىدۇ. سۇ تامچىلاپ تۇرغان يۆل كىيىمنى يەنە كېيىش كېرەك.

ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل ۋاقىت تۈرمە ھويلىسىغا چىقىدىغان كۈن ئىدى. شۇ كۈنى يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇپ كېتەتتى. ئۇ ئۈمۈتلىنەتتى. بىر ئاز بولسىمۇ بۇرۇنراق سىرتقا ئېلىپ چىقسا ھە! _ دەپ جېنى تاقىلدايتتى! ئۇ ئەشۇ كۈننى يوشۇرۇن ساناپ، تامغا بىلىنمەس سىزىلايتتى _ يەنە ئون كۈن قالدى، يەنە توققۇز كۈن قالدى، يەنە سەككىز كۈن قالدى، ئۇلار مېنى سىرتقا _ ئاسماننى كۆرسەتكىلى ئېلىپ چىقىدۇ.

ئۇ بىرەر ئاياق تېۋىشىنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا مېنى سىرتقا ئېلىپ چىقسا كېرەكدەپ ئۈمۈتلىنەتتى. ئۇنىڭ يۈرەكلىرى كۆكرەك قەپىسىنى بۆسۈۋېتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ كېتەتتى. بىراق ھېلىقى ئاياق تېۋىشى بىردىنلا جىمىقىپ تىمتاس بولاتتى.

ئۇ تۈرمىگە قامالغان دەسلەپكى ئايدا ئۆز ئائىلىسىنى، ئۆز پەرزەنتلىرىنى سېغىنغان ئىدى. ئەمدى يالغۇز كىشىلىك كامىرغا قامالغان دەسلەپكى ئايدا بولسا، يېقىن ئەتراپىدا بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشىنى ئىزدىنەتتى. ھەتتا سوئال سوراش ئۈچۈن سوراقچىلارنىڭ كېلىپ قېلىشىنىمۇ ئۈمۈت قىلاتتى!.

دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە:

_ بىزنى بەك سېغىنغانسەن؟ _ دەپ سالام بەرگىنىچە كىرىپ كېلىشتى سوراقچىلار. ئۇلار يەنە ئاۋالقىدەك تەكلىپ بىلەن كېلىشكەن ئىدى:

_ سەن باي پېتىم قېلىۋېرىسەن، لېكىن سىياسى ئىشلارغا ئارىلاشمايسەن!

_ سىلەرنىڭ ئاۋازىڭلارنى ئاڭلاش نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك _ دېدى ئۇ يەنە ئاۋالقىدەك ئىسيانكار قىياپەتتە. بىراق ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىگە پەچىمە بەردى:

_ ئادەتتە بىز بۇ يەرگە سېنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كېلىمىز. لېكىن سەن داۋاملىق بىز بىلەن قارشىلىششتا چىڭ تۇرىسەن. سېنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلمىساق، ھېچقاچان ئوخشاش كادىرلار تەكرار سوراق قىلغىلى كەلمىگەن بولاتتۇق.

ئاخىرقى سوراق شۇنداق بىر قانچە جۈملە بىلەن تۈگىدى. ئاخىرقى سوراقتىن كېيىن مەھبۇس ياكى گۇناھسىزلىقى ئىسپاتلانسا قويۇپ بېرىلىدۇ ياكى دىلو تۇرغۇزۇلۇپ سوتقا تاپشۇرىلىدۇ.

( شۇ نامىلىق كىتاپ 340-350. بەتلەر )

(قوشۇمچە )

تۈرمە شۇنداق سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق، يېقىمسىز، نەپرەتلىك بىر جاي. ئۇ ئادەمنى _ مەھبۇسنى سىناقتىن ئۆتكۈزىدىغان، مۇرەسسەسىز ئىمتىھان ئورنى. ئۇ بەزەنلەرنى تاۋلاپ يېتىلدۈرسە، بەزەنلەرنى ئېزىپ يىمىرىدىغان جاي.

تۈرمىدىكى ھەر بىر دەقىقە بىر ئۆمۈرگە تەڭ بەختسىزلىكنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

تۈرمىگە گۇناھسىز كىرىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر، روھى سىقىلىشقا چىداشلىق بېرەلمەي خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ _ ئۆزىنىمۇ، بىخارامان يۇرگەن باشقا سىرداشلىرىنىمۇ تۈگىمەس بالاغا گىرىپتار قىلىدۇ.

تۈرمە بەزەن كىشىلەرگە نىسبەتەن سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرىدىغان ئەقلى تاكامۇللىشىش ئورنى.

لېكىن بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا _ تۈرمە دۇنيانىڭ دوزىخى! يەنى جەھەننەم ئازابىنىڭ ھاياتقا بىر خىل تەتبىقلىنىشى.

تۈرمىدە قەھرىتان سوغاقتا توڭلاپ كەتكەن ئادەم « دۇنيادا ئىسسىقلىق دەيدىغان نەرسە مەۋجۇتمىدۇر » دەپ ئىڭرىسا، تومۇز ئىسسىغىدا مېڭىسى قايناپ كەتكەن ئادەم « دۇنيادا سالقىندىغۇدەك يەر بارمىدۇر » دەپ نالە قىلىدۇ. ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق جاندىن ئۆتىدۇ.

چېكىدىن ئاشقان خورلۇق، ھاقارەت، جىسمانى ئازاپ، تەن جازاسى، تەھدىت، روھى ئازاپتا ئادەم بالىسى كۈندە مىڭ ئۆلۈپ، ئامالسىز مىڭ تىرىلىدۇ. جان - ھاياتلىق يەنە ھەممىدىن تاتلىق!.

ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان كىشىنىڭ ئىڭراشلىرى جان قايغۇسىدۇر. بارلىق ئازاپقا _ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇققا، تۈرلۈك تەن جازاسىغا، تىلغا ئالغۇسىز خورلۇق، ھاقارەتكە چىداپ، « پەقەتلا ھايات قالسام » دەپ ئىڭرايدۇ.

ئىنسان ئۈچۈن بېرىلىدىغان جازانىڭ ئەڭ دەھشەتلىكى، ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى يالغۇزلۇق جازاسىدۇر.

مەسىلەن:

ئۆلۈم جازاسى ئىنسانغا بېرىلگەن روھى جازادۇر. چۈنكى ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى ئالدىن بىلگىنىدە، پەقەت ئۆزىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلمەكچى بولغانلىقى روھى جازادىن ئىبارەتتۇر. بۇ جازا تەنگە ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن روھقا بېرىلگەن جازادۇر. بىراق ئىقرار قىلسا ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدىغان، ئەمما جىنايى پاكىتنى ئۆزىدىن باشقا بىر كىم

بىلمەيدىغان، گۇمان بىلەن تۇتۇپ تۇرۇلغان مەھبۇسنى ئىقرار قىلدۇرۇشنىڭ بىرلا چارىسى يالغۇز قاماشتۇر. ئۇ ئەشۇ يالغۇزلۇق ئىلكىدە جاندىن ـ تاتلىق جېنىدىن بىزار بولۇپ، ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان جىنايى پاكىتلارنى ئاشكارىلايدۇ ۋە ئىقرار قىلىدۇ.

بىزنىڭ قەھرىمانىمىز رابىيە قادىر تۈرمىدىكى بارلىق ئازاپلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆز مەقسىدىگە يەتتى. ئۇ خىتاينىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئاشكارىلىدى. خىتاي « جىنايەتچىلەرگە كىشىلىك ھوقۇق بويىچە ئادىل ۋە ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىمىز » دەپ دۇنياغا ئېلان قىلغان « جىنايەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئاق تاشلىق كىتاپ » نىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى بۇ كىتاۋى ئارقىلىق پاش قىلىۋەتتى. ئۇ خىتاينىڭ تۈرمىدىكى ئازاپ، ئىسكەنجىلىرى توغرىسىدا دۇنيا ئادالەت سوتىدا گۇۋالىقتىن ئۆتۈپ، خىتاينىڭ ئۇستىدىن جىنايى دىلو تۇرغۇزۇشقا تۈرتكە بولماقتا ۋە جانلىق گۇۋاچى بولماقتا!.

رابىيە قادىر بىزنىڭ پەخرىمىز! ئۇ بىزنىڭ چەكسىز بايلىقىمىز! ئۇنىڭغا تۈرمىدىكى رەھىمسىز گۇندىپايلاردەك مۇئامىلە قىلماستىن، ئەكسىچە ئېھتىرام بىلدۈرىشىمىز ۋە ئۇنى كۆز ـ قارچۇغىمىزدەك ئاسرىشىمىز لازىم!

44

ئۇ ئاستا پىچىرلاپ ئۆز - ئۆزى بىلەن سۆزلىشەتتى ـ مەن بۇ ئۆلۈم قەلئەسى-دىن ھايات چىقىشىم كېرەك! مەن بېشىمغا كېلىۋاتقان دىشۋارچىلىقلارغا بەرداش-لىق بېرىشنى ئۆگىنىشىم لازىم . مەن يالغۇز ئەمەس! ئاللاھ مەن بىلەن بىرگىدۇر!

ئۇ تېخىمۇ مۇستەھكەم قارارغا كەلگەن ھالدا_

ـ ئەي ئىگەم ـ ئاللاھ! سەن بىلەن ئىككىمىزنىڭ دوستلىقى مەڭگۇدۇر! يەقەتلا ئىككىمىز! - دەيتتى چىن ئىخلاس بىلەن. ئاندىن ئۇ، ئاللاھقا سېغىنىپ، ئاللاھقا يۈزلىنىپ خىتاپ قىلاتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئاللاھقا ئېيتىپ ياردەم تىلەيتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە، ئۇنىڭ مىسكىن روھى ئالىمىدە غۇۋا بىر نۇر ـ يورۇقلۇق، گۈگۈم بىر سىما نامايەن بولاتتى. ئۇ، ئەشۇ نۇرنىڭ ياردىمىدە جاسارىتىنى، كېلەچەككە بولغان ئۈمىدىنى تاكامۇلاشتۇراتتى.

ئۇ، كەچقۇرۇنلۇغى بەدەن ئەزالىرىنى، تەن ساغلاملىقىنى دىققەت بىلەن

كۆزىتىپ چىقاتتى. ئۇ، گويا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا بار - يوقلىقىنى بىلمەكچى بولۇۋاتقاندەك، گوياكى بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر كېچىلىك چۈش بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىت قىلىۋاتقاندەك يۈزلىرىنى مورۇپ باقاتتى. ئۇ، ئاستا ئاستا باش - ئاخىرى يوق بىر خىيالى دۇنياغا كىرىپ قالاتتى ۋە بىر ئايال ئوقۇتقۇچىغا قاتتىق ئاۋازدا سوئال قويۇپ سورايتتى:

_ 10 + ( قوشۇلغان )10  قانچە؟ 1985 - (ئېلىنغان) 317  نېمە دېمەك ؟ مېنىڭ قانچە بالام بار؟ يولدىشىم كىم؟

ئۇ ئۆزى بەرگەن سوئاللارغا ئۆزى جاۋاپ تېپىپ ئارامىغا كېلەتتى.

ئۇ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قەرەللىك بەدەن چېنىقتۇرۇش مەشىقلىرىنىمۇ ئادەت قىلىۋالدى. ئۇ قوللىرىنى ئېچىپ يۇمۇپ، قول مۇسكۇللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرەتتى. قەرەللىك ئولتۇرۇپ - قوپۇپ تىز گىمناستىكىسى قىلاتتى. ئەشۇنداق چاغلاردا ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان ئاپارات دەرھال زۇۋانغا كېلىپ ۋارقىرايتتى:

_ ھەي، نېمىشكە ئۇنداق قىلىسەن؟.

ئۇ، تەن ھەرىكىتىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولاتتى. لېكىن ۋاقىتمۇ چۈشكە يېقىنلاپ قالاتتى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۇ ياد بىلگەن قۇران سۈرىلىرىنى پەس ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلايتتى. كېيىن ئاللاھقا تېۋىنىپ، مۇناجات ئوقۇيتتى:

_ « ئاللاھ! ماڭا ياردەم قىلىدۇ. ئاللاھ ماڭا ياردەم قىلىدۇ! ». بۇ مۇناجاتنى ئۈچ مىڭ قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن يەنە ئۈچ مىڭ قېتىم مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيتتى:

« ئاللاھ مېنى توغرا يولغا باشلايدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ ». ئاخىرقى تىلەك دۇئاسىدا يەنە ئۈچ مىڭ قېتىم: « مەن بۇ يەردىن ھايات چىقىمەن، مەن بۇ يەردىن ھايات چىقىمەن » دەپ ئاللاھقا يالۋۇراتتى.

ئۇ ھەر كۈنى ئون ئۈچ سائەتلەپ تۈرلۈك گىمناستىك ۋە دۇئا - تىلەكلەر بىلەن ھەم تەن ساغلاملىقىنى ئاسرايتتى ھەم روھى جۇشقۇنلىقىنى ئاشۇراتتى. ئۇنى كۆزىتىش ئاپاراتىدا ئاندا - ساندا ياخشى كىشىلەرمۇ ئولتۇرۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا:

_ بولدى، ئەمدى يېتەر، توختاپ قال - دېگەن ئاۋاز كەلگۈچە، ئۇ كامىر ئىچىدە پەم بىلەن بىر قانچە قەدەم مېڭىۋالاتتى. كامىرنىڭ تۆمۈر كارۋات جىپ-سلاپ قويۇلغان تېمىغا پۈتۈنلەي خەت يېزىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرچە،

خىتايچە، رۇسچە، يەنە ئاللىقانداق يېزىقلاردا « بۇ كامىر مېنىڭ جېنىمنى ئالدى! » ، « ئۇلار ماڭا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىشتى!» ، « ھېچ بىر ئىنسان بۇ جەھەننەمگە كىرىپ قالمىسۇن! » ، « ئۇلار پاشىست! » ، « خۇدا! سەن بارمۇ؟ » -دېگەن جۈملىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ھەتتا ئارىلاپ قانلىق بارماق ئىزىمۇ بېسىلغان.

ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرى، سېزىمى يالغۇز كىشىلىك كامىردا تېخىمۇ كۈچلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ھەتتا سىرتتا بىرەر ئاياق تېۋىشى ئاڭلانسا، كىم كېلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىۋالاتتى. ئاپاراتتىن ئاڭلىنىدىغان ئاۋازلارنىڭمۇ خوش خەۋەر ياكى شۇم خەۋەرگە بىشارەت بولىدىغانلىقىنىمۇ سېزىپ تۇراتتى.
(شۇ ناملىق كىتاپ 351- 353 بەتلەردىن )

سەھەر سائەت تۆرت ئەتراپى ئىدى. ئايال گۇندىپايلار ئۇنىڭ ئالدىغا بىر پەتنۇسنى قويدى. بىر تەخسىدە تۇرلۇك كۆكتات ۋە پاخلان گۆشى بىلەن تەييارلانغان قورۇما. يەنە بىردە توخۇ قورۇمىسى. تۇرمىدە بۇنداق يېمەكلىكنىڭ بارلىقىنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى. شۇ ئاردا كامىرغا يەنە بىر ئۇيغۇر ئايال ساقچى ئەمەلدارى كىرىپ كەلدى . دە، ئۇنىڭغا چوڭقۇر غەمخورلۇق بىلەن تىكىلىپ قاراپ:

_ نېمىشكە يېمەيسەن؟ ئۇنداق قىلما! ئاله يېۋالغىن _ دېدى. يەنە بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن سورىدى:

_ سېنىڭ يەنە قانداق ئارزۇلىرىڭ بار؟.

شۇ چاغدىلا ئۇنىڭغا مەلۇم بولدىكى، ئۇنى بۇگۇن ئاتماقچى! بۇ تاماقلار ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئۆلۈم ئالدىدىكى جاللات زىياپىتى.

ئايال گۇندىپايلار ئۇنىڭدىن قايسى كىيىمنى كەيمەكچى ئىكەنلىكىنى سوراشتى. ئۇ ئۇچىسىغا دائىم ياقتۇرۇپ كېيىدىغان كەڭ ئېتەكلىك ئۇزۇن ئاق يوپكىسىنى، سولۇيسۇن قامىدىن جىيەك تۇتۇلغان قايرىما ياقىلىق ئۇزۇن ئاق خۇرۇم پەلتوسىنى، بېشىغا ئۆزى بەك ياخشى كۆرىدىغان ئاق تۇماق( پاپاق ) نى، پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق ئاق بوتىيىنى كېيىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ چاچلىرىنى يۇيۇپ . تاراپ ئۇزۇن قويۇۋەتكۇسى بارلىقىنى ئېيتتى ۋە _ ئاخىرقى كۇنۇمدە ئۆزەمنى زىننەتلىگۇم بار - دېدى.

ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە تەلەپ قىلغان كىيىملىرىنى ئۆيىدىن دەرھال ئېلىپ كېلىشتى. ئۇ يەنە تولۇپ تاشقان ئۇمۇت بىلەن:

_ ئاخىرقى قېتىم بالىلىرىمنى بىر كۆرۈۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلساڭلار _

دەپ ئۆتتۈندى.

— ياق! ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىغان مەھبۇسنىڭ ئائىلە كىشىلىرىنى كۆرۈۋېلىشىغا رۇخسەت يوق! — ئۇنىڭ تەلىۋى رەت قىلىندى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ تولۇق كۆرسىتىدىغان چوڭ ئەينەككە قاراپ، ئۆزىنى كۆرۈۋېلىشنى ئۆتتۈندى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ماقۇل كۆرۈلدى.

ئۇ يوغان تام ئەينەكتە ئۆزىنى — بىر گۈزەل قامەتنى كۆردى. ئۇ ئەينەكتىكى سۈرەتنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇزۇن زاماندىن بۇيان ئۇنىڭ تەپەككۇرى توختاپ قالغاندەك بىلىندى. ئۇنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر جىمجىتلىق ئۆز قوينىغا ئالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە شۇنچىلىك ئاستا ۋە ھەممە نەرسە بىر بىرىگە ئارىلىشىپ، گىرەلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئايال گۈندىپايلار، كامىر، چىراق يورۇقى، ئۇ ئۆزى دەسسەپ تۇرىۋاتقان يەر يۈزى پەقەت ئۇنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئىچكى دۇنياسىدىكى، روھىيەت ئالىمىدىكى چەكسىز مەمنۇنىيەت ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئۆلۈم بىلەن، قارشىسىدا ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ئەينەكتىكى سۈرەتنى ئارىسىدىكى جىمىغۇرلۇق ئىلكىدە ياپ - يالغۇز ئىدى.

ئۇنىڭ ئۆلۈم قوينىغا ھەيدىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان نۇرغۇنلىغان مەھبۇسلار ئۆز كامىرلىرىدا نارازىلىقلىرىنى بىلدۈرۈشەتتى. ھەتتا ئۇنىڭغا قاتتىق قوللۇق قىلغان ئۇيغۇر ئايال گۈندىپايلارنىڭ كۆزلىرىدىن ماتەم ياشلىرى يوشۇرۇن تامچىلايتتى.

ئۇنىڭ قوللىرىغا كىشەن، پۇتلىرىغا ئىشكەل سېلىۋاتقان ئايال گۈندىپاي:

— سىزنىڭ ھەرقانداق ئارزۇلىرىڭىزنى ئادا قىلالماقچىمىز — دېدى.

ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغاندىكىن پۇت - قوللىرى كىشەنلەنگەن ھالىتىنى يەنە بىر قېتىم ئەينەكتە كۆرۈۋېلىشنى ئۆتتۈندى. شۇ ئارىدا كامىرغا بىر ئۇيغۇر ساقچى ئايال كىرىپ كەلدى - دە، خىتاي گۈندىپاينى بىرىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ سىرتقا چىقىپ كېتىشىگە قول سومكىسىدىن رەسىم ئاپاراتىنى چىقىرىپ، ئۇنى بىر قانچە پارچە رەسىمگە ئېلىۋالدى. ھەمدە ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان ئاخىرقى سۆزىنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكىنى سورىدى. لېكىن ئۇ شۇنداق بىر ھالەتتە ئىدىكى، ئۇنىڭ ئەمدى بۇ دۇنيادا قىلىدىغان باشقا ئىشى قالمىغان ئىدى.

_ مەن نېمە دېگەن گۈزەل ھە! _ دېدى ئۇ ھەسرەتلىنىپ ۋە داۋام قىلدى:
_ ئۆز خەلقىگە تەئەللۇق بولغان بىر كىشى ئالتۇن زەنجىرلەر بىلەن زىبۇ - زىننەتكە ئورالماستىن، ئەكسىچە پۇت - قوللىرى كىشەنلەنمەكتە! پەقەت ھەقىقىي ئەركىن، ھەقىقىي ئازات بولۇشقا تېگىشلىك بىر ئىنسان مۇشۇنداق كىشەنگە بەنت قىلىنماقتا! مېنىڭ ئىشىمنى ئاللاھ ئاسان قىلىدۇ! مەن ئۆلمەيمەن!.

ئۇ ئۆلۈم ئالدىدا تۇرماقتا ئىدى! ئۆلۈم ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردە ئىدى! ئۇ روھى ئالىمدە ئىدى! ئۇ سۆيۈملۈك يولدىشىنى، ئون بىر بالىسىنى كۆز ئالدىغا تۇپلىدى. ئۇنىڭ ھەربىر بالىسى، بولۇپمۇ كەكەنوس ئۇنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ تۇراتتى! چۈنكى ئۇ بالىنىڭ كىچىگى ئىدى.
_ بالىلىرىم! داداڭلار مەنسىز قانداق ياشىيالايدۇ؟.
ئۇ بالىلىرىدىن سورىماقتا ئىدى. گۇندىپاي ئۇنىڭغا پەچىمە بېرىپ:
_ ۋاقىت توشتى! _ دېدى.

تۈرمە كارىدورىدا ئۇنى ئوتتۇز نەپەر قوراللىق ساقچى يالاپ ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدە يەنە ئون نەپەر قاراۋۇل ئەسكەر مارشقا دەسسەپ ماڭماقتا. ئىشكەلىنىڭ قانچىلىك ئېغىر بولىشىغا قارىماستىن، ئۇ پۇتلىرىنى سۆرەپ ئالغا ئىلگىرلەيتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆلۈشكە تەييار ئىدى! ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قورقۇنچتىن ھېچقانداق ئەسەر يوق! ئۇ قەھرىمانلارچە ئۆلۈشكە تەييار ئىدى! ئۇ ئۆز - ئۆزىگە جاسارەت بېرەتتى. ئۆز - ئۆزىگە خىتاپ قىلاتتى:

_ رابىيە! سەن شۇنداق بىلىشىڭ كېرەككى، ئەگەر سەن مۇشۇنداق شەرەپلىك ئۆلۈشكە تەييار تۇرىدىكەنسەن، ساڭا ئەگىشىپ يەنە مىڭلارچە قەھرىمانلار چىققۇسى! خەلق سېنى « ئازاتلىقنىڭ سىمۋولى » قىلىپ تىكلەيدۇ. تېخىمۇ كۈچلۈك قەھرىمانلار چىقىدۇ. سېنىڭ ئۆلۈمۈڭ ھەرگىزمۇ مەناسىز ئۆلۈم ئەمەس!

ئۇ ئەشۇنداق ھېس - خىياللار ئىلكىدە ئۆزىنى تېنچلاندۇراتتى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سائەتلىرىدىن ھوزۇرلانماقتا ئىدى:

_ مەن دائىم ۋەتىنىمىزنى خىتاي ئىشغالىيەتچىلىرىدىن ئازات قىلىشنى ئويلىدىم. بىراق مەن ئۇ غايىگە ئۇلىشالمىدىم. لېكىن مەن خەلقىمگە كۈرەش قىلىشنىڭ يولىنى، ئۆزىنى پىدا قىلىشنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرسىتىپ بەردىم .

تۈرمىنىڭ ئىككىنچى دەرۋازىسى ئېچىلدى. تۈرمە ھويلىسىدا تەخمىنەن

ئەللىكتەك ساقچى ئۈچ رەت تىزىلغان. ئۇ قاپ ئوتتۇرىدا تۇردى. قاراۋۇللار چۈشىنىكسىز بىر نەرسىلەرنى دەپ چاس بېرىشتى. ئېھتىمال ئۇنى تاپشۇرۇپ بېرىش مۇراسىمى بولۇۋاتقاندۇر. شۇ ئارىدا ئۇنىڭ ئىسمى چاقىرىلىۋىدى، كۆك كىيىملىك خادىملار ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە تىزىلىشىپ، قوللىرىنى چېكىلىرىگە قويۇشۇپ سالام بېرىشتى. ئۇ ئەشۇ زۇلمەت ئىچىدە ئۆزىنى ئاق لىباسلىق پەرىشتىدەك ھېس قىلماقتا ئىدى.

ئۇنى تاپشۇرۇۋالغان جەڭ كىيىمى كېيىشكەن خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇنى يالاپ، ئۈچىنچى دەرۋازىدىن ئۆتۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقىشتى ۋە خىتايچە:

_ جاۋاپكار رابىيە قادىر كەلتۈرۈلدى _ دەپ مەلۇمات بەردى.

قاتارىسىغا توختىتىلغان يۈزدىن ئارتۇق ماشىنىدىن نۇرغۇنلىغان ئەمەلدار، خادىملار چۈشۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئارىدا ئىككى ماشىنا قوراللىق ئەسكەرمۇ قوراللىرىنى بەتلىگەن ھالدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ھاۋادا ئۈچ دانە تىك ئۇچار چەمبەر شەكىللىك ئايلانماقتا.

ئۇنى بىر ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ مېڭىۋىدى، ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ساقچى ئەسكىرى ئىنتىزام بىلەن ئۇنىڭغا سالام بەردى. ئۇ ساقچىلارنىڭ سالىمىنى باش ئىگىپ ئىلىك ئالدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قايغۇ يېشى بىلەن تولغان ئىدى. خەلق بۇ ئۇيغۇر ساقچىلارنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئىشلىگىنى ئۈچۈن، « خائىنلار! » دەپ تىللاشماقتا . لېكىن ئەشۇ ساقچىلارنىڭ يۈرەكلىرىمۇ ئوخشاشلا « ئازاتلىق! » دەپ سوقىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ھۆكۈمەت ئۈرۈمچى شەھرىدە « ھەربى ھالەت » يۈرگۈزگەن ئىدى. بۈگۈن دۆلەت خادىملىرىمۇ خىزمەتكە بېرىشتىن مەنئى قىلىنغان. سەۋەپ كوچىلار ئېغىر قوراللانغان ئەسكەرلەر بىلەن قورشالغان، ھەمدە ھاۋادا تىك ئۇچارلارنىڭ ھەيۋىلىرى خەلقنى ئويغىتىپ، كۆزىنى ئېچىپ قوياتتى.

ئۈرۈمچى ئاھالىسىغا « بۈگۈن رابىيە قادىرغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنغانلىق ۋە دەرھال ئاتىدىغانلىق » خەۋىرى پۈر كەتكەن ئىدى. سىرتقا چىقىش چەكلەنگىنىگە قارىماستىن سان - ساناقسىز كىشىلەر كوچىلارغا تۆكۈلگەن ئىدى.

ئۇ ئۆلۈم ئالدىغا يالاپ كېتىلىۋاتىدۇ. ئۇ ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ئولتۇراتتى. پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىلىك كىشىلەر ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئولتۇرماقتا.

قارا ئەينەكلىك ماشىنىدىكى رابىيە قادىرنى سىرتتىكى ئادەملەر كۆرەلمەيتتى. بەش دانە ساقچى ماشىنىسى ھۇيقىرىتىپ، كوچىلارنى زىلزىلىگە سالماقتا. پۈتۈن كوچىنىڭ ئىككى قاسنىغىنى بويلاپ ئەسكەرلەر قول تۇتۇشۇپ، زەنجىرسىمان توسما پەيدا قىلغان ئىدى. ئەسكەر توساقلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى كىشىلەر « رابىيە قادىر! رابىيە قادىرنى ئاتمىسۇن! » دەپ ۋارقىرىشاتتى.

سوت يىغىن زالىنىڭ ئالدىغا مىڭلىغان كىشىلەر توپلاشقان ئىدى. ئەسكەرلەر ئۇنى يەنە ساقچىلارغا تاپشۇردى. شۇنچە كۆپ كىشىلەر ئارىسىدىن « ئاپا! ئاپا! » دېگەن ئاۋاز ئۇنىڭغا ئاڭلىناتتى. ئۇلار قاخار بىلەن روشەنگۈللەر ئىدى. بىراق ئۇنىڭغا بالىلىرىغا بۇرۇلۇپ قارىغىدەك ۋاقىت بېرىلمىدى. سوتخانىنىڭ ئىشىگى شۇنچە تېز تاقىۋېتىلدى.

سوتخانىدا نۇرغۇنلىغان دوختۇرلار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بىر دوختۇر ئۇنىڭ قان بېسىمىنى ئۆلچىگەن ئىدى، ئۇ دوختۇردىن سورىدى:

ـ مېنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ئىچكى ئەزالىرىمنى ساتماقچىمۇ سىلەر؟.

لېكىن دوختۇرغا ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشمەسلىك توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەچكە، ئۇنىڭ سوئالى جاۋاپسىز قالدى.

سوتخانا ئۈچ يۈز كىشىلىكتىن ئارتۇق قاتناشقۇچى سىغىدىغان، چوڭ زال ئىدى. لېكىن « يېپىق سوت » ئاچقانلىقى ئۈچۈن تەپتىش( دىلو تۇرغۇزۇپ ئەيىپلىگۈچى )، سوتچىلار، ئادۋكات ۋە ساقچىلاردىن باشقا سىرتتىن ھېچكىم قاتناشتۇرۇلمىغان ئىدى.

ئۇنى جاۋاپكار تۇرىدىغان جايغا ئېلىپ كېلىشتى. تەپتىش ۋە ئادۋكات ماتىرىياللارنى ۋاراقلىشىپ بەلگە سېلىشماقتا .

ـ قاتنىشىدىغان يەنە باشقا كىشىلەر كېلەمدۇ؟

سورىدى سوتچىلاردىن بىرى. ئۇ دەرھال گەپكە ئارىلاشتى:

ـ كۆرمىدىڭىزمۇ زالنىڭ ئىچىدە بوش يەرنىڭ يوقلۇغىنى؟.

ئۇ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، ئادەمسىز ئورۇندۇقلارنى كۆرسەتتى ۋە:

ـ ھەممە ئورۇن ئىگەللىنىپ بولغان، باشقا يىغىن قاتناشچىلىرى قەيەردە ئولتۇرىدۇ؟.

تەپتىش ئۇنىڭ ئەقلى - ھوشىنىڭ جايىدا ئەمەسلىگىنى ئېيتتى.

ئۇ يەنە داۋام قىلدى:

ـ پەرىشتىلەر ئۈچۈن كېلىپ بۇ يەردىن ئورۇن ئېلىشماقتا! ئۇلار

سىلەرنىڭ سوتتىكى قارارىڭلارنى ئاڭلىماقچى!.

ئەمدى تەپتىشمۇ قايتا بىر نەرسە دېمىدى.

بىر ئۇيغۇر سوتچى ئەيىپنامىنى ئوقۇشقا باشلىدى. جىنايى دېلىل-ئىسپات ماتىرىيالى سۈپىتىدە ئۇ تۇتقۇن قىلىنغان كۈنى ھېلىقى قاتناش ساقچىخانىسىدا ئۇنى ھۇشسىزلاندۇرۇپ، ھېلىقى گېزىت قىيىندىلىرى ۋە باشقا خەت - چەكلەرنى ئۇنىڭ قوينىغا سېلىپ « جىنايى نەق مەيدان » تەييارلىغان ۋىدىيو فىلىمىنى كۆرسەتتى. ئۇ چاچلىرى سالۋاراپ قالغان، ئاغزى يېرىم ئېچىلغان، شۇنچىلىك بەرباتكى، ئۇ بەئەينى ئۆي - ماكانسىز كوچىدا قالغان سەرگەردانىنىڭ ئۆزىلا . مانا بۇ كۆرۈنۈش جىنايى ئىسپات ئىدى.

_ سىز ئۆزىڭىزنى ئاقلىشىڭىزغا رۇخسەت _ دېدى سوتچى ئۇنىڭ جىنايى دىلوسىنى تولۇق كۆرسۈتۈپ بولغاندىن كېيىن.

ئۇ كەسكىن جاۋاپ بەردى:

_ مېنىڭ ئۆزەمنى ئاقلىشىمنىڭ ھېچقانداق مەناسى يوق. ماڭا ئالللىبۇرۇن ھۆكۈم چىقىرىلىپ بولغان.

_ ئەگەر ئەمەلىيەت شۇنداق بولغان ھالەتتىمۇ سىز ئۆزىڭىزنى ئاقلاشقا تىرىشىشىڭىز كېرەك! _ دېدى سوتچى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

ئۇ ئۆزىنى تۇتىۋالغان ھالدا پۈتۈن زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

_ پۈتۈن بايلىقىمنى، مال-مۈلكۈمنى بىر يانغا تاشلىدىم. ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى! خەلقىم كۆرۈۋاتقان كۈننى ئاخىرغىچە چىداپ كۆرمەكچى بولدۇم. ئەسلىدە خەلقىمنى قوغدىماقچى ئىدىم. نەتىجىدە ئۆزەمنىمۇ قوغدىيالمايدىغان، ئۆزەمگىمۇ ياردەم قىلالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدىم. ئىشىنىمەنكى، مەن توغرا، ھەققانى ياشىدىم، ئادىل ئىش قىلدىم، خاتالىق سادىر قىلمىدىم!.

ئۇ قىلغان يوللۇق ھەرىكەتلىرىنى بىر- بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ چىقتى:

_ مەن ۋەتەنىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشقا ياردەملەشتىم. يىتىم، پېقىر بالىلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھىمايە قىلدىم، قوغدىدىم. چەتئەلدىكى تىجارىتىم ئارقىلىق مۇھىم، كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى ۋەتەنگە كىرگۈزدۇم. خىتاي ماللىرىنى چەتئەلگە چىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇردۇشقا بىرئۆلۈشقاتتىم.

مەن قۇرۇلتاي ۋەكىلى بولغان چاغلىرىمدا ئاددى خەلقنىڭ غېمىنى

قىلدىم. خەلققە كېرەكلىك بولغان مۇھىم ئىشلاردا خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن خەلق بىلەن ھۆكۈمەت ئارىسىدا ۋاستىلىك رول ئوينىدىم. ئەسلىدە ھۆكۈمەت مەندىن مىننەتدار بولۇشى كېرەك ئىدى. بۈگۈن مەن سوتقا تارتىلماقتىمەن! بۇ ۋەتىنىمىز تارىخىدا يۈز بەرگەن بىر مۇھىم ۋەقە.

ئەگەر سىلەر خاتالىق ئۆتكۈزمەيلى دېسەڭلار بۈندىن كېيىنمۇ خاتالىق سادىر قىلمايمىز دېسەڭلار ماڭا ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن! بىزنىڭ نېمە ئۈچۈن بۈگۈن سوتخانىدا تۇرىۋاتقىنىمىزنى سىرىتتىكى بارلىق كىشىلەرنىڭ بىلىشىگە ۋە ئاڭلىشىغا رۇخسەت قىلىنىشى كېرەك ئىدى.

مەن سىلەردىن ئادىل ھۆكۈم قىلىشىڭلارنى كۈتىمەن! مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، بۈگۈن مېنى قويۇپ بېرىسىلەر!.

ئۇنىڭ سۆزلىرى ئۈستىدە تەپتىش بىلەن ئادۇكات دە - تالاش قىلىشتى. كېيىن سوتچى ئالدىن بېكىتىپ بولۇنغان ھۆكۈمنى ئېلان قىلدى:

« رابىيە قادىر دۆلەتنىڭ مەخپىيەتلىكىگە خىيانەت قىلغان، ئۇنىڭ خاتالىقى كەچۈرۈم قىلىنغۇسىز ئېغىردۇر. شۇ سەۋەپتىن ئۇنىڭغا ئېغىر جازا ھۆكۈم قىلىنىشى كېرەك ئىدى. بىراق، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنى ئادىل قانۇن بولغاچقا، بىز ئۇنىڭغا يېنىك جازا بەرمەكچىمىز.»

شۇ قەدەر ھەيۋەت بىلەن ئېچىلغان سوت، ئاران ئون بەش مىنۇتلا داۋام قىلىپ، باش سوتچى ھۆكۈمنى ئېلان قىلدى:

« دۆلەت مەخپىيەتلىكىگە خىيانەت قىلغان جىنايىتى ئۈچۈن، مۇددەتلىك سەككىز يىللىق قاماق جازاسى... »

ئۇنىڭ يۈرىگى بىردەملىك سوقۇشتىن توختىغان ئىدى!.

ئۇ بەئەينى ئۇيقۇلۇقتا كېتىۋاتقان كىشىدەك ئەلەڭلەپ مېڭىپ ساقچىلارنىڭ قورشاۋىدا سوتخانىدىن چىقتى. ئۇ ماشىنىغا ئولتۇرىۋېتىپ، قاخار بىلەن روشەنگۈلنى كۆردى. ئۇلار كىشىلەر توپىنىڭ ئالدىدا ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىشىپ تۇۋلىشاتتى. بەزەنلەر « رابىيە خانىم، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ! » دەپ ۋارقىرايتتى.

ئۇنى ئېلىپ ماڭغان ماشىنا ئەمدى قوزغىلىپلا شوپۇر تۇيۇقسىز قاتتىق تورمۇزلىدى. ئۇنىڭ جان - جىگەر قىزى روشەنگۈل ئۆزىنى ماشىنىنىڭ ئۈستىگە ئاتقان ئىكەن. ئۇ قىزىنى قىسقىلا بولسىمۇ ئەڭ يېقىندىن كۆرۈۋالدى. ساقچىلار روشەنگۈلنى دەرھال تارتىشتۇرۇپ ماشىنىدىن ئايرىدى.

ساقچىلار چوڭ بىر غەلبىگە ئېرىشكەندەك كىشىلەر توپىنى بۆلۈپ يول

ئاچاتتى. شوپۇر ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى.

ئۇ قوللىرىدا كىشەن، پۇتلىرىدا ئىشكەل، ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇغىدا سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتى! ئۇ يورۇق دۇنياغا تەلمۈرەتتى.

(شۇ ناملىق كىتاب 9-15 بەتلەرگىچە _ كىتابنىڭ باش قىسمىدىن )

(قوشۇمچە )

پىداكارلىق _ بىر كەلىمە سۆز. لېكىن بۇ سۆز پۈتۈن ئالەمنى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرالايدىغان كەڭلىككە ئىگىدۇر. ئىنسانىيەت كىمدە كىم بولمىسۇن، ھامان بىرلىرىنىڭ پىداكارلىقىنىڭ زىياپەت دەستۇرخانىدىكى مېھمانلاردۇر.

پىداكار رابىيە قادىر خانىم بولمىغان بولسا، « ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا تونۇتى- ۋاتىمىز » دەپ، ئۇ دۆلەتتىن بۇ دۆلەتكە ئۆز - ئارا قاتراپ، ئۆزىمىزنىمۇ، ئۆزگىلەر-نىمۇ بېھۇدە ئاۋارە قىلىپ يۈرگەن بولاتتۇق.

بىرلىرى سەل ئالغا كەتكىدەك بولسا، مىڭلىرىمىز مىڭ تۈرلۈك ھىلە- نەيرەڭ، پىتنە - ئىغۋالارنى توقۇپ، ھېلىقى ئالغا كەتكەننى دات - پەندىيات دېگۈزۈپ، بۇ مىللەتتىن سەسكەندۇرىۋېتەتتۇق.

ئەمما رابىيە قادىرخانىمغا ئۇنداق ھىلە - مىكىرلەر، تۇزاق، قىلتاقلار كار قىلمىدى. چۈنكى ئۇ، ئاجايىپ چەكسىز پىداكارلىق قىلغۇەتكەن ئىكەن. ھازىرمۇ پەرزەنتلىرىنى پىدا قىلىپ قويدى.

رابىيە قادىرخانىم پىداكارلىق قىلىشتا نە ئۆزىنى، نە بالىلىرىنى، نە مال- دۇنياسىنى نەزەردە تۇتمىدى. ئۇ پىداكارلىق سىنىقىغا دۇچ كەلگەندە، ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇردى. ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قاراڭغۇ زىندانغا چۈشۈپ قالغاندىمۇ ئاللاھتىن ئايرىلمىدى.

ئۇ ئۆزىنى بىر مىللەتنىڭ غالىبىيىتى دەپ ئەقىدە قىلىدۇ. ئۆزىگە ئىشىنىدۇ. مىللىتىنىڭ غەلىبىسىگە ئىشىنىدۇ. مىللىتىنىڭ غەلىبىسىگە ئىشەنگىنى ئۈچۈن بارلىقىنى پىدا قىلىپ قويدى! يەنە ئۇنىڭ يولىنى توسماقچى بولغانلار ئەمدى دىققەت قىلسۇن!

چۈنكى پۈتۈن مىللەت ۋە دۇنيا ئەھلى ئۇنى تونۇپ يەتتى!

رابىيە قادىر ھايات - ماماتلىق ئارىسىدا كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئاتالمىش « سوت » تىن كېيىن، يەنە لىيۇداۋان تۈرمىسىگە قايتۇرۇپ كېلىندى. ئۇ تۈرمىگە كېلىپ دەسلەپ كۆرگىنى، تۈرمە باشلىقىنىڭ يۈزىدىكى ھاياجان ئالامەتلىرى بولدى. چۈنكى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنمىغىنىغا رابىيە قادىرمۇ ئۆزلىشىپ بولالمايۋاتقاندەك، تۈرمە باشلىقىنىمۇ تەئەججۈپكە سالغان ئىدى. تۈرمە ھويلىسىدىكى باشقا ئەمەلدارلارمۇ تەسىرلەنگەنلىكىدىن ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، بېشىدىن-ئايىقىغىچە قارىشاتتى. چۈنكى ئۇ، كۈتۈلگىنىدەك ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنمىغان ۋە ئېتىلىپ كەتمەستىن ھايات قايتىپ كەلگەن ئىدى. ھەتتا بىر ئۇيغۇر گۇندىپاي ئايالمۇ ئۇنىڭ ھايات قالغىنىنى تەبرىكلەپ:

_ رابىيە قادىر ساق - سالامەت قايتىپ كەپتۇ! _ دەپ، شاتلىقىنى بىلدۈردى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مەھبۇسلار تاماق يەيدىغان تونىكا قاچىلىرىنى تاراڭلىتىشىپ تەنتەنە قىلىشاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن سوتخانىدىكى مەنزىرىلەر بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە مۇنۇ مىسرالارنى پىچىرلايتتى:

گۇناھسىز بۇگۈن ئۇ سوت ئالدىدا،
جاراڭلاتتى زالنى ئۇنىڭ سادالىرى.
دەيتتى ئۇ « كىمنىڭ دۈشمىنىمەن؟ ئېيتقىنا»،
كىملەرنىڭ قولىدا ھەق(ئادالەت) تارازىسى؟

دۈشمەنىنىڭ كىشەنلىرى ئۇنىڭ قولىدا،
ئىشكەللەر جاراڭلايدۇ پۇتلىرىدا.
تولماقتا يۈرىكىگە ئارزۇ - ئۈمىتلەر،
غالىبىيەتنىڭ ئانىسىدۇر ئۇ ھەر ئارماندا.

بۇ ئەھۋاللار _ خىتايلارنىڭ ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدۇرۇش ئۈچۈن جىنايىتىنى ئىسپاتلىشى، ئۇنىڭ سوتقا تارتىلىشى، باياتىنقى بۇيرۇق-ئىجرائاتلارغا قارىتا ئۇنىڭدىكى ھېس - تۇيغۇلار، ئۇنىڭ ھاياجانلىرى، ئۈمىتسىزلىك ھەمدە ئۇنىڭ روھى ئالىمىدىكى توساتتىن ئەسلىگە قايتقان

خاتىرجەملىك، ئىشقىلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسى تاسادىپى، كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللار ئىدى. بىراق، مەزكۇر ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بېشىغا كەلمەكچى بولغان قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشكە، كۈچ سەرپ قىلىشقا ئالدىن بىر تەجرىبە بولۇپ قالدى. ئۇ ھايات قالدى! ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازا سەككىز يىللىق قاماق جازاسى!

ئۇنى يەنە ئاۋالقى يالغۇز كىشىلىك كامىرغا قامىدى. ئۇ ئۆزىگە چىقىرىلغان ھۆكۈمگە نارازىلىق ئەرزىنى يېزىپ، ئۈيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يوقۇرى سوتقا تۇتتى. يوقۇرى سوتتىن جاۋاپ كەلگىچە بىر يېرىم ئايدىن ئىككى ئايغىچە كۈتۈش كېرەك. ئۇ كوپ قېتىم گۈندىپايلاردىن بالىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. شۇ تاپتا ئۇ بالىلىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى.

بىر كۈنى ئۇ خالاجايغا كېتىۋاتقىنىدا بىر ئايال مەھبۇس ئۇنىڭــغا ــ ئوغلىڭىز مۇشۇ تۈرمىدە - دېدى پىچىرلاپ. ئۇلار جىددىي پىچىرلاشتى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابلىكىم ئىككى يىللىق، كاتىۋى قەھرىمان ئۈچ يىللىــــــق « ئەمگەك بىلەن تەربىيلەش » جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئىكەن.

ئۇ مارت ئېيىدىن نويابىرغىچە يالغۇز كىشىلىك كامىرغا قامالدى. سوتتىن كېيىنكى ئۈچ ئاي شۇنداق ئاستا ئۆتتى. لىكىن يوقۇرى سوتتىن ئۇنىڭ ئەرزىگە تېخىچىلا جاۋاپ كەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ سەككىز يىللىق قاماق جازاسىنى تۈگىتىپ، تۈرمىدىن ھايات چىقىشىغا ئىشەنچ باغلىدى.

سەككىز يىل! مەن چوقۇم يېڭىپ چىقىمەن! ئۇلار مېنى ئۇزۇن يىللاپ مۇشۇ يالغۇز كىشىلىك كامىرغا بەنت قىلىشى مۇمكىن. خەلقىم مېنى ئۇنتۇپ كەتكىچە مۇشۇ يالغۇز كىشىلىك كامىردا! ئاھ !!!.

ئۇ بىردە ئۈمىتسىزلىنەتتى ۋە تېخىمۇ ئەندىشىلىنەتتى:

ــ ئېھتىمال بۇ ھۆكۈم سىرتقا كۆرسۈتۈش ئۈسۈلىدۇر. كىم بىلىدۇ قاچاندۇر بىر كۈنلىرى مېنى زەھەرلەپ ئۆجۈقتۇرىۋېتىپ، خەلقئاراغــــا « يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتتى » دەپ بىلدۈرۈشى تۇرغان گەپ. بەلكىم ئوڭۇشلۇق بىر پەيت كۈتىۋاتقاندۇر!

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ، ئۇلارنىڭ پىلانلىرىنىڭ باشقىچە ئىكەنلىكىنى پەرق ئىتىپ قالدى. يەنى ئۇنىڭ ئەقلىدىن ئادىشىپ ساراڭ بولۇشىنى كۈتكەن ئىكەن. ئۇنى قاراڭغۇ كامىردىن ئايدا بىر - ئىككى قېتىملا سىرتقا چىقىرىپ

بىر قانچە كەلىمە سۆزلىتىپلا يەنە سولاپ، شۇنداق داۋام قىلىۋەرسە، ئۇ ھەقىقەتەن روھى كېسەلگە گىرىپتار بولاتتى. بىر قېتىم ئۇ ئۆزىنى قەرەللىك كۆزىتىپ تۇرىدىغان دوختۇرنى كۆتۈپ ئولتۇرغىنىدا دوختۇرنىڭ يانىدىكى ئىشخانىدا ئۇنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى « ئۇنىڭ ئەقلى - ھوشى تېخى جايىدا ».

ئۇيغۇر گۇندىپاي ئاياللارمۇ قەرەللىك ھالدا ئۇنىڭدىن ئەھۋال ئىگەللەش ئۈچۈن:

_ بىر قانچە ئېغىز گەپ قىلىپ باقە! قانداق؟ ئەھۋالىڭ جايىدىمۇ؟ _ دەپ سوراپ تۇراتتى. ئۇ شۇنىڭغا جەزىم قىلاتتىكى، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۇنى تۈرمىدىن ساق - سالامەت قويۇپ بەرمەيدۇ.

ئەگەر ئۇنىڭ يولدىشى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى توختىماستىن ھەرىكەت قىلىپ، خەلقئارالىق ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىغا مەلۇمات يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەردار قىلىپ تۇرمىغان بولسا، جەزمەنكى ئۇ ئەشۇ قاراڭغۇ كامىرغا ئۆزۈن يىللاپ بەنت قىلىنغان بولاتتى. سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى ئارىنى ئۈزۈپ قويماستىن ئامېرىكا پىرېزىدېنتىگە، ئامېرىكا كونگىرىسىگە، ياۋرۇپا ئىتتىپاقىغا، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىغا، شۇنىڭدەك پۈتۈن ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىغا رابىيە قادىرنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، خەت - ئالاقە، ئەرز - شىكايەت يوللاپ تۇرغان ئىدى. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە دېگەندەك رابىيە قادىرنى قۇتقۇزۇش توغۇرلۇق تىرىشتى. ( چۈنكى ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىشىمۇ، ئەسلىدە ئامېرىكا كونگىرىسى ئەزاسى بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە يۈز بەرگەن ئىدى. ئۇ 2000 - يىلى خىتاي دۆلىتىدىكى « ئەڭ يوقۇرى شەرەپلىك ئىنسان ھەقلىرى قەھرىمانى » بولۇپ، خەلقئارالىق تەقدىرلىنىشكە نائىل بولدى. لېكىن ئۇ، بۇ قەدەر ئالەمشۇمۇل ھادىسىلەردىن خەۋەرسىز ئىدى ).

ئۇنىڭ ئاشقازىنى ناچارلىشىپ، مەيدىسى كۆيۈپ ئېچىشىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. مەجبۇرى ھەرىكەتسىزلەندۈرۈلۈش تۈپەيلى ئۇنىڭ پۇتلىرىمۇ ئىششىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆز پۇلىغا دورا ئالدۇرۇپ ئىستىمال قىلىشنى ئۆتۈنگىنىدە بولسا:

« ئەگەر سەن ئەشۇ كېسەللەر بىلەن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولساڭ ئۆلىۋەر! » دەپ شۇنداق سوغاق، شۇنداق ئوچۇق جاۋاپ بېرىشتى.

ئۇ ئىككىنچى قېتىم « ئاچلىق ئېلان قىلىش » تىن ئاۋۋال ئۆز

تەلەپلىرىنى بىر گۇندىپاي ئايالغا ئېيتتى:

1. مەن بالىلىرىم بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىمەن.

2. ئۆزەم بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇنلىغان تىجارى ئىشلىرىم تاشلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مەن سېكرىتارلىرىمنىڭ بىرەرى بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك.

3. مەن ئادۋۇكاتىم بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك.

4. سەنلەر مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشىڭ كېرەك.

5. سەنلەر تامىغىمنى ياخشىلىشىڭ كېرەك.

6. مېنىڭ ئەرزىمگە ئالتە ئاي بولدى تېخىچە جاۋاپ كەلمىدى. جاۋاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن.

7. مېنىڭ بۇ كامىردا ھەركۈنى ئىككى سائەت ئۈياقتىن - بۇياققا ھەرىكەتلىنىپ يۈرىشىمگە رۇخسەت قىلىشىسەن! ئەگەر سەنلەر مۇشۇ تەلەپلىرىمنى ئادا قىلىشساڭ ئاندىن تاماق يەيمەن!.

ئۇ قاق توققۇز كۈن ئاچلىق ئېلان قىلدى! ئۇنى توققۇز كۈن ئاچ قويۇشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەلەپلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئادا قىلىندى. ھەتتا ئۇنىڭ كامىر ئىچىدە ھەر كۈنى ئىككى سائەت ئۈياقتىن - بۇياققا قەدەملەپ مېڭىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىندى.

ئۇنىڭغا بېرىلگەن قاماق جازاسى كۈچگە ئىگە بولۇپ جاۋاپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ھەر ئۈچ ئايدا بىر قېتىم بالىلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە رۇخسەت قىلىندى.

كۆرۈشۈش بۆلۈمىدە ئارىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئەينەك تام بولۇپ، مەھبۇسلار بىلەن زىيارەتچىلەر يۈزتۈرانە قارىشىپ تۇرۇپ، ئەينەكنىڭ ئىككى تەرىپىدە تېلفۇن ئارقىلىق سۆزلىشەتتى. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى قاخار، قىزى روشەنگۈل ۋە بىر سېكرىتارى كۆرۈشۈش بۆلۈمىگە ئېلىپ كېلىندى. ئەينەك تامنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە ساناقسىز كۆزەتچىلەر ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىشكە مەسئۇل قىلىنغان ئىدى. رابىيە قادىر بالىلىرى بىلەن كۆرۈشۈشتىن ئاۋال كۆرۈشۈش جەريانىدىكى قائىدە- ئىنتىزاملارنى ئوچۇق چۈشەندۈرىشتى. پەقەتلا تەن سالامەتلىك، يېمەك - ئىچمەك توغۇرلۇقلا سوئال - جاۋاپلاردىن باشقا ھەر قانداق بىر گەپ بولۇپ ئۆتسە، قايتا كۆرۈشۈشكە رۇخسەت يوق!

( ھەر قېتىم ئۇ بالىلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان كۈنى ئالاھىدە بېخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتقانلىقتىن، باشقا بارلىق مەھبۇسلارنىڭ ئائىلىسى بىلەن كۆرۈشۈش مەنئى قىلىنىدۇ )

ئۇ بالىلىرىنى، سېكرېتارىنى كۆرگىنىدە ھاياجاندىن ئۇنىڭ پۈتلىرى پۈكۈلۈپ، يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. ئۇلار يىغلاشقا باشلىدى. ھەقىقەتەن ئۇلار، ئۇنىڭ چېھرىدىكى سولغۇنلۇقنى، تامامەن باشقىچە ئۆزگۈرۈشنى، ئۇنىڭ تەقى- تۇرقىدىكى يۈرەكنى ئېزىدىغان ھالەتنى ئازاپ ئىچىدە كۆرمەكتە ئىدى.

رابىيە قادىر ئاڭلاتقۇچنى قولىغا ئېلىۋىدى، ئوغلى قاخار گەپ باشلىدى:

ئاپا « جىنايىتىڭ » نى تاپشۇردۇڭمۇ؟ ئۆتۈنۈپ قالاي ئاپا، ساقچىلار بىلەن ھەمكارلاشقىن! خاتالىقلىرىڭنى ئېيتقىن. ھۆكۈمەتكە ئەگەشكىن.

ئۇ ئۆزىنى ئاران تەسلىكتە تىزگىنلەپ سورىدى :

ئۇكىلىرىڭ قەيەردە؟

_ ئابلىكىم تۈرمىدە، ئالىمنىمۇ تۈرمىگە سولىغان ئىدى، ئونبەش كۈندىن كېيىن قويۇپ بېرىشتى. شىركىتىمىزدىكى ھەر بىر مەسئۇل كىشى ئاز دېگەندە ئون كۈندىن تۈرمىگە قامالدى.

قاخار ئەھۋالنى قىسقىچە ئېيتقاندىن كېيىن، ئاپىسىدىن يەنە ئۆتۈندى:

_ ئاپا، ئەگەر سەن قوبۇل كۆرسەڭ بىزنىڭ سەندىن ئۆتۈنىدىغىنىمىز شۇكى، سەن بىر پارچە خەت يېزىپ قارارىڭنى بىلدۈرىشىڭ كېرەككى، ئالىم شىركەتنى ئۈستىگە ئېلىپ باش مۇدىر بولۇشى لازىم. بولمىسا شىركەت خەتەر ئاستىدا قالىدۇ.

ئۇلارنى ھۆكۈمەتنىڭ شۇنداق قىستىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

ئۇ يولدىشى سىدىق ھاجى روزىنىڭ ئەھۋالىنى ئامېرىكىدىكى كەنجى بالىلىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى سورىدى. ئۇلارنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتكەن ئىدى:

_ كۆرۈشۈش ۋاقتى تۈگىدى _ دېدى بىرى، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ. ئۇ ئەينەك تامنىڭ ئۇ يېقىدا تىمەن تۇرۇپ، ساقچىغا بىر نىمىلەرنى دەۋاتقان ئوغلىغا قاراپ، كۆرۈشۈش ۋاقتىنىڭ ئۇزارتىلىپ قېلىشىنى ئۈمىت قىلاتتى. بىراق ھېلىقى ساقچى بۇتتەك قېتىپ تۇرغانچە بىر نەرسە دېمەيتتى.

رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىكى ئەھۋالى توغۇرلۇق خەلقئارادا كۈچلۈك ئىنكاسلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن خىتاي مەركىزى ھۆكۈمەت

ئەمەلدارلىرى ئالاق زادە بولۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رابىيە قادىرنى يالغۇز كىشىلىك كامىرغا قاماشنى توختىتىپ، يەنە بىر ئايدىن كېيىن ئەڭ بېخەتەر بولغان باجاخو تۈرمىسىگە يۆتكەشنى قارار قىلىشتى.

ئۇلار قاتناش بىلەن تەخمىنەن يىگىرمە مىنۇت يۈرگەندىن كېيىن، كۆپ قەۋەتلىك ئاياللار تۈرمىسىگە يېتىپ كېلىشتى. بۇ تۈرمە مەھبۇسلارنىڭ ئېغىر ئەمگەككە مەجبۇرلىنىشى بىلەن ۋە ئېغىر ئەمگەك تۈپەيلى نۇرغۇن مەھبۇسلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

تۈرمىنىڭ قارا تۆمۈر دەرۋازىسى ئالدىدا ئۇ يەنە « باۋداۋ » دەپ ۋاقىرىشى كېرەك. لېكىن ئۇ رەت قىلىۋىدى، بىر ساقچى ئەمەلدارى:

_ ئەگەر سەن « باۋداۋ » دېمىسەڭ ساقچىلار بىلەن مۇشۇ كوچىدا كېچىچە تۇرىسەن _ دېدى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ. ھاۋا سوغاق، شىۋىرغان ھۇيقىرىتىپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزى نەپرەتلىنىدىغان « باۋداۋ » نى دېدى. لېكىن ئۇ ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ قېتىم تەكرارلىشى كېرەك ئىدى.

ئۇ تۈرمە كارىدورىغا كىرىپلا ئەندىكىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ نۇرغۇنلىغان ياش ئەر كىشىلەرنى كۆرگەن ئىدى. كېيىن ئۇ سىنچىلاپ قارىۋىدى، بېشىنى سويمىدەك چۈشۈرۈپ تاشلىغان ياكى چاچلىرىنى قولاق تۈۋىدىن قىرقىۋەتكەن ئاياللارنى كۆردى. سىرتتا ئۇيغۇر ئايال مەھبۇسلار قورقۇنچ، ھەزەر ئىلكىدە ئېھتىيات بىلەن دەسسەپ ھەرىكەت قىلىشاتتى. بەلكى ئۇلارنىڭ گەۋدىلىرى پۇتلىرىغا ئېغىر كېلىۋاتقاندەك پۇتلىرىنى سۆرەپ، قەدەملىرىنى ئاران تەسلىكتە يۆتكەيتتى. مەھبۇسلارنىڭ ئارىسىدا ئون سەككىز بىلەن يىگىرمە ياشتىكى ئۇيغۇر قىزلىرى ئىشىنىپ بولغۇسىز دەرىجىدە كۆپ ئىدى.

مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدا رابىيە قادىرنىڭ قولىدىكى كىشەن ۋە پۇتىدىكى ئىشكەللەرنى ئېچىپ ئېلىۋېتىشتى. مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىقىغىچە سەپ سېلىپ چىققاندىن كېيىن:

_ شۇنداق، مانا بۇ ھېلىقى مەشھۇر ئايال! _ دېدى.

بىر گۇندىپاي ئايال ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا يەردە تۇرغان يوتقان، تۆشەك ۋە تاماق يەيدىغان تونكا قاچا قاتارلىق نەرسە كېرەكلىرىنى ئېلىپ كامىرغا مېڭىشنى ئېيتتى.

_ مەن ئىككى قېتىم توشۇشۇم كېرەك. چۈنكى ئۇزۇن ۋاقىت يالغۇز كىشىلىك قاراڭغۇ كامىرغا قامالغىنىم ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرنى بىر ئۈلگۈجە

كۆتۈرۈپ ئاپارغىدەك كۈچۈم قالمىدى ــ دېدى ئۇ بۇيرۇققا جاۋابەن. لېكىن ھېلىقى گۈندىپاي ئايالنىڭ چىكىرلىشىشقا تاقىتى يوق ئىدى. شۇڭا بۇيرۇقنى تەكرارلىدى:

ــ مەن بۇيرىغاننى قىل!

ــ ئەگەر يەنە دېمەكچى بولسام، مەن بۇ نەرسىلەرنى كۆتىرەلمەيمەن!

ئۇ بۇيرۇقنى تەكرار رەت قىلىپ، نەرسە - كېرەكلىرىنىڭ ئۈستىدە ئاستا ئولتۇردى.

ــ تۇر ئورنۇڭدىن! ــ دېدى گۈندىپاي قاتتىق ۋارقىراپ. ئۇ گۈندىپاي بىلەن ماجرالىشىشنى خالىمىدى - دە، ئورنىدىن تۇردى.

ــ نەرسىلىرىڭنى كۆتۈرۈپ كۆزۈمدىن يوقال! ــ دېدى گۈندىپاي ئۇنىڭ ئۈستىدىن زوراۋانلىق قىلىپ. ئۇ ئۆزىنى ئاران تەسلىكتە كۆتۈرۈپ تۇرىۋاتقىنىغا قارىماي گۈندىپاي ئايال ئۇنىڭ مۈرىسىدىن قاتتىق قاماللاپ تۇتقىنىچە ئارقىغا تارتتى. ئۇ ماغدۇرسىز، زەئىپ گەۋدىسىنى توختىتالماستىن مۇدۇرلۇپ يەرگە يىقىلغىلى تاسلا قالدى - دە، شۇنداق بىر غەزەپ، تولۇپ تاشقان بىر نەپرەت ئۇنى باشقا بىر ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى. ئۇ ۋۇجۇدىدىكى ماغدۇرنىڭ قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىغان ھالدا ھېلىقى گۈندىپاي خىتاينىڭ مۈرىسىدىن قاماللاپ تۇتۇپ بىر ئىتتىرىۋىدى، گۈندىپاي دەلدەڭلەپ يەر چىشلەشكە ئازلا قالغاندا تامنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنى ئاران توختىتىۋالدى. غەزەپ ئاچچىغىنى باسالمىغان خىتاي ئۈستەلدىكى توك كالتەكنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئېتىلدى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى كەينىگە قايرىدى. دەل شۇ ئەسنادا مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى:

ــ دىققەت! بولدى قىل! ئۇنى ئۇرماسلىق توغرىسىدا يوقۇرىدىن كەلگەن بۇيرۇق بار! ــ دېدى دەرھال ئارىغا كىرىپ. شۇنىڭ بىلەن تەرىدىن دوزاخ يېغىپ تۇرغان گۈندىپاي سازاڭ قۇرتىدەك مىدىرلاپ، توك كالتەكنى بىر ياققا تاشلاپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى بوشاتتى ھەمدە:

ــ مەن ئۆزەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى ساڭا كۆرسىتىمەن تېخى! ــ دېدى شالىسىنى چاچرىتىپ.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىنكاس شۇنداق بىر نەپرەتنى قوزغىدى - دە:

ــ مەنمۇ ساڭا ئۆزەمنىڭ كىم بولغانلىقىمنى كۆرسىتىپ قويىمەن! ــ دېدى جاۋاپلىشىپ.

ــ مەن دەسلىۋىدە ئۆزىنى چوڭ كۆرگەن سىنىڭدەك نۇرغۇن ئايالالارنى

ناھايىتى تېزلا مۇمدەك قىلىۋەتكەن!
_ مېنى ئۇ ئاياللارغا سېلىشتۇرۇپ قالما!
گۇندىپاي ئايال ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى قەدەمچە كېلىپ:
_ سەن تۈرمە خىزمەتچىلىرى بىلەن ھاياسىزلارچە زۇكۇملىشىۋاتىسەن! بۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن سەككىز يىلىڭغا يەنە ئۈچ يىل قېتىلىدۇ ـ دېدى.
رابىيە قادىرمۇ گۇندىپاينىڭ دەككىسىنى بەردى:
_ سەن بىر مەھبۇسنى ئۇردۇڭ! بۇ جىنايىتىڭ ئۈچۈن ئۈچ يىل تۈرمىدە ياتىسەن. بۇ ماددا سەنلەر بويسۇنۇۋاتقان قانۇنلار بەلگىلىنىدىغان قۇرۇلتايدا مەن ۋەكىل ۋاقتىمدا ماقۇللانغان. مەنمۇ ئىمزا قويۇشقا قاتناشقان.
شۇ ئەسنادا ئىشخانىغا ئون بەش- يىگىرمە ئەتراپىدا ساقچى كىرىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆز ـ ئارا سۆزلىشىپ كېتىشتى:
_ پاھ! رابىيە قادىر بۇياقلارغا كېلىپ بوپتۇ، شۇنداق! بۇ رابىيە قادىر!.
ئۇلار كەم تېپىلىدىغان ئەتىۋارلىق قۇشنى تۇتۇپ قەپەزگە سولىۋېلىشقاندەك، بەسبەستە ئۇنىڭغا قاراشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بەت ـ بەشىرە سەت، ئىگىز بىر خىتاي خوتۇن تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى. ئۇ رابىيە قادىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر قەدەمچە نېرىدا توختىدى ۋە:
_ مەن جىياڭ بولىمەن _ دېدى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ. باشقىلار جىياڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشكەندەك ئۆزلىرىنى بىر چەتكە ئېلىشتى. جىياڭ ئۇنىڭغا دەشنام بېرىپ مۇنۇلارنى دېدى:
_ مەن ساڭا مەسئۇل، سەن ئىتائەت قىلىشنى، ئىنتىزامغا بويسۇنۇشنى ئۈگەن! سەن جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مەينەت قاتلىمىغا مەنسۇپ بىرسەن! سەن پەقەت جەمئىيەتتىكى داشقال!.
رابىيە قادىر بىر كىمنىڭ باشقىچە باھا بېرىشىدىن ئانچە بەك ئاداپمۇ كەتمەيتتى. جىياڭنىڭ سۆزىگە مۇنداقلا جاۋاپ قايتۇردى:
_ مەن ئۇيلايمەنكى، سەن ئەخلەت توشۇيدىغان بىرى! سۇپرۇندىچى!.
_ ئاغزىڭنى يۇم! سۆزلەشكە كىم رۇخسەت قىلدى ساڭا؟ سېنى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلالمىدىغان قىلىۋېتىشنى بىلىمەن _ دېدى جىياڭ ھەيۋە قىلىپ.
_ ئەگەر سەن بىر ئىنسان بولساڭ ساڭا ئىنسان قاتارىدا سۆزلەشكە ھەقلىقمەن _ دېدى ئۇ قاتتىق تەئەددى بىلەن.
جىياڭنىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچىيىپ كەتتى ۋە:

_ سەن تېخى ھازىرلا كېلىپ، تۈرمە ساقچىسىنى ئۇرغىلى تەييار تۇردۇڭ _ دېدى چالۋاقاپ.

_ مەن ھاياتىمدا ھېچقاچان، ھېچكىمنى ئۇرۇپ باقمىدىم، لېكىن مەن ھاياتىمدا بىرلا ئادەمنى، مەن ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرگەن ئادىمىمنى بىر تەستەك ئۇرماقچى بولغان.(شۇ ناملىق كىتاپ 155. بەت) مېنىڭ قولۇم قەدىرسىز قول ئەمەس ئەخلەتنى ئۇرىدىغانغا.

_ ھەي! سەن كىم ئىدىڭ ئەسلىدە، ھە؟ _ دېدى جىياڭ ئۇنى خورلاش ئاھاڭىدا دىمىغىنى قېقىپ ۋە گۇندىپايىلارنىڭ بىرىگە:

_ ماۋۇ نەرسىنى ئېلىپ كەت! _ دەپ بۇيرىدى رابىيە قادىرنى كۆرسۈتۈپ .

تۈرمىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە يىگىرمىدىن ئارتۇق كامىر بولۇپ، ياغاچتىن ياسالغان ئىشىكلىرى تامدەك قېلىن ھەم ئېغىر، كۆپۈنچە ئوچۇقلا تۇراتتى. كارىدورنىڭ ئاخىرىنى يوغان بىر تۆمۈر ئىشىك توسۇپ تۇرىدۇ. كارىدورنىڭ ئىككى يېقىدا تۆرت بۆلۈم كۆزەتچىلەرگە ئائىت بولۇپ، ئۇلار بۆلۈملەردە يىگىرمە تۆرت سائەتلەپ تۇرىدۇ. كارىدورنىڭ يەنە بىر بېشىدا چوڭ بىر يىغىن زالىمۇ بار.

رابىيە قادىرنىڭ يېنىدىكى گۇندىپاي چىياۋ چىياۋ ئىسىملىك بىر ئايال مەھبۇسنى چاقىردى. ئۇ ئاغزى شۇنداق يوغان، بويى پاكار، بېشىنىڭ ئارقا دوقمىسى پولتىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان، دۈڭگە پىشانە، بەت ـ بەشىرە، ئادەم تەلەتى كۆرۈنمەيدىغان بىر خىتاي ئىدى. گۇندىپاي ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدى:

_ ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى ھەممە كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ كۆيدۈرىۋەت! ئۇنىڭغا مەھبۇس كىيىمىنى بەر! ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئېلىۋەت!

چىياۋ چىياۋ كۇندەشلىك قىلىپ، دوستىنى پىچاقلاپ ئۆلتۈرىۋەتكەن قاتىل ئىدى. ئۇنىڭ ئون تۆرت يىلى مۇشۇ تۈرمىدە ئۆتتى. باقاۋۇل گۇندىپايلار رابىيە قادىرنى كۆزىتىش ئۈچۈن ئۇ خىتاينى تاللىغان. ئۇ ھەممە كىشىلەر ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىدى.

چىياۋ چىياۋ كىيىم تارقىتىدىغان يەردىكى ئايالغا بېشىنى ئېگىپ بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. شۇنىڭغا بىنائەن ئۇنىڭغا پاختا رەختىدىن تىكىلگەن قېنىق كۆلرەڭ ئىشتان ـ چاپان بەردى. كىيىم شۇنچىلىك يىرتىق، ھەم يوغان بولۇپ، ئىشتانىنىڭ ئېغى تىزغا چۈشەتتى.

ئۇنى چىياۋ چىياۋ بىلەن يەنە بىر مەھبۇس ئېلىپ مېڭىپ، كارىدورنىڭ ئۇ

تەرىپىدىكى بىر بۆلۈمگە ئەكىرىشتى ـ دە، ئۇنى بىر ئورۇندۇققا بېسىپ، يەنە بىر ئۇيغۇر مەھبۇس ئايالنى چاقىرىپ:

ــ ئۇنىڭ چېچىنى كېسىۋەت! ــ دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئۇ قوغدىنىش ئۈچۈن ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ۋە چاچلىرىنى قاماللاپ:

ــ ياق، چېچىمنى كەسكىلى قويمايمەن! ــ دېدى.

ئۇلار يەنە بەش نەپەر مەھبۇس ئايالنى ياردەمگە ئېلىپ كېلىشتى. ئىككى تەرەپتە ئىككىدىن ئايال ئۇنىڭ قوللىرىنى مەھكەم بېسىپ تۇردى. ئارقىسىدىن بىرى ئۇنىڭ بېشىنى ئالدىغا بېسىپ ئېگىشتۇردى. ئاندىن ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى قۇلاق تۈپىدىن كېسىپ تاشلىدى. چىياۋ قايچىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە شىلتىپ، يامان نىيىتىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كېسىلگەن چاچلىرىنى ئەدەپسىزلەرچە چۆرۈپ ئويىنىشاتتى. شۇ ھالدا ئۇنى چوڭ بىر ئەينەك ئالدىغا ئېلىپ كېلىشىپ:

ــ قارا ئۆزەڭگە! ــ دېدى تاماشا كۆرۈشۈپ..

ئۇ ئۆرۈلۈپ- چۆرۈلۈپ ئەينەكتە ئۆزىگە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

ــ پاھ! ھەقىقەتەن چىرايلىق كۆرۈنىمەنغۇ، بۇ كېيىملەر، چېچىمنىڭ پاسونى بەكمۇ يارىشىپتۇ ماڭا ــ دېدى، لېكىن يۈرەكلىرى لەختە ـ لەختە قان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئاندىن ئۇنى جىياڭنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى.

ــ ئون بەش كۈن ئىچىدە ئەللىك سەككىز ماددىلىق تۈرمە قانۇنىنى يادلاپ بولىسەن. سەن ئاۋۋالقى تۈرمىدە ھېچنىمە قىلماپسەن! ــ دېدى جىياڭ. ئۇ رابىيە قادىر توغۇرلۇق ھەممە نەرسىدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى. شۇڭا يەنە داۋام قىلدى:

ــ سىرتتا سېنى كۈتىۋاتقان نۇرغۇن كۆزلەر بار. ئۇلار سېنىڭ قويۇپ بېرىلىشىڭنى چۈشىمەكتە! لېكىن مەن ياشانغىچە سېنى يېنىمدا تۇتىمەن. سېنىڭ روھىڭمۇ بۇ تۈرمىنى تاشلاپ كېتەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. نېمىشكە ئەمدى سۆزلىمەيسەن؟ بىر ئاز ئاۋال بۇلبۇلدەك سايراپ كېتىۋاتاتتىڭغۇ؟!

ــ مەن بۇلبۇلدەك سايراشنى ئۆگەنگەن، سايرىيالايمەن. لېكىن ساڭا ئوخشاش ئېشەكتەك ھاڭرىيالمايمەن، ئىشتتەك قاۋىيالمايمەن. ساڭا قارىتا ھېچنىمە ئۆگەنمىگەن!.- دېدى ئۇ مەسخىرە ئارلاش.

ــ ئۇنىڭ جاۋابىدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن جىياڭ:

ــ مەن ساڭا ئۆزەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتىمەن، مەن بولسام جىياڭ! لىيۇداۋان تۈرمىسىدىكى « يې » ئەمەس. ئېسىڭدە بولسۇن، مەن

جىياڭ! _ دېدى شىرەنى مۇشتلاپ.

_ سەن ئۆز - ئۆزەڭنى تونىغانلىقىڭ ئۈچۈن مەن شاتلىنىۋاتىمەن. سەن ئۆزەڭدىن كۈچلۈك بىرىگە دۈچ كەلگىنىڭدە بەرداشلىق بېرەلمەي قالارسەن! _ دېدى رابىيە قادىر ۋە يەنە داۋام قىلدى:

_ سەن تۈرمىگە بۈگۈن كەلگەن مەھبۇس بىلەن شەرتسىز ماجىرالىشىشىڭ كېرەكمىدى؟ سەن مېنى بۇ يەرگە ئەكەلتۈردۈڭ. شۇڭا مەن بۇ يەردە. نېمىشكە ۋاقىراۋېرىسەن؟ مەن سېنىڭ تۈرمەڭدە بولۇپ قالدىم. سەن دېگەن مائاشقا ئىشلەيدىغان بىر ئىشچى. ئەگەر سەن ھەركۈنى مەن بىلەن شۇنداق ئۇرۇشساڭ، قاچانلا بولمىسۇن كېسەلگە تۇتۇلىسەن. مەن دەردىڭنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

باجاخۇ جازا لاگىرىدا رابىيە قادىرغا مەسئۇل بولغان خىتاي گۇندىپاي جىياڭ بىلەن يەنە بىر « بۇ » ئىسىملىك ئۇيغۇر ئايال گۇندىپايمۇ بار. بۇ ئۇزۇن سۇمبۇل چاچلىق، كۆك كۆز، ئىگىز، زىلۋا، خۇددى سۇرەتتىكى كۆرۈنىدىغان گۈزەل ئايال. ھەتتا ئۇ قارامتۇل، تۆمۈر كۆكى ساقچى پورمىسى ئىچىدىمۇ يەنىلا گۈزەل كۆرۈنەتتى.

رابىيە قادىرنى ئىشخانىدىن ئېلىپ چىقىشتىن ئاۋۋال جىياڭ بۇ دىن سورىدى:

_ ئۇنىڭغا ئېيتىدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟

_ بۈگۈن ئۇ ئىشلىمىسىمۇ بولىدۇ. مەن ئۇنى كامىرغا ئاپىرىپ قويىمەن _ دېدى بۇ جاۋاپ بېرىپ.

يەنە بىر خىتاي گۇندىپاي بىلەن بىرلىكتە ئۇنى كامىرغا ئېلىپ كېلىشتى. ئۇلار كامىرغا كەلگىچە سۆزسىز مېڭىشتى. رابىيە قادىرنىڭ قەۋەتلىك كارۋىتى ئالدىدا بۇ چىياۋ چىياۋغا كايىدى:

_ نېمانداق غەيرى نەرسىلەر بۇ كارۋاتتىكى؟.

چىياۋ چىياۋ ئىشتىتەك قۇيرىقىنى ئويناقلىتىپ بۇ غا ئەركىلىمەكتە ئىدى.

_ بۇ نەرسىلەرنى ئېلىۋەت _ دېدى بۇ ياتاقنى ئورۇنلاشتۇرۇپ.

چىياۋ چىياۋ يېڭى يوتقان، ئەديالالارنى سىرتتىن ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ تەلەتىدىن تازا بىئاراملىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنى بۇ يەنە چاقىردى.

_ خوپ باشلىق، مەن بار _ دېدى ئۇ بۇ نىڭ ئالدىدا تىك تۇرۇپ.

_ بۇ ئايالغا قانداق كىيىملەرنى بەردىڭ؟ بىزدە ئۇنىڭغا كەلگىدەك

يېتەرلىك كىيىملەر بارغۇ!.

_ كەچۈرۈڭ، مەن بىر ئاز خاتا قىلىپتىمەن _ دېدى پاكار خىتاي خىڭىلداپ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا كەلگىدەك لايىقىدا كىيىملەر بېرىلدى ۋە كىيىملەرنى كامىرغا ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن بۇ چىياۋ چىياۋنى بۇيرىدى. بۇ نىڭ مۇئامىلىسى ئۈچۈن رابىيە قادىر چوڭقۇر مىننەتدار ئىدى. لېكىن بۇ، ئۇنىڭ يۈزىگە قارىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ مىننەتدارلىقىنى كۆرسىتەلمەيتتى. ئۇندىن باشقا بۇ نىڭ يېنىدا دائىم دېگۈدەك يەنە بىر خىتاي كۆزەتچى بىرگە بولاتتى.

_ ئۇ مېنىڭ قول ئاستىمدا تۇرىدۇ!. ئۇ كامىردا ھېچقانداق ۋەقە چىقارمايدۇ! ۋەقە چىقارماسلىقىنى ئۇمۇت قىلىمەن _ دېدى بۇ ئۇنىڭ بىلەن سوغاققىنا خوشلىشىپ.

گۇندىپاي بۇ رابىيە قادىرغا گەپ قىلغاندا ئۈچىنچى شەخسكە سۆزلەۋەتقاندەك « دەيدۇ »،« قىلىدۇ »،« ماڭىدۇ » دەيتتى.

كامىرنىڭ ئىشىك بېشىدىلا قاپ - قارا كۆزدەك ۋىدىيو ئاپاراتىنىڭ كۆزى تىكىلىپ تۇراتتى. سىرتتىن يورۇقلۇق كىرىدىغان كىچىككىنە دەرىزىنىڭ ئىچكى تەرىپى قويۇق تۆمۈر رىشاتكا بىلەن تورلانغان. كامىرنىڭ بىر تەرىپىدە ئىككى يۇرۇش تۆرت قەۋەتلىك، يەنە بىر تەرەپتە ئىككى يۇرۇش ئۈچ قەۋەتلىك تۆمۈر كارۋات بار. بۇ كامىردا ئون تۆرت مەھبۇس قاماقلىق. كامىرنىڭ تاملىرى رابىيە قادىر بەنت قىلىنغان ئاۋۋالقى يالغۇز كىشىلىك كامىرنىڭكىگە قارىغاندا ئاپئاق ئاقارتىلغان. نېمىدىگەن گۈزەل ھە؟!

ھەر بىر مەھبۇسنىڭ بىردىن ئايرىم يۆلەنچۈكسىز ئىگىز ئورۇندۇقى بار بولۇپ، لازىم بولغاندا كارۋاتنىڭ ئاستىدىن ئېلىپ ئىشلىتىدۇ. ئىچ كىيىملىرىنى ياستۇقنىڭ ئىچىگە تىقىپ ساقلايدۇ. ئىشتان، چاپاننىمۇ ئۆز كارۋاتلىرىدا ساقلايدۇ. ئەكسىچە، قويغىدەك باشقا بوش يەر يوق. گۇندىپاي بۇ كامىردىن ئەمدىلا چىقىپ كېتىشىگىلا، چىياۋ ئۇنىڭ كىيىم- كېچەكلىرىنى كارۋاتتىن ئېلىپ، پىرقىرىتىپ يەرگە تاشلىۋېتىپ:

_ مەن ھېچقاچان كىيىملىرىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن سەندەك مەھبۇسنى كۆرمىگەن، نەرسىلىرىڭنى ئۆزەڭ يىغىشتۇر! _ دېدى ئۇنىڭغا يۇقۇنۇپ. ئۇ سۇكۇت ئىچىدە ھەممە نەرسىلىرىنى يىغىشتۇردى.

بۇ كامىردىكىلەر تۆرت نەپەر ئۇيغۇر، بىر نەپەر قازاق قىزى، قالغىنى

خىتايلار بولۇپ، بۇلارنى تۈرمە باشلىقى رابىيە قادىرغا قارىتا ئالايتەن ئورۇنلاشتۇرغان ئىدى. ئۇلار ھەر بىر بۆيرۇقنى ئادا قىلىشتا خۇددى ئۆگىتىلگەن ئوۋ ئىتلىرىدەك ئىتائەتمەن ئىدى. بۇ كامىردىكى يەنە بىر ئۆزگىچىلىك _ باشقا كامىرغا سېلىشتۇرغاندا خىتايىنىڭ بەكلا كۆپ بولۇشى ئىدى. پۈتۈن تۈرمىدە 80% ئۇيغۇر، قالغىنى باشقا تۈرلۈك مىللەتلەر ئىدى.

تۈرمىنىڭ ھەر بىر قەۋىتىدە يۈز سەكسەندىن، ئىككى يۈزگىچە مەھبۇس بار بولۇپ، ھاجەتخانا بىرلا. بارلىق مەھبۇسلارنى ئىككى گۇندىپاي ھاجەتخانىغا ئېلىپ كىرىدۇ. ئۇلار خالىغانچە ئۆز ھاجەتلىرىگە بارالمايدۇ. تۈرمە ئىنتىزامى بويىچە مەھبۇسلارغا قالغىنى يېرىم كېچىگىچە ئىشلەپ، تەرلەپ پۇراپ كەتكەن يۇل - نەم كىيىملىرىدۇر.

ھەربىر مەھبۇسنىڭ بىردىن چېلىگى بولۇپ، چېلەككە تاماق يەيدىغان تونىكا قاچىسىنى، قوشۇق، سوپۇن، ئاياق، چىش مەلھىمى ۋە پايپاقلىرىنى سېلىپ قويىشى كېرەك. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن يېقىمسىز، سېسىق پۇراق چىقىرىدۇ.

( شۇ ناملىق كىتاپ 354-365.بەتلەردىن )

( قوشۇمچە )

بىر چاغلاردا، بۇنىڭدىن 16 يىل ئىلگىرى ۋەتىنىمىزنىڭ جەنۇبى رايونلىرىدىن « سىياسى جىنايەتچى » لىك بىلەن تۇتقۇن بولغان نۇرغۇن كىشىلەرنى 3 يىللىقتىن كىسىم چىقىرىپ، ئاقسۇ چاغراقتىكى « ئەمگەك بىلەن تەربىيلەش مەيدانى » دەپ ئاتالغان جازا لاگىرىغا يۆتكىدى.

ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، شائىر، يازغۇچى، داموللام، قارىم، تالىپلار قاتارلىق خىتايىنىڭ نەزىرىدە « خەتەرلىك » دەپ قارالغان كىشىلەر. بەزىدە ئەڭ ئاددى كىشىلەرنىمۇ ئۆز يۇرتىدىكى ساقچىلارنىڭ « يامان ئادەم، باشقۇرالمىدۇق » دېگەن گۇۋالىقى بىلەنمۇ مۇشۇ جايغا 3 يىللىق كېسىم بىلەن پالايدۇ.

بۇ جازا مەيدانىدا ئەمگەك ئادەتتىن تاشقىرى ئېغىر. ئادەم بالىسى تاقەت قىلغۇسىز دەرىجىدە خورلۇق، تاياق ئازابى، ئاچلىق... يىغىپ ئېيتقاندا ئىنسان چىدىغۇسىز بىر دوزاخ. بىر كۈنى ئېغىر ئەمگەكتىن قايتىپ كەلگەن زىيالىلار بىلەن تالىپلار ئارىسىدا « ئىنسان » دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ھەققىدە قىزىق بىر سۆھبەت بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار ئىنسان دېگەن سۆز ئۇقۇم جەھەتتىن _ قابىلىيەتلىك ھايۋان، سۆزلەيدىغان ھايۋان، ئۆز ئىرادىسى بىلەن ھەرىكەت

قىلغۇچى ھايۋان، ئالى تەپەككۇرگە ئىگە، ئۆز ئىقتىدارى بىلەن ھەرىكەت قىلغۇچى ھايۋان... دېگەندەك، ئىنسانغا بېرىلگەن تەبىرنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ، ئاخىرقى خۇلاسىدە « كۆنۈپ قالغۇچى ھايۋان » دېگەن تونۇشقا كېلىپ توختاپتۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ شۇ چاغدا تارتقان ئازاپلىرىغا پەقەت ئىنساندىن باشقا ھېچ قانداق ھايۋان بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان دەرىجىدە دەھشەتلىك ئىكەن. بىراق ئەشۇ ئازاپ ۋە خورلۇقلارغا بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ بەرداشلىق بەرگىنى _ دەل كۆنۈپ قېلىشتىن ئىبارەت ئىكەن. شۇڭا ئۇلار ھەممىسى بىردەك، ئىنسان دېمەك _ « كۆنۈپ قالغۇچى ھايۋان » دېگەن چۈشەنچىگە كەلگەن ئىكەن.

بىراق، رابىيە قادىرخانىمنىڭ تۇرمە ھاياتىدىن مەزكۇر تەبىرنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ياكى « كۆنۈپ قېلىش » نىڭ ئۆزى ئىنسانلىق ماھىيەتكە ئويغۇن بولمىغان بىر خارەكتىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم.

ھەربىر يەككە ئادەمنىڭ قىممىتى ئىنسانلىق ماھىيىتى بىلەن نامايەن بولۇشى مۇمكىن. ئىنسانلىق ماھىيەت ئىنسانلىق قىممەتنى بەلگىلەيدۇ. كۆنۈپ قېلىش بولسا، كىشىنى ئەسلىدىكى ئىنسانلىق ماھىيىتىدىن ئايرىپ قويىدۇ. چۈنكى كۆنۈپ قېلىش ۋە كۆندۈرلۈش ھايۋاندا كۆچلۈك ئىپادىلەنگەن رېفلېكسلىق خۇسۇسىيەتتۇر.

دېمەك ھەربىر يەككە ئادەم بېشىغا كەلگەن « كۈن » گە كۆنۈپ قېلىۋەرسە، « بىز » گە ئوخشاش ئۆز ۋەتىنىدە خار، يات ئەلدە نامىسىز، يېنى يەرگە تەككەنلا ئەلدە كۆنۈپ قېلىپ، ھايۋانلاردەك دېرەكسىز يوقىلىدۇ. ئۇيغۇرلار كەتكەنلا ئەلدە كۆنۈپ قېلىپ، كېيىنكى نەسلىنىڭ ۋەتەنسىز سىگانلاردىن پەرقى قالمىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن جەڭگىۋار ئاتىلارنىڭ، غالىپ جەڭچىلەرنىڭ نەسىللىرى يېرىم ئەسىردىلا شالغۇت بىر خەلققە ئايلىنىپ كەتتى. تۈركىيە، ئەرەپ ۋە يىراق غەربنى ھېساپقا ئېلىش ھاجەتسىز. يېقىنقى چارەك ئەسىردىلا گېرمانىيەدە، ئامېرىكىدا، نورۋېگىيە، شىۋېتسىيە قاتارلىق نۇرغۇن دۆلەتلەردە شالغۇتلار مەيدانغا كېلىدۇ. چۈنكى بولغۇسى شالغۇتلارنىڭ ھازىرقى ئاتا - ئانىلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەن ئاتا - ئانىلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ساۋاتسىز، مىللى كىملىكلىرىنى تونۇپ يېتەلمىگەن كىشىلەردۇر.

چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن رابىيە قادىرخانىمدەك

ئىسيانكار، كۆنۈپ قالمايدىغان، ئىنسانغا خاس ماھىيەتكە ئىگە بولۇش لازىم.

46

مەھبۇسلار ئەتىگەن سەھەردىن باشلاپ، يېرىم كېچىگىچە كىيىم تىكىدۇ. شىم - كاستۇم، ئاياق كىيىمى، باللار كىيىمى قاتارلىق دۇكانلاردا سېتىلىدىغان ھەر قانداق كىيىملەرنى مەھبۇسلار تىكىدۇ.

كىچىككىنە زال — تۆرت تام ۋە ئۆگزىنىڭ ئاستى، زەي پۇراپ تۇرىدۇ. ئۈچ يۈزچە مەھبۇس ئايال تىككۈچىلەر مۇشۇ يەردە مەجبۇرى ئەمگەك قىلىدۇ.

رابىيە قادىر مۇشۇ تىكىش زالىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يۆلەنچۈكسىز ئىگىز بىر ئورۇندۇقتا بىر ئايغىچە ئولتۇرۇشى كېرەك. ئۇ ئوڭ - سولغا قارىماستىن، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، كىيىم تىكىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان مەھبۇسلارغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. چىياۋ چىياۋ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ باشقا مەھبۇسلاردەكلا ئۈن - تىنسىز ئىشلەيدۇ - دە، بەزىدە خۇددى قاراۋۇل ئىشتەتەك ئاۋرۇپ:

— ھەي، تۇزۇك ئولتۇر، قىمىرلىما — دەپ ئۇنىڭغا كۆز - قۇلاق بولىدۇ. ئۇ بەزىدە باشقىلارغا يارىدەملەشمەكچى بولغىنىدا چىياۋ چىياۋ ھۆرپىيىدۇ:

— ھەي، قول تەككۈزمە!

ئۇ پۈتۈن كۈن شۇلارنى ئويلايدۇ:

بۇ يەر نېمىدىگەن ياخشى، جەننەتتەك، بۇ يەر بۇرۇنقى تۈرمىگە قارىغاندا ھەقىقەتەن ياخشى. ئۇ يالغۇز كىشىلىك كامىردا ھېچكىمنى كۆرمەيتتى. ھېچكىمگە گەپ قىلالمايتتى. بۇ يەردىمىغۇ كىشىلەرگە گەپ قىلىش مەنئى قىلىنغان، لېكىن شۇنداقتىمۇ ھېچ بولمىسا باشقا مەھبۇسلارنى كۆرەلەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىيالايدۇ ئەمەسمۇ.

ئۇلار ئىشتىن قايتىپ كامىرغا كىرگىنىدە چىياۋ چىياۋ ئۇنىڭ كارۋىتىغا سۇ تۆكۈپ يۆل قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلدى - دە، ئارتۇق بىر نەرسە دېمەستىن، يۆلنىڭ ئۈستىگە چاپان - چاربىلىرىنى سېلىپ تېنچ يېتىپ قالدى. ئۇ خىيالىچە ئەتىگەن سائەت يەتتىلەرگىچە ئۇخلاشقا رۇخسەتتۇر دەپ ئويلىغان ئىدى. بىراق ئىككى سائەتمۇ ئۆتمەستىن گۇندىپايلار:

— تۇرۇش! تۇرۇش! — دەپ ۋارقىراپ ئويغىتىۋېتىشتى. كامىردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن جىددى تۇرۇشقا ئالدىرىشاتتى. ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ،

چالا ئۇيقۇ مەھبۇسلارنىڭ ئارقىسىدىن يۇگرەيتتى. ئۇ ھېچنىمىنى ئاڭقىرالماستىن ئۇلارغا ئەگىشىپ تازىلىقخانىغا كىردى. بۇ ھاۋا ئالماشقىدەك دېرىزىمۇ يوق، شۇنداق تارچىلىق، كىچىككىنە بۆلۈم ئىدى. تۆرت تامدا قاتار يۇز يۇيۇش تەڭنىسى بولۇپ، يۇزلەرچە ئايال قىستىلىشىپ، يا كىرەلمەي، يا چىقالماي قىينىلىشىدۇ. كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ بېقىنىغا قاتتىق جەينەكلىدى. ئۇنىڭ ئىچى قاراڭغۇلىشىپ، تۈزۈك ھەرىكەت قىلالمايتتى. باشقا بارلىق مەھبۇسلار ئۇنى قارغىشىپ تىللىشاتتى.

پەقەت بەش مىنۇت ئىچىدە ئۇلار مۇشۇ تار، كىچىككىنە بۆلۈمدە ھاجەتلىرىنى تۈگىتىپ، چىشلىرىنى مەلھەملەپ، يۇزلىرىنى يۇيۇپ بولۇشلىرى كېرەك. لېكىن ئۇزۇن رەت تۈتۈپ تىزىلىپ تۇرغانلار، بىرىلگەن ۋاقىتتا ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

(مۇشۇ تازىلىقخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر تەڭنە بولۇپ، مەھبۇسلار مۇشۇ تەڭنىدە قىشلىقى ئايدا بىر قېتىم، ياز ۋاقتىدا ھەر ئونبەش كۈندە بىر قېتىم يۇيۇنۇپ تارىنىشىدۇ. كىيىملىرىنى، قاچىلىرىنىمۇ يۇيىۋېلىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا قىرىق بەش مىنۇت ۋاقىت بېرىلىدۇ).

ئۇلار چالا ئۇيقىدا كارۋاتلىرىدىن قانداق تېز تۇرۇپ تازىلىقخانىغا كىرىشكەن بولسا، تازىلىقتىن كېيىنمۇ شۇنداق جىددىي، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا تىكىش ماشىنىلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ بولۇشىدۇ. ئۇلار-ماغدۇرسىز تەنلەر، ئەشۇ جىددىچىلىكتە يۈگۈرۈشۈپ قانچە قېتىملاپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئۇلار دومىلاپ قوپۇپ، يەنە چاققانلىق بىلەن يۈگۈرىشىدۇ. ئەتىگەنلىك ئىش باشلىنىپ، ئۈچ سائەتلەردىن كېيىن باقاۋۇل گۇندىپايلار نۆۋەت ئالمىشىدۇ. ئاندىن « تاماق ئېلىش! » دېگەن بۇيرۇق كېلىدۇ. مەھبۇسلار بوراندەك يوپۇرلۇپ كېلىشىدۇ. يوغان بىر تۆمۈر باكتىكى تاماققا رەت تۇتۇشۇپ، تاماقنى ئالغاندىن كېيىن ئۆز ئورۇنلىرىغا چېپىشىدۇ. « تاماق » قاپ - قارا يۇندىنىڭ ئۆزىلا.

رابىيە قادىر تاماقتىن بىر قوشۇق ئېلىپ ئاغزىغا سېلىۋىدى چىشلىرىغا مىلىچچىدە چاپلىشىپ قالدى. ئۇ بەلكىم تورۇستىن بىر نەرسە چۈشۈپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدى - دە، تاماقنى يېمەي يەردىن بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ، قاچىسىنى يېپىپ قويدى. لېكىن چىياۋ قەغەزنى ئېلىۋەتتى. ئۇ قېرىق ھالدا قوشۇقنى ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدىيۇ، كۆڭلى ئاينىپ، تاماقنى ئاغزىغا ئالالمىدى. ئۇ يېنىدىكى باشقا مەھبۇسلارنىڭ

كۆڭلىنى ئاياپ:

— كەچۈرۈڭلار، بۈگۈن تاماقنى يېيەلمىگۈدەكمەن — دېدى. بىراق ھېلىقى پاكار خىتاي:

— ئەگەر تاماقنى يېمىسەڭ ئورنۇڭدىن تۇر! — دەپ بۇيرۇق قىلدى. ئۇ چىياۋ چىياۋنىڭ قانداق مەقسىدى بارلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا:

— سەن گۇندىپايىمىدىڭ، ماڭا داۋاملىق ۋارقىرىغىلى؟ — دېدى ئاچچىقلاپ. پاكار خىتاي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، باقاۋۇلدىن « باۋداۋ » دەپ رۇخسەت ئالدى . دە سىرتقا گۇندىپايلار ئىشخانىسىغا قاراپ چاپتى. ھايال قالماي گۇندىپاي جىياڭ بىلەن بۇ نى باشلاپ قايتىپ كىردى. ئۇ ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي جاۋىلداپ، رابىيە قادىرنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلاتتى. جىياڭ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— نېمىشكە چىياۋ چىياۋغا زۇلۇم سالدىڭ؟.

— تۈنۈگۈن ئاخشامدىن باشلاپ — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ. — ئۇنىڭ تىل-ھاقارىتى ئاستىدا قالدىم. ھەتتا كېچە يېرىمىغىچە مېنى تىللاپ ھارمىدى. بۇ تاماق تىلىمغا تېتىمىغانلىقتىن يېمىگەن ئىدىم. بولغان ئەھۋال شۇ.

جىياڭ غەزەپتىن بۇغۇلۇپ ۋارقىرىدى:

— ھەممەڭ ئورنىڭدىن تۇرۇش!.

ئۈچيۈز ئايالنىڭ ھەممىسى بىردەك چاچراپ تۇرۇشتى.

— بىز تەرەپكە قاراش! — دەپ قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈردى جىياڭ.

بارلىق كۆزلەر رابىيە قادىرغا تىكىلدى كىملەردۇر:

— بۇ بىزنىڭ ئانىمىز رابىيە قادىر! — دېيىشىپ گۇڭۇر - مۇڭۇر قىلىشتى. جىياڭ دەرھال سۈرۈشتە قىلدى:

— كىم بۇ رابىيە قادىر دېگەن نامنى تىلغا ئېلىشقان؟.

ئارىدىن ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ئايال ئالدىغا چىقىشىپ، ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىشتى.

— سەنلەر پۈتۈن كۈن ئىشخانا ئالدىدا ئۆرە تۇرىشىسەن! — دېدى جىياڭ ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئېلان قىلىپ. ئىشخانا ئالدىدا ئۆرە تۇرۇش دېگەنلىك يىگىرمە تۆرت سائەت قىمىرلىماستىن سېسىمچىلىقنى پۇراپ، مەينەت يەردە تۇرىدىغان گەپ. بۇمۇ يېنىك جازا ئەمەس، تېخى يەيدىغان تاياقمۇ بار.

جىياڭ كۆپچىلىككە ئوچۇق قىلىپ ئەيتتى:

— ئەگەر سەنلەر رابىيە قادىر بىلەن گەپلىشىدىغان بولۇشساڭ نومۇرلىرىڭ

تارتىلىدۇ!.

ئەگەر بىر كىمدىن ئۈچ نومۇر تارتىلسا، بىر قېتىملىق ئائىلە كۆرۈشتۈرۈشتىن مەھرۇم بولىدۇ. بەلكى كېيىنكى قېتىملىق تاماقتىكى مېغىزچىلىك ئۈچ پارچە گۆشنىڭ ئىككى پارچىسىمۇ جازاغا تارتىلىدۇ. ئەگەر تېخىمۇ ئارتۇق نومۇر تارتىلسا، قاراڭغۇ كامىرغا بەنت قىلىنىدۇ.

جىياڭ يەنە داۋام قىلدى:

_ ھېچ كىم رابىيە قادىرغا قارىمىسۇن! ھەممەڭ بېشىڭنى تۆۋەن قىلىش! بىز بۇنىڭغا بىر ئوبدان تىرىشچان بىر قىزنى ھەمرا قىلىپ، يېنىدا ئولتۇرغۇزدۇق. بىراق بۇ، ئۇ قىزغا ئازار قىلدى. بۇ ئايال خەلق دۈشمىنى! ئۇ كۆپ پۇل تاپقان، مەشھۇر بولغان. تۇنۇگۇن ئاخشامدىن باشلاپ مۇنۇ كىچىك قىزنى بوزەك قىلماقتا. ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ ياتىدىغان ئورنىغا كىچىك تەرەت قىلىپ قويغان بولسىمۇ، مۇنۇ قىز ھېچنىمە دېمەستىن ئۇنىڭ ئورۇن كۆرپىسىنى يۇيۇپ تازىلاپ بەرگەن.

چىياۋ چىياۋ ئىشتىتەك ھۆلاپ يىغلاشقا باشلىدى. جىياڭ بولسا ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سۆزلەپ مۇنۇلارنى دېدى:

_ سەنلەر بۇ ئايالنىڭ بۇرۇن قانداق ئالاھىدە شەخس ئىكەنلىكى توغرىسىدا گەپ قىلىشما! بەلكى سەنلەر ئۇ چاغلاردا بۇنى توغرا تەخمىن قىلىشالمىغان.

جىياڭنىڭ يېنىدا ھېلىقى گۈزەل بۇ قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك تۇراتتى. رابىيە قادىر ئۇنىڭدىن ياردەم ئىزدەپ ئۈمۈناتتى. ئۇمۇ بىر ئۇيغۇر قىزى بولغاندىكىن بىرەر ئېغىز بولسىمۇ ياخشى گەپ قىلىشى كېرەك ئىدىغۇ! بىراق ئۇ ھېچنىمىنى كۆرمىگەندەك، ھېچنىمىنى ئاڭلىمىغاندەك گوياكى باشقا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل كىشىدەك پەرۋاسىز تۇراتتى.

رابىيە قادىر ئۈن- تىنسىز ئۆز ئورنىغا قايتتى. ئەگەر ئۇ بىر نېمىلەرنى ئېيتسا باشقا مەھبۇس ئۇيغۇر ئاياللار ئارىلىشىپ قېلىپ، ھېساپقا تارتىلىشى تۇرغان گەپ. ئۇ ئۆزىنى قاتتىق خور ھېس قىلاتتى. ئۇ بىرىنچى كۈنىلا ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ئايالنى قىيىن كۈنگە قويغان ئىدى.

جىياڭ ئۆزىنىڭ بىر يىغىنغا بارماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ كۆزدىن يوقالغىچە كۈتۈپ تۇرغان بۇ، ھېلىقى جازاغا تارتىلغان ئۈچ نەپەر ئۇيغۇر ئايالنى چاقىرىپ سورىدى:

_ سەنلەر نېمىشكە رابىيە قادىر دېگەن نامنى ئۇنلۇك تىلغا ئېلىشتىڭ؟

يەنە بىر قېتىم شۇنداق قىلىشامسەن؟.

_ ياق.

ئۇلار يېلىنگەن ھالدا ئىپادە بېرىشتى.

_ ياخشى، ئۇنداق بولسا بۇ ۋەدىنامىگە ئىمزا قويۇش! _ دېدى بۇ ئۇلارغا بىر ۋاراق ۋەدىنامە يېزىلغان قەغەزنى تەڭلەپ.

ئايالار ئىمزا قويۇشتى، ئاندىن بۇ ئۇلارنى توختىتىپ قويۇلغان يەردىن بوشىتىپ ئىشلىرىغا بۇيرىدى.

شۇ تاپتا بۇ رابىيە قادىرنىڭ كۆڭلىدە ئىللىق بىر تۇيغۇ پەيدا قىلغان ئىدى. ئۇ ئويلايتتى:

_ مۇنۇ ھەيكەل قارىغاندا ئادىمى ھەيكەل بولسا كېرەك! ئۇ مۇشۇ جايدا، مۇشۇ ئورۇنغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئۆز مىللىتىگە بولغان ھېسداشلىقىنى يوقاتمىغان!.

_ رابىيە قادىر!.

چاقىردى بۇ ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ.

_ مانا مەن بۇ يەردە _ جاۋاپ بەردى ئۇ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ.

_ مەن بىلەن بىرگە ئىشخانىغا ماڭسۇن!.

ئۇ بۇ نىڭ ئىشخانىسىغا كىرمەكچى بولۇۋىدى:

_ توختىسۇن! ئاۋۋال « باۋداۋ » دەپ ئاندىن كىرسۇن _ دېدى ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

ئۇمۇ بىر ئۇيغۇر قىزى بولغانلىقى، يەنە كېلىپ ئۈچ نەپەر ئۇيغۇرنى ھىمايە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇ ياقتۇرۇپ ئادەتلىنىپ قالغان « باۋداۋ » نى دېدى. ھەتتا ئۇنىڭدا بۇ غا قارىتا بىر ئاز ھۆرمەتمۇ يوق ئەمەس ئىدى. چۈنكى مۇشۇ خىتاينىڭ يېنىدا ئىشلەپ، قولىدىن كەلگىنىچە ياخشىلىق قىلىشمۇ ئاسان ئەمەس. شۇنداق بولغانىكەن ئۇنىڭغا كاشىلا قىلماسلىق لازىم!.

بۇ رابىيە قادىردىن سىلىق - سىپايە تەلەپپۇزدا سورىدى:

_ نېمىشكە ئۇنىڭ ئالدىدا جىم تۇردۇ؟ كېچىدە ئورۇنغا تەرەت قىلىدىغان كېسەل يوق _ دەپ چۈشەندۈرمىدى؟. ( بۇ ئالدىدىكى كىشىگىمۇ شۇنداق ئۈچىنچى شەخسكە قارىتىپ گەپ قىلاتتى)

_ مېنىڭ ئۇنداق ئايالار بىلەن جېدەللەشكىم يوق. ئۇنداق قىلىش مېنىڭ خارەكتىرىمگە ئويغۇن ئەمەس. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا مەھبۇس. بەلكى

كېيىنچە ئۇنىڭ بىلەن چۈشىنىشىپ كېتەرمەن ــ دېدى ئۇ سۇكۇت قىلىشىدىكى سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ.

بۇ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ:

ــ ئورۇنلۇق! ئۇنداق بولسا بۇ ئەھۋالدا مەن ئارىلاشمايمەن! ــ دېدى گەپنى ئۈزۈپ.

( جىياۋ جىياۋ ئۇنىڭغا قاق ئىككى يېرىم يىل ئەسكىلىك قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نەرسىلىرىنى رابىيە قادىرنىڭ كارۋىتىغا سۇقۇپ قويۇپ، جىياڭغا دەۋا قىلاتتى. بەزىدە تاماق قاچىسىنى يەرگە تاشلىۋېتىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلاتتى )

جىياڭ ئۇنى پۈتۈن تىككۈچى مەھبۇسلارنىڭ ئالدىدا ئۆرە توختىتىپ قويۇپ، ئەڭ يامان تىل- ھاقارەتلەر بىلەن تىللايتتى. ئۇ بۇنداق تىل-ھاقارەت، خورلۇقلاردىن ئۆزىنى قوغدىيالمايتتى. بىر قېتىم جىياڭنىڭ مىكروفون بىلەن كۆپچىلىككە ئاڭلىتىپ سۆزلىگەن تۆۋەندىكى سۆزىگە ئەڭ ئېغىر جاۋاپ قايتۇرالىدى:

ــ سەنسىز ساڭا ھۆرمەت قىلالىغان، سېنى كۆرمەي تۇرۇپ سېنى قوبۇل قىلغان بۇنداق بىر خەلقنى مەن چۈشىنەلمەيمەن. يەنە سېنىڭدەك بىرىنىڭ خەلق قورۇلتىيىدا ۋەكىل بولغانلىقىنىمۇ چۈشىنەلمەيمەن. سېنىڭ ھەرگىزمۇ قۇرۇلتاي ۋەكىلى بولۇشقا لاياقىتىڭ يوق!.

ــ توغرا دەيسەن ــ دېدى رابىيە قادىرجىياڭغا جاۋاپ بېرىپ ــ خەلق قۇرۇلتىيىدىكى ئورۇن ماڭا ئويغۇن كەلمىگەن ئىدى. چۈنكى خەلق قۇرۇلتىيى شۇنداق بىر جايكى، ئۇ يەرگە نۇرغۇنلىغان يالغانچى، بۇلاڭچى ۋە ئوغرىلار توپلاشقان ئورۇن. ھەم ساڭا ئوخشاش بىرى بىلەن سۆزلىشىشمۇ ئەسلىدە ماڭا مۇناسىپ كەلمەيتتى.

ئۇنىڭ تەئەددىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن جىياڭنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ھۇشىنى يىققاندەك بولۇپ، يەنە ۋارقىرىدى:

ــ بەس! ئولتۇر! ئىشىڭنى داۋام قىل!

جىياڭ باشقىلارغا بۇرۇلۇپ:

ــ ھەممەڭ يەرگە قاراش! ــ دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەندىن كېيىن بۇ غا:

ــ ئاڭلىدىڭمۇ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى؟ مەن ئۇنى ئەڭ ئېغىر جازا بۆلۈمىگە يۆتكىتىۋېتىمەن! ــ دېدى چالۋاقاپ.

تۈرمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىغا ۋە باشقا تۈرمە كادىرلىرىغا جىياڭ رابىيە

قادىرنى قارىلاپ، ئۇنى ئۆزگەرتەلمىگەنلىكى، باشقۇرالمىغانلىقى، تۈرمە ئىنتىزامىغا قاتتىق بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان خەتەرلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا شىكايەت قىلدى. تۈرمە كادىرلىرى مەزكۇر شىكايەتنى ئاپتونوم رايونلۇق يوقۇرى دەرىجىلىك ئامانلىقنى قوغداش باشقارمىسىغا، ئاندىن ئۇلار خىتاي مەركىزىگە مەلۇم قىلىشىپ، ئۇنى قاتتىق جازالاشقا بىيجىڭدىن بۇيرۇق تەلەپ قىلىشتى.

شۇنىڭدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، بىيجىڭدىن يەتتە نەپەر خىتاي تۈرمىگە كېلىشتى. ئۇلار رابىيە قادىرنى تۈرمە ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. خىتايلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئولتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىپ سۆز باشلىدى:

_ سەن بۇ تۈرمىگە يۆتكەلگىلى تېخى بىر يىلمۇ بولمىدى. لېكىن سېنىڭ ئۈستۈڭدىن يىگىرمە تۈرلۈك شىكايەت تاپشۇرۇۋالدۇق! مەن ئويلايمەنكى، سەن يېڭى ھاياتقا ئۆزەڭنى كۆندۈرۈشنى خالىمايۋاتقانسەن، ياكى كۆنەلمىگەنسەن. ئەگەر سەن ھازىردىن باشلاپ ئۆزگۈرۈشنى خالىمىساڭ سېنى تارىم - پەيلو جازا لاگېرىغا يوللايمىز!.

( پەيلو شەرقى تۈركىستاندىكى يىگىرمە توققۇز يەردە ئەمگەك بىلەن جازالاش مەيدانى بار ئەڭ چوڭ جازا لاگېرىدۇر. مىڭلىغان مەھبۇسلاردىن ھايات قالىدىغىنى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئوتتۇزغا يەتمەيدۇ.

ئەگەر نىمجان، ئاجىزراق بىرى قۇملۇققا يىقىلغان ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ بولغىچە مىڭلىغان سېرىق چۇمۇلە غۇجىمەكلىشىپ، ھېلىقى ئادەمنى بىر دەمدىلا غاجىلاپ، سۆڭەكلىرىنى يالىڭاچلاپ قويىدۇ. ئۇ، شۇنداق بىر جاي ).

خىتاينىڭ يەنە بىرى بۇ نى يېنىغا چاقىرىپ سورىدى:

_ سىز بۇ مەھبۇسقا قارىتا مەجبۇرىيىتىڭىزنى ئادا قىلمىدىڭىزمۇ؟ ئۇنى ئۆز مەيلىچە قويۇۋەتتىڭىزمۇ؟.

_ ياق، مەن ئۇنداق قىلمىدىم - دېدى بۇ جاۋاپ بېرىشكە ئالدىراپ، ھەم بۇ توغۇرلۇق ھېلىقى خىتاي بىلەن يالغۇز پاراڭلىشىشنى ئۆتۈندى. شۇنداق قىلىپ رابىيە قادىر خېلە ئۇزاق سىرتتا ساقلىدى. بۇ نىڭ بىيجىڭدىن كەلگەن خىتايلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولاتتى:

_ ئەسلىدە رابىيە قادىر خاتا بىر ئىش قىلمىغان، جىياڭ قەستەن مەسىلە تۇغدۇرۇپ، قىيىنچىلىق پەيدا قىلغان.

خىتاي ئەمەلداردىن بىرى رابىيە قادىرغا ئەھۋالنى بىلدۈردى:

_ سەن ياخشى ئاڭلاپ تۇر، سەن باشقا مەھبۇسلارغا ئوخشىمايسەن.

مەركىزى ھۆكۈمەتنىڭ شۇنداق قارارى بار، سەن جازا مۇددىتىڭ تۈگىگىچە سەككىز يىل ھەرقانداق مەھبۇس بىلەن كۆرۈشۈشتىن مەنئى قىلىنىدىڭ. ساڭا پەقەت جىياڭ، بۇ بىلەنلا كۆرۈشۈشكە رۇخسەت. ئون بەش كۈندە بىر قېتىم بارلىق مەھبۇسلار توپلىشىپ تىلۋىزور كۆرىدۇ، ساڭا رۇخسەت يوق! سەن نە ئوقۇشتىنمۇ، يېزىشتىنمۇ چەكلەنگەن. چاچلىرىڭ قۇلاق تۈۋىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. باللىرىڭنىڭ ساڭا تاماق ئەكىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلمايسەن! جىياڭ بىلەن بۇ نېمىگە بۇيرىسا، سەن شۇنى ئادا قىلىسەن!.

خىتاي ئەمەلدارنىڭ يوقۇرقى بۇيرۇقلىرىغا رابىيە قادىر باش لىڭشىتىپ ماقۇللىقىنى بىلدۈردى.

يەنە بىر خىتاي ئەمەلدار سۆز ئالدى:

_ بىز بۇ يەردە جەمى ئون نەپەر كىشىنى ساڭا مەسئۇل قىلىپ بېكىتتۇق. ئۇلار بۇ، جىياڭ، مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى، باشقا گۇندىپايلار، چىياۋ چىياۋ، شۇنىڭدەك باشقا مەھبۇسلارمۇ بار. ئۇلار نۆۋەتلەشكەن ھالدا سېنى كۆزىتىدۇ. ئەمدى سەن قايتساڭ بولىدۇ.

ئۇ كامىرغا قايتىپ كىرىشى بىلەن تەڭ چىياۋ چىياۋ تۈگۈگۈزدەك چىقىراشقا باشلىدى. « رابىيە قادىر چىرايىنى قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگۈزۈپ، ئۇنى قورقۇتىۋەتكەنمىش.» ئۇ كارىدورغا چىقىپ گۇندىپايلار ئىشخانىسى تەرەپكە چاپتى ۋە ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

جىياڭ بىلەن بۇ بىرگە كامىرغا يېتىپ كېلىشتى. جىياڭ مۇنداق دېدى:

_ بېيجىڭدىن كەلگەن ھۆكۈمەت خادىملىرى تېخى كەتمىدى. يەنە نېمە ماجرا؟ بىچارە چىياۋ چىياۋ مۇشۇ كىشىنىڭ قورقۇتىشى ئاستىدا ئازاپلانماقتا. بىز بۇنى پەيلو جازا لاگىرىغا يوللىۋېتىشىمىز كېرەك.

رابىيە قادىر تۈنجى بولۇپ بۇ غا ئۇدۇل قاراپ مۇنداق دېدى:

_ سەن باشقا كامىرداشلاردىن سوراپ باق! مەن ھېچنىمە قىلمىدىم.

باشقا كامىرداش مەھبۇسلارمۇ چىياۋ چىياۋنىڭ رابىيە قادىرغا قانچىلىك ئەسكىلىك قىلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. بىراق، ئۇلار قورقۇپ بىر نەرسە دېگىلى ئۇنىمىدى. ھېلىقى قازاق قىز بۇ غا چۈشەندۈرۈپ چىياۋ چىياۋنىڭ بۇندىن بۇرۇن رابىيە قادىرغا نېمىلەرنى قىلغانلىقى توغرىسىدا ئوچۇق سۆزلىدى.

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ھېلىقى كىچىككىنە قازاق قىزى رابىيە قادىرغا

يارەدەم قىلغانلىقى ئۈچۈن تۈرمە باشلىقلىرىنىڭ كۆزىگە تىكەندەك كۆرۈنىدىغان بولدى. ئۇ بۇندىن بۇرۇنمۇ رابىيە قادىرغا كىر يۇيۇش، قاچا-قۇچىسىنى يۇيۇش قاتارلىق ئىشلاردا ياردەملىشەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۇ قىزنى باشقا بىر بۆلۈمگە يۆتكەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر ساراڭ خىتاي خوتۇننى ئەكىرىپ قويۇشتى. ئۇ پۈتۈن كېچە باشقىلارنى تىللاپ چىقاتتى. ئۇخلاپ قالغان كامىرداشلىرىنىڭ يوتقانلىرىنى چۆرۈپ تاشلايتتى. بەزىدە قاقاھلاپ كۈلەتتى، تۈرۈپلا ھۆكىرەپ يىغلاپ، چاچلىرىنى يۇڭداشقا باشلايتتى. ئەشۇ ساراڭ خوتۇن كىرگەندىن باشلاپ بۇ كامىردىكى مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسىلا شۈمشەرەپ قالغان ئىدى. ئەمما ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ئۇ ساراڭ پەقەت يالغۇزلا رابىيە قادىرغا تەگمەيتتى. ھەتتا كامىردىكى باشقا مەھبۇسلارغا « بۇ خانىم ئۇلۇغ كىشىدۇر! » دەيتتى.

ئەشۇ ساراڭ ئايالنىڭ رابىيە قادىرغا ياخشى مۇئامىلە قىلغىنىنىمۇ باشقىلار تۈرمە باشلىقلىرىغا مەلۇم قىلىپ تۇرىشاتتى. ئۇنى ئارامىدا قويغىنى ئۈچۈن ساراڭنىمۇ ئالماشتۇرىۋەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەر ئون بەش كۈندە ئۇنىڭ كامىرىدىكى مەھبۇسلارنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بولۇشتى. بىرەر مەھبۇس بىر ھەپتىلا رابىيە قادىرنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلمىسا، دەرھال باشقا كامىرغا يۆتكىۋېتەتتى. بۇ كامىردا رابىيە قادىرغا كۆز- قۇلاق بولىدىغان، ئۇنىڭ ئۇستىدىن مەسىلە پاش قىلىدىغان، زۇلۇم سالىدىغان ئۈچ كىشىلا مۇقىم قالاتتى.

ھەر ئون بەش كۈندە بىر قېتىم تۈرمە كادىرلىرى رابىيە قادىرنى ئۆز ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ سۆزلەيتتى:

_ سەن ئۆزەڭنى ياخشى تونىمايۋاتىسەن! سەن كامىرداشلىرىڭنىڭ خاتالىقلىرىنى پاش قىلمايۋاتىسەن، لېكىن ئۇلار سېنىڭ ئۇستۇڭدىن شىكايەت قىلىشىدۇ.

بۇ ھەقتە ئۇ ئۇزۇن ئويلاندى. نېمىشكە كامىرداشلىرىم مېنىڭ ئۇستۈمدىن تۆھمەت توقۇيدۇ؟ نېمىشكە چاقلايدۇ؟ _ ئۇ ئۇلارنى تونۇشتىن بۇرۇنلا قاچانلاردۇر ئۇلار تۈرمىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي خىسلىتىنى، ئورتاقلىق ھېسسىياتلىرىنى، مېھىر - شەپقەت تۇيغۇلىرىنى يوقىتىپ بولغان ئىكەن!

ئۇ خالا جايغا بارماقچى بولسا ئاز دېگەندە ئىككى مەھبۇس ئارقىسىدىن بېقىپ ماڭاتتى. ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىدا ئۇنىڭ يېنىدا باشقا ئىككىسى بولاتتى. ئۇ قانداقلا بىر جايدا بولمىسۇن، ئۇنىڭ يېنىدا بىر قانچىسى ئىزچىل

پايلاقچىلىق قىلاتتى. مۇشۇنداق دائىم بىرگە ھەمرا بولۇش، ھەممىسىنىلا غالجىرلاشتۇرىۋەتكەن ئىدى.

بىر كۈنى تۈرمە باشلىقى ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن كۆرۈشىشىگە رۇخسەت بەردى.

_ بالىلىرىڭ ئەتە كېلىدۇ _ دېدى بىر گۇندىپاي خەۋەر يەتكۈزۈپ. ئۇ كېچىچە كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدى. ئۇ، ھەر بىر دەقىقىنى سانايتتى. تاڭ ئاتتى! ئۇ چۈشكىچە تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى. ھېچكىم ئۇنى چاقىرمايتتى. قاق چۈش بولغاندا بۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. دە، _ مەن بۇ يەردە ! _ دەپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى.

_ بالىسى كەلدى _ دېدى بۇ خەۋەر قىلىپ. ئۇ بالىلىرىنى كۆرگىلى ئالدىرايتتى. لېكىن بۇ ئۇنى تىزگىنلەپ،

_ ئاستا ماڭسۇن، مېنىڭ ئالدىمدا كەتمىسۇن _ دەيتتى. بىراق ئۇ بالىلىرىنىڭ ھىدىنى ئالماقتا! بالىلىرى شۇنچىلىك يېقىنلا يەردە! ئەمما بۇ ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ، ئاستا ماڭسۇن، تېز ماڭسا بولمايدۇ _ دەيتتى تەكرار.

ئۇنى كۆرۈشتۇرۇش بۆلۈمىگە ئېلىپ كىردى. بۇ قېتىم ئارىدا ئەينەك تام يوق ئىدى. بۆلۈمدە ئىككى دانە ساپا، بىر كىچىك شىرە قويۇلغان. ئۇنى كۈزەتچى ئولتۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى:

_ بالىلىرى بۆلۈمگە كىرگەندە ئۇ ئورنىدىن تۇرماسلىقى لازىم. بىر باقاۋۇل ۋىدىيو كامېرانى تەييارلاپ، ئۇلارنىڭ كۆرۈشۇش ئەھۋالىنى فىلىمگە ئېلىشقا تەق بولغان ئىدى. بۆلۈمدە ۋە سىرتىدا ساناقسىز كادىر، ساقچى، ئەسكەرلەر قىمىلداپ يۈرىشەتتى. بىر باقاۋۇل ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنۇلارنى ئېيتتى:

_ سېنى بالىلىرىڭ بىلەن كۆرۈشتۈرش ئۈچۈنلا ئىككى يۈز نەپەر كادىر قاتنىشىدۇ. ئەگەر سەن بالىلىرىڭغا تۈرمىدىكى كۈندىلىك ئەھۋالىڭدىن كىچىككىنە بىر نەرسە ئاڭلىتىدىغان بولساڭ، بۇندىن كېيىن ھېچقاچان كۆرۈشەلمەيسەن! سەن پەقەتلا تۈرمىدە ياخشى تۇرىۋاتقانلىقىڭنى، تامىقىڭنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىسەن. باشقا گەپلەرنى تىلغا ئالمايسەن.

كادىرلار، ساقچىلار، ئىشقىلىپ بۆلۈمدە ئايلىنىپ يۈرگەن ھەممىسى رابىيە قادىرغا بىر نەرسىلەرنى ئېيتىشاتتى. لېكىن ئۇ پەقەتلا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان بالىلىرىنىلا ئويلايتتى. ئۇ كۆرۈشكە، بىلىشكە ئالدىرايتتى:

بالىلىرىم قانداق بولۇپ كەتكەندۇر! ئۇلارنىڭ چېھرىلىرى ئۆزگۈرۈپ

كەتكەنىمىدۇر، بالىلىرىم پاتراق كۆز ئالدىمدا بولسا ھەممىدىن ياخشى بولاتتى! قاچان كىرەر؟.

شۇ ئەسنادا ئۇ قاخارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى:

_ ئاپا!

ئۇ قاخار تەرەپكە بۇرۇلماقچى بولىۋىدى، كۆزەتچى ئۇنى بېسىپ توختىتىپ قويدى. ئارقا تەرەپتىن:

_ سۆيۈملۈك ئاپا! جېنىم ئاپا! _ دېگەن ئاۋاز كېلەتتى. ئالىم، روشەنگۈل، قاخارلار بۆلۈمگە كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەندىكىپ كېتىشتى ۋە ھەممىسىلا بىر ئېغىزدىن ئېيتقاندەك:

_ ئاپا!!! _ دەپ ۋارقىراشتى. قۇلاق تۈۋىدىن كېسىۋېتىلگەن قىسقا چاچلىق، كۆلرەڭ تۈرمە كىيىمى، ئورۇقلاپ ياداپ كەتكەن شۇنچىلىك ئاجىز بىر ھال. ئۇلار ئاپىسىنى ھېچقاچان بۇنداق ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغان ۋە تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتتى.

بىر باقاۋۇل ئەسكەر كۆزى ياشلىق بالىلارغا تەئەددى قىلدى:

_ بۇ نېمە گەپ ئەمدى؟ ئەگەر ئاپاڭلارنى كۆرمىسەڭلار تېخى ئارام بەرمەيسىلەر، ئاپاڭلارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ يەنە نېمە غەۋغا بۇ! ھە! ئولتۇرۇڭلار!.

لېكىن بالىلار يىغلاشتىن زادىلا توختىيالمايتتى.

ئۇ ئالدىدا تۇرغان ساقچىدىن بالىلىرىنىڭ يىغىسى ئۈچۈن ئۆتۈنۈپ كەچۈرۈم سورىدى. روشەنگۈل يىغىسىنى توختىتىپ:

_ سۆيۈملۈك ئاپا، بىز ئەھۋالىڭنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇق، شۇنداقتىمۇ، سەن بەك چىرايلىق تۇرۇپسەن _ دېدى. قاخار ھۆكرەپ يىغلايتتى. ئۇ بالىلىرىغا تەسەللى بەرمەكتە ئىدى:

_ بالىلىرىم، ھېچقىسى يوق، ئۇلار چاچلىرىمنى كېسىۋەتسە، كىيىملىرىمنى ئېلىۋالسا، مېنى قانداقلا ئۆزگەرتىۋەتسە ھېچقىسى يوق. مەن ھەممىگە بەرداشلىق بېرەلەيمەن. ئۆتۈنىمەنكى، مېنىڭ ھالىمدىن سىلەر ئازاپلانماڭلار. مەن بۇ يەردە باشقا بارلىق مەھبۇسلارغا ئوخشاش ھايات كەچۈرىۋاتىمەن. تۈرمىدىكى بۇ ھاياتىم بۇرۇنقى بەختلىك ھاياتىمنىڭ بىر قىسمى.

_ ئاپا، سېنىڭ سۆزلىرىڭ قەتئى ئۆزگەرمەپتۇ. سەن بۇرۇنقىدەكلا جانلىق سۆزلەۋاتىسەن. ئەمدىلا يۈرىكىمىز ئىزىغا چۈشتى _ دېدى روشەنگۈل ئاپىسىنىڭ ساغلام ئىكەنلىكىدىن خاتىرجەم بولۇپ.

ئۇ دادىسى قادىرخان توغۇرلۇق سورىدى. قادىرخان تىنىماستىن « رابىيە قاياقتا كەتتى » دەپ سورايدىكەن، بالىلار « تىجارەت ئىشى بىلەن ئامېرىكىغا كەتتى » دەپ پەپىلەپ تۇرىدىكەن. لېكىن شۇنداقتىمۇ قادىرخاننىڭ چۈشىنەلمىگىنى ــ نېمىشكە ئۇ بىرەر قېتىم بولسىمۇ تېلېفۇن قىلمايدىغانلىقى ئىكەن.

ھەر كۈنى سەھەر سائەت بەشتىن بۇرۇن مەھبۇسلار كامىرلاردىن چىقىپ، تىكىش زالىدا تەق بولۇشىدۇ. كېچە سائەت ئىككىدىن بۇرۇن كامىرغا قايتالمايدۇ.

رابىيە قادىر قاق بىر ئاي زالنىڭ بۇلۇڭىدا مىدىرلىماي ئولتۇرغاندىن كېيىن باشقا مەھبۇسلاردەك ئىش رۇخسىتى تەلەپ قىلدى. چۈنكى يىگىرمە، يىگىرمە بىر سائەتتىن ئارتۇق يۆلەنچۈكسىز ئىگىز ئورۇندۇقتا ھەرىكەت قىلماستىن مەجبۇرى ئولتۇرۇش تېخىمۇ قاتتىق ئازاپ، تېخىمۇ ئېغىر جازا ئىدى. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئىشلەش كېرەك!

ئەتىگىنى ئەمگەككە ماڭىدىغاندا گۈندىپايلار بىرىنچى بولۇپ رابىيە قادىرنى يوقلىما قىلىدۇ. ھەم ئەمگەك زالىغا بىرىنچى بولۇپ ئۇنى كىرگۈزىدۇ. بەزىدە ئۇ رەتنىڭ ئارقىسىدا قالغان بولسا، باشقا مەھبۇس ئاياللار تىكىش زالىنىڭ ئىشىك تۈپىدە ئۇنى ساقلىشىدۇ ـ دە، گويا ئۇ بىر ھۆكۈمراندەك، ئۇنى كۈتۈپ تۇرۇشقان كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ زالغا قاراپ ماڭىدۇ. بۇنداق كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭغىمۇ يېقىپ قالاتتى. خىتاي مەھبۇسلار:

ــ خەتەرلىك جىنايەتچى كېلىۋاتىدۇ ــ دېيىشكىنى تۇرسا، بەزەن چاخچاقچى ئۇيغۇر مەھبۇس ئاياللار:

ــ پادىشاھ ئالىلىرى كېلىۋاتىدۇ، دىققەت! ئالىلىرىغا يولنى بوشىتايلى! ــ دەپ چاخچاق ئارقىلىق كۆڭۈللىرىدىكى ھۆرمەت تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلىشىدۇ. ئۇ ئىشنىمۇ بىرىنچى بولۇپ باشلايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنىلا ئەمەس، بەلكى ۋەزىپىدىن ئاشۇرۇپ ئىشلىشى كېرەك. بىراق كۈنىگە يىگىرمە ئىككى سائەتلەپ، ئۇيقۇسىز ئەمگەك قىلىش بىجىرىپ بولالىغۇدەك ئىش ئەمەس.

ئۇنىڭ يۈزىنىڭ بىر تەرىپى قاتتىق ئاغرىشقا باشلىدى. باشقا نۇرغۇن مەھبۇسلارمۇ شۇنىڭدەك يۈزلىرى ئاغرىيدۇ، ھۇشسىزلىنىدۇ، ھەتتا كۈندە ئاز دېگەندە يىگىرمە ئايال ھۇشسىزلىنىپ، ئاسپالىت يەرگە قاتتىق يىقىلىپ چۈشىدۇ. گۈندىپايلار بولسا، يەردە ھۇشسىز ياتقان، نىمجان مەھبۇسلارنى

خۇددى پوڭزەكنى تەپكەندەك پۇتلىرى بىلەن ئىتتىرىپ، بىر ياقىقا تاشلاپ قويىدۇ. تەخمىنەن چارەك سائەتتىن كېيىن ھۇشىغا كەلگەن ماغدۇرسىزلار تىرىلىپ قالغان مۇردىدەك مىدىرلاپ كېلىپ، يەنە تىكىشنى باشلايدۇ.

بۇ ئەھۋاللار كۆتۈرۈپ بولغۇسىز ئېغىر ئىدى. شۇڭا رابىيە قادىر مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقىنى تېپىپ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ تەلەپلىرىنى ئېيتتى:

_ ئادەم يېتەرلىك ئۇخلىمىسا ھالىدىن پۈتۈنلەي كېتىدۇ. مەن شۇنى تەلەپ قىلىمەنكى، بىزگە ئەڭ ئاز سەككىز سائەت ئارام ئېلىشقا رۇخسەت قىلىڭ. سىز دەيسىز، « بۇ دۆلەتتە قانۇن ئادىل » دەپ. لېكىن مەن مۇشۇ تۈرمىدە، نۇرغۇنلىغان مەھبۇسلارنى كۆرۈۋاتىمەنكى، ئۇلار قانۇن بويىچە تولۇق ھۆكۈم قىلىنغانلار بولسىمۇ، كۆپچىلىكى بىگۇناھ كىشىلەر ئىكەن. ھەم ئۇلارنىڭ قايتا ياشاش ھەققىنى بېرىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىلەر ھازىرقى تۈرمە ئىجرائاتىنى ئۆزگەرتمىسەڭلار مەھبۇسلار جەزمەنكى ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى تىزگىننى تېخىمۇ قاتتىق قوربدى:

_ بۇ يەر تۈرمە، سەن قەيەردە ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالما!

_ سىلەر « بۇ يەر تۈرمە » دەيسىلەر. بىراق ئەمەلىيەتتە بۇ يەر قۇللار ئىشلەيدىغان جاي. سىلەر بىزگە ھەپتىدە بىرەر سائەت بولسىمۇ، ئارام ئېلىۋېلىشقا رۇخسەت بەرمەيسىلەر _ دېدى رابىيە قادىرمۇ زۇكۇملىمىشىپ.

_ سەن ئىسيان كۆتەرمەكچىمۇ؟ شۇنداق! سەن ناھايىتى خەتەرلىك بىرى. سەن دائىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى ئىزدىنىپ كەلدىڭ. ئەمدى كۆرگۈلۈكۈڭ جەھەننەمدە! ساڭا دوزاخنى كۆرسىتىمىز!

(شۇنامىلىق كىتاپ،365-376. بەتلەر)

(قوشۇمچە )

خىتايلارنىڭ ئىنسانغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان خارەكتېرى، قوپال، ۋەھشى، رەھىمسىز ئىچكى دۇنياسى تۈرمىدە ئەڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىدۇ. مۇشۇ بۆلۈمدە خىتاي گۆندىپاي « جىياڭ » بىلەن ئۇيغۇر گۆندىپاي « بۇ » نىڭ خارەكتېرى ئايرىم - ئايرىم ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. رابىيە قادىرنىڭ مەزكۇر ئىپادىسىدە، ئۆز خەلقىنى سۆيۈشتىكى ئالىجاناپ مىللى تۇيغۇ ئەڭ يوقۇرى رەۋىشتە نامايەن قىلىنغان.

رابىيە قادىر خانىم ئىنتېرناتسىئونال كىشى ئەمەس! بەلكى ئۇ، ئالدى

بىلەن مىللى رەھبەر. ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش تۇيغۇسى بولمىغان كىشىنىڭ بەلكىم ئىنتېرناتسىئونال كىشى بولالىشىمۇ گۇمانلىق.

بىر مىللەتكە مەنسۇپ بولغان مىللى رەھبەر ھەرقانداق شەرت-شارائىتتا جەزمەنكى، ئالدى بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىشى، ئۆز مىللىتىنى سۆيۈشى، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىشى يوللۇق ھەم مەجبۇرىيەتتۇر.

رابىيە قادىرخانىمنىڭ يۈرىكىدىكى مىللى سۆيگۈنى بىز تولۇق پەرق ئېتەلمىگەن، ئەكسىچە خىتاي تونۇپ يەتكەن. شۇڭا ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەشۇ سۆيگۈنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ، ساناقسىز ئىمكان، ئىمتىيازلارنى تەقدىم قىلغان ئىدى. بىراق ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى بۇ ئاتەشلىك سۆيگۈنى ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغىنى ئۈچۈن، خىتاي تارتىپ ئالالمىدى. ئۇنى جازالاپ باش ئەگدۈرۈشكە شۇ قەدەر ئورۇنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھىيىتىنى سۇندۇرالمىدى.

خىتاي ئۇنى تولۇق تونىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئىمتىيازلارنى تەقدىم قىلغان بولسا، ھەم باش ئەگدۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەشۇنداق قاتتىق جازاغا تارتتى.

بىز ئۇنى تېخىچىلا تونۇپ كېتەلمەيۋاتىمىز! ئۇنى تونۇپ يېتەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈنلا ئۇنى بىئارام قىلماقتىمىز.

47

« ئىسيان كۆتەرگەنلىك جىنايىتى » ئۈچۈن گۇندىپايلار رابىيە قادىرنى يەر ئاستى قاراڭغۇ باستۇرۇقتا بەنت قىلدى. ئۆتكۈزگەن خاتالىقى يېنىكرەك بولغانلار ئون كۈن، ئېغىر بولغانلار ئون بەش كۈنلۈك يەر ئاستى قاراڭغۇ باستۇرۇقتا بەنت قىلىناتتى. مەھبۇسنى قاراڭغۇ باستۇرۇقتا قامىغان گۇندىپاي قايتىشىدا مەھبۇس بىلەن « ئون بەش كۈندىن كېيىن كۆرۈشەيلى! » دەپ خوشلىشىدۇ.

باستۇرۇقنىڭ ئىشىگى شۇنداق ئېغىر گۈلدۈرلەپ، ھەيۋەت بىلەن ئېتىۋېتىلدى. ئۇنىڭغا تۇم قاراڭغۇ كېچە باشلاندى. سىرتتىن خىرەن يورۇقمۇ كىرمەيتتى. ئۇ ئاستا قوللىرىنى يوقۇرى كۆتۈرۈپ كۆز ئالدىغا ئەكەلدى. بىراق

ھېچنىمە كۆرۈنمەيتتى. باستۇرۇقتا نە كارۋات، نە بىر يوتقان - تۆشەك بولسۇن! ئۇ داق يەردە ئولتۇردى. باستۇرۇقنىڭ ئۇزۇنلۇغى پۇتنى ئۇزارتىپ ياتقىچىلىك يوق. كەڭلىكىمۇ بىر ئادەمنى ئاران سىغدۇرىدۇ. ئۇ ئىككى قولى بىلەن ئىككى تەرەپتىكى يان تامنى تۇتۇپ ھالسىرىماقتا! نەپەسلەنگۈدەك ھاۋا يوق. ئۇ بىر دەمدىلا قارا تەرگە چۆمۈلدى.

ئۇ بۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىرەر نەرسىنى پەرقىتىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشاتتى. بىراق بىر نەرسىنى بايقاش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ كۆزىنى مەھكەم يۇمۇپ، خىيالەن يورۇقلۇقنى كۆرمەكچى بولدى. ئۇ قولىنى ئېچىپ- يۇمۇپ ھەرىكەتلەندۈرەتتى. ئۇ قۇلاقلىرىنى ئۇۋىلاپ، پاقالچەكلىرىنى ئۇۋىلاپ، خىيالى يورۇقلۇقتا ئۆزىنى بەزلەيتتى.

ئېھتىمال بىر كۈن ئۆتكەن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغىدەك ماجالى قالمىدى. ئۇ قونچاقتەك پۈكلىنىپ قالدى. « ئەگەر بىر كىم دەل ۋاقتىدا سىرتقا ئېلىپ چىقمىسا، جەزمەن جان چىقىپ تەن سوۋۇيدۇ! » ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىمەكتە:

_ ياق رابىيە! ھولۇقۇپ كەتمە. ئاستا - ئاستا نەپەس ئال! تېنچلان، رابىيە ئۆزەڭنى بېسىۋال!

كۈندە ئىككى قېتىم بىر ئاز يەيدىغان نەرسە بېرىلىدۇ. ھاجەت ئۈچۈن بىر تال تونىكا قاچا قوللىنىدۇ. سائەت ئۆتتىمۇ ياكى مىنۇت ئۆتتىمۇ زاماندىن خەۋەرسىز ياتىدىغان گەپ.

بەزەن مەھبۇسلار مۇشۇ قاراڭغۇ باستۇرۇقتا ياكى ئەقلىدىن ئادىشىپ، ساراڭ بولۇپ چىقىدۇ ياكى ئېغىر كېسەل بولىدۇ - دە، دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلگىنىچە بەزەنلىرى قايتا كەلمەيدۇ.

ئۇ ئەشۇ قاراڭغۇ دەھشەتلىك باستۇرۇقتىمۇ بەزىدە زىكرى ئېيتىپ، بەزىدە ناخشا ئېيتىپ، بەزىدە باللىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، بەزىدە يولدىشى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزەتتى. ئۇ بەزىدە ئاللاھقا سۇئاللىرىنى ئېيتاتتى! بۇنداق چاغلاردا ئۇ بىر چەكسىزلىككە، تۈگىمەس بىر مەڭگۈلۈككە غەرق بولاتتى!

تۇيۇقسىز « ئون بەش كۈن تۈگىدى » دېگەن ئاۋاز ئۇنى تەپەككۇر ئالىمىدىن قايتۇرۇپ كەلدى.

ئۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. يورۇقلۇق ئۇنىڭ كۆزىنى ئەما قىلىۋەتتى. ئۇ داۋاملىق كۆزىنى يۇمۇپ تۇرىشى كېرەك. ئۇ بەش - ئالتە كۈنچە قولىنى

ماڭلىيىغا قويۇپ، كۆزىنى يورۇقلۇقتىن ئاسرىدى.

(ئۇ مۇشۇنداق ئازاپلىق تەرىقىدە ئالتە قېتىم يەر ئاستى قاراڭغۇ باستۇرۇقتا جازالاندى.) بۇ، تۈرمىدىكى قوشۇمچە جازالارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ « دوزاخنى كۆرسۈتۈش » تىن ئىبارەت ئېغىر بىر دەھشەت ئىدى.

رابىيە قادىر يەر ئاستى قاراڭغۇ باستۇرۇقتىن چىقىپ تۆرت ھەپتىدىن كېيىن تۈرمە باشلىقى ئۇنىڭغا ئۇختۇردى:

_ ئاڭلىشىمىزچە سەن كۈنىگە يىگىرمە ئىككى سائەتلەپ مەجبۇرى ئېغىر ئەمگەك قىلىدىكەنسەن. ھازىر تۈرمە نىزامى ئىسلاھ قىلىندى. ھەربىر مەھبۇس سەككىز سائەت تولۇق ئۇخلايدۇ. ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم گۆشلۈك تاماق بېرىلىدۇ. سەنلەرگە ھەپتىدە يېرىم كۈن دەم ئېلىش رۇخسەت قىلىندى.

شۇ كۈندىن باشلاپ مەھبۇسلار كېچە يېرىمىگە قەدەر ئىشلەشنى يەنە داۋام ئەتتۇرۇپ، سەھەر سائەت بەشتە ئورۇنلىرىدىن تۇرىشاتتى. لېكىن ئۇلارغا ئىككى - ئۈچ سائەت ئۇزۇن ئۇخلاشقا، ھەپتىدە يېرىم كۈن دەم ئېلىشقا رۇخسەت قىلىندى. مۇشۇنچىلىك بولسىمۇ ياخشىلىنىشنى ھەر بىر مەھبۇس ئارزۇ قىلاتتى!

مەھبۇسلار مەيلى ئىش ئۈستىدە بولسۇن پۈتۈن تۈرمە ھاياتىدا گۈندىپايلاردىن بىر كەلىمە بولسىمۇ ياخشى سۆز ئاڭلاپ باقمايتتى. ئەكسىچە پۈتۈن كۈن:

_ ھەي ئەبلەخ! بېشىڭنى كۆتەر! چاققان بولمامسەن ئىشتىنىڭ بالىسى

_ دېگەندەك خورلۇق، ھاقارەتلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كۆڭلىدىكىنى ئۇزۇنغىچە يوشۇرۇپ بولالمىغان گۈندىپايلارنىڭ بىرى بىر قېتىم ئۇنىڭغا مۇنۇلارنى دېدى:

_ ئەسلىدە بۇ يەردىن ئاللىبۇرۇن  سېنىڭ جەسىدىڭ چىقىرىلغان بولاتتى. ياكى ھېچ بولمىغاندا دۈمبالاپ، چالا ئۆلۈك قىلىۋېتىلگەن بولاتتىڭ. ( تېخىچە ئۇنداق قىلىنمىدى ) چۈنكى سېنىڭ يولدىشىڭ تۈزۈك ئادەم ئەمەس، بەلكى ئۇ خىتاي دۆلىتىنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنى. شۇنداق تۇرۇقلۇق تۈرمە باشلىقلىرى ساڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىۋاتىدۇ. بۇنى مەن چۈشىنەلمىدىم. ئۇلار دائىم سېنى بەك خەتەرلىك، يامان كىشى دېيىشىدۇ. بىراق يەنە ساڭا كەڭچىلىك قىلىشىدۇ.

ئۇ سىرتقى كۆرۈنۈشىنى دائىم جاسارەتلىك كۆرسۈتۈشكە تىرىشاتتى، لېكىن بەزىدە ئاجىزلىق قىلىپمۇ قالاتتى. ( ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسۈتۈپ

قويىدىغان ) تۇرمىدە ئۇنىڭغا تالىق بىر رەسىم بار ئىدى._ ئەقىدە، خانزۇھرە، مۇستافا ۋە كەكەنوسلار كوچىدا بىر گىلەمدە ئولتۇرۇشۇپ، ھەممىسى بىر نوقتىغا تىكىلگەن. رەسىمنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئەقىدەنىڭ قەلىمى بىلەن مۇنۇ جۇملىلەر يېزىلغان.

« بىز مۇشۇ يەردە ھەر كۈنى ئىككى سائەتتىن ئارتۇق سېنىڭ كېلىشىڭنى كۈتۈپ ئولتۇرىمىز! يېنىمىزغا قاچانمۇ كېلەرسەن؟ ».

ئۇ ئەنە شۇ رەسىمدە « باللىرىمنىڭ يۈرەكلىرى سوقۇۋاتىدۇ » دەپ، رەسىمنى باغرىغا مەھكەم باساتتى.

گۇندىپايلار خەت - چەك، رەسىم - سۈرەتلەرنى ئىگىلىرى ئوقۇپ ۋە كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن يىغىۋالاتتى. بەزەن دەم ئالغان كۈنلەردىلا، ئەشۇنداق رەسىملەرنى ئۇزۇنراق كۆرۈۋېلىشقا رۇخسەت قىلىناتتى.

باللىرىنىڭ يوقلاپ كېلىشى، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ يوقۇرى نوقتىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆرۈشكەندىكى سۆھبەتلىرى كۆپۈنچە « ئامېرىكى-دىكى ئوكىلىرىڭلار، داداڭلار قانداق تۇرىۋاتىدۇ؟ تىجارىتىڭلار قانداق يۈرىشى-ۋاتىدۇ؟ مەن بۇ يەردە ياخشى تۇرىۋاتىمەن، سىلەر ئەندىشە قىلماڭلار!» دېگەندەك گەپلەر تەكرارلىناتتى. قاخار بىر قېتىم ئۇنىڭغا كۆز ئىشارىتى قىلىۋىدى. ئۇلارنىڭ بارلىق ھەرىكەت، گەپ - سۆزلىرىنى خاتىرلەيدىغان ۋىدىيو فىلىمى كۈزىتىل-گەندىن كېيىن ئاپىسى بىلەن كۆرۈشۈش ئالتە ئايلىق چەكلەندى.

كۆرۈشۈش بۆلۈمىدىكى ئوتتۇرىنى ئايرىپ تۇرىدىغان ئەينەك تامغا ھەر ئىككىلى تەرەپتىن قول تەككۈزۈش، كۈلۈش مەنئى قىلىنىدۇ. ئۇلار دېمەكچى بولغان سۆزلىرىنى ئوچۇق - ئاشكارە سۆز بىلەن ئىپادىلىشى، ھېچقانداق ھەرىكەت، ئىشارەت قىلماسلىقى شەرت. ئۇنىڭ باللىرى يىغلىغان ھامان مىكروفون زۇۋانغا كېلىدۇ:

_ ئەگەر سەنلەر يىغلاشساڭ كېيىنكى قېتىم ئاپاڭنى كۆرەلمەيسەن!

بىر قېتىم كۈزەتچى ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

_ ئاپاڭلار بۇ يەردە خۇددى پادىشاھ خېنىمدەك ياشاۋاتىدۇ. قاراڭلار ئۇنىڭ يۈزلىرى پارقىراپ تۇرىدۇ!.

كۆرۈشۈشكە يېرىم سائەتچە ۋاقىت بېرىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ باللىرىنىڭ قايسى بىرى ئاڭلاتقۇچنى قولىغا ئالسا، ئالدىنقىسى دېگەن گەپنى باشتىن باشلاپ ئەينەن تەكرارلىشى كېرەك:

_ جىنايىتىڭنى تاپشۇردۇڭمۇ؟ ساقچىلار بىلەن ياخشى ھەمكارلاشقىن! خاتالىقىڭنى ئىقرار قىل!.

ئەشۇ گەپلەر بىلەن نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقىتنى يوقىتىدىغان گەپ. بىر قېتىم ئۇنىڭ قىزى روشەنگۈل « گۇنايىڭنى تونىغىن » دەۋېتىپ، « ئاپا! سەن بىلىسەن، بىز شۇنداق دېيىشىمىز كېرەك » دېۋىدى، ئۇنىڭ جازاسى ئۇچۇن ئاپىسىنى ئارقىمۇ - ئارقا ئۈچ قېتىم كۆرۈشتىن مەھرۇم قىلىندى.

ئۇ ھەر قېتىم بالىلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئەللىك سەككىز ماددىلىق تۈرمە نىزامىنى يادقا سۆزلەپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

ئەتىيازنىڭ سوغاق بىر كۈنىدە تۈرمە باشلىقى مەھبۇسلارغا ئۇچۇقچىلىقتا يىغىن ئاچتى. يىغىننىڭ مەقسىدى _ خىتاي مەركىزى ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى ھۆج-جىتىنى تونۇشتۇرۇش بولۇپ، بۇ ھۆججەت « يۈز كۈنلۈك تازىلاش ھەرىكىتى » دەپ ئاتىلاتتى.

تۈرمىنىڭ ھويلىسىغا تۈتىشىدىغان تېرىلغۇ ئېتىزلىق بولۇپ، تېخى يېقىندىلا سۇ تۇتۇلغان يۈللۈك ئىكەن. ھەربىر مەھبۇسقا ئورۇندۇقلىرىنى بىرگە ئېلىپ چىقىش رۇخسەت قىلىنغان بولۇپ، پەقەت رابىيە قادىرغىلا مەنئى قىلىنغان ئىدى. ئۇ بىر ئاز قۇرۇقراق يەرنى تېپىپ ئولتۇرماقچى بولىۋىدى، كۈزەتچى خىتاي ۋارقىراپ - جاقىراپ ئۇنى يەنە يۆل يەرگە ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزدى. ئۇ ئۆزىنى يۆللۈكتىن قوغداش ئۈچۈن بىرىنىڭ ئورۇندۇقىدا ياندىشىپ ئولتۇرماقچى بولغان ئىدى، ئۇنى كۈزىتىش ھاۋالە قىلىنغان خىتاي « ئارقاڭنى يەرگە قويۇپ ئولتۇرماسەن! » دەپ غەۋغا كۆتەردى. ئۇ سائەتلەپ يۆل، نەم ئېتىزلىقتا ئولتۇرىشقا مەجبۇر ئىدى.

_ ئەگەر جىنايەتچىلەر تۈرمىدە ياخشى ئۆزگەرمىسە، ئەسلىدىكى جازاسى يەنە يۈز كۈنلۈك ئۇزارتىلىدۇ! _ دېدى كادىرلاردىن بىرى سۆز قىلىپ. لېكىن سوغاق ئۇنىڭ ئاياق قىسمىدىن يامىشىپ، يوقۇرىغا ئۆرلىمەكتە . ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ كۆيدۈرگۈچ سوغاقنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ياماشقانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئوڭ ۋە سول يېنىدا ئورۇندۇقلىرىدا ئولتۇرغان ئىككى خىتاينىڭ ئورۇندۇقلىرىغا قىستىلىپ ئولتۇرىۋېلىشنى ئۆتۈندى. لېكىن ھەر ئىككىسىلا ئۇنىڭ مۈرىسىدىن ئىتتىراپ بېسىپ، يەنە يۆل يەردە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇ كامىرغا مىڭبىر مۇشەققەتتە، ئۆمىلىگەندەك ئارانلا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىچكى ئەزالىرىنى تامامەن ئۆلگەندەك

ھېس قىلاتتى.

كېيىنكى ئەتىگىنى ئۇ خالا جايغا باردى. بىراق كىچىك تەرەت كەلمەيتتى. جاننىڭ بارچە زورلانغاندا، ئارانلا بىر تامچە _ بىراق پۈتۈن بەدەننى زەھەردەك كۆيدۈرىدۇ. ئەمما بىر قانچە مىنۇتتىلا يەنە قىستىلىدۇ. دەسلەپ ئۇنىڭ خالا جايغا بېرىشىنى گۇندىپايلار مۇۋاپىق كۆردى. لېكىن كېيىنكى قېتىمدا رۇخسەت بېرىشمىدى. ئىشلەش كېرەك!

ئۇ ئۆز ئىختىيارلىقىدىن ئايرىلدى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ تامچىلاۋاتقان زەھەرنى باشقۇرالمايتتى! ئۇ ئورۇندۇقتىمۇ ئولتۇرالماي يەرگە يىقىلدى. ئۇ يىقىلغان يېرىدە ياتاتتى! ئۇ ئىسسىقنە بىر تۇشەككە نەقەدەر ئىنتىلەتتى ھە! بىراق، چاپىنىنى بەدىنىنىڭ تۆۋەن قىسمىغا ئوراپ، ئىسسىنىش ئۈچۈن ئىزدىنەتتى.

ئىش سائېتى تۈگىگىچە _ كېچە يېرىمىغىچە شۇنداق يەردە ياتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرغىدەك ھالدا ئەمەس ئىدى. ئۇنى ئىككى مەھبۇس ئايال كۆتىرىپ كامىرغا ئېلىپ كېلىشتى.

ئۇنى كارۋىتىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تامبالنى سالدۇرغان ئىدى، قانغا بويالغان قورقۇنچلۇق ھالەت!. چىياۋ جىياڭغا مەلۇم قىلدى. گۇندىپايلار ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ كارۋىتىنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇشتى.

_ توغرا ئىكەن! سەن راستىنلا ئېغىر كېسەلگە دۇچار بولۇپسەن. مەن ئەتە ئەتىگەن سېنى دوختۇرغا كۆرسىتىمەن، بۇنىڭلىق بىلەن ئۆلۈپ كەتمەيسەن _ دېدى جىياڭ ئانچە پىسەنتىگە ئېلىپمۇ كەتمەستىن.

ئۇ كېچىچە ئاغرىق ئازابىدىن نالە قىلىپ چىقتى. كامىرداش مەھبۇسلاردىن ياردەم سوراپ يالۋۇراتتى. بىراق، چىياۋ كامىرداشلارنىڭ ھېچبىرىنى ئۇنىڭغا ياردەم قىلدۇرغۇزمايتتى ۋە ئۇنىڭغا گەپ قىلىشتىنمۇ توساتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە جىياڭ:

_ مەن بىلەن ماڭ! _ دېدى ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىپ. لېكىن ئۇ ئورنىدىنمۇ تۇرالمايتتى. جىياڭ بىلەن يۈرۈشكە ماجالى يەتمەيتتى. جىياڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۈچ نەپەر مەھبۇس ئايال ئۇنى يۆدەپ، يۈز مېتىرچە نېرىراقتىكى داۋالاش بۆلۈمىگە ئېلىپ باردى.

داۋالاش بۆلۈمىنىڭ ئىشىگى يېنىدىكى شىرەدە بىر خىتاي ئايال، بىر ئۇيغۇر ئايال ئولتۇراتتى. ئۇلار رابىيە قادىرغا قوپال تەگدى:

_ ساڭا نېمە بولدى؟ ئورنىڭدىن تۇرە!

لېكىن ئۇ ئورنىدىن تۇرالىغۇدەك ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىشنىڭ بىمەنە ئىكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئۇنى كارۋاتتا ياتقۇزۇشنى ماقۇل كۆرۈشتى.

بىر دوختۇر ئايال كىچىك تەرەت تەكشۈرۈشتىن كېيىن ئۇنىڭغا بىر سۈيۈقلۇق بەردى. باشقا داۋالاش چارىسى قىلماستىنلا ئۇنى يەنە مەھبۇسلارغا كۆتەرتىپ، جىياڭنىڭ بۇيرۇغى بىلەن كامىرغا ئېلىپ مېڭىشتى. كارىدورغا چىققاندا ئۇ بېشىنى كۆتىرىۋىدى، ئالدىدىلا قاراپ تۇرغان بۇ نى كۆردى. دەل شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ بەدەنلىرى تىكەن سانچىغاندەك چىقىپ ئاغرىپ يەنە قان كەتكەن ئىدى. ئەھۋالنى بۇ مۇ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىۋاتاتتى. ئۇ بۇ غا ئېيتتى:

_ ساڭا يالۋۇرىمەن، ئەگەر سەن ئۇيغۇرنىڭ قىزى بولساڭ مېنى قۇتقۇزۇپ قال!.

_ ئۇنى قاياققا ئېلىپ ماڭدىڭ؟ _ سورىدى بۇ خىزمەتدىشى جىياڭدىن.

_ كامىرغا قايتۇرۇپ ماڭدۇق _ دېدى جىياڭ جاۋابەن.

_ توختا! _ دېدى بۇ يولنى توسۇپ. ئاندىن كۈچلۈك بىر ئايالغا ئۇنى كۆتەرتىپ، داۋالاش بۆلۈمىگە قايتۇرۇپ كەلدى . دە، قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەل ( بۇ ) باشقىلارغا چۈشەندۈردى:

_ ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ قالسا، مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقىمۇ، مەنمۇ ئىش ئورنىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز! بىز بۇ ئايالنى پەقەتلا مەھبۇس سۈپىتىدە تۇتۇپ تۇرىمىزكى، ئۇنىڭ بىلەن باشقا ئىشىمىز يوق. مەن ئۇنىڭغا مەسئۇل. جاۋاپكارلىق مېنىڭ ئۈستۈمدە! شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىلەرگە بىلدۈرۈپ قويايكى، بۇ ئايال ئۈچ - تۆرت كۈن مۇشۇ داۋالاش بۆلۈمىدە تۇرىدۇ. ياخشىلىنىپ قالغاندىن كېيىن، مەن ئۇنى ئۆزەم كامىرغا ئاپىرىپ قويىمەن!.

ئۇ تاتار ئايال دوختۇردىن چوڭقۇر تەسىرلەنمەكتە . چۈنكى دەسلىۋىدىلا ئۇنى داۋالاش بۆلۈمىدە توختىتىپ قېلىشنى ئېيتقاندا جىياڭ رەت قىلغان ئىدى. ھازىر بولسا، ئەشۇ تاتار دوختۇر ئۇنىڭغا ئوبدان قارىماقتا.

_ ئەينەككە قارامسەن؟ _ دېدى تاتار دوختۇر ئۇنىڭدىن سوراپ.

_ ئەلۋەتتە _ دېدى ئۇ ئالدىراپ. ئۇنىڭ لەۋلىرى ئاقىرىپ، يۈزلىرى ئۆلۈكنىڭ سىنىغا كىرىپ قالغان ئىدى.

كېيىنكى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بۇ ئۇنى قىسقىلا يوقلاپ كىرىپ سورىدى:

_ نېمىشكە ماڭا ۋاقتىدا دېمەيدۇ؟.

بىراق ئۇ پۈتۈن كۈن داق يەردە ياتقان تۇرسا، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىسا، قانداق قىلىپ ئەھۋالىنى بۇ غا ئېيتالىسۇن؟!

ئۇ ئۆزىنىڭ قانداق كېسەلگە تۇتۇلغانلىقىنى بىلمەيتتى. دوختۇرلارمۇ كېسەل ئەھۋالىنى ئېنىق ئېيتمىدى. دوختۇر ياردەمچىلىرى بوتۇلكىغا قايناق سۇ قاچىلاپ ئۇنىڭغا بېرەتتى. ئۇ قىزىق بوتۇلكىنى دۈسۈنىغا قويۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزەتتى. ئۇسسۇزلۇق ئۇچۈن قىزىق چاي بىرىپ تۇراتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ كامىرغا قايتۇرۇپ كېلىندى. لېكىن ئۇنىڭ بەدەنلىرى كۆپتەك ئىشىپ كەتتى. بۇ چاغ، ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن كۆرۈشمە ۋاقتىغا ئازلا قالغان ۋاقىت بولۇپ، ئۇنى مۇنداق ھالەتتە كۆرسۈتۈشتىن ھەزەر قىلغان كادىرلار كۆرۈشمە ۋاقتىنى بىكار قىلىۋەتتى.

ئۇنى داۋالاش بۆلۈمىگە كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى كىچىك ئايال، بىر ھەپتىدىن كېيىن ۋاقتى توشۇپ قويۇپ بېرىلگەن ئىدى. شۇ ئايال تۈرمىدىن چىقىپ ئۇدۇل « رابىيە قادىر سودا سارىيى » غا بېرىپ، كۆپچىلىككە رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىكى ئېغىر ئەھۋالىنى، كېسەللىك ھالىتىنى بايان قىلغانىكەن. ئىشەنچلىك كىشىلەر ھېلىقى ئايالنى رابىيە قادىرنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ يېنىغا باشلاپ بارغان بولۇپ، ئۇلارغا ئاپىسىنىڭ بېشىدىكى ئېغىر كۈنلەر تولۇق يەتكۈزۈلگەن.

رابىيە قادىرنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى خەۋەر شامال ئۇچۇرتقاندەك تېز تارقىلىپ كەتتى. بۇ خەۋەر ۋاشىنگتونغىمۇ يېتىپ باردى. ئۇنىڭ كەنجى قىزى كەكەنوس ئاپىسىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن پىلاكاتنى بوينىغا ئېسىپ بەش كۈن قارلىق تۇتتى.

ئۇنىڭ بالىلىرى ۋە تۇققانلىرى بولۇپ، جەمى ئەللىكتىن ئارتۇق كىشى تۈرمە ئالدىغا توپلىشىپ، كۆرۈشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشتى. ئۇلاردىن تۆرت كىشى يەنى ئۇنىڭ بالىلىرى قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن تۈرمە ئىدارىچىلىرى چىياۋ چىياۋغا بۇيرۇپ، ئۇنى يۇيۇپ، مايلاپ تەييار قىلىشنى تاپشۇردى.

ئۇ ئاۋايلاپ مېڭىپ كۆرۈشتۈرۈش بۆلۈمىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەينەك تامنىڭ ئۇ يېقىدا كۈتمەكتە ئىدى. قاخار، ئالىم ۋە روشەنگۈللەر كىرىپ كېلىشتى! ئابلېكىممۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ كىردى. « خۇداغا شۈكرى ئابلېكىم قويۇپ بېرىلىپتۇ » ( سەۋەبىنىمۇ ئېيتماستىن، ئۇنىڭ جازا

مۇددىتىدىن توققۇز ئاي بۇرۇن قويۇپ بېرىشىپتۇ ) ئۇنىڭ ئىنىسى مەمەت، كېلىنى، ئىككى نەۋرىسى ۋە باشقا تۇغقانلىرى كارىدوردا ساقلاپ تۇرۇشماقتا، ئۇلار كۆرۈشتۈرۈش بۆلۈمىگە كىرگۈزۈلمىگەن ئىدى.

ئابلېكىم ئاكىلاتقۇنى قولىغا ئېلىپ:

— ئاپا! قېنىمىزنىڭ مۇشۇ يەردە ئېقىپ كېتىشىگە تەييار بىز! بىز مۇشۇ يەردە ئۆلۈشكە تەييار. بىز ئۇلارنىڭ تۈرمىگە قاماپ قويۇشىدىن قورقمايمىز — دېدى ھۆكرەپ يىغلاپ. ئۇ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن سىرتتا چىقىرىۋېتىلدى. كېيىن ئۇزۇنغىچە ئاپىسىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قىلىندى.

ئالىممۇ سۆزلىمەكتە:

— ئاپا! تومۇرىمىزدا سىزنىڭ قېنىڭ ئاقىدۇ. بىزدىن ئەندىش قىلما. بىز تەۋرەنمەستىن  قەد كۆتىرىپ تۇرىمىز! .

ئۇنىمۇ ساقچىلار سىرتتا ئېلىپ چىقىشتى. شۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمە ئاخىرلاشتى. ئادەتتە يېرىم سائەتچە ۋاقىت بېرىلەتتى. بىراق بۇ قېتىم تېخى ئون مىنۇتمۇ ئۆتمىگەن ئىدى.

2001 - يىلى 11- سىنتەبىر كۈنى رابىيە قادىرنى مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى— دە، ئامېرىكىدا سۇيقەست ھەرىكىتىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ:

— سەن ئامېرىكىغا بەكمۇ قىزىقاتتىڭ، ئىشىنەتتىڭ، شۇڭا يولدىشىڭنى، بالىلىرىڭنىمۇ ئامېرىكىغا ئېۋەرتىۋەتكەن ئىدىڭ — دېدى ئىچىدىكى شاتلىقىنى يوشۇرالمىغان ھالدا تەنتەنە قىلىپ ۋە يەنە داۋام قىلدى:

— ھازىر كۆرىۋاتقانسەن  ئۇ دۆلەتنىڭمۇ چۆكۈۋاتقانلىقىنى! ئەپسۇس! ئەمدى ئامېرىكىنىڭ ساڭا غەمخورلۇق قىلغۇدەك ھالى قالمىدى. ئۇلار ئەمدى ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە.  ئۇندىن باشقا ئەشۇ جىنايەتكە ئۇيغۇر تېرورچىلىرىمۇ شېرىك، بىز ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىپ كۆزۈڭگە تىقىمىز!.

بىراق ئۇنىڭ قانداق ھادىسە ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۇنىڭغا ھېچنىمە بىلدۈرمىدى. لېكىن مۇشۇ تېما ئۇستىدە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى. ئۇنى قورقۇنچ باسقان ھەم غەزەپ ئورتىگەن ئىدى. ئەگەر ئامېرىكا ھۇجۇمغا ئۇچرىسا، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھالى قانداق بولماقچى؟!

ئۇ مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقىنىڭ « ئەشۇ جىنايى ھەرىكەتتە ئۇيغۇرلارمۇ بار » دېگەن سۆزىگە ئىشەنمىدى. ( ئەمما ئەشۇ 11 - سىنتەبىر ۋەقەسىنىڭ ئۇنىڭ

ۋەتىنىنى قايسى دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋەتكەنلىكىنى تەپسىلى بايان قىلىشقا ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى يەنىلا كامىل قىلالمىدى ) خىتاي ئۇيغۇر كۆرەشچىلىرىنى باستۇرۇشتا چەتئەللەردىن خېلە بەكلا ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياردەم تەلەپ قىلدى. مەسىلەن ئافغانىستاندا قورال تۇتۇشنى مەشىق قىلىۋاتقان ئۇيغۇر پىدائىلىرى قاتارلىقلار. قانداقلا بىرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەرغىب قىلىدىكەن، جەزمەن ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ باستۇرىشىغا دۇچ كېلىدۇ.

خىتاي دۇنياۋى « تېرورىزىمغا قارشى تۇرۇش » ھەرىكىتىنى تۇتقا قىلىپ، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە ۋەھشىلەرچە باستۇرۇش ئېلىپ باردى.

( 11 - سىنتەبىر ۋەقەسىدىن بۇرۇن ۋەتىنىمىزدە ئۇختۇرۇش تاختىلىرىغا ئۇيغۇرچە - خىتايچە يېزىلاتتى. كېيىن ئۇيغۇرچە يېزىقلار ئېلىپ تاشلاندى ) 11 - سىنتەبىردىن كېيىن چوڭ قۇرۇقلۇق ئىمپىراتۇرلىقى ئۆزلىرىنىڭ شەرقى تۈركىستانغا قاراتقان يوشۇرۇن پىلانلىرىنى ئوچۇقچە ئوتتۇرىغا قويدى. « ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمى بايانىنامىسى » نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان بىر ئۇيغۇر يىگىرمە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

ھۆكۈمەت خادىملىرى بىر كىشىنى يەنە بىرىگە قارشى پايلاقچى قىلىۋەتتى. قەيەردە كىشىلەر توپلاشسا شۇ يەرگە ھۆكۈمەتنىڭ جاسۇسلىرى ئۇنىپ بولىدۇ. ئائىلىدىمۇ بالىلار ئاتا - ئانىسىغا، ئاتا - ئانىلار ئۆز بالىلىرىغا قارشى پايلاقچىلىق قىلىپ، ئۇلار ئۆز - ئارا بىر بىرىگە پايلاقچى بولىدۇ. گۇمانلىق ئەھۋالنى سەزگەن ھامان ئۆزلىرىگە ۋەزىپە تاپشۇرغان تارماق بۆلۈمگە مەلۇم قىلىشىدۇ.

دېمەك، 11 - سىنتەبىر ۋەقەسى پۈتۈن دۇنيانى ئۆزگەرتىۋەتتى. لېكىن ئەڭ چوڭ يوقىتىشقا ئۇچرىغان يەنىلا بىز ئۇيغۇرلار بولدۇق!

باجاخو تۈرمىسىدە رابىيە قادىر جازالىنىۋاتقان بۆلۈمدىكى ئۈچ يۈز ئايال مەھبۇسنىڭ ئىچىدە، ئاۋۋال ئاتمىش تۆرت نەپەر سىياسى مەھبۇس بار ئىدى. 11 - سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئازلا ۋاقىت ئىچىدە يەنە ئوتتۇز نەپەر سىياسى مەھبۇس قېتىلدى.

ھەپتىدە بىر قېتىم سىياسى مەھبۇسلارنى ئايرىم - ئايرىم ئىشخانىغا چاقىرتىپ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ تەكشۈرۈش قىلاتتى. بىر مەھبۇسنى بەش نەپەر گۇندىپاي تەكشۈرۈپ كۆزدىن كەچۈرەتتى. بۇ خىل تەكشۈرۈش ئىنسانغا

نىسبەتەن ھايۋاندىنمۇ بەتتەر خورلۇق ئىدى.

ئايدا بىر قېتىم مەھبۇسلارنى توپلاپ، سىياسى ئۆگىنىش قىلدۇرىدۇ. دەرس سۆزلىگۈچى بىرىنچى ماددىدا:

« خۇدانى ئىنكار قىلىش لازىم، دىنلارنىڭ ھەممىسى يالغان! كوممۇنىستىك پارتىيە بىردىن بىر ئالىيجاناپ ئەخلاق. خىتاي ھاكىمىيىتى ئىنسانلارنى ھەققانى-يەتكە يېتەكلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ».

ئىككىنچى ماددىسىدا:

« ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى( شەرقى تۈركىستان ) خىتاي دۆلىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. ئاۋۋالمۇ شۇنداق ئىدى، بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ! » دېگەن سەپسەتىلەرنى سۆزلەيدۇ.

ئۆگىنىش جەريانىدا مەھبۇسلار ئاز دېگەندە ئەللىك قېتىملاپ ئورۇنلىرىدىن تۇرىشىدۇ ۋە:

« بىز خىتاي دۆلىتىدىن ئايرىلىشنى خالىمايمىز! » دەپ شۇئار توۋلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دەرس سۆزلىگۈچى ئامېرىكا ئۇستىدىن ۋە ئۇ يەردىكى ھۆكۈمران، ئەزگۈنچى، كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلغۇچى كاپىتالىستلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. ھەمدە ياۋرۇپا توغرىسىدىمۇ « بۇزغۇنچى كاپىتالىستلارنىڭ ھەممىسى ياۋرۇپادا » دەپ بايان قىلىدۇ. ئۆگىنىشنىڭ ئاخىرىدا:

« كاپىتالىزىم يەر بىلەن يەكسان بولغۇسى! ئاخىرى بىر كۈن خىتاي دۆلەت رەئىسى پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇسى! خىتاي دۆلىتى كۈچلۈك، دۇنياغا ئادالەت ئورناتقۇسى! » دەپ شۇئار توۋلايدۇ.

بۇنداق سىياسى ئۆگىنىش بەزىدە ئىككى - ئۈچ سائەت، بەزىدە يېرىم كۈنلەپ داۋام قىلىدۇ. سىياسى دەرس سۆزلىگۈچى خادىم مۇنتىزىم ھالدا مەھبۇسلاردىن تاللاپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، خۇدانى تىللىتىدۇ. ھەم كوممۇنىزىمغا سادىق بولۇش توغرىسىدا قەسەم قىلدۇرىدۇ.

مەھبۇسلارنىڭ ئىچىدە يەتمىش بىر ياشتىكى شايارلىق بىر قېرى مەزلۇممۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ يولدىشى ۋە ئىككى ئوغلى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىۋېتىلگەن ئىكەن. ئۇ مەزلۇم بىر قېتىملىق سىياسى ئۆگىنىشتە ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنۇلارنى سۆزلىگەن ئىدى:

« مەن ھازىر خۇدانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ قېلىۋاتىمەن، كوممۇنىزىم ئېتىقانلارنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالدىم. بىزنىڭ

خاتالىقىمىز _ بالىلىرىمىزنى يوشۇرۇن دىنىي مەكتەپكە بېرىپ، دىنىنى ئۆگەتكەنلىكىمىزدۇر. بىز شۇ ئىشنى ياخشى قىلدۇق- دەپ ئويلىغان ئىدۇق. لېكىن دىن مېنىڭ ئېرىمنى، ئىككى ئوغلۇمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى! »

بۇ قېرى مەزلۇمدىن باشقا يەنە بىر، توقسان بىر ياشتىكى قېرى مەزلۇم مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بولۇپ، مۇشۇ تۈرمىدە جازالانماقتا ئىدى.

بىر قېتىم شۇنداق سىياسى ئۆگۈنۈش ۋاقتىدا رابىيە قادىر دەرس سۆزلىگۈچى ئايالدىن سۆزلەشكە رۇخسەت سورىدى. لېكىن رۇخسەتنى كۈتمەستىنلا سۆزلەۋەردى:

« دىن _ ئىنسانىيەت تارىخىدا پەقەت تۇنجى بولۇپ قانۇنىلا پەيدا قىلمىغان، بەلكى ياخشى ئەخلاق ۋە ئۆز - ئارا بىرگە ياشاشنىمۇ ئۆگەتكەن. دىن خەلقنى بىر بىرىگە باغلايدۇ. ھەرگىزمۇ بىر بىرىدىن ئايرىۋەتمەيدۇ! »

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماستىنلا دەرس سۆزلىگۈچى ئايال ئۇنىڭ ئاغزىنى مۇرۇپ، سۆزلەشتىن توختىتىۋالغان ئىدى.

ئۆگۈنۈش زالىنى ئاز دېگەندە ئالتە نەپەر گۇندىپاي كۈزىتىپ تۇرىدۇ. بۇ قېتىم ھېلىقى سىياسى دەرس سۆزلىگۈچى ئايالنى ئىشتىن بوشىتىۋېتىشتى. چۈنكى ئۇنىڭ خاتالىقى _ رابىيە قادىرغا سۆزلەشكە پۇرسەت بەرگەنلىك ئىدى.

( شۇ نامىلىق كىتاپ 376-387.بەتلەر )

( قوشۇمچە )

ئىچكىرىدىن ئەپكەش، چېلەككە يۈك - تاقلىرىنى ئارتىپ، تاغلاردىن يامىشىپ ئۆتۈپ، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگە جان باققىلى كەلگەن كەلگۈندى خىتايلاردەك، دېموكراتىك غەرپ ئەللىرىگە جان باققىلى كەلگەن، ئەمما جانلىرىنى تېخى قاملاشتۇرۇپ باقالمايۋاتقان شۇنداق بەزەن ناكەسلەرمۇ باركى، دەسلەپتە كەلگەن ۋاقىتلىرىدا « بىكاردىن يەيدىغان نانغا ئىگە بولۇپ قالارمەن » دەپ ئويلاپ، خىتايىنىڭ ئۇستىدىن قىلمىغان شىكايەتلىرى قالمىغان ئىدى.

تۈرمىنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنى ئۇخلاپ چۈشلىرىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ھېلىقىلار « خىتاي مېنى قاراڭغۇ يەر ئاستىغا سولاپ، ئاچ قويۇپ، ئۇسسۇز قويۇپ، ئانامنى كۆزۈمگە كۆرسىتىۋەتتى » دەپ يالغاندىن كۆزلىرىنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتىشقان ئىدى. بىراق، ئادەمنىڭ قان - تەرىدىن ئالتۇن

قىممىتى ئۇندۇرىدىغان غەرپلىك، ئۇنداقلارغا ئانچە پەرۋا قىلمىدى ۋە ئۆز تىرىكچىلىكىگە يول بەردى.

خەيرىيەت، بىراق ئەشۇ تۈرمىدە « ۋەتەن، مىللەت » دەپ ئازاپ چېكىۋاتقان ھەقىقىي مىللەت پىداكارلىرىنى ئۇلار ئەسلەپ قويۇشمىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا « خىتاي مېنى يەر ئاستى تۈرمىگە سولاپ قىيىنىدى » دېگەن شىكايەتلىرىنىڭ تىرىك شاھىدى بۇگۇن كۆز ئالدىدا پۈتۈن دۇنياغا « خىتاي بىزنى يوقاتماقچى، بىزنى قۇتۇلدۇرۇڭلار! » دەپ جاكالاۋاتسا، ھېلىقىلار ئۇنىڭدىن قۇسقۇر ئىزدىمەكچى بولۇشتى! ھەتتا ئۇنىڭ كىتاۋىدىنمۇ قۇسۇر ئىزدەشتى.

مەزكۇر كىتاپ، خىتاي تۈرمىلىرىدە دەھشەتلىك ئازاپقا مەھكۇم بولغان، تۈرمىنىڭ سىرتىدىمۇ جەھەننەم قورقۇنچىسىدا ياشاۋاتقان، مەھكۇم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئاھۇ - زارىنى پۈتۈن دۇنيا ئەھلىگە خۇددى ئەينەكتە كۆرسەتكەندەك سۈرەتلەپ بەرگەن بىر قامۇستۇر. مۇشۇ قامۇسنى ئوقۇپ، چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا ئىجابىي تەسىراتىنى بەرمەستىن، ئەكسىچە « رابىيە قادىرنىڭ تۈرمىدىكى ئىپادىسى توغرىسىدا » دېگەندەك نالايىق ئوبزور ئېلان قىلغانلارمۇ مۇشۇ گېرمانىيەدىن _ مىيۇنخېندىن چىقتى.

رابىيە قادىر خانىم بىر ئانا ئىدى. ئۇ بىر ئايال ئىدى. ئۇ نۇرغۇن ئانىلاردەك ئەڭ كۆپ پەرزەنتنى قاتارغا قوشۇپ، ئۇيغۇر ئانىسىغا خاس مىللى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ بولغان. بىراق ئۇ، ھايۋاندىن بەتتەر خورلۇقتا قالغان بىر مىللەتنى قۇتقۇزۇش يولىدا بارلىقىنى پىدا قىلدى. بەختىكە قارشى دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، دۇنياغا سىغمىغۇدەك ئازاپ ئاھانەتكە، خورلۇققا مۇپتىلا بولدى. ئۇنىڭ تۈرمىدە تارتقان ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنىڭ مىڭدە بىرىمۇ بۇ كىتاپتا بايان قىلىنىشقا مۇيەسسەر بولالمىدى.

بىلىم ئادەم ئۈچۈن قوشۇمچە قىممەت. ئادەم ئالدى بىلەن ھەقىقىي ئادىمىيلىك لاياقەتكە ئىگە بولۇشى لازىم. ئادىمىيلىك لاياقەت _ ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى تونۇش بىلەن ئىپادىسىنى تاپىدۇ. كىتاپ ئوقۇش، تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەش، كەسىپ ئۆگىنىش، ئىلمىي قابىلىيەتنى تولۇقلاش ئادىمىيلىك لاياقەتنى ئۈستۈرىدىغان ئوزۇقلۇقتۇر. ئەگەر بىر كىم ئۆگىنىشكە تېگىشلىك، ئوقۇشقا تېگىشلىك ھەممىنى ئادا قىلىپمۇ، يەنىلا ئادىمىيلىك لاياقىتىنى تاپالمىغان بولسا، جاۋابى مۇنداق:

« ئىككى پۇتلاپ ماڭىمىش،
ئېيىقمۇ بەزەن تىك تۇرۇپ ».....

48

رابىيە قادىرنى بۇرۇنقى كامىردىن يۆتكەپ باشقا بىر ئۈچ كىشىلىك كامىرغا ئالماشتۇردى. ئۇنىڭغا ھېلىقى پاكار قاتىل خىتاي _ چىياۋ چىياۋ بىلەن يەنە بىر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ، ئىجراسى ئۈچ يىل كېچىكتۈرۈلگەن قاتىل خىتاينى ھەمرا قىلىپ قويۇشتى. قارىغاندا ئۇنىڭغا بىر ئاز ياخشى مۇئامىلە قىلغاندەكمۇ كۆرۈنەتتى. ئىش مەيدانىنىمۇ ئالماشتۇردى. ئۇ يىگىرمە نەپەر ئايال مەھبۇس بىلەن بىرگە پوپايكىغا گۈل كەشتىلەيتتى.

ئۇلار ھەر كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن ئاۋال بىر قېتىم، كېچە يېرىمىدا ئىشتىن قايتىشقاندا بىر قېتىم ھېلىقى ئەللىك سەككىز ماددىلىق تۈرمە نىزامىنى تەكرارلاشقا مەجبۇر ئىدى:

« مەن بىر مەھبۇسمەن. مەن جىنايىتىمنى تونۇيمەن. مەن جەمئىيەتنىڭ ئەڭ رەزىل قاتلىمىغا مەنسۇپ... »

ئۇ چۈشلۈك تاماقتا باشقا مەھبۇسلاردىن ئايرىم ئولتۇرۇشقا مەجبۇر. مەھبۇسلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مۇشۇ تۈرمىدە يىگىرمە يىلدىن ئارتۇق جازالىنىۋاتقانلار ئىدى. بىراق ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى رابىيە قادىرغا يوشۇرۇنچە بولسىمۇ ئىللىققىنە بىر قاراپ قويۇشقىمۇ جۈرئەت قىلىشالمايتتى. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشتىنغۇ گەپ ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

ھەر بىر مەھبۇسنىڭ يېنىدا كىچىك بىر دەپتىرى بولۇپ، ئۇلار ئارىلاپلا بىر نېمىلەرنى يازاتتى. دەسلىۋىدە ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى يازىدىغانلىقىنى ئۇ ئاڭقىرىپ كېتەلمىگەن ئىدى. ئەشۇ يېزىلمىلار ئۇنىڭغا قىلىنغان تۆھمەتلەر ئىكەنلىكى گۇندىپايلارنىڭ تەئەددىلىرىدىن مەلۇم بولدى:

_ نېمىشكە قارشىڭدىكى ئايالغا قاراپ سەت كۈلىسەن؟ يېنىڭدىكى ئايال تاماق ئەكىلىۋاتقاندا بېقىنىغا جەينەكدىۋېتىپسەن! سەن باشقىلارغا بارمىغىڭنى كۆرسۈتۈپ ھاياسىزلىق قىلىپسەن، ئەمدى ئۆزەڭنى يىغىۋال!..

_ ياق مەن ھېچنىمە قىلمىدىم، ھېچنىمە كۆرمىدىم، مەن پەقەتلا ئەمگەك قىلىۋاتىمەن بۇ يەردە _ دەيتتى ئۇ چۈشەندۈرۈپ _ كۈنىگە بەش دانە پوپايكىغا

كەشتە تىكىۋاتىمەن، ئەگەر مەن باشقىلار بىلەن ئەشۇنداق ھەپىلەشسەم ئىشىمنى قانداق تۈگىتەلەيتتىم.

لېكىن گۈندىپايلار تەكرارلايتتى:

_ ئۇنداق قىلىقلاردىن ئەمدى توختا! نېمە قىلغانلىقىڭغا باشقىلار گۇۋا!

كېيىنكى قېتىملاردا ئىشخانىغا سوراققا چاقىرىلغىنىدا، ئۇ بېشىنى تۆۋەن تاشلاپ سۆكۈتتە تۇرىۋالىدىغان بولدى. گۈندىپايلار سۇئاللىرى ئۇچۇن ئۇنىڭدىن جاۋاپ ئالالمايتتى. ئۇلار ئۇنىڭدىن بىرەر ئىنكاس كۈتۈپ سىنچىلايتتى. سوراقلارغا كۆپۈنچە گۈندىپاي بۇ مۇ قاتنىشاتتى.

بەزىدە ئۇنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا جازالاش ئۇچۇن تۇتۇپ قالاتتى. كېچە يېرىمىغىچە يوقىلاڭ سوراقلارنى تەكرارلايتتى:

_ سېنى ئۆزگەرتىش ئۇچۇن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق، ھەتتا مۇشۇنداق يېرىم كېچىدىمۇ سېنى ئۆزگەرتىمىز- دەپ، ئىشلەشكە مەجبۇرمىز . ئەگەر كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىغان بولسا، بىز ساڭا ئۇنچىۋالا كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلمىغان بولاتتۇق. بۇ ھەقتە قانداق ئويلايسەن؟

_ مەن ئويلايمەنكى، ئەگەر كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىغان بولسا، بۇ كېچە يېرىمىدا بۇ يەردە ئولتۇرمىغان بولاتتىم، بۇنداق مەناسىز سوئال-سوراقلارمۇ سورالمىغان بولاتتى _ دېدى ئۇ جاۋابەن قاتتىق مەسخىرە قىلغان ھالدا. خىتاي گۈندىپاي يۈزىدە كۈلكە كۆرسۈتۈپ زەھەرخەندىلىك بىلەن گەپتە چېقىشۋېلىشقا ماھىر ئىدى:

_ بىز ساڭا شۇنداق ياخشى قاراۋاتىمىز. نېمشكە ئۆزەڭنى ئۆزەڭ قىينايسەن؟ جاۋاپ بەرسەڭ كېتەلەيسەن. سەن ئۆزەڭنىلا ئەمەس، بىزنىمۇ زىرىكتۇردۇڭ! بىزنى ئۇخلىقىلى قويساڭچۇ!

ئەگەر ئۇ سوراق ئارىسىدا بىرەر ئېغىز گەپ قىلدىمۇ بولۇپ بېرىدۇ - دە، پەدە باشقىغا يۆتكىلىدۇ. سەن بىز بىلەن تاكاللاشتىڭ، دېگەن باھانە بىلەن سوراق بېشىدىن قايتا باشلىنىدۇ. ھەمدە ئۇنى تىللاشقا، ئەيىپلەشكە باشلايدۇ:

_ سەن بۆلگۈنچى، سەن مىللەتچى، سەن دۆلىتىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت كەلتۈرسەن. سېنىڭ ئىككى نەپەر كامىردېشىڭ ساڭىلا غەمخورلۇق قىلىدۇ. سېنى كۈزىتىش ئۇچۇن ھۆكۈمەت يەنە ئون كىشىنى كۆپەيتتى. مۇشۇنىڭ ئۇچۇن سەرپ قىلىنغان ئىقتىسادىي چىقىم سېنىڭ پارتىيەگە سالغان چوڭ زىيىنىڭدۇر.

ئۇنى بىر دەقىقىمۇ ئارامىدا قويمايتتى. ئەگەر ئۇ خالاجايغا بارماقچى بولسا،

يېرىم سائەت رۇخسەتنى كۈتىشى كېرەك ئىدى.

گۈندىپايلار ئۇنىڭغا ھەمرا قىلىنغان ئىككى قاتىل خىتايدىن ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن سوراشقىنىدا، ھۆلاپ يىغلىشىپ دەرت تۆكۈشەتتى ۋە — ئۇنىڭ بىزگە قىلغان ئەسكىلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېمىدۇق، بىز پەقەت ھۆكۈمەت ئۈچۈن ھەممىگە چىدايمىز - دېيىشىپ قاخشايتتى. گۈندىپايلار بولسا — ياق، سىلەر ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق يازىسىلەر، بىز ئۇنىڭ قانچىلىك قورقۇنچلۇق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك - دەپ بۇيرۇق چۈشۈرەتتى.

ئۇ ئەشۇنداق ئېغىر، ئازاپلىق كۈنلەردە پەقەتلا باللىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئۈمۈت قىلاتتى. باشقا ھېچنىمىنى ئويلاپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭغا باللىرى بىلەن سۆزلىشىشكە رۇخسەت قىلىنمىسىمۇ، دىدارلىشىۋالسىلا غەنىمەت ئىدى. كېيىنكى بىر كۆرۈشۈشتە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى قاخار مۇنداق دەپ تاشلىدى:

— سىدىق ھاجى روزى ئاكىمىز سىنىڭ ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ!.

قاخارنىڭ ئەشۇ خاتالىقى ئۈچۈن ئاپىسىنى قايتا كۆرۈشتىن مەھرۇم قىلىندى! ئۇ ئاپىسىنى كۆرەلمىدى.

دېمەك ئۇ تۈرمىگە قامالغاندىن باشلاپ، شۇ كۈنگىچە — بەش يېرىم يىل ئۇنىڭ ئۈچۈن چەتئەلدىكىلەرنىڭ بىر ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلمىگەن. پەقەت ئوغلى قاخارنىڭ ئىشارىتىدىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ھەرىكەتلەرنىڭ بولىۋات-قانلىقىدىن ئازبولسىمۇ خەۋەردا بولدى.

قادىرخان قىزىدىن ئەندىشە قىلىپ بىئارام بولماقتا. يۈز ياشتىن ھالقىغان بوۋاي باللىرىنىڭ سۆزىگە تازا بەك چىن پۈتەلمەستىن، كۈيوغلى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى تاپىدۇ - دە، ئۇدۇل تېلېفونخانىغا بېرىپ ۋاشىنگتونغا تېلېفون قىلىدۇ. ئۇ قىزى رابىيەنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى. سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا ئۇنىڭ تىجارەت بىلەن يول ئۈستىدىلا يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىراق قادىرخان كۈيوغلى ئېيتقانلارنىڭ بىرگىمۇ ئىشەنمەيدۇ - دە، ئاڭلاتقۇنى قاتتىق قويۇپ، تېلېفون سۆزلەشمىسىنى ئۈزىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قادىرخان ئۈچرىغانلا تونۇشلىرىدىن قىزى توغۇرلۇق داۋاملىق سۈرۈشتە قىلىدۇ. بىر قېتىم ئۇ جىنازا نامىزىغا بېرىپ جامائەتكە

ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قىزىدىن خەۋەر ئالالمىغانلىقىنى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا قاياقلاردىدۇر تىجارەت قىلىۋاتقانلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭ تازا ئىشەنچ قىلالمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلاردىن ئۆتۈنىدۇ:

ــ مېنى ئارتۇق قىينىماڭلار! ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتىپ بىرىڭلار ــ دەپ يالۋۇرىدۇ. ئىمام ئاخۇنۇم قادىرخانغا جاۋاپ بېرىپ:

ــ ھەممىمىز ئاللاھنىڭ پۈتكەن تەقدىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك ــ دەيدۇ. لېكىن قادىرخان ئىمامنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، قىزىنىڭ ئۆلۈپ كەتمىگەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كۆڭلى سېزىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىراق ئىمام بۇ ھەقتە ئۇچۇق بىر نەرسە دېمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قادىرخان پىراق ئازابىدىن يىقىلىپ قالىدۇ. جامائەت ئۇنى ئۆيىگە ئەكىلىپ قويۇشىدۇ.

قادىرخان كۈندىن كۈنگە يامانلىشىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ قىزى زۆھرە خانىم ئاۋازىنى سىڭلىسىنىڭكىگە تەقلىت قىلىپ بىر قانچە قېتىم تېلىفۇن ئارقىلىق قادىرخانغا گەپ قىلىدۇ. ئۇ قىزى رابىيە بىلەن گەپلەشكەنلىكىگە ئىشەنسىمۇ، لېكىن يەنىلا گۇمانلىنىپ، بىرلا ئارزۇسى رابىيەنى كۆزى بىلەن كۆرۈش بولۇپ قالىدۇ. ئەشۇ ئارماندا ئۇنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

كېيىنكى قېتىملىق كۆرۈشۈشتە رابىيە قادىرنىڭ باللىرى بوۋىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى بەك سېغىنغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئۇ ياشىنىپ قالغان دادىسىنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئورۇنلاشقا تىرىشىدۇ. خىتاينىڭ چاغان (يېڭى يىل) بايرىمىغا ئازلا قالغان بولــۇپ، « بەلكىم خىتاي-نىڭ چوڭ بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن كۆڭلى يۇمشاپ قالسا ئەجەپ ئەمەس » دېگەن ئۈمىتتە تۈرمە باشلىقىغا خەت يازىدۇ.

« بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن خەلقنىڭ شات - خۇرام بولۇشى يوللۇق. سىلەردىن شۇنى ئۆتۈنىمەنكى، مېنى دادامنىڭ ئىشىگىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارساڭلار، پۇت - قولۇمدىن كىشەن ۋە ئىشكەللەرنى ئېلىۋېتىپ، دادام بىلەن سۆزلىشىۋېلىشىمغا ئوتتۇز مىنۇت ۋاقىت بەرسەڭلار، دادامغا بىر قېتىم شاتلىق، مەدەت بېرىۋالسام، ئەگەر ئۇ تۈرمىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە توغرا كەلسە، ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، مېنى ئېلىپ بارغان ساقچىلارنىڭ ھەر بىرىگە ئايرىم ھەق تۆلەيمەن ».

جاۋاپ خەت مۇنچىلىكلا ئىدى:

« بۇ ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن ئىككى باتالىيون ئەسكەر ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك » .

2004 - يىلى ماي ئايلىرىدا ئۇنىڭ ئوغلى ئالىم يول مېڭىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى:

_ مەن ساقچىلار بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن، ھېچ بولمىغاندا بوۋام بىلەن تېلېفوندا بولسىمۇ سۆزلىشىۋالىدىغان بولدۇق!.

بىر ئايدىن كېيىن تۈرمە باشلىقى ئۇنىڭغا شۇم خەۋەر يەتكۈزدى _ ئۇنىڭ دادىسى قادىرخان ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى.

سۆيۈملۈك قىزىنىڭ تۈرمىدە ئىكەنلىكىنى قادىرخانغا ھېچكىم ئېيتمىغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئاچچىق ئەلەمنى ئاخىرەتكە ئېلىپ كېتىشىنى ئۇلار خالىمايتتى.

دادىسى توغرىسىدا رابىيە قادىر مۇنداق دەيدۇ:

_ مەن يىغلاشنى خالىمايمەن. لېكىن ھەر قېتىم بۇ ھەقتە سۆزلىسەملا، ئىختىيارسىز كۆزۈمدىن ياش تۆكۈلىدۇ .

ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىكتىن ئۇنىڭ تەنلىرى ئاجىزلاپ، تېرىلىرى قۇرغاقلىشىپ، جىسمانى جەھەتتىن پۈكۈلۈشكە قاراپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇنىڭ سالامەتلىكىدە ئۆزگىرىش كۆرۈلگەن ھامان تۈرمە دوختۇرخانىسىغا دەرھال ئاپىرىدىغان بولۇشتى. بۇ تۈرمە دوختۇرخانىسى ئىلگىرى ئۇ ھېلىقى قاتتىق كېسەل بولغاندا داۋالانغان تۈرمىنىڭ داۋالاش بۆلۈمىگە قارىغاندا بەكلا پاكىز ئىدى. بۇ دوختۇرخانىدا ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر خىتاي دوختۇر:

_ مەرھەمەت! ئولتۇرۇڭ، بىلىكىڭىزنى ئاچقان بولسىڭىز _ دېدى ئۇنىڭغا سىپايىلىك بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ. دوختۇر خىتاينىڭ سۆز ئارىسىدا « مەرھەمەت! » دېيىشى ئۇنىڭغا سىلىق، سىپايىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، بولۇپمۇ بەش يىلدىن بۇيان بۇنداق يېقىملىق سۆز ئاڭلاپ باقمىغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە دوختۇرغا نىسبەتەن « بۇ ئادەم گەرچە خىتاي بولسىمۇ ھەقىقى بىر ئىنسان ئىكەن » دېگەن تۇيغۇ ئۇرغۇماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مىننەتدارلىق ياش تامچىرلى ئۈنچىدەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا، ھاياجىنىنى تىزگىنلەشكە تىرىشقان بولسىمۇ كۈچى يەتمەيتتى. دوختۇر:

_ نېمە؟ مەن بىرەر ئىشنى خاتا قىلدىممۇيا؟ _ دەپ، سورىدى ئىككىلەنگەن ھالدا.

باقاۋۇل گۈندىپاي خىتاي ئايال:

_ ۋايىيەي ئەمدى! قاراڭ ئۇنىڭغا، ئۇمۇ ئوخشاشلا بىر ئىنسانغۇ! ئىنسان بولغاندىكىن يىغلايدۇ شۇنداق _ دېدى نەشتەر سانجىپ. دوختۇر خىتاي ئۇنىڭ ئاربلاشماسلىقىنى ئۆتۈندى. بىراق ئۇ ئەدىمەكتە ئىدى:

_ سىز بۇ ئايالنىڭ پەقەتلا كېسىلىنى تەكشۈرسىز! ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇش يوق!.

شۇنىڭ بىلەن دوختۇر تەكشۈرۈشنى توختاتتى. باقاۋۇل گۈندىپاي بىلەن دوختۇر بىرلىكتە سىرىتقا چىقىپ كېتىشتى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كىرىشتى. دوختۇر ئۆزىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، ئېھتىيات ئۇچۇن ئۇنــى « سەن » دېيىشكە پېتىندى. دوختۇر ئۇنىڭ ئېغىر دەرىجىدە يۈرەك كېسىلىنىڭ بارلىقىنى، داۋالاش كېرەكلىكىنى ئېيتاتتى. لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئەسلا مەسىلە يوقلىقىنى ئۇ ئۆزى بىلەتتى. دوختۇر ئۇنىڭغا دورا بەردى ۋە باقاۋۇل گۈندىپاينى ئۇنىڭغا قەرەللىك دورا ئىچتۈرۈشكە مەسئۇل قىلدى. ئۇلارنىڭ نېمىلەرنى ئىچتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ئۇ بىلمەيتتى. لېكىن سۇنى ئىچىۋېلىپ، دورىنى يان قوۋزىدا ساقلاپ قالاتتى . دە، كېيىن ئاستا پەم بىلەن، ئىمكانىنىڭ بارىچە سەزدۈرمەستىن ئاغزىدىن چىقىرىپ، بارماقلىرى بىلەن يىمىرىپ يوقىتىۋېتەتتى. بەزىدە دورىلارنى ئۇششاق پۈتلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىزىۋېتەتتى.

نېمىشكىدۇر ئۇنىڭغا « دورىنى ئىچتۈرۈپ بولغان » دىن كېيىن باقاۋۇللار ئۇنى سىنچىلاپ كۈزىتەتتى. ئۇنىڭدا غەيرى بىر ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتىۋاتقاندەك، لېكىن ئۇنىڭدا قىلچىمۇ ئۆزگىرىشنىڭ بولمىغانلىقىدىن ھەيران بولۇشۇپ « دورىنى يېمەي تاشلىۋەتكەنمىدۇر » دېگەن گۇماندا ئەتراپنى ئىزدەشلىرى، ئۇنى يىگىرمە تۆرت سائەتلەپ مۇنتىزىم كۈزىتىشلىرى ئۇنىڭ پەرىزىنى ئىسپاتلىغان ئىدى...

2004 . يىلى قىش پەسلى ئىدى. تۈرمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، تۈرمە كادىرلىرى ۋە باشقا ئەمەلدارلار ئۇنى تۈرمىنىڭ يىغىن زالىغا ئېلىپ كىرىشتى. زالدا بارلىق سىياسى مەھبۇسلار بارتوپلانغان. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشى كېرەك ئىدى. بىر كادىر سۆز ئېلىپ مۇنداق دېدى:

_ رابىيە قادىرنىڭ ئۆزگىرىش نەتىجىسى ياخشى! ئۇ پارتىيەنىڭ

تەربىيەسىنى ياخشى قوبۇل قىلدى .

ئۇنىڭ تىزلىرى قاتلىشىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى پاختىدەك بولۇپ قېلىۋاتاتتى « ئەمدى بۇ نېمە دېمەك؟ شۇ قەدەر ئازاپلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆز ۋىجدانىغا سادىق بولۇپ كەلگەن تۇرسا »...

كادىرلار _ ئۇنىڭ ئۆزگۈرىشى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن جازا مۇددىتىدىن بىر يىللىق قىسقارتىلىدۇ - دەپ تېخىمۇ ئاينىغىلى تۇرۇۋىدى، سىياسى مەھبۇسلارنىڭ بەزەنلىرى ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئالايدى. ئۇ ئۆزىنى « خائىن، ئاسىيلار » دەك چۈشكۈن ھېس قىلىپ قاتتىق ئازاپلىناتتى.

بۇنىڭدىن بۇرۇن سىياسى مەھبۇسلار ئەپ تاپسىلا ئۇنىڭغا كۆزلىرى بىلەن سالام بېرىپ، ھۆرمەت تۇيغۇلىرىنى تەقدىم قىلىشاتتى. لېكىن مۇشۇ يىغىنىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى ئۇنى تونۇماسقا سالدى.

كېيىنكى يىلى يانىۋاردا چىياۋ چىياۋ يۈك - تاقلىرىنى تاڭدى. ئۇ رابىيە قادىرغا ئوچۇق- ئاشكارە مۇنداق دېدى:

_ مېنىڭ ۋەزىپەم ساڭا كۆز - قۇلاق بولۇش، ئىشپىيونلۇق قىلىش ھەم سېنى ئازاپلاش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ جازا مۇددىتىم ئۈچ يىل قىسقارتىلدى. سەن ئۆلەمسەن، ياشامسەن ماڭا بەرى بىر.

چىياۋچىياۋنىڭ ئورنىغا ئالدامچىلىق جىنايىتى بىلەن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، يەنە بىر خىتايىنى ئۇنىڭغا ھەمرا قىلدى. رابىيە قادىر يۈتەلسىمۇ ئالدامچى خىتاي دەپتىرىگە خاتىرلەيتتى. ئەگەر ئۇ چىشلىرىنى مەلھەملىگىنىدە ئالدامچى خىتاي ئۇنىڭغا چاپلىشىپ قالىدىغاندەك يېقىن كېلىپ قاراپ تۇراتتى.

بۇ ئالدامچى خىتاينىڭ پاختىلىق ئىشتانىنىڭ لېپىزىدەك، تەتۈرگە ئۆرۈلۈپ تۇرىدىغان كالپۇكلىرىنى قايرىپ سىرتقا چىقىپ تۇرىدىغان، ئارىنىڭ چىشىدەك ساپ - سېرىق، كىر بېسىپ كەتكەن ئىككى تال چىشى كىشىنى ئەندىكتۈرەتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان سېسىق پۇراق كىشىنىڭ نەپىسىنى بوغاتتى. رابىيە قادىر تاماق يىسە ئالدامچى خىتاي كۆشەيتتى. پۇشۇلداپ تىنىپ ئۇنىڭ تاماق يەۋاتقان قاچىسىغا يېقىن كېلىۋېلىپ ئۇسۇرۇپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ قاتتىق ئاچچىقلاپ:

_ ئۇسۇرىدىغان باشقا يەر تېپىلمىدىمۇ ساڭا؟ مېنىڭدە نېمە ھەققىڭ بار زادى؟ _ دەپ ۋارقىرايتتى. بىراق ئالدامچى خىتاي بىر ئېغىزمۇ ئىنكاس قايتۇرماي ئۇنى كۈزىتەتتى.

ئۇ ، ئەمەلدارلارنىڭ ئەشۇنداق پەۋقۇلئاددە ناچار كىشىلەرنى قوشۇپ قويۇپ ئازاپلاندۇرىدىغان ھۈنەرلىرىگە ھەيران قالاتتى. ئۇنداق نائەھلى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ جازا مۇددىتىنى قىسقارتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قولىدىن كېلىدىغان ئەسكىلىكنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا تىرىشاتتى. ھەتتا ئۇ ئۇخلاپ قالغاندىمۇ ئۇلار ئەسكىلىك قىلىشتىن توختاشمايتتى. ئۇ ئۇيقۇلۇقتا يان تەرەپكە ئۆرۈلگەن ھامان ھېلىقى ئالدامچى خىتاي ئۇنىڭ كارۋىتىغا چىقىپ:

_ ھەي! سەن تام تەرەپتە نېمە قىلىۋاتىسەن؟ _ دەپ، ئۇنى ئويغىتاتتى ۋە چىراقنى ياندۇرۇپ تولۇق تەكشۈرەيتتى . دە، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ قايتا ئۇخلىيالمايتتى. بەزىدە ئۇنىڭ ئىككى كامىردېشى ئۇنىڭ كارۋىتىغا سەكرەپ چىقاتتى . دە، بىرى ئۇنىڭ پۇتلىرىدىن، يەنە بىرى ئۇنىڭ قوللىرىدىن تارتىپ ئۇنى قاتتىق بىئارام قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇنچىۋالا ئاچچىقلىنىشىدىكى سەۋەپنى ئۇ چۈشەنمەيتتى. بىرلا نەرسە ئېنىقكى، ئەگەر ئۇنى گۈندىپايلارنىڭ تىل - ھاقارىتىگە ئۇچرىتالىسا ئۇلار شاتلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىگە ئۇ قارشى تۇرمىغاندا ئۇلار ئۆز - ئارا جېدەللىشىپ، گۈندىپايلاردىن تاياق يەپ توختىشاتتى. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشۇپ قالغانلىرىنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭغا دۆڭگەپ قەسەم قىلىشقان ھامان، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشىشىغا سەۋەپچى بولغانىنىڭ گۇناھى ئۇنىڭغا يۈكلىنەتتى. گۈندىپايلار ئۇنىڭغا ئاھانەت قىلىشقاباشلايتتى_ سەن نېمىشكە كامىرداشلىرىڭنى ئارامىدا قويمايسەن؟.ھوشۇڭنى تاپ! بولمىسا....

ئۇ ھېچقاچان ئۆزىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى ھەققىدە قەسەم قىلالمايتتى. گۈندىپايلار ئۇنى ھاقارەتلەپ خورلاشقا باشلايتتى:

_ سەن قانداقلارچە شىنجاڭدىكى مەشھۇر ئايال بولالىغانسەن؟ سېنىڭ كالىلاڭ جايىدا ئەمەس! سەن مەناسىز، ئەھمىيەتسىز بىر كىشى!.

بۇنداق تىل - ھاقارەتكە جاۋاپ قىلىشقا ئۇنىڭ تىلى بارمايتتى. تىللاشلار ئۈزۈلمەيتتى:

_ سەن خالاجايغا بارساڭ ئىش - ئوقەتلىرىڭنى ئىچىگە قىلماي سىرتقا چىقىرىسەن! نېمىشكە كامىرنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قارايسەن؟ كامىرداش- لىرىڭ ئۈستۈڭدىن يازغان شىكايەتلەرنى ئوقۇيدىغان بولساق، سەندىن يىرگىنىمىز!.

گۈندىپايلار ئۇلارنىڭ خاتىرلىگەنلىرىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلىشىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى توختام شۇنداق بولغاچقا ھەممە نەرسە پىلانلىق، قەستەن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

شۇنداق ماجىرالارنىڭ بىرىدە، گۇندىپاينىڭ بىرى ئۇنىڭ مەڭزىنى نۇقۇۋىدى، ئۇ گۇندىپاينىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى. بىر ئازدىن كېيىن بەش نەپەر گۇندىپاي كامىرغا كىرىشتى ـ دە، ئۇنىڭ نىمىشكە گۇندىپاينىڭ قولىغا ئۇرغانلىقى توغرىسىدا سوراق قىلىشتى. ئۇنىڭ كامىرداشلىرىمۇ گۇۋالىقتىن ئۆتۈشتى ھەم:

ـ بۇ جىنايەتچى بىزنىمۇ دائىم ئۇرىدۇ ـ دەپ ئەرز قىلىشتى. گۇندىپايلار ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورىشىپ:

ـ سىلەرنىڭ كۆزلىرىڭلاردىن كېچە كۈندۈز ئاققۇزغان ياشلار ئۇچۇن جازاسىنى تارتىدۇ ـ دېدى ئۇنى قاغاپ. شۇ ئاندىلا ئۇ ئۆزىنى تۇتالماستىن ئىنكاس قىلدى:

ـ سەنلەر مېنى قىيناش ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشىۋاتىسەن، لېكىن مەن ساراڭ بولۇپ كەتمەي يېڭىپ چىقىمەن.

ئۇنىڭ سۆزىگە قارىتا يەنە بىر گۇندىپاي مۇنداق دېدى:

ـ ساقچىنى ئۇرغان مەھبۇسنىڭ جازاسى ئۈچ يىللىق ئۇزارتىلىدۇ، بۇ جازا ساڭىمۇ ئىجرا قىلىنغۇسى!

2005 ـ يىلى 8 ـ مارت كۈنى ئىدى. بىخەتەرلىكنى قوغداش ئىدارىسىدىن كەلگەن ئىككى نەپەر ئۇيغۇر، ئالتە نەپەر خىتاي بولۇپ، جەمى سەككىز نەپەر ئەمەلدار رابىيە قادىرنى سۆھبەتكە چاقىردى. خىتايدىن بىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ ھېسداشلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ دەردىگە دەرتلىشىۋاتقانلىقىنى چىرايىدىن ئىپادىلەپ مۇنداق دېدى:

ـ ساڭا ھەقىقەتەن ئۇۋال بوپتۇ. سالامەتلىكىڭ ياخشى ئەمەس، سەن يۈرەك كېسىلى بولۇپ قالدىڭ. جىددى داۋالاش سەۋەبىدىن سېنى قويۇپ بېرىمىز. قانداق؟ سىرتقا چىقىۋېلىپلا يەنە خاتا ئىشلارنى قىلماسسەن؟.

ئۇ مۇنداق پەرەز قىلماقتا:

« ئۇلار مېنىڭ < يۈرەك كېسىلىم > نى قويۇپ بېرىشنىڭ باھانىسى قىلىۋاتقان بولسا كېرەك.(ئەسلىدە مېنىڭ يۈرىگىمدە ھېچقانداق كېسەللىك بولمىسا!) لېكىن بۇ خەۋەرلەر ئۇنى ھاياجانغا سالماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر سادا ياڭرايتتى ـ ئۇلار مېنى قويۇپ بېرىدىكەن!

ئۇ بوغۇق ئاۋازدا مۇنداق دېدى خىتايغا جاۋاپ بېرىپ:

ـ مەن ھېچقاچان خاتا ئىش قىلمايمەن.

ئۇنىڭ سۆزىدىن تازا خاتىرجەم بولالمايۋاتقاندەك، يەنە بىر خىتاي سورىدى:

ـ نېمىنى مەقسەت قىلىۋاتىسەن بۇ جاۋابىڭ بىلەن؟

ئۇ بىرنېمە دېمەستىن خىتاينى جاۋاپسىز قالدۇردى. ئارىدىن يەنە بىر خىتاي سۆگە كىردى:

ـ ئەگەر سېنى چەتئەلگە چىقىرىۋەتسەك، ئۇياقلاردا بىزگە قارشى ھەرىكەت قىلامسەن؟.

ـ مەن ھېچكىم ئۇچۇن ئەمەس، پەقەتلا خەلق ئۇچۇن خىزمەت قىلىمەن ـ دېدى ئۇ گەپنى يەنە مۇجمەللەشتۈرۈپ. ئۇلار ئۇنىڭ « بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلەر » بىلەن شۇغۇللانماسلىقى توغرىسىدا تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ داۋام قىلماقتا ئىدى.

ـ مەن ئەسلا بۆلگۈنچى بولغان ئەمەس، مېنىڭ ئالدىمدا ھەممە ئادەم ئوخشاش! ـ دېدى ئۇ جاۋابەن. يەنە بىر خىتاي مۇنداق دېدى:

ـ بىز ھازىر پەقەتلا سېنىڭ داۋالىنىشىڭ توغرىسىدا ئويلىنىمىز!

خىتاينىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇ تازا بەك چۈشىنىپ كېتەلمىدى . دە « بەلكى سىرتتا داۋالىنىدىغان بولسا كېرەك » دەپ پەرەز قىلاتتى. بىراق ھېلىقى خىتاي گەپنى ئوچۇق ئېيتتى:

ـ ئەگەر سېنى دۆلەتنىڭ ئىچىدە قويۇپ بەرسەك بىزگە تېخىمۇ چوڭ ئاۋارىچىلىق كەلتۈرىسەن!

شۇ سۆھبەتتىن كېيىن ئۇنىڭ تامىغىنى ياخشىلىدى. ئۇنىڭ كامىرىدىكى ھېلىقى قاتىل خىتاينى يۆتكىۋېتىپ، باشقا بىر تۇتقۇن ئايالنى ئەكىرىپ قويدى. تۇتقۇن مەھبۇس ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرەپ، خوش چىراي مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىگە رام قىلىشقا تىرىشاتتى. بىراق ئۇمۇ دائىم خاتىرلەپ تۇراتتى. ھەتتا ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، قانداق ئارزۇلىرىنىڭ بارلىقى، نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقى قاتارلىق نۇرغۇن ئىشلارنىمۇ سوراپ خاتىرلەيتتى.

ـ رابىيە! دېدى بىر گۇندىپاي كارىدوردا ئۇنى چاقىرىپ. بىر ئازدىن كېيىن « قادىر! » دەپ تولۇقلىدى. گۇندىپاي ئۇنى تۈرمە ھويلىسىغىچە ئېلىپ چىقتى. ئۇ ئۇزۇن يىلدىن كېيىن سۈزۈك ئاسماننى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ئىدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇنى تۈرمە كادىرلىرى ئىشخانىغا ئېلىپ كىرىشتى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ بويىنىغا بىر تاختىنى ئېسىپ رەسىمگە تارتتى. تاختىدا خىتايچە

خەت يېزىلغان بولۇپ، ئۇ خىتايچە خەتنى بىلمىگەچكە نېمىنىڭ يېزىلغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ئاخىرى ئۇ تۈرمە دوختۇرخانىسىغا ئېلىندى. ئۇ ھېچقانداق كېسەللىك بولمىسىمۇ، دوختۇرخانىدا ئۈچ كۈن تۇردى. كېسەلخانىدا ئۇ ۋە يەنە تۆرت نەپەر ئايال گۈندىپايدىن باشقا ھېچكىم يوق. گۈندىپايلار ئۇنىڭغا ھېلىقى ئاۋالقى قېتىم ئۇ ئاغزىدا يوشۇرۇپ، كېيىن پەم بىلەن يىمىرىپ تاشلىغان « يۈرەك كېسىلى » نىڭ دورىسىنى بېرىشەتتى ۋە:

_ سەن ئېغىر يۈرەك كېسىلى بولغان، سەن ئارام ئېلىشىڭ كېرەك، داۋالىنىشىڭ لازىم _ دەپ چۈشەندۈرەتتى. باشقا دوختۇرلار ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كېسەلخانىدا تۇرىدىغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ سورىشاتتى:

_ سەن كېسەلدەك كۆرۈنمەيسەن، نەرىڭ ئاغرىيدۇ؟

بۇنداق چاغلاردا گۈندىپايلار دوختۇرلارغا قوپال تىگىشەتتى:

_ تولا گەپ سورىما، ئۇ ئۆزىنىڭ نەرى ئاغرىيدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ، دوختۇرخانىدا نېمىشكە ياتىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ، سېنىڭ ئىشىڭ بولمىسۇن!

ئۇ ھېلىقى سەككىز نەپەر كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ، يەتتە كۈندىن كېيىن گۈندىپايلار ئۇنىڭ كىيىم ئۆلچىمىنى ئېلىشتى. ئۇنىڭ ئىچكى ئالىمىدە مىڭلىغان سادالار تەنتەنە قىلاتتى « ئۇلار ماڭا كىيىم - كېچەك، نەرسە - كېرەكلەر ئالىدىكەن، مەن راستىنلا قويۇپ بېرىلىدىكەنمەن! ».

16 - مارت ئۇنىڭ بالىلىرى كۆرۈشۈش رۇخسىتى ئالدى. كۆرۈشتۇرۇش بۆلۈمىنىڭ ئىشىك ئەتراپىدا ساناقسىز باقاۋۇل ساقچىلار كۈزەتچىلىك قىلىشماقتا. بۆلۈمدە ئۇنىڭ ئىككى بالىسى _ روشەنگۈل، ئالىم ۋە ئۆزى بار ئىدى. ئاندىن مەركىزى ھۆكۈمەت سىياسى بۇروسىدىن كەلگەن يالغۇز بىر ئايال سېكرىتاردىن باشقا كىشى يوق ئىدى. يوقۇرىدىن كەلگەن بۇ ئايال سېكرىتار، بولىدىغان سۆھبەتنى تۈرمە باشلىقىدىنمۇ مەخپى تۇتقان ئىدى. شۇڭا ئۇ پەقەتلا خىتايچە سۆزلىشىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇلار قارىمۇ - قارشى سافادا ئولتۇرۇشتى. ئەمما مىدىرلاشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمايتتى.

( شۇ ناملىق كىتاپ 388-399.بەتلەر)

( قوشۇمچە )

رابىيە قادىرخانىمنىڭ زوراۋان خىتاي ھۆكۈمرانلىرىغا ئەزەلدىنلا قارشى

ئىددىيىسى، ئەشۇنداق قىيناش، سۆيقەست قىلىش، جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئازاپلاش جەريانىدا خىتاي ھۆكۈمرانلىرىغا نىسبەتەن ئالدىنى ئالغۇسىز ئاتوم بومبىسىغا ئايلاندى! ئۇ ئەمدى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى دەھشەتلىك پارتىلايدۇ.

خىتايلار ئۇنى دەسلىۋىدە ئۆستۈرۈپ، پۇرسەت بېرىپ « قورچاق » قىلىۋالماقچى بولۇشقان. بىراق ئۇ قولىدىن نېمە كەلسە، پۇرسەتنى قاچۇرماي، دەل ۋاقتىدا ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىگە ئىشلىتىدىغان ئۇنىڭ مىللى روھىنى خىتايلارنىڭ ئۆزگەرتىشتىن ئۈمۈتلىرى ئۈزۈلگەندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە ئۇنى تۈرمىگە ـ باستۇرۇققا قاماپ، مەجبۇرى باش ئەگدۇرۇشكە ئورۇندى. ئۇنىڭدىنمۇ نەتىجە چىقىرالمىغاندا، ساراڭ قىلىۋېتىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىشتى.

ئۇنىڭغا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى ئورگانلىرى، ياۋرۇپا ئەللىرى، ئامېرىكا ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۇنى تۈرمىدە بىر تەرەپ قىلىۋېتىشكە ئامال قىلالمىغانلىقتىن، ئەركىن دۇنيادا ئۇنى تەلەپ قىلغان ئامېرىكا تۇپرىغىدا « يۈرەك كېسىلى بىلەن ئۆلدى » قىلىش ئۈچۈن زەھەرلىدى.

بىراق، ئۇيغۇر مىللىتىگە ئامەت بولۇپ يارىتىلغان بۇ مۆجىزە، ئەشۇنداق سەرزگۈرلۈك بىلەن يوروق ئالەمگە سالامەت يېتىپ كەلدى.

چەتئەلدىكى ـ ئامېرىكىدىكى خىتاي ئورۇنلاشتۇرغان « ماشىنا سۆيقەستى »، ياپونىيەدە خىتاي ئورۇنلاشتۇرغان « زەھەرلەش سۆيقەستى » ئۆتكۈنچى ھادىسە بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى. خىتاي نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

رابىيە قادىرنى يوقىتىشتىكى خىتاينىڭ ئاخىرقى، بىردىن بىر چارىسى ـ چەتئەلدىكى « ۋەتەنپەرۋەر » ، « ئىنقىلاپچى » كىشىلەرنىڭ « ئىنقىلاۋى ھەرىكەتلىرى » ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ئاددى بىر مىسال ئالساق، رابىيە قادىرخانىمنىڭ كىشىلىك شەخسىيىتى توغرىسىدا « ئەرۋاھ » تەخەللۇسى قول-لانغان بىرىنىڭ يازما تەنقىتلىرى، سىياسى - ئىنقىلاۋي ئىددىيىسى توغرىسىدا يەنە بىرىنىڭ ئېكران ئارقىلىق سۆزلەپ ئېلان قىلغان نۇتقى. مانا بۇ ۋەقەلەر رابىيە قادىرخانىمنى يوقىتىشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ئىدى. ئەرۋاھنىڭ ئىنقىلاۋي، سىياسى سەپىنىڭ سىرتىدىكى بىر كىم بولىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدەك ھېلىقى ئىنتېرنەت ئېكرانى ئالدىدا ئولتۇرۇپ

تەنقىدىي نۇتۇق سۆزلىگۈچىمۇ. بۇلارنىڭ « ئۆز بېشىمچىلىق قىلغىنى » غا ئىشىنىلمىگىنىدەك، « خىتاينىڭ يولىيورىقى بىلەن قىلغىنى » مۇ خىيال قىلىنمايدۇ. _ « سۇنىڭ بېشى لاي! ».

بىزگە يۈكلىنىدىغان ئەڭ ئېغىر مەجبۇرىيەت _ رابىيە قادىرخانىمنىڭ سىياسى ئىمتىيازىنى، كىشىلىك ئوبرازىنى قوغداشتۇر. ئۇنىڭ ئۇيغۇر ھەرىكىتىگە پەخرى ئۇنۋانى ئەمەس، بەلكى تەشكىلى جەھەتتىن سىياسى سالاھىيىتى مۇھىمدۇر. ئۇنىڭ سىياسى ئورنى بۇندىن كېيىن سايلام بىلەن ئەمەس، بەيئەت بىلەن بەلگىلىنىشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن!...

49

_ پارتىيەنىڭ نەقەدەر ياخشى ئىكەنلىكىنى ئاخىرى بىلىپ يەتكەنسەن؟ يەنە قانداق ئارزۇلىرىڭ بار؟ _ سورىدى رابىيە قادىردىن ئىككى گۇندىپاي ئايالنىڭ بىرى. ئۇ گەپ سورىغان گۇندىپايغا شۇبھە نەزىرى بىلەن تىكىلگەن ھالدا:

_ نىمە دىمەكچىسەن _ دىدى سۇئالغا سۇئال قايتۇرۇپ.

_ داۋالىنىشىڭ ئۇچۇن باشقا يەرگە يۆتكىلىسەن _ دىدى گۇندىپاي چۈشەندۇرۇپ. ئۇ قىسقىلا ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئارزۇسىنى ئېيتتى:

_ سودا سارىيىمنى بەكمۇ كۆرگۈم بار، ئاندىن ئەشۇ كوچىلارنى بىر قېتىم ئايلىنىۋالسام.

_ بولىدۇ، مەن تەلەپلىرىڭنى يوقۇرىغا مەلۇم قىلىمەن.

بىرەر سائەتتىن كېيىن ھېلىقى گۇندىپاي ئۇنىڭ تەلەپلىرىنىڭ قوبۇل كۆرۈلمىگەنلىكىنى ئۇختۇردى.

2005 ـ يىلى 17 ـ مارت كۈنى سەھەر سائەت ئۇچ ئىدى. « رابىيە قادىر! » دىگەن چاقىرىق ئۇنى ئويغاتتى. ئۇ ئالدىراش تۇردى ۋە كىيىندى. ئۇنى قارا كىيىملىك ئادەملەر ئېلىپ مېڭىشتى. تۈرمىنىڭ كىيىم بېرىدىغان بۆلۈمىدىن ئۇنىڭ ئۇچۇن تەييارلانغان ئىشتان، پوپايكا ۋە بىر پەلتونى ئېلىپ ئۇنى كىيىندۇردى. كېيىن ئۇلار تۈرمە دەرۋازىسى تەرەپكە مېڭىشتى. دەرۋازىغىچە قاراۋۇللۇقتا تۇرغانلار ماشىرەڭ كىيىنگەن ئەسكەرلەر بولۇپ، بىرمۇ گۇندىپاي

كۆرۈنمەيتتى. دەرۋازا ئالدىدا موتۇرى ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان بىر كىچىك ماشىنا تۇراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئەسكەر ماشىنىسى، يەنە يەتتە - سەككىز كىچىك ماشىنىمۇ قاتارىسىغا تۇراتتى.

ئۇ ئولتۇرغان ماشىنىنىڭ ئالدى - كەينىدە ساقچى ماشىنىلىرى ھۇيقىرىتىپ ماڭماقتا. ئۇلار « بېيجىڭ يولى » ئارقىلىق ئائىرپورت تەرەپكە يۈرمەكتە. ئۇ ئۆزىنىڭ بېيجىڭغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

ئائىرپورت زالىدا ئىنسى - جىنمۇ يوق، جىم - جىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئادەتتە كېچە - كۈندۈز ئادەم قايناپ تۇرىدىغان يەر. « ئەجەبا ئۇرۇش بولدىمۇ قانداق؟ » دېگەن خىيال ئۇنىڭ مېڭىسىدىن چاقماقتەك چاقناپ ئۆتتى.

ئۇچۇشقا تەق بولۇپ تۇرغان ھەربى ئائىرپىلانىدا رابىيە قادىردىن باشقا يىگىرمە بەش نەپەر قاراۋۇل خىتاي ئەسكەرلىرى، ئۇيغۇر ئايال گۇندىپاي بۇ، بۇ نىڭ يەنە بىر گۇندىپاي خىزمەتدېشى بار ئىدى. ھېچكىم ھېچكىمگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمايتتى.

تۆرت سائەتلىك ئۇچۇشتىن كېيىن ئائىرپىلان بېيجىڭ ئائىرپورتىغا قوندى. ئۇرۇمچىدىن ھەمرا بولۇپ بارغان ئىككى گۇندىپاي ئايال باشقا ئىككى ئايال بىلەن خىزمەت ئالماشتۇردى. ئۇنى ئائىرپورتقا يېقىن « نوبېل مېھمانخانىسى » غا ئېلىپ باردى. ئاردىن ئون مىنۇتمۇ ئۆتمەيلا، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن ئالتە ئەمەلدار يېتىپ كەلدى. ئۇلار « ئۇنىڭ كېسىلىنى جىددي داۋالاش سەۋەبىدىن چەتئەلگە ئەۋەتىلىدىغانلىقى » نى بىلدۈرۈشتى.

_ ئەگەر سىزنى قويۇپ بەرسەك _ دېدى بىر خىتاي سۆز ئېلىپ _ چەتئەلدە بىز ئۇچۇن خىزمەت قىلىسەن. شۇنداق بولغاندا بۇ ياقتىكى تىجارى ئىشلىرىڭمۇ يۈرۈشىۋېرىدۇ. يەنىلا مىليونېر خانىم بولۇپ قېلىۋېرىسەن. لېكىن ئۇنىڭ ئەكسىچە ئويلىساڭ، بۇ ياقتا بېشىڭدىن ئۆتكەنلەرنى دۇنياغا ئاشكارىلىساڭ، يەنە ئىنسان ھەقلىرى ئۇچۇن ھەرىكەت قىلساڭ، سەن تېخى ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىغان، تەسەۋۋۇر قىلمىغان دەرىجىدە سېنىڭ بالىلىرىڭ بالاغا يولۇقىدۇ! ئۇلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان كەلگۈلۈك سېنىڭ كۆرگىنىڭدىن قانچە ھەسسە ئېغىر بولىدۇ. تىجارىتىڭ ۋەيران قىلىنىدۇ. ئۇلار تۇگىشىدۇ!

شۇ كەمگىچە ئۇنىڭ نەگە بارىدىغانلىقى توغرىسىدا خىتايلار بىر نەرسە دېمىدى. بەلكى ئۇنىڭغا بېرىلگەن جازانىڭ تۇگىمىگەنلىكى، ھۆكۈمىنىڭ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى توغۇرلۇق تەكرار سۆزلىنەتتى. ئاخىر دېگەندە ئۇنىڭ

قالغان ئۈن سەككىز ئايلىق جازا مۇددىتى ئىچىدە، ئامېرىكىدا داۋالىنىشقا رۇخسەت بېرىلگەنلىكى، ئۇنىڭدىن كېيىن خىتايغا قايتۇرۇلۇپ كېلىنىدىغانلىقى بىلدۇرۇلدى.

_ بىز سېنى ئامېرىكىلىققا تاپشۇرىمىز! _ دېدى خىتاي گەپنىڭ ئاخىرىدا. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىردە قىززىق بىر سېزىم لەرزىگە سالسا، بىردە سوغۇق بىر تۇيغۇ تىترىتەتتى.

« بۇنداق بولىشى مۇمكىنمۇ؟ مەن دائىم خۇدانىڭ پۈتكىنىگە ئىشىنەتتىم! خۇدا مېنى ئۇنۇتمىدى! ئۇ مېنى تاشلىۋەتمىدى »- دەيتتى ئۇ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان ھاياجانلىرىغا سەبىر بېرىپ. خىتايلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ئايال مۇنۇلارنى ئېيتتى:

_ بىر نەرسىنى بىلىشىڭ كېرەككى رابىيە قادىر! ئالدىمىزدىكى يىگىرمە يىل ئىچىدە « ئۇيغۇر » دەپ ئاتىلىدىغان بىر خەلق مەۋجۇت بولمايدۇ. سەن ئەقىللىق بىر ئايال، سەن بىز بىلەن ھەمكارلىشىشىڭ كېرەك. سەن داۋالىنىپ ياخشى بولۇپ قالغاندىن كېيىن بىز سېنى قايتۇرۇپ كېلىمىز. بارلىق تىجارى ئىشلىرىڭنى ئۆزەڭ قايتا داۋاملاشتۇرىسەن ھەم خەلقىڭ ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلالايسەن. شۇندىلا بۇ يەردىكى بەش بالاڭغىمۇ ياخشى بولىدۇ. سېنىڭ ئۇلارنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنىمۇ بىلىمىز. سەن شۇنىمۇ بىلىشىڭ كېرەككى، بىزمۇ خاتا قىلدۇق، سەنمۇ خاتا قىلدىڭ.

گەپنىڭ ئاخىرىدا ئۇلار ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

_ مەن خىتاي خەلقىغە ھەرگىز زەرەر يەتكۈزمەيمەن. بىر پارچە گېزىت ماتىرىيالى تۈپەيلى خىتاي ھۆكۈمىتى « رابىيە قادىر ھۆكۈمەتكە بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرمىدى » دەپ مېنى ئەيىپلىدى. لېكىن بۇ توغرا ئەمەس. مەن خىتاي خەلقىغە قارشى بىر ئىش قىلمىدىم. بەلكى نۇرغۇنلىغان خىتايلارغا ئوخشاش دېموكراتىك تۈزۈم، ئەركىن سىياسەت ئۈچۈن، ئىنسان ھەقلىرى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدىم _ دېدى ئۇ جاۋابەن. يەنە بىر خىتاي ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېدى:

_ سەن ئۆزەڭ قارار قىلىسەن. مەيلى بەختلىك، خاتىرجەم، باياشات ياشامسەن. ياكى دائىم خاپىلىقتا، دەرت - ئەلەمدە، ئازاپ ئىچىدە ياشامسەن تاللىۋېلىش ئۆزەڭدە!.

شۇنىڭدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا مېھمانخانىغا ئامېرىكا ئەلچىخانىسىدىن كەلگەن ئىككى نەپەر ئەپەندىلەر كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار رابىيە قادىردىن

ئامېرىكىغا بېرىشنى خالاپ خالىمايدىغانلىقى توغرىسىدا سورىدى.

_ ھەئە، مەن ئامېرىكىغا بېرىشنى خالايمەن _ دېدى ئۇ جاۋابەن. لېكىن ئۇنىڭ ئانا ۋەتىنىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى! ئۇ ۋەتەندە قېلىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى. كاشكى ئۇنىڭ ئىختىيارىچە بولسا. كاشكى ئۇنى ئۆز تۇپرىغىدا، ئۆز خەلقى بىلەن دەرتلىشىپ ياشىغىلى قويغان بولسا!..

بىرەر سائەتتىن كېيىن ئىككى نەپەر ئامېرىكىلىق بىلەن رابىيە قادىرنى قالدۇرۇپ قويۇپ خىتاي ئەمەلدارلار كېتىشتى.

ئۇلار ئائىرپورت مەيدانىنى كېسىپ ماڭماقتا. ھېلىقى ئەپەندىلەر قاتتىق جىددىيلەشكەن ھالدا سائەتلىرىگە قارىشاتتى. « ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن » ئىدى. ۋاقىت شۇنچىلىك ئاستا ئۆتمەكتە. ھەر بىر دەقىقە ئۇنىڭ ئۇچۇن پۈتۈن بىر كۈندەك ئۇزۇن ھەم بىزارلىق تۇيۇلماقتا. شۇ ئارىدا قول تېلىفونى زىل چېلىپ « توختاڭلار! پىلاندا ئۆزگىرىش قىلىندى » دېگەن بۇيرۇق كەلدى. بۇنداق ئەھۋال ئىككى قېتىم تەكرارلاندى.

ئۇ تۈرمىدىن ھايات چىقىش ئۈچۈن ئۆزىگە يىللاپ جاسارەت بېرىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قەدەر مېھنىتىنى بەربات قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق ئىدى! ئائىرپىلانغا چىقىش پەلەمپىيىگىمۇ يېقىنلا قالغان ئىدى.

ئۇنى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىدىن كەلگەن ۋەكىللەرگە، تولۇق تاپشۇرۇشتىن ئاۋۋال بىر خىتاي قايتىلاپ ئېنىق جېكىلىدى:

_ ئامېرىكىدا رابىيە قادىرنى ھېچكىمنىڭ، ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا سىياسى جەھەتتىن ھىمايىسىگە ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنماسلىقى كېرەك! بۇ ئاخىرقى شەرت ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تولۇق تاپشۇرۇلغان بولدى. ئەلچىخانىدىن كەلگەن بىر ئەپەندى ئۇنى باغرىغا بېسىپ:

_ بۇ خانىم شۇنچە ئۇزۇن يىل قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلمىغان. ئەمدى ئامېرىكىدا ئۇ ئۆزى خالىغاننى قىلالايدۇ! _ دېدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى ئامېرىكىغا كېلىپ بولغاندەك ھېس قىلماقتا!

ئۇ تېخى ھېلىلا تۈرمە كامىرىدا ئەمەسمىدى! ئەمدى بولسا ئائىرپىلانىنىڭ ئالىي دەرىجىلىكلەر بۆلۈمىدە ئۇچماقتا! ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مۇشۇنداق يۇمشاق تۇشەكنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇنۇتقان ئىدى. دۇنيا شۇنداق تېز ئۆزگىرىپ كەتتى! ئۇنىڭ تۇيغۇلىرىدا ھەممە نەرسە ئەبجەش بولۇپ كېتىۋاتاتتى! ئۇ ئاستا بىلەكلىرىنى چىمدىپ باقتى. بۇ چۈش ئەمەس ئىدى!. بىراق ئۇ يەنە ۋەھىمىلىنەتتى. ئائىرپىلان ئارقىغا بۇرۇلۇپ قايتىسىچۇ؟!

قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇ ئويلىغانسىرى جىددىيلىشەتتى ـ دە، ئەنسىرىگەن ھالدا يېنىدىكى ئامېرىكىلىق ۋەكىلدىن سورىدى:

_ ئەپەندىم، بىز ھازىر خىتاي ھاۋا تەۋەلىكىدىن چىقىپ بولدۇقمۇ؟

ۋەكىل كۈلۈمسىرىگەن ھالدا باش ئىشارىتى قىلىپ، خىتاي ھاۋا تەۋەلىكىدىن ئۆتۈپ بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇ ئۆزىنى كۈتىۋاتقان ئىستىقبالىنىڭ شاتلىقىدىنمۇ ئىشقىلىپ تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولغۇسىز بىر ھاياجان قوينىغا غەرق بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ تۈرمە ھاياتى توغرىسىدا يېنىدا ئولتۇرغان دىپلوماتنىڭ سۇئاللىرىغىمۇ دىققەتسىز ھالدا مۇجمەل جاۋاپ قايتۇراتتى.

چىكاگو شەھرىدىكى بىر سائەتلىك قونۇپ ئۆتۈشتە « ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى » نىڭ ئۇنى كۈتىۋالغان مۇخبىرى سورىدى:

_ سىزنىڭ بالىلىرىڭىز خىتايلارنىڭ قولىدا قالغانلىقى سەۋەپلىك ئېھتىيات قىلىشىڭىز كېرەكمۇ ياكى ئەركىن سۆزلەمسىز؟

ئۇ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

_ ھازىردىن باشلاپ سۆزلىيەلەيمەن، ۋارقىرىيالايمەن، كۈلەلەيمەن ھەم يىغلىيالايمەن! ھازىردىن باشلاپ ئۇياقتىن بۇياققا، ئۆزەم خالىغان يەرگە بارالايمەن. بۈگۈن ! مۇشۇ كۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم! مەن يېڭىدىن تۇغۇلدۇم!.

ئۇنىڭ ئەركىن دۇنياغا قويۇپ بېرىلىشىدىكى ئارقا پىلان بۈگۈنگىچە بىلىنىشكە ئىنتىلىپ كېلىنمەكتە. ئۇ قويۇپ بېرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى كوندولىززا رايس خانىمنىڭ خىتايغا بارغانلىقى ھەمدە سوغاق مۇئامىلىگە دۇچ كەلگەنلىكى ھەممىگە ئايان.

جەنۋەدە ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتىنىڭ يىغىنىدا رابىيە قادىرنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا ئېلىنغان يەنە بىر قېتىملىق قارارمۇ، خىتاي ئىمپىرىيالىزىمىغا تەسىرىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

رابىيە قادىرنى ئەركىن دۇنياغا قويۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمرانلىرى بۈگۈنگىچە چوڭقۇر قايغۇرماقتا! ئىچىگە تىنماقتا!

ئۇ ئامېرىكا تۇپرىقىغا قەدەم قويغاندىن باشلاپ، بۇ ئەلدە ئۇنىڭ ئۈچۈن قانداق ئىمكانىيەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئويلىنىشقىمۇ ۋاقىت تاپالماي قالدى.

ئۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دەۋاسىنى قىلىشنى، بۇ مىللەت ئۈچۈن

سۆزلىگۈچى بولۇشنى بىر ئۆمۈر ئارزۇ قىلغان بولۇپ، ئۇ ئەشۇ ئارمانلىرىغا ئەمدىلا تولۇق يەتكەن ئىدى!.

ۋاشىنگىتون ئائېرپورتىغا رابىيە قادىرنى قارشى ئالغىلى ئۇچ يۈزگە يېقىن ئۇيغۇر ۋە ژورنالىستلار چىققان ئىدى. « رابىيە قادىر! رابىيە قادىر! » دەپ چۇقان كۆتۈرۈپ، تەنتەنە قىلىشىۋاتقان سادالار ئارىسىدا ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ « ئاپا! ئاپا! » دېگەن ئاۋازلىرى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر دەمدىن كېيىن ئەقىدە ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇلار بۇندىن توققۇز يىل بۇرۇن خوشلاشقان ۋاقىتدا ئەقىدە كىچىك بىر قىز بولىدىغان. ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدا يىگىرمە تۆرت ياشىنىكى، باھارىغا يەتكەن بىر گۈزەل قىز _ بىر خانىم تۇراتتى. نۇرغۇن قوللار ئۇنىڭغا ئېسىلماقتا. مۇستافا، كەكەنوس، خانزۆھرە. بىراق ئۇ بالىلىرىنى تازا ياخشى ئاڭقىرالمايۋاتاتتى. سالام بېرىۋاتقانلار گويا يىراق بىر تونۇشلاردەك.

ئۇ سۆيۈملۈك يولدىشىنى نەقەدەر سېغىنغان ھە؟! ئۇ ھەر دەقىقىدە بىر قېتىم دېگۈدەك ئەسلەپ، ئوتلۇق سېغىنىش ئىچىدە يانغان ئەمەسمۇ! ئۇنىڭ يولدىشى كۆپچىلىك ئارىسىدا يۈتۈپ كەتكەن كىشىدەك تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ( ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىن چىققان ) بىر خانىم ئۇنى مەھكەم قولتۇقلىۋالغان ئىدى. ( يولدىشى ئۇنىڭ يولىنى مېڭىپ، ھېلىقى خانىمنىڭ ئىشخانىسىغا ساناقسىز قېتىم بارغان ئىدى ) يولدىشى _ سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى شۇنچىلىك كۈچلۈك، قامەتلىرى كېلىشكەن بىر ئادەم بولىدىغان. ئاھ! ئۇنىڭ ئالدىدا توساتتىن بىر ئاپ ئاق چاچلىق قېرى بوۋاي تۇرماقتا! ھەتتا ئۇنىڭ قەھۋە رەڭ كۆزلىرىمۇ بوزىرىپ قالغان. توققۇز يىل! _ بۇ ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن تولىمۇ ئۇزۇن ۋاقىت ئەمەسمۇ.

سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىگە نىسبەتەن چۈشىنىشلىك _ تۈرمە ئادەمنى قانداق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدىغانلىقى. تۈرمىدىكى ئاچلىق، ناچار ئوزۇقلۇق ئۇنىڭ جىسمىنى قۇرۇتۇپلا قويغان ئىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى تاتارغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشىنىشلىك. بىراق ئۇنىڭ قۇلاق تۈيىدىن قىرقىۋېتىلگەن چاچلىرىچۇ! بەئەينى خىتاينىڭ چېچىدەك.

سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىش ئۈچۈن يول ئاچاتتى. ئۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەن سالاملاشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسى يېقىنلاشتى! سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى ئۇنىڭ ماڭلىيىدىن سۆيدى - دە، ئۇنى باغرىغا باسماقچى بولىۋېدى، ئۇ يۈلقۇنۇپ چىقىپ قاچقىلى تەمشەلدى. لېكىن ئۇنى قاچۇرماستىن مەھكەم تۇتىۋالدى. سىدىق ھاجى روزى

ئەپەندىنىڭ بىر قولىدا شەرقى تۈركىستاننىڭ كۆك بايرىقى، يەنە بىر قولىدا ئامېرىكىنىڭ بايرىقى:
_ بىز غەلىبە قىلدۇق! _ دەيتتى تىترەك ئاۋازدا رەپىقىسىنىڭ قولۇقىغا پىچىرلاپ!.
ئۇ ( تۈرمىدە ئۆز قولى بىلەن قارا رەختتىن ئىشلىگەن ۋە كارۋىتىنىڭ بېشىغا يەملەپ ساقلىغان ھەم تۈرمىدىن بىرگە ئېلىپ چىققان ) ھېلىقى قالغاچ نۇسخىسىنى ياتاق ئۆيىدىكى كارۋاتنىڭ بېشىغا ئېسىپ قويىدى. ئۇ سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىنىڭ نەزىرىدە ھېلىقى ئايال _ ھېلىقى تويلاشقان چاغلاردىكى خانىمىنىڭ ئۆزىلا ئىدى. بىراق ئۇ ئۆزلىگىدە باشقىچە بىرى. باللىرىمۇ يات كىشىلەردەك. ئەقىدەنىڭ يۈرگى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئازاپلىناقتا. ئۇ دادىسىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ ياندىكى ئۆيگە ئېلىپ چىقىپ دەرت تۆكەتتى:
_ دادا، ئاپام مېنى باغرىغا باسمىدى، ماڭا قاراپمۇ قويمىدى.
_ ئاپاڭلار تېخى باشقا بىر دۇنيادا، خىتاي تۈرمىسىنى سەن بىلمەيسەن قىزىم، ئاپاڭ سېنىلا ئەمەس، بەلكى مېنىمۇ تۇزۇك تونۇپ بولالمايۋاتىدۇ _ دەيتتى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى قىزىدىن سەبىر قىلىشنى ئۆتۈنۈپ.
شۇ كېچىسى ئۇلار ئالتە جان بىر ھوجرىدا يانمۇ يان ئۇخلىدى. ئۇ ئويغۇنۇپ كەتتى - دە، يېنىدا تاتلىق ئۇيقىدا ياتقان يۈزلەرگە سىنچىلاپ قارايتتى. ئۇ:
_ مېنىڭ قوزىلىرىم قەيەردە؟ _ دەپ ئۆز ئۆزىدىن سورايتتى. ئۇ يوقاتقان ۋاقىتلارنى ئىزدەيتتى!.
ئۇلار بىر بىرلىرىنى چەكسىز ھەسرەت، چەكسىز ئازاپ ئىلكىدە سېغىنىشقان ئىدى. ھازىر بولسا ئۇلار كۆز ئالدىدا، بىر بىرىگە قورۇنۇش ئىلكىدە قارىشاتتى. ئۇ يۈرەك پارىسى بولغان باللىرى بىلەن، سۆيۈملۈك يولدىشى بىلەن بىرگە بولۇشنى خالايتتى. بىراق ئۇ ئۆزىنى يولدىن ئادىشىپ قالغان كىشىدەك ھېس قىلاتتى. ئەگەر ئۇ باللىرى بىلەن پاراڭلاشماقچى بولسا، ئۇنىڭ سۆزلىرى « مىللەتنى ئازات قىلىش » توغرىسىدىكى كۈرەش چاقىرىقىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. خۇددى ئۇن ئالغۇ قويۇلغاندەك، گەپنى بىر باشتىن باشلاپ، مىللىتىمىزنىڭ ۋەتەندە تارتىۋاتقان زۇلۇملىرى، ئىشقىلىپ پۈتۈنلەي سىياسى سۆزلەيتتى. ئۇ باللىرى توغرىسىدىكى ھېس - تۇيغۇلىرى ياكى ئۆزى ھەققىدە گەپ قىلالمايتتى. ئەكسىچە پۈتۈنلەي ۋەتەن ھەققىدىلا سۆزلەيتتى.

بۇنداق چاغلاردا سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى ئۇنى يان تەرەپكە تارتىپ چۈشەندۈرەتتى:

ئاستا - ئاستا. ئالدى بىلەن ئۆزەڭگە قايتىپ كېلىشىڭ كېرەك. سەن ھەممىنى بىراقلا قىلىشىڭ شەرت ئەمەس. بىز ھەربىر قەدەمدە ھەربىر قىلىشىمىزنى كۆزدىن بىر يولىنى تېپىپ قويدۇق.

ئاندىن ئۇ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېھمانخانا ئۆيگە چىققان بالىلىرىغا مۇنداق دەيتتى:

_ مېنى كەچۈرۈڭلار بالىلىرىم، مەن بۇ قېتىم « ئانا » بولۇپلا كەلمىدىم. بەلكى ۋەتىنىمىزدە ئېزىلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ دەردىنى ئاڭلاتقىلى كەلدىم.

بىرسى ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېسە ماقۇللىقىنى بىلدۈرۈپ خىتايچە « باۋ داۋ » دەپ تاشلايتتى. ئۇ بىرىگە گەپ قىلماقچى بولسا « باۋ داۋ » دەپ ۋارقىرايتتى. ھەتتا سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىگىمۇ شۇنداق دەپ قالاتتى.

سىرتقا چىققانلىرىدا كوچىلاردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ۋاقىرايدىغاندەك بىر خىل بېسىم ئاستىدا قالاتتى. ئۇ پۈتۈنلەي قورقۇنچ ئىچىدە ئۆزىنى ھەرقانداق چاغدا دەسسىلىپ كېتىدىغان چۈمۈلىدەك ئاجىز ھېس قىلاتتى. ئۇ باشقىلارنىڭ تەلىۋىگە « ماقۇل » لا دەيتتى. « ياق » دېيەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى روھىنى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى ئۇنىڭغا قايتىدىن بەخش ئەتتى.

ئۇ تاماق شىرەسى ئۈستىدىمۇ:

« مەن رابىيە قادىر ئەمەس، يىگىرمە مىليون خەلق » دەپ سۆزلەپ قوياتتى. ئۇ قويۇپ بېرىلگەن كۈندىن باشلاپ بىر كۈنمۇ تېنچ ئارام ئالالمايتتى. سىياسەتچىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش، ژۇرنالىستلارغا جاۋاپ بېرىش، ئامېرىكا كوڭگىرىسدا سۆزلەيدىغان نۇتۇقنى تەييارلاش قاتارلىق، نۇرغۇن ئىشلار بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇ سىرىتتا سىياسى ھەربىكەتلەردە راۋان ئىدى. لېكىن ئۆزىگە تولىمۇ كېيىن قايتالىدى.

ئۇ ئوغلى مۇستافاغا، قىزلىرى ئەقىدە، خانزۆھرە ۋە كەكەنۇسلارغا بىر قېتىم مۇنداق دېدى:

_ سىلەر مېنى بۇياققا ئەكەلدىڭلار، ئەمما مىڭلىغان بالىلار باركى، ئۇلار ئاتا - ئانىلىرىنى كۈتىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇ ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ يېنىغا مەڭگۈ كېلەلمەيدۇ.

بۇ گەپلەردىن كېيىن بالىلار ئۇنىڭ باغرىغا باشلىرىنى قويۇپ يىغلاشتى.

ئۇ ئۆزىمۇ بالىلىرىنى قۇچاقلاپ يىغلايتتى. سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىمۇ ھەممىسى يىغلاشماقتا ئىدى. شۇندىلا ئۇ « بۇلار مېنىڭ بالىلىرىم، بۇ مېنىڭ ئائىلەم » دېگەن تۇيغۇغا قايتىپ كەلدى.

ئۇ دەسلىۋىدە باشقىلارنى زىيارەت قىلىشتىن ھودۇقاتتى. شۇنداقتىمۇ تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلىپ قاتنىشاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ تەكلىپ بىلەن ئىشى يوق. بەلكى ئۇ ئۆزلۈكسىز ئىلتىماس قىلىپ مىنىستىرلار، پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇ بالىلىرىغا كۆپىنچە مۇنداق دەيدۇ:

_ خەلقىمىز ئازات بولغاندىلا بىز بەختلىك ھاياتىمىزغا قايتا ئېرىشىمىز .

ئۇنىڭ كەنجى قىزى ئاپىسىنىڭ مەزكۇر سۆزىدىن شاتلىنىپ مۇنداق دۇيدۇ:

_ شۇنداق، مەن بەختلىك، سىلەردەك ئاپام، دادام بار، سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ غېمىنى ئەمەس، بىزنىڭمۇ غېمىمىزنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ غېمىنى يەيسىلەر.

ئەقىدە بىر قېتىم ئۇنىڭدىن سوراپ مۇنداق دېدى:

_ سېنىڭ بوۋاڭ، موماڭمۇ سۈرگۈن بولغان ئىكەن. سەنمۇ سۈرگۈن بولدۇڭ. بىزمۇ سۈرگۈن. يەنە قانچە ئۈزۈن شۇنداق داۋاملىشىدۇ بۇ سۈرگۈنلۈك؟

ئۇ مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:

_ ئۆز مىللىتىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلماقچى بولغان، ھەرقانداق بىر كىم جەزمەن ئائىلىسىنى قۇربان بېرەلىشى كېرەك! ئەگەر بىز ئۇنداق قىلىشقا تەييار ئەمەسكەنمىز، ئۇ چاغدا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز.

2005 ـ يىلى 10 ـ ماي كۈنى رابىيە قادىر ئامېرىكا كونگرېسىگە گۇۋالىق بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى. شۇ كۈنى ئۇ ئاقسارايىنىڭ ئالدىدا نورۋېگىيە تىلۋىزور ئىستانسىسىنىڭ « نەق مەيداندىن تارقىتىش » زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. تەخمىنەن يەتتە يۈزدىن ئارتۇق مۇخبىر، ژۇرنالىستلار ئۇنى زىيارەت قىلغان ئىدى. دەل شۇ كۈنى ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق خىتاي ساقچىلىرى ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئوغۇللىرى ماڭدۇرىۋاتقان ئىككى سودا سارايىنى قورشاۋغا ئالدى. خىتاي ساقچىلىرى ئۇنىڭ تىجارەت ئىشخانىسىنى، ئۆيلىرىنى ئاختۇردى. ئۇنىڭ شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى خانىمنى ئىشخانىدىن ساقچى ماشىنىسىغىچە چېچىدىن سۆرەپ ئېلىپ كېتىشتى. شىركەتنىڭ

سېكرىتارىنىمۇ تۇتۇپ كېتىشتى. شىركەتتە ئىشلەيدىغان بارلىق ئىشچىلارنىمۇ ساقچىلار قاتتىق ئۇرۇپ، دەسسەپ ئېغىر يارىلاندۇردى ۋە تەھدىت سېلىشتى. جەمى ئون بەش تاغار ماتېرىيال، ھۆججەتلەرنى يىغىپ كېتىشتى.

« ئەقىدە سودا شىركىتى » ئۈچۈن ئېلىنغان قەرز توققۇز مىليون يۈەن ئىدى. مۇشۇ قېتىملىق باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن ساقچىلارنىڭ بىلدۇرىشىچە ئومۇمى قەرز بىردىنلا ئون بەش مىليون يۈەن بولۇپ قالدى.

باستۇرۇپ كىرگەن ساقچىلار قەغەزلەرنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىمۇ بىرگە ئېلىپ كېتىشتى. ئۇلارنى ئىككى كۈن قاماپ سوراق قىلىشتى. ئۇلار ھەر ئايدا ئىككى قېتىم ئۆزلىرىنى ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلىپ تۇرۇش شەرتى بىلەن قويۇپ بېرىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ بالىلىرىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن « 307 ـ نومۇرلۇق ئىشخانا » تەسىس قىلدى. ئۇنىڭ بەش بالىسى ھەممە ياقتىن تەقىپ قىلىنىپ، داۋاملىق سوراق قىلىنىدى. ئۇلار بىر كۈنمۇ تەكشۈرۈشتىن، قورقۇنچتىن خالى ياشىيالمىدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ دوستلىرىمۇ قاتتىق سوراققا تارتىلىپ، بۇ ئائىلە بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە مەجبۇرلاندى.

بۇ كۈنلەردە رابىيە قادىرنىڭ بېخەتەرلىكى ئۈچۈن كىشىلەر ئەندىشىلىنىدۇ. لېكىن ھەر قانداق ئادەم ئۇ يولۇققاندەك كۆپلىگەن ھادىسىلەرگە، خەتەرگە ئۇچراۋەرسە، ئۆزلىگىدىن قورقۇمسىز بولۇپ قالىدىغان گەپ. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ تېلېفونلىرىنى ئامېرىكىدىمۇ ئاڭلاپ تۇرىدۇ. ئۇ بارغانلا يەردە پايلاقچىلار ئارقىلىق كۆزىتىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى خىتاينىڭ قولى ئۇزۇن.

2005 ـ يىلى 15 ـ نويابىر كۈنى ئىدى. ياردەمچىسى سۇرەييا خانىم ئۇنى ۋاشىنگىتوندىكى ئىشخانىسىدىن ئۆيىگە ماشىنا بىلەن ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار مەھەللىگە يېقىنلاپ قالغان ئىدى. توساتتىن بىر چوڭ ماشىنا ئۇلارنىڭ ئىزىنى قوغلاپ كەلمەكتە. سۇرەييا خانىم:

ـ نېمە بولۇۋاتىدۇ ئەمدى؟ ئاۋۇ ماشىنا ئۇدۇل بىزگە كېلىۋاتىدىغۇ ـ دېدى بەكلا گۇمانلىنىپ. بىراق رابىيە قادىر دىققىتىنى يىققىنىدا ئالدىراپ ئالماي كىچىككەن ئىدى. « فورد » ماركىلىق بۇ يوغان ماشىنا ئۇلارنىڭ كىچىككىنە ماشىنىسىغا گۈلدۈر ـ قاراسلاپ ئۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ ماشىنىسى قاتتىق تاسقالدى. سۇرەييا خانىم ئۆزىنى ئوڭشاپ، رابىيە قادىرغا قارىۋىدى ئۇ ئالدى تەرەپكە شۈڭغۇپ، پېشانىسى بىلەن قاتتىق ئۇسۇۋالغان ئىدى. سۇرەييا خانىم دەرھال ھېلىقى ماشىنىنى ھەيدىگەن شوپۇرغا قارىۋىدى، ئۇنىڭ يۈزلىرىدىن

بىر دەھشەت يېغىپ تۇراتتى. سۇرەييا خانىم ئالاقزادىلىك ئىچىدە ۋاقىرايتتى:
ــ بۇ ماشىنا قايتا قوزغىلىۋاتىدۇ! بىزگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، رابىيە خانىم ماشىنىدىن تېز چۈشۈڭ!.
ئۇ شۇندىلا ئېسىگە كەلگەندەك بولدى ـ دە، بېخەتەرلىك كەمىرىنى يەشتى. بىراق ھېلىقى يوغان ماشىنا شۇنداق تېز سۈرئەتتە قايتا باستۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇ ئېسىگە كەلگىنىدە ئۇنىڭ ياردەمچىسى سۇرەييا خانىم ئۈچىنچى قېتىم تووۋلىغان ئىدى:
ــ بۇ بىر تاسادىپى قاتناش ۋەقەسى ئەمەس! بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ قاچايلى! ماشىنا يەنە كېلىۋاتىدۇ!.
ئۇ ماشىنىنىڭ ئىشىگىنى قانداق ئاچقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ يۈگرەۋاتقانلىقىنىلا بىلەتتى. ئۇنىڭ سەزگۈسىدە « بىر كىملەر بىزنى ئۆلتۈرمەكچى، قېچىش كېرەك! » دېگەن بىرلا ۋەھىمە ھۆكۈمران ئىدى. تېز سۈرئەتلىك چوڭ يولدا ماشىنىلار مىغىلداپ كېتىۋاتاتتى. بىراق ئۇ شۇنچە كەڭ يولنىڭ بۇ قاسنىغىدىن يەنە بىر تەرەپكە ھېچقانداق زەخمەتكە يولۇقماي، قانداقىسىگە ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا پۈتۈن ئەتراپ ئۇنىڭغا قاراڭغۇلاشتى.
ئۇ ھۇشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ باللىرى، ئۇنىڭ يولدىشى كېسەل كارۋىتىنىڭ بېشىدا يىغلىشاتتى. ئۇنىڭ ئوڭ مۈرىسى ( ئوخرىگى ) سۇنغان، بېشى خېلە ئېغىر جاراھەتلەنگەن ئىدى.
ئۇنىڭ بويۇن ئومۇرتقىسىنىڭ بىر قىسمى سۇنغانلىقتىن ( ئايلارچە ) بوينىغا گىرەلىك ھالقا سېلىنىدى. كېيىن ئۇ يولدىشى سىدىق ھاجى روزى ئەپەندىدىن بىلىشىچە « جىددى قۇتقۇزۇشتا يەتتە كۈن قالغان ئىكەن » . دوختۇرنىڭ سۆيۈنچ ئىچىدە ئۇنىڭغا ئېيتىشىچە، بەختكە يارىشا ئۇ ساق-سالامەت ئەسلىگە كەلگەن. ئەسلىدە بويۇن ئومۇرتقىسىنىڭ سۇنىشى، ھايات قالغاندىمۇ پۈتۈن بەدەنىنىڭ پالەچ بولۇش مۇمكىنچىلىكى يوقۇرى ئىكەن.
شۇ سۇيىقەستنى ئىجرا قىلغان شوپۇر دائىم ئىزدىلىۋاتىدۇ. ف ب ئاى خادىملىرى ئۇنى ھازىرغىچە تاپالمىدى. تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىنىشىچە ھېلىقى ماشىنا ئوغۇرلانغان ئىكەن.
كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، خىتاي ھۆكۈمىتى رابىيە قادىرنىڭ چەتئەلدىكى ھەربىكەتلىرىگە چىدىمايۋاتاتتى. 2006 ـ يىلى 19 ـ ماي كۈنى ئۇلار ئائىلە بويىچە سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ قىزى راھىلە ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى

رەسىمگە تارتىۋاتقان ئۈچ نەپەر خىتاينى، بىر ئاق ماشىنىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئۇ خىتايلاردىن نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سورىشىغىلا، خىتايلار گەپ - سۆز يوق ماشىنىغا ئولتۇرۇپ تىكىۋېتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزەن بەلگىلىرىگە ئاساسلىنىپ ف ب ئاى نىڭ ئېنىقلىشىچە، خىتاي ئەلچىخانىسىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

رابىيە قادىرنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى ئارىسىدىكى ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش، ئۇنىڭ خەلققە قىلغان چاقىرىقلىرىنىڭ قىممىتىنى بەربات قىلىش ئۈچۈن، خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئالاھىدە ئىقتىساد سەرپ قىلىپ، يىگىرمە سەككىز قىسىملىق تىلۋىزيە فىلىمى ئىشلىتىدۇ. فىلىمدە رابىيە قادىرنى خىتاي ھۆكۈمىتى ھىمايە قىلىپ، يوقۇرى پەللىگە يەتكۈزگەنلىكى، كېيىن ئۇ تېرروروچىلارغا ياردەم قىلغانلىق جىنايىتى بىلەن جاۋاپكارلىققا تارتىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ فىلىمدە « رابىيە قادىر » دېگەن نام بىر قېتىممۇ تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، بىراق فىلىمدە باش رول ئالغان ئەرتىست ئايال رابىيە قادىرنىڭ ئۈرۈمچىدىكى تاشلىنىشىپ كەتكەن كونا دوستلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەقى - تۇرقى رابىيە قادىرغا ئوخشاپ كېتىدۇ. فىلىمدە كەيگەن كىيىم ئۇسلۇبىمۇ رابىيە قادىرنىڭ كېيىنىش قىياپىتىنى ئەينەن تەقلىت قىلغان.

خىتاي ھۆكۈمرانلىرى « دۆلەت بېخەتەرلىكىنى قوغداش ئىدارىسى » دا ئىشلەيدىغان بەزەن ئۇيغۇرلارنىمۇ چەتئەلگە ئەۋەتىپ، خىتايغا قارشى ئىنقىلاۋى سەپلىرىمىزگە مەقسەتلىك ھالدا بۇزغۇنچىلىق سالماقتا. بۇنداق ھالدا بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى، گۇرۇپپىلارنى، جەمئىيەتلەرنى بىر مەركەزگە توپلاش نۇرغۇن تىرىشچانلىق سەرپ قىلىدىغان قىيىن مەسىلىدۇر. چەتئەلدە بۇ غايىگە يېتەي دەپ قالغان بىر پەيتتە، خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا رابىيە قادىرنىڭ ئۈستىدىن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بۆھتان توقۇپ چىقتى:

1 - تېرروررىست.

2 - رادىكال ئىسلامچى.

3 - مىللى بۆلگۈنچى.

ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلار قانداقلا بىر چاغدا رابىيە قادىر ھەققىدە بىر نەرسە ئاڭلىسا، تەشۋىقات ۋاستىلىرىدا « ئۇچكە قارشى ھەرىكەت قىلايلى! » دەپ، رابىيە قادىرغا قارشى شۇئار ئاڭلىنىدۇ.

2006 - يىلى 28 - ماي ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلار رابىيە قادىرنى «

ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى » نىڭ رەئىسلىكىگە سايلىندى. بۇنىڭغا قارىتا خىتاي ھۆكۈمرانلىرى شۇ كۈننىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدىكى ئوغۇل، قىزلىرىنى تۇتۇپ كەتتى. ۋاشىنگتوندا رابىيە قادىر بىلەن سىدىق ھاجى روزى ئەپەندى دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى زىيارەت قىلىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان « ئامېرىكا ئىنسان ھەقلىرى ئۆمىكى » گە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشتى. « خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ رابىيە قادىرنىڭ باللىرىنى تۇتقۇن قىلغانلىقى » غا ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۇلار زىيارەتنى بىكار قىلىۋەتتى. ھەم خىتاي ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن خىتاي ھۆكۈمرانلىرى ئۇنىڭ باللىرىنى قويۇپ بېرىشتى. ئۇلار گەرچە ئۆيلىرىدە بولسىمۇ، ھەر بىرىنى تۆرت نەپەر ساقچى كۆزىتىپ تۇراتتى.

1 ـ ئىيۇن باللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن بارلىق مەكتەپلەردە ئوقۇش توختايدۇ. ساقچى ئەمەلدارلىرى قاخار، روشەنگۈل، ئابلىكىم ۋە ئالىملارنى نازارەتتىن بوشىتىپ، باشقا كىشىلەردەك باللار بىلەن بىرگە بايرام قىلىشقا رۇخسەت بېرىدۇ. تېخى ئالدىنقى كۈنىلا 3 ـ ساقچى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى روشەنگۈلگە بولغان مۇئامىلىسىدە باشقىچە قاتتىق بېسىم قىلىپ:

ـ سەنلەر ھەممەڭ مەھبۇس، ھەممەڭ جىنايەتچى، ھەتتا سېنىڭ ئىككى ئايلىق قىزىڭمۇ جىنايەتچى! ـ دېگەن ئىدى.

بايرام كۈنى ئەتىگىنى روشەنگۈل ئاپىسىغا تېلېفون قىلىپ، ئۆزىنىڭ گۇمانلىنىپ، قورقىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن ئالىم:

ـ ساقچىلارمۇ ئادەم تۇرسا، ئۇلارنىڭمۇ بىزدەك ئائىلىسى تۇرسا، ئۇنچىۋالا يامانلىق قىلماس. سەككىز توققۇز ياشلىق باللىرىمىز « تاققا چىقىپ ئويناپتتۇق » دەپ يىغلىشىۋاتسا.. دەپ، باللارنى ئويىنىتىپ كېلىشنى ئېيتقان ئىدى.

ئۇلار « بايراملىق سەيلىگە ئىككى ماشىنا بىلەن بارماقچى بولدۇق » دەپ خوشلىشىپ، ئارىدىن يېرىم سائەتمۇ ئۆتمەي يەنە تېلېفون جىرىڭلىدى. بۇ روشەنگۈل بولۇپ، كەيپىياتى پۈتۈنلەي خاراپ ئىدى. تېلېفوندىن كېلىۋاتقان قوشۇمچە ئاۋازلار ئوغۇللارنىڭ ئىڭراشلىرى:

ـ ئاپا، بۇ يەردە ئەللىكتەك ساقچى بار، ئۇلار بىزنى ئىز بېسىپ قوغلاپ كەلدى! ئەمدى ئۇرۇشقا باشلىدى!.

ئابلىكىم بەكرەك زەخمىلەنگەن ئىدى. ئۇ ھوشسىز يەرگە يىقىلغان. ( بۇ ئويۇن ئۇرۇمچىدىن ئۆزۈلگەن، پۈتۈنلەي خىتاي ئولتۇراقلاشقان رايوندا سادىر

بولدى ) بىر دەمدىن كېيىن يەنە بوغۇق بىر ئاۋاز ئاڭلىناتتى. بۇ ئالىمنىڭ يىغا ئارىلاش تىترەك ئاۋازى ئىدى. نەۋرە قىزىنىڭمۇ يىغلىغان ئاۋازى كېلىپ تۇراتتى. ساقچىلار ئۇلارغا « قېچىشقا ئورۇنغان » دېگەن تۆھمەتنى چاپلىغان.

_ ئاپا! ئۇلار بىزنى يىغىشتۇرىۋەتتى! _ دېدى روشەنگۈل ۋاقىراپ. شۇنىڭ بىلەن تېلېفون ئۈزۈلدى.

ساقچىلار ئۇنىڭغا تېلېفوننى قەستەن ئاڭلاتقان. بولمىسا، ئۇنداق شارائىتتا روشەنگۈلنى ئاپىسىغا تېلېفون قىلىشقا قوياتتىمۇ! بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب « ئۇنىڭغا بالىلىرىنىڭ ساقچىلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇلار خالىغاننى قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش » تىن ئىبارەت قاتتىق تەھدىت ئىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قاماقتا، قىزى روشەنگۈل بولسا، ئۆز ئۆيىدە قاماقلىق، داۋاملىق ساقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ۋەتەندىكى باشقا تۇغقانلىرىمۇ ئېغىر زۇلۇم ئاستىدا. ئۇنىڭ ئالتايدىكى ئاكىسى جۇمە قادىرمۇ كۆپ قېتىم سوراققا تارتىلدى. ھەتتا ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىسىنىمۇ ساقچىخانىغا بىر قانچە قېتىم سولاپ قويۇشتى.

رابىيە قادىر 2006 - يىلى نۇيابىر ئېيىدا گېرمانىيەگە مېڭىش ئالدىدا تۇرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىنىسى مەمەت قادىر تېلېفون قىلىپ، بىخەتەرلىك ئىدارىسىنىڭ ھاۋالىسىنى يەتكۈزدى:

« ئەگەر رابىيە قادىر چەتئەلدىكى سۈرگۈن ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرىكەت سېپىگە قېتىلمىسا، دەۋانىڭ تەرەققىياتى ئۇچۇن باش بولۇپ بەرمىسە، ئوغۇللىرىدىن مەرھەمەت بىلەن ھېساپ ئېلىنىدۇ ».

رابىيە قادىر مىيۇنخېن شەھرىدە چاقىرىلغان « دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى » غا رەئىس بولۇپ سايلانغاندىن بىر كۈن كېيىن، ئوغلى ئالىم يەتتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. چوڭ ئوغلى قاخارغا ئىقتىسادىي جازا بېرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈزۈن ئۆتمەيلا ئابلېكىم توققۇز يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

(شۇ نامىلىق كىتاپ 400-413.بەتلەردىن )

( قوشۇمچە )

« ئۆز مىللىتىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلماقچى بولغان ھەرقانداق بىر كىم جەزمەن ئائىلىسىنى قۇربان بېرەلىشى كېرەك! ئەگەر بىز ئۇنداق

قىلىشقا تەييار ئەمەسكەنمىز، ئۇ چاغدا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز».
(رابىيە قادىرخانىم )

بىز كۈرەش قىلىۋاتقان باشقا مىللەتلەرنىڭ قەھرىمانلىرىغا ئەمدى ھەيران قالمايمىز.

يوقۇرى دۆلەت مەنسىۋىدىن ۋاز كېچىپ، مىللىتى، ۋەتىنى ئۈچۈن ئۆزىنى، بارلىقىنى پىدا قىلغان جەۋھەر دودايېۋنى، ئارسلان ماسخادوۋنى ئەمدى سېغىنمايمىز! چۈنكى يوقۇرىدىكى جەڭگىۋار سۆزنىڭ ساھىبى بولغان ۋە ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىغان رابىيە قادىرخانىم، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يۈزىنى ئاچتى! ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ يۈزىنى قۇياشتەك پارلاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭمۇ « مەنسەپ ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەققانىيەت ۋە ۋەتەن، مىللىتى ئۈچۈنمۇ كۈرەش قىلىدىغان مىللەت » ئىكەنلىكىنى رابىيە قادىر خانىم ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىسپاتلىدى.

چۈنكى ئۇ يوقۇرى مەنسەپتىن، تەڭدېشى بولمىغان راھەت - پاراغەتتىن، بەخىت - باياشاتلىقتىن ۋاز كېچىپ، كۈرەش مەيدانىغا ئات چاپتۇردى. ئەسلىدىنلا ئۇنىڭ ئىگىلىگەن « مەنسەپ » ئورنى، قازانغان نام، ئاتاقلىرى، تاپقان مال - دۇنيالىرى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئۇ ئۆز ئورنىنى تاپتى!!!

# ئاخىرقى سۆز

## 50

ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەھرىمان قىزى، خەلقىمىزنىڭ پەخىرلىك ئانىسى، ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ شانلىق بايراقدارى، ئىنقىلاۋى پىداكارلىقنىڭ تەڭداشسىز ئۈلگىسى رابىيه قادىرخانىم، چارەك ئەسىرگە يەتمىگەن قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە، ئەسىرلەر سىغدۇرالمىغۇدەك ھادىسىلەرگە شاھىت بولدى ، ساناپ تۈگەتكۈسىز نەتىجىلەرنى ۋۇجۇتقا چىقاردى.

ئۇنىڭ مىللىتىمىز ئۈچۈن قولغا كەلتۈرگەن چەتئەللەردىكى نەتىجىلىرىنىڭ بىرى، گېرمانىيه سەپىرىدە _ سەپەر ئۈستىدە يېزىلىشقا تاپشۇرغان، مۇۋەپپەقىيەتلىك نەشىردىن چىققان بىئوگراپىيەسىدۇر.

بۇ كىتاپ گېرمانىيه، ئاۋستىرىيه، شىۋىتسارىيه قاتارلىق، گېرمان تىلىدا سۆزلەيدىغان دۆلەتلەردە ، شۇنىڭدەك ئىتالىيه، لۇكسېمبۇرگ، دانىيه قاتارلىق گېرمانلار ئولتۇراقلاشقان دۆلەتلەردە، يەنە نۇرغۇن ئەللەردە، ئۇيغۇر مىللىتىنى تونۇتىدىغان « قامۇس » تۇر.

رابىيه قادىرخانىمنىڭ گېرمان تىلىدا يېزىلغان، تۈنجى قېتىم قەلەمگە ئېلىنغان بۇ قىممەتلىك بىئوگراپىيەسى مېنى ئۈچۈر مەنبەسى سۈپىتىدە تەمىنلىدى. كىتاپنىڭ گېرمانچە ئۇسلۇبىدىن « ئاخىرقى سۆز » ئورنىدا بىر قانچە بەتنى ئەينەن تەرجىمە قىلىپ، بايانچى تىلى بىلەن ئەمەس، ئەسلى ئۇسلۇبىدىكى ئەسەر قەھرىمانىنىڭ تىلى بىلەن تەقدىم قىلدىم. كىتاپ بىرىنجى شەخسلىك كىشىلىك ئالماش « مەن » بىلەن يېزىلغان بولۇپ، رابىيه قادىرنىڭ ئۆز قەلىمىگە مەنسۇپ كەبى، باشتىن ئاخىر ئۇنىڭ ھېسسىياتى جانلىق ئىپادىسىنى تاپقان. ئەسەرنىڭ بۇنداق ئۇسلۇپتا ئىپادىلىنىشى، ئاپتوردىن ئەسەر قەھرىمانىنىڭ روھىغا سىڭىپ كىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن ئەسەر قەھرىمانىنى مۇشۇ كىتاپ ئارقىلىق تونۇپ يەتتىم. ئۇنىڭ روھىنى تولۇق قېزىشقا مۇيەسسەر بولالمىغانلىقىم ئۈچۈن مەزكۇر « داستان » دا ئەڭ قولاي بولغان ئۇسلۇپ ئۈچۈنجى شەخسلىك كىشىلىك ئالماش « ئۇ » بىلەن، ياكى ئەسەر قەھرىمانىنىڭ خاس ئىسمى بىلەن ئىپادىلىدىم.

ئالدى بىلەن رەئىسىمىز، رەھبىرىمىز، پەخىرلىك مەنىۋى ئانىمىز رابىيە قادىر خانىمدىن ئەپۇ سورايمەن. چۈنكى ئۇ خالىمىغان ھالدا ئۇنىڭ قىممەتلىك سەرگۈزەشتىلىرىگە قەلەم تەككۈزدۈم. ئاندىن كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىگە تۆۋەندە « ئاخىرقى سۆز » نى سۇندۇم:

.....مەن تېخى سەبىغىنە كىچىك بىر قىز چاغلىرىمدا دادام ماڭا بىر مەسەل سۆزلەپ بېرىدىغان. ئەشۇ مەسەل مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىمنى يېتەكلەپ ماڭدى ۋە ھەر قېتىم خىيال، تەپەككۇرلىرىمگە نەزەر تاشلىغىنىمدا، ئۇنىڭ قانچىلىق چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىگىنى ھېس قىلىمەن ـ

ئوغۇز تۇپراقلىرىدىكى يۇرتلارنىڭ، بوزلاقلىرىدا مىدىرلاپ كېتىۋاتقان كىچىككىنە بىر چۈمۈلە بىر ئۇچار قۇش بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

ـ قاياققا كېتىۋاتىسەن؟ ـ سوراپتۇ قۇش چۈمۈلىدىن.

ـ كۈن پېتىشتىكى پەرەڭلەر شەھرىگە ـ دەپ، جاۋاپ بېرىپتۇچۈمۈلە ۋە يولىنى داۋام ئەتتۈرۈپتۇ.

ـ مەنزىلىڭگە قانداقمۇ يېتەلەيسەن؟ يول ئۈستىدە ئېگىز تاغلار ۋە ئاقار دەريالار تۇرسا، سەن چوقۇم ھالاك بولىسەن.

ـ تاغلاردىن ئۆمىلەپ ئۆتىمەن، دەريالاردىن ئۈزۈپ. قاينام تاشقىنلارغا يولۇقسام ، شاخ ـ شۇمبىلارنى سال قىلىمەن.

ئۈزۈن يىللاردىن كېيىن ـ دېدى دادام تۆۋەن ئاۋازدا مەسەلنى داۋاملاشتۇرۇپ

ـ ھېلىقى قۇش قاياقتىندۇر پەرەڭلەر يۇرتلىرىنىڭ بىرىدىكى ئورمانلىقتا، بىر تۈپ دەرەخكە چاڭگا تىزغان ئىكەن. تۇيۇقسىز سان-ساناقسىز چۈمۈلىلەر ھېلىقى دەرەخنىڭ شاخ - پۇتاقلىرىدا ئۆمۈلەپ يۈرگىدەك. قارىغىدەك بولسا قۇشنىڭ چاڭگىسىنىمۇ بۇزۇپ تاشلايدىغاندەك. قۇش ئۇۋىسىنى تاشلاپ ئۇچۇپ كېتىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، چۈمۈلىلەرنىڭ بىرى زۇۋان سۈرۈپتۇ:

ـ ھەي ئاغىنە! ئۇچۇپ كېتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. مەن قۆۋم - قېرىنداشلىرىمغا ئېيتىمەن، ئۇلار سېنىڭ ئۇۋاڭغا چېقىلمايدۇ!.

ھەيرانلىق ئىلكىدە سوراپتۇ قۇش چۈمۈلىدىن:

ـ سەن كىم؟ مېنى قانداق تونۇيسەن؟.

ـ ئېسىڭگە ئالالامسەن؟ بىز بۇندىن تولىمۇ ئۇزۇن يىللار ئاۋال، يىراقتىكى باشقا بىر ئىقلىمدا ئۇچراشقان ۋە سۆھبەتلەشكەن ئىدۇق.

چۈمۈلىگە بولغان كامالى ھەيرانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەپتۇ قۇش:

ـ ئەمدىلا تونۇپ يەتتىمكى، دۇنيانىڭ سىرىنى جانلىقلارنىڭ ئاچالىشى

ئۆزۈن يىللاپ يېتەرلىك جاسارەتكە ۋە ئۆزىگە ئىشىنىشكە ئىگە بولغانلىقىدىندۇر.

دادام بىر ئاز سۈكۈتكە چۆمگەندىن كېيىن ماڭا قارىدى ۋە تەلىم بەرگەن ھالدا مۇنداق دېدى:

« يەڭگىلى بولمايدىغان توسالغۇ يوق، يەتلىكى بولمايدىغان يۈكسەكلىك يوق!».

مەن بۇ مەسىلىنى نېمىشكە تىلغا ئالىمەن؟ _ ئەسلىدە مەن شەرقى تۈركىستاننىڭ تاغ ئېتىكىدە تۇغۇلۇپ، كېيىن ئاقسۇغا سۈرگۈن بولۇپ، ئائىلىسى ئۈچۈن قازان بېشىدا ئاش - تاماق ئەتكەن، ئاددى ھاياتتىن كېلىپ چىققان بىر ئايالمەن!.

مەن بىر نەرسىنى ئويلىغىدەك بولغىنىمدا، خەلقىم ياتلارنىڭ زۇلمى ئاستىدا قىرغىن قىلىنىۋاتقان ئىكەن. بىز دائىم ئۇزۇلمەي، ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان ئىسكەنجىدە، ئۆلۈم تەھدىدىدە ياشىدۇق.

ھەئە ! مەن شۇنداق بىر ۋەتەندىن كەلدىمكى،( ئۇ ۋەتەن ) خەلقى ئۇزۇن زامانلار مۇستەقىللىقى ئۈچۈن، ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ۋە بۈگۈنگىچە كۈرىشى داۋام قىلىۋاتقان بىر ۋەتەندۇر.

مەن شۇنداق چوڭ بىر خەلق ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمەنكى، ئۇلار مەدەنىيىتى، ئىقتىسادىي، خۇداغا ئىشىنىش ۋە ئىبادەت قىلىش - دىنىي مەۋجۇتلىقى تارتىۋېلىنغان، ئىشغالىيەتچى، زالىم ھۆكۈمرانلارنىڭ خورلىشىغا مەھكۇم بولغان، ھەممىلا يەردە، ھەممە تەرەپتىن يوقىتىلىۋاتقان بىر خەلقتۇر.

مەن« ئۇيغۇرلارنىڭ ئانىسى » بولۇشنى خالىغان ئىكەنمەن، شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۆزەمگە مۇنداق تەلەپنى قويدۇم : ئۇلارنىڭ دەردىگە داۋا، كۆز-ياشلىرىنى سۈرتىدىغان ياغلىق، بوران - چاپقۇن، قار - يامغۇرلاردىن ئاسرايدىغان سايىۋەن بولۇشۇم كېرەك!.

يەر كۆلىمى گېرمانىيەدەك تۆرت ھەسسە كېلىدىغان، غايەت زور تۇپراققا ئىگە شەرقى تۈركىستان توغرىسىدا، ئۇزۇن زاماندۇر دۇنيا ئەللىرىنىڭ ھېچقانداق مەلۇماتى بولمىدى. خىتاي ئىمپېرىيەسىنىڭ ۋەتىنىمىزنى ئىدارە قىلىشتا، پۈتۈن بىر خەلققە « تېرورچى » تامغىسىنى بېسىپ، ئۇ خەلقنى ئىزچىل ھالدا دۇنيا ئەللىرىدىن مەخپى تۇتتى.

خىتاي ھۆكۈمىتى مېنىمۇ « تېرورچى » دەپ ئۆكتەملىك قىلىشىدۇ.

ھەتتا ئۇلار دالاي لامادەك بىر رەھبەرگىمۇ شۇنداق « تېرورچى » دەپ ئۆكتەملىك قىلىدۇ. ھالبۇكى مەن ۋەتەن، خەلقىمنى ھەقىقىي ئىنسانغا لايىق ھاياتقا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، تېنچلىق ۋاستىسىدىن باشقىغا مۇراجىئەت قىلمىدىم.

بۈگۈن دۇنيادا « تۈركى خەلقلەرنىڭ ئەڭ قەدىمقىسى » دەپ ھېساپلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار يوقۇلۇش ئالدىدا تۇرماقتا. ئۇيغۇر تۇپرىغى ئۆزىنىڭ مۇداپىئەسىز تالان - تاراج قىلىنىۋاتقان خام ماددىلىرى سەۋەپلىك، تەبىئىي مۇھىتى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىنىپ دەرت تارتماقتا. تۈبېركىلىيۇز كېسەللىكى ئامىمۋىي ئۆلۈشنىڭ سەۋەبى بولماقتا. قۇرغاقچىلىق ۋە كۆنسېرى كېڭىيىۋاتقان قۇم بارخانلىرى تۇپەيلى، ئىنسانلار ۋە جانلىقلار بۇ يەردىن قاچماقتا.

خىتاي ئىقتىسادىي جەھەتتىن چوڭىيىۋاتقان بىر دۆلەت. ھەم يېقىن كەلگۈسىدە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى چۆكىدىغان بىر دۆلەت. خىتاي پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈنلا نەتىجە ياراتتىكى، ئۇ قانۇننى ئىجرا قىلمايدىغان دۆلەتتۇر. ئادالەتسىز، قانۇنسىز تۈزۈم كەلگۈسىدىن ئۈمۈت يوق تۈزۈمدۇر! مۇقىملىق _ ئىنسانىي ھوقۇقلارنى بەرپا قىلىش بىلەن ئەمەلىلىشىدۇ.

ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ « ۋىجىككىنە بىر ئايالنىڭ ئالەمچە خىيالى! » دەپ، مەنسىتمەسلىكىگە قارىماستىن، مېنىڭ « كەلگۈسىدە شەرقى تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن! » دېگەن ئوتلۇق ئارزۇلىرىم، خەلقىمىز توغۇرلۇق ئويلىنىشلىرىم خېلە بەكلا ياش چاغلىرىمدىن باشلاپ مېنى بەنت قىلغان ئىدى.

كېيىن دۇنيادىكى ھەممە بارلىقتىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرگەن ئادىمىم سىدىق ھاجى روزىغا ئەشۇ ئارزۇلىرىمنى بايان قىلغىنىمدا، ئۇ بۇنداق يوغان ۋە ئالىيجاناپ سۆزلەرنى ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ ئالدىدا دېسەم، ئۇلارنىڭ كۈلكىسىگە قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، مېنى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. لېكىن بۇنىڭدەك « چوڭ ۋە ئالىيجاناپ سۆزلەر » مەن ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئادەتتىكى ئىشلار ئىدى. چۈنكى مەن ئۆزەم قانداق سۆزلىسەم، شۇنداق ياشاشنى خالايتتىم. مەن ئادەتتىكى ئىشلار دەپ ھېس قىلغانلىرىمنى ئادەتتىكىچە سۆزلەيتتىم.

بۈگۈن مەن 59 يېشىمدا، ئۆزەمنىڭ ئامېرىكا كونگىرىسىدا _ دۇنيا سىياسىتىنى بەلگىلەۋاتقان ئورۇندا سۆزلەۋاتقانلىقىمنى كۆرگىنىمدە، سەبىي

چاغلىرىمدىكى ھېلىقى كىچىككىنە چۈمۈلىنىڭ جاسارىتىگە ھەيران قالغانلىرىم ئېسىمگە كەلدى.

ئەگەر مەن بىرەر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلسەم، مېنىڭ جاسارىتىمنى سۇندۇرۇشقا تىرىشقان ئەسلىمىلىرىمدىكى ئون يىللىق ئاۋازلارغا مۇراجىئەت قىلىمەن. بارلىق رىقابەت ۋە توسقۇنلۇقلارغا قارىماستىن، 2007 ـ يىلى ئۈچىنچى قېتىم « نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتى » نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلدىم.

ھەر قېتىم خەلقىمىز ئۈچۈن ئەشۇنداق غالىبىيەتلىك كۈننى كۆرگىنىمدە، ھېلىقى مەسەل خاتىرەمگە كېلىدۇ. چۈنكى بۈگۈن مەن ياۋرۇپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىنى كەزمەكتىمەن. شۇنىڭدەك، ئۆتمۈشلىرىمنى يۇرىكىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئاڭلاشقا سۇناقتىمەن.

بۈندىن بۇرۇن ۋەتىنىمىزدە ھېچقانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ ماڭا ئوخشاش كەچۈرمىشلىرى بولمىغان.

ـ سۇرگۈن بالا، نامرات ئايال، مىليونېر خانىم، خىتاي « خەلق قۇرۇلتىيى» دا ئالى ۋەكىل، ئۇزۇن يىللىق سىياسى مەھبۇس!

ئەنە شۇ كەچۈرمىشلىرىم ئارقىلىق كىشىلەر بىزنى ـ ئۇيغۇرلارنى ۋە مېنى تولۇق چۈشىنەلەيدۇ- دەپ، كىشىلىك ھاياتىكى تارىخىمنى تەقدىم قىلدىم!

(شۇ ناملىق كىتاپ 17-20.بەتلەر)

شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، بىر كۈنى ۋەتىنىمگە قايتىمەن.

مەن ھاياتى پائالىيەتلىرىمدە ئۆزەمنى ھېس - تۇيغۇلىرىمنىڭ يېتەكلىشىگە تاپشۇرغان.

مەن بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالايدىغانلىقىمنى ھېس قىلسىلا، شۈبھەسىزكى، شۇ ئىشتا نەتىجە قازاندىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرمۇ ھېس- تۇيغۇلىرىمغا ئىشەنچ قىلىمەن.

تىجارەتكە قەدەم قويغان چېغىمدىلا مىليونېر بولىدىغانلىقىمنى سەزگەن ئىدىم ھەم نەتىجە شۇنداق بولدى.

سىدىق بىلەن توي قىلغىنىمدا « ۋەتەن، مىللەت ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ھامان بىر كۈنى ئۈستۈمگە ئالىمەن » دېگەن شۇنداق بىر ھېسلىرىم بار ئىدى. ئارىدىن يىگىرمە سەككىز يىل ئۆتكەندىن كېيىن « دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى بولدۇم.

ناھايىتى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى شۇنى سېزىپ كېلىۋاتىمەنكى، بىر كۈنى

شەرقى تۈركىستان ئۆز ئالدىغا قەد كۆتەرگەن، ئازات، مۇستەقىل بىر دۆلەت بولغۇسى. مانا بۇ سىزنىمىم كۈندىن - كۈنگە كۈچلىنىپ بارماقتا!

مەن ۋەتەن، خەلقىم ئۈچۈن ئىنسان ھەقلىرىنى تەلەپ قىلىۋاتىمەن. بۇ دەسلەپكى نىشان. ئەشۇ نىشاندىن باشقا بارلىق نەتىجىلەر، ئەمەلىيەتلەر ئۈزلۈكسىز كېلىپ چىقىدۇ. مەن چوڭ بىر رەقىپكە قارشى ئېغىر بىر كۈرەشكە ئاتلانغان.

ئۇيغۇر مىللىتىگە ئېغىر زۇلۇم سالغانلىقى سەۋەپلىك خىتاي دۆلەت رەھبەرلىرىنى خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى سوتىغا تاپشۇرماقچىمەن.

ئۆزەمنى بەزىدە ھارغىن ھېس قىلسام، خەلقىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن چارچىغانلىقىم بولسا، بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ ناچار، كۆڭۈلسىز كۈندۇر.


تۈرمە ماڭا تېخىمۇ جاسارەت بەردى. مەن كۈندىن - كۈنگە كۈچلىنىپ بارماقتىمەن.

ئەگەر مەن بىرەر قېتىم ئوڭۇشسىزلىققا دۇچ كەلسەم، ھېلىقى كىچىككىنە چۈمۈلە ھەققىدىكى مەسەلنى ئويلايمەن.

« يەڭگىلى بولمايدىغان توسالغۇ يوق، يەتكىلى بولمايدىغان يۈكسەكلىك يوق!
»

(شۇ ناملىق كىتاپ 413 . بەت)

مىيۇنخېن
11.03.2008
(تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى)
(abdurehimjan64@hotmail.com)


ئۆزنى ئۆزى تونىغاننى،
ئۆزگ تونۇيدۇ.
رابىيە قادىر خانىم
2005. يىلى 3-ئاينىڭ 17-كۈنى